


دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# قاچقۇن

ئالىس مۇنرو (كانادا)

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئالىس مۇنرو (كانادا)

قاچقۇن

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

شىنجاڭ ئاخبارات ـ نەشرىياتچىلىقى «شەرق شامىلى قۇرۇلۇشى»نىڭ مىللىي تىل ـ يېزىق تەرجىمە تۈرىنىڭ مەبلىغى بىلەن نەشر قىلىندى

دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر



قاچقۇن

ISBN 978-7-228-17720-2

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېگانە ئادرېسى

ئالىس مۇنرو (كانادا)

# قاچقۇن

# RUNAWAY

تەرجىمە قىلغۇچى: راخمان مامۇت



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

图书在版编目(CIP)数据

逃离：维吾尔文 /（加）门罗著；热合曼·马木提译. — 乌鲁木齐：新疆人民出版社，2014.9

ISBN 978-7-228-17720-2

Ⅰ. ①逃… Ⅱ. ①门… ②热… Ⅲ. ①短篇小说 — 小说集 — 加拿大 — 现代 — 维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ. ①I711.45

中国版本图书馆CIP数据核字(2014)第210568号

RUNAWAY by Alice Munro
Copyright © 2004 by Alice Munro
涉外合同登记新权图字29－2014－21号

| | |
|---|---|
| 责任编辑 | 伊丽达娜·阿不都热依木 |
| 责任校对 | 再米拉·裴达依 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | 0991-2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路348号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 北京顺诚彩色印刷有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230毫米 32开本 |
| 印　　张 | 17.5 |
| 版　　次 | 2014年9月第1版 |
| 印　　次 | 2014年9月第1次印刷 |
| 印　　数 | 1-3000 |
| 定　　价 | 47.00 元 |

www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە


قاچقۇن ........ 1

پۇرسەت ........ 76

ئالدىراشلىق ........ 142

ئېغىر سۈكۈت ........ 209

ئەسەبىيلىك ........ 266

ئاسراندى قىز ........ 328

نادامەت ........ 388

سېھىرگەر ........ 445

编目(CIP)数据

2014. 9

17720

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# قاچقۇن

ماشىنا تېخى تاغنىڭ — ئەتراپتىكىلەر يەردىن ئازراقلا كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان بۇ دۆڭنى تاغ دەپ ئاتايتتى — ئۈستىگە چىقماي تۇرۇپلا كارلا ماشىنىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى. بۇ ئۇنىڭ ماشىنىسى، دەپ ئويلىدى ئۇ. جامىزون خانىم — سىلۋىيە — گىرېتسىيەگە دەم ئېلىشقا كېتىپ يېڭىلا قايتىپ كېلىۋاتاتتى. كارلا شۇ تۇرقىدا ئېغىلنىڭ ئىشىكىنىڭ كەينىدە ئىچىرىگە يېقىنراق بىر جايدا — بۇ يەردە ئۇنى باشقىلار ئاسان بايقاپ قالمايتتى — جامىزون خانىمنىڭ ماشىنىسى ئۆتىدىغان يولغا قاراپ تۇراتتى. جامىزون خانىم مۇشۇ يولنىڭ بويىدىكى كالاكالارنىڭ ئۆيىگە يېرىم ئىنگلىز مىلى كېلىدىغان بىر يەردە تۇراتتى.

ئەگەر ماشىنا كالاكالارنىڭ ئۆيى تەرەپكە ئەگىلىدىغان بولسا ھازىرلا سۈرئىتىنى ئاستىلاتقان بولاتتى. كارلا ھازىرغىچە ماشىنا ھەيدەپ كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ جامىزون خانىم بولماسلىقىنى ئارزۇ قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى.

ماشىنا يېقىن كەلگەندە ئۇ ئادەمنىڭ جامىزون خانىم ئىكەنلىكى مەلۇم بولدى. جامىزون كالاكالارنىڭ ئۆيى تەرەپكە بېشىنى بۇراپ ئىتتىك بىر قارىۋەتتى — يامغۇر تولا يېغىپ كاتاڭ بولۇپ كەتكەن بۇ پاتقاق يولدا ماشىنا بەكمۇ سىلكىنىپ كېتىدىغان بولغاچقا، ئۇ رولنى چىڭ تۇتۇپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتاتتى — لېكىن بىر قولىنى رولدىن ئېلىپ بۇ تەرەپكە قارىتىپ پۇلاڭلىتىپ قويىدى، كارلانىمۇ كۆرمىدى. كارلا پەقەت مۈرىلىرىگىچە ئوچۇق بىر گەۋدىنى، ئاپتاپتا كۆيۈپ

كەتكەن بىلەكلەرنى، بۇرۇنقىدىن ئازراق ئاقىرىپ قالغان چاچلارنى — ئۇ چاچلار بۇرۇنقىدەك كۈمۈش رەڭدە ئەمەس، ئازراق ئاقارغان، چىرايى يەنىلا شۇنداق كەسكىن، جىددىي چىراي ھەم ئۆزىنىڭ ئەستايىدىللىقىغا ئۆزى ئىچىدە كۇلۇۋاتقاندەك ئىدى — كۆردى. جامىزون خانىم مۇشۇنداق يوللاردا ماشىنا ھەيدەپ ماڭغاندا ئاشۇنداق جىددىيلىشىپ قالاتتى. ئۇ شۇنداق ھالەتتە كىتىۋېتىپ بۇ تەرەپكە لاپپىدە بىر قارىغاندا چىرايىدىن بىر نۇر ئەكس ئەتكەندەك بولدى — قىسقا ئارىلىقتا چاقنىغاندەك بولغان بۇ ئىپادىدىن بىر خىل ئۈمىد، بىر خىل سوئال بىلىنىپ تۇرغاندەك ئىدى — بۇ ھالەتنى كۆرۈپ كارلانىڭ ۋۇجۇدى بىردىنلا قورۇلغاندەك بولۇپ قالدى.

كلاك سىرتتىكىلەرنى كۆرمىگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئەگەر ئۇ چاغدا دۇمبىسىنى دېرىزە تەرەپكە قىلىپ ئولتۇرۇپ كومپيۇتېر بىلەن ھەپىلىشىۋاتقان بولسا كۆرمەيدىغانلىقى ئېنىق.

لېكىن، جامىزون خانىم ماشىنىسىنى ھەيدەپ يەنە سىرتقا چىقىپ كېلىشى مۇمكىن. ئايرودرومدىن ماشىنا ھەيدەپ كەلگۈچە بىرەر يەردە توختاپ يەيدىغان نەرسىلەردىن سېتىۋالماي ئۇدۇل قايتىپ كەلگەن بولسا، ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن ئېسىگە كېلىپ يەنە سىرتقا چىقىپ قالامدۇ تېخى. شۇ چاغدا كلاك ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىشى مۇمكىن. ئۇنداقمۇ بولمىسا، قاراڭغۇ چۈشۈپ چىرىغىنى ياققاندا بولسىمۇ ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى بىلىدۇ. ئەمما، ھازىر 7 - ئاي بولغاچقا، قاراڭغۇ چۈشىدىغانغا يەنە خېلى بار. كىم بىلىدۇ، چارچاپ كەتكەن بولسا چىرىغنى ياقمايلا يېتىپ ئۇخلاپ قالامدۇ تېخى.

يەنە بىر گەپ، بىر يەرلەرگە تېلېفون بېرىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن. ھازىردىن باشلاپ قاچانلا بەرسە بېرىدۇغۇ تېلېفوننى.

بۇ يامغۇر توختىماي ياغىدىغان ياز پەسلى ئىدى، ئەتىگەندە

ئويغانغاندا بىرىنچى بولۇپ ئاڭلايدىغان ئاۋازىڭىز يامغۇرنىڭ ئاۋازى، يەنە كېلىپ يۆتكىلىدىغان ئاپتوموبىل ئۈنىنىڭ ئۈستىدىكى قاڭالتىرغا توكۇلداپ چۈشۈۋاتقان يامغۇرنىڭ ئاۋازى دەڭە، يالغۇز ئاياغ يوللار مىلىچ - مىلىچ پاتقاق، ئەمما يامغۇر سۈيى يوق، سۇ ئوت - چۆپلەر قويۇق ئۆسكەن يەرگە سىڭىپ كەتكەن. بېشىڭىز ئۈستىدىكى دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىدىنمۇ يامغۇرغا ئوخشاش سۇ چۈشۈپ تۇرىدۇ، يامغۇر توختاپ قالغان، ئاسماندىكى بۇلۇتلار تارقاشقا باشلىغان بولسىمۇ، دەرەخلەرنىڭ ئۈستىدىن چۈشۈۋاتقان بۇ يامغۇر تامچىلىرى خېلىغىچە توختاپ قالمايدۇ. كارلا ھەر قېتىم سىرتقا چىققاندا بېشىغا كەڭ گىرۋەكلىك ئاۋستىرالىيە شلەپىسىنى كىيىۋالاتتى. ئۆزۈن ھەم توم قامچىسىنى بېلىگە قىستۇرۇۋالاتتى.

ئات مىنىشنى ئۆگىنىدىغان ئادەملەرنىڭ بىرسىمۇ بۈگۈن كەلمىگەنىدى. كلاك بىلەن كارلا ئۆزلىرى بىلىدىغان دەم ئېلىش لاگېرلىرىغا، قەھۋەخانىلارنىڭ ئالدىلىرىغا ئېلان تاختىلىرىنى ياساپ ئېلانلارنى چاپلاپ تۇراتتى، ھەتتا ساياھەت ئىدارىسىنىڭ ئالدىدىكى ئېلان تاختىلىرىغىمۇ چاپلىۋەتكەنىدى. ئېلانلارنى شۇنچە كۆپ چاپلىۋەتكەن بولسىمۇ، لېكىن بىرنەچچىلا ئوقۇغۇچى كېلىپ ئات مىنىشنى ئۆگىنىشكە تىزىملاتتى. بۇلارنىڭ ھەممىسى مەكتەپنىڭ دائىملىق كونا ئوقۇغۇچىلىرى ئىدى. بۇ يەرگە دەم ئېلىشقا تۇركۇملەپ كېلىۋاتقان باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ناھايىتى ئازلىرى ئات مىنىشنى ئۆگىنەتتى. ئۆتكەن يىلى ئۇ ئىككىسى پۈتۈن بىر يازنى شۇلاردىن كىرگەن كىرىم بىلەن ئاران ئۆتكۈزۈۋالدى. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىنى قامداپ كېلىۋاتقان دائىملىق مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرى بۇ يىل تەتىلدە بۇ يەردە قېلىپ ئات مىنىشنى ئۆگەنمەي، باشقا بىر يەردىكى بالىلار لاگېرىغا دەم ئېلىشقا كەتكەن ياكى ھاۋا ياخشى بولماي مەكتەپتىن كېتىپ قالغانىدى. ئەگەر ئۇلاردىن ئات مىنىشنى ئۆگىنىشنى تەلەپ قىلىپ كېلىدىغان تېلېفون ئازراق

كىچىككىنە قالسا كىلاك دەررۇ ئۇلار بىلەن ھېساب ـ كىتاب قىلىپ، ئىلىشقا تېگىشلىك پۇللىرىنى بىر تىيىنىنى قالدۇرماي ئېلىۋاتاتتى. بىرنەچچە بالا ئۇنىڭ ئۆزلىرىدىن ئارتۇق پۇل ئېلىۋالغىنىغا نارازى بولۇپ، شۇنىڭدىن كېيىن بۇ يەرگە ئىككىنچى يولىمايدىغان بولدى.

ئۇلار ئۆزلىرىگە بېقىشقا بەرگەن ئۇچ ئاتنىڭ بېقىش ھەققىدىنمۇ مەنپەئەتلىنىپ تۇراتتى، ئۇ ئۇچ ئات بىلەن ئۆزلىرىنىڭ تۆت ئېتى كۆپرەك دالادا ئوتلايتتى. يامغۇر ياغقانلاردا دەرەخلەرنىڭ ئاستىغا كىرىۋېلىپ يامغۇردىن دالدىلىناتتى، شۇنداق چاغلاردىلا چۆپ يېيىشتىن ۋاقىتلىق توختاپ قالاتتى. بەزىدە يامغۇر توختىغانلاردىمۇ يامغۇرنىڭ توختىغانلىقى بىلەن كارى يوق دەرەخلەرنىڭ ئاستىدا تۇرىۋېرەتتى. يامغۇر چۈشتىن كېيىنلەردە ئازراق توختاپ بۇلۇتلار ئاقىرىپ، شالاڭلاپ سىزدە ئەمدى ياغمايدىغان بولدى دېگەن بىر ئۇمىد پەيدا قىلىپ قوياتتى. بۇنداق چاغلاردا ھاۋا ئازراق ئېچىلىپ كىچىككىنە يورۇقلۇق پەيدا بولغاندەك بولاتتى، لېكىن بۇلۇتلار تولۇق تارقاپ كەتمىگەچكە، يەر يۈزىگە قۇياش نۇرى يەنىلا تولۇق چۈشۈپ كەتمەيتتى، كەچلىك تاماق ۋاقتىدىن ئىلگىرى ھاۋا يەنە تولۇق تۇتۇلۇۋاتاتتى.

كارلا ئېغىلدىكى قىغلارنى چىقىرىپ بولدى. ئۇ بۇ ئىشنى ئالدىرىماي، خۇددى ئۆيىنىڭ ئىشىنى قىلغاندەك ئاستا، ئۆزىنىڭ رىتىمى بىلەن قىلاتتى، ئېغىلنىڭ تورۇسى بىلەن يەرنىڭ ئارىلىقىدىكى ئېگىز بوشلۇقنى ۋە ئېغىل ئىچىدىكى پۇراقنى ياخشى كۆرەتتى. ئېغىلنى تازىلاپ بولغاندىن كېيىن، ئات مىنىپ ئۆگىنىدىغان مەيداننىڭ ئايلانما يولىنىڭ قورۇغان ـ قورۇمىغانلىقىنى كۆرۈپ بېقىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە بېرىپ كۆرۈپ باقتى. بۈگۈن سائەت بەشلەردە بىرىنچى سىنىپ ئوقۇغۇچىلىرىدىن ئات مىنگىلى بالىلارنىڭ كېلىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ئادەتتە يامغۇر ئۆنچىلىك قاتتىق يېغىپ كەتمەيتتى. بىرلا شامال چىقسا بۇلۇتلارنى ھەيدەپ كېتىپ ئۇزاققا قالمايلا توختاپ قالاتتى. ئۆتكەن ھەپتە ئۇنداق بولمىدى، تۇيۇقسىز چىققان بوران قاپقارا بۇلۇتلارنى ھەيدەپ كېلىپ يامغۇر چېلەكلەپ دېگۈدەك يېغىپ كەتتى. چارەك سائەتتىن كېيىن بورانمۇ توختىدى، يامغۇرمۇ توختىدى، ئەمما پۈتۈن يەر بوراندا سۇنغان دەرەخ شاخلىرىغا توشۇپ كەتتى، يۇقىرى بېسىملىق ئېلېكتىر سىملىرى ئۈزۈلۈپ يەردە سۆرىلىپ يېتىپ كەتتى، مەيداننىڭ چۆرىسىدىكى تاماشىبىنلار ئولتۇرىدىغان جايلارنىڭ ئۈستىدىكى پىلاستىماسسا لەمپىلەر شامالدا قومۇرۇلۇپ ئۇ يەر ـ بۇ يەردە ساڭگىلاپ قالدى، مەيداننىڭ پەسرەك يەرلىرىگە سۇ يىغىلىپ نۇرغۇن كۆلچەكلەر ھاسىل بولدى. كالاك قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن مەيداننىڭ ئۇ يەر ـ بۇ يېرىگە كىچىك ئېرىقلارنى كولاپ يىغىلىپ قالغان سۇلارنى ئاقتۇرۇۋەتتى. لەمپىلەرنىڭ چۈشۈپ كەتكەن يەرلىرىنى رېمونت قىلىپ بولالمىدى. ئۈستىدىن ئارغامچا تارتىپ ساڭگىلاپ قالغان پىلاستىماسسىلارنى باستۇرۇپ باغلىۋەتتى، ئاتلارنىڭ پۇتلىرى كىرىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن سۇ يىغىلىپ كەتكەن يەرلەرگە ئارغامچا تارتىپ قويدى. كارلا يۇگۇرۇش مەيدانىنىڭ بۇزۇلغان جايلىرىنى بەلگە سېلىپ توسۇپ قويدى، بۇنىڭ بىلەن مەيدان ئازراق كىچىكلەپ قالدى، كىچىكلەپ قالسىمۇ مەيلى ئىدى، بىختەر بولاتتى.

كالاك توردىن ئۆگزىنى ياپىدىغان ماتېرىياللارنى نەدە ساتىدىغانلىقىنى خېلى كۆپ ئىزدىدى. بىر يەردىن ئىسكىلاتتا بېسىلىپ قالغان ماللارنى ساتىدىغان بىر دۇكان چىقىپ قالدى. باھاسى ئۇلار قوبۇل قىلالايدىغان باھا ئىدى. باھاسى چۈشۈرۈلگەن نىمكەش ماللارنى ساتىدىغان باشقا دۇكانلارنىمۇ ئىزدەپ باقتى. ئۇ بازارنىڭ ئىچىدىكى روبېرت بېركلېيىنىڭ قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرىنى ساتىدىغان دۇكىنىغا ئىككىنچى بارالمايتتى. چۈنكى، ئۇلارغا قەرز ھەم ئۇلار بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغانىدى.

كېيىن روبېرت ئۇ دۇكىنىنى باشقا بىر دۇكانغا ئۆزگەرتىۋېتىپتۇ.

كلاك ئۆزى قەرز بولۇپ قالغان ئادەملەر بىلەن ئۇرۇشۇپ قالماي، بىر مىنۇتنىڭ ئالدىدا دوست ئۆتكەن ئادەمدىن بىر مىنۇتتىن كېيىن يۈزىنى ئۆرۈۋالالايتتى. بەزى يەرلەرگە ئۆزى كىرەلمەي كارلانى كىرگۈزەتتى، ئۇ يەردىكىلەر بىلەن يا ئۇرۇشۇپ قالغان، يا باشقا ئىش بىلەن يامانلىشىپ قالغان بولاتتى، شۇنداق جايلارنىڭ بىرسى دورىخانا ئىدى. بىر كۈنى بىر موماي دورىغا ئۆچرەتتە تۇرۇۋېتىپ، ئۆچرىتى كەلگۈچە ئۇنتۇلۇپ قالغان بىر نەرسىنى سېتىۋېلىپ كېلىش ئۈچۈن يېقىنلا يەردىكى بىر دۇكانغا بېرىپ كېلىپ كلاكنىڭ ئالدىدىكى ئۆچرىتىدە تۇرسا، ئۇ غوتۇلداپ سۆزلەپ كېتىپتىكەن، كاسسىر ئايال: «بۇ مومايىنىڭ زىققە كېسىلى بار، ئېتىبار بېرىڭ» دەپتۇ. بۇنىڭغا قايىل بولمىغان كلاك شۇ ئان: «مېنىڭمۇ ھەممە يېرىم ئاغرىيدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. ئاخىر دورىخانىنىڭ غوجايىنى ئارىغا كىرىپ مومايىنى ئۆچرىتىگە كىرگۈزۈپ قويۇپتۇ. كلاك رازى بولماي، غوجايىنىنى ئۆزىگە ئادالەتسىزلىك قىلغانلىقىغا ئىقرار قىلدۇرماقچى بوپتۇ. يەنە بىر قېتىم، چوڭ يولنىڭ بويىدىكى بىر قەھۋەخانا ئۇنىڭغا ئۆزلىرى ئېلانلىرىدا ۋەدە قىلغان ناشتىلىق تاماقلىرىنىڭ باھاسىنى سائەت ئون بىردىن ئۆتۈپ كەتكەن بولسىمۇ چۈشۈرۈپ بەرمەپتىكەن، كلاك ئۇلار بىلەن سوقۇشۇپتۇ، ئاندىن سىرتقا چىقىپ كېتىۋېتىپ قولىدىكى قەھۋەنى — تېگىدە ئازراقلا قاپتىكەن — يەرگە تۆكۈۋېتىپتۇ. قەھۋەخانىدىكىلەر قەھۋەنى ھارۋىسىدا ئولتۇرغان كىچىك بالىنىڭ ئۇستىگە تۆكۈۋەتتىڭ، دەپ ئۇنىڭغا ئېسىلىۋاپتۇ. كلاك، ئۇ بالا مەندىن يېرىم ئىنگلىز چاقىرىم نېرىدا تۇرسا، قانداق بولۇپ ئۇنىڭ ئۇستىگە چېچىۋېتىمەن، ئىستاكان قىزىق، سىرتىدا قاپلانغان نەرسە بولمىغاچقا قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى، دەپ تۇرۇۋاپتۇ. قەھۋەخانىدىكىلەر، قاپلايدىغان نەرسىنى ئۆزۈڭ

سورىمىدىڭ، دېيىشىپتۇ.

— سىزنىڭ ئاچچىقىڭىزمۇ بەك يامان، — دەپتۇ كارلا شۇ چاغدا.

— ئاچچىقى يامان بولمىغان ئەر ئەر بولامدۇ؟

كارلا ئۇنىڭ جوئې تاكېر بىلەن سوقۇشقان ئىشىنى يۈرىكىگە سالمىدى. جوئې تاكېر بۇ يەرنىڭ كۇتۇپخانىسىنىڭ خىزمەتچىسى ئىدى، بىر ئېتىنى بۇلارنىڭ بېقىپ بېرىشىگە بەرگەنىدى. ئۇ تولىمۇ شاش بايتال بولۇپ، ئىسمى جۇلىيە ئىدى. تاكېر ئۇنى ئەركىلىتىپ، جۇلىيە بوردېن① دەپ قويااتتى. تۇنۇگۈن ئېتىنى مىنگىلى كەلگەنىدى، لاپاسىنىڭ ئۈستىنىڭ تېخىچە ياسالمىغانلىقىنى كۆرۈپ ئاچچىقى بىلەن، نېمىشقا تېخىچە لاپاسنى ياسىمىدىڭلار، دەپ سۆزلەپ كەتتى. ئۇ يەنە جۇلىيەنىڭ سەل – پەل تاۋى يوقتەك تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، ئاتقا سوغۇق ئۆتۈپ قالدىمۇ نېمە، دەپ سورىدى.

ئەمەلىيەتتە جۇلىيەگە ھېچنېمە بولمىغانىدى. كلاك ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى ئويلىدى — ئۆزىنىڭ بۇنداق گەپلەرنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى بېسىۋالمىقى ئاسان ئەمەس ئىدى — لېكىن، قاتتىق خاپا بولغىنى كلاك بولماي جوئې تاكېر بولدى. ئۇ، بۇ يەر ئاتخانا ئەمەس، ئەخلەتخانا ئىكەن، جۇلىيە شۇنچە كۆپ پۇل خەجلىگەنگە لايىق ئوبدان بېقىلماپتۇ، دەپ سۆزلەپلا كەتتى. كلاك شۇ ئانلا: «بىز ئېتىڭىزنى ياخشى باقالمىغان بولساق بۇ يەردىن ئەكەتسىڭىزمۇ بولىدۇ» دېدى. لېكىن، جوئې ئۇنداق قىلمىدى — ياكى ئۇنداق قىلىشنى خالىمىدى — كلاكنىڭ شۇ گېپى بىلەن تەڭلا ئېتىنى يېتىلەپ كەتمىدى. كلاك ئۇنى چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. بۇ تايچاق بايتالنى كلاك زىيادە ياخشى كۆرگەچكە، ئۇنىڭدىن

① جۇلىيە بوردېن — 19 - ئەسىرنىڭ ئاخىرلىرىدا ئۆتكەن نامى چىققان ئامېرىكىلىق ئايال قاتىل، ئۇ دادىسى بىلەن ئۆگەي ئانىسىنى پالتا بىلەن چېپىپ ئۆلتۈرۈۋەتكەن.

قەتئىي ئايرىلىپ قالغۇسى يوق ئىدى، شۇڭا ئۇ شۇ گەپتىن باشقا گەپنى قىلمىدى. جۇلىيە مەشىق قىلدۇرغاندا كلاككا زادىلا بويسۇنمايتتى، تۇيىقىنى تازىلايدىغان چاغدا جىم تۇرۇپ بەرمەي، پۇتىنى تۇتقان ئادەمنى تېپىپ ئارام بەرمەيتتى. ئاتنىڭ تۇياقلىرىنى ھەر كۈنى تازىلاپ تۇرمىسا بولمايتتى. بولمىسا ئىچىگە كىرىپ قالغان بىرنەرسىلەر تۇيىقىنىڭ گۆشىگە پېتىپ يارا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن ئىدى. كارلا ئۇنى چىشلىۋالامدىكىن دەپ بەكمۇ قورقاتتى.

كارلاغا ھەممىدىن ئەلەم قىلغىنى فلورانىڭ يىتۇپ كەتكىنى بولدى. فلورا يۇڭى ئاق ئۇغلاق ئىدى، دائىم ئېغىلدا، دالادا ئاتلار بىلەن بىللە يۈرەتتى. ئىككى كۈندىن بېرى كۆرۈنمىگەنىدى، كارلا ئۇنى ياۋا ئىتلار، بۆرىلەر يەپ كەتتىمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قالدى. ئۇنى ئېيىققا ئۇچراپ قالمىدى دېگىلىمۇ بولمايتتى.

تۈنۈگۈن، ئالدىنقى كۈنى كېچىدە ئۇ فلورانى چۈشەپ قالدى. ئالدىنقى كۈندىكى چۈشىدە فلورا ئاغزىدا قىپقىزىل بىر تال ئالما، ئۇنىڭ كارىۋىتىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇرغۇدەك. تۈنۈگۈن ئاخشامقى چۈشىدە ئۇ كارلانىڭ ئۆزىگە قاراپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قېچىپ كېتىۋاتقۇدەك، بىر پۇتى يارىلانغاندەك ئاقساقلاپ قاپتۇ، شۇنداقتىمۇ توختىماي مېڭىۋاتقۇدەك. كارلا ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىپ ئۇرۇش ۋاقىتلىرىدىكىدەك تارتىپ قويۇلغان ئۇزۇن سىم توسۇقنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاپتۇ. فلورا سىم توسۇقنىڭ تېگىدىن ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ كېتىپتۇ، يارىلانغان پۇتىنى سۆرەپ، سىم توسۇقنىڭ ئاستىدىن خۇددى يىلانبېلىقتەك تولغىنىپ يۈرۈپ تېزلا ئۇ تەرەپكە ئۆتۈپ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بوپتۇ.

ئۇنىڭ ئاتلىرى كارلانىڭ يۈگۈرۈش مەيدانى تەرەپكە ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ، توسۇقنىڭ ئالدىغا كېلىپ — ھەممىسىنىڭ دۇمبىسىدە يېڭى زېلاندىيە ئەدىيالى يېپىقلىق بولسىمۇ، بەدىنى يەنە شۇنداق ھۆل ھەم مەينەتمىش — ئۇ

www.uyghurkitap.com

كەينىگە يېنىپ يېنىمىزغا كەلسىكەن، دېگەندەك ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ تۇرۇپتۇ. كارلا كەينىگە يېنىپ ئۇلارنىڭ يېنىغا كەپتۇ، ئۇلارغا گەپ قىپتۇ، قولىدا ئۇلارغا بېرگۈدەك بىرنەرسىنىڭ يوقلۇقىدىن خىجالەت بولۇۋاتقانلىقىنى دەپ ئۇلاردىن كەچۈرۈم سوراپتۇ، فلورانى كۆرگەن كۆرمىگەنلىكىنى سۈرۈشتۈرۈپتۇ. ئۇلارنىڭ بويۇنلىرىنى سىلاپتۇ، تۇمشۇقلىرىغا يۈزىنى يېقىپتۇ.

گراس بىلەن جونېپېر خۇددى ئۇ دەۋاتقان نەرسىنى تونۇيدىغاندەك، ئۇنىڭغا ئىچى ئاغرىۋاتقاندەك پۇشقۇرۇپ تۇمشۇقى بىلەن ئۇنى تۇرتۇپ قويۇپتۇ. بۇ چاغدا جولىيە ئۇلارنىڭ ئارىسىغا قىستىرىلىپ كىرىپ، گراسنىڭ تۇمشۇقىنى كارلانىڭ قولىدىن نېرىغا ئىتتىرىۋېتىپتۇ. ئاندىن كارلانىڭ قولىنى ئاغزىغا ئېلىپ بوش يالماپ قويۇپتۇ. كارلا ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى لايىق كۆرمەي بوش ئاۋازدا ئۇنى ئەيىبلەپ قويۇپتۇ.

كارلا ئۈچ يىلنىڭ ئالدىدا، يۆتكىلىدىغان ئاپتوموبىل ئۆيىنى ئەستايىدىل كۆرۈپ باقمىغان بولغاچقا، ئۇ نەرسىنى بەكمۇ تەرىپلەپ كەتمىگەندى، دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ دېگىنىدەك ئۇ خىل ئاپتوموبىلنى ماختاش ئەقىلگىمۇ سىغمايتتى. بەزىلەر ئۇنىڭدا يېتىپ بېقىپتىمىش، ياتقانلارنىڭ دېيىشىچە، تىراكتورنىڭ ئۈستىدە يېتىپ ئۇخلىغاندىن پەرقى يوقلا بىرنەرسە ئىكەن. لېكىن، كارلا شۇ ئاپتوموبىلغا كۆچۈپ كېلىپ كلاك بىلەن بىللە ياشىغاندىن كېيىن، ئۇ نەرسىگە يېڭىچە قاراشقا باشلىدى ۋە شۇنىڭدىن باشلاپ «يۆتكىلىدىغان ئاپتوموبىل ئۆي» دېگەن گەپنى دەيدىغان، ئاشۇنداق ئۆيى بارلارنىڭ ئۆيىنىڭ ئىچىنى قانداق زىننەتلىگەنلىرىگە: ئۇلار دېرىزىلىرىگە قانداق پەردىلەرنى ئېسىپتۇ، ئىچىنى قانداق سىردا سىرلاپتۇ، باشقىلارنىڭكىدىن قانداق كۆركەم ياساپتۇ، بالكونى بىلەن كەينىدىكى قوشۇمچە ئۆيىنى قانداق قىپتۇ، دېگەندەكلەرگە

ئالاھىدە دىققەت قىلىدىغان بولدى.

ئۇ باشقىلارنىڭ ئاپتوموبىل ئۆيلىرىنىڭ ياسىلىشىغا دىققەت قىلىپلا قالماي، ئۆزىنىڭ ئۆيىنىمۇ شۇلارنىڭكىدەك زىننەتلەشكە، ھازىرقى زامانغا لايىق ئۇسكۇنىلەر بىلەن تولدۇرۇشقا ئالدىرىدى.

كلاكمۇ بىر مەزگىلگىچە كارلانىڭ پىلانى بويىچە ئۇ ئۆيگە ئىشلەشكە باشلىدى. پەلەمپەيىنىڭ ئىككى تەرىپىگە تاشلانىدۇق تۆمۈرلەردىن تۇتقۇچ ياسىدى، مۇنچىنىڭ سىرىغا، دېرىزىنىڭ گەرنىزىگە كەتكەن پۇللارغا ئىچى ئاغرىمىدى. كارلا سىرچىلىقنى تازا بىلىپ كەتمەيتتى، شۇڭا چىنە ـ قاچا قويىدىغان جاۋەننى سىرلىغاندا ئىشكىلىرىنى ئېلىۋەتمەي سىرلاۋەردى. ئۇ يەنە دېرىزە پەردىسىنى ئەستەرلىۋېتىشنىمۇ ئۇقماي ئېسىۋەرگەن بولغاچقا، پەردىلەر ئۆڭۈشكە باشلىغانىدى.

كلاك يەرگە گىلەم سېلىش ـ سالماسلىق ئۈستىدە ئويلىنىپ قالدى. بۇرۇن ھەممە ئۆيگە بىر خىللا گىلەم سېلىپ قويغانىدى. بۇ قېتىم كارلا گىلەملەرنىڭ ھەممىسىنى يەڭگۈشلىۋېتىشنى ئوتتۇرىغا قويغانىدى، ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۆيلەرگە پۈتۈن ئەمەس، كىچىك ـ كىچىك بېغىر رەڭ، تۆمۈر رەڭ ياكى سۇس قوڭۇر رەڭ، گۈللىرى ئوچۇق گىلەملەرنى سېلىش كېرەك ئىدى. كېيىن بوش ۋاقىتلىرىدا گىلەم دۇكانلىرىغا بېرىپ گىلەملەرنى ئەستايىدىل كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن، چوڭ گىلەملەردە بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان تۆت كىچىك كۆرۈنۈشنىڭ بارلىقىغا دىققەت قىلىپ قالدى. ئۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ بەزىلىرىنى ئاسانلا پەرق قىلغىلى بولاتتى، بەزىلىرىنى خېلى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن پەرق قىلىش مۇمكىن ئىدى.

كارلا تالادا يامغۇر يېغىپ كلاكنىڭ كەيپى ئۇچۇپ قالغان، ئۆي ئىچىدىكى كەيپىيات ئېغىرلىشىپ كەتكەن چاغلاردا شۇ ئىشلارنى قىلاتتى. بۇنداق چاغلاردا كلاك كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇۋېلىپ باشقا ئىشلار بىلەن پەقەتلا كارى بولمايتتى. كارلا

www.uyghurkitap.com

شۇ ئىشلارنى قىلغاندىن باشقا يەنە سىرتقا چىقىپ ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى ئىزدەپ يۈرۈپ قىلاتتى. بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىچ پۇشۇقىنى چىقىرىشنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى ئىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى جايىدا بولمىغان چاغلاردا ئاتلار ئۇنىڭغا ئۇدۇل قارىمايتتى، پەقەت فلورالا يېنىغا كېلىپ ئۇنىڭغا سۈركىشىپ تۇراتتى، كۆپكۆك كۆزلىرىدە ئۇنىڭغا بولغان ھېسداشلىقتا ياتمايدىغان، ئەكسىچە يېقىن دوستىغا بولغان چوڭقۇر مۇھەببەتكە ئوخشايدىغان بىر خىل ئىپادە چىقىپ تۇراتتى.

كلاك فلورانى بىر قورۇققا ئاتنىڭ جابدۇقلىرىنى ئالغىلى بېرىپ شۇ يەردىن ئەكەلگەنىدى. ئۇ چاغدا ئۇ قوينىڭ قوزىسىدىن بەك پەرقلەنمەيدىغان، كەتمەيدىغان ئوغلاق ئىدى. ئۇ قورۇقنىڭ ئىگىسى دېھقانچىلىقتىن زېرىكىپ، مالمۇ باقماي بىرلا ئۆچكىسىنى ئېلىپ قېلىپ قالغان ئاتلىرىنىڭ ھەممىسىنى سېتىۋەتكەنىدى. كلاك بەزىلەردىن ئات ئېغىلىغا ئۆچكە باغلاپ قويسا ئاتلار ئۈركۈمەي جىمجىت تۇرىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان بولغاچقا، شۇ ئىشنى بىر سىناپ باقماقچى. ئۇلار ئۇ ئۆچكىنى بىرنەچچە يىل بېقىپ، چوڭراق بولغاندا تۇغدۇرۇپ كۆپەيتمەكچى بولغانىدى، لېكىن ئۇ ئۆچكە پەقەتلا تۇغمىدى.

دەسلەپتە ئۇ ئۆچكە كلاكنىڭ ئەتراپىدىن كەتمەي، سەكرەپ، ئويناپ يۈردى، خۇددى ئاسلاندەك چىرايلىق، ھەرىكىتى تېز، چەبدەس ئىدى، يۇزى ئېچىلمىغان قىزلاردەك ئوماق قىلىقلىرى ھەممىلا ئادەمنىڭ ئامراقلىقىنى كەلتۈرەتتى. سەل چوڭ بولۇۋالغاندىن كېيىن، كارلادىن ئايرىلمايدىغان بولۇپ قالدى، بۇ خىل ئايرىلالماسلىق بىلەن تەڭ ئۇنىڭدىكى تاتلىق قىلىقلار، سەكرەپ ئويناشلار، ئوماقلىقلار ئاستا ـ ئاستا يوقاپ، ئۇلارنىڭ ئورنىنى بىر خىل ئىچكى مۇلايىملىق ئىگىلىدى، ئېغىر ـ بېسىق، ھەممىگە ئەقىل يۈرگۈزەلەيدىغاندەك بولۇپ قالدى. كارلا ئاتلارغا تولىمۇ مۇلايىم ئىدى، لېكىن يەنە قاتتىق تەلەپ

قويمايمۇ قالمايتتى، ئانىنىڭ بالىسىغا تۇتقان مۇئامىلىسىدەك مۇئامىلە قىلاتتى. ئەمما، فلوراغا بولغان مۇئامىلىسى ئۇنداق ئەمەس ئىدى، فلورا ئۇنىڭدىن ئۆزىگە ھېچقانداق ئەۋزەللىك تەلەپ قىلمايتتى.

— فلورادىن تېخىچە خەۋەر يوقمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئېرىدىن ئېغىلغا كىرگەندە كىيىۋالمىدىغان ئۆتۈكىنى سېلىۋېتىپ، كالاك فلورانىڭ يىتىپ كەتكەنلىكى توغرۇلۇق تورغا خەۋەر چىقىرىۋەتكەنىدى.

— ھازىرچە يوق، — دېدى كالاك، ئۇنىڭ كەيپى ئېغىر، ئەمما ئۆزىنى باسالمىغاندەك دەرىجىدە ئەمەس ئىدى. شۇ گەپتىن كېيىن يەنە، فلورا كۆيلەپ قالغان بولسا تىنكە ئىزدەپ چىقىپ كەتتىمىكىن، دېگەن بۇ ئېھتىماللىقنىمۇ دەپ قويدى.

ئۇ گەپلىرىدە جامىزون خانىم توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ سۆز قىلمىدى. كارلا چۆگۈننى ئوتقا قويۇپ قويدى. كالاك ئۆزىچە بىر ناخشىغا غىڭشىشقا باشلىدى، ھەر قېتىم كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرغاندا شۇنداق قىلىدىغان ئادىتى بار ئىدى.

بەزىدە ئۆزىچىلا كومپيۇتېرغا قاراپ سۆزلەپ قوياتتى، كۆڭلىگە يارىمىغان ئۇچۇرلارنى كۆرۈپ قالسا، ئىتنىڭ پوقى، دەپ تىللاپ قوياتتى ياكى قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتەتتى، كارلا نېمىگە شۇنچە كۈلۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى سورىسا، نېمىگە كۈلگەنلىكىنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيتتى.

— چاي ئىچەمسىز؟ — دەپ سورىدى كارلا تۇيۇقسىز ئاشخانىغا كىرىپ كەتكەن كالاكقا ھەيران قېلىپ.

— ھەي، — دېدى ئۇ، — ھەي كارلا.

— ھە، نېمە ئىش؟

— ھەي، ئۇنىڭدىن تېلېفون كەلدى.

— كىمدىن؟

— ئايال پادىشاھ جانابلىرىدىن، ئايال پادىشاھ سىلۋىيە يېڭىلا قايتىپ كەپتۇ.

www.uyghurkitap.com

— مەن ئۇنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىدىمغۇ.

— مەن سەندىن ماشىنىسىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىڭمۇ دەپ سوراۋاتقىنىم يوق.

— ئەمىسە ئۇ نېمىگە تېلېفون ئۇرۇپتۇ؟

— ئۇ سېنى كېلىپ ئۆيلىرىنى بېسىقتۇرۇشۇپ بەرسىكەن دەيدۇ. ئۇنىڭ دېگەن گېپى شۇ، ئەتە بارىدىكەنسەن.

— سىز ئۇنىڭغا نېمە دەپ جاۋاب بەردىڭىز؟

— ماقۇل، بارسۇن دېدىم، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا ئۆزۈڭ تېلېفون بېرىپ يەنە بىر قېتىم سوراپ باققىن.

— سىز ماقۇل جاۋابىنى بېرىپسىز، ئەمدى مېنىڭ قايتا تېلېفون بېرىپ سورىشىمنىڭ ھاجىتى قالمىدى، — دېدى كارلا چۆگۈندىكى قايناق سۇنى ئىستاكانغا قۇيۇۋېتىپ، — ئۇ گىرېتسىيەگە مېڭىشتىن ئىلگىرى ئۆيلىرىنى تازىلاپ بەرگەن، مۇنچە قىسقا ئارىلىقتا يەنە تازىلاشنىڭ نېمە ھاجىتى باردۇ؟

— ئۇ گىرېتسىيەدىكى ۋاقتىدا ئىنوتلار كىرىپ ئۆيىنى مالىماتاڭ قىلىۋەتمىدى دېگىلىمۇ بولمايدۇ، بۇ بولۇپ تۇرىدىغان ئىشلارغۇ.

— ئالدىراپ ھازىرلا بارماي، — دېدى كارلا، — ئاۋۋال ئازراق چاي ئىچىۋېلىپ، ئاندىن يۇيۇنۇۋالاي.

— ئىشقىلىپ، چاپسانراق بارغىنىڭ ياخشى.

كارلا ئىستاكاننى كۆتۈرۈپ مۇنچىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ:

— بىر سىمىز كىرخانىغا بېرىپ كەلسەك بولاتتى، لۆڭگىلەر ئازراق كىر پۇراپ قالغاندەك قىلىدۇ، — دەپ ئۈنلۈك گەپ قىلىپ قويدى.

— باشقا گەپلەرنى قىلىشايلىچۇ، كارلا.

كارلا مۇنچىغا كىرىپ يۇيۇنۇشقا باشلىغاندا كلاك مۇنچىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كېلىپ شۇ گەپنى قىلدى:

— مەن گەپلىرىمنى ساڭا تولۇق دەپ بولمىغۇچە بولدى قىلمايمەن، كارلا.

كارلا ئۇنى مەن مۇنچىدىن چىققاندىمۇ ئىشكىنىڭ يېنىدا تۇرسا كېرەك، دەپ ئويلىغانىدى. چىقىپ قارىسا كومپيۇتېرنىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپتۇ، كارلا خۇددى بازارغا بارىدىغاندەك چىرايلىق كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى، خىيالىدا، ئىككىمىز كىرخانىغا بىللە بارساق، كاپۇچىنونىڭ دۇكىنىنىڭ سىرتىدا ئولتۇرۇپ بىر ئىستاكاندىن قەھۋە ئىچسەك، گەپ ـ سۆزلىرىمىز سىلىقلىشىپ باشقىچىلا بولۇپ قالاتتۇق، دەپ ئويلاپ، ئىتتىك مېڭىپ ھۇجرا ئۆيگە كىرىپ كىلاكنى كەينىدىن چىڭ قۇچاقلىۋالدى ۋە بىردىنلا كۆڭلى يېرىم بولغاندەك بولۇپ:

— بايام يۇيۇنغاندا سۇ قىزىتقىراق چۈشكەنمۇ قانداق، كۆزلىرىمگە ياش كەلگەندەك بولۇپ قالغانىدى، — ئۇنى قوچاقلىۋالغان قوللىرىنى قويۇۋەتمەي بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى.

كىلاك قوللىرىنى كومپيۇتېر تاختىسىدىن تارتىۋالدى، ئەمما مىدىر قىلماي جىمجىت ئولتۇرىۋەردى.

— ماڭا ئۇنداق خاپا بولۇپ كەتمەڭ، — دېدى كارلا.

— مەن ساڭا خاپا بولمىدىم، پەقەت بايامقى تۇرقۇڭدىن ئازراق بىزار بولۇپ قالدىم، بولغان ئىش شۇ.

— سىز ماڭا خاپا بولغانلىقىڭىز ئۈچۈن يىغلاۋاتىمەن.

— سەن ماڭا، سەن ئۇنداق قىلدىڭ، بۇنداق قىلدىڭ، دېگەندەك گەپلەرنى دېمىسەڭ، مېنى ئارامىمدا قويغىنا، ماڭ، كەچلىك تاماققا تۇتۇش قىلغىن.

ئۇ دېمىسىمۇ كارلا تاماققا تەييارلىق قىلاتتى. سائەت بەش بولدى، ئات مىنىشنى ئۆگىنىدىغانلار ئەمدى كېلىشى ناتايىن ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بەرەڭگى ئاقلاشقا باشلىدى. لېكىن، كۆزلىرىدىن توختىماي ياش ئېقىپ قولىدىكى بەرەڭگىنى ئېنىق كۆرەلمەي قېلىۋاتاتتى. قەغەز قول ياغلىقنى ئېلىپ كۆزلىرىنى سۈرتۈۋەتتى. ئاندىن قەغەز قول ياغلىقتىن يەنە بىرنى ئېلىپ تالاغا چىقىپ كەتتى، يامغۇر تېخىچە توختىماي يېغىۋاتاتتى. فلورا بولمىغاچقا، ئېغىلغا كىرىشكە كۆڭلى تارتمىدى، چىغىر يول بىلەن ئورمانلىققا قاراپ ماڭدى. ئاتلار باشقا بىر يەردە،

قاشالاپ قويغان قورۇق ئىچىدە، ئۇنىڭغا مۆلدۈرلەپ قاراپ تۇرۇشاتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىرلا جۇلىيە يوق ئىدى. بىر چاغدا ئۇ ئاتلارنىڭ كەينىدىن پۇشقۇرغان پېتى، خۇددى كارلا ئۆرنىنى كۆرمەيۋاتقاندەك ئالدىغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەلدى.

*　　　　*　　　　*

ئۇلار گېزىتكە بېسىلغان ئۆلۈم خەۋىرىنى، جامىزون خانىمنىڭ ئېرىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئوقۇدى. كېيىن «كەچلىك خەۋەرلەر» گېزىتىگە ئۇ ئادەمنىڭ سۈرىتىنىمۇ بېسىپتۇ. بىر يىلدىن بېرى كالاكالارنىڭ بۇ ئەر - خوتۇنلارنى چۈشىنىشى چەكلىك بولۇپ كەلگەنىدى. قوشنا بولغان بىلەن بىر - بىرى بىلەن كۆپ بېرىش - كېلىش قىلىشمايتتى. جامىزون خانىم قىرىق ئىنگلىز چاقىرىم يىراقلىقتىكى بىر ئالىي مەكتەپكە ئۆسمۈرلۈكلەر ئىلمىدىن دەرس بېرەتتى، ئارىلىق يىراق بولغاچقا كۆپ ۋاقتى يولغا كېتەتتى، ئېرى ئاساسەن ئۆيدە، شائىر ئىدى.

ئەتراپتىكىلەرنىڭ ئۇلار ھەققىدە بىلىدىغانلىرى مۇشۇنچىلىكلا ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئادەم نۇرغۇن ئىشلار بىلەن شۇغۇللىناتتى. بوۋايلىقىغا قارىماي خوتۇنىدىن يىگىرمە ياش چوڭ بولسا كېرەك، تېنى ساغلام، جانلىق ئادەم ئىدى، ئۆينىڭ سۇ ۋە يوندى يوللىرىنى ئۆزى تازىلاپ، رېمونت قىلىۋالاتتى. كۆلنى تازىلاش، باغنىڭ ئۆرۈلۈپ چۈشكەن جايلىرىنى قوپۇرۇش دېگەندەك ئىشلارنىمۇ بەخۇدۇك قىلالايتتى. بىر پارچە يەرگە كۆكتات، مالىنا دېگەندەك نەرسىلەرنى تېرىپ، ئەتراپىنى قاشالاپ ئوبدانلا كۆكتاتلىق قىلىۋالغانىدى. ئورمانغا بارىدىغان يولنىمۇ ئۆزى بىرنېمىلەرنى قىلىپ ياسىۋالغانىدى، ئۆيلىرىنى بىركىملەرنى چاقىرىپ رېمونت قىلدۇرغانلىرىدا ئۈستىدە نازارەت قىلىپمۇ تۇرالايتتى.

ئۇلار ئۆيلىرىنى خېلى يىللار ئىلگىرى دوستلىرىنىڭ



www.uyghurkitap.com

ياردىمى بىلەن ئۆزلىرى سېلىۋالغانىدى. بۇ ئۆيلەر بۇ يەرنىڭ ئەسلىدىكى ئىگىسىنىڭ دېھقانلارنىڭ ئۆيىدەك سېلىۋالغان ئۆيلىرىنىڭ ئورنىغا سېلىنغان ئۈچ بۇرجەك غەلىتىلا ئۆيلەر ئىدى. ئۇنىڭغا ئىشلەپ بېرىدىغانلار ھىپپى مەزھىپىدىكى ئادەملەر ئىدى، جامىزون ئەپەندىنىڭ شۇ چاغلاردا يېشى ئازراق چوڭ بولغاچقا، كىشىلەر ئۇنى شۇنداق ئاتىمايتتى، دېمەكچىمۇ ئۇ جامىزون خانىمغا قارىغاندا خېلىلا چوڭ ئىدى. كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، ھىپپى گۇرۇھىدىكىلەر ئورمانلىقتا كەندىر تېرىپ نەشە چىقىرىپ يوشۇرۇن ساتىدىكەن، پۇلنى ئەينەك شىشىنىڭ ئىچىگە سېلىپ، مۇشۇ ئەتراپنىڭ بىر يېرىگە كۆمۈپ قويىدىكەن، بۇ ئىشلارغا جامىزون ئەپەندى مەسئۇل ئىكەن. بۇ ئىشلارنى كلاك بىلەن سودا ئىشلىرى بىلەن تونۇشۇپ قالغان بىرەيلەن ئۇنىڭغا دەپ بەرگەن، گەپنىڭ ئاخىرىدا، بۇ ئېقىپ يۈرگەن قۇرۇق گەپ، دەپمۇ قويغانىدى.

— ئەگەر راست شۇنداق ئىش بولىدىغان بولسا خەقلەر ئاللىبۇرۇن ئۇ پۇللارنى ئىزدەپ تېپىپ كولاپ ئېلىۋالماي ھازىرغىچە تاشلاپ قويامدۇ؟ قانداقلا بولمىسۇن، بىرسى ئۇلارنىڭ ئاغزىنى ھەر ئامال بىلەن ئېچىپ پۇلنى نەگە كۆمگەنلىكىنى دېگۈزمەي قالمايدۇ.

گېزىتتىكى مۇسىبەتنامىنى ئوقۇغاندىن كېيىن، كلاك بىلەن كارلا تۇنجى قېتىم لېئون جامىزوننىڭ ۋاپات بولۇشتىن بەش يىل ئىلگىرى نۇرغۇن پۇل مۇكاپات ئالغانلىقىنى باشقىلاردىن ئاڭلىدى. بۇ ئۇنىڭ يازغان شېئىرلىرىغا بېرىلگەن مۇكاپات ئىكەن، ئۇنىڭدىن بۇرۇن بىرمۇ ئادەمنىڭ ئۇ پۇل ھەققىدە قىلغان گەپلىرىنى ئۇ ئىككىسى پەقەتلا ئاڭلاپ باقمىغانىدى. كىشىلەر نەشە ساتقان پۇلنى ئەينەك شىشىگە سېلىپ كۆمۈپ قويۇپتۇ، دېگەن گەپكە ئىشەنسە ئىشىنەتتىكى، يازغان شېئىرلىرىغا مۇكاپات ئاپتۇ دېسە ھەرگىز ئىشەنمەيتتى.

بۇ ئىش بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، كلاك خوتۇنىغا:

— بىز ئۇنىڭغا بىر ئامال قىلىپ بەدەل تۆلەتكۈزۈشىمىز كېرەك، — دېدى.

كارلا شۇ ئان ئۇنىڭ بۇ گەپنى نېمىسگە قارىتىپ دەۋاتقانلىقىنى چۈشەندى، ئەمما ئۇنى چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى.

— ئەمدى كېچىكتىڭىز، — دېدى كارلا، — ئۇ ئادەم ئۆلۈپ كەتكەن تۇرسا سىز قانداق قىلىپ ئۇنىڭدىن ئۇ پۇلنى ئالالايسىز؟

— ئۇنىڭدىن ئېلىش مۇمكىن ئەمەس، ئەمما خوتۇنى بارغۇ.

— ئۇمۇ گىرىپتسىيەگە كەتكەن تۇرسا.

— ئۇ ئۆمۈرۋايەت قايتىپ كەلمەيدىغان بولۇپ كەتمىگەندۇ؟

— ئۇنىڭ ئۇ پۇلنىڭ نەدىلىكىنى بىلىشى ناتايىن، — كارلا تېخىمۇ ئېھتىيات بىلەن گەپ قىلىۋاتاتتى.

— مەن ئۇنى چوقۇم بىلىدۇ، دەپ ئويلىمايمەن.

— ئۇنىڭ بۇ ئىش بىلەن ئازراقمۇ مۇناسىۋىتى يوق.

— ئۇنىڭغا مېنىڭ ئامالىم بار.

— بولمايدۇ، ئۇنداق قىلماڭ، — دېدى كارلا.

كلاك خۇددى كارلا ھېچنېمە دېمەيۋاتقاندەك ئۆزىنىڭ گېپىنى قىلىۋەردى:

— بىز ئۇنىڭغا ئۇستىدىن ئەرز قىلىدىغانلىقىمىزنى دەيمىز، ئۇ قورقۇپ كېتىپ ياۋاشلىق بىلەن ئۇ پۇلنى بىزگە بېرىدىغان بولىدۇ.

— بۇ گەپنى ئۇنىڭغا قانداق دەيسىز؟ ئۆلگەن ئادەمنىڭ ئۇستىدىن ئەرز قىلالمايدىغانسىز؟

— گېزىتكە چىقىرىۋېتىمىز دەپ تەھدىت سالىمىز. ئۇ دېگەن نامى مەشھۇر شائىر، گېزىتلەرگە دەل مۇشۇنداق خەۋەرلەر كېرەك. بىزنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسى تەھدىت بولىدۇ، بۇنداق ئەھۋالدا ئۇ خوتۇن ئەيۋەشكە كەلمەي قالارمۇ؟

— سىز شۇ تۇرقىدا ئۇخلىماي چۈش كۆرۈۋاتىسىز، — دېدى

كارلا، — پۈتۈنلەي چاقچاقنىڭ ئورنىدىكى گەپلەر.

— ياق، — دېدى كلاك، — راست دەۋاتىمەن، چاقچاق ئەمەس.

كارلا ئۆزىنىڭ بۇ توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن ئەمدى پاراڭلاشقۇسى يوقلۇقىنى دېۋىدى، كلاك ئىختىيارىڭ، دەپ جاۋاب بەردى.

لېكىن، ئۇلار ئەتىسى يەنە مۇشۇ توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ قالدى، ئۆگۈنىمۇ، ئىندىنىمۇ پاراڭلاشتى. كلاك بەزىدە بۇنىڭ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان ھەتتا قانۇنغا مۇخالىپ كېلىدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى ئويلاپمۇ قالاتتى. لېكىن، يەنىلا ئۆزىنى توختىتالماي تېخىمۇ كۆچەپ سۆزلەپ كېتەتتى — كارلا ئۇنىڭ نېمە سەۋەبتىن شۇنداق سۆزلەيدىغانلىقىنى بىلمەيتتى — يەنە تۇرۇپلا ئۇ ھەقتە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي قوياتتى. ئەگەر بۇ يىل ياز يامغۇر كۆپ ياغمىغان، ھاۋا ئۆتكەن يىللاردىكىدەك نورمال بولغان بولسا، بەلكىم ئۇ باشقا نۇرغۇن ئىشلارغا ئوخشاش بۇ ئىشنى ئۇنچىلىكمۇ ئويلاپ كەتمەس بولغىيدى. مانا بۈگۈنگىچە ھاۋا ياخشى ئەمەس، تۇزۇك ئېچىلمايلا كېلىۋاتىدۇ. شۇڭا، ئۇ ئۆتكەن ئايدا مۇشۇ پىلانىنى خۇددى بىر پىلاندا ھېچقانداق يوچۇق يوقتەك توختىماي سۆزلەپ كەلگەن، پۈتۈنلەي ئەمەلگە ئاشىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. بۇ يەردىكى مەسىلە ئۆزىنىڭ قانچىلىك باھا قويۇشىدا ئىدى. ئەگەر باھانى تۆۋەن قويۇپ قويسا، ئۇ ئايال ئازراقلا بىرنېمىكەنغۇ دەپ پىسەنتىگە ئېلىپ قويماسلىقى ياكى مېنى قورقۇتۇۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قېلىشى، بەك يۇقىرى قويۇۋەتسە قارشىلىق كۆرسىتىشى ھەتتا ھېچنېمە بەرمەسلىكتە تۇرۇۋېلىپ تېخىمۇ قېتىۋېلىشى مۇمكىن.

كارلا ھازىر بۇ ئىشنى چاقچاق دەپ ئويلىمايدىغان بولدى، ئەكسىچە ئۇنىڭغا بۇنداق قىلىشنىڭ ئاقمايدىغان ئىش ئىكەنلىكىنى دەپ تۇردى. ئۇنىڭ كۆرسەتكەن سەۋەبىمۇ ئورۇنلۇق ئىدى. ئۇنىڭچە، كىشىلەر ئۇ ئادەمنى، شائىر دېگەندە قانچىلىك

www.uyghurkitap.com

پۇل بولاتتى، دەپ ئويلاپ، مومايىنىڭ ئاغرىقىنى پىپىنشقا ياردەم قىلمايتتى.

ئەگەر كالاك بۇ ئىشنى قىل سىغمايدىغان دەرىجىدە قاملاشتۇرۇپ كېتەلەيدىغان بولسا نەتىجە كۆرۈلۈشىمۇ مۇمكىن ئىدى. بۇنىڭ ئۇچۇن كارلا نىرۋىسى پۈتۈنلەي بۇزۇلغان ئادەم قىياپىتىدە جامىزون خانىمغا بۇ ئىشنى ئۆزىنىڭ تېخى يېڭىلا بىلىپ قاتتىق ھەيران قالغانلىقىنى دېيەلىسە، ئاندىن كالاك غەزىپىنى باسالماي، بۇ ئىشلارنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلايدىغانلىقىنى دەپ جامىزون خانىمنى پۇلنى ئۆز ئىختىيارلىقى بىلەن چىقىرىپ بېرىدىغان قىلالايتتى.

— سەن شۇنداق قىلالىساڭ، دىلىڭنى رەنجىتىۋېلىشىڭ، ھاقارەتكە، ئاھانەتكە قېلىشىڭ مۇمكىن. ئەگەر شۇنداق بولۇپ قالسا، سەن مېنىڭ خوتۇنۇم بولغانلىقىڭ ئۈچۈن مېنىڭمۇ غۇرۇرۇمغا تېگىدىغان ئىش بولىدۇ.

كالاك ئارقا ـ ئارقىدىن توختىماي خوتۇنىغا شۇ ھەقتە تەلىم بېرەتتى، خوتۇنى گەپنى باشقا گەپكە يۆتكىمەكچى بولسا يول قويماي يەنە شۇ گەپنى قىلاتتى.

— بۇنىڭدىن چوقۇم بىر نەتىجە چىقىدۇ، — دەيتتى ئۇ، — ئۈمىد چوڭ.

بۇ ئىش كارلا ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەن بەزى ئىشلاردىن كېلىپ چىققانىدى. ئەمدى ئۆزى دېگەن ئۇ ئىشنى ياندۇرۇۋالغىلى ياكى ئىنكار قىلغىلى بولمايتتى.

بەزىدە ئۇ ماشا قىزىقىپ قىلىۋاتقاندەك ئىشلارنى قىلىدۇ.
ئاشۇ قېرىمۇ؟

بەزى چاغلاردا خوتۇنى ئۆيدە يوق چاغلاردا مېنى ھۇجرىسىغا چاقىراتتى.
شۇنداقمۇ؟

خوتۇنى بىرنەرسە سىتىۋالغىلى سىرتقا چىقىپ كەتكەن، سىستىرامۇ ئۆيدە يوق چاغلاردىمۇ؟

بۇ كارلانىڭ ئويلىمايلا دەپ قويغان گەپلىرى ئىدى، ئويلىمىغان يەردىن كلاكىنىڭ قىزىقىشىنى قوزغاپ قويدى.

ئۇ شۇ گەپنى قىلغاندا سەن قانداق قىلدىڭ؟ ھۇجرىسىغا كىردىڭمۇ؟

كارلا ئىزا تارتقاندەك قىلدى.

بەزىدە كىردىم.

ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرگەندىن كېيىن قانداق بولدى، كارلا؟ ئۇنىڭدىن كېيىنچۇ؟

مەن ئۇنىڭغا نېمە لازىمكىن دەپ ھۇجرىسىغا كىرگەن.

ئۇنىڭغا نېمە لازىم ئىكەن؟

بۇ سوئال ـ جاۋابلارنىڭ ھەممىسى يوتقاندا پىچىرلىشىپ دېيىشىۋاتقان گەپلەر ئىدى. ئەتراپتا ئاڭلاپ قالىدىغان ئادەم بولمىسىمۇ، ئىككىسى كارىۋاتتا خۇددى بىرسى ئاڭلاپ قالىدىغاندەك بوش گەپ قىلىپ ياتاتتى. ھۇجرىدا قىلىشقان ئاشۇنداق پىچىرلىشىشلار ۋە ھەرىكەتلەرنىڭ ھەممىسى ئىنتايىن كۆڭۈللۈك ئىدى. ئۇلارغا يەنە تۇرلۇك قىلىقلار، نازلىنىشلار، شۇنىڭ بىلەن تەڭ بىر ـ بىرىگە ماسلىشىشتا رول ئوينايدىغان كەينىگە تارتىشلار، ئىزا تارتىشلار، پىخىلداپ كۇلۇشلەر، لۇكچەك، قىلىقسىز، دەپ ئەركىلەشلەر قوشۇلۇپ كىشىگە بۆلەكچىلا راھەت بېرەتتى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بولغان ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىشى ئۇنىڭلا قىزىقىشىنى قوزغاپ قالماي، ئۆزىنىڭمۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان ھەۋىسىنى، ياخشى كۆرۈشىنى قوزغاشتا ياخشى رول ئوينايتتى. بۇنىڭ بەدىلىگە ئۆزى راھەتلىنەتتى. خۇدا بەرگەن، ئۆزى خالىغان بۇنداق

غىدىقلىنىشلار ھەر قېتىمدا ئۆزگىچە رول ئوينىپ تۇراتتى.

ئۇ بوۋاي بىلەن بولغان ئۇ ئىشلارنىڭ مەلۇم كۆرۈنۈشلىرى ھازىرغىچە ئۇنىڭ كاللىسىنىڭ بىر يەرلىرىدە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ خوتۇنلارغا ئامراق ئۇ بوۋاينى ۋە ئۇنىڭ ئەدىيالىنىڭ تېگىدە تىككىدە تۇرغان ئۇ نەرسىسىنى كۆرگەنىدى. بوۋاي يىللاپ كارىۋاتتىن قوپالماي ياتاتتى، گەپىنىمۇ تۈزۈك قىلالمايتتى، ئەمما قوللىرى بىلەن شەرەت قىلىپ ھەممە مەقسىتىنى ئۇقتۇرالايتتى. ئۆزىنىڭ جىنسىي تەلپىنىمۇ بىلدۈرەلەيتتى، ئۇنىڭ بۇ يەر، بۇ يېرىنى تۇتۇپ يېنىغا يېقىن تارتىپ، ئۆزىنىڭ قىزغىن بولۇشىنى، بەزى ھەرىكەتلىرىگە ماسلىشىپ بېرىشىنى تەلەپ قىلاتتى. كارلانىڭ ئۇنىڭ ئۇ تەلەپلىرىنى رەت قىلىشى جەزمەن ئىدى. لېكىن، قىزىق يېرى، بۇنداق رەت قىلىش كىلاكىنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويۇۋاتاتتى.

كارلانىڭ كاللىسىدا ھەر دائىم بىرلا نەرسە ھۆكۈم سۈرەتتى. ئۇ بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىش ئىدى، ئەگەر ئۇنداق قىلمايدىغان بولسا باشقىچە بىر ئاقىۋەت كېلىپ چىقىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ دوختۇرخانىدىن ئارىيەت ئەكەلگەن كارىۋاتتا ئەدىيالغا ئورىنىپ ياتقان ئۇ كېسەل بوۋاينىڭ سالامەتلىكىنى، كۈندىن ـ كۈنگە ئاجىزلاپ، دورىنى كۆپ يەپ، ئازابلىنىپ يىرىڭداپ كېتىۋاتقان ئۇ تەننى ئويلىمىسا بولمايتتى. بىرنەچچە قېتىم جامىزون خانىم ئۆيدە يوق، سىرتتا ئىشىكنى ئۇچۇق قويغان چاغلاردا ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن ئۇ بوۋايغا قاراپ قويغانىدى، بۇ قاراش ئۇنىڭغا يېنىغا كىرىشتىن بەكرەك ئازاب ئەكەلگەنىدى.

ئۇنىڭ جامىزونلارنىڭ ئۆيىگە پەقەتلا بارغۇسى كەلمەيتتى، ئازراق پۇلنى دېمىسە، بىچارە جامىزون خانىمغا ئىچى ئاغرىمىغان بولسا ھەرگىز بارمايتتى، ئۇ موماي شۇ كۈنلەردە نېرۋىسىدىن ئادىشىپ قالغان، كىچىسى چۈشەكەپ تالاغا چىقىپ كېتىدىغان ئادەمدەك بولۇپ قالغانىدى. كارلا بىرنەچچە قېتىم ئۆزىنى ئەركىن تۇتۇپ يۈرۈش ئۈچۈن كۆزىگە ھېچنېمە كۆرۈنمەي

ئەخمىقانە ھەم كۆلكىلىك بەزى ئىشلارنى قىلغانمۇ بولدى. بۇنداق ئىشلارنى ئۇ ئات مىنىشنى يېڭى ئۆگىنىۋاتقانلار قورقۇپ روھى چىقىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن چاغلاردا قىلىپ قوياتتى. كلاكنىڭ كەيپىياتى جايىدا بولمىغان چاغلاردىمۇ ئۇنى سىناپ بېقىۋاتقاندەك شۇنداق ئىشلارنى قىلىپ قوياتتى. لېكىن، بۇ ئىشلىرى كلاكنىڭ ئالدىدا ئۆتمەيتتى. ئەمما، جامىزون بوۋاي توغرۇلۇق گەپلەر بولۇپ قالسا، قانچىلىك گەپ بولسا شۇنچىلىك ئاڭلايتتى.

يول ئويمان ـ چوڭقۇر، ئۇ يەر ـ بۇ يەرلەرگە سۇلار يىغىلىپ قالغان، يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئېگىز ئوتلار ئۆسۈپ كەتكەن، ئۇ ئوتلارنىڭ ئىچىدە يەنە يېڭىلا ئېچىلغان ياۋا سەۋزىلەرمۇ بار، بۇلارنىڭ ھەممىسى كارلانىڭ نەزىرىدىن ساقىت ئەمەس. ئەمما، ھاۋا ئىللىق، شۇڭا ئۇ قىلچە سوغۇق سەزمەي كېتىۋاتاتتى. كىيىملىرى چىلىق ـ چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى. بەدىنىدىن توختىماي ئېقىۋاتقان تەر، كۆزلىرىدىن توختىماي تۆكۈلۈپ تۇرۇۋاتقان ياش ۋە تىنىماي يېغىۋاتقان سىم ـ سىم يامغۇردىن شۇنداق بولۇپ كەتكەندۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن كۆزلىرىدىكى ياشمۇ توختاپ قالدى. بۇرنى مىچىلداپ كېتىپ سۇرتىدىغان قەغەز تاپالمىدى — يانچۇقىدىكى قەغەز قول ياغلىق ھۆل بولۇپ كەتكەنىدى — ئاخىر بولماي يەرگە ئازراق ئېڭىشىپ بۇرنىنى تاشلىۋالدى.

ئۇ بېشىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، ئازراق تىترەڭگۈ ئاۋازدا كۈچەپ تۇرۇپ ئىسقىرتىشقا باشلىدى. بۇ كلاك ئىككىسىنىڭ فلورانى چاقىرغاندا قىلىدىغان شەرتلىك ھەرىكىتى ئىدى. ئۇ بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ئاندىن فلورانىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ ئارقا ـ ئارقىدىن بىرنەچچە قېتىم توۋلىدى، يەنە ئىسقىرتتى، يەنە توۋلىدى.

فلورادىن ھېچقانداق جاۋاب سادا كەلمىدى.

ئۇنىڭ بۇ توۋلاشلىرى، ئىسقىرتىشلىرى فلورانى يىتتۇرۇپ قويۇپ، تارتىۋاتقان ئىچى ئاغرىقلىرى جامىزون خانىمنىڭ تارتقان دەردلىرى، ئۆزىنىڭ كالاك بىلەن سوقۇشۇپ قالغانلىرىدا تارتىدىغان ئازابلىرى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ھېچ گەپ ئەمەس ئىدى. فلورانى مەڭگۇ تاپالمىسىمۇ شۇنداق ئىدى. يەنە بىر تەرەپتىن ئالغاندا، فلورانىڭ يوقاپ كېتىشى ئۇنىڭ قانداقتۇر بىر ئىشنى خاتا قىلىپ قويغانلىقىدا ئەمەس ئىدى.

بۇگۈن سىلۋىيە قىلىدىغان باشقا ئىشى يوق، ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئۇچۇن دېرىزىلىرىنى ئېچىۋېتىپ، كارلانى قاچان كۆرەرمەن، دېگەن خىيال بىلەن ئولتۇراتتى، لېكىن ئۇنى كۆڭلى يېرىم قايغۇلۇق قىياپەتتە كۆرىمەن دەپ پەقەتلا ئويلىمىغانىدى.

كارلا جامىزون خانىمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ، داۋالاشتا ئىشلىتىلگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى چىقىرىۋەتتى. بۇرۇن سىلۋىيە بىلەن ئېرى ياتقان، كېيىن ئېرى ئاغرىپ قالغاندا ئايرىم ياتقان ئۆينىڭ نەرسىلىرىمۇ بىر تەرەپ قىلىنىپ، خۇددى بۇ ئۆيدە بۇرۇن ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك، ھېچكىم ياتمىغاندەك رەتلىنىپ، پاكىز تازىلىنىپ قالدى. جامىزون ئەپەندى دەپنە قىلىنىپ، جامىزون خانىم گىرىپتسىيەگە ماڭغۇچە بولغان قىسقىغىنا بىرنەچچە كۈن ئىچىدە كارلا بۇ ئۆينىڭ قىلىنىشقا تېگىشلىك ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بولدى. ئۇ يەنە لېئون ئەپەندى كىيگەن ـ كىيمىگەن كىيىملەرنى، ھەدىيە سوۋغا قىلغان، پەقەتلا ئاغزى ئېچىلىپ باقمىغان سوۋغاتلارنى بىر تاغارغا سېلىپ، ئەرزان ماللارنى ساتىدىغان دۇكانغا ئۆتكۈزۈۋەتتى. ئەمدى ھازىر ئىچىدىغان دورىلىرىنى، ساقال ئالغاندا ئىشلىتىدىغان نەرسىلىرىنى، قۇتا ـ قۇتىلاردىكى ھاياتىنى ئۇزارتىدۇ دەپ يەپ كەلگەن قۇۋۋەت يېمەكلىرىنى، يەشىك ـ يەشىكلەردىكى ئۇزاقتىن بېرى يەپ كېلىۋاتقان كونجۇتلۇك پىرەنىكلەرنى، دۈمبىسىنىڭ ئاغرىقىنى پەسەيتىدىغان

بوتۇلكا ـ بوتۇلكا دورىلارنى، كارىۋىتىغا سىلىنغان قوي تېرىسى، كۆرپە دېگەندەك تۈرلۈك ـ تۈرلۈك نەرسىلەرنى يالتىراق خالتىلارغا سېلىپ ئەخلەتخانىغا تاشلىۋېتىش ئالدىدا تۇراتتى. كارلا بۇ نەرسىلەرگە ئىچ ئاغرىتىپ: «بۇ يەنە ئىشلەتكىلى بولىدىغان نەرسىلەر ئىكەنغۇ» دەپ باقمىدى ياكى بۇ يەشىكلەردىكى كونىسېرۋالارنىڭ بىرسىنىڭمۇ ئاغزى ئېچىلماپتىكەنغۇ، دېگەن گەپنىمۇ قىلمىدى. سىلۋىيەنىڭ ئۆزى ئۇنىڭغا: «مەن بۇ نەرسىلەرنى بازارغا ئاپىرىپ ساتالمايمەن، ئۇنىڭدىن كۆرە ھەممىسىنى چوڭ پەشكە تاشلاپ بىرسىنى قويماي كۆيدۈرۈۋەتكىنىم ياخشى» دېدى. كارلا ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپمۇ كىچىككىنە بولسىمۇ ھەيران قالغاندەك ئىپادىدە بولمىدى.

ئۇلار جاۋەننىڭ ئىچى ـ سىرتىنى پاكىز تازىلىدى، تام ـ تورۇسلارنى، دېرىزىلەرنى پاكىز سۈرتۈپ چىقتى. سىلۋىيە يەنە ھۇجرىسىدا بىر كۈن ئولتۇرۇپ دوست ـ بۇرادەرلىرىدىن كەلگەن تەزىيەنامىلەرنى كۆرۈپ، رەتلەپ چىقتى (ئۆيدە ساقلاپ قويغۇدەك قول يازما، كۈندىلىك خاتىرە، يازغۇچىلار ساقلاپ قويىدىغاندەك يېزىپ قالدۇرغان بىرەر ئەسەرنىڭ ئەسلىي ئارگىنالى ياكى يېزىپ بولالمىغان ئارگىنال دېگەنلەر يوق ئىدى). بىر ئاينىڭ ئالدىدا جامىزون ئەپەندى خوتۇنىنى ئالدىغا چاقىرتىپ ھەممە ئىشنى ئۇنىڭغا ئورۇنلاشتۇرۇپ تەخ قىلىپ قويغانىدى. ئەپسۇسلىنىدىغان بىرمۇ ئىش قالمىغانىدى.

ئۆيلەرنىڭ كۈنگە قارايدىغان تېمى باشتىن ـ ئاياغقىچە دېرىزە ئىدى. سىلۋىيە بېشىنى كۆتۈرۈپ دېرىزىگە قاراپ كۈننىڭ ئۆيگە تولۇق چۈشۈپ تۇرۇۋاتقىنىغا ھەيران قالغاندەك بولدى. مۆھىمى ئۇ كارلانىڭ قامىتىگە، يالاڭ ئاياغ پۇتلىرىغا، يېڭىنى بىلىكىگىچە تۈرۈۋالغان بىلەكلىرىگە قاراپ ھەيران قالغانىدى. كارلا شوتىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ ھەدەپ ئەينەك سۈرتۈۋاتاتتى، قەتئىيلىكى چىقىپ تۇرۇۋاتقان يۈزىنى ماماكاپقا ئوخشاش قىسقا

چاچلىرى (چاچلىرى قىسقا بولغاچقا كەينىدىن بوغۇۋالمىغانىدى) ئۇراپ تۇراتتى. كارلا پۈتۈن دىققىتىنى يىغىپ دىرىزە سۈرتۈۋاتاتتى. ئۇ سىلۋىيەنىڭ ئۆزىگە قاراپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، ئىككى قولىنى كەڭ يېيىپ قويغانىدى، خۇددى يوغان كىرپىستتەك كۆرۈنۈپ قالدى، ئۇنىڭغا قوشۇپ چىرايىنى بىر قىسما قىلغانىدى، بۇ قىلىققا ئىككىلىسى كۈلۈشۈپ كەتتى. سىلۋىيە ئۇنىڭ كۈلكىسىنى ئېرىقتا شىلدىرلاپ ئېقىۋاتقان سۇنىڭ ئاۋازىغا ئوخشىتىپ، ئۇ ئاۋاز خۇددى ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدىغا سىڭىپ كېتىۋاتقاندەك ئويلاپ قالدى. كارلا ئىشىنى داۋاملاشتۇرىۋەردى. سىلۋىيەمۇ تەزىيەنامىلەرنى باشقىدىن يەنە ئوقۇپ چىقتى. سىلۋىيە ئۇ تەزىيەنامىلەر بىلەن ھال سوراش خەتلىرىنىڭ مەيلى ئېرىنى چىن نىيىتى بىلەن ياكى ئاغزىنىڭ ئۇچىدا ماختاپ، ئۇنىڭ ئۆلۈمىگە ئېچىنىپ يازغان بولسۇن — ھەممىسىنى تاغارغا سېلىپ تاشلىۋەتكەن نەرسىلەرگە ئوخشاش بىر تەرەپ قىلىش قارارىغا كەلگەنىدى.

ئۇ كارلانىڭ شوتىدىن چۈشۈپ ماڭغان ئۆتۈكىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بىردىنلا ئۆزىنىڭ ھېچ ئىش قىلماي ئولتۇرغىنىدىن ئىزا تارتىپ قالدى. ئۇ يەنىلا شۇ ئورنىدا بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي ئولتۇراتتى. كارلا ئۆيگە كىرىپ ئۇنىڭ كەينىدىن ئۆتۈپ ئاشخانىغا كىردى ۋە قولىدىكى چېلەك بىلەن دىرىزە سۈرتكەن لاتىنى چىنە ـ قاچا يۇيىدىغان كۆلچەكنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويدى. كارلا دەم ئالماي دىگۇدەك ئىش قىلاتتى. ھەرىكىتى قۇشقاچنىڭكىدەك شۇنچىلىك جەبدەس ھەم چاققان ئىدى. شۇ ئارىلىقلاردا ئۇ سىلۋىيەنىڭ يېنىغا كېلىپ بېشىغا بىرنى سۆيۈپ قويۇشقىمۇ ئۈلگۈردى، ئاندىن ئادىتى بويىچە ئىسقىرتىپ قويۇپ ئىشىنى قىلىۋەردى.

ئۇنىڭ ئاشۇ بىر سۆيۈپ قويۇشى ئۇزاققىچە سىلۋىيەنىڭ يۈرىكىگە ئورناپ كەتتى. ئۇ سۆيۈپ قويۇش ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق ئادەتتىكى بىر ھەرىكەت ئىدى، خۇشال يۈرۈك

ياكى ئىشلار تۆگەپ قالاي دېدى، دېگەندىن باشقا مەنە بەرمەيتتى. يەنە بىر جەھەتتىن ئىككىسىنىڭ ياخشى دوستلاردىن ئىكەنلىكى، نۇرغۇن جاپالارنى بىللە تارتقانلىقىدىنمۇ دېرەك بېرەتتى. ئۇنىڭ ئىچىدە كۆننىڭ چىققانلىقىغا، ئىشنى تۆگىتىپ چاپسانراق ئۆيىگە، ئاتلىرىنىڭ قېشىغا يېتىدىغانلىقىغا بولغان خۇشاللىقىمۇ يوق ئەمەس ئىدى، سىلۋىيە ئۇنى ئېچىلىپ تۇرغان، بەرگىلىرى ئىچكى دۇنياسىدىكى هارارەت بىلەن توزۇماي تۇرۇۋاتقان گۈلگە ئوخشىتاتتى.

سىلۋىيەنىڭ ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ ئىچىدە باشقا ئوقۇغۇچىلاردىن ئالاھىدىرەك تۇرىدىغان بىر قىز بار ئىدى، ئەقىللىك، ئىشچان، بالىلارچە مېنىڭلا راست دەپ ئويلايدىغان، تەبىئەت دۇنياسىغا ئالاھىدە ئىشتىياق باغلىغان قىز ئىدى، سىلۋىيە ئۇنى كۆرسىلا ئۆزىنىڭ ياش ۋاقتىنى كۆرۈۋاتقاندەك بولاتتى. ئۇنىڭ ئەتراپىدىن ئاشۇ قىزغا ئوخشاش قىزلار، چوقۇنغۇچىلىرى نېرى كەتمەيتتى. ئۇنىڭغا ئامراق ئىدى — كۆپىنچە چاغلاردا — تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز دەرىجىدە يېقىنچىلىق قىلاتتى. بەزىدە سىلۋىيە بۇنداق يېقىنچىلىقلارنى خالىمايمۇ قالاتتى.

كارلانىڭ ئۇلار بىلەن قىلچە ئوخشاشلىقى يوق ئىدى. ئۇنى سىلۋىيەنىڭ تۇرمۇشى ئىچىدىكى قانداق ئادەملەرگە ئوخشايدۇ، دەپ سورالسا، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىكى بىرنەچچە قىز ساۋاقداشىغا، دەپ جاۋاب بېرىشكە توغرا كېلەتتى. ئۇ قىزلار ئەقىللىك، ئەمما ئەقلى چېكىدىن ئېشىپ كەتكەن ئەمەس ئىدى، تۆغما تەنھەرىكەتچىلەر ئىدى. ئەمما، نام ـ ئاتاقتا بىرلەمەيتتى. شوخ كۆلگۈنچەك ئىدى، ئەمما كىشىنى بىزار قىلمايتتى، كۈلكىلىرى، خۇشاللىقلىرى شۇنچىلىك تەبىئىي ئىدى.

— مەن كىچىك بىر كەنتتە ئىككى دوستۇم بىلەن بىللە

تۇردۇم. ئۇ ئۈچ ئائىلىلا بار ئىنتايىن كىچىك بىر كەنت، ئۇ يەرگە چوڭ ساياھەت ئاپتوموبىللىرى يولدىن ئېزىپ قالغاندەك ناھايىتى ئاز بارىدىكەن ھەم ئاز توختايدىكەن. ساياھەتچىلەر ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ، خۇددى قانداق يەرگە كېلىپ قالغانلىقىنى بىلەلمىگۇدەك، بۇ يەردە قانداق ئاسارئەتىقىلەر باردۇ؟ سېتىۋېلىپ خاتىرە قىلىپ قويغۇدەكمۇ بىرنەرسىلەر يوق ئىكەنغۇ؟ دېيىشىۋاتقاندەك ئۇياق - بۇياققا ھەيران بولۇپ قارىشىپ قالاتتى.

سىلۋىيە گىرېتسىيەنىڭ ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتاتتى. كارلا ئۇنىڭدىن سەل نېرىراقتا تۇراتتى. تىنىم تاپماي ئىشلەپ تۇرىدىغان، ئادەمنىڭ قارىسا قارىغۇسى كېلىدىغان بۇ ئايال ئاخىر ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردى ۋە ئىلگىرى سىلۋىيەگە قارىتا خىلمۇخىل خىياللاردا بولغان بۇ ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ گەپلىرىگە قۇلاق سالدى. ئارىلاپ سۈس كۈلۈمسىرەپ ۋە خۇشياقمىغاندەك بېشىنى لىڭشىتىپ قوياتتى.

— بىرنەچچە كۈنگىچە، — دېدى سىلۋىيە سۆزىنى داۋام قىلىپ، — گاڭگىراپلا يۈردۈم، ھاۋامۇ شۇنچىلىك ئىسسىق ئىدى. ئەمما، ئۇ يەرنىڭ ئاپتىپى بۆلەكچىلا يېقىملىق ئىكەن. ماڭا بەكمۇ ياقتى. مەن قىلىدىغان ئىش يوق زېرىكىپ قېلىپ بىرەر ئىش بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئويلاپ قالدىم. ئۇ يەردىكى ئادەملەر ئاددىيلار بىرنەچچە ئىشنى قىلىپ كۈن ئۆتكۈزىدىكەن. يېرىم ئىنگلىز چاقىرىم كېلىدىغان يەرگە بېرىپ سېرىق ماي سېتىۋېلىپ كېلىدىكەنسىز، ئاندىن باشقا بىر تەرەپتىن يېرىم بولكا، ھاراق ئەكېلىدىكەنسىز. بۇ ئىشلارغا يېرىم كۈن ۋاقتىڭىز كېتىدىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن دەرەخنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تامىقىڭىزنى يەيدىكەنسىز. تامىقىڭىزنى يەپ بولغاندىن كېيىن كۈن بەك ئىسسىپ كېتىپ ھېچ ئىش قىلالمايدىكەنسىز. دېرىزىڭىزنى يېپىۋېتىپ كارىۋاتقا چىقىپ ياتىدىكەنسىز ياكى كىتاب ئوقۇيدىكەنسىز. كىتابىڭىزمۇ دەسلەپتە قولىڭىزغا ئېلىپ

ئوقۇيدىكەنسىز. كىيىن ئوقۇغۇڭىز كەلمەي قالىدىكەن. كىتاب ئوقۇشتىكى مەقسىتىڭىز نېمە؟ ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈنمۇ؟ خېلى ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، سايىڭىز ئۇزىرايدىغان ۋاقىت بولغانلىقىنى بىلىپ ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ سۇغا چۆمۈلىدىكەنسىز. هوي… — ئۇ قىلىۋاتقان گېپىنى ئۈزۈپ قويدى، — مەن بىر ئىشنى ئۇنتۇپتىمەن.

ئۇ ئورنىدىن لىككىدە تۇرۇپ، گىرېتسىيەدىن ئەكەلگەن سوۋغىتىنى ئاچقىلى ماڭدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنتۇپ قالمىغان، كارلا كېلىشىگە بېرىشنى خالىماي ۋاقىت ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئەتەي كەينىگە تارتقان. ئەمدى ۋاقتى كەلدى دېگەندە تەبىئىي هالدا ئاچىقىپ ئۇنىڭغا:

— سۇغا چۆمۈلىدىغانلىقىڭ گېپى چىقىۋىدى، تۇيۇقسىز ئېسىمگە كېلىپ قالدى. بۇ ئۇ نەرسىنىڭ كىچىكلىتىلگەن ئاددىيلا كۆپەيتىمىسى. بۇنى ئۇلار دېڭىز ئاستىدىن بايقاپتىكەن، ئاتىنىڭ مىستىن ياسالغان هەيكىلى، دېڭىزنىڭ تېگىدە ئۇزاق يىل يېتىپتىكەن، ئۇ ئادەملەر تېپىپ چىقىپتۇ. مىلادىيەدىن ئىلگىركى 2 ـ ئەسىرنىڭ نەرسىسى ئوخشايدۇ، — دەپ تۇرۇپ بەردى.

بايام كارلا ئۇنىڭ ئۆيىگە كىرىپلا قىلىدىغان قانداق ئىشلىرىنىڭ بارلىقىنى سورىغاندا، سىلۋىيە ئۇنىڭغا:

— ئاۋۋال بىردەم ئولتۇرۇۋالغىن، مەن گىرېتسىيەدىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى، بىرەر ئادەم بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشقۇدەكمۇ بولمىدىم. كەل، يېنىمغا كېلىپ ئولتۇرغىن، — دېگەنىدى.

كارلا تارتىنىپراق كېلىپ ئۇنىڭ يېنىدىكى بىر ئورۇندۇققا ئولتۇردى. ئىككى قولى تىزلىرىدا نېمە قىلىشىنى، نېمە دېيىشىنى بىلمەيۋاتقاندەك هەم ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويۇۋاتامدىمەن قانداق دېگەندەك ئەندىشىمۇ بار، قورۇنۇپ ئولتۇرۇۋاتاتتى.

www.uyghurkitap.com

— گىرېتسىيە ئوبدان جايمىكەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ سىلۋىيەدىن.

سىلۋىيە بۇ چاغدا ئۆرە تۇراتتى. قولىدا مىس ئات، ئاتنى ئوراپ قويغان نېپىز قەغەزنى ئېلىۋەتمىگەنىدى.

— قارا بۇ ئاتقا، — دېدى سىلۋىيە قولىدىكى مىس ئاتنى كۆرسىتىپ، — پۈتۈن كۈچى بىلەن چېپىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈشتە، ئۈستىدىكى ئادەممۇ، ياق، بالىمۇ ھەم شۇنداق ھالەتتە، كۆز ئالدىڭغا ئۇنىڭ ئاتقا قامچا سېلىپ جان - جەھلى بىلەن ئالدىغا قاراپ چېپىپ كېتىۋاتقان ھالىتى كېلىدۇ.

سىلۋىيە بۇ ھەيكەلنى كۆرۈپلا كارلا يادىغا كەلگەنلىكىنى دېمىدى، ھازىرمۇ شۇ چاغدا ئويلىغان ئويىنى دەپ باقمىدى. ئات ئۈستىدىكى ئوغۇل بالا ئون - ئون بىر ياشلاردا باردەك قىلاتتى، بوجىنى تۇتۇپ تۇرغان قوللىرىنىڭ ھالىتى بەكمۇ چىرايلىق ئىدى. گۆدەكلىكى ئېنىق بىلىنىپ تۇرۇۋاتقان كۆرۈنۈشى، جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىدىن پەيدا بولغان پېشانىسىدىكى قورۇقلار، زىيادە ئەستايىدىللىقى، بالىلارچە غەيرىتى كارلانىڭ باھاردا كېلىپ ئۇنىڭ يوغان دېرىزىسىنىڭ ئەينىكىنى سۈرتۈپ بەرگەن چاغدىكى ھالىتى بىلەن ئازراق ئوخشىشىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ قىسقا ئىشتىنىنىڭ ئاستىدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان كىچىك ئىككى پۇتى، كەڭ مۈرىسى، ئەينەك سۈرتۈۋاتقان چاغدىكى كەسكىن ھەرىكەتلىرى سىلۋىيەنىڭ ھەۋىسىنى قوزغاپ، ئىختىيارسىز كۈلگۈسىنى كەلتۈرگەنىدى.

— قارىماققىمۇ شۇنداقتەك قىلىدى، — دېدى كارلا. شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ كۆزلىرىمۇ ئاشۇ كىچىككىنە ھەيكەلدە ئىدى، — سىزگە كۆپ رەھمەت، خانىم.

— بۇ رەھمەت دەپ كەتكۈدەكمۇ نەرسە ئەمەس، — دېدى سىلۋىيە ئۇنىڭ گېپىگە جاۋابەن، — ئىككىمىز قەھۋە ئىچسەك قانداق؟ بولامدۇ؟ مەن يېڭىلا قەھۋە دەملەپ قويغان. گىرېتسىيەنىڭ قەھۋەسى قويۇق كېلىدۇ، مەن ئىچىۋاتقان

قەھۋەدىنمۇ قويۇق. ئۇلارنىڭ ئوتقا قاقلاپ بېرىدىغان بولكىلىرى ئاجايىپ يېيىشلىك ئىكەن. ئەنجۈرلىرىچۇ تېخى، بۇ دۇنيانىڭ ھەقىقىي جەننەت مېۋىسى ـ دە، بىرنەچچە مىنۇت ئولتۇرۇپ تۇرغىن. سەن مېنىڭ كونا ئادەتلىرىمدىن قۇتۇلۇشۇمغا ياردەم بېرىشىڭ كېرەك. بۇ يەرنىڭ ئەھۋالى ھازىر قانداقراق؟ كۆڭلىڭلار ياخشى ئۆتۈۋاتامدۇ؟

— ھازىرغىچە يامغۇر توختىماي يېغىۋاتىدۇ، دېسەكمۇ بولىدۇ.

— مەنمۇ بىلدىم، يامغۇر توختىماي يېغىۋېتىپتۇ، — دېدى سىلۋىيە ئاشخانىسىدا قەھۋە تەييارلاۋېتىپ، ئۇ كارلاغا قەھۋە قۇيۇپ بېرىۋاتقاندا يەنە بىر سوۋغىتى توغرۇلۇق گەپ قىلماي تۇرۇشنى ئويلىدى. بۇ نەرسىنى ئۇ بازاردىن سېتىۋالمىغان (ئۇ مىس ئاتنى قانچە پۇلغا سېتىۋالغانلىقىنى كارلانىڭ بىلەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى)، كېتىۋېتىپ يولنىڭ بويىدىن تېپىۋالغان ئاپپاق، چىرايلىق بىر تاش ئىدى.

— بۇ تاشنى كارلاغا سوۋغا قىلىمەن، — دېگەنىدى ئۇ شۇ چاغدا ئۆزى بىلەن بىللە كېلىۋاتقان دوستى مېگىغا، — بۇنداق قىلىشنىڭ ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا مۇشۇ زېمىننىڭ بىر تال تېشىنى بولسىمۇ سوۋغا قىلغۇم كېلىپ قېلىۋاتىدۇ.

ئۇ ئۇ يەردە تونۇشۇپ قالغان مېگى، سولۋيا ۋە باشقا دوستلىرىغا كارلا توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىپ، بۇ قىزنىڭ ئۆزىگە بولغان ئەھمىيىتىنىڭ بارغانسېرى مۇھىم ئورۇندا تۇرۇۋاتقانلىقىنى، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنىڭ سۆز بىلەن تەرىپلىگۈسىز دەرىجىدە بارغانسېرى يېقىنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى، بۇ يىل باھاردا ئىنتايىن قورقۇنچلۇق كۆڭۈلەر بېشىغا كەلگەندە ئۇ قىزنىڭ ئۆزىگە روھىي جەھەتتە قانچىلىك دەرىجىدە تەسەللى بەرگەنلىكىنى ھېكايە قىلىپ بەرگەنىدى.

— ئۆيىڭىزدە ياكى قوشنىلىرىڭىزنىڭكىدە ساغلام ۋە ياشلىقى

ئۆرغۈپ تۇرۇۋاتقان ئادەملەرنى كۆرۈپ تۇرسىڭىز، بۇنىڭ سىزگە بېرىدىغان تەسىرى باشقىچە بولىدىكەن، — دېگەنىدى ئۇ دوستلىرىغا يەنە.

مېگى بىلەن سولۇيا ئۇنىڭ بۇ گېپىگە سەممىي كۆڭلى بىلەن كۈلۈپ قويغانىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ كۈلكىنىڭ ئىچىدە ئادەمنى خۇشاللىقتىن مەھرۇم قىلىدىغان باشقىمۇ بىر مەنە بار ئىدى.

— سېنىڭ كۆزۈڭگە دائىم ئاشۇنداق ياش قىزلارلا كۆرۈنەمدۇ؟ — دېدى سولۇيا سېمىز قوللىرىنى ئىككى چەتكە يېيىپ كېرىلىپ تۇرۇپ، ئارقىدىنلا مېگى گەپ قىلدى:

— بىزدىمۇ بىر كۈنلەردە ياش قىزلارغا مەپتۇن بولۇپ قالىدىغان ئىشلارنى بولمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ.

سىلۋىيە بۇرۇندىن تولا دېيىلىپ كېلىۋاتقان بۇ گەپنى — مەپتۇن دېگەننى — ئاڭلاپ قاتتىق خاپا بولدى.

— لېئوندىن بالا تۇغمىغانلىقىم ئۈچۈن شۇنداق بولسام كېرەك، — دېدى ئۇ خاپا بولغىنىنى بىلىندۈرمەي، — بۇمۇ بىر ئەخمىقانە خىيال. لېكىن، بۇ مەندىكى ئانىلىق مېھرىمىنىڭ ئاشۇنداق قىزلارغا چۈشۈپ قېلىۋاتقىنىدىنمۇ بولسا كېرەك.

ئۇنىڭ ئۇ ئىككى دوستى بىرلا ۋاقىتتا سۆزلەپ كەتتى، دېمەكچى بولغانلىرى پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئوخشاش ئەمەس، ئەمما مەنىسى بىر ئىدى. ئۇلار ئەخمىقانە خىيال بولغىنى بىلەن، يەنىلا بىر خىيال، مۇھەببەتكە ياتىدىغان خىيال، دېمەكچى بولاتتى.

لېكىن، بۈگۈن بۇ قىز سىلۋىيەنىڭ خاتىرىسىدىكى كارلاغا پۈتۈنلەي ئوخشىمايتتى، گىرېتسىيەدە ساياھەتتە يۈرگەن چاغلىرىدا كېچە - كۈندۈز خىيالىدىن چىقمايدىغان ئۇ مۇلايىم، ئەقىللىك، غەمسىز، مەردانە قىز بۇ ئەمەس ئىدى.

ئۇ سىلۋىيە بەرگەن سوۋغاتلارغا ئازراق بولسىمۇ قىزىقمىدى، ئۇ سۇنۇپ بېرىۋاتقان قەھۋەنىمۇ سالقىنلا قولىغا ئالدى.

— ئۇ يەردە بىر خىل ھايۋان بار ئىكەن، سەن كۆرسەڭمۇ

ياخشى كۆرۈپ قالىسەن، ــ دېدى سىلۋىيە خۇشال سۆزلەپ، ــ ئۇ يەردىكىلەرمۇ ئۇنى ئۆچكە دەپ ئاتايدىكەن، بېشى ئىنتايىن كىچىك، يېشى چوڭ بولسىمۇ جۇغى كىچىك كېلىدىكەن. بەزىلىرىنىڭ تېرىسى تاغىل، بەزىلىرىنىڭ ئاق ئىكەن. تاشتىن ـ تاشقا سەكرەپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆرسەڭ شەيتانمۇ نېمە بولار دەپ قالىسەن، ــ ئۇ سۆزلەۋېتىپ كۈلمەيدىغان گەپكە كۈلۈپ كەتتى، گەپتىن توختايدىغاندەك ئەمەس ئىدى، ــ ئەگەر ئۇلارنىڭ مۈڭگۈزىگە گۈلچەمبىرەك ئېسىپ قويغان بولسا مەن كۆرۈپ ھەرگىز ھەيران قالمايتتىم. سېنىڭ ئۆچكەڭ قانداقراق تۇرۇۋاتىدۇ؟ ئۇنىڭ ئىسمىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

ــ فلورا، ــ دېدى كارلا جاۋاب بېرىپ.

ــ توغرا، فلورا ئىدى.

ــ ئۇ ھازىر يوق.

ــ يوق؟ ئۇنى سېتىۋەتتىڭمۇ؟

ــ ياق، يوقاپ كەتتى، بەكمۇ ئەپسۇسلىنىمەن. لېكىن، يەنە بىر كۈنلەردە پەيدا بولۇپمۇ قالار، دېگەن ئۈمىددىمۇ يۈرۈۋاتىمەن. شۇنداقمۇ بولارمۇ؟

سىلۋىيەدىن جاۋاب چىقمىدى. ئۇ كارلاغا قاراپ قالغانىدى. ھازىرغىچە ئۇنىڭ چىرايىغا ھازىرقىدەك بۇنداق ئىنچىكە قاراپ كەتمىگەنىدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى ياش، يۈزىدە ئانچە ـ مۇنچە قارا داغلار بار ــ مەيىنەت ئىدى ــ شۇنىڭدىن قارىغاندا ئۇ ئۆچكىسىنىڭ يوقىلىپ كەتكىنىگە قاتتىق ئازابلانغان، تولا يىغلىغانلىقتىن بولسا كېرەك، يۈزى ئازراق ئىششىپمۇ قاپتۇ.

كارلا سىلۋىيەنىڭ ئۆزىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرۇشلىرىدىن كۆزلىرىنى چەتكە ئالمىدى، لەۋلىرىنى چىڭ يۇمىرىپ، كۆزلىرىنى يۇمۇپ، خۇددى ئاۋازسىز يىغلاۋاتقاندەك بېشىنى بوش لىڭشىتىپ ئولتۇرۇۋەردى، بىر چاغدا ھەيران قالغۇدەك ھالدا ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلاپ كەتتى. بىردەم ئۈنلۈك يىغلايتتى، بىردەم ئېسەدەيتتى، چوڭ ـ چوڭ نەپەس ئالاتتى، كۆزلىرىدىن

www.uyghurkitap.com

ياش، بۆرنىدىن سۇ تەك ئېقىپ تۇرۇۋاتاتتى، بىر چاغدا ئىككى يېنىغا قاراپ كۆزلىرى بىلەن بۆرنىنى سۈرتىدىغانغا بىر نەرسە ئىزدىدى، سىلۋىيە ئۇنىڭغا چوڭ ـ چوڭ قەغەز قول ياغلىقلارنى ئۆزۈلدۈرمەي سۇنۇپ بېرىپ تۇردى.

— ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، ئۆزۈڭنى تۇتۇۋال، سەن مېنىڭ يېنىمدا، سەن قورقىدىغان ھېچنېمە يوق، قورقما، — دەپ تۇرۇۋاتاتتى ۋىلسىيە ئىچىدە، بۇ قىزنى باغرىمغا بىردەم بېسىپ تۇرۇۋالسام يىغىسى بېسىلارمۇ، دەپمۇ ئويلاۋاتاتتى. لېكىن، تۇرۇپلا يەنە ئۇنداق قىلغۇسى كەلمەي قالدى، ئۇنداق قىلسام ئىشنى چوڭايتىۋېتىپ قالارمەنمىكىن، دەپ ئويلىدى. كارلا ئۇنى ئۇنداق ئويلايدۇ، دەپ ھەرگىز خىيالىغا كەلتۈرمەيتتى، ئەكسىچە يىغلاپ ئۇنىڭ خاتىرجەملىكىنى بۇزدۇم، دەپ ئويلايتتى.

كارلا توختىماي:

— بەكمۇ قورقۇنچلۇق بولدى، بەكمۇ قورقۇنچلۇق بولدى، — دېگەن ئاشۇ بىر گەپنىلا تەكرارلايتتى.

— ياق، ھەرگىز ئۇنداق ئويلىما. ھەممىمىزنىڭ بەزىدە ئاشۇنداق يىغلايدىغان چاغلىرىمىز بولۇپ قالىدۇ. ئۇنىڭغا ھېچنېمە بولمايدۇ، ئۇنىڭلىق بىلەن ئۆزۈڭنى يوقىتىپ قويما.

— ئۇ بەكمۇ قورقۇنچلۇق بىر ئىش بولدى.

كارلانىڭ كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلاشلىرى، گەپ قىلىشلىرى كۆپەيگەنسېرى سىلۋىيە ئۇنى ئىشخانىسىغا دائىم دەرد ئېيتىپ يىغلاپ كىرىدىغان قىز ئوقۇغۇچىلاردىن قىلچە پەرقى يوقتەك، ئاددىيلا بىر قىزدەك ئويلاپ قالدى. بەزى قىز ئوقۇغۇچىلار ئۆزىنىڭ ئىمتىھان نەتىجىسىنىڭ تۆۋەن بولغانلىقىنى دەپ يىغلاپ كىرەتتى، بۇ ئۇلارنىڭ تاكتىكىسى ئىدى، خالاس. بار بىلەن يوقنىڭ ئارىلىقىدا ئىككى ـ ئۈچ قېتىملا ئېسەدەپ قويۇپ بولدى قىلاتتى، كۆزىنىڭ، بۇرنىنىڭ سۈيىنى تەك ئېقىتىپ تۇرۇپ راست يىغلايدىغانلار كۆپ ئەمەس ئىدى، ئۇنداقلا مۇھەببىتىدىن ئايرىلىپ قالغانلار، ئاتا ـ ئانىسى بىلەن

سوقۇشۇپ قالغان ياكى ئۇقۇشماي قورسىقىدا قىلىپ قالغانلار ئىدى.

— سەن يالغۇز ئاشۇ ئۆچكەنىڭ ئۇچۇنلا يىغلاۋاتمايدىغانسەنغۇ دەيمەن، شۇنداقمۇ؟

— ئۇنداق ئەمەس، ئۇنداق ئەمەس.

— ئەڭ ياخشىسى، سەن ئاۋۋال ئازراق قايناق سۇ ئىچىۋەت.

سىلۋىيە ئاشخانىغا چىقىپ بىر ئىستاكان قايناق سۇ قۇيدى، قايناق سۇنى سوۋۇتقاچ، ئەمدى ئۇنىڭغا نېمە دېيىش، قانداق خىزمەت ئىشلەش ئۈستىدە بىر ئاز ئويلىنىۋالدى. ئۇ قايناق سۇنى ئەكىرگەندە كارلانىڭ يىغىسىمۇ پەسلەپ قالغانىدى.

— بولدى، بولدى، — دېدى سىلۋىيە كارلا سۇنى ئىچىۋاتقان چاغدا، — ئەمدى بىر ئاز يەڭگىللەپ قالدىڭمۇ؟

— شۇنداق، ئازراق يەڭگىللىگەندەك بولدۇم.

— ئۆچكەنىڭ ئۇچۇن يىغلىمىغان بولساڭ، ئەمىسە نېمە ئۇچۇن يىغلىدىڭ؟

— مېنىڭ ئەمدى زادىلا چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، — دېدى كارلا.

ئۇنىڭ نېمىگە شۇنداق چىدىغۇچىلىكى قالمىغاندۇ؟

ئەسلىدە ئۇ ئۆزىنىڭ ئېرىنى دېمەكچىكەن.

ئېرى قاچانلا بولسا ئۇنىڭغا خۇددى ئۇنىڭدىن ئالالمايۋاتقان ئۆچى باردەك خاپا بولۇۋېلا تۇراتتى. قىلغانلا ئىشىدىن قۇسۇر تاپاتتى، نېمىلا دېسە دېگەن گېپىنى خاتاغا چىقىرىپ تۇراتتى، شۇنداق قىلىۋېرىپ ئۇنى ساراڭ قىلىپ قويايلا دېگەنىدى. بەزىدە كارلا ئۆزىنى ساراڭ بولۇپ قالغاندەكمۇ ئويلاپ قالاتتى، ئۇنىمۇ ساراڭ بولدىمىكىن دەيدىغان چاغلىرىمۇ بولاتتى.

— ئۇ سېنى ئۇردىمۇ، كارلا.

ياق، ئۇ كارلانى ئۇرمايتتى، ئۆچلۇك قىلاتتى، كۆزگە ئىلمايتتى، كارلا يىغلىسا تېخىمۇ ئاچچىقى كېلىپ ۋارقىرايتتى. ئۇ ئىنتايىن قوپاللىق قىلىدىغان بولغاچقا، كارلا بەزىدە

www.uyghurkitap.com

يىغىسىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ توختىتالمايتتى.

كارلا شۇ كۈنلەردە قانداق قىلارىنى بىلەلمەي قىلىۋاتاتتى.

— سەن قانداق قىلىشىڭ كېرەكلىكىنى ئويلاپمۇ باقتىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى سىلۋىيە ئۇنىڭدىن.

— ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىشىم كېرەكمۇ؟ ئەگەر قولۇمدىن كېلىدىغان بولسا ئاللىبۇرۇن شۇنداقمۇ قىلاتتىم، — كارلا شۇنداق دەپ يەنە بۇقۇلداپ يىغلاپ كەتتى، — شۇنداق قىلىش مۇمكىنچىلىكى بولسا ھەرقانداق بەدەل تۆلەشتىن يانمايتتىم. لېكىن، ئۇنداق قىلىش قولۇمدىن كەلمەيدۇ. پۇلۇم يوق، بۇ دۇنيادا بارىدىغان ھېچقانداق يېرىممۇ ھەم يوق.

— ھىم، يەنىمۇ ئويلىنىپ باق، راستلا ھېچقانداق چارە يوقمىدۇ؟ — سىلۋىيە ئۇنى چىن دىلى، چىن نىيىتى بىلەن كلاكتىن نېرى كېتىشكە رىغبەتلەندۇرۇۋاتاتتى، — سېنىڭ ئاتا - ئاناڭ بارغۇ؟ ماڭا ئۆزۈڭنىڭ كىنگىستوۋنىدا چوڭ بولغانلىقىڭنى دېگەنىدەك قىلغانىدىڭ، شۇ يەردە پاناھلانغۇدەك يېرىڭ يوقمۇ؟

ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى كېيىنكى چاغلاردا بىرىتانىيەگە كۆچۈپ كەتكەنىدى، ئۇنى بەكمۇ ياخشى كۆرۈپ كەتمەيتتى. ئۇنىڭ ھايات ياكى ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنىمۇ بىلگۈسى يوق ئىدى.

ئۇنىڭ ئاكا - ئانىلىرى، ھەدە - سىڭىللىرىمۇ يوقمىدۇ؟

ئۆزىدىن توققۇز ياش چوڭ بىرلا ئاكىسى بار ئىدى، تويى قىلىپ تورونتودا تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭمۇ كۆيۈمى يوق، كارلانى ياخشى كۆرۈپ كەتمەيتتى، خوتۇنى تېخىمۇ شۇنداق ئىدى.

— ئاياللارنىڭ ھوقۇق - مەنپەئەتىنى قوغداش ئورنىغا بېرىپ باقمىدىڭمۇ؟

— باش - كۆزىڭىز تاياقتىن يېرىلىپ كۆز بىلەن كۆرگۈسىز بولۇپ كەتمىگۈچە ئۇلار قوبۇل قىلمايدىكەن. ئۇ يەردە تۇرۇپ بەدىنىمنى بۇرگە بېسىپ كەتسە سودىمىزغا تەسىر يېتىپ قالىدۇ.

سىلۋىيە ئۇنىڭ بۇ گېپىگە سۈس كۈلۈپ قويدى.

— ئۆزۈڭ مۇشۇنداق ئەھۋالدا تۇرۇپ يەنە سودىنىڭ گېپىنى قىلىسەنغۇ؟

كارلا بۇ گەپكە پىخ قىلىپ كۇلۇۋەتتى.

— مەنمۇ قىزىق - دە، — دېدى ئۇ، — كاللام ئىلىشىپ نېمىلەرنى دەۋاتىمەن.

— گېپىمگە قۇلاق سال، — دېدى سىلۋىيە، — ئەگەر يول خىراجىتىڭگە پۇلۇڭ بولىدىغان بولسا بۇ يەردىن كېتەمسەن؟ كېتىپ نەگە بارىسەن؟ بارىدىغان يېرىڭگە بارغاندىن كېيىن نېمە قىلىسەن؟

— تورونتوغا بارىمەن، — كارلا كۆڭلىدە سان بىلەن ئويلانمايلا دېدى، — ئەمما ئاكامنىڭ يېنىغا بارمايمەن. ئاپتوموبىل مېھمانخانىسىدا ياكى شۇنىڭغا ئوخشايدىغان بىر يەردە تۇرىمەن، بەيگە ئاتلىرىنى يېتىشتۈرىدىغان مەكتەپكە بېرىپ شۇ يەردە ئىشلەيمەن.

— سەن ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلالايمەن دەپ ئويلامسەن؟

— كلاك بىلەن تونۇشۇشتىن ئىلگىرى مەن شۇنداق يەردە ئىشلىگەن، هازىر بۇ ئىشقا ئۇ چاغدىكىدىنمۇ بەك تەجرىبىلىك بولۇپ كەتتىم.

— بۇ گېپىڭدىن قارىغاندا، خېلى بۇرۇنلا شۇنداق قارارغا كېلىپ بوپتىكەنسەن - دە، — دېدى سىلۋىيە سەل ئويلىنىپ قېلىپ.

— راست دەيسىز، مەن شۇنداق قارارغا كېلىپ بولغان.

— ئەگەر راستلا شۇنداق ئويلىغان بولساڭ، ئەمىسە قاچان ماڭاي دەيسەن؟

— هازىر، بۈگۈنلا، مۇشۇ مىنۇتنىڭ ئىچىدە.

— سەن پەقەت پۇلۇڭنىڭ يوقلۇقىدىنلا كەتمىگەنمۇ؟

كارلا چوڭقۇر بىر تىنىپ قويۇپ:

— راست دەيسىز، شۇ سەۋەبتىن كېتەلمىگەن، — دېدى.

— ئۇنداق بولسا گېپىمگە قۇلاق سال، — دېدى سىلۋىيە، —

www.uyghurkitap.com

بۇ يەردىن كەتسەڭ ھەرگىز ئاپتوموبىل مېھمانخانىسىدا ياتما، ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ئۇدۇل تورونتوغا ماڭ. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، مېنىڭ بىر دوستۇم بار، شۇنىڭكىدە تۇر. ئۇنىڭ ئىسمى رۇت ستىلېس. ئۇنىڭ ئۆيلىرى كەڭرى، ئۆزى يالغۇز تۇرىدۇ. بىرەر ئادەمنىڭ بىر مەزگىل تۇرغىنىغا ئانچە قىپكەتمەيدۇ. سەن بېرىپ ئاۋۋال شۇنىڭكىدە تۇرۇپ تۇرغىن، بىرەر يەردىن خىزمەت تاپقاندىن كېيىن كۆچۈپ كەتسەڭمۇ بولىدۇ. يول كىرايىڭنى مەن بېرەي. تورونتودا ئات مىنىشنى ئۆگىتىدىغان جايلار ئاز ئەمەستۇ بەلكىم.

— چوقۇم شۇنداق.

— سېنىڭچە، شۇنداق بولسا قانداق؟ ئاپتوبۇس بېكىتىگە قاچاننىڭ ئاپتوبۇسى بارلىقىنى سوراپ تېلېفون بېرىپ باقايمۇ؟

كارلا دەررۇلا ماقۇل بولدى، پۈتۈن بەدىنى تىترەپ كېتىۋاتاتتى، ئىككى قولىنى تىنماي ئىككى يانپىشىغا سۈركەپ تۇراتتى، بېشىمۇ ئىككى يانغا توختىماي چايقىلىپ تۇرۇۋاتاتتى.

— مەن بۇ ئىشلارنىڭ راست بولۇۋاتقىنىغا ئىشەنمەي قېلىۋاتىمەن، — دېدى ئۇ، — پۇلىڭىزنى چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىمەن. سىزگە نېمە دەپ رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلەلمەي كېتىۋاتىمەن، پۇلىڭىزنى چوقۇم قايتۇرۇپ بېرىمەن.

سىلۋىيە تۇرۇپكىنى قولىغا ئېلىپ ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بېكىتىگە تېلېفون بەردى.

— شۇ، جىم تۇرۇپ تۇرغىن، ئۇلار ماڭا ئاپتوبۇسنىڭ ماڭىدىغان ۋاقتىنى دەپ بېرىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ. بىر چاغدا ئاڭلاپ بولغان بولسا كېرەك، تۇرۇپكىنى قويۇپ قويدى، — مەن سېنىڭ بۇ يەردىن كەتمەكچى بولغىنىڭغا ئەمدى ئىشەندىم. تورونتوغا بارغاندا رۇتنىڭكىدە تۇرامسەن؟ شۇ يەردە تۇرۇشنى خالىساڭ مەن ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىۋېتىمەن. يەنە بىر ئىش، — سىلۋىيە ئۇنىڭ ئۆچىسىدىكى قىسقا ئىشتان بىلەن ياقىسىز مايكىسىغا قاراپ قويدى، — بۇ كىيىملىرىڭ بىلەن يولغا

چىقساڭ بولمايدۇ.

— شۇ تۇرقىدا ئۆيگە بېرىپ كىيىملىرىمنى ئالالمايدىغان تۇرسام، — كارلا تەمتىرەپ قالدى، — مۇشۇ كىيىملىرىم بىلەن كېتىۋەرسەم ھېچنېمە بولمايدۇ.

— ئاپتوبۇستا ھاۋا تەڭشىگۈچ بار، مۇزلاپ كېتىسەن. مېنىڭ كىيىملىرىمنىڭ ئىچىدە ساڭا كەلگۈدەك كىيىملەر بولۇشى مۇمكىن، ئىككىمىزنىڭ بويى ئاساسەن تەڭ.

— سىز مەندىن ئورۇقراق.

— بۇرۇن سېمىز ۋاقىتلىرىممۇ بولغان.

ئۇلار بىرمۇنچە كىيىملەرنىڭ ئىچىدىن قوڭۇر رەڭ قىسقا بىر چاپاننى تېپىپ چىقتى — سىلۋىيە ئۆز ۋاقتىدا بۇ چاپاننى سېتىۋالغاندىن كېيىن پاسونى ئۆزىگە لايىق كەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ قېلىپ، بىر قېتىممۇ كىيىپ باقمىغانىدى — چاي رەڭ يەنە بىر ئىشتان بىلەن سۇت رەڭ كوپتىمۇ چىقىپ قالدى. بىراق، كارلانىڭ پۇتىدىكى لاتا ئاياغ بىلەن ئۈستىدىكى كىيىملەر ماسلاشماي قالدى، سىلۋىيەنىڭ پۇتى ئۇنىڭكىدىن ئىككى نومۇر كىچىك بولغاچقا، ئاياغلىرى ئۇنىڭغا توغرا كەلمىدى. ئاخىر ئامال يوق ئۆزىنىڭ ئايىغى بىلەن كېتىۋېرىدىغان بولدى.

كارلا مۇنچىغا كىرىپ يۇيۇنۇۋالدى — ئەتىگەن خىيالى بىر يەردە ئەمەس بولغاچقا، بۇ ئىشنى قىلالمىغانىدى — سىلۋىيە شۇ پۇرسەتتە رۇتقا تېلېفون بېرىۋەتتى. رۇت بۈگۈن ئاخشام بىر يەردىكى يىغىنغا قاتناشماقچىكەن، شۇنداقتىمۇ ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى قوشنىسىنىڭ ئۆيىگە قويۇپ قويماقچى بولدى، كارلا بېرىپ شۇ ئۆينىڭ قوڭغۇرىقىنى باسسىلا بولاتتى.

— ئۇ تاكسى كىرا قىلىپ بېكەتكە مېنى ئالغىلى كېلەلەرمۇ؟ مېنىڭچە، بۇنى قىلالايدۇ، دەپ ئويلايمەن.

سىلۋىيە كۈلۈپ كەتتى.

— بۇنىڭدىن خاتىرجەم بولساڭ بولىدۇ، — دېدى ئۇ.

— ئەمىسە خاتىرجەم بولسام بولغۇدەك.

— ئۇ ئۇنداق ياردەمنى يېرىم يولدا توختىتىپ قويىدىغانلاردىن ئەمەس، — دېدى سىلۋىيە ئۇنى تېخىمۇ خاتىرجەم قىلىش ئۈچۈن، ئاندىن خىيالىدا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ سۆپەتلىك تىكىلگەن ئىشتىنى بىلەن قىسقا چاپىنىنى كىيدۈرۈپ بېقىۋىدى، ناھايىتى تېزلا غەم ـ غۇسسە ئىچىدىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ خۇشال بولۇشقا باشلىغان كارلا بىردەمدىلا باشقىچە بىر ئايالغا ئايلىنىپ ئاجايىپ چىرايلىق بولۇپ كەتتى.

ئاپتوبۇسنىڭ بۇ يەرگە كېلىدىغان ۋاقتى سائەت ئون ئىككى ئىدى. سىلۋىيە ئاددىيلا تاماق تەييارلىدى. توخۇم پىشۇردى. ئاندىن ئۈستەلگە قېنىق كۆك داستىخان سالدى، ئېسىل رومكىلىرىنى تىزىپ بىر بوتۇلكا ۋىنونىڭ ئاغزىنى ئاچتى.

— بەلكىم قورسىقىڭمۇ ئاچقاندۇ، شۇڭا ئازراق بىرنەرسە يەۋالغىن، — دېدى ئۇ مۇنچىدا يۇيۇنۇۋاتقان كارلاغا ئاڭلىتىپ تۇرۇپ، كارلا ئۈستىگە سىلۋىيە بەرگەن كۆيتىنى كىيىپ، چاچلىرىنى تاراپ، يۈزىگە ئازراق گىرىم قىلىپ مۇنچىدىن چىقىۋىدى، چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرغان بۆلەكچىلا چىرايلىق ئاپپاق بىر قىزغا ئايلىنىپ قالدى، يۈزىدىكى سەپكۈنلەر يۇيۇنۇپ چىققاندىن كېيىن تېخىمۇ قىزىرىپ كەتكەندى، ھۆل چاچلىرى تېخىمۇ قارىداپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى، تېخى بوغۇۋالمىغاچقا، مۈرىسىدە چېچىلىپ تۇراتتى، ئۇ قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنى دەپ، تەخسىدىكى توغرالغان توخۇمدىن بىر پارچىنى ۋىلكىغا سانجىپ ئەمدىلا ئاغزىغا سالاي دەپ تۇرۇشىغا قولى تىترەپ كېتىپ پەقەتلا سالالمىدى.

— مەن نېمە بولدۇم؟ نېمىشقا قولۇم تىترەيدۇ؟ — دېدى ئۇ، — بەك ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتقان ئوخشىمامدىمەن. مەن ئادەم بىر ئىشقا بەل باغلىسا ئۇنى ئىشقا ئاشۇرماقنىڭ بۇنچىلىك ئاسانغا توختايدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن.

— بۇ ئىشمۇ تۇيۇقسىز بولدى، — دېدى سىلۋىيە، — شۇنداق بولغىنى ئۈچۈنمۇ ئادەمگە راست شۇنداق بولۇۋاتقاندەك



www.uyghurkitap.com

بىلىنمەيدىكەن.

— بۇ راست بولۇۋاتقان ئىش، شۇ تۇرقىدىكى ھەممە ئىشلار ھەقىقىي كۆرۈلۈۋاتقان ئىشلار. نېمە قىلىشىم كېرەكلىكىنى بىلەلمەي يۈرۈۋاتقان چاغلىرىمدا ھەممىلا ئىش يورۇق ئەمەس، غۇۋالا كۆرۈنەتتى، ھازىر ئۇنداق ئەمەس.

— سەن مەلۇم بىر ئىشنى قىلىمىشقا بەل باغلىغان، باغلىغاندىمۇ ھەقىقىي بەل باغلىغان بولساڭ، سەن دېگەندەك ئەھۋال يۈز بېرىدۇ ھەم يۈز بېرىشى كېرەك.

— ئۇنىڭغىمۇ يەنە ياردەم قولىنى سوزىدىغان بىر دوستىڭىز بولۇشى كېرەك، — دېدى كارلا كۈلۈپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسى ئىچ ـ ئىچىدىن چىقىۋاتقان كۈلكە ئىدى. بۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا ئۇ يەنە بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپ كەتتى، — بولغاندىمۇ سىزگە ئوخشاش ئاددەمگە ھەقىقىي كۆيۈنىدىغان دوستى بولۇش كېرەك، ئۇ قولىدىكى ۋىلكا بىلەن پىچاقنى ئۈستەلگە قويۇپ قويۇپ رومكىنى ئىككى قوللاپ ئېگىز كۆتۈردى، — مەن بۇ رومكىنى ھەقىقىي دوستۇم بولغان سىز ئۈچۈن ئىچىمەن، — دېدى ئۇ. ئۇنىڭ بۇ گېپى سەل ياسالمىدەك چىقىپ قالدى، — بەلكىم رومكىغا ئاغزىمنى تەگكۈزۈشۈممۇ توغرا ئەمەستۇ، شۇنداقتىمۇ بۇ رومكىدىكى ھاراقنى تولۇق ئىچىۋېتىمەن.

— مەنمۇ ئىچىۋېتىمەن، — دېدى سىلۋىيە ئۆزىنى خۇشال بولۇۋاتقاندەك تۇتۇپ، ئۇ رومكىسىدىكى ھاراقنى ئىچىۋەتتى. ئەمما، ئارقىدىن قىلغان بىر ئېغىز گېپى كەيپىياتىنى سەل ئېغىرلاشتۇرۇپ قويدى.

— ئېرىڭىزگە تېلېفون بېرىپ قويامسىز، قانداق؟ — دېگەنىدى ئۇ، — ياكى باشقىچە بىر يول بىلەن ئۇقتۇرۇپ قويامسىز؟ قانداقلا بولمىسۇن، ئۇنىڭغا دەپ قويۇشىڭىز كېرەك. ھېچبولمىغاندا سىزنىڭ نەدە ئىكەنلىكىڭىزنى، نەگە كەتكەنلىكىڭىزنى بولسىمۇ بىلىپ قالسۇن.

— ئۇنىڭغا تېلېفون بەرسەم بولمايدۇ، — دېدى كارلا هودۇقۇپ، — مەن ئۇنداق قىلالمايمەن، سىز بېرىپ قويسىڭىز...

— ياق، مەن بەرمەيمەن، — دېدى سىلۋىيە دەررۇلا، — مەن تېلېفون بەرسەم بولمايدۇ.

— راست بولمايدۇ، ئۇنداق قىلىش ئەخمەقلىق، هازىر كاللام ئېلىشىپ كەتتى. قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي قېلىۋاتىمەن. ئىككىلىك خەت يېزىپ خەت ساندۇقىغا سېلىۋەتسەم بولارمۇ؟ لېكىن، يەنە ئۇنىڭ خەتنى تېزلا كۆرۈپ قېلىشىدىنىمۇ ئەنسىرەيمەن. مەن ئولتۇرغان ئاپتوبۇسنىڭ بىزنىڭ ئىشىكنىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ قېلىشىنىمۇ خالىمايمەن، ئارقىدىكى يول بىلەن ماڭسا دەيمەن. شۇڭا، خەتنى مەن سىزگە بەرسەم، سىز مېنى ئۇزىتىۋېتىپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خەت ساندۇقىغا سېلىۋەتسىڭىز قانداق بولار؟

سىلۋىيە باشقا چارە تاپالماي ئۇنىڭ بۇ تەكلىپىگە قوشۇلۇشقا مەجبۇر بولدى.

سىلۋىيە قەغەز ـ قەلەم تېپىپ بەردى، ئارقىدىن ئۇنىڭ رومكىسىغا ئازراق هاراق قۇيۇپ قويدى. كارلا ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ ئازراق ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن: «مەن كەتتىم، ئەنسىرىمەڭ، ماڭا هېچ ئىش بولىدۇ.①» دېگەن بىرنەچچە خەتنى يازدى. سىلۋىيە كارلانى يولغا سېلىۋېتىپ قايتقاندا ئۇ بەرگەن قاتلاقلىق قەغەزنى ئېچىپ شۇ گەپلەرنى ئوقۇدى. ئۇ كارلانىڭ «بولىدۇ» بىلەن «بولمايدۇ» دېگەن گەپنىڭ پەرقىنى بىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى. كلاكقا ئىككىلىك خەت يېزىپ قوياي دەۋېتىپ، ئالدىراشچىلىقتا هودۇقۇپ كېتىپ خاتا يېزىپ قويغانلىقى ئېنىق ئىدى. هودۇقۇشى سىلۋىيە پەرەز قىلغاندىنمۇ بەكرەك ئىكەنلىكى مۇشۇ خەتتىنمۇ چىقىپ تۇرۇۋاتاتتى. هاراقنى ئىچكەندىن كېيىن گېپى كۆپىيىپ كەتكەن بىلەن، ئۇ گەپلىرىنىڭ ئىچىدە ئېرىدىن

---

① كارلا «right» (هېچ ئىش بولمايدۇ) دېگەن گەپنى «all write» (بولىدۇ) دەپ خاتا يېزىپ قويغانىدى.

كۆڭلى قالغان ياكى رەنجىگەن بىرمۇ گەپ يوق ئىدى. ئۇ بۇرۇن ئات كۆندۈرىدىغان بىر جايدا كلاك بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىنى دېدى، ئۇ چاغدا ئون سەككىز ياشتا، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى يېڭىلا پۈتكۈزگەنىكەن. ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭغا ئالىي مەكتەپتە مال دوختۇرلۇق كەسپىدە ئوقۇشنى تەۋسىيە قىپتۇ. داۋاملىق ئوقۇشقا قارشى تۇرماپتۇ. ئەمما، ئۇنىڭ ھەقىقىي ئويلايدىغىنى ھەم تۇغۇلۇپ ھازىرغىچە خىيال قىلىدىغان بىردىنبىر ئارزۇسى يېزىدا تۇرۇش، چارۋا ماللار بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتۈش ئىكەن. ئوتتۇرا مەكتەپتە تازا ياخشى ئوقۇپمۇ كەتمىگەن، نەتىجىدە قىز ساۋاقداشلىرىنىڭ بىردەك زاڭلىق قىلىدىغان نىشانىغا ئايلىنىپ قالغان، ئەمما ئۇلارغا پىسەنت قىلماي كەلگەنىكەن.

كلاك ئات كۆندۈرۈش مەكتىپىنىڭ ئەڭ مۇنەۋۋەر ئوقۇغۇچىسى بولۇپ، كەينىگە كىرگەن ئاياللار نۇرغۇن ئىدى، بەزىلىرى مەخسۇس شۇنى دەپ ئات مىنىشنى ئۆگىنىشكە كېلەتتى. كارلا ئۇنى تونۇش ئاياللىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن زاڭلىق قىلاتتى. ئۇ دەسلەپتە ئۇنىڭ مەسخىرىلىرىنى كۆتۈردى، كېيىن بۇنداق مەسخىرىلەر كۆپىيىۋەرگەچكە تېرىكىپمۇ قالدى. كارلا ئۇنىڭ ئاچچىقى كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدى ۋە بۇ قىلىقىنى يېپىپ ئۇنىڭدا ياخشى تەسىر قالدۇرۇش مەقسىتىدە ئۆزىنىڭ غايىسىنى — توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۆزىنىڭ قانداق ئىشلارنى قىلماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى — يەنى ئات مىنىشنى ئۆگىتىدىغان مەكتەپ ئاچماقچى، ئاتلارغا ئېغىل سالدۇرماقچى، يېزىدىن بىر پارچە يەر سېتىۋالماقچى بولغانلىرىنى سۆزلەپ كەتتى. بىر كۈنى ئات ئېغىلىغا كىرىپ كلاكنىڭ ئاتنىڭ ئۈستىدىن ئېگەرنى ئېلىپ تامدىكى قوزۇققا ئېسىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ، نېمىشقىدۇر بىردىنلا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدى.

ئەمدىلىكتە ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى جىنسىيەتتىكى ئىش دەپ چۈشەندۈرەتتى. بۇ بەلكىم ئۇ دېگەندەك يالغۇز جىنسىيەتتىكىلا ئىش ئەمەستۇ.

كۆز پەسلىگە ئاز قالغاندا ئۇ ئىشلەۋاتقان يېرىدىن ئىستېپا بېرىپ گۋېلف[1] تىكى بىر ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا بارسا بولاتتى، لېكىن بىر يىلغىچە ئوقۇمايمەن دېگەچكە ئۇ مەكتەپكە بارغىلى ئۇنىمىدى.

كلاك ناھايىتى ئەقىللىك يىگىت ئىدى، لېكىن تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا ئىشلەپ پۇل تېپىشقا ئالدىراپ كېتىپ مەكتەپتىن چىقىۋالغانىدى. ئائىلىنى ئادەمنىڭ قېنىنى بۇلغايدىغان زەھەردەك ئورۇن، دەپ بىلىدىغان بولغاچقا، ئائىلىسى بىلەن پەقەتلا باردى ـ كەلدى قىلمىدى. كېيىن بىر روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا مۇھاپىزەتچى ئىشچى، ئۇنىڭدىن كېيىن ئالبېرتا شەھىرىدىكى لېسبىرىچى ناملىق رادىيو ئىستانسىسىدا ئاممىباب ناخشا پلاستىنكىلىرىنى ساقلايدىغان خادىم، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە رېتېن پورتىدا تاشيول ئىشچىسى بولۇپ ئىشلىدى، بۇ جەريانلاردا ساتىراشلىقنىمۇ ئۆگەندى، ھەربىي لاۋازىمەتلەر ماگىزىنىدا پىرىكازچىكمۇ بولدى. بۇلار ئۇنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئىچىدىكى كارلاغا دەپ بېرىشنى خالىغان ئىشلىرىنىڭ بىر قىسمىلا ئىدى.

كارلا ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭغا «سەرگەردان سىگان» دەپ لەقەم قويۇپ قويۇپ، ئاپىسى دائىم ئاغزىدىن چۈشۈرمەي ئېيتىدىغان بىر ناخشىنى ئېيتىپ بەرگەن، شۇنىڭدىن كېيىن، ئۆيدىن چىقسا، ئۆيگە كىرسە شۇ ناخشىنى تىنماي ئېيتىدىغان بولۇۋالغانىدى، ئاپىسى ئۇنىڭ شۇ ئىشىغا قاراپ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ئىش بولغانلىقىنى سەزگەنىدى. ئۇ ناخشىنىڭ تېكىستى مۇنداق ئىدى.

تۇنۇگۈن ياتاتتى ئۇ ماмۇق تۆشەكتە،
ئۈستىدە تاۋار يوتقان ئىسسىق ھەم راھەتتە،

[1] گۋېلف — كانادانىڭ ئونتارىئو ئۆلكىسىدىكى بىر شەھەر. ئۇ شەھەردە 1862 ـ يىلى قۇرۇلغان مال دوختۇرلۇق ئىنستىتۇتى بار.



www.uyghurkitap.com

بۇگۈن ئاخشام يېتىپتۇ مۇزلاپ چوكىدەك قېتىپ،
يېنىدا سىگان دوستى، ياتقاندەك لەھەتتە.

كارلانىڭ ئاپىسى قىزىغا: «ئۇنداق قىلما، بولمىسا ئۇ سېنى رەنجىتىپ قويىدۇ. سەن مۇزلاپ چوكىدەك قېتىپ قالغۇدەك ئىش بولمىدىغۇ تېخى» دېدى. ئۇنىڭ ئۆگەي دادىسى ئىنژېنېر ئىدى، كلاكنى كارلانىڭ بۇنداق قىلىقلىرىغا چىداپ يۈرۈۋەرمەيدۇ، دەپ ئويلايتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇنى: «ئۇ ئىشلىرىدا كۆپ يېڭىلگەن تېنەپ - تەمتىرەپ يۈرىدىغان بىر ئادەم» دەپ، خۇددى كلاك ئۇنىڭ چاپىنىغا چىقىۋالغان بىر بۈرگىدەك، بىرلا چېكىپ قويسا ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەك گەپ قىلىۋىدى، كارلا دەررۇ ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ: «شۇنچە كۆپ پۇل توپلاپ بىر - بىرىنى سېتىۋالالايدىغان سەرگەردان دۇنيادا بولۇپ باققانمۇ؟ سىزگە دەپ قوياي، بۇ پۇلنى ئۇ ئاللىبۇرۇن جەملەپ بولغان، سىز بۇنى بىلەمسىز؟» دەپ جاۋاب بەردى. ئۆگەي دادىسى ئاڭلاپ: «مەن سەن بىلەن تەڭ تۇرالمىغۇدەكمەن» دەپ بولدى قىلدى. ئۇ ئۇنىڭ ئۆز قىزى ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئاشۇ گەپتىنلا مەسىلىنىڭ تۈگۈنىنىڭ نەدىلىكىنى بىلىۋالغىلى بولاتتى.

شۇ ئىشتىن كېيىن، كارلا ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ كلاك بىلەن بىللە تۇرۇشنى ئويلاپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسىمۇ ئۆز ۋاقتىدا شۇنداق قىلغان، شۇ ئىشلىرى بىلەن كارلاغا شۇنداق قىلسا بولىدىغانلىقىنى ئۆگىتىپ قويغانىدى.

— سەن ئۇ يەرگە ئورۇنلىشىپ بولغاندىن كېيىن ئاتا - ئاناڭ بىلەن ئالاقىلىشەلەمسەن؟ — دەپ سورىدى سىلۋىيە ئۇنىڭدىن، — تورونتوغا بارغاندىن كېيىن دەۋاتىمەن.

كارلا ئاڭلاپ قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ قويدى، چىرايىمۇ تۇرۇلگەن، ئاغزىمۇ ئۈچلىنىپ كەتكەنىدى.

— ھىم، ياق، — دېدى ئۇ.

ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن كۆپرەك ئىچىپ قويغانلىقى مەلۇم ئىدى.

www.uyghurkitap.com

سىلۋىيە كارلانىڭ خېتىنى خەت ساندۇقىغا سېلىۋەتكەندىن كېيىن ئۆيىگە قايتىپ كېلىپ ئۈستەل ئۈستىدە ھازىرغىچە يېيىلىپ ياتقان چىنە ـ تەخسىلەرنى يىغىشتۇردى، سالفېتكىلار بىلەن داستىخاننى كىر سېۋىتىگە تاشلاپ قويدى، ئاندىن دېرىزىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئېچىۋەتتى. بۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقاندا ئەپسۇسلۇق ۋە ئىچ ـ ئىچىدىن تىتىلداش قوشۇلۇپ ئۇنى مۆرەككەپ بىر ھېسسىيات ئىچىگە بەند قىلىپ قويۇۋاتاتتى. بايام ئۇ ئۇ قىزنىڭ يۇيۇنۇۋېلىشى ئۈچۈن ئالما پۇراقلىق ئەتىر سوپۇندىن بىرنى بەرگەن، شۇ سوپۇننىڭ پۇرىقى شۇ تۇرقىدا ئۆينى بىر ئالغانىدى. ئۆينىڭ ھەممە يېرى خۇددى ماشىنىسىنىڭ ئىچىگە ئوخشاش شۇ پۇراق بىلەن توشقانىدى.

يامغۇر ئاستا ـ ئاستا توختاۋاتاتتى. سىلۋىيە بىر يەردە ئولتۇرالماي، ئىشىكنى ئېچىپ تالاغا چىقىپ لېئون ياسىغان چىغىر يولنى بويلاپ ئاستا ماڭدى. لېئون ئويمان يەرلەرنى تىندۇرۇپ قويغان ئۇششاق تاشلارنى يامغۇر سۈيى ئېقىتىپ كەتكەنىدى. بۇرۇنلاردا ئىككىسى بۇ يولدا تولا ماڭاتتى، گۈللەرنى تېرىيتتى، لېئونغا ھەربىر ياۋا گۈلنىڭ ئىسمىنى ئېيتىپ بېرەتتى. ئۇ گۈللەرنىڭ ئىچىدە پەقەت بىرلا گۈلنىڭ، يەنى چۈغلۈق دېگەن گۈلنىڭ نامىلا ئېسىدە قالغان، باشقا گۈللەرنىڭ بىرسىمۇ ئېسىدە قالمىغانىدى. لېئون سىلۋىيە ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن ئاتىماي دوروتى ۋوردسۋورس[1] دەپ ئاتايتتى.

بۇلتۇر باھاردا ئۇلار بۇ يەرگە بىر قېتىم كەلگەندە سىلۋىيە ئۇنىڭغا بىر دەستە كاككۇككۈلى ئۈزۈپ بەرگەن، لېئون ئۇ گۈللەرگە قىزىقمىغاندەك مۇنداقلا بىر قاراپ قويغانىدى. ئۇنىڭ

---

[1] دوروتى ۋوردسۋورس ــ ئەنگلىيەلىك رومانتىك شائىر ۋىليام ۋوردسۋورسنىڭ (1771 ــ 1855) سىڭلىسى. كۈندىلىك خاتىرىلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن داڭلىق، كۆپ شېئىرلارنى يازغان، ئەمما ھايات ۋاقتىدا ئۇ شېئىرلىرىنىڭ بىرسىمۇ نەشر قىلىنمىغان.

بۇ قارىشى ئادەتتە ئۆزىگە قارىغاندەك بىر خىل بىپەرۋا قاراش بىلەن ھېچقانداق پەرقى يوق ئىدى.

ئۇ كارلادىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇردى، كارلا ئاپتوبۇسقا چىقىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىنمۇ كۆزىنى ئۇنىڭدىن ئالمىدى. كارلانىڭ ئۇنىڭغا بولغان رەھمىتى چىن دىلىدىن ئېيتىلغان رەھمەت ئىدى، ئەمما ئازراق ئىختىيارىيراقتەكمۇ، قولىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىشلىرىمۇ ھېچنېمىنى ئويلىماي قىلىنۋاتقان ھەرىكەتتەكمۇ كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى.

ئۇ ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە سائەت ئالتىلەر بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا تورونتودىكى رۇتقا كارلانىڭ ئېخى يېتىپ بارمىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ تېلېفون بەردى. تۇرۇپكىدىن رۇتنىڭ ئۇنئالغۇغا ئېلىنغان ئاۋازى كەلدى.

— رۇت، — دېدى سىلۋىيە، — مەن سىلۋىيە. ساڭا سېنىڭ يېنىڭغا كېتىۋاتقان قىزنىڭ ئىشى توغرۇلۇق گەپ قىلىپ بەرمەكچىدىم. مەن ئۇ قىزنىڭ ساڭا ئارتۇقچە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمەسلىكىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىلاھىم، ھەممە ئىشلىرىڭ جايىدا بولغاي. ئۇ قىزنى ساڭا ئۆزىنىڭ گېپىنى راست قىلىدىغانىراق قىزدەك تەسىر بېرىپ قالمايدۇ، دەپمۇ ئېيتالمايمەن. ياشلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شۇنداقراق كېلىدۇ. بىرەر ئىش بولسا ماڭا خەۋەر قىلىۋەت، بولامدۇ؟

ئۇ يېتىپ ئۇخلاشتىن ئىلگىرى يەنە بىر قېتىم تېلېفون بەرگەنىدى، بۇ قېتىممۇ تۇرۇپكىدىن ئۇنئالغۇغا ئېلىنۋالغان ئاۋاز كەلدى. ئامالسىز يەنە: «يەنە مەن، سىلۋىيە، سېنى ئۆيۈڭدە بارمۇ ـ يوق، بىلەي دەپ تېلېفون بېرىپ باقتىم» دېدى ۋە گېپىنى تۈگىتىپ تۇرۇپكىنى جايىغا قويۇپ قويدى. بۇ چاغدا سائەت توققۇز بىلەن ئوننىڭ ئارىلىقىدا بولۇپ، تولۇق قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتمىگەنىدى. دېمەك، رۇت ئېخچە قايتىپ كەلمەپتۇ. ئۇ قىزغا باشقىلارنىڭ تېلېفونىدا سۆزلىشىش بىئەپ، قانداقمۇ قىلار، دېگەنلەرنى ئويلاپ كەتتى سىلۋىيە. يەنە تۇرۇپلا، رۇتنىڭ

ئۇستىدىكى ئۆيدە ئولتۇرىدىغانلارنىڭ ئىسمى نېمە بولغىيدى؟ ئۇلارمۇ ھەرقاچان بۇ چاغقىچە ئورنىغا كىرىشىپ بولدى. ئۇلارنىڭ ئىسىملىرى يادىغا كەلمىدى، بۇمۇ بولدى، بۇنداق كېچىدە ئۇلارغا تېلېفون بەرسە ئۇلارنى چۆچۈتۈۋەتمەمدۇ؟ ئۇ موماينىڭ ئاچچىقى يامان، يوق يەردىن گەپ تاپمىسۇن يەنە.

سىلۋىيە كارىۋىتىغا چىقىپ ياتتى، لېكىن زادىلا ئۇيقۇسى كەلمىدى، ئاخىر بولماي نېپىز يوتقىنىنى كۆتۈرۈپ يەنە بىر ئۆيگە كىرىپ سافادا يېتىپ باقتى. لېئون ئۆلۈشتىن ئىلگىرى ئۈچ ئايغىچە ئۇ مۇشۇ سافادا يېتىپ قوپقانىدى. ئۇ بۇ يەرگە چىقىپ ياتسىمۇ بەرىبىر ئۇخلىيالمايدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى. قاتار دېرىزىلەرنىڭ بىرسىدىمۇ پەردە يوق ئىدى، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنىڭ چاقناشلىرىغا قاراپ، ئاينىڭ چىققانلىقىنى كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئاي چىقىپ بولدى، دەپ ئويلاپ يېتىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ تېخىمۇ ئېچكىرىلەپ ئويلىغىنى ئۆزىنىڭ قەيەرنىڭ ئاپتوبۇسىغا ئولتۇرۇپ — گىرېتسىيەدىمۇ — ئۆزى تونۇمايدىغان نۇرغۇن ئادەملەر بىلەن بىللە سەپەرگە چىققانلىقى بولدى. بىر چاغدا ئاپتوبۇسنىڭ ئىشىكى قاتتىق ئۇرۇلغاندەك بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولۇپ چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. كۆزىنى ئېچىپ قۇلاق سېلىپ، ئۆز ئۆيىنىڭ ئالدى ئىشىكىدىن كېلىۋاتقان ئاۋاز ئىكەنلىكىنى بىلدى.

* * *

كارلا ئاپتوبۇس بازارنىڭ ئىچىدىن چىقىپ كەتكۈچە بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇردى، ئۇنداق قىلمىسىمۇ ئاپتوبۇسنىڭ ئەينىكى رەڭلىك بولۇپ، سىرتتىكى ئادەم ئىچىدىكىلەرنى كۆرەلمەيتتى. شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ ئىختىيارسىز سىرتقا قاراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ شۇنداق قىلغانىدى. كىم بىلىدۇ، كالاك مۇشۇ چاغدا

پەيدا بولۇپ قالامدۇ تېخى. كىلاك بىر دۇكاندىن چىقىپ، يولدىن ئۆتۈش ئۈچۈن ماشىنىلارنىڭ ئۆتۈپ كېتىشىنى ساقلاپ تۇراتتى، كارلانىڭ ئۆزىنى تاشلاپ كېتىۋاتقانلىقىدىن پۈتۈنلەي بىخەۋەر ئىدى، بۇگۈن چۈشتىن كېيىن ئادەتتىكى كۈنلەردەك ئويلاپ خاتىرجەم تۇراتتى. بۇگۈن چۈشتىن كېيىن ئۇلارنىڭ پىلانى — ئۇنىڭ پىلانى — ھەرىكەتكە ئايلىنىدىغان چۈشتىن كېيىن ئىدى، شۇڭا خىيالى كارلادا، ئۇنىڭ قىلماقچى بولغان ئىشى قايسى ھالەتكە يەتكەندۇ، دەپ ئويلاۋاتاتتى.

ئاپتوبۇس شەھەر ئىچىدىن كەڭرى دالاغا چىققاندا، كارلا ئاندىن بېشىنى كۆتۈرۈپ چوڭقۇر بىر تىنىۋېلىپ يىراقلارغا قاراپ ئولتۇردى. ئەينەك رەڭلىك بولغاچقا، پۈتۈن دالا كۆزلىرىگە قوڭۇر رەڭدە كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتاتتى. جامىزون خانىم بولغاچقىلا كارلا چەكسىز بىخەتەر ۋە ساغلام ئەقىل تۇيغۇسى ئىچىدە خاتىرجەم كېتىۋاتاتتى، ئۆيىدىن قېچىپ چىقالىشى ئۆزى تەسەۋۋۇر قىلىپ كېلىۋاتقان ئەڭ مۇۋاپىق ھەم مۇشۇنداق مۇھىت ۋە شارائىت ئىچىدە ياشاپ كېلىۋاتقان ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ غۇرۇرىنى ساقلاپ قېلىشى ئۈچۈن قوللانغان بىردىنبىر ياخشى چارە ئىدى. كارلا ئۆزىنى ئالدىبۇرۇن يوقىتىپ قويغان، كېيىنكى كۈنلەردە ئويلىسىمۇ ئادەتلىنەلمىگەن ئىشەنچىگە قايتىپ كەلگەندەك سېزىشكە باشلىدى. بىر تەرەپتىن بۇ ئىشنى ئۆزىگە كۆلكىلىك بىر ئىشتەكمۇ بىلىنەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىكى بىر ئۆزىلا بىلىپ كېلىۋاتقان دەردلىرىنى جامىزون خانىمغا سۆزلەپ بېرىۋىدى، ئۇنىڭ ھېسداشلىقىغا، ياردىمىگە ئېرىشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئادەم ئويلىسا ئىشەنمىگەندەك ئىشلار يۈز بېرىپ، مانا ھازىر ئاپتوبۇستا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ. بۇ، ئەلۋەتتە، ئۆزىنىڭ تارتقان دەردلىرى بىلەن ئاخىرىدا كەلگەن قارارىنىڭ جامىزون خانىمنىڭ ھېسداشلىقى بىلەن قوللىشىغا ئېرىشكەنلىكىنىڭ مۇنداقچە ئېيتقاندا، جامىزون خانىمنىڭ پىسەنتىگە توغرا كەلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى ئىدى. ئۇ ئەسلىدە،

جامىزون خانىمغا بېشىمدىن ئۆتكەن ئىشلار بىلەن قارارىمنى دېسەم ئۇ مېنى قوللىماسلىقى، مەندىن كۆڭلى قېلىشى مۇمكىن، دەپ ئويلىغانىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئۇ ئىنتايىن سەزگۈر ھەم ئىنچىكە خانىم ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ، دېسەم ماڭا خەۋپ يەتمەس، دەپ ئويلاپ دەردىنى ئۇنىڭغا تۆكۈپ بەردى.

بولدىلا، ئۇ خانىمنىڭ ئۆزىگە قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئويلاۋەرمىسۇنلا.

قۇياش ئاسماندا پارلاپ تۇراتتى، بۇنداق ياخشى ھاۋانىڭ بولۇپ باقمىغىنىغا خېلى كۈنلەر بولغانىدى. جامىزون خانىم بىلەن ئولتۇرۇپ چۈشلۈك تاماق يەۋاتقاندا ئالدىلىرىدىكى ۋىنو رومكىلىرىدىن قايتقان قۇياش نۇرى ئۇ ئىككىسىنىڭ كۆزلىرىنى قاماشتۇرۇپ كۆزلىرىنى ئاچۇرمايتتى. بۈگۈن ئەتىگەندە يامغۇر توختىغان، ئەمما شامال كۈچلۈك ئىدى، يولنىڭ بويلىرىدىكى ئوت - چۆپلەرنى ياتقۇزۇپ، ئۇلارنىڭ پىشقان ئۇرۇقلىرىنى ھەريان ئۇچۇرۇپ نە - نەلەرگە ئەكېتىۋاتاتتى. يازدىكى بۇلۇتلار يامغۇرلۇق بۇلۇتلار ئەمەس، شامال بىلەن تەڭ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولۇپ تۇرىدۇ. تۇتاش دالالارنىڭ قىياپىتى ئۆزگىرىپ كەتكەن، يەنە توختىماي تىنىمسىز ئۆزىنى ئۆزگەرتىپ 7 - ئاينىڭ تىنىق ھاۋاسىغا ماسلىشىپ تۇرۇۋاتقان. ئاھ، قانداق يېقىملىق كۈنلەر بۇ! ئاپتوبۇسنىڭ سۈرئىتى ئىنتايىن تېز بولغاچقا، بۇ كەڭرى دالالارنىڭ يېقىندىن بېرىقى تېخىمۇ كۆپ ئۆزگىرىشلىرىنى ئېنىق پەرق قىلغىلى بولماي كېتىۋاتاتتى. ئېتىزلىقلارنىڭ ئارىلىقلىرىدىكى سۇلىرى داۋالغۇپ تۇرىدىغان كۆللەر، شاخلىرى قۇرۇپ بىچارە بولۇپ قالغان قوناقلىقلار، بۇغداي، قوناقلار دۆۋىلەپ قويۇلغان خامانلار... ھېچنېمىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايۋاتاتتى.

ئۆشتۆمتۇت، كارلانىڭ يولدا كۆرگەن بۇ مەنزىرىلەرنى كالاكقا سۆزلەپ بەرگۈسى كېلىپ قالدى. ئۇلار دەسلەپتە تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلى ھۆل - يېغىن كۆپ،

ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى يوق ئاشۇ يەرلەردە تۇرۇپ قالغاندۇ، ئەگەر باشقا يەرگە يۆتكىلىپ كەتكەن بولسا خېلى بېيىپ قالار بولغىيدى.

ئىشلىرىمدىن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىمغا پۇرسەتمۇ بولارمۇ؟

ئۇ بىردىنلا ئېسىگە كەلگەندەك بولۇپ، كالاكقا بۇ ئىشلارنى دېيىشنىڭ ھاجىتى قالمىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى. ئۇنداق قىلىش مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس، ئەمدى ئۇنىڭ قانداق ياشاۋاتقانلىقىغا، ئاتلارنىڭ قانداق تۇرۇۋاتقانلىقىغا كۆڭۈل بۆلەلمەيدۇ، فلورا قايتىپ كەلگەن بولسىمۇ ئۇنى ئەمدى بىلەلمەيدۇ.

شۇنىڭ بىلەن، ئۇ بۇ ئىشلارنى ئىككىنچى قېتىم كەينىگە تاشلىۋەتتى. بىرىنچى قېتىمقىسى قوڭغۇز مۈزىكا ئەترىتىدىكىلەر ئېيتىدىغان ھېلىقى ناخشىدىكىدەك ئىش ئىدى: ئۇ بىر پارچە قەغەزگە ئىككىلىك خەت يېزىپ ئۈستەل ئۈستىگە قويۇپ قويۇپ، سەھەر سائەت بەشتىلا ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەن، چېركاۋنىڭ ئالدىدىكى ماشىنا توختىتىش مەيدانىدا ئۆزىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان كالاك بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭ ھەممە يېرى جالاقلاپ تۇرىدىغان كونا ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ، مەن چىقىپ كەتتىم ئۇنىڭ ئۆيىدىن، خەير ـ خوش، دېگەن ئاشۇ ناخشىسىنى توۋلاپ ماڭغانىدى. ئۇ شۇ چاغدا قۇياشنىڭ ئىككىسىنىڭ كەينى تەرەپتە قانداق پارلىنىپ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى، كالاكنىڭ رولدىكى ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدىغان يوغان كۈچلۈك قوللىرىغا قانداق قاراپ كەتكەنلىكىنى ماشىنىنىڭ ئىچىدىكى بېنزىن، تۆمۈر، ماشىنا سايمانلىرى دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ ئارىلىشىپ كەتكەن پۇراقلىرىنى قانداق پۇراپ ماڭغانلىقىنى ئويلاپ كەتتى. سەھەرنىڭ سوغۇق شامىلى ماشىنىنىڭ دات بېسىپ كەتكەن ئىشىكلىرىنىڭ يوچۇقلىرىدىن غۇرۇلداپ كىرىپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇنداق ئەبجەق ماشىنىدا ئۇنىڭ ئۆيىدىكىلەردىن ھېچكىم ئولتۇرۇپ باقمىغانىدى ھەم بۇنداق ماشىنىنى ئۇلار ئولتۇرۇۋاتقان كوچىغا ھەيدەپ كىرىشمۇ ئۇيات ئىش ئىدى.

www.uyghurkitap.com

ئۇ كۈنى كلاك يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارغا دىققەت قىلىپ ماڭدى (ئۇلار ئۇ چاغدا 401 ـ تاشيولغا چىقىپ بولغانىدى). كلاكنىڭ ئۆزى ھەيدەپ كېتىۋاتقان ماشىنىسىنىڭ چىداملىقلىقىدىن ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتقانلىقى، كارلانىڭ سوئاللىرىغا قىسقىلا جاۋاب بېرىشلىرى، قوشۇمىسىنىڭ سەل ـ پەل تۈرۈلۈپ تۇرۇۋاتقانلىقى، كارلانىڭ ئارتۇقچە خۇشاللىقلىرىغا بولغان بىزارلىقلىرى ــ بۇنىڭ ھەممىسى كارلاغا قىلچە تەسىر قىلغاندەك ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، كارلانى بىر مەزگىل مەپتۇن قىلغان ئۇنىڭ بۇرۇنقى نادۇرۇس تۇرمۇشى، ئۆزىنىڭ تەنھالىق، زېرىكىشلىك ھايات ئىچىدە چوڭ بولغانلىقىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەرگەنلىرى، ئاتلارغا بولغان زىيادە مۇھەببىتى دېگەندەك ئىشلىرىمۇ ئۇنىڭغا تەسىر قىلغاندەك ئەمەس. كارلا ئۇنى ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسى تۇرمۇشلىرىنىڭ ئىنژېنېرى دەپ بىلەتتى، شۇڭا مەڭگۈ ئۇنىڭ ئىتائەتمەن تۇتقۇنى بولۇپ ئۆتۈشكە رازى ئىدى، ئۇنىڭغا بويسۇنۇپ ياشاشنى ئۆمرىدىكى ئەڭ خۇشاللىق ئىش دەپ بىلگەنىدى.

«سەن ئۆزۈڭنىڭ نىمىدىن مەھرۇم بولۇۋاتقىنىڭنى بىلمەيۋاتىسەن» دېگەنىدى ئاپىسى ئۇنىڭغا يازغان خېتىدە، بۇ ئۇنىڭ ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم ئاپىسىدىن تاپشۇرۇۋالغان خەت ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاپىسى ئۇنىڭغا خەت يېزىپ باقمىدى. ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتكەن سەھەردىكى ئاشۇ خۇشال مىنۇتلىرىدا ئۆزىنىڭ نېمىلەرنى تاشلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى ئەمدى بىلىۋاتاتتى. ئەمما، ئۆزىنىڭ ئەمدىكى كۈنلىرىنىڭ قانداق بولىدىغانلىقى ئۆزىگە قاراڭغۇ ئىدى. ئۇ ئاتا ـ ئانىسىنى كۆزگە ئىلمايتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىدىن، ئارقا ھويلىسىدىن، ئالبوملىرىدىن، ئۇلارنىڭ بىر يەرلەرگە بېرىپ دەم ئېلىپ كېلىش ئۇسۇللىرىدىن، ئەتكەن تاماقلىرىدىن، «تازىلىق ئۆيى»لىرىدىن، يوغانلىقىدىن ئىچىگە پۈتۈن بىر ئادەم پېتىپ كەتكۈدەك ئىشكاپلىرىدىن، ئىشىك ئالدىدىكى چىملىقتا سۇ

سېپىپ تۇرۇش ئۈچۈن ئورناتقان سۇ پۇركۇگۇچتىن بىزار ئىدى. شۇڭا، ئاتا ـ ئانىسىغا يېزىپ قالدۇرغان خېتىدە راست گېپىنى قىلىپ شۇنداق دېگەنىدى:

مەن هازىرغىچە ھەقىقىي بىر تۇرمۇش ئىچىدە ياشاشنى ئارزۇ قىلىپ كەلدىم. مۇشۇ ئىشتا سىلەرنىڭ مېنى چۈشىنىشىڭلارغا مەڭگۈ ئېرىشەلمەيدىغانلىقىمنى بىلىمەن.

ئاپتوبۇس يولغا چىقىپ هازىرغىچە تۇنجى بىر بازارغا يېتىپ كېلىپ ماي پونكىتىنىڭ يېنىدا توختىدى. بۇ كلاك ئىككىسى دەسلەپتە ئىش باشلىغاندا دائىم كېلىپ ماشىنىسىغا ئەرزان ماي قاچىلاپ كېتىدىغان جاي ئىدى. شۇ كۈنلەردە ئۇلارنىڭ پۈتكۈل دۇنياسى ئەتراپتىكى بىرنەچچىلا بازار ئىدى، بارسا شۇ يەرلەرگىلا بارالايتتى. بەزىدە سەيياھلارغا ئوخشاش ئۇ جايلارنى ئارىلاپ، ئۇ يەرلەردىكى قاراڭغۇ مېھمانخانىلاردا يېتىپ، قاۋاقخانىلاردىكى ئالاھىدە تاماق ھېسابلىنىدىغان ئاددىي تاماقلارنى ـــ چوشقا پاچىقى، گېرمانلارنىڭ چىلىغان كۆكتاتلىرى، بەرەڭگى بوتقىسى دېگەندەكلەرنى يەپ، ئەرزان پىۋىدىن ئىچىپ ئولتۇراتتى. يەپ ـ ئىچىپ بولغاندىن كېيىن، ساراڭ قېتىش سەھرالىقلاردەك ئاغىل ـ تاغىل ناخشا توۋلاپ ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ ئۆيلىرىگە قايتىپ كېتەتتى.

لېكىن، ئۇزاق ئۆتمەي، ئۇلار بۇنداق ساياھەت قىلىپ يۈرۈشلەرنى ۋاقىت ئىسراپ قىلىش، پۇل بۇزۇش دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدى. بۇنداق ئىشلارنى كىشىلىك ھاياتتىكى جاپا ـ مۇشەققەتلەرنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدىغان ياشلار قىلاتتى.

ئەمدى ھازىر ئۇنى يىغا تۇتۇشقا باشلىدى، يىغلىغانلىقىنى بىلىپ ـ بىلمەي تۇرۇپلا كۆزلىرىگە لىق ياش كەلدى، يىغىسىنى يوقىتىش ئۈچۈن تورونتوغا بارغاندىن كېيىنكى ئىشلارنى، تۇنجى

بولۇپ نېمە ئىش قىلىشى كېرەكلىكىنى، ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن تاكسىغا ئولتۇرۇپ ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بىر ئۆيگە بارىدىغانلىقىنى، كەچتە ئۆزى يالغۇز ناتونۇش بىر كارىۋاتتا ياتىدىغانلىقىنى، ئەتە ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ تېلېفون دەپتەردىن ئات مىنىشنى ئۆگىتىدىغان مەكتەپنىڭ ئادرېسىنى تېپىپ، ئاندىن ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇلاردىن ئىشلەيدىغان ئادەم ئالىدىغان ـ ئالمايدىغانلىقىنى سورايدىغانلىقىنى، ۋەھاكازالارنى ئويلاپ كەتتى.

ئۇ ئەتىكى كۈندە نېمە ئىشلارنىڭ بولىدىغانلىقىنى، يەر ئاستى پويىزىغا قانداق چىقىدىغانلىقىنى، ئۆزىگە تونۇشسىز ئاتلارنى قانداق باقىدىغانلىقىنى، تونۇشمايدىغان ئادەملەر بىلەن قانداق پاراڭلىشىدىغانلىقىنى، كىلاك يوق ئادەملەر توپى ئىچىدە ھەر كۈنى قانداق ياشايدىغانلىقىنى تولا ئويلاپ تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايۋاتاتتى.

ئۇنىڭ تاللىغان بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشى، بارىدىغان يېرى پەقەت كىلاك بولماسلىقى كېرەك، دېگەن بىرلا پەۋقۇلئاددە سەۋەبتىن ئىدى.

ئۇ ھازىر بارغانسېرى يېقىنلىشىپ قېلىۋاتقان كەلگۈسى دۇنيانىڭ غەلىتە قورقۇنچلۇق يېرىنىڭ ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتەلمەسلىك ئىمكانلىكىنى تەدرىجىي بىلىپ يېتىۋاتاتتى. ئۇ پەقەت ئۇ دۇنيانىڭ چۆرىسىدىلا ئايلىنىپ ئاغزىنى ئېچىپ، گەپ قىلىپ، ئۇنى ـ بۇنى قىلىپ يۈرەلەيدۇ، ئەمما ئىچىگە ھەقىقىي كىرىپ كېتەلمەيدۇ. لېكىن، قىزىق يېرى، ئاپتوبۇستا كېتىۋېتىپ شۇ ئىشلارنى ئويلاۋاتقاندا، شۇ ئويلىرى ئىچىدىن ئۆزىنى ھەقىقىي تونۇپ، جامىزون خانىم دېگەندەك ــ ئۆزىمۇ تولۇق ئىشەنچ بىلەن شۇنداق دېيەلمەيدىغاندەك ــ ئۆز تەقدىرىنى ئۆزى قولىدا تۇتالايدىغانلىقىغا خېلىلا ئىشىنىپ قالدى. ئەگەر ئۆزىگە ئىشەنسە بولىدىغانلا بولسا، روشەنكى، كىشىلەر ئۇنىڭغا غەزەپ

بىلەن قارىمايدىغان، رەزىللىكلىرى بىلەن ئۆزىگە تەسىر كۆرسىتەلمەيدىغان، ئۆزىمۇ ئەتىدىن كەچكىچە شۇنداق ئىشلارنىڭ تەسىرىدىن قاپىقىنى ئاچماي يۈرمەيدىغان بولىدۇ.

ئەمدى ئۇ ئۆزىنىڭ قايسى تەرەپلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشى كېرەك؟ ئۆزىنىڭ ھازىرغىچە تىرىك ياشاۋاتقان ــ ياشىمايۋاتقانلىقىغا نېمىگە قاراپ باھا بېرىشى كېرەك؟

ئۇ كالاكىنىڭ يېنىدىن قېچىپ كېتىۋاتقاندا ـــ ھازىرنىڭ ئۆزىدە ـــ كالاك يەنىلا ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئىچىدىكى ئۆز ئورنىدا تۇرۇۋاتاتتى. قاچقۇنلۇق ئاياغلىشىپ ئۆزىنىڭ كۈنىنى ئۆزى ئېلىشقا باشلىغاندا كالاكىنىڭ ئورنىغا نېمىنى دەسسىتىدۇ؟ قانداق بىرنەرسە ـــ باشقىلار ـــ ئۇنىڭغا ئۇنىڭدەك روشەن بىر تۇيغۇ ۋە كۈچ بېرەلەيدۇ؟

ئۇ ئۆزىنى يىغىدىن ئاران تۇتۇۋالدى، ئەمما ۋۇجۇدى تىترەپ توختىمايۋاتاتتى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدىكى ھالىتى تولىمۇ يامان ئىدى، ئۆزىنى تۇتۇۋالمىسا، ھەر خىل خىياللار ئىچىدىن يېنىپ چىقمىسا بولمايتتى. كالاك بەزىدە ئۇنىڭغا: «ئۆزۈڭنى بىسىۋال، كارلا» دەپ قوياتتى. بۇ، كارلا بىر ئىشقا ئاچچىقى كېلىپ تۇگۇلۇپ يېتىۋالغان، ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كېتىۋاتقان چاغلاردا دەيدىغان گەپ ئىدى.

ئاپتوبۇس يەنە بىر بازارغا يېتىپ كەلگەندە توختىدى. بۇ ئاپتوبۇسنىڭ ئۈچىنچى قېتىم توختىشى ئىدى. ئىككىنچى قېتىم توختىغاندا خىيال بىلەن ئولتۇرۇپ كەتكەن بولغاچقا، نەدە توختىغانلىقىنى بىلەلمەي قالغانىدى. شوپۇر چوقۇم توختىغان جاينىڭ قەيەر ئىكەنلىكىنى يولۇچىلارغا دېدى، ئەمما ئۇ قېچىپ كېتىۋاتقان ئادەم بولغاچقا، قورقۇنچ ھەم غەم بىلەن خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ ئاڭلىماي، توختىغان جاينىڭ قانداقراق جاي ئىكەنلىكىنى كۆرمەي قالغان گەپ. ئاپتوبۇس بىردەملا توختاپ، يەنە تېزلىكتە ئورنىدىن قوزغالدى. يۇقىرى سۈرئەتلىك

تاشيولغا چىققاندىن كېيىن، تورونتوغا قاراپ ئۇچقاندەك يۈرۈپ كەتتى.

لېكىن، كارلا ئۇ يەرگە يېتىپ بارغاندىن كېيىن چوقۇم نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قالىدۇ.

ئۇنىڭ خېلى ۋاقىتقىچە شۇنداق يۈرۈشى تۇرغانلا گەپ: تاكسىغا ئولتۇرۇپ تاكسىچىغا بارىدىغان يېرىنىڭ ئادرېسىنى بېرىدۇ. ئەتىسى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ چىشلىرىنى چوتكىلايدۇ، ئاندىن نامەلۇم بىر دۇنيانىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدۇ. ئۇ زادى نېمە ئۈچۈن ھەممە يەرگە بېرىپ ئىش ئىزدىشى كېرەك؟ بىر كاپام ئاش ئۈچۈنمۇ؟ ئەلۋەتتە شۇنداق ـ دە، بۇ شەھەردە ھەر كۈنى ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ئۆزىنى بىر جايدىن ئىككىنچى بىر جايغا ئاپىرىپ تاشلاشلىرىچۇ؟ شۇنداق قىلماي ئامال يوق.

ئۇنىڭ ئىككى پۇتى شۇ تۇرقىدا بەدىنىدىن تولىمۇ يىراقتا تۇرۇۋاتقاندەك، پۇتلىرى ئۆزىنىڭ يىرىك ھەم قاتتىق ئىشتىنى ئىچىدە ئەمەستەك، قوغۇشۇندەك بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقاندەك زادىلا ئورنىدىن قوزغىلالماي كېتىۋاتاتتى، خۇددى پۇتى يارىلانغان ئات ياتقان يېرىدىن ھەرقانداق قىلىپمۇ ئۆرە بولالمىغاندەك بولۇپ قېلىۋاتاتتى.

ئاپتوبۇس يەنە بىر بېكەتكە كېلىپ توختىغاندا، چوڭ ـ كىچىك سومكىلارنى كۆتۈرۈۋالغان يەنە بىرنەچچە يولۇچى چىقتى. بىر ئايال بىلەن قاتلىنىدىغان كىچىك باللار ھارۋىسىدا ئولتۇرغان بىر بالا ئۆزلىرىنى ئۈزىتىپ كەلگەنلەر بىلەن قوللىرىنى پۇلاڭلىتىپ خوشلاشتى. بىر چاغدا ئاپتوبۇس قوزغىلىپ، بېكەتتىكى قەھۋەخانا ئاستا ـ ئاستا يىراقلىشىشقا باشلىدى، ئۇ قەھۋەخانا بىلەن باشقا يەرلەردىن چىقىۋاتقان خىلمۇخىل پۇراقلارمۇ خۇددى شامال ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتقاندەك ئاستا ـ ئاستا سۇسلاشقىلى تۇردى. كارلا قوغۇشۇندەك ئېغىرلىشىپ كېتىۋاتقان پۇتلىرىنىڭ كۈچى بىلەن غايەت زور

بەدىنىنى ئاران كۆتۈرۈپ ئالدىغا قاراپ دەلدۈگۈنۈپ ماڭدى ۋە كېتىۋېتىپ:

— مەن مۈشۈ يەردە چۈشۈپ قالىمەن! — دەپ توۋلىدى.

شوپۇر شۇ ئان ئاپتوبۇسنى تورمۇزلاپ ئاچچىقى بىلەن ۋارقىراپ كەتتى:

— سىز تورۇنتوغا بارىمەن دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟

ئاپتوبۇستىكىلەر خۇددى ئۇنىڭ تارتىۋاتقان ئازابلىرىنى ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتقاندەك ھەممىسى ئۇنىڭغا قىزىقىپ قاراپ قېلىشتى:

— مەن چوقۇم مۈشۈ يەردە چۈشۈپ قېلىشىم كېرەك.

— ئاپتوبۇسنىڭ كەينى تەرىپىدە ھاجەتخانا بار.

— ياق، ياق، ھاجەت قىلمايمەن. مۈشۈ يەردە چۈشۈپ قالىمەن.

— مەن سىزنى دەپ ھايال قىلىشنى خالىمايمەن. ئاپتوبۇسنىڭ يۈك - تاق قويىدىغان يېرىدە بىرنەرسىڭىز بارمىدى؟

— يوق، ھېچ نەرسەم يوق.

— يۈك - تاقلىرىڭىز راست يوقمۇ؟

ئاپتوبۇستىكىلەرنىڭ بىرسى:

— ئۇنىڭ جىمجىت ئولتۇرۇپ قالسا قورقۇنچ باسىدىغان كېسىلى بولسا كېرەك. چوقۇم شۇنداق بىر ئىشى بار، — دېدى.

— مىجەزىڭىز يوقمۇ؟ — سورىدى شوپۇر.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس. ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قالمىسام بولمايدۇ.

— ماقۇل، ماقۇل، مەن ئۇچۇن بەرىبىر.

— كىلىپ مېنى ئەكېتىڭ، ئۆتۈنۈپ قالاي، چاپسان كېلىپ مېنى ئەكېتىڭ!

— ماقۇل، ھازىرلا يېتىپ بارىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

* * *

سىلۋىيە بايام ئىشىكنى ئىچىدىن قۇلۇپلاپ قويۇشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. كەچ بولۇپ قالدى، ئەمدى قۇلۇپلىۋەتمىسە بولمايدۇ. ئىشىكنى ئۇرغان كىمدۇر؟ بىرىپ ئىشىكنى ئاچتى.

سىرتتا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمىدى.

ئىشىكنى بىرسىنىڭ ئۇرغانلىقى ئېنىق، بۇنى ئۇ جەزم قىلالايتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئىشىكنى يېپىپ ئىچىدىن قۇلۇپلاپ قويدى.

بىر چاغدا بىر تېمى پۇتۇنلەي ئەينەكلىك دېرىزىنى بىرسىنىڭ چېكىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلانغاندەك بولدى. سىلۋىيە چىراغنى يېقىپ سىرتتا ھېچقانداق ئادەم كۆرمىدى. بىرەر ھايۋان ئوخشايدۇ، تېيىنمۇ تېخى، دەپ ئويلاپ چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتى. بالكونغا چىقىدىغان ئىشىكمۇ ئوچۇق قاپتىكەن، بېرىپ ئىشىكنىمۇ چىڭ يېپىۋەتمەكچى بولدى. ھاۋا ئالماشتۇرۇش ئۈچۈن دائىم بۇ ئىشىكنى ئازراق ئوچۇق قويىدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئىشىكنى تېخى ياپماي تۇرۇپ، تۇيۇقسىز ئۇنىڭغا يېقىنلا يەردە بىرسىنىڭ كۈلگەن ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى، يېقىن بولغاندىمۇ ئۆينىڭ ئىچىدە بىرسى كۈلۈۋاتقاندەك ئاڭلىنىۋاتاتتى.

— بۇ مەن، — بىر ئەر كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، — سىزنى قورقۇتۇۋەتتىممۇ نېمە؟

ئۇ ئادەم ئەينەكنىڭ سىرتىدا، دېرىزىگە چاپلىشىپ دېگۈدەك تۇراتتى.

— مەن كىلاك، — دېدى ئۇ ئادەم، — يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە تۇرىدىغان كىلاك.

سىلۋىيەنىڭ ئۇنى ئۆيگە كىرگۈزگۈسى يوق ئىدى، كىرگۈزمەي دېسە سەت تۇراتتى، ئىشىكنى يېپىۋېتىشكە جۈرئەت

قىلالماي بىردەم تۇرۇپ قالدى. چىراغنىمۇ ياندۇرمىدى. ئۇخلاشقا تەييارلىق قىلىپ سىرتتىكى كىيىملىرىنى سېلىۋېتىپ ئىچ كۆڭلىكى بىلەنلا قالغانىدى. يۈگۈرۈپ بېرىپ سافانىڭ ئۈستىدىكى نېپىز يوتقاننى ئېلىپ ئورىنىۋالسىمۇ بولاتتى، لېكىن ئۈلگۈرەلمىدى.

— كىيىمىڭىزنى كىيىۋېلىڭ، — دېدى كالاك، — مەن سىزگە لازىملىق بىر نەرسە ئەكېلىۋېدىم.

ئۇ شۇنداق دەپ، ئىشىكنىڭ يوچۇقىدىن نەرسە - كېرەك سېتىۋالغاندا لازىم بولىدىغان بىر خالتىنى سۇنۇپ بەردى، لېكىن شۇ پۇرسەتتە ئۆينىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىشقا ئۇرۇنمىدى.

— قانداق نەرسە بۇ؟ — سىلۋىيەنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقىۋاتاتتى.

— ئۆزىڭىز كۆرۈپ بېقىڭ، ئىشقىلىپ بومبا ئەمەس، مانا، ئېلىڭ.

سىلۋىيە ئۇ نەرسىنى قولىغا ئالماي تۇرۇپ تۇتۇپ باقتى، قاراڭغۇدا ئېنىق كۆرەلمىدى. يۇمشاقلا نەرسە ئىكەن. يەنىمۇ مىجىپ بېقىۋىدى، قولىغا چاپاننىڭ تۈگمىسى، كۆڭلەكنىڭ سىلىق رەختى، ئۇزۇن ئىشتاننىڭ كەمىرى ئۇرۇلغاندەك بولدى.

— مېنىڭچە بولغاندا، بۇ نەرسىلەرنى ئېلىپ قالغىنىڭىز ياخشى. ھەممىسى سىزنىڭ نەرسىلىرىڭىز، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

سىلۋىيە چىشلىرىنىڭ تىترەپ كاسىلداپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن مەھكەم چىشلەپ تۇرۇۋالدى، ئاغزى بىلەن گېلى بىردىنلا قۇرۇپ ئۇسساپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

— بۇ نەرسىلەرنىڭ سىزنىڭ نەرسىلىرىڭىز ئىكەنلىكى ماڭا مەلۇم، — دېدى كالاك بوش ۋە سىلىق ئاھاڭدا.

سىلۋىيە خۇددى ئاغزىغا بىرنەرسە كەپلىشىپ قالغاندەك بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي تۇرۇپ قېلىۋاتاتتى. بىر چاغدا ئاران دېگەندە ئاغزىنى ئېچىپ:

— كارلا ھازىر نەدە؟ — دېگەن بىر ئېغىز گەپنى قىلالىدى.

— مېنىڭ خوتۇنۇم كارلانى دەمسىز؟

سىلۋىيە ئەمدى ئۇنىڭ چىرايىنى ئېنىق كۆردى، چىرايىدىن بىر خىل كۆرەڭلىك چىقىپ تۇراتتى.

— مېنىڭ خوتۇنۇم كارلا شۇ تۇرقىدا ئۆيدىكى كارىۋىتىدا ئۇخلاپ ياتىدۇ، شۇنچىلىك تاتلىق ئۇخلاۋاتىدۇ، چۇنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىدە.

كلاك قاملاشقان، بويى ئېگىز، ئورۇق، ئۇستىخىنى كېلىشكەن، ئەمما سەل ئەخمەقراق ئادەم ئىدى، ئۇنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم ئۇنىڭدىن ئەيمىنەتتى. چاچلىرى پېشانىسىغا ئازراق چۇشۇپ تۇراتتى، بۇرنىنىڭ تېگىدىكى ئىنچىكە بۇرۇتى ئۆزىگە ياراشقانىدى. كۆزلىرىدە كىشىگە ياخشىمۇ كۆرۇنەلەيدىغان، ۋاقتى كەلگەندە يامانمۇ كۆرۇنەلەيدىغان بىر خىل ئالامەت چىقىپ تۇراتتى. دېمىسىمۇ ھازىر كۇلۇپ تۇرغان بولسا بىردەمدىلا كۇلۇپ تۇرغان ئۇ چىرايى تۇرۇلۇپ باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالاتتى.

سىلۋىيە ئۇنى بۇرۇندىن ياخشى كۆرمەيتتى. لېئونغا ئۇنىڭغا بولغان قارىشىنى بىرنەچچە قېتىم دېگەنىدى. لېئون تۇرمۇش تەجرىبىسى چولتىراق، باشقىلارغا ئەمەس، ئۆزىگە قانداق قاراشتىمۇ ئىشەنچى كەمچىل ئىدى، كىشىلەر بىلەن ياخشىچاق بولۇپلا ئۆتەتتى.

شۇ تۇرقىدا كلاك قانداق قىلىشىنى بىلەلمەي تۇرۇپ قېلىۋاتاتتى، سىلۋىيەنىڭ ئەڭ قورقۇۋاتقىنىمۇ كلاكنىڭ مۇشۇ ھالىتى ئىدى.

— ئۇ چارچاپ كېتىپتۇ، — دېدى كلاك، — سىز كارلانىڭ قىسقىلا بۇ سەپىرىدىن كېيىن ئۆزىڭىزنىڭ چىرايىغا بىر قاراپ بېقىڭ، بولۇپمۇ بۇ كىيىملەرنى تونۇغاندىن كېيىنكى چىرايىڭىزغا، بۇ كىيىملىرىڭىزنى كۆرۇپ قانداق خىيالغا كېلىپ قالدىڭىز؟ مېنى ئۇنى ئۆلتۇرۇۋېتىپتۇ، دەپ ئويلىدىڭىزمۇ؟

— مەن ئازراق ھەيران قېلىۋاتىمەن، — دەپ جاۋاب بەردى

سىلۋىيە ئۇنىڭغا.

— سىزنىڭ ھەيران قالدىغانلىقىڭىز تەبىئىي ئەھۋال. چۈنكى، سىز ئۇنىڭ قېچىپ كېتىشىگە كۆچەپ ياردەم بەرگەن — دە.

— مەن ئۇنىڭغا .... — سىلۋىيەنىڭ تىلى ئاران گەپكە كەلدى، — ئازاب تارتىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن ياردەم بەردىم.

— ئازاب؟ — ئۇ خۇددى بۇ گەپنىڭ سالمىقىنى ئىنچىكە دەڭسەپ بېقىۋاتقاندەك ئالدىرىماي دېدى، — ئويلاپ باقسام، ئۇ راست ئازابلىنىپتۇ. ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ قېلىپ تېلېفون بوتكىسىدا ماڭا تېلېفون بېرىپ، كېلىپ مېنى بۇ يەردىن ئەكەتكىن، دېگەندە مەن ئۇنىڭ قاتتىق ئازابلانغانلىقىنى بىلدىم، ئۇ شۇنچىلىك قاتتىق يىغلاپ كەتتى، قاتتىق يىغلاپ كەتكەچكە گەپلىرىنى تولۇق ئۇققىلى بولمىدى.

— ئۇ ئۆزى خالاپ قايتىپ كەلدىمۇ؟

— ئەلۋەتتە، ئۆزى قايتىپ كېلىمەن دەپ قايتىپ كەلدى. قايتىدىغان خىيالغا كەلگەندە ساراڭ بولاي دەپ قاپتۇ. ئۇ كەيپىياتى ئىنتايىن تۇراقسىز قىز، ئۇنى سىز مەن چۈشەنگەندەك چۈشەنمەيسىز.

— ئۇ تېخى بۈگۈن ئەتىگەنلا بۇ يەردىن كېتىمدىغان بولدۇم دەپ شۇنچىلىك خۇشال بولغان.

— راست شۇنداقمۇ؟ سىز شۇنداق دېگەندىكىن مەن ئۇنداق ئەمەس دېيەلمەيمەن، بۇ يەرگە مەن بۇ ئىشنىڭ راست — يالغانلىقىنى ئايرىش ئۈچۈن كەلمىدىم.

سىلۋىيە ئۇنىڭغا يەنە دەيدىغانغا گەپ تاپالماي قالدى.

— مەن سىزگە خوتۇنۇم ئىككىمىزنىڭ تۇرمۇشىغا ئارىلاشماسلىقىڭىزنى دەپ قويغىلى كەلدىم.

— لېكىن، ئۇمۇ ئادەمغۇ، — دېدى سىلۋىيە ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭغا قايتا گەپ قىلماي جىمجىت تۇرۇۋېلىشنىڭ

www.uyghurkitap.com

زۆرۈرلۈكىنى چۈشىنىپ تۇرسىمۇ، ـــ ئۇ يالغۇز سىزنىڭ خوتۇنىڭىزلا ئەمەس ـ دە.

ــ ۋاي خۇدايىم، سىز شۇنداق ئويلامسىز؟ مېنىڭ خوتۇنۇم ماڭا خوتۇن بولۇشتىن باشقا يەنە ئادەممىتى؟ شۇنداقمۇ مېنى سەگىتىپ قويغىنىڭىزغا رەھمەت. لېكىن، سىزگە شۇنى دەپ قوياي، ماڭا ئەقىل ئۆگىتىمەن دەپ ئويلىماڭ، سىلۋىيە.

ــ مەن سىزگە ئەقىل ئۆگىتىمەن دېمىدىم.

ــ ئۇنداق بولسا ياخشى. شۇنداق ئويلىمىغانلا بولسىڭىز توغرا قىلغان بولىسىز. مەن سىزگە ئاچچىقلانماقچى ئەمەس. پەقەت بىرنەچچە ئىشتا سىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ قوياي دەيمەن. بىرىنچى، سىز ھەرقانداق سورۇندا، ھەرقانداق ۋاقىتتا بىشىڭىزنى مەن بىلەن مېنىڭ خوتۇنۇمنىڭ تۇرمۇشى ئىچىگە تىقماڭ. ئىككىنچى، مەن ئۇنى ئىككىنچى سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە يولاتمايمەن. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ كېلىشنى خالىمايدۇ، بۇنى مەن بىلىمەن. مۇشۇ ئىشتىن كېيىن سىز ئۇنىڭدا ياخشى تەسىرات قالدۇرماپسىز. ھازىردىن باشلاپ ئۆيىڭىزنى قانداق بېسىقتۇرۇشنى ئۆزىڭىز ئۆگىنىڭ. ئەمدى گېپىمنى توختىتاي، ــ دېدى كىلاك يەنە، ــ مېنىڭ يۇقىرىدا دېگەنلىرىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟

ــ بەكمۇ ئوبدان چۈشەندىم.

ــ ياخشى، مەن شۇنداق بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىلاھىم دېگىنىڭىزدەك قىلارسىز.

ــ ماقۇل.

ــ سىز مېنىڭ يەنە نېمىنى ئويلىغانلىقىمنى بىلەمسىز؟

ــ نېمىنى ئويلىدىڭىز؟

ــ سىز ماڭا بىرنەرسىگە قەرزدار.

ــ نېمىگە قەرزدارمەن؟

ــ سىز ماڭا قەرزدار ــ بەلكىم شۇنداقتۇ ــ كەچۈرۈم سوراشقا قەرزدار، مەن شۇنداق ئويلايمەن.

— بولىدۇ، — دېدى سىلۋىيە، — سىز شۇنداق ئۆيلىغان بولسىڭىز، ئەمىسە سىزدىن كەچۈرۈم سوراي، كەچۈرۈڭ.

كلاك ئورنىدىن قوزغىلىپ ئۇنىڭغا قولىنى بەرمەكچى بولۇپ تۇراتتى، ئورنىدىن قوزغىلىشى بىلەن تەڭلا سىلۋىيە چىرقىراپ كەتتى.

كلاك ئۇنىڭ ئەنسىز ئاۋازىنى ئاڭلاپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى ۋە ئىشىكنىڭ كېشىكىگە قولىنى قويغاندا ئىشىكنىڭ چىڭ ئېتىلمىگەنلىكىنى بىلدى.

— ئۇ نېمە؟

— ئۇ نېمە؟ — خۇددى سىلۋىيە بىر ھىيلە ئىشلەتمەكچى بولۇپ ھىيلىسى ئاقمىغاندەك كلاك تەنە قىلىپ دېدى. ئارقىدىنلا دېرىزىنىڭ ئەينىكىگە چۈشكەن بىرنەرسىنىڭ شولىسىنى كۆرۈپ ئىتتىك كەينىگە قارىدى.

بۇ ئۆينىڭ نېرىراقىدا كەڭرى كەتكەن بىر ئويمانلىق بار بولۇپ، ھەر يىلى مۇشۇ پەسىلدە ئۇ يەرنى تۇمان قاپلىۋالاتتى، بۈگۈن ئاخشاممۇ شۇنداق بولۇپ، قاراڭغۇ چۈشكەندە يەنە تۇمان قاپلىۋالغانىدى. بۈگۈنكى تۇمان باشقا كۈنلەردىكىگە قارىغاندا بەكرەك قويۇق ئىدى، خۇددى ئويمان ئىچىدە بىر يەردە ئوت كۆيۈۋاتقاندەك بىر خىل يورۇقلۇقمۇ بار ھەم ئۇ يورۇقلۇق مامكاپقا ئوخشاش بىر خىل شەكىلدە ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى. ئارقىدىن يەنە يەر شارىدا يوقلا ئاپپاق بىر ھايۋان شەكلىگە كىرىپ قالدى، تاق مۈڭگۈزلۈك غايەت زور بىر ھايۋانغىمۇ ئوخشاپ قېلىۋاتاتتى، جېنىنىڭ بارىچە بۇ تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپ كېلىۋاتقاندەك قىلاتتى.

— ئەيسا ئىگەم! بىزنى ئۆزۈڭ ئامان قىلغايسەن! — كلاك چىن كۆڭلىدىن ئەيساغا تېۋىنىپ ئىختىيارسىزلا ئىشىكنىڭ ئوچۇق يېرىدىن قولىنى تىقىپ سىلۋىيەنىڭ مورىسىنى تۇتۇۋالدى. سىلۋىيەمۇ قورقۇنچ ئىچىدە تورۇۋاتقاچقا، ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇۋالغىنىدىن قورقۇپمۇ كەتمىدى، چۈنكى ئۇ كلاكنىڭ

www.uyghurkitap.com

مۇرىسىدىن تۇتۇۋېلىشى ئۇنى قوغداش ئۈچۈن ئەمەس. ئەكسىچە ئۆزىنىڭ قورقۇنچىنى بېسىۋېلىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلگەنىدى.

ئۇزاققا قالمايلا ئۇ نەرسىنىڭ ئەسلىي قىياپىتى ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى، ئۇ نەرسە تۇمان ئىچىدىكى غۇۋا يورۇقلۇق ئىچىدە ئالاڭلاپ چىقىپ كېلىۋاتاتتى ــ خۇددى توختايدىغان يەر ئىزدەۋاتقان ماشىنىغا ئوخشاش ــ يېقىن كەلگەندە ئۇنىڭ بىر ئۆچكە ئىكەنلىكى بىلىندى. پادىغا قارايدىغان ئىتتىن سەل چوڭراق ئۆچكە ئىكەن.

كلاك شۇ ئان سىلۋىيەنىڭ مۇرىسىنى قويۇۋېتىپ سۆزلەپلا كەتتى:

ــ سەن هارامزادە نەگە يوقاپ كەتتىڭ؟ زادى نەدىن كېلىۋاتىسەن؟

ــ سىلەرنىڭ ئۆچكەڭلارمۇ؟ ــ دېدى سىلۋىيە، ــ سىلەرنىڭ ئۆچكەڭلاردەك قىلىدۇ.

ــ فلورا، ــ دېدى كلاك، ــ فلورا.

ئۇ ئۆچكە ئۇلارغا ئون قەدەمچە قالغان يەردە توختاپ، خۇددى ئىزا تارتىۋاتقاندەك يەرگە قاراپ تۇردى.

ــ فلورا، ــ دېدى كلاك، ــ سەن زادى قايسىبىر شەيتاننىڭ يېنىدىن كەلدىڭ؟ بىز قورقۇپ ئىشتىنىمىزغا سىيىۋەتكۈدەك بولدۇق.

بىز؟

فلورا ئالدىغا يەنە ئازراق مېڭىپ كلاكنىڭ يېنىغا كەلدى، لېكىن بېشىنى كۆتۈرمەي كلاكنىڭ پۇتىغا بېشىنى سۈركەپ تۇردى.

ــ هەي ئەخمەق دۆت، ــ كلاكنىڭ ئاۋازى تىترەپ كېتىۋاتاتتى، ــ سەن نەدىن پەيدا بولۇپ قالدىڭ؟

ــ ئۇ ئىزىپ قېلىپ باشقا يەرلەرگە كەتكەن ئوخشايدۇ، ــ دېدى سىلۋىيە.

— توغرا، چوقۇم شۇنداق بولغان گەپ، بىز ئۇنى ئەمدى ئىككىنچى كۆرەلمەيمىز دەپ يۈرەتتۇق. راست دەۋاتىمەن.

فلورا بېشىنى كۆتۈرگەندى، ئاينىڭ يورۇقىدا كۆزلىرىدىن نۇر چاقناۋاتقاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى.

— بىز قورقۇپ، سېنىڭدىن ئەنسىرەپ ئىشتىنىمىزغا سىيىۋەتكۈدەك بولدۇق، — دېدى كلاك بايامقى گېپىنى يەنە تەكرارلاپ، — ئۆزۈڭگە يىگىت تاپقىلى كەتكەنمىدىڭ يا؟ بىز قورقۇپ كېتىپ ئىشتىنىمىزغا سىيىۋەتكىلى تاس قالدۇق. يىگىت تاپقىلى كەتتىڭ، شۇنداقمۇ؟ بىز تېخى سېنى جىنىمىكىن دەپ قاپتۇق.

— تۇمانىنىڭ تەسىرىدىن شۇنداق بولدى، — دېدى سىلۋىيە. ئۇ ئاستا مېڭىپ ئىشىكتىن بالكونغا چىقتى. ئەمدى ئۆزىنى بىخەتەر سېزىشكە باشلىغانىدى.

— ئۇ شۇنداق، — دېدى كلاك.

— ئاندىن يولدىن ئۆتكەن ماشىنىلارنىڭ چىراغلىرىمۇ رول ئويناپ كەتتى.

— ئەرۋاھنىڭ ئۆزى بولدۇڭ، فلورا، — ئۇ ئەمدىلەتىن ئۆزىگە كېلىشكە باشلىدى. بۇ گەپنى قىلغانلىقىدىن ئۆزىچە كۆرەڭلەپمۇ قويۇۋاتاتتى.

— راست شۇنداق بولدى.

— ئاسماندىن چۈشكەندەكلا پەيدا بولدۇڭ. نېمە ئىكەن دەپ قورقۇپ كېتىپتۇق. سەن ئىكەنسەن. يەتتە قات ئاسماننىڭ نېرىسىدىن كەلگەندەكلا ئالدىمغا كېلىپ قالغىنىڭنى قارىغىنا سېنىڭ، — ئۇ فلورانىڭ بېشىنى سىلاپ قويدى. سىلۋىيەمۇ بوش قولى بىلەن — ئۇنىڭ يەنە بىر قولىدا كارلا كىيىپ كەتكەن كىيىملەر بار خالتا بار ئىدى — ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ قويماقچى بولۇۋىدى، فلورا بېشىنى تۆۋەن قىلىۋېلىپ ئۇنىڭغا بېشىنى تۇتقۇزمىدى.

www.uyghurkitap.com

— ئۆچكە دېگەن نېمىنىڭ مىجەزىنى بىلمەك بەكمۇ تەس ئىكەن، — دېدى كلاك، — ئۇلار كۆرۈنۈشتە ياۋاشتەك تۇرغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس، ئۆچكە چوڭ بولغاندا تېخىمۇ شۇنداق بولىدىكەن.

— ئۇ هازىر چوڭ بولۇپ كەتتىمۇ؟ قارىسا كىچىككىنە كۆرۈنىدۇ.

— ئۇ چوڭ بولۇپ كەتسىمۇ مۇشۇنداق تۇرىدۇ.

ئۇ ئىككىسى خۇددى ئۆچكىگە يۆلەپ تۇرۇپ تېخىمۇ كۆپ گەپ قىلىشىۋالماقچى بولۇۋاتقاندەك ئېگىشىپ ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇشاتتى. لېكىن، بۇ مۇمكىنمۇ؟ ئۇزاققا بارمايلا قىلىدىغان گەپلىرى تۈگەپ قالدى. سىلۋىيە ئۇنىڭ چىرايىدىن بايام ئۆزىگە قىلغان گەپلىرىدىن ئەپسۇسلىنىدىغان ھېچقانداق ئالامەت كۆرمىدى.

كلاك بايامقى گەپلىرىدىن يانىدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

— بەك كەچ بولۇپ كەتتى، — دېدى ئۇ.

— مەنمۇ شۇنداق ئويلاپ قالدىم، — دېدى سىلۋىيە خۇددى ئەرزىمەس بىر مېھماننى ئۇزىتىپ قويۇۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا.

— فلورا، ئەمدى بىز ئۆيىمىزگە قايتىپ كېتەيلى.

— بۇنىڭدىن كېيىن ماڭا ياردەملىشىدىغان ئىشلار بولسا سىلەرگە ئايرىم ئۇقتۇرىمەن، — دېدى سىلۋىيە، — هازىرچە باشقا ئىشلىرىم يوق، — ئاخىرىدا كۈلۈپ تۇرۇپ بىر ئېغىز قىستۇرۇپ قويدى، — بۇنىڭدىن كېيىن سىلەرنى ئاۋارە قىلماسلىقىممۇ مۇمكىن.

— بولىدۇ، — دېدى كلاك، — ئۆيگە كىرىپ كېتەيلى، شامالداپ قالىسىز.

— كىشىلەر كېچىدە چۈشكەن تۇمان سالامەتلىككە زىيانلىق دېيىشىدىكەن.

— مەن بۇنداق گەپنى ئاڭلاپ باقماپتىمەن.

— ئەمىسە خوش، كەچلىكىڭىز خەيرلىك بولسۇن، سىزنىڭمۇ

ھەم، فلورا.

دەل شۇ چاغدا تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى.

— كەچۈرۈڭ، تېلېفون كېلىپ قالدى.

سىلۋىيە ئۇنىڭغا قاراپ، خوش دېگەندەك قولىنى پۇلاڭلىتىپ قويۇپ كەينىگە بۇرۇلۇپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

تېلېفوننى رۇت بەرگەنىكەن.

— ھەئە، — دېدى سىلۋىيە، — پىلان يەنە ئۆزگىرىپ قالدى.

سىلۋىيە ئاشۇ ئۆچكىنى ئويلاپ يېتىپ تۇزۇك ئۇخلىيالمىدى. ئۇنىڭ تۇمان ئىچىدىن چىقىپ كېلىۋاتقان ھالىتى ئۇنىڭغا بارغانسېرى سىرلىق تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى، ھەتتا لېئونمۇ بۇ ئىش بىلەن مۇناسىۋەتلىكتەك پەرەزلىرىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. ئەگەر ئۇ شائىر بولغان بولسا چوقۇم مۇشۇ تۇغرۇلۇق بىر شېئىر يازغان بولاتتى. لېكىن، ئۇنىڭ تەجرىبىسىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ يازماقچى بولغان نەرسىسى لېئونغا ئازراق بولسىمۇ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ قالسا يازغان ئۇ نەرسىنىڭ ھېچقانداق مەنىسى بولمايتتى.

كارلا كلاكنىڭ چىقىپ كەتكەنلىكىنى بىلمىدى، قايتىپ كەلگەندىلا ئويغاندى. كلاك ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھازىرلا ئېغىل ئەتراپىنى مەسىلە بارمۇ ـ يوق، تەكشۈرۈپ كەلگەنلىكىنى دېدى.

— بايام ئۇ تەرەپتىن بىر ماشىنا كېلىپ قالدى، نېمىگە كەلگەنلىكىنى بىلەلمىدىم. چىقىپ تەكشۈرۈپ باقمىسام خاتىرجەم بولالمايتتىم، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇيقۇم ئېچىلىپ كېتىپ ئۇخلىيالمىدىم.

— بىر ئىش بولمىغاندۇ؟

— باشقىچە بىر نەرسە سەزمىدىم.

— ئۇخلىيالماي، — دېدى كلاك سۆزىنى داۋام قىلىپ، — ئۇ تەرەپكە بېرىپ سىلۋىيەنىڭ كىيىملىرىنى ئاپىرىپ بېرىپ

كەلدىم.

كارلا ئورنىدىن تۇرۇپ كارىۋاتتا ئولتۇردى.

— ئۇنى ئويغىتىۋەتمىگەنسىز؟

— ئويغىنىپ كەتتى. ھېچ ئىش يوق، بىرنەچچە ئېغىز پاراڭلاشتۇق.

— ھىم.

— ئارىمىزدا ھېچقانداق ئىش بولمىدى.

— ئۇ ئىشلاردىن پەقەتلا گەپ قىلىپ باقمىدىڭىز، شۇنداقمۇ؟

— شۇنداق، گەپ قىلمىدىم.

— سىزگە دېگەنلىرىمنىڭ ھەممىسى ئۆزۈم توقۇغان گەپلەر، راست دەۋاتىمەن. ئۆزۈم توقۇپ چىققان، ماڭا ئىشىنىڭ، ئاغزىمغا كەلگەننى دەپ قويغان.

— بىلدىم.

— سىز چوقۇم ماڭا ئىشىنىڭ.

— سىزگە ئىشەنسەملا بولدىغۇ.

— ھەممە گەپنى ئۆزۈم توقۇدۇم.

— چۈشەندىم.

كلاك كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى.

— پۇتلىرىڭىز نېمانچە مۇزلاپ كەتتى، خۇددى مۇز دەسسەپ كەلگەندەك، — دېدى كارلا.

— دېمىسەڭمۇ سۇ ئېچىپ كەلدىم. ماڭا يېقىن ياتقىنا. مەن سېنىڭ ئۇ خېتىڭنى ئوقۇغاندا خۇددى بىرسى يۈرىكىمنى سۇغۇرۇۋالغاندەك بولۇپ كەتتىم. راست شۇنداق بولدۇم. ئەگەر سەن راستىلا كېتىپ قالغان بولساڭ، ئىچىمدە ھېچنېمە قالماي كاۋاك بولۇپ قالغاندەك بولۇپ قالاتتىم.

ھازىرغىچە ھاۋا ئوچۇق تۇرۇۋاتاتتى. كىشىلەر يوللاردا كېتىۋېتىپ، دۇكانلاردا، پوچتىخانىدا ئۆز ئىشلىرىنى قىلىشىۋېتىپ بۇ يىل يازنىڭ ئاخىر يېتىپ كەلگەنلىكى

تۇغرۇلۇق قىزغىن پاراڭلىشاتتى. يايلاقتىكى ئوت - چۆپلەر، يامغۇردا يەرگە چاپلىشىپ يېتىپ كەتكەن زىرائەتلەر تىرىلىپ باشلىرىنى كۆتۈرۈشكە باشلىغان. كۆللەردىكى سۇلار ئازلىغان، يامغۇردا پاتقاق بولۇپ كەتكەن يەرلەردىن توپا - چاڭ كۆتۈرۈلۈشكە باشلىغانىدى. ئىللىق شامال چىقىشقا باشلاپ، كىشىلەرنىڭ قوللىرى قىچىشىپ بىر ئىشلارنى قىلغىلىرى كېلىپ كېتىۋاتاتتى. كالاكلارنىڭ ئۆيىدىكى تېلېفونلار توختىماي جىرىڭلاپ تۇرىدىغان بولۇپ قالدى، تېلېفون بەرگەنلا ئادەم ئاتتا ماھارەت كۆرسىتىش، ئات مىنىش مەشىقىنىڭ قاچان باشلىنىدىغانلىقىنى سورايتتى. كۆپچىلىك يازلىق دەم ئېلىش لاگېرلىرىنىڭ ئىشلىرىغا قىزىقىپ، موزېيلارنى ئېكسكۇرسىيە قىلىش پىلانلىرىدىن ۋاز كېچىۋاتاتتى، قىن - قىنىغا پاتماي كېتىۋاتقان بالىلارنى سالغان بولكىۋاي ماشىنىلار ئارقا - ئارقىدىن كېلىپ تۇرۇۋاتاتتى، ئۈستىگە نېپىز ئەدىياللار ئارتىلمىغان ئاتلار مەشىق مەيدانىدا چېپىشىپ يۈرەتتى.

كالاك لاپاسنىڭ ئۈستىنى يېپىشقا كېرەكلىك ماتېرىياللارنى ئەرزان باھادا سېتىۋالدى. «قاچقان كۈن» (ئۇلار كارلانىڭ ئاپتوبۇسقا چۈشۈپ بۇ يەردىن ئايرىلغان كۈننى ئاشۇنداق ئاتىشىۋالغانىدى.) ئۆتۈپ بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، مەشىق مەيدانىدىكى لاپاسلارنىڭ بۇزۇلغان يەرلىرىنى بىر كۈن رېمونت قىلىپ چىقتى.

ئۇلار بىرنەچچە كۈنگىچە ئەتىگەندە بىر - بىرى بىلەن خوشلىشىپ ئۆزى قىلىشقا تېگىشلىك ئىشلارنى قىلىشقا كېتەتتى. خوشلاشقاندا ئەتراپتا ئادەم يوق بولۇپ قالسا كارلا كالاكنىڭ نېپىز كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىدىن مۈرىسىگە بىرنى سۆيۈپ قوياتتى.

كالاك چاقچاق قىلىپ كارلاغا:

— ئەگەر سەن يەنە مېنى تاشلاپ قېچىپ كېتىدىغان بولساڭ، يالىڭاچ قىلىپ قويۇپ قامچا بىلەن ساۋايمەن، — دەپ قوياتتى.

www.uyghurkitap.com

— شۈنداق قىلىشقا قولىڭىز بارامدۇ؟ — دېيتتى كارلا ئۇنىڭغا ئەركىلەپ.

— نېمە دېدىڭ؟

— قامچا بىلەن ساۋايمەن دېگىنىڭىزنى دەۋاتىمەن.

— چوقۇم شۇنداق قىلىمەن.

كلاكىنىڭ هازىر ئىككىسى يېڭى تونۇشقان چاغدىكىدەك روھى شۇنچىلىك ئۇستۇن ئىدى.

تاڭ ئەمدىلا يورۇشقا باشلىغاندا ھەممىلا يەردىن قۇشلارنىڭ سايرىغان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىشقا باشلىدى. قىزىل قاناتلىق تۇردۇس تاڭدىن ئەڭ بالدۇر خەۋەر بېرىپ سايرايدىغان قۇش ئىدى، كەپتەرمۇ شۇنداق، تاڭ بىلەن تەڭ بوغۇلداپ سايراپ كېتەتتى. توپ - توپ قاغىلارمۇ، سۇ بېغىرلاپ ئۇچىدىغان چايكىلارمۇ سايراپ توختىمايتتى، قۇرۇپ قالغان قېرى دەرەخنىڭ شاخلىرىغا قونۇۋالىدىغان تازغۇنلارمۇ پات - پات قاقىلداپ قوياتتى. ئۇلار دەسلەپتە شاختا بىردەم ئولتۇرۇۋالاتتى، كېچىچە چۈشكەن شەبنەمدە ھۆل بولۇپ كەتكەن قېلىن قانات - قۇيرۇقلىرىنى قۇرۇتۇۋالغاندىن كېيىن بىردىنلا ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ، ئاسمان بوشلۇقىنى بىرنەچچە قېتىم ئايلىنىۋەتكەندىن كېيىن، خېلىلا تىكلىنىپ قالغان قۇياشنىڭ ئىللىق ھارارىتىدە راھەتلىنىۋېلىش ئۈچۈن يەنە ئۇچۇپ كېلىپ بايام ئۆزى قونۇپ تۇرغان شاختا قونۇۋالاتتى. بىر - ئىككى كۈن دەم ئېلىپ كۈچ توپلىۋالغاندىن كېيىن يەنە ئاسماننىڭ قەرىگە ئۇچۇپ چىقىپ خېلىغىچە ئايلىنىپ ئۇچۇپ يۈرەتتى، ۋاقتى توشقاندا پەسكە شۇڭغۇپ ئورمان ئىچىدە كۆزدىن غايىب بولاتتى. ئارام ئېلىش زۆرۈر بولۇپ قالغاندا يەنە ئاشۇ قۇرۇپ قالغان دەرەخكە ئۇچۇپ كېلىپ شاختا قونۇپ ئارام ئالاتتى.

جۇلىيەنىڭ غوجايىنى جوئى تاكېر يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ تېرىسى خېلىلا قارىداپتۇ، مىجەزىمۇ ئۆزگىرىپ ياخشى بولۇپ قاپتۇ. ئۇ بۇ يەرنىڭ يامغۇرىدىن بىزار بولۇپ، دەم ئېلىپ

كىلىش ئۈچۈن باشقا ياققا كەتكەنىدى. ئۇ تاغقا يامىشىپ چىنىقىدىغان ساياھەتنى بەكرەك ياخشى كۆرەتتى.

— ۋاقتنى ئاجايىپ ياخشى مۆلچەرلىيەلەيدىكەنسىز، دەل ۋاقتىدا كەپسىز، — دېدى كلاك ئۇنىڭغا، ئۇ تاكىر بىلەن خۇددى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك قىزغىن پاراڭلىشىپ كەتتى.

— جۇلىيەنىڭ ئەھۋالى ناھايىتى ياخشىدەك قىلىدۇ، — دېدى ئۇ، — ئۇنىڭ ھېلىقى كىچىك دوستىچۇ؟ ئۇنىڭ ئىسمى نېمىدى؟ فلورامۇ؟

— يوقاپ كەتتى، — دېدى كلاك، — كىم بىلىدۇ، تاغقا چىقىپ كەتتىمۇ.

— تاغدا ياۋا ئۆچكىلەر ئىنتايىن كۆپ، غەلىتە مۈڭگۈزلۈك ئۆچكىلەرمۇ ئاز ئەمەس.

— مەنمۇ شۇنداق دەپ ئاڭلىغان.

ئىككىسىنىڭ ئۈچ ـ تۆت كۈندىن بېرى ئىنتايىن ئالدىراش بولۇپ كېتىپ يول بويىدىكى خەت ساندۇقىغا قاراپ باققۇدەك ۋاقتىمۇ بولمىغانىدى. بىر كۈنى كارلا ئىشى يوق، بېرىپ ساندۇقنى ئېچىۋىدى، ئىچىدىن تېلېفون پۇلىنى تاپشۇرۇۋېتىش توغرۇلۇق كەلگەن بىر ئۇقتۇرۇش چىقىپ قالدى، ئۇنىڭدىن باشقا ژۇرناللارغا مۇشتەرى بولۇش توغرىسىدىكى ئېلانلارمۇ بار ئىدى، بىر ئېلاندا مەلۇم بىر ژۇرنالغا يېزىلغان ئادەمنىڭ بىر مىليون دوللارلىق مۇكاپاتقا ئېرىشىدىغانلىقى يېزىلغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ساندۇقتىن جامىزون خانىمنىڭ بىر پارچە خېتى چىقتى. خەتتە شۇنداق دېيىلگەنىدى:

سۆيۈملۈك كارلا:

مەن يېقىندا يۈز بەرگەن (كومېدىيەلىك تۈسى قويۇق) ئىشلارنى كۆپ ئويلاپ ئۆزۈمگە ئۆزۈم سۆزلەيدىغان بولۇپ قېلىۋاتىمەن،

www.uyghurkitap.com

ئەمەلىيەتتە ساڭا سۆزلەيمەن. يېقىندىن بېرى بۇنداق ئىش كۆپىيىپ قېلىۋاتقاچقا، ئاخىر سەن بىلەن يۈزمۇيۈز ئولتۇرۇپ سۆزلەشمىسەم بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدىم. ساڭا خەت يازسام بەربىر جاۋاب يازمايسەن، شۇڭا بىۋاستە سۆزلىشىش ئەڭ ياخشى، جاۋاب خەت يازىمەن دەپمۇ ئاۋارە بولمايسەن.

جامىزون خانىم بۇ خېتىنىڭ ئاخىرىدا يەنە ئۆزىنىڭ كارلانىڭ ئىشىغا كۆپرەك ئارىلىشىپ قېلىۋاتقاندەك بولۇپ قېلىۋاتقانلىقىنى، كارلانىڭ بەختى بىلەن ئەركىنلىكى بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايدۇ، دەپ ئويلىغانلىقىنى تەپسىلىي يازغانىدى. بۇرۇن ئۇ كارلانىڭ بەختىنى كۆپرەك ئويلاپ، ئۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈپ كەتكەنىدى. ئەمدى بىلدىكى، ئۇ ـــ كارلا ـــ ئەر ـ خوتۇنلۇق تۇرمۇشتىمۇ ئوخشاشلا بەختلىك بولالايدىكەن، ئەمدىكى ئۇنىڭ بىردىنبىر ئۈمىدى كارلانىڭ بۇ قېتىم ئۆيىدىن قېچىپ چىققانلىقى ۋە ھېسسىياتىدىكى داۋالغۇشلارنىڭ ئۇنىڭ ھەقىقىي ھېسسىياتىنى، بەختىنى تېپىۋېلىشىغا ياردىمى بولۇش، ئېرىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان مۇھەببىتىنىڭ ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىگە سەۋەب بولغان پاك كۆڭلىدەك پاك بولۇشى ئىدى.

ئۇ خېتىدە يەنە ئەگەر كارلا بۇنىڭدىن كېيىن ئۆزى بىلەن كۆرۈشمەسلىك ئارزۇسىدا بولۇپ قالسىمۇ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ بۇ كۆڭلىنىمۇ چۈشىنىدىغانلىقىنى، ئەگەر كارلا ئۇنداق خىياللاردا بولماي، تۇرمۇشتىكى قىيىنچىلىقلىرىغا بىر مەزگىل ياردەم بېرەلەيدىغان بولسا، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن مەڭگۈ مىننەتدار بولىدىغانلىقىنى دېگەنىدى.

مېنىڭ قارىشىمچە، بۇ ئىشلارنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ، ئەڭ ھەيران قالارلىق ئىش فلورانىڭ توساتتىن پەيدا بولۇپ قېلىشى. بۇنى ئاجايىپ بىر مۆجىزە دېيىشكىمۇ بولىدۇ، شۇنىڭغىچە ئۇ نەلەرگە يۇردى؟ نېمە ئۈچۈن دەل شۇ چاغنى تاللاپ تۇرۇپ پەيدا بولۇپ قالدۇ؟ بۇ ئەھۋالنى

ئېرىڭ بەلكىم ساڭا سۆزلەپ بەرگەندۇ، ئىككىمىز ئۇ چاغدا بالكوندا تۇرۇپ پاراڭلىشىۋاتاتتۇق. مەن — تالاغا قاراپ تۇراتتىم — بىرىنچى بولۇپ ئاپپاق بىر نەرسىنى كۆردۈم. ئۇ نەرسە قاراڭغۇ كېچىدە بىز تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. بۇ ئەلۋەتتە، تۇماننىڭ بىزگە بېرىۋاتقان تەسىرى بولۇشىمۇ مۇمكىن، ئەمما شۇنچىلىك قورقۇنچلۇق ئىدى. مەن شۇ چاغدا قاتتىق قورقۇپ كېتىپ، خۇددى جىن چاپلاشقاندەك چىرقىراپ كەتكەن ئوخشايمەن. دېمىسىمۇ جىن چاپلاشقاندەكلا بىر ئىش بولدى. مەن ئۆزۈمنىڭ شۇ چاغدا قاتتىق قورقۇپ كەتكەنلىكىمگە ئىقرار. چوڭ ئادەملەر تۇرۇپ ھەر ئىككىمىز بەكلا قورقۇپ كەتتۇق. مىنۇت ئۆتمەي تۇمان ئىچىدىن سىلەر يوقىتىپ قويغان فلورا چىقىپ كەلدى.

ماڭا بۇ ئىش پەۋقۇلئاددە سەۋەبلەردىن يۈز بەرگەندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. مەن ئەلۋەتتە فلورانىڭ ئادەتتىكى بىر ھايۋان ئىكەنلىكىنى بىلىمەن، كۈيلەپ قالغانلىقى ئۈچۈن بېشى قايغان تەرەپكە كەتكەن بولۇشى مۇمكىن. مۇشۇ نۇقتىدىن ئالغاندا ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشى بىز ئىنسانلارنىڭ تۇرمۇش ئادىتى بىلەن قىلچە مۇناسىۋەتسىز. ئەمما، ئۇنىڭ ئاشۇنداق بىر چاغدا قايتىپ كېلىشى سىنىڭ ئېرىڭ بىلەن ماڭا قاتتىق تەسىر قىلدى. ئۆچمەنلىك تۈپەيلىدىن ئىككى تەرەپ بولۇپ كەتكەن ئىككى ئادەم بىرلا ۋاقىتتا بىرلا ئەرۋاھقا يولۇقۇپ قالسا، ياق، قورقۇپ كەتسە، ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆزلىرى بىلمەيلا بىر باغلىنىش پەيدا بولۇپ قالىدىكەن ھەم ئويلاپ باقمىغان ئاشۇنداق بىر ئىش تۈپەيلى ئەپلىشىپمۇ قالىدىغان ئىشلار بولىدىكەن. بۇ مېنىڭ كىشىلىك ھاياتىنىڭ ئوتتۇرىلىقى نۇقتىسىدا تۇرۇپ چىقارغان يەكۈنۈم، ئاخىرىدا ئىككىمىز كونا دوستلاردەك خوشلاشقان بولدۇق، فلورا بىزنىڭ ھاياتىمىزدا پەرىشتىنىڭ رولىنى ئوينىدى. بەلكىم سىنىڭ ئېرىڭ بىلەن سىنىڭ تۇرمۇشۇڭدىمۇ مۇشۇنداق ئىشلار يۈز بەرگەن بولغىيدى.

ساڭا ئەڭ ياخشى تىلەكلەرنى تىلەپ: سىلۋىيە جامىزون

كارلا خەتنى ئوقۇپ بولۇپ پۇرلىۋەتتى، ئاندىن ئاتنىڭ ئوقۇرىغا تاشلاپ سەرەڭگە چېقىپ كۆيدۈرۈۋەتتى. ئوتنىڭ

ئۈستىگە ئۆرلەپ چىقىۋاتقان يالقۇندىن ئادەمنىڭ قورققۇسى كېلەتتى. كارلا تورۇبىنى ئېچىپ، كۆيۈپ بولغان خەتنىڭ كۈلىنى ئوقۇردىن گۈرجەك بىلەن ھېچنېمىسىنى قويماي ئېلىپ چېلەككە سېلىپ ئۈستىگە سۇ قۇيدى، ئاندىن سۇنى ئېرىققا ئاپىرىپ تۆكۈۋەتتى. ئۇنىڭ بىرىنچى قىلغان ئىشى مۇشۇ بولدى.

شۇ بىر كۈننىڭ ئىچىدىكى قالغان ۋاقىتتا پەقەتلا بوش ۋاقتى بولمىدى. ئىككىنچى، ئۈچىنچى كۈنلىرىمۇ شۇنداق ئۆتتى. بۇ كۈنلەردە ئىككى گۇرۇپپا ئادەمنى سىرتقا ئاچىقىپ ئات مىنىشنى ئۆگەتتى، باللارغا ئايرىم ھەم كوللېكتىپ بويىچە دەرس ئۆتتى. كەچتە كلاك باغرىغا باسقاندا — ئۇ ھازىر ھەرقانچە ئالدىراش بولسىمۇ ئۆزىدە ئاززاقمۇ ھارغىنلىق ۋە خۇشياقماسلىق ھېس قىلمايدىغان بولۇپ قالغاندى — ئۇنىڭغا ياخشى ماسلىشىپ بەردى. ھازىر ئۇ بۇ ئىشتا بۇرۇنقىدەك قىيىنچىلىق ھېس قىلمايدىغان بولۇپ قالغاندى.

يېقىندىن بۇيان كارلانىڭ ئۆپكىسىنىڭ بىر يېرى يىڭنە تىققاندەك ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغاندى. يېنىك تىنغانلىرىدا ئاغرىقنى سەزمەيتتى، چوڭقۇرراق نەپەس ئېلىشقا توغرا كەلگەن چاغلاردا يىڭنە تىققاندەك ئاغرىيدىغان ئاغرىق شۇ ئان باشلىنىپ، ئۇنىڭغا ئۇ ئاغرىقنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى تېزلا ھېس قىلدۇراتتى.

سىلۋىيە ئۆزى دەرس ئۆتۈۋاتقان ئالىي مەكتەپنىڭ ئىچىدىن بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ شۇ يەردە تۇرىدىغان بولدى. ئۆزىنىڭ بۇرۇن تۇرغان ئۆيىنى سېتىۋېتىدىغان پىلانى يوق ئىدى، شۇڭا ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئۆي ساتىدىغان ئېلان تاختىسى كۆرۈنمەيتتى. لېئون جامىزون ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ بىر موكاپاتقا ئېرىشكەنلىكى توغرۇلۇق گەپلىرىمۇ بولغاندى — بۇ توغرۇلۇق گېزىتلەرگە خەۋەرمۇ بېرىلگەن — كېيىن ئۇ گەپلىرىمۇ يوقاپ

كېتىپ ھېچقانداق ئۆچۈرى بولمىدى.

قۇرغاق ئالتۇن كۈز پەسلىمۇ يېتىپ كەلدى ــ بۇ ئادەمگە ئىلھامبەخش ئېتىدىغان، بىر يىللىق ئەمگەكنىڭ ھوسۇلىنى يىغىدىغان پەسىل ئىدى ــ كارلا ھازىر ئۆپكىسىنىڭ ئۇ ئاغرىقىغا كۆنۈپمۇ قالدى، بۇرۇنقىدەك ئۇ دەرىجىدە قاتتىق ئاغرىيمۇ كەتمەيتتى. شۇڭا، ئاغرىقتىن پەيدا بولغان قورقۇنچىمۇ بۇرۇنقىدىن بېسىلىپ قالدى. ھازىر ئۇنىڭ يۈرىكىدە پەقەتلا چىقىپ كەتمەيدىغان، تارتىش كۈچى كۈچلۈك يوشۇرۇن بىر خىيال يۈرىكىنىڭ تېگى ـ تېگىگە مەڭگۈگە ئورناپ كەتكەن بىر خىل قىزىقىش مەۋجۇت ئىدى.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ يىراقلارغا نەزەر سالغانلىرىدا، ئۆزىنىڭ بارار يېرىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋاتقاندەك بولاتتى. بىر كۈنلۈك ئىشلىرىنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، گۈگۈم مەھەلدە ئورمانلىق تەرەپكە، تازغۇنلار دائىم قونۇپ تۇرىدىغان ئاشۇ قۇرۇق دەرەخكە قاراپ ئاستا ماڭاتتى.

ئۇ يەردە ئوت ـ چۆپلەرنىڭ ئارىسىدا چىچىلىپ ياتقان مەينەت ئۇششاق ئۇستىخانلارنى كۆرەتتى. ئەنە ئاۋۇ ھايۋاننىڭ تۇمشۇقىدا ھازىرمۇ ئۆزى يېگەن ئۇششاق ھايۋانلارنىڭ قانلىرىنىڭ داغلىرى ھەتتا تېرىسى ساقلىنىپ قالغاندۇ؟ ئۇنى چاي ئىستاكانىنى كۆتۈرگەندەك بىر قولىدا كۆتۈرۈپ قاراپ باقسا قانداق بولار؟ شۇ چاغدا ئۇ كاللىنىڭ نېمىنىڭ كاللىسى ئىكەنلىكىنى ۋە كاللىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى ئاشۇ قولى بىلەن بىلەلەيتتى.

بەلكىم ئۇ ئويلىغاندەكمۇ بولماس، ئۇ كاللىدا ھېچنېمە يوقتۇ.

باشقا ئەھۋاللارمۇ يۈز بېرىپ قېلىشى مۇمكىن. مەسىلەن، فلورانى دەيلى، ئۇنى ئۇ ھەيدىۋېتىشى ياكى ماشىنىسىنىڭ كەينىگە باغلاپ يىراق بىر يەرگە ئاپىرىۋېتىشى مۇمكىن. يا

بولمىسا ئۇنى ئەڭ دەسلەپتە تېپىۋالغان يەرگە ئاپىرىپ قويۇۋەتسىمۇ بولىدۇ، يەنە قايتىپ كېلىپ ئۇزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىدىن دېرەك بەرمىسىلا بولدى.

ئۇنىڭ بۇ يەردىن كېتىشى مۇمكىن ئەمەس.

كۇنلەر بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ، كالا ئۆزى ئويلىغان تەرەپكە كەتمىدى، ئۇ يەرنىڭ قىزىقتۇرۇشلىرىغا تاقابىل تۇرۇپ ياشاپ كېلىۋاتىدۇ.

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بىردىنبىر بىكەت

# پۈرسەت

1965 - يىلى 6 - ئاي ئەمدىلا يېرىملاشقاندا توررېنس ياتاقلىق مەكتىپىنىڭ ئىككىنچى مەۋسۇملۇق ئوقۇشى ئاياغلاشتى. جۇلىيېت رەسمىي ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىنماي — ئۇ ۋاقىتلىق بېرىۋاتقان دەرسىنىڭ ئەسلىدىكى مۇئەللىمىنىڭ سالامەتلىكى ئەسلىگە كەپتىكەن — ئۆيىگە قايتىپ كېتىشكە مەجبۇر بولۇپ قالدى. ئۇ ئالدى بىلەن، ئۆزىنىڭ گېپى بويىچە، ئۇ يەر - بۇ يەرنى ئازراق ئايلىنىپ دېڭىز بويىدا تۇرۇۋاتقان بىر دوستىنى كۆرۈپ كەلمەكچى بولدى.

بىر ئاينىڭ ئالدىدا ئۇ بىر مۇئەللىم بىلەن — ئۇ مۇئەللىمنىڭ ئىسمى جوئاننىتا، پۈتۈن مۇئەللىملەرنىڭ ئىچىدە جۇلىيېت بىلەن بىردىنبىر قۇرداش ئايال ھەم ئۇنىڭ يېقىن دوستى — «ھىرو شىمادىكى مۇھەببەت» دېگەن كىنونى قايتا قويۇلغاندا بىللە كۆرگەنىدى. كىنونى كۆرۈپ چىققاندىن كېيىن ئۇ جۇلىيېتقا ئۆزىنىڭمۇ كىنودىكى ئايالغا ئوخشاش خوتۇنى بار بىر ئەرنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بىر ئوقۇغۇچىسىنىڭ دادىسى ئىكەن. جۇلىيېتمۇ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭمۇ ئۇنىڭكىگە ئوخشاپ كېتىدىغان بىر ئەھۋالغا دۇچ كەلگەنلىكىنى، ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ ئايالى كارىۋاتتىن چۈشەلمىگۈدەك دەرىجىدە ئېغىر كېسەل بولغانلىقى ئۈچۈن بۇ ئىشنى ئاخىرىغا چىقارمىغانلىقىنى، ئۇ ئايالنىڭ مېڭىسىدە ئۆسمە پەيدا بولۇپ قېلىپ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. جوئاننىتا ئارىلاشقان ئادەمنىڭ ئايالىمۇ مېڭە كېسىلى بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنىكەن. جوئاننىتانىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ ئەر

ئىنتايىن قۇۋۋەتلىك بولۇپ، جوئاننىنىڭ مەكتەپتىن ئايرىپ باشقا ياققا ئېلىپ كەتكۈدەك بىگسى بار ئىكەن.

ئۇزاق ئۆتمەي، بىر تىيىنغا يارىمايدىغان ئۇ ـ بۇ گەپلەرنىڭ يېرىمى توقۇلغان ئۇ ھېكايە سەۋەب بولغاندەك، جۇلىيېتقا بىر پارچە خەت كېلىپ قالدى. كونۋېرت بىرسىنىڭ يانچۇقىدا ئۇزاق، تۇرۇپ كەتكەندەك پۇرلىشىپ، كىرلىشىپ كەتكەنىدى. كونۋېرتنىڭ ئۈستىدە «B.C ئۆلكىسى ۋانكوۋېر شەھىرى، ماركېر كوچىسى 1482 ـ نومۇر، توررېنس مەكتىپىدىكى جۇلىيېتقا (مۇئەللىم) تېگىدۇ» دېگەن خەتلەر تۇراتتى. مەكتەپ مۇدىرى جۇلىيېتنى چاقىرتىپ كىرىپ، ئۇنىڭغا:

ــ پەرىزىمچە بۇ خەت سىزنىڭ، قىزىق يېرى فامىلىڭىزنى يازماپتۇ، بىلمىسە كېرەك، ئەمما ئادرېس توغرا. ئادرېس دېگەن مەكتەپ تىزىملىكىنى ئاختۇرسا چىقىدىغان نەرسىغۇ، توغرىمۇ؟ ــ دېدى.

جۇلىيېت خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى:

سۆيۈملۈك جۇلىيېت، مەن سىز ئىشلەۋاتقان ئۇ مەكتەپنىڭ ئىسمىنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىكەنمەن. ئەمما، بىر كۈنى تۇيۇقسىز مەكتىپىڭلارنىڭ ئادرېسى يادىمغا كەلگەندەك بولۇپ، تەۋەككۇللا خېتىمنى يېزىپ مۇشۇ ئادرېس بويىچە ئەۋەتىپ باقايچۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم. مەن سىزنىڭ ھازىرمۇ شۇ مەكتەپتە ئىشلەۋاتقان بولۇشىڭىزنى بەكمۇ ئۈمىد قىلىمەن. بۇ مەۋسۇم ئاياغلاشمىغانلا بولسا سىز ھازىر ئاشۇ مەكتەپتە ئىشلەۋاتقان، ئىستېپا بېرىپ چىقىپ كەتمىگەن بولىسىز. ئوقۇتقۇچىلىق ئېغىر ئەمگەك بولسىمۇ، ئەمما مەن سىزنىڭ شاختىن ـ شاخقا قونۇپ يۈرىدىغان ئادەملەردىن ئەمەسلىكىڭىزگە ئىشىنىمەن.

سىز بىزنىڭ غەرب تەرەپتىكى دېڭىز بويلىرىنىڭ ھاۋاسىنى ياخشى كۆرەمسىز، قانداق؟ ئەگەر ۋانكوۋېردا يامغۇر كۆپ ياغىدۇ دەپ ئويلىسىڭىز ۋانكوۋېرنىڭ يامغۇر ياغمايدىغان چاغلىرىنىمۇ ئويلاپ قويۇڭ. ئۇنداق چاغلاردا بىزنىڭ بۇ يەر تولىمۇ گۈزەل، تېخىمۇ

يېقىملىق بولۇپ كېتىدۇ.

مەن سىزنىڭ كەچلىرى ئورۇندۇقتا تۆپتۆز ئولتۇرۇپ يۇلتۇزلارغا قاراپ كېتىدىغان ئادىتىڭىزنى پات ــ پات ئەسلەپ قالىمەن. قاراڭ، يۇلتۇز دېگەن خەتنى شوتا ① دەپ يېزىپ قويغىنىمنى، ھازىر كەچ بولۇپ يېتىپ ئۇخلايدىغان ۋاقتىم بولۇپ قالدى.

ئانداج يەنىلا شۇ ھالىتىدە تۇرۇۋاتاتتى، ساياھەتكە بېرىپ قايتىپ كەلسەم كۆزلىرىمگە بەكمۇ ئاجىزلاپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. بۇنى مەن ئىككى ــ ئۈچ يىلدىن بۇيانقى ئەھۋالىنىڭ ناچارلاپ قېلىۋاتقانلىقىنى كۈندە كۆرۈپ تۇرۇۋاتقىنىمدىنمۇ كۆرۈپ قالدىم.

بىرنەچچە كۈن ئۆتۈپ قارىسام كۆزلىرىمگە يەنە بۇرۇنقىدەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ.

مەن سىزگە ئوغلۇمنى كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ديانا② دا توختاپ ئۆتكەنلىكىم توغرۇلۇق گەپ قىلماپتىمەن. ئۇ بۇ يىل ئون بىر ياشقا كىردى، ئاپىسى بىلەن شۇ شەھەردە تۇرۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭدا خېلى جىق ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولغانلىقىغا دىققەت قىلىپ قالدىم.

مەن ئۆزۈمنىڭ سىلەرنىڭ ئۇ مەكتىپىڭلارنىڭ ئىسمىنى ئېسىمگە ئالالىغىنىمدىن تولىمۇ خۇشال، ئەمما سىزنىڭ فامىلىڭىزنى ھازىرغىچە ئېسىمگە ئالالماي كېلىۋاتىمەن. شۇنىڭ بىلەن مەن كونۋېرتنىڭ ئاغزىنى چاپلاپ سىرتىغا ئىسمىڭىزنىلا يېزىپ پوچتىغا سېلىۋەتتىم. خۇدايىم خېتىمنى ئۇنىڭغا يەتكۈزۈپ بېرەر دەپ ئويلىغانىدىم، دېگىنىمدەك بوپتۇ.

مەن سىزنى دائىم ئەسلەپ تۇردۇم.
مەن سىزنى دائىم ئەسلەپ تۇرىمەن.
سىزنى بىر مىنۇتمۇ خىيالىمدىن نېرى قىلمايمەن...

ئاپتوبۇس جۇلىيېتنى ئېلىپ ۋانكوۋېردىن ئات تاقىسى قولتۇقىغا يېتىپ كەلدى، ئۇ يەردىن ئۇ قاتقا ئۆتىدىغان پاراخوتقا چۈشۈپ، ئۇ قاتقا ئۆتكەندىن كېيىن چوڭ قۇرۇقلۇقتىن دېڭىزغا

① ئىنگلىزچىدىكى «يۇلتۇز» (star) دېگەن سۆز بىلەن «شوتا» (stair) دېگەن سۆز يېقىن بولۇپ، پەقەت ئاھاڭدىلا پەرقلىنىدۇ.
② ديانا ــــ كانادانىڭ ساسكاتچۋان ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى.

سوزۇلۇپ تۇرغان يېرىم ئارال بىلەن ماڭدىم. بىر يەرگە كەلگەندە يەنە پاراخوتقا چىقىپ، پاراخوت بىلەن بىردەم سۇدا ماڭغاندىن كېيىن قىرغاققا يېتىپ كېلىپ پاراخوتتىن چۈشۈپ، ئالدىن يۇقىرىدىكى خەتنى يازغان ئادەم تۇرۇشلۇق كىچىك بىر شەھەرگە يېتىپ كەلدىم. بۇ يەر كىت قولتۇقى دەپ ئاتىلاتتى، ئاپتوبۇس نىمىدىگەن تېز ماڭغان، بىردەمدىلا چوڭ شەھەردىن كەڭرى دالاغا جايلاشقان بۇ كىچىك شەھەرگە يېتىپ كەلدۇق. كۆلستار رايونىدىكى مەكتەپنىڭ چىملىقلىرى بىلەن باغلىرىدا بىر مەۋسۇم ياشىغانىدىم، ھاۋا ئوچۇق بولمىدىغانلا بولسا شىمالىي قىرغاقتىكى تاغ خۇددى سەھنىلەردىكى دېكوراتسىيەدەك ئاجايىپ چىرايلىق كۆرۈنەتتى. مەكتەپ قورۇسىمۇ بۈككىدە دەرەخلىك ئىدى، قورۇ تېمىنى بويلاپ تىكىلىپ كەتكەن بۇ دەرەخلەر شۇنچىلىك رەتلىك ھەم چىرايلىق ئىدى. تۆت پەسىلنىڭ ھەممىسىدە گۈللەر ئېچىلىپ تۇراتتى، ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئەتراپىدىكى بوش يەرلەر پۈتۈنلەي گۈللۈك، شۇنچىلىك كەڭ دائىرىنى قاپلىغان، بۇ گۈزەل ماكاندا تۈرلۈك - تۈمەن گۈل، ھەر خىل دەل - دەرەخلەر بار ئىدى. ئات تاقىسى قولتۇقىغا ئانچە يىراق بولمىغان يەردە تېخىمۇ چىرايلىق ئورمان كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بۇ يەر يەنە باغچىلارنىڭ گۈزەللىكىدىنمۇ زىيادە گۈزەل ئىدى، باغچىلاردىكى دەل - دەرەخ، گۈل - گىياھلارمۇ كۆزىڭىزگە ئاجايىپ چىرايلىق تاشلىنىپ تۇراتتى. ئۇ يەرلەردىكى شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرىدىغان سۇلار، قىيا تاشلار، قەدىمىي دەرەخلەر، قىيا تاشلار ئۈستىدىن ئېسىلىپ پەسكە ساڭگىلاپ تۇرغان ئۇزۇن پېلەكلەرمۇ سىزنىڭ دىققىتىڭىزنى تارتماي قالمايتتى. يىراقتىكى سۇلۇق يەرلەردە غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇرغان كونا ئۆيلەرنىڭ تۈرخۇنلىرىدىن كۆتۈرۈلۈپ تۇرغان ئىسلار، ھويلىلىرىدىكى كەسلەپ چىرايلىق تىزىپ قويۇلغان ئوتۇنلار، تۈرلۈك ياغاچلار، ماشىنىلارنىڭ ھەر خىل چاقلىرى، كوزۇپلىرى، كونىراپ ئارانلا مىنگىلى بولىدىغان بولۇپ قالغان

ۋېلىسىپىتلەر، بالىلارنىڭ ئويۇنچۇقلىرى ۋە ئۇ يەرنىڭ كىشىلىرى ماشىنا ئىسكىلاتلىرىنى، يەر ئاستى ئۆيلىرىنى ياسىمىغان چاغلاردا قويمىغان يېرى يوق تالاغا دۆۋىلەپ قويغان تۈرلۈك نەرسىلەر ئاجايىپ بىر كۆرۈنۈشلەردە كۆزگە كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئاپتوبۇس كېلىپ توختىغان بۇ بازار پىلانلاپ سېلىنمىغان يەردەك قىلاتتى، بىرنەچچە يەردە ئۇ يەرگە بىر توپ، بۇ يەرگە يەر بىر توپ سېلىنغان، ھەممىسىنىڭ شەكلى بىر خىل ئۆيلەر تۇراتتى، بۇ ئۆيلەرنى شىركەتلەر پىلان بويىچە سالغاندەك قىلاتتى. قالغان ئۆيلەر ئورمانىنىڭ ئىچىگە ئازادە قىلىپ سېلىنغان ئۆيلەردەك قورۇلىرى كەڭرى، ئىگىلىگەن يەرلىرىمۇ ھەر خىل، خۇددى ئالدىراشلا سېلىنغاندەك، ئارىلىقلىرىمۇ يىراق - يىراق ئىدى. ئوتتۇرىدىن ئېلىنغان چوڭ يولدىن باشقا ھەممە يوللار ئەگرى - بۈگرى توپا يوللار ئىدى، ئادەم ماڭىدىغان ئايرىم يوللار كۆرۈنمەيتتى. پوچتىخانا ياكى شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ئىشخانا ئۆيلىرى قىلغۇدەك بىرەرمۇ ئۆي، كۆزگە ئالاھىدە تاشلىنىپ تۇرىدىغان ياسىداق بىرەر دۇكان، ئۇرۇش خاتىرە ئۆيلىرى، فونتان، ئۇسسىغانلار سۇ ئىچىدىغان جۇمەك، گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان باغلار دېگەندەكلەرنىڭ بىرسىنىمۇ تاپقىلى بولمايتتى. ئارىلاپ مېھمانخانىلار كۆرۈنۈپ قالاتتى. لېكىن، ئىچىگە كىرسىڭىز بەئەينى قاۋاقخانىنىڭ ئۆزى ئىدى. زامانىۋى مەكتەپ ياكى دوختۇرخانىلارمۇ كۆزگە چېلىقىپ قالاتتى، پاكىز، چىرايلىق، ئەمما پاكار، ئادەملەر ئۆزى يېپىشۇالغان ئاددىي ياغاچ ئۆيلەرگىلا ئوخشايتتى.

بەزى چاغلاردا ـــ بولۇپمۇ ئىككىنچى قېتىم پاراخوت بىلەن ئۆتكەن چاغدا ـــ جۇلىيېتنىڭ كۆڭلى بۇ يەردىكى ئالامەتلەرنى كۆرۈپ بىر قىسمىلا بولۇپ قالدى.

مەن سىزنى دائىم ئەسلەپ تۇرىمەن.

سىزنى بىر مىنۇتمۇ خىيالىمدىن نېرى قىلالمايمەن.

بۇ بىر قىسىم ئادەملەر يەنە بىر قىسىم ئادەملەرنىڭ كۆڭلىگە تەسەللى بەرگەندە ياكى بىر ئادەم يەنە بىر ئادەمنى داۋاملىق ئۆزىگە رام قىلىپ تۇرۇش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلغاندا ئىشلىتىدىغان تەكەللۇپ سۆزلىرى ئىدى.

قانداقلا بولمىسۇن، كىت قولتۇقىدا بىرەر مېھمانخانا ياكى سومكىلىرىنى ئۆزلىرى كۆتۈرۈپ ساياھەت قىلىدىغانلار ياتىدىغان ئاددىي ياتاقخانىلار بولۇشى كېرەك ئىدىغۇ؟ ئۇ بۇگۈن نەدىمۇ ياتار؟ ئۇ ئۆزىنىڭ چوڭ سومكىسىنى قايتىپ كەلگەندە ئېلىۋالىمەن، دەپ مەكتەپكە قويۇپ قويغان، مۇرىسىدىكى بىرلا كىچىك ساياھەت سومكىسى بىلەن كەلگەن، بۇ يەردە پەقەت بىر كۈنلا قونماقچىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇنىڭغا تېلېفون بەرمەكچى بولدى. ئۇنىڭغا تېلېفوندا نېمە دەيدۇ؟

بۇ يەردە جوئاننىتا ئىسىملىك ئۆزى بىلەن بىر مەكتەپتە ئىشلىگەن بىر دوستىنىڭ يېنىغا كەلگەنلىكىنى — ئۇ دوستىنى قەيەردە دېدى؟ ھە راست، ئورمانلىقتا بىر ياغاچ ئۆيى بار ئىكەن، شۇ يەرگە ئۇنى كۆرگىلى بارغانلىقىنى — دەيدۇ. ئۇ دوستى ھېچنېمىدىن قورقمايدىغان، دالا تۇرمۇشىنى ياخشى كۆرىدىغان قىز (ئەمەلىيەتتە جوئاننىتا دەل ئۇنىڭ دېگىنىنىڭ ئەكسىچە قىز ئىدى. ئېگىز پاشنىلىق تۇپلىيىدىن ئايرىلمايتتى). ئۇ ياغاچ ئۆي كىت قولتۇقىنىڭ جەنۇبىدىكى ئانچە يىراق ئەمەس بىر يەردە ئىكەن. ئۇ يەرگە بېرىپ جوئاننىتا بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىپ كەپتۇ. جولىيېت شۇ خىياللارنى قىلىپ، ئاندىن ئۇنىڭ ئۆيى مۇشۇ يەردە ئىكەن، كۆرۈشسەم كۆرۈشۈپ باقمايمۇ، دەپ ئويلىدى...

قىيا تاش، ئورمان، ئېقىن سۇ، قار، ئالتە ئاينىڭ ئالدىدا مىلاد بايرىمى بىلەن يېڭى يىل بايرىمىنىڭ ئارىلىقىدىكى بىر كۈنى، مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ، دەپ بىلگەن بۇ نەرسىلەر پويىزنىڭ دېرىزىسىدىن قارىغان ئادەمگە باشقىچە مەنزىرىدە كۆرۈنۈشكە



www.uyghurkitap.com

باشلىدى. قىياتاش ناھايىتى يوغان ئىدى، بەزى جايلىرى ئالدىغا ئۆسۈپ چىققاندەك، بەزى جايلىرى تۈز ھەم يۇمىلاق بولۇپ قالغاندەك، توق كۆل رەڭ بولمىسىمۇ قارا رەڭگە ئايلىنىپ قېلىۋاتقاندەك ئىدى. دەرەخلەرمۇ شۇنداق يوغان ھەم ئېگىز، قارىغاي، شەمشاد، كېدىر دەرەخلىرى كۆك بىلەن بوي تالىشىپ ياپپېشىل قەد كۆتۈرۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ شەمشاد — قارا شەمشاد — دەرىخىنىڭ ئەڭ ئۇچىدا يەنە بىر شەمشاد دەرەخ ئۆسۈپ چىققاندەك. ياق، ئۇلار يېڭى ئۆسۈپ چىققان ئەمەس. ئۇنىڭ شاخلىرى، يوپۇرماقلىرى يېشىللىقتىن قالغان دەرەخلەر خۇددى يالىڭاچلىنىپ قالغاندەك، بىرلا غوللىرى قېلىپ قالغاندەك تۇرۇپتۇ. ئۇلار سۇۋاردىن دەرەخلىرى بولسا كېرەك، بەزىلىرىنىڭ غوللىرىدا پوقاقلار پەيدا بولۇپ قاپتۇ، ئۇچلىرىدا قارلار مۇز تۇتۇپ قالغاندەك قىلىدۇ، غولىنىڭ شامالدىن دالدا تەرىپىدىمۇ قارنىڭ مۇز تۇتۇپ قالغان كۆرۈنۈشى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. چوڭ - كىچىك كۆللەرنىڭ يۈزلىرى نېپىز مۇز تۇتۇپ كېتىپتۇ، ئېقىن سۇنىڭ ئىتتىك ئاقىدىغان تار يەرلىرىدىكى يۈزىدە پەقەتلا مۇز يوق.

جۇلىيېتنىڭ تىزى ئۈستىدە بىر كىتاب ئوچۇق تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرى كىتابتا ئەمەس، يىراقتىكى تېز - تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان مەنزىرىلەردە، ئۆزى يالغۇز ئىككى كىشىلىك ئورۇندا ئولتۇرۇپتۇ، ئالدىدىكى قوش كىشىلىك ئورۇندا ھېچكىم يوق. كەچتە ئۇ ئورنىدىلا سوزۇلۇپ ياتسا بولىدۇ. پويىز خادىمى ئۇلارنىڭ ۋاگوندا بىر ئىشلار بىلەن ئالدىراش يۈرۈپتۇ، كېچىدە ئىشلىنىدىغان نەرسىلەرنى تەييارلاۋاتسا كېرەك، بەزى ئورۇنلاردىكى سىيرىتمىلىق لاتا پەردىلەرنىڭ بىر ئۇچى يەرگە تېگىپ قاپتۇ. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى بىربېزىنتەك — چېدىرنىڭ رەختىدەك قېلىن، بىر خىل پۇراق كېلىپ تۇرىدۇ، ئۇخلاش كېيىملىرى ياكى ھاجەتخانىدىن كېلىۋاتقان پۇراق بولسا كېرەك. ۋاگوننىڭ قايسى تەرىپىدىكى ئىشىكى بولسۇن، ئېچىلسىلا

قىشنىڭ ساپ ھاۋاسى گۈرۈلدەپ كىرىپ كېلىدۇ. ئەتىگەندە ناشتىلىق يېگىلى چىققان ئادەملەر ناشتىلىقىنى يەپ بولۇپ قايتىپ كىرىۋالغان، يېگىلى چىققانلار ئاشخانىغا قاراپ كېتىۋاتقان بىر مەزگىل.

قارلىق دالادىكى ئۇ ئىزلار كىچىك ھايۋانلارنىڭ ئىزلىرى بولسا، خېلى يەرگىچە داۋاملىشىپ بىر يەرلەرگە كەلگەندە يۇملاق بىر دائىرە پەيدا قىلىپ، ئاندىن يوقاپ كېتىۋاتىدۇ.

جۇلىيېت بۇ يىل يىگىرمە بىر ياشقا كىردى. ئۇنىڭ ياش تۇرۇپ كىلاسسىك ئەدەبىيات ئىلمى بويىچە باكلاۋۇر، ماگىستىر ئۇنۋانلىرىنى ئالغانلىقى ھەيران قالارلىق ئىش. ھازىر ئۇ دوكتورلۇقتا دىسسېرتاتسىيە ياقلاشقا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. شۇ ئارىلىقتا ئازراق ۋاقىت چىقىرىپ ۋانكوۋېردىكى بىر خۇسۇسىي قىزلار مەكتىپىدە لاتىن تىلىدىن دەرس بېرىۋاتىدۇ. ئۇ پېداگوگىكا دەرسى كۇرسلىرىدا ئوقۇغان ئەمەس، بىر مەۋسۇملۇق دەرسكە ئوقۇتقۇچى كەمچىل بولۇپ قالغاچقىلا مەكتەپ ئۇنى شۇ دەرسنى ئۆتۈپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان. ئۇلار ئېلان چىقارغاندا جۇلىيېتتىن باشقا بىرمۇ ئادەم ئۆزىنى مەلۇم قىلمىغاچقىلا ئۇنى قوبۇل قىلىپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. مائاشى يۇقىرى ئەمەس، بۇنداق مائاشقا مۇئەللىملىك سالاھىيەت كىنىشكىسى بار ھەرقانداق مۇئەللىم ئۇنىمايدۇ، جۇلىيېت كۆپ يىل جاپالىق ئوقۇغۇچىلىق ھاياتىنى بېشىدىن كەچۈرگەن بولغاچقا، قانچىلىك پۇل تاپسام شۇنچىلىكى ھېساب دەپ ئويلاپ مائاشى ئاز بولسىمۇ خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلغان.

ئۇ بويى ئېگىز، تېرىسى ئاق، ئۇستىخىنى كېلىشكەن، چاچلىرىنى چۇۋۇق تۇتماي، ئىخچام قىلىپ بوغۇۋالىدىغان قىز. چېچەن قىز ئوقۇغۇچىلارغا ئوخشاش يورۇشى بار، يول ماڭسا بېشىنى تىك تۇتۇپ ماڭىدۇ، بەدىنى يۇملاقراق كەلگەن، ئاغزى يوغان، لەۋلىرى نېپىز، بۇرنى ئازراق ئۇستىگە قاراپ تۇرىدۇ، كۆزلىرى نۇرلۇق، بېشىنىڭ ئۇستى كۆپ پىكىر قىلىدىغان،

ئۆگەنگەن نەرسىلىرىنى تېز قوبۇل قىلالايدىغان بولغاچقىمۇ نۇرلىنىپ تۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنۈۋاتىدۇ. ئۇنىڭغا دەرس بېرىدىغان بىرقانچە پىروفېسسور ئۇنى ئىنتايىن ياخشى كۆرىدۇ. مۇشۇ كۈنلەردە كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە قەدىمىي تىللارنى ئۆگىنىشنى ئۆزىگە كەسىپ قىلغان بولغاچقا، ئۇلار ئۇنىڭدىن شۇنچىلىك رازى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ئاجايىپ قابىلىيەتلىك قىز ـ دە. ئەمما، ئۇ قىز بالا بولغاچقا، ئۇلاردا ئەندىشىمۇ يوق ئەمەس. ئۇ توي قىلىپلا قالسا ــ بۇ تامامەن مۇمكىن. چۈنكى، ئايال ئالىملاردا يوق چىراي ئۇنىڭدا بار، ئاجايىپ چىرايلىق ــ ئۆزىنى ۋە ئۇلارنىڭ تىرىشىپ ئۆگەتكەنلىرىنى بىراقلا يوق قىلىۋاتىدۇ، ئەگەر توي قىلماي قالسا ھاكاۋۇرلىشىپ ھەم ئۆزى بىلەنلا بولىدىغان قىزغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن، ئۇنىڭ ئۈستىگە خىزمىتىنى ئۆستۈرۈشتە ئەرلەرگە يەتمەسلىكىمۇ رېئال ئەھۋال (ئەرلەر ئۆسۈشكە تېخىمۇ موھتاج. چۈنكى، ئۇلار بىر ئائىلىنى بېقىشى كېرەك). شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئەرلەرگە ئوخشاش كىلاسسىك ئەدەبىياتقا بولغان قىزىقىشلىرىنى تاللىشىنى ساقلاپ قالالماي، ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ بۇ زېرىكىشلىك ھەم كۆپ ئىشلەنمەيدىغان پەن، دەيدىغان قاراشلىرىنى قوبۇل قىلىپ بۇ پەندىن ئايرىلىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن. ئاز ئادەم قوبۇل قىلالايدىغان بۇنداق غەلىتە پەنلەر بىلەن ئەرلەر شۇغۇللانسا، چوڭ مەسىلە بولمايدۇ. نۇرغۇنى ئۆزىگە تېگىشنى خالايدىغان قىزلارنى تاپالايدۇ، ئاياللارغا بولسا قىيىن.

شۇڭا، ئۇنىڭغا مۇئەللىملىك قىلىدىغان ئىش چىققاندا، باشقىلار، بۇ خىزمەتنىڭ ساڭا بولغان پايدىسى كۆپ، سىرتقى دۇنيا بىلەن ئۇچرىشىپ ھەقىقىي تۇرمۇشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىپ يېتەلەيسەن، دېيىشىپ، ئۇنى ئۇ خىزمەتنى قوبۇل قىلىشقا ئالدىراتتى.

بۇنداق گەپلەرنى ئۇ كۆپ ئاڭلاپ كەتكەن ھەم ئۈمىدسىزلەنگەن، چۈنكى بۇنداق نەسىھەتلەرنىڭ نۇرغۇنى

ئەرلەردىن كېلەتتى. ئۇلار خۇددى ھەقىقىي دۇنيانىڭ ئىچىدە نۇرغۇن زىيانلارنى تارتقان ئادەملەردەك گەپ قىلىشاتتى. جۇلىيېت چوڭ بولغان بۇ بازاردا ئۇنىڭ سەۋىيەسى توكۇر ياكى بىر بارمىقى ئارتۇق ئادەملەر مەسىلىگە كىرەتتى، كىشىلەر ئەقىل بىلەن بىللە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدىغان كەمچىلىكلەرنى ناھايىتى تېز كۆرسىتىپ بېرەلەيتتى، شۇلارنىڭ بىر مىسالى جۇلىيېت ئىدى، چۈنكى ئۇ ئەقىللىك بولغىنى بىلەن كىيىم تىكىش ماشىنىسىنى ماڭدۇرالمايتتى، ھەتتا ئۆزىنىڭ نەرسە ـ كېرەكلىرىنى ئوڭلاپ تاڭالمايتتى، تېخىمۇ ئېنىقراق ئېيتساق، ئىچ كۆڭلىكىنىڭ بىر يەرلىرىنىڭ كۆرۈنۈپ قالغانلىقىنىمۇ بىلمەي يۈرۈۋېرەتتى. بۇنداق بىر قىز كەلگۈسىدە قانداق بىر ئادەم بولۇپ چىقىدۇ؟ بۇ بىر مەسىلە ئىدى.

ھەتتا ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇنىڭدىن پەخىرلەنسىمۇ ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى كەمچىلىكلىرىدىن ئەنسىرىمەي تۇرالمايتتى. ئانىسى ئۇنىڭ ئادەملەر بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىشىنى ئارزۇ قىلاتتى، شۇڭا ئۇنىڭغا مۇز تېيىلىشنى، پىيانىنو چېلىشنى ئۆگەتمەكچى بولاتتى، ئەمما جۇلىيېت ئۇ ئىشلارنى ئۆگىنىشنى خالىمايتتى ھەم ياخشى ئۆگەنمىگەنىدى. دادىسىمۇ ئۇنىڭ كىشىلەر بىلەن، جەمئىيەت بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈشىنى، ئارىلاشسا ئۇلارنىڭ ئۇنى قوبۇل قىلىدىغانلىقىنى، بولمىسا ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى مالىماتاڭ قىلىۋېتىدىغانلىقىنى سۆزلەپ تۇراتتى.

مېنىڭ كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم يامان ئەمەسقۇ، دەپ ئويلىدى جۇلىيېت. بۇ خىيالنى ئۇ ئالىي مەكتەپكە كەلگەندىن كېيىن قىلدى، كىلاسسىك ئەدەبىيات فاكۇلتېتىدىكىلەر بىلەن ناھايىتى ياخشى ئۆتۈۋاتىمەن. بۇ جەھەتتە مەندە ھېچقانداق مەسىلە يوق.

لېكىن، ئۇزاققا قالماي بۇ يەردىمۇ ئاشۇنداق سادالار ئاڭلىنىشقا باشلىدى، يەنە كېلىپ بۇ سادالار ئۇنىڭ

ئوقۇتقۇچىلىرىدىن كەلگەنىدى. ئۇلار ئىزچىل ھالدا ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىپ، ئۇنى ماختاپ كېلىۋاتاتتىغۇ؟ لېكىن، ئۇلارنىڭ ماختاشلىرى ئەندىشىلىرىنى ياپالماي كېلىۋاتاتتى. ئۇلارمۇ ئۇنى، خۇددى ئۇنىڭ بۇرۇندىن ياشاپ كېلىۋاتقان يېرى جەمئىيەت ئەمەستەك جەمئىيەتكە يۈزلىنىڭ، دەيدىغان بولۇۋالدى.

مەيلى قانداقلا بولمىسۇن، ئۇ ھازىر پويىزنىڭ ئۈستىدە خۇشال كېتىۋاتاتتى.

Taiga[①] دەپ ئويلىدى ئۇ. ئۇ سۆزنى ئۆزى كۆرۈپ ئولتۇرۇۋاتقان مەنزىرىلەرگە ئىشلەتكىنى توغرا بولدىمۇ يوق، بىلمەيتتى، ئۆزىنى رۇسلارنىڭ بىر رومانىدىكى بىر قىزغا مەلۇم جەھەتتىن ئوخشاپ قالىدىغاندەك ئويلايتتى. ئۇ قىز ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ، ئۆزى پەقەتلا كىرىپ باقمىغان، قورقۇنچلۇق ھەم ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان بىر ئورمانغا كىرىپ قالىدۇ. كەچ كىرگەندە ئورماندىكى بۆرىلەر كېچىچە ھۇۋلاپ توختىمايدۇ، قىزنىڭ ھاياتى خەۋپ ئىچىدە قالىدۇ، ئۇ — رۇسلارنىڭ رومانىدىكى ئاشۇ قىز — ئۆزىنىڭ تەقدىرىنىڭ ئېچىنىشلىق ئاقىۋەتكە، ئېغىر روھىي ئازابقا قېلىشلىرى بىلەن كارى بولمايدۇ، ئىككىلا ھالەت ئۇنىڭغا يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلايدۇ.

قىسقىسى، ئۇنىڭ ئۇچۇن شۇ تۇرقىدا بىر شەخسنىڭ تەقدىرى بەكمۇ مۇھىم ئەمەس ئىدى، ئۇنى جەلپ قىلىدىغىنى — ئۇنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرۇۋاتقىنى — باياتىندىن بېرى ئۆزى كۆرۈپ ئۆتكەن تاغلار، دەريالار، شۇلاردىن ئېلىۋاتقان تەسىرلىرى ئىدى، كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ياخشى ئۆتۈش جەمئىيەتكە يۈزلىنىشنىڭ مۇھىملىقى دېگەنلەر خىيالىغا كىرمەيتتى.

بىر چاغدا غەلىتە بىر سايە كۆزىگە كۆرۈنگەندەك بولدى، ئارقىدىنلا ئۇزۇن ئىشتان بىر پۇت كۆرۈنگەنىدى، ئۇ ئاستا ـ

① Taiga — ئىنگلىزچىگە رۇسچىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، سوغۇق بەلباغدىكى تىكەن يوپۇرماقلىق ئورمانغا قارىتىلغان.

ئاستا نەزىرىنى شۇ تەرەپكە يۆتكىدى.
— بۇ ئورۇندا ئادەم بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ پۇتىنىڭ ئىگىسى.
ئادەم يوقلۇقى ئېنىق تۇرسا ئۇ نېمىمۇ دېيەلەيتتى.
جۇلىيېت بېشىنى كۆتۈرۈپ، شىۋەككە ئوخشايدىغان ئاياغنى، سېرىق رەڭ كەڭ بىر ئىشتاننى، سېرىق قوڭۇر ئارىلاش قىسقا چاقماق چاپاننى، كۆك بىلەن سېرىق ئارىلىشىپ كەلگەن گالىستۇكنى كۆردى. بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى — ئاياغدىن باشقا — يېڭى، ئەمما ئازراق چوڭ، خۇددى قىزىقىپ سېتىۋېلىپ، ئۆيگە ئەكېلىپ كىيگەندىن كېيىن چوڭلۇقى مەلۇم بولۇپ، ئۆزى ئۇ كىيىملەرنىڭ ئىچىدە كولدۇرلاپ قالغاندەك ئىدى.
ئۇ ئەللىك ياشلاردا بار، سېرىق چاچلىرىنى بېشىنىڭ بىر تەرىپىگە چاپلاپ تارىۋالغانىدى (ئۇ بويالغان چاچلار ئەمەستۇ، شۇنداقمۇ شالاڭ ئۇ بىرنەچچە تال چاچنى قانداق بويىغىلى بولسۇن؟). ئەمما، كىرپىكلىرىنىڭ رەڭگى قويۇق سېرىق رەڭدە ھەم ئۇزۇنراق، يۈزىدە مۇدۇر - چوقۇرى كۆپ، تېرىسىنىڭ قېلىنلىقى قېلىن تۇتقان قايماقتەك، ئۇ شۇنچىلىك سەتمىدۇ؟ ھەقىقەتەن شۇنداق. سەتلىكى سەت. سەت بولسا نېمە بوپتۇ، جۇلىيېتنىڭ نەزىرىدە يېشى ئۆزىنىڭ يېشى بىلەن تەڭ نۇرغۇن يىگىتلەرنىڭ چىرايى ئۇنىڭكىدىنمۇ سەتقۇ؟ شۇڭا، ئۇ كەلگۈسىدە بۇ ئادەمنى بەك سەت ئادەملەر قاتارىدا كۆرمەيدىغاندەكمۇ قىلاتتى.
ئۇ ئادەم بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قارىۋىدى، قاپىقى ئۈستىگە كۆتۈرۈلۈپ، دائىم ياشلىنىپ تۇرىدىغان سۇس كۆك كۆزلىرى خېلىلا يوغان كۆرۈنۈپ كەتتى، جۇلىيېتقا دوستانە بىر ئىپادىنى كۆرسەتكەندەك بولدى. ئۇ ئادەم جۇلىيېتنىڭ ئۆدۈلىدىكى بوش ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇرۇپ:
— سىرتتا كۆرگۈدەك چىرايلىق مەنزىرىلەرمۇ يوق ئىكەن، —

دېدى.

— شۇنداق، — دەپ قويدى جۇلىيېت كۆزلىرىنى تىزلىرى ئۈستىدىكى كىتابقا تىكىپ.

— ھىم، — دەپ قويدى ئۇ خۇددى ئىش ئۆزىنىڭ پايدىسىغا قاراپ تەرەققىي قىلىۋاتقاندەك، — سىزنىڭ بارىدىغان يېرىڭىز يىراقمۇ؟

— ۋانكوۋېر.

— مەنمۇ شۇ يەرگە بارىمەن. ئۇ يەرگە بارغۇچە بۇ دۆلەتنى ئوتتۇرىدىن يېرىپ ماڭىدىغان گەپ ئىكەن. شۇنداقتىمۇ كېرەك يوق، شۇ باھانىدە نۇرغۇن يەرلەرنى كۆرۈۋالىدىكەنمىز.

— ھىم.

ئۇ ئادەم گەپتىن توختاپ قالاي دېمەيتتى.

— سىز ۋانكوۋېردا ئىشلەمسىز؟

— شۇنداق.

— مېنىڭ ئۆيۈم تورونتودا، ئۆمرۈم بويى شۇ يەردە تۇرۇپ كېلىۋاتىمەن، سىزنىڭ ئۆيىڭىزمۇ شۇ يەردىمۇ؟

— ياق، — دېدى جۇلىيېت، ئاندىن يەنە كىتابقا قاراپ ئولتۇرۇۋالدى ۋە ئامال بار گەپ قىلىشمايدىغان جىمجىت مۇھىتنى ئۇزاقراق داۋاملاشتۇرۇشقا تىرىشتى. لېكىن، بەزى ئامىللار ۋە كىچىك ۋاقىتىدىن تارتىپ ئېلىپ كېلىۋاتقان ئائىلە تەربىيەسى ئۇنى خىجىللىققا سېلىپ قويۇۋاتاتتى. خۇددا ئۇنىڭ دىلىغا سالدىمۇ، قانداق، ئۆزىنىڭ يۇرتى بار شەھەرنى ئۇنىڭغا دەپ بەردى، ئارقىدىنلا ئۇ يەر جايلاشقان يەرنىمۇ، بىرقانچە شەھەر بىلەن بولغان ئارىلىقلىرىنىمۇ قويماي سۆزلەپ كەتتى. ئۇ يەر شۇرۇن كۆلى بىلەن گېئورگىيە قولتۇقىنىڭ قارىشىسىغا جايلاشقان يەردە ئىدى.

— مېنىڭ كوللىنىۋود ئۆلكىسىدە بىر تۇغقىنىم بار، ئۇ تولىمۇ ياخشى جاي، سىلەرنىڭ يۇرتۇڭلار تەرەپتىرەك. ئۇ يەرگە مەن ئاشۇ تۇغقىنىمنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنى يوقلاپ بىرنەچچە

قېتىم بارغان. سىز ئۆزىڭىز يالغۇز سەپەرگە چىققان ئوخشىمامسىز؟ ماڭا ئوخشاش؟

ئۇ بىر قولى بىلەن يەنە بىر قولىغا ئۇرۇپ تۇرۇپ گەپ قىلاتتى.

— شۇنداق، — دەپ قويدى جولىيېت، ئەمما ئىچىدە، بەس ئەمدى گەپ قىلماڭ، دەپ ئويلىدى.

— مېنىڭ ئۆزۈم يالغۇز ئۇزاق سەپەرگە چىقىشىم مۇشۇ بىرىنچى قېتىم.

جولىيېت ئۇنىڭ بۇ گېپىگە جاۋابەن ھېچنېمە دېمىدى.

— بايام مەن سىزنىڭ يالغۇز كىتاب ئوقۇپ ئولتۇرغىنىڭىزنى كۆرۈپ، بۇ ياقتا ئۆزى يالغۇز ئۇزاق سەپەرگە چىققان ئوخشايدۇ. نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ھەمراھ بولۇپ ماڭمايمەن، دەپ ئويلاپ قالدىم.

جولىيېتنىڭ ئۇنىڭ، نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ھەمراھ بولۇپ ماڭمايمەن، دېگەن گېپىنى ئاڭلاپ، بىردىنلا تېنى جۇغۇلداپ كەتتى. ئۇ بۇ ئادەمنىڭ بۇ گەپنى ئۆزىنى قولغا كەلتۈرۈش مەقسىتىدە دېمەيۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. بەزىدە ئادەم كۆپ گەپ قىلمايدىغان، يالغۇز يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان، جەلپكارلىقى يوق ئەرلەر بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. ئۇلار ئۇنى بىلسۇن دېگەندەك قىلىپ ئۇنىڭغا ئوچۇقلا ئۆزىنىڭمۇ ئۇنىڭغا ئوخشاش تىپتىكى ئادەم ئىكەنلىكىنى دېيىشىدۇ. بۇ ئادەم ئۇنداق ئادەملەردىن ئەمەس ئوخشايدۇ ھەم ئۇنداق گەپلەرنىمۇ قىلمىدى. ئۇنىڭغا بىر دوست كېرەك، ئايال دوست ئەمەس، يولدا پاراڭلىشىپ ماڭغۇدەك يولداش بولسا بولغۇدەك.

بەلكىم باشقا نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنىمۇ غەلىتە، يالغۇز يۈرۈشنى ياخشى كۆرىدىغان قىز، دەپ ئويلاپ قېلىشى مۇمكىن. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۇمۇ شۇنداقراق قىز ئىدى. ئەمما، ھاياتىنىڭ كۆپىنچە چاغلىرىدا ئۆزىنى كۆپ ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا قىلىۋاتقاندەكمۇ ئويلاپ قالاتتى. ئۇ ئادەملەر ئۇنى ئۆزلىرىگە ئاز -

ئازدىن جەلپ قىلىشقا، ۋاقتىنى، روھىنى ئۆزلىرىگە قارىتىشقا ئۇرۇناتتى، بەزىدە ئۇمۇ ئۇلارنىڭ مەيلىگە بېرىلىپ قالاتتى.

ئادەملەرنى ئۇنداق نائۇمىد قالدۇرۇشقا بولمايدۇ، كىشىلەرگە دوستانە مۇئامىلە قىلىش (بولۇپمۇ بېرىش ـ كېلىشىڭ بولمىغان ئادەملەرگە) كېرەك، بۇ ھەرقانداق يەردە ئادەتلەنگىلى ھەتتا قىزلار ياتاقلىرىدىمۇ بىلىۋالغىلى بولىدىغان قائىدە، سېنى ئەخمەق قىلماقچى بولۇۋاتقان ئادەملەرگىمۇ ياخشى مۇئامىلە قىلىشىڭ زۆرۈر، ئۇ سەن ئۈچۈن قانداق ئادەم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر.

جۇلىيېت چىرايىدا ئازراقمۇ كۈلكە يوق، بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇ ئادەمگە قاراپ قويدى. ئۇ ئادەم ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى پەرەز قىلغان بولسا كېرەك، چىرايى بىر قىسما بولۇپ كەتتى، بۇ ئۇنىڭ ھەيران قېلىۋاتقىنى ئىدى.

— ئوقۇۋاتقىنىڭىز ياخشى كىتاب ئوخشىمامدۇ؟ نېمە ئىشلار سۆزلىنىدىكەن؟

جۇلىيېت بۇ كىتابنىڭ قەدىمىي گىرېتسىيە ۋە گىرېكلارنىڭ ئەخلاققا ياتمايدىغان ئىشلىرىنىڭ قانداق خۇراپىي ئىشلار ئىكەنلىكى سۆزلىنىدىغان كىتاب ئىكەنلىكىنى ئۇنىڭغا دەپ بەرمىدى. ئۇ بۇنىڭدىن كېيىن گىرېك تىلىدىن دەرس ئۆتمەيدىغان، مۇمكىنچىلىكى بولسا «گىرېك ئىدىيەسى»گە ياتىدىغان مەزمۇنلار ئۈستىدە دەرس سۆزلەش قارارىغا كېلىپ قويغانىدى. شۇڭا، دوددىس① يازغان كىتابلارنى قايتا ئوقۇپ چىقىپ، ئۆزىنىڭ قانداق يېڭى نەرسىلەرنى بايقىيالايدىغانلىقىنى بىلىپ باقماقچىدى.

— مېنىڭ ئەمدى كىتاب ئوقۇغۇم كەلمەي قالدى. پويىزنىڭ سىرتىنىڭ مەنزىرىسىنى كۆرىدىغان ۋاگوندا بىردەم تۇرغۇم

① دوددىس (1893 — 1979) — ئىرېلاندىيەدە تۇغۇلغان كىلاسسىك ئەسەرلەر تەتقىقاتچىسى. ئوكسفورد ئۇنىۋېرسىتېتىدا گىرېك مەدەنىيىتى بويىچە پىروفېسسور بولغان.

كېلىۋاتىدۇ، ــ دېدى ئۇ ئۇ ئادەمگە.

ئۇ شۇنداق دەپلا ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشۇ ۋاگونغا قاراپ ماڭدى. كېتىۋېتىپ، ئۇ ئادەمگە نەگە بارماقچىكەنلىكىنى دېمىسەم بوپتىكەن، ئۇ ئادەممۇ كەينىمدىن چىقمىغىيدى. كەينىمدىن چىققىنىغا كەچۈرۈم سوراپ قويۇپلا ئۆزىنىڭ يېڭى تەلەپ-پىكىرلىرىنى دېيىشكە باشلىسا قانداق قىلارمەن؟ دەپ ئويلاپ قالدى. مېڭىپ ۋاگوننىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلگەندە، ئۇ ۋاگوننىڭ سوغۇق بولۇشى مۇمكىنچىلىكىنى ئويلاپ، بۆكى بار تەنتەربىيە كىيىمىنى كىيىۋالمىغىنىغا پۇشايمان قىلىپ قالدى. ئەمدى كەينىگە يېنىپ ئۇ كىيىمنى ئەكېلىشكە بولمايتتى.

پويىزنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى سىرتىنى كۆرىدىغان ۋاگوندا ئەتراپنى يېرىم دائىرىدە كۆرۈپ تۇرغىلى بولاتتى. ئۇنىڭغا بۇ يەردە تۇرۇپ ئەتراپنى كۆرۈش ۋاگوننىڭ دېرىزىسىدىن كۆرگەنگە يەتمەيدىغاندەك بىلىندى. بۇ يەردە كەينى - كەينىدىن ئۆتۈشۈپ تۇرۇۋاتقان پويىز ۋاگونلىرىنىڭ تاراق - تۇرۇقلىرى بەكمۇ ئاۋۇن، ئاندىن بۇ ۋاگوننىڭ ئۈستى ئوچۇق بولغاچقا شاماللىق ئىدى.

ئۇ بايام ئويلىغاندەك بۇ ۋاگون سوغۇق ئىكەن، شۇڭا سەل بىئارام بولۇشقا باشلىدى، ئەمما بۇ ۋاگونغا چىققىنىغا پۇشايمان قىلمىدى. سەلدىن كېيىن ئۇ ئادەممۇ بۇ يەرگە كىرىپ نەمخۇش قولىنى سوزۇپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىشى ــ ئۇ قوللار نەمخۇش بولمىسىمۇ قۇرغاق، يىرىك بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىدى ئۇ ئىچىدە ــ مۇمكىن، ئىككىسى ئىسىملىرىنىمۇ بىر - بىرىگە دەپ بېرەمدۇ تېخى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۇنىڭ كەينىدىن چىقمايدىغان بولىدۇ، بۇ جۇلىيېتنىڭ ھاياتىدا تۇنجى قېتىم ئاران تەستە قولغا كەلتۈرگەن غەلىبىسى بولىدۇ، پەقەت ئۇ ئادەم ئۆزىنى بەكمۇ تۆۋەن تۇتىدىغان بىر بىچارە بولمىسىلا. ئۇ ئادەمنىڭ، نېمىشقا ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىپ ماڭمايمەن، دەپ ئويلىدىم، دېگەن گېپى ھازىرغىچە جۇلىيېتنىڭ

www.uyghurkitap.com

قولىقى تۇۋىدىن كەتمەيۋاتاتتى. ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئالدىدا خىجىل بولۇۋاتقاندەك ھەم قوپال ئادەمدەكمۇ تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. خىجىل بولۇشى ئۇنىڭ ئادىتى، قوپالدەك كۆرۈنگىنى ئۆزىنىڭ ئۇمىدۋار ۋە قەتئىي قارارلىقى بىلەن زېرىكىشلىك ۋە ئاچ قورساق ھالىتىنى بۇزۇپ تاشلاشقا ئۇرۇنۇۋاتقانلىقى بولسا كېرەك.

ئۇ شۇنداق قىلىشقا ئۇرۇنغىنى بىلەن شۇنداق قارارغا كەلمىگى ئاسان ئەمەس ئىدى، راستىلا ئاسان ئەمەس، ئەمەلىيەتتە، مۇشۇنداق ئەھۋالدا بىر ئادەم بىلەن قارشىلاشماق جۇلىيېت ئۈچۈن شانلىق بىر غەلىبە ئىدى. بىراق، سەل تۇرۇپ جۇلىيېت مۇشۇ ئىشتا ئازراق خاپىلىق تارتىپ قىلىشىمۇ مۇمكىن.

بۇ ۋاگوندا ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئىككى ئادەم يەنى ئىككى ئايال كىشىمۇ بار ئىدى، ئىككىسى ئايرىم ئولتۇراتتى. جۇلىيېت يوغان بىر بۆرىنىڭ مۈز توڭلاپ كەتكەن كىچىك بىر كۆلنىڭ قار باسقان يۈزىدىن ئاستا مېڭىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇ ئىككى ئايالنىمۇ ئۇ بۆرىنى چوقۇم كۆردى، دەپ ئويلىدى. لېكىن، ئۇمۇ، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنىڭ تىنچ ھالەتلىرىنى بۇزماي ئولتۇراتتى، بۇنىڭدىن جۇلىيېت ئىنتايىن خۇشال بولدى. ئۇ بۆرە پويىزغا دىققەت قىلمىدى، توختاپ قالماي ياكى قەدىمىنى تېزلەتمەي، بىر خىلدا كېتىۋاتاتتى. ئۇ بۆرىنىڭ بەدىنىدىكى يۇڭلىرى ئۇزۇن، ئاپپاق ئىدى، شۇ ئاقلىقنىڭ ئىچىدىن كۈمۈش رەڭ بىر خىل نۇر يالتىراپ تۇرۇۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى. بۆرە تېرىسىنىڭ ئاقلىقى ۋە كۈمۈش رەڭدە يالتىراپ تۇرغانلىقى بىلەن ئادەملەر مېنى كۆرمەي قالدىمۇ، دەپ ئويلىمىدىغاندۇ؟

جۇلىيېت ئۇ بۆرىگە پۈتۈن دىققىتى بىلەن قاراپ تۇرۇۋاتقان ئارىلىقتا ۋاگونغا يەنە بىر يولۇچى كىرىپ كەلدى. ئۇ ئەر كىشى ئىدى، قولىدا بىر كىتاب، جۇلىيېت ئولتۇرغان ئورۇننىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئورۇنغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ كەينىدىن ياشقا

چوڭ ئەر ـ خوتۇنلار كىردى. موماي ناھايىتى تېتىك، مېڭىشلىرى يەڭگىل ئىدى، بوۋاي ئۇنداق ئەمەس، قەدىمى ئېغىر، تىنىقلىرى ئىتتىك، چوڭ ـ چوڭ نەپەس ئالاتتى.

— بۇ يەر سوغۇق ئىكەن، — دېدى ئىككىسى ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن بوۋاي.

— چاپىنىڭىزنى ئەكېلەيمۇ؟

— بولدى، ئاۋارە بولمىغىن.

— ئاۋارە بولىدىغان قانچىلىك ئىشتى ئۇ.

— ھېچنېمە بولمايمەن، ئولتۇرىۋەرگىنە.

سەلدىن كېيىن، موماي:

— بۇ يەردە سىز چىرايلىق مەنزىرىلەرنى كۆرۈپ ئولتۇرىدىكەنسىز، — دېدى، بوۋاي ئۇنىڭ بۇ گېپىگە ئىنكاس قايتۇرمىدى. موماي ئۇنى سىناپ باقماقچى بولغاندەك، يەنە، — بۇ ۋاگوندا ھەممە يەرنىڭ مەنزىرىسىنى تولۇق كۆرگىلى بولىدىكەن، — دەپ قويدى.

— بۇ يەردە كۆرگۈدەك ھېچنېمە يوق ئىكەن.

— ئالدىمىزدىكى ئاشۇ تاغدىن ئۆتۈپ كەتسەكلا سىز كۆرگۈدەك يەرلەر چىقىدۇ. ئاشتىلىقتىن رازى بولدىڭىزمۇ؟

— توخۇمى چالا پىشىپ قاپتۇ، سېرىقى ئېقىپ تۇرىدۇ.

— بۇنى مەن بىلدىم، — دېدى موماي ئۇنىڭغا كۆيۈنۈپ، — توخۇمنىڭ چالا پىشىپ قالغانلىقىنى كۆرۈپ تاماقخانىغا ئۆزۈم كىرىپ پىشۇرۇپ چىقسام بوپتىكەن، دەپ ئويلاپ كەتتىم.

«تاماقخانا؟ ئۇلار ئاشخانىنى تاماق ۋاگونى دەپ ئاتايدىكەن - دە.»

«مەن ئاشخانىنى پاراخوتتىلا شۇنداق ئاتايدۇ دەپ ئويلاپتىكەنمەن.»

جولىيېت بايا كىتاب كۆتۈرۈپ كىرىپ ئورۇندۇقتا ئوقۇپ ئولتۇرغان ئەر بىلەن تەڭلا بېشىنى كىتابتىن كۆتۈرۈپ قىلىپ، ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى ئۇشتۇمتۇتلا ئۇچرىشىپ قالدى ھەم

www.uyghurkitap.com

ئىككىلىسى ھېچنېمە ئويلىمىغاندەك، چىرايلىرىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق، بىر ـ بىرىگە قارىشىپ تۇرۇپ قالدى. ھەر ئىككىسى چىرايلىرىغا ئىپادە بېرىشتىن ئۆزلىرىنى قاتتىق تۇتۇپ تۇرۇشاتتى. دەل مۇشۇ چاغدا پويىز ئاستىلاشقا باشلاپ، بىر چاغدا توختىدى، شۇنىڭدىلا ئۇ ئىككىسىنىڭ كۆزلىرى باشقا ياققا بۇرالدى.

ئۇلار چۈشكەن پويىز ئورماننىڭ ئىچىدىكى بىر بوشلۇققا كەلگەندى. بوشلۇقنىڭ بىر تەرىپى ھەممە نەرسىسى قىزىل سىردا سىرلانغان بېكەت، يەنە بىر تەرىپى ئوخشاش سىردا سىرلانغان ئۆيلەر ئىدى. بۇ تۆمۈريول ئىشچىلىرىنىڭ ئۆيلىرى ياكى ياتاقلىرى بولۇشى مۇمكىن. ۋاگون ئىچىدىن پويىزنىڭ بۇ يەردە ئون مىنۇت توختايدىغانلىقى ھەققىدە گەپلەر بولۇۋاتاتتى.

بېكەت سۈپىسىدىكى قارلار پاكىز تازىلىنىۋېتىلگەنىدى. جۈليېت ئالدىغا قاراپ، ئادەملەرنىڭ ئازراق بولسىمۇ ھەرىكەت قىلىش ئۈچۈن پويىزدىن چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇنىڭمۇ چۈشكۈسى بار ئىدى، لېكىن پەلتوسىنى كىيىۋالمىغان بولغاچقا چۈشەلمىدى. تالا سوغۇق ئىدى.

بايام كىرگەن ھېلىقى ئەر ئورنىدىن تۇرۇپ جۈليېتقا قاراپمۇ قويماي، ئىشىككە قاراپ ماڭدى. ئالدى تەرەپنىڭ نەرىدىنىدۇر بىر ئىشىك ئېچىلغاندەك بولۇپ، سوغۇق شامال كىرىۋاتقاندەك بولدى. ئۇ بوۋاي خوتۇنىدىن بۇ يەردە پويىزنىڭ نېمە ئۈچۈن توختىغانلىقىنى سورىدى، ئارقىدىنلا، توختىغان يەرنىڭ ئىسمىنىڭ نېمىلىكىنى بىز بىلىشىمىز كېرەكتىغۇ، دېگەندەك گەپلەرنى قىلغىلى تۇردى. خوتۇنى سوراپ كېلەي دەپ ۋاگوننىڭ ئالدىغا كېتىپ، بىر چاغدا ھېچنېمىنى بىلەلمەي قايتىپ كەلدى.

جۈليېت قولىدىكى كىتابنىڭ قەدىمىي گىرېتسىيەنىڭ ھاراق مۇئەككىلى نەزىر بېرىۋاتقان يېرىنى ئوقۇپ ئولتۇراتتى. دوددىس بۇ كىتابىدا ئۇ نەزىرنى قىش پەسلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بېرىدىغانلىقىنى يازغانىدى. نەزىر كۈنى ئاياللار پارناسسوس

www.uyghurkitap.com

چوققىسىغا يامىشىپ چىقىدىكەن. بىر قېتىم ئۇلار تاغنىڭ ئۈستىدە شىۋىرغاندا قاپتۇ، پەستىكىلەر ئۇلارنى قۇتقۇلدۇرۇشقا ئادەملەرنى ئەۋەتىپتۇ. ئۇ ئايالالارنىڭ ئىچىدە كەلگۈسىدە بولىدىغان مۇئەككىل ئايالمۇ بار ئىكەن، تاغدىن قۇتقۇلدۇرۇپ چۈشكەندە مۇزلاپ تاياقتەك قېتىپ قاپتۇ. جۇلىيېتقا بۇ ۋەقە هازىرقى زاماننىڭ ۋەقەسىدەك تەسىر بەردى. ئوقۇغۇچىلار ئۇنىڭغا ئوخشاش ئويلامدىغاندۇ؟ ئۇ ناتايىن. ئۇلار ئۆزلىرى چۈشەنمەيدىغان ياكى ئۆزلىرىگە چېتىلىدىغان ھەرقانداق نەرسىدىن قاتتىق ئېھتىيات قىلىشىدۇ، ئوقۇغۇچىلارنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مۇشۇنداق، ئېھتىياتچانلىقى ئانچە كۈچلۈك بولمىغانلىرىمۇ بۇنداق ئىشلاردا ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى ئاشكارىلىمايدۇ.

يولۇچىلارنى پويىزغا چىقىشقا ئالدىراتقان ئاۋازلار ئاڭلىنىشقا باشلىدى. ئىشىك - دېرىزىلەر تاقىلىپ ساپ ھاۋا سىرتتا قالدى، پويىزنىڭ خالىمىغاندەك، باشقا رېلىسقا يۆتكىلىۋاتقان ئاۋازى بىلەن ھەرىكىتى بىلىنىشكە باشلىدى. جۇلىيېت بېشىنى كۆتۈرۈپ، پاراۋۇزنىڭ يىراق بولمىغان بىر يەردىن ئەگىلىپ كۆزدىن يوقاپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇردى.

بىر چاغدا پويىز لىڭشىپ ــ ياكى چايقىلىپ ــ پۈتۈن ۋاگون تىترەپ كەتتى. بۇ تىترەش پويىزنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى بۇ ۋاگونىغىمۇ تەسىرىنى كۆرسىتىۋاتاتتى. بىر چاغدا «جالاق» قىلغان بىر ئاۋاز بىلەن تەڭ پويىز توختاپ قالدى.

ھەممە ئادەم پويىزنىڭ قايتا قوزغىلىشىنى ساقلاپ ئولتۇرۇۋاتاتتى. بىرمۇ ئادەم ئېغىز ئېچىپ گەپ قىلمايتتى. ھەتتا ھەممە نەرسىدىن ئاغرىنىپلا تۇرىدىغان ئاشۇ بوۋايمۇ جىمىپ كەتكەندى. ۋاقىت مىنۇت - سېكۇنتلاپ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى. ئىشىك ئېچىلىپ يەنە يېپىلىپ قالدى. بەزىلەر ئۇنلۇك تووۋلاپ باشقىلارنى ساراسىمىگە سېلىپ قويىدى. بىر چاغدا پويىز خادىملىرى بىلەن ئاشخانا جايلاشقان ۋاگوندىن

بىر سىننىڭ ھۆكۈمرانلارچە تووۇلىغان ئاۋازى ئاڭلاندى، ئاۋازىدىن پويىز باشلىقىدەك قىلاتتى، لېكىن نېمە دەۋاتقانلىقىنى پەقەتلا بىلگىلى بولمىدى.

جۇلىيېت ئورنىدىن تۇرۇپ ۋاگوننىڭ باش تەرىپىگە بېرىپ دېرىزىدىن يىراق يەرلەرگە قارىدى. بىرنەچچە ئادەم قارنىڭ ئۈستىدە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. بايام يالغۇز ئولتۇرغان ئىككى ئايالنىڭ بىرسى ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ تۇردى.

— مەن بىر ئىش چىقىدىغانلىقىنى بايامىلا سەزگەن، — دېدى ئۇ ئايال، — پويىز توختىغاندا، ئەمدى ماڭمىسىكەن دەپ ئولتۇراتتىم، شۇ چاغدىلا بىر ئىش بولىدىغانلىقىنى يۈرىكىم سەزگەن.

يالغۇز ئولتۇرغان بۇ ئىككى ئايالنىڭ يەنە بىرسىمۇ كېلىپ جۇلىيېتنىڭ كەينىدە تۇردى.

— چوڭ ئىش يوق، — دېدى ئۇ ئايال، — بەلكىم دەرەخنىڭ يوغان بىر شېخى سۇنۇپ چۈشۈپ رېلىستا توغرىسىغا تۇرۇپ قالغاندۇ.

— ئۇلارنىڭ پويىزنىڭ ئالدىدا رېلىسقا چۈشۈپ قالغان ئاشۇنداق نەرسىلەرنى تازىلاپ ماڭىدىغان بىرنەرسىسى بار، — دېدى دەسلەپتە كەلگەن ئايال.

— ئۇ يەردە دەرەخ بولىدىغانلا بولسا، ئۇ نەرسە ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن سۇنۇپ رېلىسنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپ قالغاندۇ.

ھەر ئىككى ئايال شىمالىي ئەنگلىيە تەلەپپۇزى بىلەن، ئالدىدا تۇرۇۋاتقىنى ناتونۇش ئادەممۇ ياكى دوستىمۇ، كارى يوق سۆزلەۋەردى. جۇلىيېت ئۇلارغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، ئىككىسىنىڭ چىرايلىرى ئازراق ئوخشىشىپ تۇرسىمۇ، ئەمما ئاچا ـ سىڭىللاردىن ئەمەسلىكىنى جەزم قىلدى. ئىككىسى چوقۇم پويىزغا بىللە چىققان. پويىزغا چىققاندىن كېيىن ئايرىم ئورۇنلاردا ئولتۇرغان، بەلكىم ئۇرۇشۇپ قالغاندۇ.

پويىز باشلىقى پويىزنىڭ ئۈستىدىكى ئەتراپىنى كۆزىتىدىغان

www.uyghurkitap.com

ئورنىغا پەلەمپەي بىلەن چىقىپ كېتىۋاتاتتى ۋە چىقىپ بولماي تۇرۇپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئەنسىرىگۈدەك ئىش يوق، ئاغىنىلەر، رېلىستا بىرنەرسە بايقالغان بولسا كېرەك. سىلەرنى بارىدىغان يەرلىرىڭلارغا كېچىكتۈرۈپ قويىدىغان بولدۇق، كەچۈرگەيسىلەر. پات ئارىدا داۋاملىق مېڭىپ كېتىمىز، بۇ يەردە ئازراق تۇرۇپ قېلىشىمىز مۇمكىن، ئۇزاق تۇرمايمىز. پويىز خادىملىرى ماڭا سىلەرگە ھازىرلا ھەقسىز قەھۋە تارقىتىپ بېرىدىغانلىقىنى دېدى.

جۇلىيېت ئۇنىڭ بىلەن بىللە پەلەمپەيدىن يېنىپ چۈشتى، پەسكە چۈشكەندىن كېيىن، بىردىنلا ھازىرلا قىلىۋالمىسا بولمايدىغان بىر ئىشى يادىغا كېلىپ، يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغان ئۇ ئادەم ھازىر جايىدا بار ياكى يوق بولسۇن، دەرھال ئورنىغا، سومكىسىنىڭ يېنىغا بېرىۋېلىشنى ئويلاپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ۋاگوندىن ۋاگونغا ئۆتۈپ كەينى تەرەپتىكى ۋاگونغا قاراپ ئىتتىك ماڭدى، ھەممە ۋاگونلاردىكى ئادەملەرمۇ قىمىرلاپ تۇرۇشۇۋاتاتتى: بەزىلىرى دېرىزىنىڭ يېنىغا كېلىپ سىرتقا قارىشاتتى، بەزىلىرى يولنىڭ ئوتتۇرىدا تۇرۇۋالغانىدى. ھەممىسىلا ۋاگوننىڭ ئىشىكى ئېچىلسا، پەسكە چۈشۈپ نېمە ئىش بولغانلىقىنى كۆرۈپ باقساق دەپ ئويلاۋاتقاندەك ئىدى. جۇلىيېتنىڭ نېمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى باشقىلاردىن سوراشقا ھەپىلىسى يوق ئىدى. شۇنداقتىمۇ ئىتتىك كېتىۋاتقاندا قۇلىقىغا، ئېيىق ياكى بۇغا يا بولمىسا كالا بولۇشى مۇمكىن دېگەن گەپلەر كىرىپ قالدى. بۇ گەپلەرگە ھەممىلا ئادەم ھەيران ئىدى. كالا ئورماندا نېمە قىلىدۇ؟ ئېيىق قىشلىق ئۇيقۇسىنى ئۇخلىماي بۇ يەرلەردە نېمىگە يۈرىدۇ؟ بىرەر مەست رېلىسنىڭ ئۈستىدە يېتىۋېلىپ ئۇخلاۋاتامدۇ يا؟ كىشىلەر توختىماي خىلمۇخىل پەرەزلەرنى قىلىشاتتى.

پويىز ئاشخانىسىدا كىشىلەر ئۈستەللەردە ئولتۇرۇشاتتى، كۈتكۈچىلەر ئۈستەللەرنىڭ ئۈستىدىكى داستىخانلارنى

يىغىشتۇرۇپ ئەكەتكەنىدى. ئادەملەر ھەقسىز تارقىتىپ بەرگەن قەھۋەلەرنى ئىچكەچ پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەنىدى.

جۈلىيېتنىڭ ئورنىدا ھېچكىم ئولتۇرۇۋالماپتۇ، ئۆدۈلدىكى ئورۇندىمۇ ئادەم يوق. ئۇ سومكىسىنى كۆتۈرۈپ پويىزنىڭ ھاجەتخانىسىغا ئالدىراپ ماڭدى. ھەر ئايدا بىر كېلىدىغان ھەيز ئۇنىڭ ئۈچۈن بىر بالا ئىدى. بەزىدە ئۈچ سائەت ئېلىنىدىغان ئىمتىھانغا تۇيۇقسىز توغرا كېلىپ قالسا بۇنىڭ ئۇنىڭغا ئەكېلىدىغان ئاۋارىچىلىكى تېخىمۇ چوڭ بولاتتى، چۈنكى ئىمتىھان مەيداندىن ئايرىلىش ياكى ئۇنى توسۇپ قىلىش مۇمكىن ئەمەس - دە.

ئۇنىڭ يۈزى ھۆپپىدە قىزىرىپ كەتتى، قورسىقىمۇ ئاغرىشقا باشلىدى، بېشىمۇ قېيىپ پۈتۈن بەدىنى بوشاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ھاجەتخانىغا ئاران ئۈلگۈرۈپ تۇڭدا ئىتتىك ئولتۇرۇۋالدى، ئاندىن سومكىسىدىن ھۆل قەغەز قول ياغلىقنى ئېلىپ سۈرتىدىغان يېرىنى سۈرتكەندىن كېيىن، ئۇ ياغلىقنى قول سۈرتىدىغان قەغەزگە ئوراپ كېرەكسىز قەغەزلەرنى تاشلاپ قويىدىغان كىچىك تۇڭغا تاشلىۋەتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ تەرەت تۇڭغا قاراپ، سۇنىڭ ئۆزىدىن ئاققان قان بىلەن قىپقىزىل بويىلىپ كەتكەنلىكىنى كۆردى ۋە دەررۇلا تۇڭنىڭ ئۈستىدىكى كۇنۇپكىنى بېسىپ سۇنى چۈشۈرۈۋەتمەكچى بولۇۋاتقاندا، تۇڭنىڭ ئۈستىدىكى تامغا چاپلاپ قويۇلغان قەغەزدىكى، پويىز توختىغاندا تەرەت تۇڭىنىڭ سۈيىنى چۈشۈرۈشكە بولمايدۇ، دېگەن خەتلەرنى كۆرۈپ قالدى. بۇنىڭدىن مەلۇمكى، پويىز بېكەت ئەتراپىدا توختىغان چاغدا تەرەت تۇڭىدىكى تەرەتنى چۈشۈرۈۋەتكەندە ئۇنىڭدىكى مەينەت نەرسىلەر كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چېلىقىدىغان يەرگە تۆكۈلىدۇ. ئۇ نەرسىلەرنى ئادەملەر كۆرسە سەت بولىدۇ، دېگەن مەنە چىقىپ تۇراتتى. لېكىن، جۈلىيېت شۇ تۇرقىدا بۇ تۈزۈمگە قارشى ئىش قىلمىسا بولمايتتى.

لېكىن، ئۇ قولىنى ئىككىنچى قېتىم تەرەت تۇڭىنىڭ

ئۈستىدىكى كونۇپكىغا سوزغاندا بىر ئادەمنىڭ ۋارقىراپ گەپ قىلغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدى. بۇ ئاۋاز پويىزنىڭ ئىچىدىن ئەمەس، هاجەتخانىنىڭ سىرتىقا قارايدىغان دېرىزىسىنىڭ سىرتىدىن ئاڭلىنىۋاتاتتى. دېرىزىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پويىز خىزمەتچىسىنىڭ ئاۋازى بولسا كېرەك.

ئۇ ئەمدى پويىز قوزغالغۇچە ساقلاپ تۇرۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن قاچانغىچە ساقلايدۇ؟ ئەگەر بىرەرسىگە هاجەتخانا جىددىي لازىم بولۇپ قالسا ئۇ چاغدا قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاخىر ئۇ بىردىنبىر چارە تەرەت تۇڭىنىڭ ئاغزىنى يېپىپ قويۇپ بۇ يەردىن چىقىپ كېتىش ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قالدى.

ئۇ ئاخىر شۇنداقمۇ قىلىپ ئۆزىنىڭ جايىغا كېلىپ ئولتۇرۇۋالدى.

ئوتتۇرىدىكى يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان بىر ئايالنىڭ تۆت ـ بەش ياشلاردا بار بالىسى شام قەلەم بىلەن تۈرلۈك رەسىملەرنىڭ ئۈلگىلىرى بار بىر كىتابنىڭ ئىچىگە قالايمىقان سىزىپ ئولتۇراتتى. ئۇ بالىنىڭ ئانىسى بىلەن جۇلىيېت ھەقسىز بېرىلىدىغان قەھۋە توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ قالدى.

— قەھۋە بەلكىم ھەقسىزدۇر، ئەمما ئۇنى ئۆزىڭىز بېرىپ ئالىدىكەنسىز، — دېدى ئۇ، — مەن قەھۋە ئالغىلى كەتكەندە بالامغا قاراپ تۇرالارسىزمۇ؟

— مەن ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرمايمەن، — دېدى بالا بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويماي.

— سىزنىڭكىنى مەن بېرىپ ئەكېلىپ بېرەي، — دېدى جۇلىيېت. دەل شۇ چاغدا بىر پويىز خىزمەتچىسى قەھۋە چۆگۈنى بار كىچىك بىر هارۋىنى ئىتتەرگەن پېتى كېلىپ قالدى.

— ۋوي، ئۇلار ئۆزلىرى ئەكېلىۋاتىدۇ. مەن تېخى ئۇلاردىن ئاغرىنىپ كېتىپتىمەن، — دېدى ئۇ ئايال هارۋىنى كۆرۈپلا، —

سىز پويىزنىڭ توختاپ قالغىنىغا بىر b–o–d–y[1] نىڭ سەۋەب بولغانلىقىنى ئاڭلىدىڭىزمۇ؟

جۇلىيېت بېشىنى چايقىدى.

— ئۇ ئادەمنىڭ پەلتوسىنىمۇ كىيمەي پويىزدىن چۈشۈپ ئۇدۇل پويىزنىڭ ئالدى تەرەپكە قاراپ كەتكەنلىكىنى بىرسى كۆرۈپتۇدەك، ئۇنىڭ نېمە قىلماقچى ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىكەن. ئۇ پاراۋۇزنىڭ ئالدىدىن قايرىلغاندا پويىز شوپۇرى كۆرمەي قاپتۇ، كۆرگەندە ئاللىبۇرۇن كېچىككەنىكەن.

ئۇ ئايال ئولتۇرغان ئورۇننىڭ بىرنەچچە ئورۇن نېرىسىدىكى ئورۇندا بىر ئەر كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— قاراڭلار، ئۇلار قايتىپ كەلدى.

جۇلىيېت ئولتۇرغان تەرەپتىكى بىرنەچچەيلەن ئورۇنلىرىدىن دەررۇ تۇرۇپ ئېڭىلىپ دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى، ئۇ بالىمۇ يۈزىنى ئەينەككە يېقىپ تۇرۇپ قارىغانىدى، ئاپىسى ئولتۇرغۇزۇۋالدى.

— رەسىمىڭنى سىز. قارا، بۇ كىتابنى نېمە قىلىۋەتتىڭ؟ رەسىمنىڭ ئۈستىدىن سىزماي نەلەرنى سىزدىڭ؟

— مەن قاراشتىن قورقىمەن، — دېدى ئۇ ئايال جۇلىيېتقا، — بۇنداق ئىشلارنى كۆرسەملا يۈرىكىمگە ئاغرىق كىرىپ كېتىدۇ.

جۇلىيېت ئورنىدىن تۇرۇپ سىرتقا قاراپ، بىرنەچچە ياش يىگىتلەرنىڭ بېكەت تەرەپكە قاراپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆردى، ئۇلارنىڭ پەلتولىرى نوسىلكىنىڭ باش تەرىپىدە تۇراتتى، نوسىلكىنى ئىككى ئادەم كۆتۈرۈپ ماڭغانىدى.

— ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم، — دېدى جۇلىيېتنىڭ كەينىدە سىرتقا قاراپ تۇرۇۋاتقان بىر ئەر كىشى ئورنىدىن قوپماي ئولتۇرغان بىر ئايالغا، — ئۇلار ئۇ ئادەمنىڭ بېشىنى مەھكەم

---

[1] b – o – d – y «جەسەت» دېگەن گەپ. ئانا بولغۇچى ئۇ ئايال بالىسىنى قورقۇپ كەتمىسۇن دەپ ئويلاپ، ئۇ تۆت ھەرپنى بالا چۈشەنمىگۇدەك قىلىپ ئايرىم - ئايرىم دەۋاتىدۇ.

ئورنۇۋېتىپتۇ.

بېشىنى يەردىن ئالماي كېتىۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھەممىسىلا تۆمۈريول خادىملىرى ئەمەس ئىدى. جۇلىيېت ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى بايام ئالدىدىكى ۋاگونغا كىتاب كۆتۈرۈپ كىرىپ نېرىراقتا ئولتۇرغان ئادەمنى تونۇۋالدى.

ئون - ئون بەش مىنۇتتىن كېيىن، پويىز ئاستا قوزغىلىشقا باشلىدى. ئەگىلىدىغان يەردە ھېچقانداق قان ئىزلىرى كۆرۈنمىدى، ئۇڭ - سول تەرەپلەردىمۇ يوق ئىدى، پەقەت جىق ئادەملەرنىڭ قار ئۈستىدە قېلىپ قالغان ئاياغ ئىزلىرى بىلەن كۆرەلگەن قارلارلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. جۇلىيېتنىڭ كەينىدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان ئادەم يەنە ئورنىدىن تۇرۇپ:

— ۋەقە يۈز بەرگەن يەر دەل مۇشۇ، مەن كۆردۈم، — دېدى.

ئۇ بىردەم قاراپ تۇرۇپ، باشقا ئەھۋال سەزمىگەندىن كېيىن ئورنىغا كېلىپ ئولتۇردى. پويىز كىچىككتۇرگەن ۋاقىتنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن ئىتتىككرەك مېڭىشى كېرەك ئىدى، لېكىن سۈرئىتىنى تېزلەتمىدى. ئەكسىچە بالدۇرقىدىنمۇ ئاستا مېڭىشقا باشلىدى. بەلكىم ئۆلگۈچىگە مۇشۇ يول ئارقىلىق تەزىيە بىلدۈرۈۋاتقاندۇ ياكى بولمىسا ئالدى تەرەپتىكى يەنە بىر ئەگىلىدىغان يەردە مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىش يۈز بېرىپ قالمىسۇن دەپ ئېھتىيات قىلىپ مېڭىۋاتقاندۇ. پويىز خادىملىرىنىڭ مەسئۇلى ئادەملىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ۋاگونمۇۋاگون كىرىپ، ئاۋۋال تاماق يېيىشنى خالايدىغانلار ھازىر بېرىپ تاماق يەۋالسا بولىدىغانلىقىنى ئۇقتۇرغانىدى، بىرىنچى بولۇپ بالىسى بار ئايال بالىسىنى ئەگەشتۈرۈپ تاماق يەيدىغان ۋاگونغا قاراپ ماڭدى. ئۇلارنىڭ كەينىدىنمۇ ئادەملەر بىر - بىرلەپ مېڭىپ ئۆزۈن بىر سەپ ھاسىل قىلدى. جۇلىيېت يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ئايالنىڭ: «بۇ گەپ راستىمدۇ؟» دېگىنىنى ئاڭلىدى.

يەنە بىر ئايال ئۇنىڭغا بوش گەپ قىلىپ:

— ئۇنىڭ ماڭا دەپ بېرىشىچە، ئۇ ئادەمنىڭ پۈتۈن بەدىنى قانغا مىلىنىپ كېتىپتۇ، پويىز قوزغالغاندا پويىزنىڭ ئاستىغا ئۆزىنى ئاتقان بولسا كېرەك، — دېگەنىدى، جۇلىيېت:
— بولدى گەپ قىلماڭ! — دەپ ئۇنىڭ گېپىنىڭ شىپخىغا ئۇرۇۋەتتى.

يەنە بىر ئازدىن كېيىن، سەپتىكى ئادەملەرنىڭ بىرسىمۇ قالمىدى. ئالدىدا كىرگەنلەر تاماقلىرىنى يەپ بولدى. ھېلىقى ئەر — جۇلىيېت باشتا ئالدىدىكى ۋاگوندا، كېيىن پەستە بېكەتكە قاراپ كېتىۋاتقانلارنىڭ ئىچىدە كۆرگەن ئۇ ئادەممۇ — تاماقخانىغا قاراپ ماڭدى.
جۇلىيېت ئۇنى كۆرۈپ ئورنىدىن دەس تۇرۇپ ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى. ئۇ ئىككى ۋاگوننىڭ چېتىشقان يېرىدىكى سوغۇق شامال گۇرۇلدەپ كىرىپ تۇرىدىغان ئارىلىقتا كېلىپ يەنە بىر ۋاگوننىڭ ئىشىكىنى ئىتتىرىپ ئاچاي دەپ تۇرغان ئارىلىقتا جۇلىيېت ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ قالدى.
— كەچۈرۈڭ، — دېدى ئۇ، — سىزدىن سورايدىغان بىر گېپىم بار ئىدى.
بىردىنلا، شۇ ئارىلىقنىڭ ئاستىدىكى رېلىستىن ئېغىر چاقنىڭ بېسىمى بىلەن غەلىتىلا بىر تاراقلىغان ئاۋاز ئاڭلىنىپ قالدى.
— قانداق گەپ؟
— سىز دوختۇرغۇ دەيمەن؟ سىز بايام كۆرگەن ئۇ ئادەم...
— مەن دوختۇر ئەمەس، بۇ پويىزدا دوختۇر يوق، ئەمما داۋالاش ئىشلىرىدا ئازراق تەجرىبەممۇ بار.
— ئۇ نەچچە ياشلاردا بار ئادەم ئىكەن؟
ئۇ ئادەم جۇلىيېتقا قاراپ قويدى، يەنە شۇنداق سەۋرچان ئىدى، ئەمما چىرايىدىن ئازراق نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى.
— بۇنىڭغا كېسىپ بىرنېمە دېيەلمەيمەن. ئىشقىلىپ، ياش

ئادەم ئەمەس.
— ئۇ ئىچىگە كۆك رەڭلىك كۆڭلەك كىيىپتىكەنمۇ؟ چېچى سېرىقمىكەن؟
ئۇ بېشىنى چايقىدى، بۇ چايقاش ئۇنداق ئەمەس دېگەنلىكتىن ئەمەس، ئۇنىڭ بۇ سوئالغا جاۋاب بەرگۈسى يوقلۇقىدىن دېرەك بېرەتتى.
— سىز ئۇ ئادەمنى تونۇمتىڭىز؟ — سورىدى ئۇ، — قارىغاندا تونۇيدىغاندەك قىلىسىز. قالغان گەپلىرىڭىزنى پويىز باشلىقىغا بېرىپ دەڭ.
— مەن ئۇ ئادەمنى تونۇمايمەن.
— ئۇنداق بولسا مېنى كەچۈرۈڭ، — ئۇ شۇ گەپنى قىلىپلا ئىشىكنى ئېچىپ ئالدىدىكى ۋاگونغا كىرىپ كەتتى.
ئۇ ئادەمنىڭ باشقا نۇرغۇن ئادەملەرگە ئوخشاش جۇلىيېتنىڭ كىشىنى بىزار قىلىدىغان ئۇسۇللىرىدىن زېرىككەنلىكى ئېنىق ئىدى.
پۈتۈن يېرى قان. ئۇ كۆرۈنۈش ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلەشتۇرىدۇ.
جۇلىيېت بىر مىنۇتنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزگەن خاتالىقىنى، بىمەنىلىكتە ئۇچىغا چىققان كۇلكىلىك سۆزلىرىنى، يەنە كېلىپ ئۇ خاتالىقىنى يات بىر ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزگەنلىكىنى مەڭگۈ كەچۈرەلمەيتتى. ئەگەر بىغەرەزرەك ئادەملەرنىڭ ئالدىدا شۇنداق گەپلەرنى قىلغان بولسا ئۇنى تەربىيە كۆرمىگەن، كىشىنىڭ خاھىشى بىلەن كارى يوق قىز بالا ئىكەن، دەپ قالامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۇ گەپلىرىنى ئاڭلىغان، ئۇ بەدەننىڭ — پويىز چاقى بېسىپ مىجىۋەتكەن بەدەن — قان ئىچىدە ياتقانلىقىنى كۆرگەن ئۇ ئادەمنىڭ جۇلىيېت ئۇ گەپلەرنى قىلىۋاتقاندا كۆڭلى خاتىرجەممىدى؟
ئەمدى بۇ گەپلىرىنى ھېچقانداق ئادەمگە دېمەسلىكى كېرەك. (ئەمەلىيەتتە، بىرنەچچە يىلدىن كېيىن دېدى، كىرىستا ئىسمىلىك

بىر ئايالغا سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئايال ھازىرمۇ ئۇنىڭ ئېسىدە بار.)

ئۇ بۇ گەپلەرنى بىرسىگە دەپ بەرمىسە ئىچىگە پاتۇرالمايتتى. شۇڭا، يەنە دەپ بەرگۈسى كېلىپ، بىر ۋاراق چاقماق قەغەز ئېلىپ دادىسى بىلەن ئاپىسىغا خەت يازدى.

بىز پويىزدا مانتوبانىڭ چېگراسىغا كەلمەي تۇرۇپلا كىشىلەر بۇ يەرلەرنىڭ مەنزىرىسى بەكمۇ مەنىسىز ئىكەن، دەپ كوتۇلدىغىلى تۇردى. لېكىن، ھېچكىم، بۇگۈن كومېدىيەلىك ئىشلاردىن بىرسىمۇ يۈز بەرمىدى، دەپ ئاغرىنالمايتتى. شۇ كۈنى بىز ئولتۇرغان پويىز شىمالدىكى ئورمانلارنىڭ ئىچىدىكى ئۇزۇن زامان ئۇنتۇلۇپ قالغان بىر تۈزلەڭلىكتە توختىدى. بۇ يەردە كىچىك بىر بېكەت بار ئىكەن، ئۆيلىرىنىڭ ھەممىسىنى قىزىل سىردا سىرلىۋېتىپتۇ. مەن شۇ چاغدا پويىزنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى مەنزىرە كۆرۈپ ئولتۇرىدىغان ۋاگوندا ئولتۇراتتىم. ئۇ ۋاگون سوغۇق ئىكەن، مۇزلاپ ئۆلگۈدەك بولدۇم. ئۇلار كۆمۈرنى تېجەيمىز دەپ بۇ ۋاگونغا پار بەرمەپتىكەن. (بەلكىم ئۇلار، بۇ يەردە ئولتۇرسىڭىز ئەتراپىڭىزدىكى گۈزەل مەنزىرىسىگە مەپتۇن بولۇپ ئۆزىڭىزنىڭ مۇزلىغانلىقىڭىزنى تۇيماي ئولتۇرۇپ كېتىسىز، دېگەندەك نىيەت بىلەن پار بەرمىگەن بولۇشى مۇمكىن.) مەن شۇنچە مۇزلاپ كەتسەممۇ بۇ مەنزىرىلەرگە قىيالماي، ئۆزۈم ئولتۇرغان ۋاگونغا بېرىپ پەلتويۇمنى كىيىپ كەلگۈم كەلمىدى. بىز ئۇ يەردە ئون ـ ئون بەش مىنۇت ئولتۇردۇق. پويىز قوزغالدى. مەن پاراۋۇزنىڭ ئالدىدىكى بىر يەردىن ئەگىلىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. تۇيۇقسىز، پويىز قاتتىق بىر سىلكىنىپ كەتتى...

ئۇ ۋە ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى مۇنداق ئىشلارغا تولىمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلاتتى ۋە ئاشۇنداق ئىشلارغا ئۇچرىسا، ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن چوقۇم ئۆيدىكىلەرگە سۆزلەپ بېرەتتى. بۇنىڭغا تولىمۇ ئىنچىكە كۆزىتىش، ھۆكۈم قىلىش ئىقتىدارى لازىم بولاتتى. يالغۇز ئاشۇنداق ئىشلاردىلا ئەمەس، ئادەم ئۆزىنىڭ بۇ دۇنيادا ئۆتۈۋاتقان ئورنىنىڭ قانداقلىقىنىمۇ توغرا ھۆكۈم قىلالايدىغان بولۇشى كېرەك، ئەلۋەتتە. جۇلىيېتمۇ

ئاتا ـ ئانىسىغا ئوخشاش مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارغا ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلاتتى. شۇ چاغلاردا ئۇنىڭ دۇنياسى مەكتەپ ئىدى، ئۆزىنى ئېگىز بىنانىڭ ئۈستىدە تۇرۇۋاتقان ئۇقۇسايىسىز كۆزەتكۈچىدەك بىلەتتى، گەرچە ھازىر ئۆيدىن ئايرىلىپ يىراق جايلاردا تۇرۇۋاتقىنىغا كۆپ يىللار بولغان بولسىمۇ، ئادەتلەنگەن ئاشۇ ئادىتىنى ئەينەن ساقلاپ قېلىش ئۇنىڭ مۇھىم ئىشلىرىنىڭ بىرسىگە ئايلىنىپ قالغانىدى.

ئۇ خېتىنى يېزىپ «پويىز قاتتىق بىر سىلكىنىپ كەتتى» دېگەن يېرىگە كەلگەندە ئاخىرىنى يازغۇسى كەلمەي قالدى، ئادەتلەنگەن تىلى بىلەن داۋاملىق يېزىشقا قەلىمى يول قويمايۋاتاتتى.

ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قارىدى، سىرتنىڭ كۆرۈنۈشلىرى ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ، گەرچە ئۇ كۆرۈنۈشلەرنىڭ ئەسلىي ئاملىرى ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، ئورۇن ئالماشقاندا ئۇ ئاملارنى سەزگىلى بولمايتتى. ئالدىغا قاراپ يۈز ئىنگلىز مىلى ماڭغاندىن كېيىن، ھاۋادا ئۆزگىرىش بولۇشقا باشلاپ، ئىسسىق بىر ئېقىن ئىچىگە كىرىپ كېتىۋاتقاندەك بولدى. مۇزلار كۆللەرنىڭ گىرۋەكلىرىدە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. كۆلنىڭ يۈزىدە مۇز يوق، بۇلۇتلار پەس سۈرۈلۈپ مېڭىۋاتاتتى، تاشلار، سۇ يۈزى قاپقارا، ئېغىر كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتاتتى. جۇلىيېت ئۇ مەنزىرىگە قاراپ زېرىكىپ، دوددىسىنىڭ كىتابىنى قولىغا ئېلىپ ئىختىيار قىلغان بىر بەتنى ئاچتى، بۇ كىتابنى بۇرۇن بىر قېتىم ئوقۇپ چىققان بولغاچقا شۇنداق قىلغانىدى. ئۇنىڭ ھەربىر بەتنى ئوقۇپ چىققاندا بەزى سۆزلەرنىڭ ئاستىغا سىزىپ قويىدىغان ئادىتى بار ئىدى. ئۇ ئۇنىڭغا تەسىر قىلغان سۆزلەر ئىدى، ئەمما ئۇ يەرلەرنى ئىككىنچى قېتىم ئوقۇپ چىققاندا، ھازىر ئالغان تەسىراتى دەسلەپتە ئالغان تەسىراتىغا ئوخشىماي، ئېنىقسىز، ئىككى بىسلىق مەنىگە ئىگە گەپلەردەك تۇيۇلۇپ قالاتتى.

... تىرىك ئادەملەر ساڭا كۆزلىرى بىلەن كۆزەتكەندە ئالۋاستىنىڭ قىلىقلىرىغا ئوخشاش كۆرۈنگەن نەرسىلەرنى ئۆلگەن ئادەملەر ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن كۆزەتسە ئۇ نەرسىلەر كائىناتنىڭ بەرھەقلىقىدەك كۆرۈنىدۇ...

كىتاب ئۇنىڭ قولىدىن ئاستا سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتتى، كۆزلىرى يۇمۇلۇشقا باشلاپ، ئۆزىنى ئۇششاق باللار (ئوقۇغۇچىلاردۇ؟) بىلەن كۆلنىڭ يۈزىدىكى مۇز ئۈستىدە كېتىۋاتقاندەك ئويلاشقا باشلىدى. ئۇلار ماڭغان ھەربىر قەدەمدە ئاستىدىكى مۇزغا تال ـ تال بولۇپ تەكشى دەز كېتىپ تۇرۇۋاتاتتى. دەزدىن پەيدا بولغان ئۇ كۆرۈنۈش ئاجايىپ چىرايلىق، خۇددى مۇزنىڭ ئۈستىگە گۈللۈك تۆت چاسا تاش يېيىتىپ قويغاندەك كۆرۈنەتتى. باللار ئۇنىڭدىن بۇ مۇز خىشلارنىڭ ئىسمىنىڭ نېمىلىكىنى سورىغانىدى، ئۇ بۇنى بىز بەش سىزىقلىق نوتا دەپ ئاتايمىز، دەپ جاۋاب بەردى. باللار ئۇنىڭ بۇ گېپىگە كۈلۈشۈپ كەتتى، كۈلكە بىلەن تەڭ مۇزنىڭ يېرىقلىرى بارغانسېرى كېڭىيىشكە باشلىدى. جۈلىيېت شۇنىڭدىلا ئۆزىنىڭ خاتا گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى، توغرا جاۋاب بەرگەندىلا ئۇلارنىڭ ئىشەنچىگە ئىگە بولالايدىغانلىقىنى بىلدى، لېكىن توغرا جاۋاب بېرىشنىڭ پۇرسىتىنى تاپالمىدى.

بىر چاغدا ئۇ كۆزىنى ئېچىپ بايامقى ئادەمنى — بايام ئۆزى كەينىدىن بېرىپ ئىككى ۋاگوننىڭ ئارىلىقىدا تۇرۇپ گەپ سورىغان ئادەمنى — كۆردى. ئۇ ئادەم ئۇنىڭ ئالدىدىكى بوش ئورۇندا ئولتۇراتتى.

— ئۇخلىدىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، — شۇنداقتەك تۇرىسىز.

جۈلىيېت بايام ئۇخلاپ قالغاندا بېشى خۇددى قېرى مومايلارنىڭكىگە ئوخشاش پەسكە ئازراق ساڭگىلاپ جاۋىغايلىرىدىن سۇ ئېقىپ قالغانىدى. ئۇ ئويغىنىپلا ھاجەتخانىغا

كىرىپ چىقمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى. ئاغزىدىن ئاققان سۇ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىگە ئېقىپ چۈشمىگەن بولسىلا بولاتتىغۇ. ئۇ ئۇ ئادەمگە قاراپ: «كەچۈرىسىز» (بايام ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا دېگەندەك) دەپلا سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. بۇ گەپنى دېگەندە فازىنىڭ قوپال ۋە ئىتتىك چىقىپ كەتمەسلىكىگىمۇ دىققەت قىلدى.

ئۇ ھاجەتخانىغا كىرىپ يۈزىنى يۇيۇپ، چاچلىرىنى تاراپ، كەيپىياتىنى تۈزەپ ئورنىغا قايتىپ كەلگەندە، ئۇ ئادەم كېتىپ قالماي ئورنىدا ئولتۇراتتى.

ئۇ ئادەم شۇ ئان ئۇنىڭغا گەپ قىلىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىدى.

— مەن بايام ئۆزۈمنىڭ سىزگە ھۆرمەتسىزلىك قىلىپ قويغىنىمنى ئويلاپ قالدىم. شۇ چاغدا سىز مەندىن...

— شۇنداق بولدى، — دېدى جۇلىيېت جاۋاب بېرىشكە ئالدىراپ كېتىپ.

— توغرا دېدىڭىز، — دېدى ئۇ ئادەم، — سىزنىڭ ئۇ ئادەمنىڭ تۇرقىنى تەسۋىرلەپ بەرگەن گەپلىرىڭىزنى دېمەكچىمەن.

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن قارىغاندا، ئۇ ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويغانلىقى ئۈچۈنلا ئەمەس، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ئالدىدا قىلىپ قويغان ئىشىنى ئاشكارا بويىنىغا ئېلىش ۋە ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن جۇلىيېتنىڭ ئالدىغا كەلگەندەك قىلاتتى، ئەگەر جۇلىيېتنىڭ ئۇنىڭغا دەيدىغان باشقا گېپى بولمىسا ئورنىدىن تۇرۇپ جايىغا قايتىپ كېتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى، ئۇنىڭلىق بىلەن كۆڭلى يېرىم بولۇپمۇ كەتمەيتتى. چۈنكى، ئۇ قىلىشنى ئويلىغان ئىشنى قىلىپ بولدى ـ دە.

جۇلىيېت ئۇنىڭ ئالدىدا خىجالەت بولۇپ قالدى، كۆزلىرىگە ياش كەلدى. بۇ ئىشى بەكمۇ تۇيۇقسىز بولغان، جۇلىيېت ھەتتا كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن ئەپقېچىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالغانىدى.

— بولدى، باشقا ئىش يوق، — دېدى ئۇ.

جۇلىيېت بېشىنى توختىماي بىر نەچچە قېتىم لىڭشىتىپ قويدى، ئاندىن ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتىپ بۇرنىنى بىر - ئىككى نوۋەت تارتىپ، يانچۇقىنى ئاختۇرۇپ تېپىپ چىققان قەغەز قول ياغلىقتا بۇرنىنى تاشلاپمۇ ئۈلگۈردى.

— ھېچ گەپ يوق، — دېدى ئۇ. ئاندىن ئۇ ئادەمگە ئۇنىڭدىن بۇرۇن بولغان ئىشلارنى ئۇدۇللا سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئادەمنىڭ ئېگىلىپ تۇرۇپ ئۆزىدىن ئۇدۇلىدىكى ئورۇندا ئادەم بار - يوقلۇقىنى سورىغانلىقىنى، ئادەم يوقلۇقىنى بىلگەندىن كېيىن كېلىپ ئولتۇرغانلىقىنى، ئۆزىنىڭ ئۇ ئادەمگە قارىماي دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ ئولتۇرۇۋالغانلىقىنى، ئۇنىڭغا قاراشقا خىجىل بولۇپ يالغاندىن كىتاب ئوقۇغان بولۇپ ئولتۇرۇۋالغانلىقىنى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزىنى پويىزغا نەدىن چىققانلىقىنى، ھازىر قايسى شەھەردە تۇرىدىغانلىقىنى، ئۆزىدىن توختىماي ئۇنى - بۇنى سوراۋەرگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ سوئاللىرىدىن بىزار بولۇپ، نەرسىلەرنى سومكىسىغا سېلىپ قويۇپ، ئالدى ۋاگونغا كەتكەنلىكىنى بىرسىنى قويماي سۆزلىدى.

ئۇنىڭ پەقەت، يول بويى پاراڭلىشىپ ماڭمىز، دېگەن بىرلا گېپىنى دېمىدى، ئەگەر ئۇ گەپنىمۇ دەيدىغان بولسا ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

— قىزلارنى يىغىدىن توختىتىش ئەرلەرنى يىغىدىن توختىتىشقا قارىغاندا جىق ئاسان، — دېدى ئۇ ئەر.

— توغرا، شۇنداق.

— كىشىلەر ئاياللارنىڭ كۆڭلىنىڭ يۇمشاق كېلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ.

— ئۇ ئادەم پەقەت، مەن بىلەن يول بويى پاراڭلىشىپ ماڭىدىغان ئادەم بولسىلا بولدى، دەپ ئويلىغانىدەك ئىدى، — دېدى جۇلىيېت، ئارقىدىن ئۆزىنىڭ بۇ گېپىگە ئازراق تۈزىتىش بېرىپ

قويدى، — ئۇ ئادەمنىڭ مۇڭداشقاقلىقى مېنىڭ خەقلەر بىلەن پاراڭلىشىشنى خالىمايدىغان جىمغۇرلۇقۇمدىن كۆپ ئۈستۈن ئىكەن، بۇنى مەن ئەمدى بىلىۋاتىمەن. مەن ئۇ دەرىجىدىمۇ جىمغۇر ھەم باغرى تاش قىز ئەمەس ئىدىم، لېكىن نېمىشقىكىن، شۇ چاغدا شۇنداق بولۇپ قاپتىمەن.

ئۇ بىردەم گەپتىن توختاپ قالدى، بۇ جەرياندا بۇرنىنى تارتىشلىرى بىلەن كۆزلىرىدىن ئېقىۋاتقان ياشمۇ توختاپ قالغاندى.

— سىز بۇرۇنمۇ كىشىلەرگە ئاشۇنداق مۇئامىلە قىلامتىڭىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئادەم.

— شۇنداق، ئەمما ئۇ خىل مۇئامىلىلىرىمدىن بىر قېتىممۇ ياخشى نەتىجە كۆرۈپ باقمىدىم. ئۇزۇن سەپەرگە چىقىشىممۇ مۇشۇ ئىدى. ئۇنىڭغا ئۇنداق مۇئامىلە قىلىشىمغا ئۇنىڭ ئۆزىنى تۇتۇشلىرى سەۋەب بولۇپ قالدى. ئۈستىگە يېڭى كىيىملىرىنى كىيىپ پويىزغا چىقىپتىكەن، كۆزۈمگە غەلىتە كۆرۈنۈپ قالغان. ئۇ كىيىملىرىنى مۇشۇ قېتىملىق سەپىرى ئۈچۈن سېتىۋالغان بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، ئۇ كىيىملەر ئۇنى غەلىتە كۆرسىتىپ قويۇپتۇ. ئۆيدىن ئاددىيراق كىيىنىپ چىققان بولسا، كىشىلەر بىلەن چىقىشىپ ئەركىن پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشقا ئەپسىز بولۇپ قالمىغانمۇ بولاتتى. بۇمۇ مۇناسىۋەتتە دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك بىر ئەھۋال، شۇنىڭدا سىز كىشىلەر بىلەن دوست بولۇپ ئۆتەلەيسىز. ئۇنىڭ بارىدىغان يېرى يىراقمۇ بولماسلىقى مۇمكىن، — دېدى ئۇ يەنە، — لېكىن، ماڭا ۋانكوۋېرغا بارىمەن دېدى. ئويلاپ باقسام، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزاققىچە بىللە ھەمراھ بولۇپ ماڭغۇدەكمەن، بىرنەچچە كۈن دەڭگە تېخى.

— ئۇ شۇنداق بولىدۇ.

— شۇنداق بولۇشى تامامەن مۇمكىن.

— ئەلۋەتتە.

— شۇڭا مەن...

— سىز تولىمۇ تەلەيسىز قىز ئىكەنسىز، — دېدى ئۇ ئادەم زورىغا ئازراقلا كۈلۈمسىرەپ قويۇپ، — ئۇنىڭدىن قېچىپ باشقا ئورۇندا ئولتۇرۇشنى ئويلاپتىكەنسىز، ئۇ بۇ ئىشىڭىزنى ئېغىر ئېلىپ كېتىپ ئۆزىنى پويىزنىڭ ئاستىغا تاشلىۋاپتۇ.

— ئۇ شۇ چاغدا بىردىنبىر چىقىش يولۇم شۇ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك، — دېدى جۇلىيېت خۇددى ئازراق بولسىمۇ ئۆزىگە سۇ يۇقتۇرماسلىقنى ئويلاۋاتقاندەك، — بۇ ئېھتىماللىقمۇ يوق ئەمەس.

— بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق ئىشلارغا يولۇققاندا ئالاھىدە دىققەت قىلىڭ.

جۇلىيېت بېشىنى ئىتتىك كۆتۈرۈپ ئۇ ئادەمگە تىكىلىپ قاراپ قالدى.

— سىز مېنى بۇ ئىشنى كۆپتۈرۈپ دەۋاتىدۇ دەپ ئويلاپ قالغان ئوخشىمامسىز؟

دەل مۇشۇ چاغدا بايام تۇيۇقسىز كۆزلىرىگە ياش كېلىپ توختىماي ئېقىپ كەتكەندەك بىر ئەھۋال يۈز بېرىپ، ئاغزى بىر تەرەپكە، خۇددى ھازىرلا ئەدەپسىزلەرچە قاتتىق كۈلۈۋېتىدىغاندەك قىڭغىيىپ كەتتى.

— مەن ئۇ ئادەمنىڭ بۇ ئىشنى ئۇچىغا چىققان ئەخمەقلىق دەپ ئويلايمەن.

— شۇنداق تەرىپىمۇ ئازراق بار.

— سىز مېنى بۇ ئىشنى ئويۇندەك كۆرۈۋاتىدۇ، دەپ ئويلىمايدىغانسىز؟

— شۇنداق ئويلىشىمۇ تەبىئىي ئەھۋال.

— ياق، سىز بۇنى بىر خاتالىق دەپ بىلىسىز، — دېدى جۇلىيېت كۈلكە چىرايىنى دەررۇ يىغىۋېلىپ، — سىز بىر ئادەمنىڭ ئۆزىنى ئەيىپكاردەك ئويلاپ قېلىشىنى ئۆزىنى مەيلىگە قويۇۋەتكەنلىك دەپ بىلەمسىز؟

— مېنىڭ بىلىدىغىنىم... — دېدى ئۇ، — مېنىڭ

بىلىدىغىنىم بۇ ئىشنىڭ بەكمۇ مۇھىم ئەمەسلىكى. سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزدا يەنە باشقا ئىشلارمۇ يۈز بېرىشى مۇمكىن — بەزى ئىشلارنىڭ سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزدا كۆرۈلۈشىمۇ ناتايىن — نىسبەتەن ئېيتقاندا، بۇ ئىش بەكمۇ مۇھىم ئىشلار قاتارىغا كىرمەيدۇ. باشقا ئىشلاردا ئۆزىڭىزنى ئەيىپكار ئويلاپ قېلىشىڭىز مۇمكىن.

— ئەمما، باشقا كىشىلەرنى سىزدەك گەپ قىلىدۇ دېگىلى بولامدۇ؟ مەسىلەن مەندىن ياش كىشىلەرنى؟ ئۇلار، ھەي، قاراپ تۇرۇڭ، بىر كۈنلەردە سىز ئۇنداق ئويلىمايدىغان بولىسىز، خۇددى سىزنىڭ جىددىيلىشىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوقتەك، شۇنداق قىلىشقا ئىقتىدارىڭىز يەتمەيدىغاندەك، دېيىشلىرى مۇمكىن.

— مەن جىددىيلىشىشنىڭ گېپىنى قىلمىدىم، — دېدى ئۇ ئادەم، — تەجرىبە توغرۇلۇق گەپ قىلدىم.

— سىز بۇ گېپىڭىز بىلەن ئۆزىڭىزنى ئەيىپكار دەپ ئويلىشىڭىزنىڭ ھېچقانداق ھاجىتى يوق دېمەكچىمۇ؟ ھەممە ئادەم شۇنداق دېمەي قالارمۇ؟

— بۇنى سىز ئۆزىڭىز دەۋاتىسىز.

ئۇلار بۇ مەسىلە توغرۇلۇق ئۇزاق سۆزلەشتى. بەزىدە پەس ئاۋازدا سۆزلىشەتتى، ئەمما ناھايىتى قىزغىن ئىدى. ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ئادەملەر ئىككىسىگە ھەيران قېلىشى ھەتتا ئۇلارغا مەنىسىز پاراڭلارنى قىلىشىۋاتقاندەك، قۇلاقلىرىغا ئۇشتۇمتۇت كىرىپ قالغان گەپلەرمۇ تامتىقى يوق، ھېچنېمىنى بىلگىلى بولمايدىغان مۇنازىرىدەك بىلىنىشى مۇمكىن. بىرئازدىن كېيىن، جولىيېت ئامىمۇۋى تۇرمۇش بىلەن خۇسۇسىي تۇرمۇش ئوتتۇرىسىدا ئەيىپكارلىقنىڭ مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇشىنىڭ مۇقەررەرلىك ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ ئۇنىڭغا ھۆكۈم چىقارغان — بۇ ھۆكۈم ئۇنىڭ قارىشىچە ناھايىتى ياخشى ھۆكۈم ئىدى — بولسىمۇ، ئەمما ھە دېگەندىلا ئۆزىدىكى بۇ خىل ئەيىپكارلىق

تۆيغۇسىنى يوقىتىپ قويدى، ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ ئۇنى ئۆزىگە ئۆزى ھەۋەس قىلىپ كېتىۋاتىدۇ، دەپ قېلىشىڭىزمۇ مۇمكىن ئىدى.

ئۇ ئادەم ئۇنى پويىز ئاشخانىسىغا بىرىپ ئولتۇرۇشقا تەكلىپ قىلدى، ئۇ يەردە قەھۋە ئىچىپمۇ ئولتۇرغىلى بولاتتى. جۇلىيېت ئۇ يەرگە كىرگەندىن كېيىن قورسىقىنىڭ ئىچىۋاتقانلىقىنى بىلدى، چۈشلۈك تاماق ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن بولغاچقا شۇنداق بولۇۋاتاتتى. بۇ يەردە ئۇلار يەيدىغانغا پىچىنە بىلەن يەر ياڭىقى مېغىزىلا بار ئىدى. ئۇ بۇ نەرسىلەرنى ئاچ قالغاندەك يەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ، بايام ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بولغان مەلۇم ئەدلىيەلىك، ئازراق قارىمۇقارشىلىقمۇ بولغان مۇنازىرىنىڭ قايتا ئەسلىگە كېلىشىگە ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەي قالاتتى. بۇنىڭغا ئىككىسىنىڭ كۆزى يەتتىمۇ قانداق، ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرى توغرۇلۇق پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. ئۇ ئادەمنىڭ ئىسمى ئېرىك پورتېۋس ئىدى، ۋانكوۋېرنىڭ شىمالىدىكى كىت قولتۇقىدا غەربىي دېڭىزنىڭ بويىدا تۇراتتى. لېكىن، ھازىر ئۇ يەرگە بارماقچى ئەمەس ئىدى، رېگىناغا بىرىپ بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، ئۇ يەردىكى كۆرۈشمىگىلى ئۇزاق بولغان بىرنەچچە ئاغىنىسى بىلەن كۆرۈشمەكچىدى. ئۇ بېلىقچى ئىدى، چوڭ راكلارنى تۇتۇپ شۇنىڭ پۇلى بىلەن جان باقاتتى، ئۇ بايام دېگەن تېببىي دورىلار توغرىسىدىكى تەجرىبىلىرى نېمە گەپ؟ بۇ توغرۇلۇق ئۇ: «ئۇ جەھەتتىكى بىلىمىمنى كۆپ دەپ كەتكىلى بولمايدۇ. ئەمما، ئازراق ئۆگەنگەن. سىز ئورماندا ياكى كېمىلەردە يۈرگەن ۋاقتىڭىزدا ھەرقانداق بىر ئىش يۈز بېرىشى مۇمكىن، بەزى ئىشلار سىزنىڭ، بەزى ئىشلار ھەمراھلىرىڭىزنىڭ ئۈستىدە يۈز بېرىدۇ» دېدى.

ئۇ توي قىپتۇ، خوتۇنىنىڭ ئىسمى ئان ئىكەن.

ئۇنىڭ دېيىشىچە، خوتۇنى سەككىز يىلنىڭ ئالدىدا ماشىنا

www.uyghurkitap.com

ھادىسىسىگە ئۇچراپ ئېغىر زەخىملىنىپتۇ، بىر نەچچە ھەپتىگىچە كۆزىنى ئاچماي يېتىپ كېتىپتۇ. كېيىن ئاخىر ھوشىغا كەپتۇ، ئەمما يەنىلا پۈتۈن بەدىنىنى مىدىرلىتالمايدىكەن، پەسكە چۈشۈپ ماڭالمايدىكەن ھەتتا تامىقىنىمۇ بىرسى يېدۈرۈپ قويمىسا ئۆزى يېيەلمەيدىكەن. ئېرىنىمۇ ئاران ـ ئاران پەرق قىلالايدىكەن، ئۆزىگە قاراۋاتقان ئايالىنىمۇ تەستە تونۇيدىكەن — ئاشۇ ئايال بولغاچقىلا ئۇ خوتۇنىنى ئۆيگە ئەكېلىپ قاراپتۇ — لېكىن، ئۇنىڭ ئانىنى گەپ قىلدۇرۇش، ئەتراپىدىكى ئىشلارنى بىلدۇرۇش ئارزۇسى تېز ئارىدىلا يوققا چىقىپتۇ.

ھادىسە يۈز بەرگەن كۈنى ئۇ ئىككىسى بىر ئولتۇرۇشقا بېرىپتىكەن. ئانىنىڭ بارغۇسى يوق ئىكەن، ئۇنىڭ بولسا ئوتتەك بارغۇسى بار بولغاچقا، ئامالسىز بېرىپتىكەن. ئولتۇرۇش تۈگىمەيلا ئان ئۆيىگە يالغۇز قايتىپتۇ. ئولتۇرۇشتا ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەلگۈدەك ئىشلار بولغان ئوخشايدۇ.

يولدا كېتىۋاتقاندا، يەنە بىر ئولتۇرۇشتىن چىققان مەستلەر ھەيدىگەن ماشىنا چوڭ يولدىن چىقىپ كېتىپ، يولنىڭ چېتىدە كېتىۋاتقان ئانىنى سوقۇۋېتىپتۇ. ماشىنىنى ئون نەچچە ياشلىق بىر بالا ھەيدەپتىكەن.

ھېلىمۇ ياخشى ئىككىسىنىڭ بالىسى يوق ئىكەن، بالىسىنىڭ بولمىغانلىقى ياخشى ئىش بوپتۇ.

— بۇنداق ئىشنى باشقىلارغا سۆزلەپ بەرسىڭىز ئۇلار، ئەجەبمۇ قورقۇنچلۇق ئىش بوپتۇ، نېمىدېگەن ئېچىنىشلىق پاجىئە بۇ، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىشتىن باشقا سىزگە ھېچنېمە قىلىپ بېرەلمەيدىكەن.

— ئۇلاردىن رەنجىسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى جولىيېت. ئۇ ئۆزىمۇ ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئاشۇنداق گەپتىن بىرنى قىلىشقا تاس قالغانىدى.

ئەلۋەتتە بولمايدۇ، دېدى ئۇ، لېكىن مەسىلە پۈتۈن ئىشلارنىڭ

مۇرەككەپلىكىدە ئىكەن. ئۇنىڭ خوتۇنى ئان بۇنىڭ پاجىئەلىك ئىش ئىكەنلىكىنى شۇ چاغدا ھېس قىلالىغاندىمۇ؟ بەلكىم ھېس قىلالمىغاندۇ. ھېس قىلالامتى؟ قانداقلا بىر ئىشنى بولسۇن، ھېس قىلىش ئاشۇنداق چاغدا ئۇ بىر ئادەمنىڭ ئىشى ئىدى، ئۇنىڭ ئۇ چاغدىكى تۇرمۇشىمۇ بۇرۇنقىسى بىلەن تۈپتىن ئوخشىمايدىغان تۇرمۇش ئىدى ھەم شۇنداق بولاتتى.

جۇلىيېتنىڭ ئەرلەرگە بولغان بىرقەدەر كۆڭۈللۈك قاراشلىرىنىڭ ھەممىسى خىيالى ئىدى. بىر - ئىككى كىنو چولپىنى دەمدۇ، يۇقىرى ئاۋازلىق ئەر ناخشىچى — ئوپېرالاردىكى ۋىجدانى يوق ئاساسلىق ئەر پېرسوناژلار ئەمەس — دەمدۇ، ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئۇ «دون جوئان»نىڭ بىر كونا پىلاستىنكىسىدىن ئاڭلىغان. «ھېنرى VI »نى شېكىسپېرنىڭ درامىلىرىدىن ئوقۇغان، لاۋرېنس ئولىۋىيېر باش رولغا چىققان كىنودىن كۆرگەنىدى.

ئۇلار كۆلكىلىك ھەم پاجىئەلىك ئويۇنلار، ئەمما ئۇلارنى بىلىشكە كىم ئېھتىياجلىق؟ كىشىلىك تۇرمۇشتا ئاھانەتلىك ھەم ئېچىنىشلىق ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ. جۇلىيېت ئاشۇنداق ئىشلارنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىشكە ھەر زامان تىرىشىپ تۇرىدۇ.

ئۇنىڭ ئۇنداق كەچۈرمىشلىرى ئازمۇ؟ ئوتتۇرا مەكتەپتىكى ۋاقتىدا ھېچكىم ياراتمايدىغان قىز ساۋاقداشلىرىنىڭ چۇقان - سۈرەنلىرى ئىچىدىن قېچىپ چىقىۋالغان، ئالىي مەكتەپتىكى ۋاقتىدا ئۆزى ياراتمايدىغان ئوغۇل ساۋاقداشلىرى بىلەن ئارىلىشىپ، ئۇلارنى ياراتمىسىمۇ ئۇلارنىڭ ئالدىدا تېتىك كۆرۈنمەن دەپ ھەر خىل قىلىقلارنى قىلغان. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇلارنى ياخشى كۆرمەيتتى، ئۇلارمۇ ئۇنى ھەم شۇنداق. بولتۇر ئۇنىڭ دىسسېرتاتسىيە ياقلىشىغا يېتەكچىلىك قىلىۋاتقان مۇئەللىمنىڭ جىيەن ئوغلى كېلىپ قالغاندا، ئۇ ئۇنىڭ بىلەن

ۋىسلى باغچىسىغا ئوينىغىلى بېرىپ چۆپلۈكنىڭ ئىچىدە بىللە بولۇپ قالغان، ئۇ باسقۇنچىلىق قىلغان ئەمەس، ئۇ ئۆزى ئىختىيار قىلغان.

ئىشنى تۈگىتىپ ئۆيگە قايتىپ كېتىۋاتقاندا، ئۇ بالا ئۇنىڭ يۈزىدىن يۈزىگىلا، سىز مەن ياخشى كۆرىدىغان قىزلاردىن ئەمەس، دېگەندە، بېشىغا كالتەك بىلەن ئۇرغاندەك بولۇپ، ھوشىدىن كېتىپ ئۆگدىسىغا يىقىلىپ كېتىشكە تاس قالغان. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭغا — ئۇنىڭ ئۇ گېپىنى ئاڭلاپ ئېسىنى يوقىتىپ قويغان چاغ ئىدى — سىزمۇ مەن ياخشى كۆرىدىغان يىگىتلەردىن ئەمەس ئىكەنسىز، دېگەن گەپنى قىلالمىغان.

ئۇ ئەزەلدىن پەۋقۇلئاددە ۋە ھەقىقىي بىر ئەرگە — ھەرقانداق ئەر ئوقۇتقۇچىسىغىمۇ شۇنداق — قارىتا شېرىن خىياللاردا بولۇپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ قارىشىچە، ياشقا چوڭراق ئەرلەر — كۈندىلىك تۇرمۇشتا — ئانچە پاكىز ئەمەس ئىدى.

ئۇ ئادەم نەچچە ياشلاردا باردۇ؟ تويى قىلغىنىغا سەككىز يىل ياكى ئون - ئون بىر يىل بولغانمىدۇ؟ شۇنداق بولغاندا ئۇ ھازىر ئوتتۇز بەش - ئوتتۇز ئالتە ياشقا كىرگەن بولىدۇ. ئۇنىڭ چاچلىرى قارا ھەم بۇدۇر، ئىككى چېكىسىدە ئازراق ئاق بار، پېشانىسى كەڭ، يۈزىدە قورۇقلىرى كۆپ، گەۋدىسى كۈچلۈك، ئالدىغا سەل ئېڭىشىپ قالغان. بويى جۇلىيېتتىن جىقمۇ ئېگىز ئەمەس. ئىككى كۆزىنىڭ ئارىلىقى ئازراق كەڭ، كۆزلىرى كۆك. قاراشلىرى ئۆتكۈر ھەم قىزغىن، ئازراق ھوشيارلىقىمۇ بار، ئېڭىكى تۈز كەلگەن، ئارىلىقىدا ئازراق ئويمان يېرى بار، خۇددى ھازىرلا ئۇرۇشمەن دەيدىغاندەك بىر خىل ھالەت چىقىپ تۇرىدۇ.

جۇلىيېت ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى، ئىشلەيدىغان مەكتىپىنىڭ نامىنى، رەسمىي ئوقۇتقۇچى ئەمەسلىكىنى، ئەمما مەكتەپ لاتىن تىلى بىلەن گرېك تىلىدىن دەرس ئۆتىدىغان مۇئەللىم تاپقىنىدىن ناھايىتى خۇشال بولغانلىقىنى، ھازىر ئۇ قەدىمىي تىلنى ئۆگىنىشنى خالايدىغان

ئادەمنىڭ هازىرغىچە ئاساسەن يوق ئىكەنلىكىنى خېلى تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى.

— ئۇنداق بولسا سىز ئۇ تىللارنى نېمىشقا ئۆگەندىڭىز؟

— ئۆزۈمنىڭ باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ قويۇش ئۈچۈن بولمامدۇ.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئادەمگە دەپ بەرگەنلىرى باشقا ھەرقانداق ئەرگە ياكى ئوغۇل بالىغا قەتئىي دېگىلى بولمايدىغان، دېسە ئۇلار ئۆزىگە قىزىقماس بولۇپ قالىدىغان ئىشلىرى بولدى.

مەن ئۇ تىللارنى، ئۇ تىللار ھەققىدىكى بىلىملەرنى ياخشى كۆرەتتىم، ھەقىقەتەن ئالاھىدە ياخشى كۆرۈپ قالغانىدىم.

ئىككىسى كەچلىك تاماقنى بىللە ئولتۇرۇپ يېدى — بىر رومكىدىن هاراقمۇ ئىچىشتى — ئاندىن مەنزىرە كۆرىدىغان ۋاگونغا چىقىپ چىراغنىڭ يورۇقى ئانچە چۈشمەيدىغان بىر يەرگە بېرىپ ئولتۇردى. بۇ ۋاگوندا پەقەت ئاشۇ ئىككىسىلا بار ئىدى. جۇلىيېت بۇ قېتىم بۆكى بار تەنھەرىكەت كىيىمىنى كىيىۋالغانىدى.

— كىشىلەر كەچتە بۇ يەردە ھېچنېمىنى كۆرگىلى بولمايدۇ، دېيىشىدۇ، لېكىن، قاراڭ ئاسماندىكى لىق يۇلتۇزلارنى، ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى سىز ئۇ يۇلتۇزلارنى هازىرقىدەك ئېنىق كۆرەلەيسىز.

دېمەكچىمۇ، كېچە ئاسمىنى شۇنچىلىك ئوچۇق، ئەمما ئاي يوق — ئاي تېخى چىقمىغانىدى — يۇلتۇزلار بىردە جىمىرلاپ، بىردە سۇسلىشىپ يارقىن چاراقلاپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئادەم ئاسماندىكى ئۇ يۇلتۇز خەرىتىلىرى بىلەن تونۇش ئىكەن، جۇلىيېت بولسا ئاشۇ چوڭ بىر قوشۇقنىلا① بىلەتتى.

— يەتتىكەن يۇلتۇزلىرى سىزنىڭ يۇلتۇزلار ھەققىدىكى بىلىملىرىڭىزنىڭ باشلىنىش نۇقتىسى بولۇپ قالسۇن، — دېدى

① يەتتىكەن يۇلتۇزلىرىنى دېمەكچى.

ئۇ، — ئاۋۋال سىز قوشۇق سېپىنىڭ ئۇدۇلىدىكى ئاۋۇ ئىككى يۇلتۇزغا قاراڭ، كۆردىڭىزمۇ؟ ئۇ ئىستىرېلكا قالغان يۇلتۇزلارنىڭ يۆنىلىشىنى كۆرسىتىپ تۇرىدۇ. ئالدىغىراق قارىسىڭىز شىمالىي قۇتۇپ يۇلتۇزىنى كۆرىسىز.

ئۇ ئۇنىڭغا ئورىئون يۇلتۇزلار تۇركۇمىنى كۆرسىتىپ قويدى. ئۇ شىمالىي يېرىم شارنىڭ قىش پەسلىدىكى ئەڭ مۇھىم يۇلتۇز تۇركۇمى ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا سىرىئۇس يۇلتۇز تۇركۇمىمۇ بار ئىدى، ئۇ يەنە چوڭ ئىت يۇلتۇزلار دەپمۇ ئاتىلاتتى، بىر يىلنىڭ مۇشۇ مەزگىلىدە ئاسمان گۈمبىزىنىڭ شىمال تەرىپىدە ئەڭ نۇرلۇق چاقناپ تۇرىدىغان يۇلتۇزلار تۇركۇمى ئىدى.

جۇلىيېت بىرسىنىڭ ئۆزىگە ئاسماندىكى يۇلتۇزلارنى تونۇشتۇرۇپ بەرگىنىدىن ئىنتايىن خۇشال بولغانىدى، كېيىن ئۆزىنىڭمۇ ئۇ ئادەمگە ئۇستاز بولغىنىدىن خۇرسەن بولدى، چۈنكى ئۇ ئادەم يۇلتۇزلارنىڭ ناملىرىنى بىلگەن بىلەن كېلىش مەنبەسىنى بىلمەيدىكەن.

ئۇ ئۇنىڭغا لىبخو ئېلۋىنىڭ كۆزىنى ئېنوپۋېنىڭ قارىغۇ قىلىپ قويغانلىقىنى، كېيىن ئۇ كۈنگە كۆپ قاراپ بېرىپ كۆزىنى ساقايتىۋالغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئۇ بەكمۇ چىرايلىق بولغاچقا شۇنداق قىپتىكەن. خېپىستوس كېلىپ ئۇنى قۇتقۇلدۇرۇۋاپتۇ. كېيىن ئۇنى خېپىستوس ئۆلتۇرۇۋېتىپتىكەن، ئۇ يۇلتۇزغا ئايلىنىپ ئاسمانغا چىقىپ كېتىپتۇ. بۇنداق ئىشلار مۇھىم شەخسلەر ئاۋارىچىلىككە ئۇچرىغان چاغلاردا كۆپرەك يۈز بېرىدۇ، ئۇلار ئاخىرىدا ئاسمانغا چىقىپ كېتىپ، يۇلتۇزلارغا ئايلىنىپ كېتىدۇ. كاشىپىئويا يۇلتۇزلىرى قەيەردە؟

ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا ئانچە ئېنىق بولمىغان W ھەرىپىنى كۆرسىتىپ قويدى.

— ئۇ ئادەمنىڭ كۆزىگە بىر يەردە ئولتۇرغان قىزدەك

www.uyghurkitap.com

كۆرۈنىدىكەن.

— ئۇ بەكمۇ گۈزەل بولغاچقا، ئاشۇنداق ھالەتكە ئۆزگىرىپ كەتكەن، — دېدى جۇلىيېت يەنە.

— قىزلارنىڭ ئۆمرى قىسقا بولىدۇ، شۇنداقمۇ؟

— ئەلۋەتتە. ئۇ ئېفىئوپىيە پادىشاھىغا تەگكەنىكەن، ئاندىلوموياننىڭ ئانىسى ئىكەن. ئانىسى قىزىنىڭ گۈزەللىكىنى بەك ماختاپ كېتىپتىكەن، خۇدا ئۇنى جازالاپ ئاسمانغا چىقىرىۋېتىپتۇ، ئاسماندا ئاندىلوموپا دەيدىغان يۇلتۇزمۇ بارمۇ؟

— ئۇ يەر يۇلتۇزلار توركۈمى. سىز بۈگۈن ئاخشام ئۇ يۇلتۇزلارنىمۇ كۆرەلەيسىز. ئۇ كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان ئەڭ، ئەڭ يىراقتىكى يۇلتۇزلار.

ئۇ جۇلىيېتقا يېقىن ئولتۇرۇپ يۇلتۇزلارنى كۆرسىتىۋېتىپمۇ بەدىنىگە بەدىنىنى تەگكۈزۈپ باقمىدى، ئۇنداق قىلىشىمۇ بولمايتتى، چۈنكى ئۇ توي قىلغان ئادەم - دە.

— ئاندىلوموپا قانداق ئادەم؟ — دەپ سورىدى ئۇ جۇلىيېتتىن.

— ئۇنى خۇدا قىيا تاشقا باغلاپ قويغانىكەن، كېيىن بورشىيوس قۇتقۇزۇۋاپتۇ.

*　　　　*　　　　*

كىت قولتۇقى.

ئۇزۇن كەتكەن پىرىستان، بىرنەچچە چوڭ پاراخوت توختاقلىق تۇراتتى. ئۇ پىرىستاندا بىر ماي قاچىلاش پونكىتى، بىر ماگىزىن بار ئىكەن. ماگىزىننىڭ ئەينەك دېرىزىسىگە چاپلاقلىق تۇرغان خەتتىن بۇ يەرنىڭمۇ ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇس بېكىتى ۋە پوچتىخانا ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى.

ماگىزىننىڭ ئالدىدا دېرىزىسىگە «خۇسۇسىي تاكسى» دېگەن خەتنى چاپلاپ قويۇلغان بىر ماشىنا تۇراتتى. جۇلىيېت ئۇزۇن

www.uyghurkitap.com

يوللۇق ئاپتوبۇستىن چۈشۈپ ئۇزاق ئۆتمەي ئۇ ئاپتوبۇس مېڭىپ كەتتى. ئارقىدىنلا ئۇ تەرەپتە تۇرغان تاكسىنىڭ سىگنالى چېلىنىپ، شوپۇر ماشىنىسىدىن چۈشۈپ جۈلىيېت تەرەپكە قاراپ كەلدى.

— سىز بىر ئادەممۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ جۈلىيېتتىن، — نەگە بارىسىز؟

ئۇ شوپۇردىن بۇ ئەتراپتا ياتقۇدەك ياتاقنىڭ بار - يوقلۇقىنى سورىدى. شوپۇردىن سورىمىسىمۇ بۇ ئەتراپتا ياتاق يوقلۇقى ئۇنىڭغا مەلۇم ئىدى.

— بۇ يىل بۇ يەردە ئىجارىگە بەرگۈدەك ئۆيلەرنىڭ بار - يوقلۇقىنى بىلمەيدىكەنمەن. شەھەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ سۈرۈشتۈرۈپ باقاي، بۇ يەردە سىز تونۇيدىغان ئادەم يوقمىدى؟

جۈلىيېت ئامال يوق، ئېرىكنىڭ ئىسمىنى دەپ بەردى.

— ھە، ئەمدى بولدى، — دېدى شوپۇر يېنىك تىنىپ قويۇپ، — ماشىنىغا چىقىڭ، كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە بارىدىغان يېرىڭىزگە يەتكۈزۈپ قويىمەن. ئەپسۇس، بۇ كېچە تونەيدىغان ئىشتىن قۇتۇلۇپ قاپسىز.

جۈلىيېت دەسلەپتە ئۇنى كېچىدە نۆۋەتچىلىكتە تۇرىدىغانىنىڭ يا بولمىسا كېچىدە بولىدىغان مۇسابىقىگە بارىدىغانىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتسا كېرەك، بىلىق تۇتقىلى بارامدۇ تېخى، دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

— ھازىر مېنىڭ كۆڭلۈم يېرىم چاغ، — دېدى شوپۇر ئورنىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، — ئۇ بەربىر ياخشى بولمايدۇ.

ئەسلىدە ئۇ ئېرىكنى تونۇيدىكەن، شۇنىڭ خوتۇنى ئانىنىڭ گېپىنى قىپتىكەن.

— كېرەك يوق، — دېدى ئۇ، — پەرىزىمچە ھازىر كىشىلەر تولۇق تارقاپ كەتمىدى، ئەمما سىز دەپنە مۇراسىمىغا ئۈلگۈرەلمىدىڭىز، دەپنە مۇراسىمى تونۇگۈن ئۆتكۈزۈلۈپ بولدى.

ئادەم شۇنداق جىق. سىز بىر ئىش بىلەن ھايال بولۇپ قالدىڭىزمۇ؟

— شۇنداق، — دېدى جۈلىيېت.

— مەن كېچىدە تۈنەيدىغاننىڭ گېپىنى سىزگە دېمەسلىكىم كېرەك ئىدى، كەچۈرۈڭ. تۈنەش مېيىتنى يەرلىكىدە قويۇشتىن ئىلگىرى بولىدىغان ئىش، توغرىمۇ؟ يەرلىكىدە قويۇپ بولغاندىن كېيىن قىلىدىغان ئىشنى نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەنمەن. «زىياپەت» دېسە مۇۋاپىق كېلەمدۇ، شۇنداقمۇ؟ مەن ماشىنامنى گۈلچەمبىرەك بىلەن ئىشىكىگە تاۋار - دۇدۇنلارنى ئارتىپ قويغان يەرگە ئاپىرىپ توختىتاي، بولامدۇ؟

ماشىنا چوڭ يولدىن ئايرىلىپ توپا يول بىلەن يېرىم ئىنگلىز مىلى ماڭغاندىن كېيىن «كىت قولتۇقى قەبرىستانى»غا يېتىپ كەلدى. رېشاتكىغا يېقىن بىر يەردە يېڭىدىن دۆۋىلەپ قويۇلغان توپا، توپىنىڭ ئۈستىدە لىق گۈللەر تۇراتتى، گۈللەرنىڭ بەزىلىرى يېڭى راست گۈللەر ئىدى، رەڭمۇرەڭ يالغان گۈللەرمۇ بار ئىدى، توپىنىڭ ئالدىدا ئىسىم ۋە ئاي - كۈنلەر يېزىلغان ياغاچ كىرېستتىن بىرسى سانجىقلىق تۇراتتى. سېرىق رەڭ يىپەك لېنتىلار قەبرىستاننىڭ ھەممە يېرىدە ئۇچۇپ يۈرەتتى. شوپۇر جۈلىيېتقا تۈنۈگۈن دەپنە مۇراسىمىغا كەلگەنلەرنىڭ ماشىنىلىرىنىڭ ئىزلىرىنى، ئويۇلۇپ كەتكەن يەرلەرنى كۆرسەتتى، نۇرغۇن ماشىنىلارنىڭ ئىزلىرى تۇراتتى.

— ئۇ ئادەملەرنىڭ تەڭدىن تولىسى ئانىنى تونۇمايدۇ، ئەمما ئېرىكنى بىلىدۇ، ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلاپ كېلىشكەنلەرنىڭ ھەممىسى ئېرىكنىڭ تونۇش - بىلىشلىرى.

شوپۇر ماشىنىسىنى ئايلاندۇرۇپ ئۇنى ئېرىكنىڭ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويماقچى بولدى، ماشىنا تېخى چوڭ يولغا چىقماي تۇرۇپلا جۈلىيېت ھېچقانداق ئادەم بىلەن كۆرۈشكۈسى كەلمەي، يەنە ئاشۇ بايامقى ماگىزىننىڭ ئالدىغا بېرىپ ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ كەلگەن تەرىپىگە قاراپ كېتىشنى ئويلىدى.

سورىغانلارغا ۋاقىتنى خاتا ئۇقۇۋالغانلىقىنى، مەرھۇمنىڭ يەرلىكىدە يېتىپ بولغانلىقىنى، ئۇنىڭغا ئۈلگۈرەلمىگەنلىكىدىن خىجالەت بولۇپ ئۇلارغا كۆرۈنگۈسى كەلمىگەنلىكىنى دېيىشكە بولاتتى، شوپۇرغىمۇ ھەم شۇنداق دېيىشنى ئويلىدى.

لېكىن، شوپۇرغا نېمە دەپ ئېغىز ئېچىشنى بىلمەيدۇ، ئۆزىنىڭ ئويلىغىنىدەك دېسە، شوپۇر ئۇنىڭ بۇ ئىشنى سىرتقا يېيىۋېتىشى مۇمكىن.

شۇ تۇرقىدا ئۇلار ئەگرى - بۈگرى تار بىر يولدا كېتىۋاتاتتى. ئۆيلەرنىڭ ئالدىدىن ئۆتەتتى، لېكىن ھېچبىر ئۆينىڭ ئالدىدا توختىمايتتى. ئاشۇنداق مېڭىپ بىرنەچچە كوچىدىن ئۆتكەنمۇ بولدى. ماشىنا توختىمىغانسىرى جولىيېت ئۆزىنى گۇناھى يەڭگىللىتىلگەن گۇناھكارغا ئوخشاش يېنىك تىنىپ ماڭاتتى.

— بەزى ئىشلارمۇ قىزىق، — دېدى شوپۇر. ھازىر ماشىنا رەسمىي ماشىنا يولىغا چىققانىدى، — ئادەملەرنىڭ ھەممىسى نەگە كېتىشكەندۇ؟ بىر سائەتنىڭ ئالدىدا بۇ يەرگە كەلگىنىمدە بەش - ئالتە ماشىنىنىڭ توختاقلىق تۇرغانلىقىنى كۆرگەنىدىم. ھازىر ئۇنىڭ يوك ماشىنىسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ. زىياپەتمۇ تۈگىگەندۇ. كەچۈرۈڭ، دېيىشكە بولمايدىغان گەپنى دەپ سالدىم.

— ئۆيدە ئادەم بولمىسا قايتىپ كەتسەممۇ بولىدۇ، — دېدى جولىيېت ئىتتىكلا.

— ئادەم بولماي قالمايدۇ، بۇنىڭدىن غەم يېمەڭ، ھېچبولمىغاندا ئاللو بار، ئۇنىڭ ۋېلىسىپىتى ئەنە ئاۋۇ يەردە تۇرىدۇ. سىز ئاللونى كۆرۈپ باققانمۇ؟ ئاللو مۇشۇ ئائىلىنىڭ ھەممە ئىشلىرىنى باشقۇرىدىغان ئايال، — ئۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ، ئايلىنىپ بۇ تەرەپكە ئۆتۈپ ئۇنىڭغا ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ بەردى.

جولىيېت ماشىنىدىن ئەمدىلا چۈشۈپ تۇراتتى، يوغان بىر سېرىق ئىت يۈگۈرۈپ كېلىپ ئۇنىڭغا قاراپ قاۋاشقا باشلىدى،

بىر ئايال شۇ ئان ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى كارىدوردا تۇرۇپ ئىتقا ۋارقىرىدى.

— مە، يەنە قاۋىمامسەن، پات، — دېدى شوپۇر جۇلىيېت بەرگەن كىرا ھەققىنى يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، ئاندىن ئۇ ناھايىتى تېزلا ماشىنىسىغا چىقىپ مېڭىپ كەتتى.

— ئاغزىڭنى يۇم پات! ئولتۇر! ئۇ سىزنى چىشلىمەيدۇ، ھەيۋە قىلىپ قويۇۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ ئايال، — كىچىككىنە كۈچۈك دەڭە بۇ.

پات ھەرقانچە كىچىك بولسىمۇ مېنى يەرگە يىقىتىپ باسقۇدەك كۈچى باردۇ، دەپ ئويلىدى جۇلىيېت. شۇ ئارىدا يۇڭلىرى قوڭۇر، پاكارراق يەنە بىر ئىت چىقىپ بۇ جېدەلگە قوشۇلدى. ئۇ ئايال ئىتتىك پەلەمپەيدىن چۈشۈپ ئىككى ئىتقا قاراپ:

— پات، كورگى، ياۋاشراق بولۇش. ئۇلار ئۆزلىرىدىن قورقۇۋاتقانلىقىڭىزنى بىلىپ قالسا تېخىمۇ ھەددىدىن ئېشىپ كېتىدۇ، — دەپ قويدى.

— قورقمىدىم، — دېدى جۇلىيېت. لېكىن، سېرىق ئىت كېلىپ قولىنى پۇرىغاندا ئىتتىك كەينىگە داجىدى.

— بولدى، توختاپ قېلىش، يەنە قاۋايدىغان بولۇشساڭ باشلىرىڭنى يېرىۋېتىمەن، سىز بۈگۈننى دەپنە مۇراسىمى بولىدىغان كۈن دەپ ئويلاپ قاپسىزمۇ؟

ئۇ خۇددى كەچۈرۈم سوراۋاتقاندەك بېشىنى چايقاپ قويۇپ، ئاندىن ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

— ھەي، ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بوپتۇ، مېنىڭ ئىسمىم ئاللو، — ئۇ ئايال كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشتى.

ئاللو بويلۇق، گەۋدىسى كەڭ، بەدىنى چىڭ، سېمىز ئايال ئىكەن. سېرىق چاچلىرى مۇرىسىدە چېچىلىپ تۇرۇپتۇ، ئاۋازى كۈچلۈك، ھېچقانداق ئادەمگە يول بەرمەيدىغاندەك كەسكىن ئىكەن. نېمىسچە، گوللاندچە تىللارنىڭ تەلەپپۇزىدىراق

سۆزلەمدۇ، قانداق.

— ئاشخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، باشقا ئۆيلەر بەك قالايمىقان، مەن سىزگە قەھۋە دەملەپ بېرەي.

ئاشخانا ناھايىتى يورۇق ئىكەن، كۈنگەي تەرىپىدىكى يانتۇ دېرىزىدىن تولۇق يورۇق چۈشۈپ تۇرىدىكەن. تەخسىلەر، ئىستاكانلار، چۆگۈنلەر ھەممە يەردە يېيىلىپ يېتىپتۇ. ئۇ ئىككى ئىت ياۋاش مېڭىپ ئاللوننىڭ كەينىدىن ئاشخانىغا كىرىپ، يەردە تۇرغان قازاننىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى شالاپلىتىپ يېگىلى تۇردى.

ئاشخانىنىڭ تۆرىدە يۇقىرىدىكى ئۆيلەرگە چىقىدىغان پەلەمپەي بار ئىكەن، پەلەمپەينىڭ ئۈستىدىكى ئىشىكى ئوچۇق ئۆي، ئۆينىڭ ئىچىدىكى قالايمىقانچىلىقلار، يەردە ياتقان ئورۇندۇقلار غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئاللو ئۈستەلنىڭ تېگىدىن بىر ئورۇندۇقنى تارتىپ چىقىپ، جۇلىيېتقا:

— بۇ يەرگە كېلىپ ئولتۇرۇپ قەھۋە ئىچىڭ، ئازراق بىرنەرسىمۇ يەۋېلىڭ، — دېدى.

— مەن بىرنەرسە يېمىسەممۇ بولىدۇ، — دېدى جۇلىيېت.

— ئۇنداق دېمەڭ، مەن يېڭىدىن قەھۋە دەملەپ قويدۇم، مەنمۇ ئىش قىلغاچ سىز بىلەن بىللە ئىچىمەن. ئېشىپ قالغان تاماقلارمۇ خېلى بار.

ئۇ جۇلىيېتنىڭ ئالدىغا قەھۋەدىن باشقا سۈس يېشىل رەڭلىك پېچىنىدىن بىرنى قويۇپ قويدى. تورتنىڭ ئۈستىدىكى بىر قەۋەت چۈچۈمەل گىلاس قىيقىنىنىڭ يېرىمى چۈشۈپ كېتىپتۇ.

— ئۇنىڭ ئۈستىدىكى گىلاس قىيقى ئىدى، چۈشۈپ كېتىپتۇ، — دېدى ئۇ پېچىنىسىنى بەكمۇ ماختاپ كەتمەي، — بۇ تورتىنىڭ تەمى يەنە بولىدۇ. ئىچىگە تۇخۇم سېرىقى ئېلىنغىنىمىكەن؟

— شۇنداق، شۇنداق تەملىك ئىكەن، — دېدى جۇلىيېت.

— ئۆي بەكمۇ قالايمىقان بولۇپ كەتتى. تۆنگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى پاكىز تازىلاپ، رەتلەپ قويۇۋىدىم، ئەتىسىلا جەسەتنى يەرلىكىدە قويىدىغان بولۇپ قېلىپ يەنە قالايمىقانلىشىپ كەتتى. ئەمدى يەنە تازىلاپ، رەتلەپ قويىمىسام بولمىدى.

ئۇنىڭ تەلەپپۇزىدىن كىملەردىندۇر ئاغرىنىۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى. جۈلىيەت ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنىڭغا ياردەملىشىدىغان گەپلەرنى دەپ قويمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ:

— بۇ تورتنى يەپ بولغاندىن كېيىن سىزگە ياردەملىشىپ رەتلىشىپ بېرەي، — دېدى.

— بولدى، ھاجىتى يوق، — دېدى ئاللو دەررۇلا، — بۇ ئۆينىڭ ھەممە نېمىسى ماڭا تونۇش، — ئۇ ئاشخانىنىڭ ئىچىدە ئۇياقتىن – بۇياققا مېڭىپ يۈرەتتى، ھەرىكىتى بەكمۇ چاققان بولسىمۇ، ئەمما مەقسىتى ناھايىتى ئېنىق ئىدى، شۇڭا قىلغان ئىشلىرىنىڭ ئۇنۇمى كۆرۈنۈپ تۇراتتى (بۇنداق ئاياللار ھەرگىز باشقىلارنىڭ ياردىمىنى قوبۇل قىلمايدۇ ھەم سىزنىڭ قولىڭىزدىن قانچىلىك ئىش كېلىدىغانلىقىنىمۇ بىلىپ يېتەلەيدۇ). شۇ تۇرقىدا ئۇ ئەينەك قاچىلارنى، تەخسىلەرنى، ۋىلكا – قوشۇقلارنى تىنماي سۈرتۈپ، سۈرتۈپ بولغانلىرىنى جاي – جايىغا قويۇپ تۇراتتى. ئۇ ئىشلارنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن قازان بىلەن تاۋىنى — ئىككى ئىتنىڭ ئاغزىنى تارتىۋالغىنىمۇ بار — يېڭىدىن تەڭشىگەن سوپۇن سۈيىگە سالدى، ئاندىن ئۈستەلنى، ئوچاق باشلىرىنى سۈرتۈشكە باشلىدى، سۈرتكەن لاتىنى خۇددى چۈجىنىڭ بوينىنى تولغاپ ئۈزۈۋېتىدىغاندەك كۈچەپ سىقتى. شۇ ئىشلارنى قىلىۋېتىپ يەنە جۈلىيەت بىلەن پاراڭلىشىپمۇ تۇراتتى.

— سىز ئۇنىڭ دوستىمۇ؟ ئۇنى بۇرۇندىن تونۇيتتىڭىزمۇ؟

— ياق، تونۇمايتتىم.

— ھە شۇ، — دېدى ئۇ شۇ ئانلا، — مەنمۇ ئۇنداق ئەمەستۇ،

www.uyghurkitap.com

دەپ ئويلىدىم، چۈنكى، سىز بەك ياش كۆرۈنگەنىدىڭىز، ئۇنداق بولسا قانداق بولۇپ ئۇنىڭ دەپنە مۇراسىمىغا قاتناشقىلى كېلىپ قالدىڭىز؟

— مەن ئۇ ئىشقا كەلمىگەن، — دېدى جۇلىيېت. — ئۇ ياقنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. باشقا بىر تونۇشۇم بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتۈپ كېتەي دەپ كەلگەن، — جۇلىيېت ئاۋازىنى ئۆزىنىڭ دوستلىرى بەكمۇ جىقتەك، نەگىلا بارسا دوستلىرى بار بولغاچقا ئۇلارنىڭ ئۆيلىرىگە ئىختىيارى بېرىپ كۆرۈشۈۋېرىدىغاندەك تەلەپپۇزدا چىقىرىپ بېقىشقا خېلى خوپ تىرىشىپ باقتى.

ئاللو خۇددى بۇ گەپكە قۇلاق سالمىغاندەك، ئازراق خاپا، تەخسە - چۆگۈنلەرنى كۈچەپ سۈرتۈشكە باشلىدى. خېلى كۆپلىرىنى سۈرتۈپ بولغۇچە جۇلىيېتقا گەپ قىلماي بىر چاغدا:

— ئۇنداق بولسا سىز ئېرىكنى كۆرگىلى كەپسىز - دە، توغرا تېپىپ كەپسىز، ئېرىك مۇشۇ يەردە تۇرىدۇ، — دېدى.

— سىز بۇ يەردە تۇرمايسىز، شۇنداقمۇ؟ — سورىدى جۇلىيېت خۇددى بۇ گەپنى سورىسا گەپنى باشقىغا بۇرىۋەتكىلى بولىدىغاندەك.

— راست دەيسىز، مەن بۇ يەردە تۇرمايمەن، تاغىنىڭ باغرىدىكى ئۆيىمىزدە ئېرىم ئىككىمىز بىللە تۇرىمىز، — ئېرىم دېگەن گەپ ئۇنىڭ ئاغزىدىن ماختانغاندەك ھەم ئازراق ئەيمەنگەندەك بىر خىل تەلەپپۇزدىراق چىقتى.

ئاللو ئەمدى ئۇنىڭدىن گەپ سورىماي چىنىسىگە قەھۋە لىقلاپ قويدى، ئۆزىگىمۇ لىققىدە قۇيدى، تورتتىن كېسىپ يېدى. تورتنىڭ ئاستى قىزىلگۈل رەڭگىدە، ئۈستى قايماق ئىدى.

— بۇ سېرىق مايدا قىلىنغان تورت، دەررۇ يەۋەتمىسەك ئاسان بۇزۇلۇپ قالىدۇ. مېنىڭ ھازىر يەيدىغان يېرىم قالمىدى، شۇنداقتىمۇ زورلاپ يەپ قويۇۋاتىمەن. ئېلىڭ، سىزمۇ بىر پارچە يەڭ.

— ياق، بولدى، رەھمەت سىزگە.
— ئېرىك سىرتقا چىقىپ كەتكەن، بۇگۈن كېچە قايتىپ كەلمەيدۇ، كرىستانىڭ قېشىغا كەتكەن. كرىستانى بىلەمسىز؟
جۇلىيېت بېشىنى چايقاپ قويدى.
— بۇ يەردىكىلەر يېقىن ئۇلتۇرىدىغان بولغاچقا، بىر-بىرىمىزنىڭ ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىمىز ھەم ياخشى ئۆتىمىز، مەن سىزنىڭ تۇرۇۋاتقان يېرىڭىزنىڭ قانداق يەر ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. ۋانكوۋېردا تۇرامسىز؟ (جۇلىيېت بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى) — چوڭ شەھەرلەر بىزنىڭ بۇ يەردىكىدەك ئەمەس. ئېرىكنىڭ كۆڭلى ياخشى، خوتۇنىغا ئاجايىپ ياخشى قارىدى، شۇڭا باشقىلار ئۇنىڭغا كۆپ ياردەم بەردى، گېپىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟ مەن ئۇنىڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ بىرسى.
جۇلىيېت ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا تولىمۇ قاملاشمىغان گەپتىن بىرنى قىلىپ قويدى:
— ئۇنىڭغا قاراشقىنىڭىزغا ھەق ئالىدىغانسىز؟
— ئۇنىڭ ماڭا ھەق بېرىشى تەبىئىي ئەھۋال. لېكىن، مەن ئۇچۇن بۇ خىزمەتلەرلا ئەمەس، ئۇنىڭدىن باشقىمۇ ئاياللارنىڭلا قولىدىن كېلىدىغان ياردىمىمۇ بار، ئۇ شۇنىڭغا ئېھتىياجلىق، سىز نېمە دېمەكچى بولغىنىمنى چۈشەندىڭىزمۇ؟ ئۇ خىل ياردەمنى ئېرى بار ئاياللار قىلسا بولمايدۇ، بۇنداق ئىشنىڭ باشقىلارنىڭ پىسەنتىگە توغرا كېلىشىگە ئىشەنمەيمەن. ئۇنداق قىلىش ياخشى ئەمەس، گەپ - سۆزگە قالىدىغان گەپ. ئېرىك دەسلەپتە ساندىرا بىلەن ئارىلاشتى، كېيىن ئۇ كۆچۈپ كېتىۋىدى، كرىستا كەلدى. بىر مەزگىل ساندىرا قايتىپ كېلىپ خىرىستا بىلەن بىللە تۇردى. ئۇلار دوست ئىدى، شۇڭا چاتاق چىقمايتتى. لېكىن، ساندىرانىڭ بىرنەچچە بالىسى بولغاچقا، مەكتەپكە يېقىنراق بىر يەرگە كۆچۈپ كېتىشنى ئويلايتتى. كرىستا ھۈنەرۋەن ئىدى، دېڭىز بويلىرىدىن ياغاچلارنى تېرىپ

كېلىپ بىرنېمىلەرنى ياسايتتى. ئۇ ياغاچلارنى سىلەر نېمە دەيتتىڭلار؟

— لەيلىمە، — دەپ جاۋاب بەردى جۇلىيېت تازا خىلاپ كەتمەي، ئۇنىڭ ئۇمىدسىزلىك ۋە نومۇستىن بېشى پىرقىراپ كېتىۋاتاتتى.

— توغرا، ئۇ ياغاچنى شۇنداق دەپ ئاتايدۇ. ئاندىن ئۇ ياسىغان نەرسىلىرىنى ماگىزىنغا ئاپىرىپ بېرەتتى، ماگىزىندىكىلەر ئۇلارنى سېتىپ پۇلىنى ئۇنىڭغا تاپشۇراتتى. ياسايدىغان نەرسىلىرى تۈرلۈك هايۋانلار، قۇشلار ئىدى، رېئاللىقتا يوق نەرسىلەرنى ياسايتتى. شۇنداق دېسەم توغرا بولامدۇ؟

— «رېئالىزمغا يات نەرسىلەر»نى دېمەكچىمۇسىز؟

— توغرا، توغرا، ئۇ پەقەتلا توغۇپ باقمىغان، ئۇ هازىر ئولتۇرۇۋاتقان يېرىدىن كۆچۈپ كېتىدىغاندەك ئەمەس. بۇ ئىشلارنى ئېرىك سىزگە سۆزلەپ بەرمىگەنمۇ؟ قەھۋەدىن يەنە قۇيۇپ بېرەيمۇ؟ چۆگۈندە يەنە ئازراق بار.

— ياق، ئىچمەيمەن، رەھمەت، ئۇ ماڭا بۇ گەپلەرنى سۆزلەپ بەرمىگەن.

— ھە، سىزگە سۆزلەپ بەرمەپتىكەن - دە، مەن سۆزلەپ بېرىپتىمەن، بۇمۇ بولدى. قەھۋەنى ئىچىپ بولغان بولسىڭىز ئىستاكاننى ئېلىۋالاي، يۇيۇۋېتىشىم كېرەك.

ئۇ ئۇستەلنى ئايلىنىپ توڭلاتقۇنىڭ يېنىغا بېرىپ، شۇ يەردە ياتقان سېرىق ئىتنى بىرنى تېپىپ قويدى.

— تۇرە ئورنۇڭدىن، هورۇن ئېشەك، ئەمدى ئۆيگە قايتىمىز، — ئارقىدىن جۇلىيېتقا دېدى، — ۋانكوۋېرغا بارىدىغان بىر ئاپتوبۇس سائەت سەككىزدىن ئون ئۆتكەندە بىزنىڭ بۇ يەردىن ئۆتىدۇ، — ئۇ شۇ گەپنى قىلىپ بولۇپلا ئىشىككە كەينىنى قىلىپ تۇرۇپ چىنە - ئىستاكانلارنى يۇيۇشقا باشلىدى، — مەن بىلەن بىللە كەتسىڭىز بولىدۇ، ئېرىم سىزنى ئاپتوبۇسقا ئولگۇرتۇپ ئاپىرىپ قويىدۇ، بىزنىڭ ئۆيدە تاماق يەپ مېڭىڭ. مەن ۋېلىسىپىت بىلەن

قايتىمەن، ئاستا ماڭسام يېتىشىپ ماڭالايسىز، بىزنىڭ ئۆي يىراق ئەمەس.

ئەمدى قانداق قىلىشنى مەسلىھەتلىشىشكە پەقەتلا ئىمكانىيەت قالمىغانىدى. جۇلىيېت ھېچبىر ئويلانمايلا ئورنىدىن تۇرۇپ سومكىسىنى قولىغا ئالدى، ئارقىدىنلا يەنە ئولتۇرۇۋالدى، بۇ قېتىم باشقا ئورۇندۇقتا ئولتۇرغانىدى. ھازىر ئولتۇرغان يېرىدىن ئاشخانىنىڭ بايام كۆرگىلى بولمىغان يېرىنى كۆرگىلى بولاتتى. نېمىنى كۆردى بىلىپ بولمايتتى. شۇنىڭدىلا ئۇ قەتئىي قارارغا كەلدى.

— مەن مۇشۇ ئۆيدە تۇرۇپ تۇرۇشنى ئويلاپ قالدىم، — دېدى ئۇ.

— مۇشۇ ئۆيدىمۇ؟

— مېنىڭ نەرسىلىرىم كۆپ ئەمەس، ئاپتوبۇس بېكىتىگە ئۆزۈم مېڭىپ بارالايمەن.

— يولنى قانداق بىلەلەيسىز؟ بىر ئىنگلىز مىلى كېلىدۇ.

— يىراق ئەمەس ئىكەن، — جۇلىيېت بېكەتنى تېپىش بىر نەشچە يوق تۇرۇپ شۇنداق دەپ جاۋاب بەردى. ئارقىدىن تاغ تەرەپكە قاراپ ماڭسام تېپىپ بارالايدىغاندەك تۇرىمەن، دەپ ئويلىدى.

— ئۇ قايتىپ كەلمەيدۇ، بۇنى بىلەمسىز؟ — دېدى ئاللو، — بۇگۈن ئاخشام بارغان يېرىدە بولىدۇ.

— شۇنداق بولسىمۇ مەيلى.

ئاللو ئۇنىڭغا نەپرەتلەنگەندەك بىر خىل قىياپەتتە ئىككى مۇرىسىنى كۆتۈرۈپ قويدى.

— ئورنۇڭدىن تۇر، پات! — ئۇنىڭ ئاۋازى بايامقىدىنمۇ بەكرەك چىڭ چىقتى، — كورگى مۇشۇ يەردە قالسۇن. سىز ئۇنى تالاغا چىقىرىۋېتەمسىز ياكى ئۆيىنىڭ ئىچىدە تۇرىۋەرسۇنمۇ؟

— مېنىڭچە، تالادا تۇرغىنى ياخشى.

— ئۇنداق بولسا ئۇنى باغلاپ قوياي، كەينىمدىن

ئەگەشمىسۇن. ئۇنىڭمۇ ناتونۇش ئادەم بىلەن بىللە تۇرغۇسى كەلمەيدۇ.

جۇلىيېت ئۇنىڭغا جاۋابەن ھېچنېمە دېمىدى.

— بىز ماڭغاندا ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويىمىز. بىلدىڭىزمۇ؟ ئەگەر سىز سىرتقا چىقىپ يەنە قايتىپ كەلمەكچى بولسىڭىز، مانا مۇنۇ يەرنى باسسىڭىز ئىشىك ئېچىلىدۇ. راستلا كەتمەكچى بولسىڭىز، بۇ يەرنى بېسىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، ئىشىكنى يېپىۋەتسىڭىز ئۆزى قولۇپلىنىپ قالىدۇ، چۈشەندىڭىزمۇ؟

— چۈشەندىم.

— بىزنىڭ بۇ يەردە ئىشىكنى قولۇپلىمايتتۇق، لېكىن ھازىر يات ئادەملەر كۆپىيىپ قىلىپ قۇلۇپلايدىغان بولۇپ قالدۇق.

ئۇلار يولتۇزلارغا قاراپ بىردەم ئولتۇرغاندىن كېيىن، پويىز ۋىننىپېگدا قىسقا ۋاقىت توختىغانىدى. ئىككىسى پويىزدىن چۈشۈپ بېكەت ئىچىدە بىردەم ماڭدى. سوغۇق شامال جاندىن ئۆتەتتى. ئىككىلىسى تىترەپ دەم ئالالماي قېلىۋاتاتتى. بۇنداق چاغدا گەپلىشىش بەكمۇ قىيىنغا توختايتتى. ئۇلار ئاخىر بولالماي ۋاگونغا كىرىپ كېتىپ پويىز ئاشخانىسىدا براندى ئىچىپ ئولتۇردى.

— براندى ئىچسەك بەدىنىمىز ئىسسىيدۇ ھەم ياخشى ئۇخلايمىز، — دېدى ئۇ.

ئۇ جۇلىيېتنى ۋاگونغا ئاپىرىپ قويغاندا كۆپ ساندىكى كارىۋاتلىق خانىلارنىڭ ئىشىكلىرى ئېچىلغان، ئىشىكلەرنىڭ يېشىل رەڭلىك دەرپەردىلىرى كارىدورنى تېخىمۇ تارلاشتۇرۇۋەتكەندەك كۆرۈنۈپ قالغانىدى. ھەربىر خانىلارنىڭ ئىسمى بار ئىدى، جۇلىيېت ياتقان خانىنىڭ ئىسمى مىرامىچ[1]

[1] مىرامىچ — كانادانىڭ يېڭى برۇنزۋىك ئۆلكىسىدىكى بىر دەريانىڭ نامى.

ئىدى.
— كەلدۇق، — دېدى جۇلىيېت ئىككى ۋاگوننىڭ چېتىشقان يېرىگە كەلگەندە پىچىرلاپ دېگۇدەك. شۇ ئارىلىقتا ئۇ ئادەم ۋاگون ئىشىكىنى ئىتتىرىپ ئاچتى.
— ئەمىسە مۇشۇ يەردە خوشلىشامدۇق، — دېدى ئۇ ئىشىكتىن قولىنى تارتىۋېلىپ، ئاندىن ۋاگوننىڭ تىترىشىدە دەلدۇگۇنۇپ كەتمەسلىك ئۈچۈن مەزمۇت تۇرۇۋالدى. بۇنداق تۇرۇۋېلىشىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن سۆيۈپ خوشلىشىشتىنمۇ رولى چوڭ بولاتتى. ئىككىسى سۆيۈشۈپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۇ قولىنى قويۇۋەتمەي جۇلىيېتنى چىڭ قۇچاقلاپ تۇرۇپ دۈمبىسىنى بوش سىلاپ تۇردى ۋە يۈزىنىڭ ھەممە يېرىنى سۆيۈپ چىقتى.
جۇلىيېت ئۇنىڭ قۇچىقىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىپ، ئۇنىڭغا جىددىي تەرزدە:
— ئۇنداق قىلماڭ، مەن تېخى قىز، — دېدى.
— شۇنداق، شۇنداق، — دېدى ئۇ كۈلۈپ كېتىپ، ئاندىن بوينىغا بىرنى سۆيۈپ قويۇپ قولىنى قويۇۋېتىپ، يېپىلىپ قالغان ئىشىكنى ئىككىنچى قېتىم يەنە ئاچتى. ئىككىسى كارىدور بويلاپ ئالدىغا مېڭىپ جۇلىيېتنىڭ ياتىقىنىڭ ئىشىكى ئالدىغا كەلگەندە توختىدى. جۇلىيېت ئىشىكنىڭ ئالدىدا توختىغاندا، خۇددى ئۇنىڭ يەنە بىر قېتىم سۆيۈپ قويۇشىنى ھېچبولمىغاندا بىر يەرلىرىنى سىلاپ قويۇشىنى ئارزۇ قىلغاندەك كەينىگە بۇرۇلۇپ ئۇنىڭغا قارىدى. لېكىن، ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بۇ ئۇچرىشىش بىرلا قېتىم تۈيۈقسىز بولغاندەك، ئەمدى بولۇشى مۇمكىن ئەمەستەك كەينىگە بۇرۇلۇپلا ماڭدى.

نېمىدېگەن ئەخمەقلىق، نېمىدېگەن دۆتلۈك بۇ. ئۇ ئۇنىڭ دۈمبىسىنى پەسكىچە سىلايدىغان بولسا قولى چوقۇم چىڭگىللىك

بىر توگۈچكە تېگەتتى. ئۇ ئۇنىڭ ھەيز قەغىزىنى چىگىپ قويغان توگۈچ ئىدى. ئۇنىڭدا شۇ نەرسە بولغاندىكىن بايامقىدەك ئۆزىنى «مەن تېخى قىز» دەپ ئەنسىرەپ كەتمىسىمۇ بولاتتى.

«مەن تېخى قىز» دېگەن گەپنى نېمىشقا دەيدۇ؟ ئۇنىڭ ئۆز ۋاقتىدا شۇنچە كۆپ ئاۋارىلىكلەرنى تارتىپ، شۇنچە نومۇسلىنىپ تۇرۇپ ۋىللىس باغچىسىغا بېرىشى ئاشۇنداق ھالەتنىڭ ئۆزىگە كىشەن بولۇپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئىدىغۇ؟ ئەگەر ئۇ ئادەم تېخىمۇ ئىچكىرىلىگەن بولسا ئۇنىڭغا نېمە دەپ چۈشەندۈرەر ئىدى؟ — ئۆزىنىڭ ھەيز كۆرۈپ قالغانلىقىنى ھەرگىز دېمىگەن بولاتتى — ئۇنىڭدا شۇنداق نىيەتنىڭ تۇغۇلۇشى مۇمكىنمۇ؟ مۇمكىن بولغان بولسا نەدە، قانداق قىلماقچىدۇ؟ ئۇنىڭ پويىزدىكى ياتقىنىنىڭ كارىۋىتىدىمۇ؟ ئۇ كارىۋات تار ھەم ئىككى ياندىكى ياتاقلاردا ياتقان ئادەملەر تېخى ئۇخلاپ كەتمىگەن تۇرسا. ئۆرە تۇرغۇزۇپ قىلارمۇ؟ ئىككى ۋاگوننىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئىشىككە يۆلەپ تۇرۇپمۇ؟ ئۇ يەردىن ھەرقانداق چاغدا ئادەملەر ئۆتۈپ تۇرىدىغان تۇرسا ئۇ مۇمكىنمۇ؟

ئەمدى ھازىر ئۇ ئادەم باشقىلارغا ئۆزىنىڭ قەدىمىي گىرېك ئەپسانىلىرى ھەققىدىكى بىلىملىرىدىن باشقىنى بىلمەيدىغان بىر ئەخمەق قىز بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقىنى سۆزلەپ بېرىپ، ئەمدىلا سۆيۈشۈپ تۇراتتۇق — ئەمدىلا ئۇنىڭ بىلەن سۆيۈشۈپ خوشلىشىۋاتقان، خەيرلىك كەچ دەپ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئىزدەۋاتقاندا — ئۇ بىردىنلا، مەن تېخى قىز، دەپ چىرقىراپ كەتتى، دەيدىغان بولدى - دە.

ئۇ ئادەم ئۇنداق قىلىق، ئۇنداق گەپلەرنى قىلىدىغان ئادەم ئەمەستەكمۇ قىلىدۇ. شۇنداقتىمۇ جۇلىيېت ئۇنى ئۇنداق ئادەم ئەمەس دەپ ئويلىماسلىقا ئامالسىز ئىدى.

ئۇ يېرىم كېچىگىچە ئۇيقۇسى كەلمەي كۆزلىرى ئوچۇق دېگۈدەك ياتتى. پويىز رېگىناغا كېلىپ توختىغاندا ئۇخلاپ قالدى.

*                    *                    *

ئۆيدە ئۇ ئۆزى يالغۇز قالدى، ئەمدى بۇ ئۆينى ئىنچىكە كۆرۈپ چىقسا بولاتتى، ئەمما ئۇنداق قىلمىدى. يىگىرمە مىنۇتقىچە ئاللونىڭ قارىسى تېخى تامامەن يوقاپ كەتمىگەندەك ئەندىشە ئىچىدە ئولتۇردى. ئاللو ئۇنى ئۆينىڭ ئىچىدە يالغۇز قىلىپ نېمە قىلىۋاتىدىكىن، دەپ كېلىپ قالىدىغاندەك ياكى بىرنەرسىنى ئۇنتۇپ قالغان بولسا قايتىپ كېلىدىغاندەك قورقۇنچ ئىچىدە تۇرۇۋاتاتتى. ئاللو بىپەرۋا ئايال ئەمەس ئىدى، بىر كۈن كەچكىچە ئۇنى - بۇنى قىلىپ چارچىغان بولسىمۇ، چارچىغىنىغا قارىماي كېلىپ قېلىش ئېھتىمالى ھەرقاچان مەۋجۇت ئىدى. يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئەگەر ئۇ جۇلىيېتنى ئۆيدىكى نەرسىلەرنى ئوغرىلىۋېلىشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ قالغان بولسا، ئۇنى بايالا ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدىغانلىقىمۇ ئېنىق ئىدى.

ئاللو ئۆزى ئىگىلەشكە تېگىشلىك دەپ قارىغان بوشلۇقنى، بولۇپمۇ ئاشخانىدىكى بوشلۇقنى ھېچكىمگە بەرمەسلىكنى ياخشى كۆرىدىغان ئايالدەكمۇ قىلاتتى. جۇلىيېت كۆزى چۈشكەنلا يەردە ئۇنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنىڭ ئىزلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى، بۇ خىل ھۆكۈمرانلىق دېرىزە تەكچىسىدىكى تەشتەك گۈلىدىن (دورا ئۆسۈملۈكمۇ قانداق؟) تارتىپ تاختاينىڭ ئۈستىگە سېلىپ قويغان يالتىراق پالاسقىچە كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتاتتى.

جۇلىيېت ئاللونى ھەيدەپ چىقىرىپ، ئۇ تېخى دەرۋازىدىن چىقىپ بولماي تۇرۇپلا خۇددى ئۇنىڭ روھى توختاتقۇنىڭ كەينىگە يوشۇرۇنۇۋالغاندەك تېنى بىردىنلا جۇغۇلداپ كەتتى. ئۆزىنى سەل بېسىۋالغاندىن كېيىن، كرىستانى دۈشمەنلىك خىيال بىلەن ئويلاپ قالدى. ئېرىكنىڭ ئارىلىشىدىغان ئايالى بار ئىكەن، بولۇشى تەبىئىي ئەھۋالغۇ؟ جۇلىيېتنىڭ كۆز ئالدىغا يەنە ياش،

چىرايلىق، ئېخىمۇ جەلپكار ئاللىۋ كېلىۋالدى. كەڭ گەۋدىلىك، يەلكىلىرى قۇۋۋەتلىك، ئۇزۇن چاچلىق — ئۇ چاچلارنىڭ ئىچىدە بىر تالمۇ ئاق چاچ يوق — ئازادە كۆڭلىكنىڭ ئىچىدە تىنىمسىز لىغىرلاپ تۇرغان چىڭگىدە ئىككى كۆكسى... ئوخشاشلا ئادەمنىڭ مەيلىنى تارتىپ تۇرىدىغان جىنسىي جەھەتتە ئازراقمۇ لاتاپىتى يوق، ئۆگىنىپ قالغان ئادىتى بويىچە ئاۋۋال زەھەردەك گەپتىن بىرنى ئويلىۋېلىپ، ئاندىن سىزگە قارىتىپ ئاتىدىغان كىرىستامۇ جۇلىيېتنىڭ خىياللىرىنى چىگىچلەشتۇرۇۋەتتى.

ئۇنىڭ كاللىسىغا ئۇلاردىن باشقا يەنە ئىككى ئايال كىرىۋالدى. ئۇلار بىرسېئىس بىلەن كلۇسېئىس بولۇپ، ئاكاشوس بىلەن ئاكالوسنىڭ ئويناشلىرى ئىدى، ئىككىلىسى كىتابلاردا «ئوماق ئاياللار» دەپ تەسۋىرلىنەتتى. پىروفېسسور شۇ تەسۋىرنى ئوقۇغان چاغدا (جۇلىيېت گىرېكچە ئۇ سۆزنى ئېسىگە ئالالمىدى) يۈزى قىزىرىپ پارقىراپ كېتەتتى. ئۆزىنىڭ بۇ ھالىتىنى بىلىندۇرمەسلىك ئۈچۈن ئەتەي كۈلۈۋېمۇ قوياتتى. شۇنداق چاغلاردا جۇلىيېت ئۇ پىروفېسسورنى تولىمۇ پەس كۆرۈپ كۆزگە ئىلمايتتى.

ئەگەر كىرىستا قوپال، شىمالىيلىقلارنىڭ خاراكتېرى بار بىرسېئىس بىلەن كلۇسېئىسقا ئوخشايدىغان بولسا، ئۇ چاغدا جۇلىيېت ئېرىكنىمۇ كۆزگە ئىلماسلىقى كېرەك.

ئەگەر ئۇ يولنىڭ ئۇ تەرىپىدە توختايدىغان ئۇزۇن يوللۇق ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ۋانكوۋېرغا كېتىدىغان بولسا بۇ ئىشنى قانداق بىلەلەيدۇ؟

شۇڭا، ئۇ ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ۋانكوۋېرغا كېتىشنى ئويلاپمۇ قويمىدى، شۇنداق قىلغىنىمۇ توغرا ئىدى. ئاللونىڭ تۇسقۇنلۇقلىرى بولماي ئۆزىنىڭ ئويلىغىنى بويىچە ئىش قىلغان بولسا، ئىشلار قانداق ئاسانغا چۈشەتتى ـ ھە! ئۇ ئاخىر ئورنىدىن تۇرۇپ يەنە بىر چۆگۈن قەھۋە دەملەپ ئاللو بايام

يىغىشتۇرۇۋەتكەن شىشە ئىستاكانغا ئەمەس، چاقچۇق ئىستاكانغا قۇيۇپ ئىچتى.

ئۇ بايام قاتتىق جىددىيلىشىپ كەتكەن بولغاچقا قورسىقىنىڭ ئاچقانلىقىنىمۇ سەزمىگەنىدى، هازىر ئاچقاندەك بولۇپ ئورنىدىن تۇرۇپ هاراق ئىشكاپىغا قاراپ باقتى. ئىشكاپتىكى هاراقلار تۈنەك كېچىسى مېهمانلار ئەكەلگەن هاراقلاردەك قىلاتتى. بىراندى، گوللاندىيەنىڭ نەشپۈت هارىقى، «تانۋانلى» دېگەندەك هاراقلار ئىدى، هەممىسى دېگۈدەك ئاغزى ئېچىلىپ ياراتماي ئىچىلمىگەن هاراقلاردەك قىلاتتى. قارىغاي ئۇرۇقىنىڭ هارىقى، ۋىكىسى، پىۋا، ۋىنو دېگەندەك هاراقلار تولۇق ئىچىلىپ قۇرۇق بوتۇلكىسىنى ئاللو ئىشكىنىڭ يېنىغا قاتار تىزىپ قويغانىدى.

جۇلىيېت ئىستاكاندىكى قەھۋەگە «تانۋانلى»دىن ئازراق قۇيۇپ، بىر قولىدا ئىستاكان، بىر قولىدا قۇتىلىق ئۇسسۇلۇق، پەلەمپەي بىلەن ئۈستىگە چىقىپ يوغان بىر هۇجرىغا كىردى.

بۇگۈن بىر يىل ئىچىدىكى كېچە بىلەن كۈندۈز تەڭلەشكەن كۈن ئىدى، ئۆينىڭ ئەتراپىدىكى دەرەخلەر كۈنىنىڭ ئاداققى نۇرىنى توسۇۋالغانىدى، ئاشخانىنىڭ تۈڭلۈك دېرىزىسى ئېگىزدە بولغاچقا، كۈن نۇرى شۇ يەردىن تولۇق چۈشۈپ تۇرۇۋاتاتتى. هۇجرىغا چۈشىدىغان كۈننىڭ نۇرىنى دەرەخلەر توسۇۋالغان بولغاچقا، قاراڭغۇلۇق بارغانسېرى قويۇقلىشىپ كېتىۋاتاتتى. بۇ ئۆينىڭ تاختايلىرى تېخى تولۇق ياتقۇزۇپ بولۇنمىغانىكەن، يەرگە كونا، يىرتىق گىلەملەردىن بىرنەچچىنى تاشلاپ قويۇپتۇ، ئۆيگە قويۇلغان جاهازلارمۇ كونا، شەكىللىرى هەر خىل، سافا تەگلىكلىرى ئۇ يەر ــ بۇ يەردە چېچىلىپ ياتقان. تىزلىنىپ ئولتۇرغاندا تىزىنىڭ ئاستىغا قويىدىغان ئىككى دانە خۇرۇم تەگلىك يىرتىلىپ كېتىپتۇ، قانداق يىرتىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ بولمايدۇ. يەنە ئۆزۈن خۇرۇم ئورۇندۇق، ئۆزۈن سافامۇ بار ئىكەن. سافانىڭ ئۈستىدە جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن بىر دانە يوتقان، ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە بۇرۇنقى بىر تېلېۋىزور تۇرۇپتۇ.

www.uyghurkitap.com

خىش ھەم ياغاچلار بىلەن تىرەپ قويۇلغان بىر كىتاب جازىسىمۇ تۇرىدۇ، ئۈستىدە «دۆلەت مەمۇرىي خەرىتىسى»، بىر نەچچە ۋاراق ئېلان قەغەزلىرى، «ئاممىۋى ماشىنىسازلىق ئىلمى» دېگەن بىر ژۇرنالدىن باشقا ھېچنېمە يوق.

ئاللو بۇ ئۆيىنى تازىلاپ قويۇشقا ۋاقىت چىقىرالمىغان بولسا كېرەك، كۈلدانىدىن تۆكۈلگەن تاماكىنىڭ قالدۇقلىرى بىلەن كۈللىرى گىلەمنىڭ ئۈستىنى رەسۋا قىلىۋېتىپتۇ. ھەممىلا يەردە بولكا بىلەن پىرەنىك، تورتلارنىڭ پارچىلىرى بىلەن ئۇۋاقلىرى چېچىلىپ يېتىپتۇ. جۇلىيېت چاڭ ـ توزان سۈمۈرگۈچ بولسا بۇ ئۆيىنى تازىلىۋەتسەم بوپتىكەن، دەپ ئويلاپ قالدى ــ ئۇنداق ئەرسىنىڭ بۇ ئۆيدە بار ـ يوقلۇقىنى بىلمەيتتى، بىلگەن تەقدىردىمۇ بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىكلەرگە ئۇچرىشى مۇمكىن ئىدى ــ مەسىلەن، بىرىنچى بولۇپ، ئۇ ماشىنا يەردىكى ئۇ نېپىز گىلەملەرنى سۈمۈرۈپ ئىچىگە كىرىپ كېتىشى مۇمكىن ــ شۇ خىيال بىلەن تەڭ ئۇ ھېچنېمە قىلماي ئۆزۈن ئورۇندۇقتا قولىدىكى قەھۋەنى ئىچىپ ئولتۇردى.

دېڭىز بويىدىكى بۇ يەر ئۇنى بەكمۇ قىزىقتۇرۇپ كېتەلمىدى، دەرەخلىرى بەكمۇ يوغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە دەرەخلەرنىڭ ئارىلىقلىرى يېقىن، بەئەينى قېلىن ئورمانلىقتەك ئىدى، ئازراقمۇ دېڭىز بويىغا خاس مەنزىرە كۆرۈنمەيتتى، بۇ يەرنىڭ تاغلىرىمۇ غەلىتە بولۇپ، ھېچبىر تاغقا ئوخشىمايتتى. خۇددى سۇنئىي تاغدەك كۆرۈنەتتى. گېئورگىيە دېڭىز قولتۇقىدىكى سۇ يۈزىدە لەيلەپ تۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنىدىغان ئاراللارمۇ ياساپ قويغاندەك، مەنزىرىلىرى سىزىپ قويغاندەك غەلىتىلا ئىدى. بۇ ئۆيىنى ئالساقمۇ، ئۆيلەر چوڭ، ئىشلىتىلىش قىممىتى كۆپ ئەمەس ئىدى، قىيپاش قويۇلغان گۈللۈك ياغاچلىرى كۆپ، ياغاچچىلىقىمۇ تۈگىمىگەن، خۇددى ئەتراپىدا ھېچنېمە يوق بىر يەرگە يالغۇز تۇرغۇزۇپ قويغان، شۇنداقتىمۇ بۇ ئۆيلەر كىرىلىپ تۇرۇۋاتقان يوغان بىر مەخلۇققا ئوخشايتتى.

تالادا باغلاقلىق ئۇ ئىت توختىماي قاۋاپ تۇرۇۋاتاتتى، ئەلپازى يامان ئىدى، ئۆيگە كىرىپ ئۆيدىكى ئادەم بىلەن بىللە تۇرغۇسى باردەك قىلىقلارنى قىلىپ كېتىۋاتاتتى. جۇلىيېت پەقەتلا ئىت بېقىپ باقمىغانىدى. ئۇنىڭ نەزىرىدە ئىت ئادەمگە ھەمراھ ئەمەس. ئادەمنىڭ ھەممە ھەرىكىتىنى كۆزىتىپ تۇرىدىغان قارانچۇق ئىدى، شۇڭا ئىتنى كۆرسە قورۇنۇپ قالاتتى.

بەلكىم ئۇ ئىت بىرەر بۇغىنى ياكى ئېيىقنى يا بولمىسا ئامېرىكا يىلپىزىنى سېزىپ قالغان بولۇشى مۇمكىن. ۋانكۇۋېرنىڭ گېزىتلىرىدە بىر يىلپىزنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقى توغرۇلۇق — جۇلىيېت ئۇنى مۇشۇ ئەتراپتا يۈرسە كېرەك، دەپ ئويلاپ قالدى — خەۋەر بېسىلغان. ئۇ يىلپىز بىر كىچىك بالىنى يەپ قويۇپتۇدەك.

تالاغا چىقسا ھەممە نېمە ئادەمگە دۈشمەندەك كۆرۈنىدىغان، ئادەم يەيدىغان ياۋايى ھايۋانلار ھۇرپىيىپ تۇرغان بۇنداق يەردە تۇرۇشنى قانداق ئادەم خالىسۇن؟

kallipareos ئوماق چىراي. جۇلىيېت بىردىنلا گىرېكچە بۇ گەپنى ئېسىگە ئېلىپ قالدى. ھومېرنىڭ داستانلىرىدا ئۇچرايدىغان بۇ سۆزنىڭ تۇيۇقسىز ئېسىگە كېلىپ قالغىنى قىزىق ئىش. مۇشۇ بىر سۆزنىڭ تۇرتكىسى بىلەن ئۇ ئۆزى ئۆگەنگەن گىرېكچە سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەسلەپ چىقتى. بۇ سۆزلەر خۇددى مەخپىي خانىدا ساقلانغاندەك ئۇنىڭ مېڭىسىدە ئالتە ئايغا يېقىن ساقلىنىپ كەلگەنىدى. ھازىر گىرېك تىلىدىن دەرس ئۆتمەيۋاتقاچقا، ئۇ سۆزلەر پۈتى بۇزۇلماي مېڭىسىدە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى.

دۇنيادا ئاجايىپ ئىشلار بولىدۇ، سىز بىرەر نەرسىڭىزنى ئىشكاپلىرىڭىزنىڭ بىرەر يېرىگە ئۇزاق ۋاقىت ئىشلەتمەي قويۇپ قويغان بولسىڭىز، بىر كۈنلەردە باشقا بىرنەرسىنى ئىزدىگەن ۋاقتىڭىزدا ئۇ نەرسىڭىز دەررۇ ئېسىڭىزگە كېلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يەنە ئۇ نەرسىڭىزنىڭ شۇ ئان ئىشلىتىدىغان ئورنىمۇ

چىقىپ قالىدۇ ياكى بولمىسا تايىنلىق بىر يەرگە قويۇپ قويىسىز. شۇنىڭ بىلەن باشقا نەرسىلەرنىڭ بىر چەتكە قايرىلىپ قېلىپ، ئۇلارنى ئويلىمايدىغان بولۇپ قالىسىز.

ئەسلىدە ئۇ سىزنىڭ ئەتىۋارلىق نەرسىڭىز ئىدى. ئۇنى ئۇنتۇپ قالغىنىڭىز ئۇچۇن قىممىتىنى يوقىتىپ قويغان ھەم ئۇنى ئۇنتۇپ قالغىنىڭىزنىڭ سىزگە كەلتۈرگەن زىيىنىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىمۇ ئېسىڭىزگە كەلمىگەن، ئېسىڭىزدىن پۈتۈنلەي كۆتۈرۈلۈپ كەتكەچكە، ئۇزاققىچە خىيالىڭىزغىمۇ كېلىپ باقمىغان.

بۇنداق ئىشلار دائىم بولۇپ تۇرىدۇ.

ئۇنداق نەرسىلىرىڭىزنى كۆزىڭىزگە كۆرۈنۈپ تۇرغان يەرگە قويۇپ قويسىڭىزمۇ، ھەر كۈنى ئىشلىتىپ تۇرۇۋاتقان بولسىڭىزمۇ ئوخشاش. جۇلىيېت مەكتەپتىكى يېشى چوڭراق مۇئەللىملەرنى ئويلاپ قالدى. ئۇلارنىڭ كۆپى ئۆزلىرى ئۆتۈۋاتقان دەرسلەرگە بەكمۇ قىزىقىپ كەتمەيدۇ. جوئانىنتانى ئالساق، ئۇ ئىسپان تىلىنى ئۆزىنىڭ ئىسمى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا تاللىۋالغان.① (ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ يۇرتى ئىرېلاندىيە.) ئۇ بۇ تىلنى ئۆگەنسەم ساياھەتكە چىققانلاردا ئەسقاتىدۇ، دەپ ئويلايدۇ. مۇشۇنىڭغا قاراپ سىز ئىسپان تىلىنى ئۇنىڭ بايلىقى دەپ بىلەمسىز؟

ناھايىتى ئاز ساندىكى، بەكمۇ ئاز ساندىكى ئادەملەرنىڭ ئاشۇنداق ئەتىۋارلىق بايلىقى بولىدۇ. ئەگەر سىز ئاشۇنداق بايلىققا ئىگە بولغان بولسىڭىز، ئۇنى ھەرگىز قولدىن چىقىرىۋەتمەڭ. يوللاردا كېتىۋېتىپ بۇلاڭچىغا ئۇچراپ قالسىڭىزمۇ يېنىڭىزدىكى ئۇنداق بايلىقىڭىزنى تارتقۇزۇپ قويماڭ.

---

① جوئانىنتا ــ ئىسپانىيە بىلەن لاتىن ئامېرىكىسىدىكى ئاياللارنىڭ ئىسمى. ئىسپان تىلىدا «يوھاننىتا» دېيىلىدۇ.

«تىم مانلىي»[1] بىلەن قەھۋەنىڭ ئارىلاشمىسى خېلىلا كۈچىنى كۆرسىتىپ جۈلىيېتنىڭ كۆزلىرىنى ئەلەس قىلغىلى تۇردى. شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ ئېسى جايىدا، پىكىرلىرى جانلىق ئىدى، ئورۇنلۇق ئويلارنى ئويلىنىپ، سۆزلەپ تۇرۇۋاتاتتى. ئەمدى ئېرىكنىڭ ئىشىمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن مۇھىم بولماي قالدى. ئۇ ئويناپ ئۆگىنىپ قالغان ئويۇنچى ئادەم ئوخشايدۇ. توغرا، ئۇنىڭغا «ئويۇنچى» دېگەن نام تازا مۇۋاپىق كەلگۈدەك. ئاخولودىسنىڭ ئانچىسىس[2] بىلەن ئوينىغىنىغا ئوخشاش. ئۇ چوقۇم قايسىلا ئايال بىلەن بولسۇن، بىر مەزگىل ئويناپ، بىر كۈنلەردە سەھەردە ئورنىدىن تۇرۇپلا كېتىپ قالىدىغان ئەرلەردىن.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ هاجەتخانىنى تاپتى، ئۇ يەردىن چىقىپ سافاغا چىقىپ ياتتى. سافادا تۇرغان يوتقاننىڭ پاسكىنا ـ پاكىزلىقىغا، ئۇنىڭدا ئۇ ئىتلارنىڭ يۆڭلىرىنىڭ بار ـ يوقلۇقىغا، پۇراقلىرىغا قارىماي ئۈستىگە ياپتى.

ئۇ ئويغانغاندا ئاللىبۇرۇن كۈن چىقىپ بولغانىدى، ئاشخانىدىكى سائەتكە قارىۋىدى. سائەت ئالتىدىن يىگىرمە مىنۇت ئۆتۈپتۇ.

بېشى ئاغرىپ تۇرۇۋاتاتتى، مۇنچىدا ئاسپىرىن بار ئىكەن. ئىككى تال ئىچتى. ئاندىن يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ، چاچلىرىنى تاراپ، قول سومكىسىدىن چىش چوتكىسىنى ئېلىپ چىشىنى چوتكىلىدى. ئارقىدىن بىر چۆگۈن قەھۋە دەملەپ، ئۆيدە پىشۇرغان بولكىدىن بىر كېسىم يېدى، هۇرۇنلۇق قىلىپ بولكىنى ئىسسىتىپ ئۈستىگە سېرىق مايمۇ سۈركىمىدى.

① تىم مانلىي ــ دۇنيادا ئەڭ بالدۇر ئىشلەپچىقىرىلغان قەھۋە تەملىك بىر خىل هاراق.

② ئانچىسىس ــ يۇنان ئەپسانىلىرىدىكى ئايدا تېغىدىكى داردانوسنىڭ پادىشاھى. ئاخولودىس ئۇنى شۇ يەردە ئۇچرىتىپ قېلىپ ئاشىق بولۇپ قالىدۇ. كېيىن ئۇلاردىن ئەيىنئاس تۇغۇلىدۇ.

ئاشخانىدىكى ئۇستەلنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ناشتىلىقنى قىلىپ بولدى. تالادىكى دەرەخلەرنىڭ ئارىلىقلىرىدىن كىرىۋاتقان قوياشنىڭ نۇرى ئاشخانىنىڭ ئىچىنى سۆلەكچىلا يورۇتۇۋەتكەنىدى. تالادىكى ئىت قاۋاشقا باشلىدى، بىر يۈك ماشىنىسى ھويلىغا كىرىپ كەلگەندىلا قاۋاشتىن توختىدى.

ماشىنىنىڭ ئىشىكىنىڭ يېپىلغان ئاۋازىنى، بىرسىنىڭ ئىتقا گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ جۇلىيېتنىڭ بەدىنىگە شۇ ئان تىترەك ئولاشتى ۋە دەررۇ بىر يەرگە يوشۇرۇنۇۋېلىشنى (ئۇستەلنىڭ ئاستىغا كىرىۋېلىشنى ئويلىدى. لېكىن، يەنە ئويلاپ بېقىپ، بۇ كۆلكىلىك ئىشنى قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق، دەپ بىلدى) ئويلىدى. بۇنداق قىلىش مەكتەپتە كىمنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىنى ئېلان قىلىشتىن بۇرۇن بالىلارنىڭ پارتىغا بېشىنى قويۇۋالغان ئىشلىرىغا ئوخشايتتى. ئۇ ھاياتىدا بۇنداق ئىشقا تۇنجى قېتىم ئۇچرىغانىدى.

ئىشىك ئېچىلغاندا، ئۇ بېشىنى يەردىن كۆتۈرمەي تىزلىرى ئۈستىدىكى قوللىرىنى چىڭ كىرىشتۈرۈپ ھەم ئۇياق ــ بۇياققا بوش چايقاپ ئولتۇردى.

ــــ سىز كەلگەنمۇ؟ ــــ دېدى ئۇ كۆرەك قىياپەتتە تۇرۇپ، ئاندىن خۇددى قوپال ھەم كۈلكىلىك بىرنەرسىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك خۇشال كۈلۈپ قويدى. ئۇ غۇلچىنى كەڭ يايغاندا، خۇددى ئۆينىڭ ئىچىگە گۈررىدە قىلىپ شامال كىرگەندەك بولۇپ، جۇلىيېت بېشىنى لىككىدە كۆتۈردى.

ئۇ ئالتە ئاينىڭ ئالدىدا دۇنيادا مۇشۇنداق بىر ئەرنىڭ بارلىقىنى پەقەتلا بىلمەيتتى. ئالتە ئاينىڭ ئالدىدا پويىز چاقىنىڭ ئاستىدا ئۆلگەن ئاشۇ ئادەم ھازىرمۇ ھايات بولسا بەلكىم سەپەرگە چىقىش ئۈچۈن بىرنەرسىلىرىنى يىغىشتۇرۇۋاتقاندۇ.

سىز كەلگەنمۇ؟

جۇلىيېت ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئۆزىنى قوبۇل قىلغانلىقىنى پەرەز

قىلىپ ئىتتىك ئورنىدىن تۇردى، پۈتۈن بەدىنى تىكەنلىشىپ كەتتى. كۆز ئالدىدىكى بۇ ئادەم ئۇنىڭ خاتىرىسىدىكى ئادەمدىن سەل قېرىدەك، سەمرىپ قالغاندەك، ھەرىكەتلىرى تېخىمۇ قوپاللىشىپ كەتكەندەك كۆرۈنۈپ كەتتى. ئۇ ئۆزىگە يېقىنلىشىپ كەلگەندە پۈتىدىن بېشىغىچە پۈتۈن بەدىنى جىمىرلاپ، ئاسماندا يەڭگىل ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ كەتتى. خۇشاللىقىدا نېمە قىلىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئاھ، نېمىدېگەن ھاياجانلىق مىنۇتلار بۇ! شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىنى، بۇ راست بولۇۋاتقان ئىشمۇ ياكى يالغانمۇ دېگەن بىر ئۇمىدسىز ئەندىشە چىرماپمۇ تۇرۇۋاتاتتى.

جۇلىيېت ئېرىكىنىڭ شۇ چاغدا ئۇنىڭ كېلىشى ئۆزىگە تاسادىپىي تۇيۇلغاندەك قىياپەتكە كىرىۋالغانلىقىنىڭ يالغان ئىكەنلىكىنى كېيىن بىلدى. ئەسلىدە ئاللو ئۇنىڭغا ئاخشاملا تېلېفون بېرىپ، جۇلىيېت ئىسىملىك ناتونۇش بىر قىزنىڭ كېلىپ قالغانلىقىدىن خەۋەرلەندۈرۈپ بولغان ھەم ئۇ قىزنىڭ كەتكەن ـ كەتمىگەنلىكىنى ئاپتوبۇس بېكىتىگە بېرىپ سۈرۈشتۈرۈپ بېقىشىنى تاپىلىغانىكەن. شۇ چاغدا ئۇ ئاللونىڭ شۇنداق گەپنى قىلىشى ئورۇنلۇق دەپ ئويلىغانىكەن. ئەمما، ئاللو ئۇنىڭغا ئىككىنچى قېتىم تېلېفون بېرىپ ئۇ يارىماس خوتۇنىنىڭ تېخىچە كەتمىگەنلىكىنى خەۋەر قىلغاندا، ئۇ ئاللىبۇرۇن خۇشاللىق ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە خۇدىنى يوقىتىپ قويای دەپ قاپتىكەن، لېكىن ئۇ ئۆيىگە ئالدىراپ قايتماپتۇ، خىرىستاغىمۇ بۇ ئىشنى دېيىشكە تېگىشلىك بولسىمۇ پەقەتلا دېمەپتۇ.

جۇلىيېت بۇ ئىشلارنى بىرنەچچە ھەپتە، بىرنەچچە ئايدىن كېيىن تەدرىجىي بىلگەن بولدى. بەزى ئىشلارنى تاسادىپىي ھالدا بىلىپ قالدى، بەزى ئىشلارنى قىستاپ سوراش ئارقىلىق بىلدى.

ئۇنىڭ بۇ جەھەتتىكى (قىز ئەمەسلىكى) ئىشىنىڭ

ئاشكارىلىنىپ قالغانلىقى چوڭ ئىشمۇ سانالمىدى.

كرىستانىڭ ئاللىۋ بىلەن پەقەتلا ئوخشاشلىقى يوق ئىدى. ئۇنىڭ يەلكىسى كەڭ، چاچلىرى سېرىق ئەمەس، قوڭۇر رەڭدە، غۇنچە بوي ئىدى. ئوچۇق - يورۇق، چاقچاقچى ئىدى. بەزىدە ئازراق تۇتۇلۇپمۇ قالاتتى. كېيىنكى كۈنلەردە ئۇ جۇلىيېتنىڭ سىرداش دوستى ھەم تايانچى بولۇپ قالدى. گەرچە ئۇ بەزىدە جۇلىيېتنىڭ ئايرىم ئادەتلىرىنى زاڭلىق قىلىپ ئىچىدە كۈلىدىغان ئىشلىرىنى تولۇق ئۆزگەرتمىگەن بولسىمۇ، بۇنىمۇ تۇغرا چۈشىنىشكە بولاتتى. بۇ ئىشق رىقابىتىدە تۇرۇۋاتقان ئاياللارنىڭ ئىچ - ئىچىدىن ئۆرتەپ تۇرىدىغان كۈنداشلىقىنىڭ ئىنكاسى ئىدى.

# ئالدىراشلىق

بىر يۈزدە ئىككى چىراي، بىر تەرىپى رەڭگى ئاپپاق بىر كالىنىڭ يېرىم چىرايى، مۇلايىم، تىنچ بىر خىل ئىپادە چىقىپ تۇرىدۇ؛ يەنە بىر تەرىپى يېشىل رەڭلىك بىر ئادەمنىڭ يېرىم چىرايى. بۇ ئادەم ياشمۇ ئەمەس، قېرىمۇ ئەمەس، كىچىكرەك بىر خىزمەتچىدەك قىلىپ تۇرىدۇ. بەلكىم پوچتالىيوندۇر. بېشىدا چىغ قالپاق، كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدۇ. بىر قول، بەلكىم ئۇنىڭ قولىدۇر، تۆۋەندىن بىر تۇپ دەرەخ كۆچىتىمۇ ياكى دەرەخ شېخىمۇ، بىرنېمىنى سۇنۇپ تۇرۇپتۇ، شاخلىرىدا مېۋىلەرنىڭ ئورنىدا ياقۇتلار يالتىراپ تۇرىدۇ.

رەسىمنىڭ ئۈستىدە ئاپپاق بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرۈپتۇ. پەستىكى ئېگىز ـ پەس توپا يەردە قىڭغىر ـ سىڭغىر بىرنەچچە ئۆي بىلەن بىر ئويۇنچۇق چېركاۋ بار. چېركاۋنىڭ پېشانىسىغا بىر ئويۇنچۇق كىرېست ئېسىقلىق، ئۆينىڭ ئەتراپىدا كىچىك بىر ئادەم (ئۇ ئادەملەر ئۇ ئۆيلەردىن ئازراق چوڭ) ئېنىق بىر مەقسەت بىلەن ئالدىغا قاراپ كېتىۋاتىدۇ. دۈمبىسىدە بىر چالغا، ئالدى تەرىپىدە ئۇنىڭ بىلەن بويى تەڭ دېگۈدەك بىر ئايال ئۇنى ساقلاپ تۇرغاندەك قىلىدۇ، لېكىن ئۇنىڭ بېشى پەستە، پۇتى ئاسماندا.

ئۇ رەسىمدە باشقا كۆرۈنۈشلەرمۇ بار، مەسىلەن، كىچىك بىر كالىنى سېغىپ ئولتۇرغان بىر قىزچاق دېگەندەك، ئەمما ئۇ قىزچاق كالىنىڭ يۈزىگە سىزىلغان.

جۇلىيېت مىلاد بايرىمىدا دادام بىلەن ئاپامغا سوۋغا قىلىمەن دەپ ئۇ رەسىمنى سېتىۋالماقچى بولدى.

— بۇ رەسىم ئۇلارنى ئېسىمگە سالدى، شۇڭا سېتىۋېلىپ ئۇلارغا سوۋغا قىلغۇم كەلدى، — دېدى ئۇ كرىستاغا. ئۇ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ كىت قولتۇقىغا بىر نەرسىلەرنى سېتىۋېلىشقا كەلگەن بىر دوستى ئىدى. ئىككىسى شۇ تۇرقىدا سوۋغاتلارنى ساتىدىغان دۇكاندا ئاشۇ رەسىمنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى.

— يۈزىنىڭ بىر تەرىپى كالا، بىر تەرىپى ئادەم ئاشۇ رەسىمنىمۇ؟ — دېدى كرىستا كۈلۈپ كېتىپ، — ئۇلارنى كۆرسە چوقۇم خۇشال بولىدۇ.

كرىستا ھەرقانداق نەرسىنى تۇنجى كۆرۈۋاتقاندا ئەستايىدىل كۆرمەيتتى، ئۇ ھەقتە بىر - ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويۇپ بولدى قىلاتتى. جۇلىيېت بولسا ھەممە نەرسىگە پەرۋاسىز قارايتتى. ھازىر قورسىقىدا ئەمدىلا ئۈچ ئايلىق بولغان كەلگۈسىدىكى بالىسى پېنېلوپ بار ئىدى. تۇيۇقسىز ئۇنىڭ چىرايىدىكى راھەتسىزلىنىۋاتقاندەك ئىپادە يوقاپ كەتتى. شۇ سەۋەبتىنمۇ ياكى باشقا سەۋەبتىنمۇ، چىرايىدا پات - پات كۆرۈنۈپ قالىدىغان خۇشاللىق كۈلكىسى يەنە پەيدا بولۇپ قالدى. ھەرقانداق چاغدا كاللىسىدا ھۆكۈم سۈرىدىغىنى يەيدىغان نەرسىلەر ئىدى. ئۇنىڭ بايام بۇ يەرگە كىرگۈسى يوق ئىدى، چۈنكى بۇ يەرگە كېلىۋېتىپ نەدىدۇر بىر يەردىكى يېمەكلىك ساتىدىغان بىر دۇكاننى كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا كۆرۈپ قالغانىدى.

ئۇ بۇ رەسىمنىڭ «مەن ۋە يېزام» دەپ يېزىپ قويۇلغان ماۋزۇسىغا قارىدى.

بۇ ماۋزۇ ئۇ رەسىمگە تېخىمۇ چوڭقۇر مەنە بېرىپ تۇراتتى.

— چاگال[1]. مەن چاگالنى ياخشى كۆرىمەن، — دېدى كرىستا، — پىكاسسو ئۇنىڭ ئالدىدا نېمە؟

جۇلىيېت ئۆزىنىڭ دىققىتىنى بىر يەرگە يىغالمايدىغان

---

① چاگال — (1887 — 1985) يەھۇدىي رەسسام، رۇسىيەدە تۇغۇلغان. كېيىن فىرانسىيەگە كۆچۈپ كەتكەن. «مەن ۋە يېزام» ئۇنىڭ ۋەكىللىك رەسىملىرىنىڭ بىرسى.



www.uyghurkitap.com

ئادىتىنى بىلىدىغان بولغاچقا، بۇ قېتىم بۇ رەسىمنى بايقاپ قالغىنىدىن بۆلەكچىلا سۆيۈنۈپ كەتتى.

— سەن ئۇ ئادەمنىڭ بىرەر گېپىنى ئاڭلاپ باققانمۇ؟ چاگالنىڭ رەسىملىرىنى بىر ئايال پىرىكازچىكلا كۆرسە بولىدىغان، شۇلارغا ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدىغان رەسىملەر، دېگەن — دېدى كرىستا ئۇنىڭغا، — ئايال پىرىكازچىكلارنىڭ نەرى يامان؟ چاگال ئۇنىڭغا ياندۇرۇپ: پىكاسسونىڭ رەسىملىرىنى چىرايلىرى غەلىتە ئادەملەر كۆرسە ئەڭ مۇۋاپىق كېلىدۇ، دەپ جاۋاب بەرگەن.

— مەن بۇ رەسىمنى كۆرۈپ دادام بىلەن ئاپامنىڭ تۇرمۇشىنى كۆرگەندەك بولدۇم، — دېدى جۇلىيېت ئۇنىڭغا، — نېمىشقا شۇنداق ئويلاپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن، ئەمما شۇنداق ئويلىغىنىم راست.

ئۇ كرىستاغا دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ ئىشلىرىنى، ئۇلارنىڭ قانداق ھايات كەچۈرىدىغانلىقىنى، بىر ئاز غەلىتە ۋە ئانچىمۇ خۇشال ياشىمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەنىدى. دادىسى خېلى سۆزمەن ئوقۇتقۇچى ئىدى، لېكىن كىشىلەر ئۇلار بىلەن بېرىش - كېلىش قىلىشنى بەكمۇ خالاپ كەتمەيتتى. سەۋەبى، ئاپىسى سارانىڭ يۈرىكى ياخشى ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇلار ئەتراپتىكى ئادەملەرنىڭ بىرسىمۇ يېزىلمايدىغان، كۆرۈشنى خالىمايدىغان بىر ژۇرنالغا يېزىلاتتى، دۆلەت رادىيو ئىستانسىسىنىڭ خەۋەرلىرىنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرەتتى، باشقا ئادەملەر ئۇ رادىيونى ئاڭلىمايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئاپىسى بۇتىرىك شىركىتىنىڭ كىيىم مۇندەرىجىسىدىن كىيىم تاپالماي «مودا» ناملىق ژۇرنالدىكى كىيىم ئۈلگىلىرىگە قاراپ تۇرۇپ كىيىملىرىنى ئۆزى تىكىۋالاتتى. تىكىۋالغان كىيىملىرى ھېچنېمىگە ئوخشىمايدىغانلا كىيىم بولۇپ چىقاتتى. ئىككىلىسىنىڭ ۋۇجۇدىدا ياشلارغا خاسراق بىر مىجەز مەۋجۇت ئىدى. ئۇلار يەنە جۇلىيېتنىڭ ساۋاقدىشىنىڭ ئاتا - ئانىسىغا ئوخشاش سەمرىپ، ھو-

www.uyghurkitap.com

رۇنلىشىپ كېتىۋاتقانلاردىنمۇ ئەمەس ئىدى، بۇمۇ ئۇلارنىڭ باشقا تەگتۇشلىرىغا ئارىلاشماسلىقلىرىدىكى بىر سەۋەب ئىدى. جۇلىيېت دادىسى سامىنىڭ ئۆزىگە ئوخشايدىغان قىياپىتىنى تەسۋىرلەپ، بويىنى ئۇزۇن، ئېڭىكى ئالدىغا چىقىپ تۇرىدىغان، چاچلىرى سېرىق ھەم قاچانلا قارىسا چۈۋۈق كۆرۈنىدىغان ئادەم، دېگەنىدى. ئۇنىڭ ئاپىسى بولسا زىلۋا كەلگەن، سېرىق چاچلىرى ئاقىرىپ كەتكەن چىرايلىق ئايال ئىدى، چاچلىرىنى بەكمۇ تاراپ كەتمەيتتى.

قىزى پېنېلوپ ئون ئۈچ ئايلىق بولغاندا، جۇلىيېت ئۇنى ئېلىپ ئايروپىلاندا تورونتوغا كەلدى، ئاندىن پويىزغا ئولتۇرۇپ ماڭدى. بۇ 1969 ـ يىلىدىكى ئىش ئىدى. كىچىك بىر بېكەتكە كەلگەندە پويىزدىن چۈشۈپ قالدى. ئۆزى تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، دادىسى سام بىلەن ئاپىسى سارا ھازىرغىچە تۇرۇۋاتقان يۇرتىغا بۇ يەردىن يەنە يىگىرمە ئىنگلىز مىلى ئارىلىق بار ئىدى. پويىزنىڭ ئۇ يەردە ھازىرغىچە بېكىتى يوق ئىدى.

جۇلىيېت ئۆزىگە تونۇش بولمىغان بۇ بېكەتتە پويىزدىن چۈشۈپ قېلىپ، ھازىرغىچە ئېسىدىن كەتمىگەن يۇرتىنىڭ دەرەخلىرىنى، يالغۇز ئاياغ يوللىرىنى، دادىسى سام بىلەن ئاپىسى سارا ھازىر تۇرۇۋاتقان يەرگە دەرھال بېرىپ ئۇلارنى كۆرەلمەيدىغانلىقىنى ئويلاپ كۆڭلى تولىمۇ يېرىم بولدى. ئۇلارنىڭ ئۆيى كەڭ ـ كەڭرى، ئەمما ئادەتتىكىدەك، سىرلىرى ئاسانلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدىغان سىردا سىرلانغان، تاملىرى مەينەت ئۆيلەر ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئۇ ئۆيلەرنى سېغىنغانىدى.

دادىسى بىلەن ئاپىسى بۇ يەرگە، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلگەنىكەن. ئۇلارنىڭ مۇشۇ يەردە، ئۆزى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغان مۇشۇ بېكەتتە ئىككەيلىكىنى ئاڭلاپ جۇلىيېت ھېسابسىز خۇشاللىققا چۆمۈلدى. ئۇلارنى ئاخىر كۆردى، كۆرۈشتى. ئىككىلىسى كىچىكلەپ كېتىپتۇ، ئەمما چىرايلىرىدىكى

يېقىملىق كۆلكىسى يەنە بۇرۇنقىدەك تۇرۇپتۇ.

سارا قىزى بىلەن نەۋرىسىنى كۆرۈپ خۇشاللىقىدا، خۇددى بىرسى قاتتىق چىمدىۋالغاندەك غەلىتە بىر ئاۋازدا چىرقىراپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغان پويىز سۇپىسىدا تۇرغان بىرنەچچە ئادەم ئىتتىك ئۇنىڭغا قاراشتى.

بايام ئۇ قاتتىق هاياجانلىنىپ كېتىپ چىرقىراپ كەتكەنىكەن.

— هازىر ئىككىمىز ئۈزۈن - قىسقا بولۇپ قالدۇق، ئەمما بىر - بىرىمىزگە پار كەلگەن، — دېدى ئاپىسى.

جۇلىيېت دەسلەپتە بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەي ئۆزىچە پەرەز قىلىپ باقتى: سارا قارا كەندىر رەختتىن ئۇشۇقىغا كەلگۈدەك ئۇزۇن قارا كۆڭلەك، كۆڭلەكنىڭ ئۇستىگە قىسقا قارا چاپان كىيىۋالغانىكەن. چاپاننىڭ ياقىسى بىلەن يەڭلىرىگە پارقىراپ تۇرىدىغان يېشىل رەختتىن جىيەك تۇتۇۋاپتۇ. بېشىغىمۇ ئوخشاش يېشىل رەڭلىك ياغلىق سىلىۋاپتۇ. بۇ كىيىملەرنى ئۆزى تىكتى ياكى ئۆزى لايىھەلەپ بېرىپ باشقا بىر ئۇستىغا تىكتۇردى. كىيىملىرىنىڭ رەڭگى تېرىسىنىڭ رەڭگىگە ئازراق ماس كەلمەپتۇ، خۇددى بورنىڭ چېكى قونۇپ قالغاندەك بولۇپ قاپتۇ.

جۇلىيېتمۇ ئۇستىگە تىزىدىن يۇقىرى قارا كۆڭلەك كىيىۋالغانىدى.

— مەن سېنى يازدا خۇددى قارىلىق كىيىۋالغاندەك قارا كۆڭلەك كىيىۋالغىنىمنى كۆرسە نېمە دەپ ئويلاپ قالىدىكىن دەپ ئويلىغانىدىم، — دېدى سارا، — قارىسام سەنمۇ شۇنداق رەڭدە كۆڭلەك كىيىپ ماڭا پار بولۇپ كەپسەن، چىرايلىق يارىشىپتۇ، چىرايىڭغىمۇ ئېچىپتۇ. مەن كۆڭلەكنى مۇشۇنداق قىسقا كىيگەننى ياقتۇرىمەن.

— ئۇنىڭغا قوشۇپ چېچىڭنى ئۇزۇن قويۇۋەتكەن بولساڭ شىپىلارنىڭ ئۆزى بولاتتىكەنسەن، — دېدى سام. ئاندىن

ئېغىشىپ بوۋاقتا قارىدى، — ياخشىمۇسەن، پېنىلوپ.

— نېمىدېگەن چىرايلىق بۇ بالاڭ، بەئەينى قورچاقنىڭ ئۆزىلىغۇ، — دېدى سارا.

ئۇ بالىنى كۆتۈرىمەن دەپ ئىككى قولىنى سوزۇۋىدى، يەڭلىرىنىڭ ئىچىدىن چوكىدەك ئىنچىكە ئىككى قول چىقتى. بۇ قوللار بىلەن بىر ياشتىن ئاشقان بالىنى كۆتۈرەلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى ھەم كۆتۈرىمەن دېمۇ ئاۋارە بولمىسا بولاتتى، چۈنكى پېنىلوپ بايام مومىسىنىڭ ئاۋازىنى بىرىنچى قېتىم ئاڭلىغان چاغدىن باشلاپلا جىددىيلىشىشكە باشلىغانىدى. ھازىر ئۆزىگە قولىنى سوزۇۋىدى، تېخىمۇ يىغلاپ ئاپىسىغا مەھكەم چاپلىشىۋالدى.

سارا بالىنىڭ ھەرىكىتىگە قاراپ كۈلۈپ كەتتى.

— مەن شۇنچىلىك قورقۇنچلۇقمۇ، ئېتىمزلىقتىكى قاراىچۇقتا ئوخشاش؟ — دېدى سارا سەل خىجىل بولغاندەك بولۇپ، ئۇ بۇ قېتىممۇ ئۆزىنى تۇتالماي قېلىپ، ئاۋازى بايام چىرقىرىغاندەك بەكمۇ ئېگىزگە چىقىپ كەتتى، پەسلىگەندە بىراقلا توختاپ قېلىپ، ئەتراپتىكىلەرنى يەنە بىر قېتىم ھەيران قالدۇردى. بۇ بىر يېڭى ئەھۋال ئىدى، گەرچە ئۇنىڭ ئاۋازى ئۇ دەرىجىدە ھەيران قالغۇدەك بولمىسىمۇ جۇلىيېتقا شۇنداق تەسىر بېرىپ قويدى، ئاپىسى گەپ قىلغاندا، كۈلگەندە ئەتراپتا تۇرغان ئادەملەرنىڭ ئۇنىڭغا قاراپ قېلىشىمۇ شۇنىڭدىن ئىدى. ئاپىسىنىڭ بۇرۇنقى چاغلاردىكى كۈلكىلىرى يۇقىرى ئاۋازدا بولسىمۇ، ئەمما يېقىملىق ئىدى. قىزلارنىڭكىدەك جاراڭلىق، جەلپكار چىقاتتى (گەرچە ھەممىلا ئادەم ياخشى كۆرۈپ كەتمىسىمۇ، كۆپ ئادەملەر ئۇنىڭ كۈلكىسىدە بىر خىل ناز، ئادەمنى جەلپ قىلىدىغان بىر خىل سېھرىي كۈچ بار دېيىشەتتى.)

— مېنىڭ بۇ قوزام يولدا كەلگۈچە چارچاپ كەتتى، — دەپ قويدى جۇلىيېت.

سام ئۆزلىرىنىڭ كەينىدە تۇرغان ياش بىر ئايالنى جۇلىيېتقا



www.uyghurkitap.com

تونۇشتۇرۇپ قويدى. ئۇ ئايال خۇددى باشقىلار ئۆزىنى ئۇلار بىلەن بىللە ئىكەن دەپ ئويلاپ قالمىسۇن دېگەندەك ئۇلاردىن يىراقراق تۇرغانىدى، شۇڭلاشقىمۇ جۇلىيېت ئۇنى ھەرگىز ئاتا ـ ئانىسى بىلەن بىللە كەلگەن دەپ ئويلىمىغانىدى.

— جۇلىيېت، بۇياق ئېرىن ئاۋېرى بولىدۇ.

جۇلىيېت بىر قولىدا بالىسى، بىر قولىدا بالىسىنىڭ نەرسىلىرىنى سېلىۋالغان سومكىسى بولغاچقا، ئۇ ئايالنىڭ يېنىغا بارالماي يىراقتىن قولىنى سوزغانىدى، ئۇ ئايال قولىنى چىقارماي — بەلكىم ئۇ ئۇنىڭ ئۆزى بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەكچى بولغانلىقىنى چۈشەنمەي قالغاندۇ — تۇرۇۋېدى، جۇلىيېت ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ قويدى، ئۇ جاۋابەن بولسىمۇ كۈلمىدى، مىدىر ـ سىدىر قىلماي، خۇددى ھازىرلا كەينىگە قاراپ قېچىپ كېتىدىغاندەك جايىدا تۇرىۋەردى.

— ياخشىمۇسىز، — دېدى جۇلىيېت.

— سىز بىلەن كۆرۈشكىنىمگە بەكمۇ خۇشالمەن، — دېدى ئېرىن جاۋابەن. لېكىن، مەجبۇرىي ئەھۋال سوراۋاتقاندەك ئاۋازى شۇنچىلىك بوش، چىرايىدا ھېچقانداق ئىپادە يوق ئىدى.

— ئېرىن بىزنىڭ پەرىشتىمىز، — دېدى سارا. شۇ گەپ بىلەن تەڭ ئېرىننىڭ چىرايىدا ئۆزگىرىش پەيدا بولۇپ، بۇ گەپكە سەل خاپا بولغاندەك ھەم ئازراق ئوڭايسىزلانغاندەك بولدى.

ئۇنىڭ بويى جۇلىيېتنىڭكىدەك ئېگىز ئەمەس — جۇلىيېتنىڭ بويى ئېگىز ئىدى — ئەمما مۈرىسى جۇلىيېتنىڭكىدىن كەڭرەك ھەم كۈچلۈكتەك كۆرۈنەتتى، چاچلىرى قويۇق ھەم تۇم قارا، كەينىگە يىغىپ چىڭ چىگىۋالغانىدى. قاشلىرى قارا، قويۇق بولۇپ، چىرايىنى سەل ئاچچىقى يامانىدەك كۆرسىتىپ قويغانىدى، تېرىسى ئاپتاپ كۆرسىلا قارىداپ كېتىدىغان تېرىلەردەك قىلاتتى. كۆزلىرى يېشىل بىلەن كۆك ئارىلاش، تېرىسىنىڭ رەڭگىگە ماس كەلگەندەك رەڭدە ئىدى. ئاز ئۇچرايدىغان بۇنداق كۆزلەر قارىغان ئادەمنى ئازراق ھەيران

قالدۇراتتى ھەم بۇ كۆزلەردىن ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنى بىلمەك تەسرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇرا كۆز بولغاچقىمىكىن، بېشىنى ئالدىغا ئازراق ئېگىپ تۇرۇشلىرى، ئۇياق ـ بۇياققا تولغاپ قويۇشلىرى ۋە ئومۇمىي قىياپىتىدىن چىقىپ تۇرۇۋاتقان ياتسىراشلار ئادەمنى ئەتەي شۇنداق قىلىۋاتامدىغاندۇ، دېگەندەك خىيالغا كەلتۈرۈپ قوياتتى.

— بىزنىڭ پەرىشتىمىز نۇرغۇن ئىشلارنى قىلدى، — دېدى سام. ئۇنىڭ چىرايىدىن مەردانە ئەرلەرگە خاس بىر خىل ئەركىن كۈلكە ئويناپ تۇرۇۋاتاتتى، — مەن ئۇنىڭ قىلغان ياخشى ئىشلىرىنى پۈتۈن دۇنياغا جاكارلىسام دەيمەن.

جۇلىيېت شۇنىڭدىلا ئۆزىگە كەلگەن خەتلەردە دېيىلگەن قىزنىڭ مۇشۇ قىز ئىكەنلىكىنى بىلدى. ئاپىسىنىڭ سالامەتلىكى كۈندىن ـ كۈنگە ناچارلىشىپ كېتىۋاتقاچقا، ئۆي ئىشلىرىنى قىلىشىپ بېرىدىغانغا بىر قىزنى ياللىۋالغانىكەن، شۇ قىز مۇشۇ ئىكەن ـ دە، جۇلىيېت ئۇنى ياشقا چوڭراق ئايالمىكىن، دەپ ئويلىغانىدى. ئۇنداق ئەمەس، ئۆزى بىلەن ياشتا كۆپ پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان قىز ئىكەن.

دادىسىنىڭ ماشىنىسى يەنىلا شۇ ئون يىلنىڭ ئالدىدا ئىككىنچى قېتىم سېتىۋالغان ماشىنا ئىكەن. ئەسلىدىكى كۆك رەڭگىدىن ئۇ يەر ـ بۇ يېرىدە ئازراقتىن قېلىپ، قالغان يەرلىرىنىڭ سىرى چۈشۈپ كۈل رەڭگە ئايلىنىپ قاپتۇ. تۆۋەن تەرىپى قىشتا قارنى ئېرىتىش ئۈچۈن يولغا چاچقان تۇزنىڭ ئاچچىقىدا ئازراق چىرىپ داتلىشىپ كېتىپتۇ.

— بىزنىڭ ئۆينىڭ كونا كۈل رەڭ بايتىلىنى كۆردۈڭمۇ، — دېدى سارا. ئۇ پويىز سۈپىسىدىن يولغا چۈشىدىغان بىرنەچچە يولنى ماڭغۇچە ھاسىراپ دەم ئالالماي قېلىۋاتاتتى.

— تېخىچە سەپتىن چۈشمەي كېلىۋېتىپتۇ ـ دە، — دېدى جۇلىيېت ئۇ ماشىنىنىڭ ھازىرغىچە مېڭىۋاتقىنىغا قايىل بولغاندەك تەلەپپۇزدا. ئۆيدىكىلەرنىڭ تولىسى ئۇنىڭ مۇشۇنداق

گەپ قىلىشنى ئارزۇ قىلىشقانىدەك قىلاتتى. ئۇ بۇ ماشىنىنى بۇرۇن نېمە دەپ ئاتايدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى. بولمىسا ئۇنىڭغا شۇ چاغدا شۇ ئىسمنى ئۆزى قويغانىدى.

— ئۇنى بىز ھەرقانداق ئەھۋالدا تاشلىۋەتمەيمىز، — دېدى سارا ئېرىنىڭ يۆلىشى بىلەن ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇرۇۋېتىپ، — ئۇنىڭغا بولغان ئۈمىد ـ ئارزۇلىرىمىزدىنمۇ ۋاز كەچمەي كېلىۋاتىمىز.

جۇلىيېت قىزى بىلەن ئاران تەستە ماشىنىنىڭ ئالدىغا چىقىپ ئولتۇرۇۋالدى. قىزى يەنە خەقىش قىلغىلى تۇردى. سام ماشىنىسىنى بېكەتنىڭ سىرتىدىكى يوغان بىر تۈپ دەرەخنىڭ ئاستىدىكى سايە يەرگە توختىتىپ قويغان، دېرىزىلىرىمۇ ئوچۇق ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئىچى ئادەم ھەيران قالغۇدەك ئىسسىپ كېتىپتۇ.

— مەن خېلى بۇرۇنلا، — دېدى سام ماشىنىسىنى كەينىگە ياندۇرۇۋېتىپ، — ماشىنامنى يۈك ماشىنىسىغا ئالماشتۇرۇۋېتىشنى ئويلىغان.

— ئۇ يالغان گەپ قىلىۋاتىدۇ، — دېدى سارا تۇۋلاپ.

— سودا دېگەن شۇنداق نەرسە ئىكەن، — دېدى سام سارانىڭ گېپىگە پەرۋا قىلماي يەنە، — ماشىناڭنى ئالماشتۇرۇپ تۇرساڭ ئۇنىڭدىن ئازراق بولسىمۇ پايدا چىقىپ قالىدىكەن. مەن ئالماشتۇرۇشنى ئويلىغان يۈك ماشىنىسىنى ئالساق، ئۇنىڭ ئىككى ئىشىكىگە چاپلاپ قويىدىغان ئېلاندىنلا كۆپ بولمىسىمۇ پۇل كىرىپ تۇراتتى.

— ئۇ ساڭا چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، — دېدى سارا، — مەن ئىشىكىگە يېڭى كۆكتات كەلدى، دېگەندەك ئېلانلارنى چاپلاپ قويغان ماشىنىدا ئولتۇرۇپ كوچىدا قانداق ماڭالايمەن؟ مەن يا يېسىۋېلەك يا كاۋا بولمىسام؟

— گەپ قىلمەن دەپ ئۇزۇلۇپ قالماڭ يەنە، خانىم، — دېدى سام، — ماشىنىدا تولا گەپ قىلىپ كەتسىڭىز، ئۆيگە بارغاندا

گەپ قىلماي ئولتۇرۇۋالىسىز.

سام ناھىيەنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى مەكتەپلەردە ئوتتۇز يىلغا يېقىن ئوقۇتقۇچىلىق قىلغاندىن كېيىن — ئەڭ ئاخىرىدا تۇرغان مەكتىپىدە ئون يىل قوزغالمىغان — بىر كۈنى تۇيۇقسىز ئوقۇتقۇچىلىقتىن ئىستىپا بېرىپ، كۆكتات ساتىدىغان ئىشنى قىلماقچى بولۇپ قالدى، يەنە تېخى باشقا ھېچقانداق ئىشنى قىلماي مەخسۇس شۇ ئىشنىلا قىلىدىغان بولدى. بۇ بۇرۇندىن ئۆيىنىڭ يېنىدىكى خېلىلا چوڭ بىر پارچە يەرگە كۆكتات تېرىپ كېلىۋاتاتتى، يەپ بولالمىغانلىرىنى بازارغا ئاپىرىپ باشقىلارغا سېتىپ بېرەتتى. ئەمدى ھازىر خىزمەتتىن قايتىپ كەلگەندە قىلىپ كېلىۋاتقان قوشۇمچە كەسپىنى رەسمىي كەسىپكە، جان باقىدىغان كەسىپكە ئۆزگەرتىۋالماقچى بولۇۋاتاتتى. ئۇ چاغدا ئۇ كۆكتاتلىقىدىن چىققان كۆكتاتلىرىنى يېمەكلىكلەرنى ساتىدىغان بىر دۇكانغا ئۆتكۈزۈپ بېرەتتى. ئۇ يەنە دەرۋازىسىنىڭ يېنىغا مېۋە بىلەن كۆكتات ساتىدىغان دۇكان ئېچىپ، كۆكتاتلىرىنى ئۆزى ساتىدىغانمۇ بولۇۋاتاتتى.

— دادا، سەن راستىلا شۇنداق قىلماقچى بولۇۋاتامسەن؟ — دەپ سورىدى جۇلىيېت ئۇنىڭدىن.

— ئەلۋەتتە، راست.

— ئوقۇتقۇچىلىقنى تاشلاشقا كۆزۈڭ قىيامدۇ؟

— ئۇنىڭدا گەپ يوق. بىر ئىشنى قىلىۋېرىپ زېرىكتىم. ھېلىمۇ ئوتتۇز يىل ئىشلەپتىمەن. يەنە ئىشلەۋەرسەم ئۆزۈمنى كېرەكتىن چىقىرىۋالىدىغان ئوخشايمەن.

دېمىسىمۇ ئۇ مەكتەپتە ئۇزاق يىل ئىشلەپ كەتتى، يا ھېچقانداق بىر مەكتەپتە مۇدىرى بولۇپ باقمىدى. جۇلىيېت ئۇنىڭ ئۆزۈمنى كېرەكتىن چىقىرىۋالىدىغان ئوخشايمەن، دېگىنىنىڭ سەۋەبىنىڭمۇ شۇ ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلىپ بولدى. ئۇ داڭلىق ئوقۇتقۇچى ئىدى، زېھنىنىڭ ئۆتكۈرلۈكى، مۇستەقىل پىكىر ۋە ئوقۇتۇش مىتودىنىڭ ئىگە

ئىكەنلىكى بىلەن ئۆزىگە ئۆزى مۇنار تىكلىگەنىدى. ئۇ دەرسكە كىرگەن باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ 6 ـ يىللىقىدىكى ئوقۇغۇچىلار شۇ يىل ئىچىدە ئالغان تەسىراتىنى مەڭگۇ ئۇنتۇپ كېتەلمەيتتى. لېكىن، يىللار ئۆتكەنسېرى ئۇ ئېتىبارسىز قېلىشقا باشلاۋاتاتتى، ئۇنى كەسپىنى ئۆزگەرتىشكە مەجبۇر قىلغان سەۋەبلەرنىڭ بىرسى مۇشۇ ئىش بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇنىڭ بۇ قارارىنى يۇقىرى رەھبەرلىكنى نەزىرىگە ئىلمىغانلىق دەپ چۈشەندۈرۈشكىمۇ بولاتتى. شۇڭا، سىز مۇشۇ بىر ئىشتىن مۇناسىۋەتلىك رەھبەرلەرنىڭ ئۇنى مەكتەپ مۇدىرى قىلماسلىقى مەكتەپ مۇدىرى بولۇشنىڭ ماتېرىيالى ئەمەس، مەكتەپ مۇدىرى بولغاندىن ئاددىي ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئۆتسە بىزگە كەلتۈرىدىغان زىيىنى ئازراق بولىدۇ، دەپ قارايدىغانلىقتىن ئىكەنلىكىنى ئاسانلا تەسەۋۋۇر قىلالايسىز.

ئۇ يېقىندىن بېرى سىرتتا قىلىدىغان ئىشلارنى قىلىشنى ياخشى كۆرۈپ قالغانىدى، ئۆزىمۇ ئاددىي ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈشنى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا ئۇنى كۆكتاتچىلىقنى ياخشى قىلىپ كېتەلمەيدۇ دېگىلىمۇ بولمايتتى.

لېكىن، سارا ئۇنىڭ بۇ ئىشنى قوللىمايتتى ھەم ياقتۇرمايتتى.

جۇلىيېتمۇ ياخشى كۆرمىدى. ئەمما، دادىسىنىڭ قايسى ئىشنى قىلسا مۇۋاپىق بولىدىغانلىقىنى تاللاشقا توغرا كەلسە، ئۇ دادىسى قىلماقچى بولۇۋاتقان ئىشنى تاللىغان بولاتتى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنى بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان ئادەملەر قاتارىغا قويۇشنى ھەرگىز خالىمايتتى، باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئالاھىدىلىكلىرىم بار دەپ ئويلاپ، باشقىلاردىن ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتاتتى، مەسىلىلەرگىمۇ خېلى ئەتراپلىق قارىيالايتتى. دادىسى كۆكتات ساتسا نېمە بوپتۇ؟

سام بەكمۇ سۇس ۋە باشقا ئىشلارنى ئويلاپ قىلىۋاتقان تەلەپپۇزدا:

www.uyghurkitap.com

— ئۇنىڭ ئىسمى نېمە؟ — دەپ سورىدى.
ئۇ بوۋاقنىڭ ئىسمىنى سوراۋاتاتتى.
— پېنېلوپ. مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى ھەرگىز پېننىي[1] دەپ چاقىرتقۇزمايمەن. ئۇنىڭ ئىسمى پېنېلوپ.
— مەن ئۇنىڭ ئىسمىنى سوراۋاتمايمەن. فامىلىسى نېمە دەۋاتىمەن.
— ھېم خېندېرسون — پورتېۋس ياكى پورتېۋس خېندېرسونغۇ دەيمەن. بۇ فامىلە ئېغىزغا چۈشۈپ بەرمەيدۇ. ئۇزۇنراق، كەينىدىكىسى خېندېرسون دېگىنى ھەممىدىن ئۇزۇن، شۇڭا ئۇنى پېنېلوپ دەپ ئاتاشنى لايىق كۆردۇق، بۇ ئىسىممۇ ئۇنىڭغا سىڭىپ قالدى.
— ھە مۇنداق دېگىن. دادىسى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ فامىلىسىنى بېرىپتىكەن - دە، — دېدى سام، — بۇ ئىش ئەمدى ئوچۇق بولدى. مېنىڭ بىلمەكچى بولغىنىم مۇشۇ ئىش ئىدى.
جۇلىيېت ئۇنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي بىردەم تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن چۈشەندى.
— ئۇ، ئەلۋەتتە، شۇنداق قىلىدۇ - دە، — دېدى جۇلىيېت گاراڭ قىياپەتكە كىرىۋېلىپ ھەم كۆلگۈسى كەلگەندەك قىلىپ، — ئۆزىنىڭ بالىسى بولغاندىكىن شۇنداق قىلمامتى ئەمىسە.
— شۇنداق، شۇنداق، كونكرېت ئەھۋاللارنى ئويلىغاندا...
— نېمە كونكرېت ئەھۋاللار ئۇ؟ مەن بىلەلمىدىمغۇ؟ — دېدى جۇلىيېت، — ئەگەر سەن بىزنى توي قىلمىغان بولۇشى مۇمكىن دەپ ئويلىغان بولساڭ، ئۇ ئويۇڭ مەسىلە دەپ قارىغۇچىلىكى يوق مەسىلە. بىز تۇرۇۋاتقان يەردە، بىز تونۇيدىغان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە بۇ خىل شەكىلۋازلىقلارغا سىلەردەك جىددىي قارايدىغان ئادەملەر يوق.
— بەلكىم شۇنداقتۇ، — دېدى سام، — لېكىن ئۇ بىر

[1] پېننىي — ئىنگلىز تىلىدا «پېننىس» دېگەن مەنىدە. پېنېلوپ بولسا، ھومېر - نىڭ «ئودېسسا» داستانىدىكى باش پېرسوناژ ئودېسسوسنىڭ خوتۇنىنىڭ ئىسمى.

قېتىم توي قىلغان ئادەم ئەمەستۇ؟

جۇلىيېت ئۇلارغا ئۇنىڭ ھەققىدە خەت يېزىپ، ئايالى ماشىنا ھادىسىسى بىلەن سەككىز يىل كارىۋاتتىن چۈشەلمەي يېتىپ قالغاندا ئېرىكىنىڭ ئۇنىڭغا ناھايىتى ياخشى قارىغانلىقىنى دەپ بەرگەنىدى.

— سەن ئانىنى دېمەكچىمۇ؟ ئۇنىڭ ئىشى مەن سىلەرگە دەپ بەرگەندەك، قالغان ئىشلىرىنى بىلمەيمەن. ئەمما، بىز توي رەسمىيەتلىرىنى تولۇق ئۆتىدۇق. بۇنىسى راست.

سارا ئۇ ئىككىسىگە:

— بىر يەردە توختاپ ئازراق ماروژنى يېسەك قانداق؟ — دېدى.

— ئۆيدىكى توڭلاتقۇدا ماروژنى بار، — دېدى سام ساراغا جاۋاب بېرىپ. ئارقىدىن جۇلىيېتقا قاراپ، ئۇ ئاڭلاپ چۆچۈپ كەتكۇدەك بىر گەپنى بوش دېدى، — مەن ماشىنىنى توختىتاي، سەن ئاپاڭنى ئىختىيار قىلغان بىر يەرگە ئاپىرىپ ئازراق بىرنەرسە يېگۈزۈپ كەلگىنە. بولمىسا ئۇ غەلۋە قىلىپ بىزنى ساراڭ قىلىۋېتىدۇ.

ماشىنىنىڭ ئىشىكلىرى ئوچۇق، ئىسسىق شامال ئۆتۈشۈپ تۇرۇۋاتقاچقا، ماشىنىنىڭ ئىچى بۆلەكچىلا ئىسسىپ كەتكەنىدى. ھازىر تومۇز ۋاقتى بولغاچقا، ھاۋا شۇنچىلىك ئىسسىق ئىدى، جۇلىيېت غەرب تەرەپتىكى دېڭىز بويلىرىدا بۇنداق ئىسسىقنى پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغانىدى. دېڭىز بويلىرى، ئېتىزلىقلار ئېگىز دەرەخلەر بىلەن ئورىلىپ تۇراتتى، دەرەخلەرنىڭ ئاستىلىرى قاراڭغۇ ھەم سالقىن ئىدى، بۇغداي، قوناق، پۇرچاق دېگەندەك زىرائەتلەر شۇنداق ئوخشىغان، كۈننىڭ نۇرىدا تاۋلىنىپ ھەم كۆزلەرنى چېقىپ تۇراتتى، پۈتۈن يەر سېرىق، يېشىل رەڭگە پۈركىلىپ كەتكەنىدى.

— ھەي ئالدىدا ئولتۇرۇۋاتقانلار، كۇسۇرلىشىپ كىمگە ياردەم بېرىشنى قارار قىلىۋاتىسىلەر؟ سىرتتا شامال كۈچلۈك

چىقىۋاتىدۇ، ئەجەبا بىز ئاڭلىمايۋاتىمىزغۇ؟ — دېدى سارا.

— ھېچنېمە قىلىۋاتقىنىمىز يوق، جۇلىيېتنىڭ ئېرى ھازىرغىچە بېلىقچىلىق بىلەن جان بېقىۋاتامدۇ — يوق، شۇنى سوراپ باقتىم.

ئېرىك چوڭ راكلارنى تۇتۇپ بازارغا ئاپىرىپ سېتىپ شۇنىڭ بىلەن جان باقىدىغان ئادەم بولۇپ، بۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىۋاتقىنىغا ئۇزاق بولغانىدى. ئۇ بىر مەزگىل تېببىي ئىنستىتۇتتا ئوقۇغان، كېيىن بىر دوستىنىڭ (ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ قىز دوستى ئەمەس) بالىسىنى چۆشۈرۈۋېتىشكە ياردەم بېرىپ قويۇپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇرالمىغانىدى. (ئۇ ئىش ئوڭۇشلۇق بولغان، كېيىن قانداق بولدى، سىرتقا تارقىلىپ كەتكەن) جۇلىيېت بۇ ئىشنىمۇ ئىدىيەسى ئازاد دادىسى بىلەن ئاپىسىغا سۆزلەپ بەرمەكچى، شۇ ئارقىلىق ئۇلارغا ئېرىكنىڭ ئادەتتىكى بىلىمى كەمەس، ئوقۇغان، تەربىيە كۆرگەن ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ قويماقچىدى. ئەمدى ھازىر دادىسىنىڭ كەسپىنى ئۆزگەرتىپ كۆكتات ساتماقچى بولۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ، ئېرىكمۇ شۇنداق تورسا بۇنى ئۇلارغا چۈشەندۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇلارنىڭ ئىدىيەسىنىڭ ئازادلىقىمۇ جۇلىيېتنىڭ دەسلەپكى چاغلىرىدىكىگە ئوخشاش ئۇنچىلىك ئوچۇق بولۇپ كېتىشى ناتايىن ئىدى.

دادىسىنىڭ ساتىدىغان نەرسىلىرى يالغۇز كۆكتات بىلەن مېۋىلا ئەمەس ئىدى، ئاشخانىدا تۈرلۈك مېۋە مۇرابباسىرىنىمۇ قايىنىتىلىپ بوتۇلكىلارغا ئېلىنغان، مېۋىلەرنىمۇ ئېزىش ماشىنىسىدا ئېزىپ سۈيىنى چىقىرىپ چوڭ كولبىلارغا قۇيۇپ قويغانىدى. بۇلارمۇ كۆكتاتلار بىلەن مېۋىلەرنىڭ قاتارىدا سېتىلىدىغان نەرسىلەر ئىدى. جۇلىيېت كەلگەن كۈنى ئۇلار مالىنادا مۇراببا ياساۋاتقانىكەن. بۇ ئىشلارغا ئېرى يېتەكچىلىك قىلىدىكەن. ئۇنىڭ كۆڭلىكى مېۋە سۈيى ۋە تەر بىلەن

دۇمبىسىگە چاپلىشىپ كېتىپتۇ، ئىش قىلىۋېتىپ تېلېۋىزورغا قاراپ ـ قاراپ قويىدىكەن. مېۋە ئېزىش ماشىنىسى ئارقىدىكى ئۆينىڭ ئاشخانا بىلەن تۇتىشىدىغان ئىشىكىنىڭ يېنىغا قويۇقلۇق بولغاچقا، ئاشخانىغا كىرگەندە يېنىچىلاپ كىرىدىكەن. تېلېۋىزوردىكى باللارنىڭ سەھەرلىك پىروگراممىسىدا قورچاق فىلىم «پوپولۇ بىلەن ئۇچار چاشقان» قويۇلۇۋېتىپتۇ. ئېرىن ئۇنىڭدىكى قىزىق ئىشلارنى كۆرۈپ قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتكەندى. جۇلىيېت ئۇنىڭ كۈلكىسىگە يارىشا ئىككى قېتىملا پىخىلداپ كۈلۈپ قويدى. ئېرىن ئۇ كۈلدىمۇ، كۈلمىدىمۇ، كارى يوق تېلېۋىزورنى كۆرىۋەردى.

ئوچاق بېشىدىن پېنىلوپىنىڭ ئەتىگەنلىك تاماقىغا تۇخۇم پىشۇرۇپ بېرىدىغان، ئۆزىگە قەھۋە قايناتتىدىغان، بولكا قاقلايدىغانغا ئازراق بوش يەر بولسا بولاتتى.

— ئوچاق بېشى كەڭرى، ئۇ ئىشلىرىڭىزنى نەدىلا قىلسىڭىز بولىۋېرىدۇغۇ؟ — دېدى ئېرىن جۇلىيېتنىڭ تەلىپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن خاپا بولغاندەك قىلىپ. ئۇنىڭغا خىيالىدا جۇلىيېت سىرتتىن كەلگەن مېھماندەك بولۇپ قالغان ھەم شۇ ئىشلارنى قىلىدىغانلىقىنى ئۆزىگە ئالدىن دەپ قويمىغاندى.

يېقىن كېلىپ قارىسىڭىز، ئېرىننىڭ بىلەكلىرىدىكى قاپقارا تۈكلەرنى ئېنىق كۆرەلەيتتىڭىز. بۇنداق تۈكلەر ئۇنىڭ قۇلاقلىرىنىڭ ئالدى ـ كەينىدىمۇ بار ئىدى، يۈزىدىمۇ ئاندا ـ مۇندا كۆرۈنۈپ قالاتتى.

ئۇ كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا جۇلىيېتنىڭ قىلىۋاتقان ھەربىر ئىشىغا، ئوچاق سۇپىسىدىكى توك توچكىلىرىنى ئىشلىتىشلىرىگە (جۇلىيېت دەسلەپتە توچكىنىڭ توك ئوچاقنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلەلمىگەنىدى)، پىشقان تۇخۇمنىڭ شاكىلىنى ئايرىپ ئېلىۋېتىشلىرىگە (چالا پىشقان تۇخۇمنىڭ شاكىلى پۈتۈن ئاجرىمايتتى، ئاز ـ ئازدىن ئاجرىتىش كېرەك ئىدى)، ئاندىن تۇخۇمنىڭ ئىچىنى كىچىك بىر تەخسىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ

ئۇششاق قىلىپ ئېزىشلىرىگە قاراپ تۇردى.

— سىز ئۇنىڭ يەرگە چۈشۈپ كېتىشىدىن ئېھتىيات قىلىڭ، — دېدى ئېرىن ئۇنىڭغا، ئۇنىڭ دېمەكچى بولغىنى تۇخۇم ئەمەس، تەخسە ئىدى، — ئۇ تەخسىنىڭ ئورنىغا ياللارغا ئىشلىتىدىغان پىلاستىماسسا تەخسە ئىشلەتسىڭىز بولمامدۇ؟

— مەن دىققەت قىلىمەن، خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى جۇلىيېت.

جۇلىيېت ئېرىنىنىڭمۇ ئىككى بالىسى بار ئىكەنلىكىنى كېيىن بىلدى. بالىلىرىنىڭ بىرسى ئۇچ ياشقا كىرىپتۇ. ئوغۇل ئىكەن، يەنە بىرسى قىز ئىكەن، ئىككى ياشقا كىرىپتۇ، بىرسىنىڭ ئىسمى ترېۋور، يەنە بىرسىنىڭ ئىسمى تراسى ئىكەن، دادىلىرى بۇلتۇر يازدا ئۆزى ئىشلەۋاتقان توخۇ فېرمىسىدا ھادىسىگە يولۇقۇپ ئۆلۈپ كېتىپتىكەن. ئېرىن جۇلىيېتتىن ئۇچ ياش كىچىك بولۇپ، بۇ يىل يىگىرمە ئىككى ياشقا كىرىپتۇ. جۇلىيېت ئۇنىڭ بالىلىرى بىلەن ئېرىنىڭ ئەھۋالىنى گەپ ئارىلىقلىرىدا، يېشىنى تۇيۇقسىز دەپ سالغان بىر گېپىدىن بىلىۋالغانىدى.

شۇ چاغدا جۇلىيېت ئۇنىڭغا:

— بۇ ئەھۋالىڭىزنى ئاڭلاپ كۆڭلۈم بەكمۇ يېرىم بولدى، — دېگەنىدى.

جۇلىيېت ئېرىنىنىڭ ئەھۋالىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭدىن كوچىلاپ گەپ سورىغىنىدىن نومۇس قىلىپ ھەم خىجالەت بولۇپ قالغان، ئەدەپسىزلىك قىلىپ قويغىنىغا ئۆكۈنگەنىدى. بۇنداق چاغدا ئۇنىڭغا ھېسداشلىق قىلغانىنىڭ پايدىسى يوق ئىدى ھەم قارشى تەرەپكە يالغاندىن ھېسداشلىق قىلىۋاتقاندەك تەسىر بېرىپ قوياتتى.

— شۇ كۈنى يىگىرمە بىر ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنۈم ئىدى، — دېدى ئېرىن ئۇنىڭغا جاۋابەن، خۇددى شۇم تەقدىر ئادەمنىڭ بېشىغا بىراقلا ئەمەس، ئاستا - ئاستا يىغىلىپ تۇيۇقسىز كېلىدىغاندەك تەلەپپۇزدا.

پېنېلوپ بىر تال تۇخۇمنى ناھايىتى تەستە يەپ بولغاندىن كېيىن، جۇلىيېت ئۇنى بىر بىقىنىغا قىستۇرۇپ ئۇستىگە ئاچىقىپ كەتتى.

پەلەمپەينىڭ يېرىمىغا چىققاندا، بايام ئىشلەتكەن تەخسىنى يۇيۇۋەتمىگەنلىكى ئېسىگە كېلىپ قالدى.

لېكىن، بالىسىنى قويىدىغان يەر يوق ھەم بالىسى ماڭالمايدىغان بولغاچقا، تىكىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئۇنى قويۇۋەتسىمىغۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە ئۆمىلەپ يۇرىۋېرەتتى، ئۇنىڭغا جۇلىيېتنىڭ كۆڭلى ئۇنىمىدى، ئۇنى بەش مىنۇتمۇ مەيلىگە قويۇۋېتەلمەيتتى، دېزىنفېكسىيە ساندۇقچىسىدىكى سۇ ۋاراقلاپ قايناپ تۇرۇۋاتسا، ھەممىلا يەردە پىچاق ھەم مېۋە سويىنى ئېزىپ چىقىرىدىغان، مۇرابىا ياسايدىغان ماشىنا ـ ئۇسكۇنىلەر يېيىلىپ ياتسا، بالىنى خاتىرجەم قويۇپ بەرگىلى بولامدۇ؟ ئېرىنىگە بىردەم قاراپ تۇرسىڭىز دەپ دېسە تېخى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بوۋاقنىڭ مومىسىدىن بۇگۇن ئەتىگەن ئالغان تۇنجى تەسىرى تېخى يوقاپ كەتمىگەن، مومىسى بىلەن ئەپلىشىپ قالمىغانىدى. ئاخىر ئۇ بالىسىنى پەلەمپەيدىن كۆتۈرۈپ چىقىپ (ئۇ چىقىقۇچە ئاشخانىنىڭ ئىشىكىنى يېپىپ قويغانىدى)، ئۇستىدىكى بوشلۇققا قويۇپ بەردى. بۇ يەر پاكىز ھەم ھېچنېمە يوق ئىدى، بالىنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزىنىڭ ئۆيىدىكى چاغدا پەلەمپەي ئۇستىدىكى مۇشۇنداق بوشلۇقتا ئويناپ ئۆگىنىپ قالغانىدى.

بۇ ئىككى قەۋەتلىك ئېگىز، كىچىككىرەك بىر بىنا ئىدى، تورۇسى ئېگىز، ئەمما ئۆيلىرى كاتەكتەك كىچىك ئىدى. بەلكىم بۇ ئۆيلەر جۇلىيېتقا ھازىر شۇنداق تۇيۇلىدىغاندۇ. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئۆگزىسى قىيپاش ئىدى، شۇڭا ئەڭ ئۇستىدىكى چېدىر ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرسىڭىز بېشىڭىز تورۇسقا تاقاشمايتتى. ئىككى چېتىدە بولسا ئېڭىشىپ تۇراتتىڭىز، ماڭسىڭىزمۇ ئېڭىشىپ ماڭاتتىڭىز. جۇلىيېت كىچىك چاغلىرىدا چېدىر ئۆينىڭ ئىچىدە شۇنداق ھالەتتە ماڭاتتى، مېڭىۋېتىپ ئۆزىگە ئۆزى ھېكايە

www.uyghurkitap.com

سۆزلەپ كېتەتتى، ئۇ ھېكايىلىرىگە ئۆزىچە بىرنەرسىلەرنى قوشۇپ ياكى ئۆزگەرتىپ سۆزلەپ قوياتتى. يەنە تېخى ئۇسسۇلمۇ ئويناپ قوياتتى — ئۇ يەرنىڭ ئازراق يېرىدە ئۇسسۇلمۇ ئوينىغىلى بولاتتى — خۇددى ئالدىدا تاماشىبىنلار ئولتۇرغاندەك ئەستايىدىل ئويناييتتى. ئۇنىڭ تاماشىبىنلىرى بۇزۇلغان، كونىرىغان، ئىشلەتكىلى بولمايدىغان ئۆي سايمانلىرى، بىرنەچچە كونا ساندۇق، ئېغىرلىقىدىن كۆتۈرگىلى بولمايدىغان خۇرۇم پەلتو، كەپتەر، قارلىغاچلارغا ئوۋا سېلىپ بېرىدىغانغا ياساپ، تالادىن تۆشۈك ئېچىپ قويغان كىچىك بىر كاتەك (ئۇ كاتەكنى سام مەكتەپتىكى ۋاقتىدا ئوقۇغۇچىلار تەقدىم قىلغانىدى، ئۇ يەرگە قويۇپ قويغاندىن كېيىن بىرمۇ قارلىغاچ، بىرمۇ كەپتەر ئوۋا سالمىدى)، ھەۋەسكار رەسسام سىزغاندەك نېمىس ئەسكەرلىرىنىڭ بىر دانە پولات قالپىقى بىلەن «ئىرېلاندىيە ئايال پادىشاھى» ناملىق پاراخوتنىڭ سانت لاۋرېنس قولتۇقىدا چۆكۈپ كېتىۋاتقان كۆرۈنۈشى سىزىلغان (ئاڭلاشلارغا قارىغاندا، سامنىڭ دادىسى 1 ـ دۇنيا ئۇرۇشىغا قاتناشقان چاغدا بىر يەردىن ئېلىۋالغان، سىزىپ پۈتمىگەن كۆلكىلىك بىر رەسىم) بىر پارچە رەسىم دېگەندەك نەرسىلەر ئىدى. بۇ رەسىمنى ئۆگەنچى رەسسام سىزغاندەك قىلاتتى، رەسىمدە يەنە پاراخوتتىكى سەرەڭگە ياغىچىدەك ئوششاق سىزىلغان ئادەملەرنىڭ ھەر تەرەپكە ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈشلىرىمۇ بار ئىدى.

ھوي، ئۇ تەرەپتىكى تامغا يانتۇ يۆلەكلىك تۇرغىنى «مەن ۋە يېزام» دېگەن رەسىم ئەمەسمۇ؟ بۇ رەسىمنى ساقلاپ قويايلى دېگەن خىيال يوق، ئوچۇقلا قويۇپ قويۇشقانىدى. ئۇستىنى چاڭ ـ توزان باسقاندەك ئەمەس، قارىغاندا تېخى يېڭىلا مۇشۇ يەرگە ئاچىقىپ قويغان ئوخشايدۇ.

جۇلىيېت چېدىر ئۆينىڭ ئىچىنى بىردەم ئاختۇرۇپ كۆرۈپ چىقىپ ئاندىن چۆرىدەپ ئويناپدىغان تاختا ئويۇنچۇقنى ئىزدىدى. ئۇ ئىنچىكە ياسالغان، ئېغىرلىقىمۇ خېلى بار، يەرگە قويۇپ

چۆرگۈلىتىپ ئوينايدىغان ئويۇنچۇق ئىدى، ئۇنىمۇ تاپتى. نەدىنىدۇر يەنە ئىككى بالىلار ھارۋىسىنى تېپىپ چىقتى. ئۇنىڭ ئاتا ـ ئانىسى ئۇ كىچىكىدە ئوينىغان ھەممە نەرسىنى يەنە بىر بالىلىق بولساق شۇ بالىمىز ئوينايدۇ، دەپ ئويلاپ ساقلاپ قويغانىكەن. ئەپسۇس، جۇلىيېتتىن كېيىنكى بالىسى چۈشۈپ كەتتى. يەكشەنبە كۈنى دادىسى ـ ئاپىسىنىڭ ئۆيىدىن كۈلكە ئاۋازلىرى كۆتۈرۈلۈپ قالدى. جۇلىيېت ھەيران قېلىپ، ئۆزىنىڭ ئۆيىگە ئاڭلىنىۋاتقان ئۇ ئاۋازدىن خۇددى ئۆيىگە بىرسى بېسىپ كىرىۋاتقاندەك چۆچۈپمۇ كەتتى.

بالىلار ھارۋىسى قاتلىنىدىغان ھەم خېلى يەرگىچە ھەيدەپ ماڭغىلى بولىدىغان ھارۋا ئىدى، بۇ ھارۋىنىڭ ھازىرغىچە ساقلىنىپ قالىدىغانلىقىنى ئۇ ئويلاپمۇ باقمىغانىدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ تەرلەپ قېلىۋاتاتتى، چىرايىمۇ سارغىيىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ھارۋىنى قاتلىۋەتمەكچى بولدى. بۇ كۈنلەردە ئۇنىڭغا شۇنچىلىك ئىشمۇ ئېغىر كېلىدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئەمدى ئۇنىڭ بۇنداق ئىشلارنى قىلىپ كېتەلىشى مەڭگۈ مۇمكىن ئەمەس ئىدى. لېكىن، يەنە ئېرىنىنى دېمىسە بىرنەرسىلەرنى تالاغا ئاچىقىپ، دادىسى سامىنىڭ ياردىمى بىلەن بەزى ئىشلارنى قىلالىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئېرىنىنىڭ بىر جايدا جىم تۇرمايدىغان تىنىمسىز كۆزلىرى، سىزگە ئۇدۇل قاراپ تۇرمىسىمۇ سىزدىن نېرى بولمايدىغان قاراشلىرى سىزنى ھەر دائىم نازارەت قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ تۇراتتى. يەنە ئۇنىڭ قوللىرىنىڭ تىنىم تاپمايدىغانلىقى ئىشچانلىقىنىڭ ئىپادىسى ئىدى. سەزگۈرلۈكمۇ ئۇنىڭ بىر ئارتۇقچىلىقى بولۇپ، بۇ ئۇنىڭ ئويناپ تۇرىدىغان كۆزلىرىدە بىلىنىپ تۇراتتى. جۇلىيېت ئۇنىڭدىكى بۇ ئالاھىدىلىكلەرنى، ئۇنىڭ مىجەزىنى بىر ئېغىز سۆزگە يىغسا قانداق گەپ چىقىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. ئىشقىلىپ، مۇشۇكنىڭ ھەممە نېمىگە پەرۋاسىز قارايدىغان، ئەمما ئۇنىڭ ئىشىغا پۇختا خاراكتېرى بىلەن ئالاھىدىلىكىگە مىسال قىلىنسا قىلچە خاتالىق

www.uyghurkitap.com

بولمايتتى.

جۇلىيېت ئاخىر ئۇ بالىلار هارۋىسىنى قاتلاپ بىر چەتكە قويۇپ قويدى. بۇ هارۋا ئېغىر، چوڭلۇقىمۇ ئۆزى ئىشلىتىۋاتقان هارۋىدىن بىر هەسسە دېگۈدەك چوڭ ئىدى. ئۇستىنىڭ مەينەتلىكىنى دېمەيلا قويايلى. جۇلىيېت بايامقى بىئاراملىقى تۈگەپ ئۆزىنى خېلى ئازادە سېزىشكە باشلىدى. پېنىپ لوپ پەلەمپەينىڭ ئۇستىدە ئۆزى بىلەن ئۆزى ئويناپ ئولتۇراتتى. جۇلىيېت ئۇنىڭ قولىدا بايام كۆرۈپ باقمىغان بىر نەرسىنىڭ تۇرغانلىقىنى كۆرگەندەك بولۇپ سىنچىلاپ قارىۋىدى، بىر تال مىخ ئىكەن. ئادەم ئادەتتە بۇنداق نەرسىلەرگە دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ. نېمىنىلا قولىغا ئالسا ئاغزىغا سالىدىغان بالا بولىدىغان بولسا، ئۇنداق بالىلارنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى بالىسىغا بولغان هوشيارلىقىنى بىر مىنۇتمۇ بوشاشتۇرۇپ قويماسلىقلىرى كېرەك.

لېكىن، جۇلىيېت ئۇنچىلىك هوشيار ئەمەس، دائىم دېگۈدەك دىققىتى چېچىلىپ تۇرىدۇ. ئېرىن، هاۋانىڭ ئىسسىقلىقى، بۇرۇن قىلغان، بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلىرى بەزىدە ئېسىدىن بىرسى قالماي كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

مەن ۋە مېنىڭ يېزام.

ـــ هەي، ـــ دېدى سارا، ـــ مەن ئەسلىدە سېنى ئۇ نەرسىگە دىققەت قىلمىسىكەن دەپ ئويلىغان، دىققەت قىلىپ قاپسەن، ئەمدى ئۇنى كاللاڭغا كىرگۈزۈۋالما.

سارانىڭ هۇجرىسىنىڭ ئىچى دېرىزىسىدىن چۈشۈپ تۇرۇۋاتقان كۈننىڭ نۇرى دېرىزىلەرگە ئارتىلغان بامبۇك پەردىلەرنىڭ ئارىلىقلىرىدىن ئۆتۈپ ئۆينىڭ ئىچىنى بىر خىل سارغۇچ رەڭدە يورۇتۇپ هەم ئۆزىنىڭ تەپتى بىلەن ئىسسىتىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۆي ئىچى ئىللىق تۇرسىمۇ سارا بومازى رەختتىن تىكىلگەن قېلىن ئىشتان كىيىۋالغان، بېشىنى ياغلىق بىلەن

چىلىڭ چىگىنىۋالغان، ئۈستىگە قىسقا چاپان كىيىۋالغانىدى، شۇ تۈرقى بىلەن فىرانسىيەلىك قىبرى ئاياللارنىڭ ئۆزىلا بولۇپ قالغانىدى (جۇلىيېت ئۇ ياشتىكى فىرانسۇز ئاياللارنى ئاساسەن كۆرۈپ باقمىغان). ئۇ ئاپىسىنىڭ ئاپپاق چاچلىرىنى يەلكىسىگە چۈشۈرۈپ، لەۋلىرىگە گىرىم قىلىپ، كىرپىكلىرى ئىچىدىكى كۆزلىرىنى پارقىرىتىپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، غەلىتىلا قىرىپ كەتكەن كىچىك بىر بالىنى كۆرۈۋاتقاندەك ھەيران قالدى. ئاپىسى ياستۇققا يۆلىنىپ، بىلىگىچە يوتقانغا ئورىنىپ تىككىدە ئولتۇراتتى. بايام جۇلىيېت ئۇنى ھاجەتخانىغا ئەكىرىپ قايتىپ چىققاندا، كۈن شۇنچە ئىسسىق تۇرسىمۇ پۇتىدىكى سايما كەشى بىلەنلا كارىۋاتقا چىقىپ يوتقانغا كىرىۋالدى.

كارىۋاتنىڭ يېنىدا ئولتۇرىدىغان يېرى پەس يۆلەنچۈكلۈك ئورۇندۇقتىن بىرسى قويۇقلۇق بولۇپ، ئۇنىڭ بىرنەرسىلىرىنى ئېلىپ ئىشلىتىشى ۋە قويۇپ قويۇشىغا قولايلىق ئىدى. ئۇ ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە دورىلىرى، ئۆپىلىرى، يۈزىگە سۈركەيدىغان مايلىرى، يېرىم ئىستاكان سۈت، يەنە بىر قۇرۇق ئىستاكان تۇراتتى، ئىستاكاننىڭ ئىچى قوڭۇر رەڭگە ئايلىنىپ كېتىپتۇ (ئۇنىڭدا ئاشۇنداق رەڭلىك سۇيۇقلۇقنى كۆپرەك ئىچكەن بولسا كېرەك). كارىۋاتنىڭ بېشىدا ۋاقتى ئۆتۈپ كەتكەن «مودا»، «ئاياللارغا خاس ئائىلە ژۇرنىلى» دېگەن بىرنەچچە پارچە ژۇرنالمۇ تۇراتتى.

— كاللامغا كىرگۈزۈۋالغىنىم يوق، ئاپا، — دېدى جۇلىيېت ئۇنىڭ ئۇ گېپىگە جاۋاب بېرىپ.

— بىز ئۇ رەسىمنى ئاشخانىنىڭ كەينىدىكى ئۆينىڭ تېمىغا ئېسىپ قويغان، كېيىن داداڭ ئۇنى ئۇ يەردىن ئېلىۋەتتى.

— نېمىشقا ئېلىۋېتىدۇ؟

— نېمىشقىلىقىنى ماڭا پەقەتلا دەپ باقمىدى. دەسلەپتە ئۇقماپتىمەن، كېيىن قارىسام جايىدا يوق تۇرىدۇ.

— دادام ئۇ رەسىمنى نېمە سەۋەبتىن ئېلىۋەتكەندۇ؟

— ئۇنىڭ چوقۇم بىر خىيالى بار، بۇنى سەن بىلىشىڭ مۇمكىن.

— خىيالى قايسى جەھەتتىندۇ؟

— ھىم، مەن ئويلايمەن... بۇ ئىش ئېرىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولۇشى مۇمكىن. بەلكىم ئېرىن ئۇ رەسىمنى كۆرسە بىئارام بولسا كېرەك.

— بۇ يا بوتتىچېلىنىڭ رەسىمدەك يالىڭاچ سىزىلغان رەسىم بولمىسا.

سام بىلەن سارا ياتاق ئۆيىگە «ۋېناسىنىڭ دۇنياغا كېلىشى» دېگەن بىر رەسىمنى خېلى يىللار ئىلگىرى ئېسىپ قويۇشقانىدى. ئىككىسى مۇئەللىملەرنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىرغاندا، ئۇلار بۇ رەسىمنى كۆلكە قىلىپ بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلىشىپ كېتەتتى.

— ئۇ رەسىمدە ئۇنداق نەرسە يوق، ھازىرقى زامان رەسساملىرىگە بەكرەك ئوخشايدىغانلا يېرى بار. مېنىڭچە، ئۇ رەسىم داداڭغا ياقمىغان گەپ. يا بولمىسا ئېرىن كۆرۈپ بىرنېمە دېگەن بولسا داداڭ شۇنىڭ گېپى بىلەن شۇنداق قىلغان بولۇشىمۇ مۇمكىن. بىزنى زاڭلىق قىلىپ — كۆزگە ئىلمايدىغان گەپلەرنى قىلدىمۇ تېخى — سىلەر غەلىتىلا ئادەملەر ئىكەنسىلەر، دېگەنلىكىمۇ ئېھتىمالغا يېقىن. داداڭ ئېرىننىڭ بىزنى ئاشۇنداق ئادەملەر قاتارىدا كۆرۈشىنى ياخشى كۆرمەيدۇ.

— ئۇنداق رەسىملەرنى ئاسىدىغان ئادەملەر قانداق ئادەملەر بولۇشى مۇمكىن؟ — دېدى جۇلىيېت.

— سەن داداڭنى ئوبدان چۈشىنىسەن.

— ئۇ باشقىلارنىڭ باشقىچە پىكىردە بولۇپ قېلىشىدىن قورقمايدۇ. خىزمىتىدە ئوخشۇشسىزلىقلارغا ئۇچراپ تۇرۇشلىرىمۇ شۇنىڭدىن ئەمەسمىدى؟

— نېمە؟ — دېدى سارا ھەيران قالغاندەك قىلىپ، — ھە، ئۇ گېپىڭمۇ توغرا، ئۇ باشقىلار بىلەن زادىلا بىر پىكىردە بولماي

كەلگەن، بەزىدە بەكرەك ئېھتىيات قىلىپمۇ كېتەتتى. ئېرىنغىمۇ شۇنداق، بەزىدە ئۇنىڭدىن ئارتۇقچە ئېھتىيات قىلىپ كېتىدۇ. ئېرىن بىز ئۇچۇن ئىنتايىن قىممەتلىك، بۇنداق ئايالنى بىز ھېچ يەردىن تاپالمايمىز.

— بىزنىڭ ئۆيدە شۇنداق بىر غەلىتە رەسىم بولغانلىقى ئۇچۇن ئېرىن دادامغا بۇ يەردىن كېتىدىغانلىقىنى گېپىنى قىلغانمىدۇ يا؟

— بۇنىڭغىمۇ بىرنېمە دەپ بولمايدۇ، سۆيۈملۈكۈم، مەن سەن سوۋغا قىلغان ھەرقانداق نەرسىنى شۇنچىلىك قەدىرلەيمەن. لېكىن دادائ...

جۇلىيېت ئاپىسىنىڭ گەپلىرىگە جاۋابەن ھېچنېمە دېمىدى. توققۇز ياشتىن ئون تۆت ييشىغىچە ئاپىسى ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇنى بىلمىزغۇ، ھەلا دەپ قويايلى، دەيدىغان ئورتاق بىر گەپ بار ئىدى.

ئىككىلىسى ئايال بولغاچقا، شۇ چاغلاردا ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاشۇنداق بىر ئورتاقلىق مەۋجۇت ئىدى. سارا جۇلىيېتنىڭ چاچلىرىنى يۇيۇپ چىرايلىق تاراپ قوياتتى؛ ماشىنىچىلىقنى ئۆگىنىۋاتقان چاغلىرىدا جۇلىيېتقا ھېچكىمدە يوق چىرايلىق كۆڭلەكلەرنى تىكىپ بېرەتتى؛ سام مەكتەپتىن كەچ قالغان چاغلاردا ئىككىسى بىللە ئولتۇرۇپ يەر ياڭىقى مۇرابباسى، سېرىق ماي، پەمىدۇر بىلەن ساندىۋىچ ياساپ يەتتى. تولا ئېيتىلىپ يادا بولۇپ كەتكەن ھېكايىلەرنى ئېيتىشاتتى. سارا بۇرۇنقى ئوغۇل دوستلىرى ۋە قىز دوستلىرى بىلەن بىللە بولغان چاغلىرىدىكى ئىشلارنى، ئۇلارنىڭ چاقچاقلىرىنى، ئۇلار بىلەن ئوينىغان ئويۇنلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇ چاغلاردا سارا باشلانغۇچ مەكتەپنىڭ ئوقۇتقۇچىسى ئىدى، يۇرەك كېسىلىمۇ ئانچە ئېغىر ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭدىن ئىلگىرىكى ئىشلارنىمۇ — ئۆزىنىڭ رېماتىزم بولۇپ قېلىپ، كارىۋاتتىن چۈشمەي ياتقانلىرىنى، قىزىتمىسى ئۆرلەپ چۈشمىگەنلىكىنىمۇ سۆزلەپ

بىرەتتى، يەنە تېخى رولللو، ماكسىن دېگەن بىر جۈپ ئوغۇل دوستى بار ئىكەنلىكىنىمۇ ياساپ چىقىپ، ئۇلارنى بالىلار كىتابلىرىدىكى پېرسوناژلارغا ئوخشاش ھەر خىل دېلولارنى، قاتىللىق دېلولىرىنىمۇ پاش قىلىشقا ئۇستا ئىدى، دەپ ماختاپ كېتەتتى. بەزىدە سامىنىڭ ئۆزىنىڭ كەينىگە كىرىۋېلىپ ئۆزىگە پەقەتلا ئارام بەرمىگەنلىرىنى، ئۆزىنىڭ دەردىدە ھاراق ئىچىپ ماشىنا ھەيدەپ ھادىسە چىقىرىپ قويغانلىقىنى، باشقا يەردىن كېلىپ قالغان سەرگەردان ئادەم قىياپىتىگە كىرىۋېلىپ دەرۋازىسىنىڭ ئالدىدا كەتمەي تۇرۇۋالغانلىقلىرىنى سۆزلەپ كېتەتتى.

ئۇ ئىككىسى يەنە سېرىق مايدىن يۇمشاق كەمپۈت ياساپ كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتەكلىرىگە گۈل شەكلىدە چاپلاپ چىقاتتى، ئادەم ھەيران قالغۇدەك دەرىجىدە بىر ئادەمدەك ياشايتتى. بىر كۈنى جۇلىيېتنىڭ تۇيۇقسىز ئاپىسى بىلەن ئۇنداق ئىشلارنى قىلغۇسى كەلمەي قالدى، ئەكسىچە يېرىم كېچىلەردە ئاشخانىغا كىرىۋېلىپ دادىسى سام بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، ئۇنىڭدىن قاراڭغۇ ئۆڭكۈرلەر، مۇز دەۋرلىرى ۋە خۇدا ھەققىدە سوئاللارنى سورايتتى. ئاپىسىنىڭ ئۆزى قىزىق ئىشلار دەپ بىلگەن مەسىلىلەرنى سۆزلەپ، دادىسى ئىككىسىنىڭ سۆھبەتلىرىگە بۇزغۇنچىلىق قىلىشلىرىدىن بىزار ئىدى، ئاپىسى شۇ ھەرىكەتلىرى بىلەن ئۇنى بۇرۇنقىدەك ھالەتكە قايتۇرۇپ كېلىشكە تىرىشاتتى، جۇلىيېت ئۇنىماي تۇرۇۋالاتتى. دادىسى ئىككىسىنىڭ يېرىم كېچىلەردە ئاشخانىغا كىرىۋېلىپ پاراڭلىشىپ ئولتۇرۇشلىرىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن ئىدى. ئاتا ـ بالا ئىككىسىنىڭ ئورتاق كۆڭۈل بۆلىدىغان بىر ئىشى بار ئىدى، لېكىن ھېچقايسىسى بىرىنچى بولۇپ ئۇ ئىش ھەققىدە گەپ ئاچمايتتى. سارا بىزنىڭ سۆھبىتىمىزگە دەخلى قىلمايدىغان چاغدا دېيىشىمىز، دەپ ئويلىشاتتى.

ئۇلار ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بىر ـ بىرىنى، ساراغا ياخشى

مۇئامىلە قىلايلى. ئۇ سىنى ھاياتىنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشىغا قارىماي قورساق كۆتۈرۈپ تۇغقان، بۇ ئەستە ساقلاشقا تېگىشلىك مۇھىم ئىش، دەپ ئاگاھلاندۇرۇپمۇ تۇراتتى.

— سىنىڭ داداڭ ئورنى ئۆزىنىڭكىدىن يۇقىرى ئادەملەرنىڭ چىشىغا تېگىپ قويۇشتىن قورقمايدۇ، — دەيتتى سارا ئىچىگە چوڭقۇر بىر تىنىپ قويۇپ جۇلىيېتقا، — ئۇنىڭ يەنە ئۆزىدىن تۆۋەن ئادەملەرگە قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلىپ قوي. ئۇ ئۇنداق ئادەملەرگە ئۆزىنىڭ ئۇلار بىلەن ھېچقانداق پەرقىنىڭ يوقلۇقىنى ھەر تەرەپتىن تىرىشىپ بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ، ئۆزى بىلەن ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى پەرقنى بار ئاماللار بىلەن تۆۋەنلىتىپمۇ تۇرىدۇ...

جۇلىيېت دادىسىنىڭ بۇ ئىشىنى ئوبدان بىلەتتى، ماي قاچىلاش پونكىتىدىكى ياشلار بىلەن قانداق پاراڭلىشىدىغانلىقى، بەش خىل مېتال دۇكىنىدىكىلەر بىلەن قانداق چاقچاقلىشىدىغانلىقلىرىدىنمۇ خەۋىرى بار ئىدى، ئەمما بۇ ئىشلارنى ئاپىسىغا دېمەيتتى.

— ئۇ ئۇلارغا ياخشىچاق بولۇش ئۈچۈنمىكىن، بوش ھەم يالۋۇرغاندەك گەپ قىلىپ كېتىدۇ، — سارا بىردىنلا تەلەپپۇزىنى ئۆزگەرتىپ، خۇددى ئۇنىڭغا نەپرەتلىنىۋاتقاندەك سۆزلەپ كەتتى. ھەتتا مەسخىرە قىلغاندەك كۈلۈپمۇ قويدى.

جۇلىيېت باللار ھارۋىسىنى پاكىز سۈرتۈپ، قىزىنى يۆگەپ، چىرايلىق كىيىندۈرۈپ، ئۆزىنىمۇ تۈزەشتۈرۈپ بازارنىڭ مەركىزىي كوچىسىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى. بالىسىنىڭ زاكىلىرىنى يۆيىدىغانىغا مەلۇم بىر ماركىلىق دورا سوپۇن ئالماقچىدى. ئادەتتىكى سوپۇنلاردا يۇسا قىزىنىڭ تېرىسىگە بىرنېمىلەر ئۆرلىۋالاتتى. بازارغا بېرىشىدا يەنە بارمىسا بولمايدىغان، نېمە ئۈچۈنلۈكىنى دېيىش تەس يەنە بىر سەۋەبىمۇ بار ئىدى.

بۇ ھاياتىدا مەكتەپكە بارغۇچە بىرنەچچە يىل ماڭغان يول

ئىدى، ئۇنىڭ مەڭگۈ بۇ يەردىكى مەكتەپتە تۇرۇشى مۇمكىنمۇ؟ كېيىن ئالىي مەكتەپكە كېتىپ بۇ يولدا دائىم مېڭىش ئىمكانىيىتىدىن مەھرۇم قالدى. شۇنداق بولسىمۇ تەتىللەردە ئۆيگە قايتىپ كەلگەنلىرىدە، ئۆزىنى خۇددى شۇ چاغلاردىكىگە ئوخشاش مەكتەپكە كېتىۋاتقاندەك ئويلاپ، پات ـ پات بۇ يولدا مېڭىپ قوياتتى. ئۇ ئالىي مەكتەپتە لاتىن تىلىدا سۆزلىشىش بويىچە ئۆتكۈزۈلگەن مۇسابىقىدە مۇكاپاتقا ئېرىشكەندە بىرەيلەن سامغا قىزىنىڭ مۇكاپاتقا ئېرىشكەنلىكىنى دېگەنىدى، سام ئۇنىڭغا: «شۇنداق ئوخشايدۇ» دەپ جاۋاب بېرىپ، ئارقىدىن ئۇنىڭ جەريانىنى ئۇ ئادەمگە قايتا ـ قايتا سۆزلەپ بەرگەنىدى. ئۇ ئادەم سورىمىغان بولسا، خۇدا بىلىدۇ، ئۇنىڭ قىزىنىڭ مۇكاپات ئالغانلىقى توغرۇلۇق سۆزلىشى يوق گەپ ئىدى. ساراغا كەلسەك، سارا بۇ ئىشنى بىلمەسلىكى، بىلسىمۇ ئۇنتۇپ قالغان بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

جۇلىيېت ئاخىر بالىسىنى ھارۋىسىغا سېلىپ بازارغا يېتىپمۇ كەلدى. مۇشۇنداق سوپۇنى سېتىۋېلىپ ئىشلىتىش يالغۇز ئۇنىڭلا خىيالى ئەمەس ئىدى، باشقا ئاياللارمۇ بالىلىرىنىڭ زاكىلىرى بىلەن كىيىملىرىنى ئاشۇ سوپۇندا يۇياتتى. قىزى ئۇنىڭ يۇرىكىنىڭ پارىسى ئىدى، بەزىدە قىزىنى شۇنداق دەپمۇ قوياتتى. ئەمما، ئېرىكىنىڭ ئالدىدا بىر قېتىملا شۇنداق دېگەنلىكى ئېسىدە بار. مۇنداق بولۇشى، ئۇ قىزنى شۇنداق دەپ چاقىرسا، ئېرىك ئۇنى زاڭلىق قىلاتتى. بۇمۇ تەبىئىي ئەھۋال ئىدى، چۈنكى بىللە ياشاۋاتقىنىغا خېلى يىللار بولغان بولغاچقا، بىر ـ بىرىگە چاقچاق قىلىپ، گەپلىرىنى ئېغىر ئالماي كېلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، توي قىلماسلىقىمۇ ئۇلار ئۈچۈن چوڭ ئىش ئەمەس ئىدى ھەم ئۇنداق قىلىش باشقا بىر مەنىمۇ بەرمەيتتى، جۇلىيېتنىڭ ئۆزىمۇ بۇ ئىشنى بەزى چاغلاردا خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمايتتى. لېكىن، يەنە بەزى چاغلاردا، بولۇپمۇ ھازىر ئۆيىگە قايتىپ كەلگەندە، توي قىلماسلىقنى بىر

خىل غەلىبە، بىر خىل ئەخمىقانە بەخت دەپ ئويلاپ قالدى.

— بۇ گەپچە، سەن بۇگۈن كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىگە بىرىپ كەپسەن ـ دە، — دىدى سام (ئۇ دائىم شۇنداق دەمىدىغاندۇ؟ سارا جۇلىيىت بىلەن پاراڭلاشقاندا، شەھەرنىڭ مەركىزى، دەيتتى)، — سەن ئۇ يەردە تونۇش ئادەملەرنى ئۇچراتتىڭمۇ؟

— مەن دورىخانىغا بىرىشقا ئالدىراپ تۇرۇۋاتقاچقا، چارلىز لىتىل ئۇچراپ قىلىپ شۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە ئىغىز لا پاراڭلىشالىدىم.

بۇ پاراڭ ئاشخانىدا بولۇۋاتاتتى، ۋاقىتمۇ كەچ سائەت ئون بىردىن ئىشىپ كەتكەنىدى. پىنىلوپىنىڭ ئەتە ئەتىگەندە سۈت ئىچىدىغان بوتۇلكىسىنى تەييارلاپ قويمىسام بولمايدۇ، دەپ ئويلىدى جۇلىيىت.

— ھىلىقى چارلىز دىگەن ھارىمىمۇ؟ — دىدى سام. جۇلىيىت دادىسىنىڭ چارلىزنىڭ مەكتەپتىكى ۋاقتىدىكى لەقىمىنى ئاتاپ تۇرۇپ گەپ قىلىدىغان ئادىتىنى ئۇنتۇپ قالغانىدى.

— ھەئە شۇ.

سام ئۇستەلنىڭ يىنىدا قارا بۇغداي ھارىقىنى ئىچكەچ تاماكا چىكىپ ئولتۇراتتى. ئۇ يەنە ۋىسكىيمۇ ئىچتى، بۇرۇن پەقەتلا ۋىسكىي ئىچمەيتتى، سارانىڭ دادىسى ھاراقكەش بولغاچقىمۇ — ئۇ ئادەم خۇدىنى يوقىتىپ قويغۇدەك دەرىجىدە ئىچىپمۇ كەتمەيتتى. بۇرۇن مال دوختۇرلۇق قىلاتتى، كىيىن ھاراقنى كۆپ ئىچىپ، ئۆيىدىكى ھەممە ئادەم قورقىدىغان، ئۆينىڭ ئىچى ۋەھىمە قاپلاپ تۇرىدىغان بولۇپ قالغانىدى. قىزى سارا شۇ سەۋەبتىن ھاراققا چىش ـ تىرنىقىغىچە ئۆچ بولۇپ كەتكەنىدى — ھاراقنى كۆپ ئىچمەيتتى، بىرەر ـ ئىككى رومكا ئىچىپلا بولدى قىلاتتى، كۆپرەك پىۋا ئىچەتتى، بۇنى جۇلىيىت ئوبدان بىلەتتى.

جۇلىيىتنىڭ ئۇ دورىخانىغا بىرىشى ئالماقچى بولغان سوپۇننىڭ شۇ يەردە ئىكەنلىكىدىن ئىدى. ئۇ يەردە چارلىزنى

ئۆچرىتىمەن دەپ پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانىدى. هازىر ئۇ دورىخانا ئېچىۋالغان بولسىمۇ ئاخىرقى مەقسىتى ئوقۇپ ئىنژېنېر بولۇش ئىدى. جۇلىيېتمۇ ئۇنىڭغا شۇ گەپنى قىلدى. بەلكىم ئۇ بۇ گەپنى ئارتۇقچە قىلىپ قويغاندۇ، لېكىن جۇلىيېتنىڭ ئويلىغىنىنىڭ ئەكسىچە ئۇ خۇشال كەيپىياتتا تۇرۇپ ئۇ ئارزۇسىنىڭ ئەمدى ئەمەلگە ئاشمايدىغانلىقىنى، سەمرىپ قورسىقىنىڭ چىقىپ قالغانلىقىنى، چاچلىرىنىڭمۇ چۈشۈپ كەتكەنلىكىنى، بۇرۇنقى بۇدۇرلىرى بىلەن رەڭگىنىڭ قالمىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ جۇلىيېت بىلەن ناهايىتى قىزغىن ئەھۋاللاشتى، بوۋىقى پېنېلوپېنى بىرمۇنچە ماختاپمۇ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ خىل مۇئامىلىسى جۇلىيېتنى ئازراق خىجالەت قىلىپ قويدى، گەپلىشىۋاتقاندا ھەتتا بويۇنلىرىغىچە قىزىرىپمۇ كەتتى، پېشانىسىدا تەر تەپچىرەشكە باشلىدى، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا ئۇ جۇلىيېتقا ئادەتتىكىدەكلا مۇئامىلە قىلاتتى، سوغۇقلا ئەھۋال سوراپ قوياتتى. ئادەملەر بىلەن بولغان مۇئامىلە، سالام ـ سەھەتلەردە ئىختىيارىيراق ئىدى، ئادەمگە قاراپ مۇئامىلە قىلاتتى، مەكتەپتىكى ئەڭ چىرايلىق قىزلار بىلەن ئارىلىشىشنى ياخشى كۆرەتتى، ئۇ جۇلىيېتقا شۇ قىزلارنىڭ ئىچىدىن جېنىنى پىل دېگەن بىرسىنى ئالغانلىقىنى دەپ بەردى. ئۇلارنىڭ هازىر ئىككى بالىسى بار ئىكەن، بىر بالىسى پېنېلوپ بىلەن تەڭ، يەنە بىرسى ئازراق چوڭ ئوخشايدۇ، شۇڭلاشقا ئۇ ئوچۇق ـ يورۇقلۇق بىلەن — بۇنداق ئوچۇق ـ يورۇق بولۇشى هازىر ئۇنىڭ بىلەن ھەرقانداق مۇناسىۋەتنىڭ بولۇشى مۇمكىن ئەمەسلىكىدىن ئىدى — ئۆزىنىڭ شۇ سەۋەبتىن ئىنژېنېر بولمىغانلىقىنى دەپ بەردى.

ئۇنىڭ پېنېلوپېنى ماختاپ كېتىشلىرى، ئۆزىگە قاراپ پىخىلداپ كۈلۈپ كېتىشلىرى شۇنىڭ ئۈچۈن ئىكەن ـ دە، ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش بالا يۈزى كۆرگەن جۇلىيېتقا، ئىككىلىمىز ئوخشاش بوپتۇق، دەپ ئويلاپ ئاشۇنداق كۈلۈپ، قورۇنماي

پاراڭلاشقىنى بىكار ئەمەسكەن، بايام ئۇ يەنە جۇلىيېت بىلەن
پاراڭلاشقاندا ئۇنىڭ ئۆزۈك يوق قولىغا ۋە باشقا ئىشلىرىغا دىققەت
قىلىپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا قايىلمۇ
بولدى. بەلكىم ئۇ جىنسىي تۇرمۇشتا جۈرئەتلىك بىر ئايالنى
كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك بولغاندۇ. ئۇ ئايال باشقا بىرسى ئەمەس،
دەل جۇلىيېت، كىتاب مەستانىسى، ئوقۇشقا بېشىچىلاپ كىرىپ
كەتكەن ئاشۇ قىز ئىدى.
— قىزىڭ ساڭا ئوخشامدۇ؟ — ئۇ ھارۋىنىڭ يېنىدا زوڭ
ئولتۇرۇپ بالىغا ئىنچىكە قاراپ كەتتى.
— ئۇنىڭ دادىسىغا ئوخشايدىغان يەرلىرى جىق، — دېدى
جۇلىيېت ئادەتتىكىدەكلا گەپ قىلىپ ھەم پەخىرلەنگەندەك
قىلىپ، ھاياجانلىنىپ قالدىمۇ كالپۇكىنىڭ ئۈستىدە ئازراق تەر
پەيدا بولۇپ قالدى.
— راست شۇنداقمۇ؟ — دېدى چارلىز ئورنىدىن تۇرۇپ سەل
سىرلىقراق ئاھاڭدا، — لېكىن، ساڭا دەپ قوياي، بۇ گېپىڭ تازا
جايىدا گەپ بولمىدى...

* * *

— ئۇ ماڭا جايىدا بولمىغان ئىشلارنىڭ سەن بىلەن
مۇناسىۋىتى يوقلۇقىنى دېگەن، — دېدى جۇلىيېت سامغا.
— ئۇ راست شۇنداق دېدىمۇ؟ سەن ئۇنىڭغا نېمە دېدىڭ؟
— مەن نېمە دېيىشىمنى بىلەلمەي قالدىم، چۈنكى ئۇنىڭ
نېمىگە قارىتىپ شۇنداق دېگەنلىكىنى چۈشەنمىگەنىدىم ھەم
ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمىگىنىمنى ئۇنىڭغا چاندۇرۇپمۇ قويمىدىم.
— بۇنى ئوبدان قىپسەن.
جۇلىيېت ئۈستەلنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.
— بىر رومكا ھاراق ئىچەيچۇ، ئەمما ۋىسكىي ئىچمەيمەن.
— سەنمۇ ئىچىدىغان بولۇپ قالدىڭمۇ؟

— ئازراق ۋىنو ئىچىپ قويىمەن، ئۆزىمىز ياسىغان ۋىنودىن، بىزنىڭ ئۇ يەردە ھەممە ئادەم ئۆزلىرى ۋىنو ئېچىشنى ياخشى كۆرىدۇ، ئىچىۋالىدىكەن.

ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ئۇنىڭغا بىر يۇمۇر سۆزلەپ بەردى، بۇرۇنقى چاغ بولغان بولسا ئۇنىڭغا ھەرگىز يۇمۇر سۆزلەپ بەرمەيتتى. يۇمۇردا دېيىلىشىچە، بىر ئەر ـ ئاياللار ئاپتوموبىل مېھمانخانىسىدا قونۇپ قاپتۇ. يۇمۇرنىڭ ئاخىرىدا مۇنداق دېيىلگەن: «شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن مەكتەپتە ئوقۇغۇچى قىزلارغا سۆزلىگۈدەك، سەن تاماكا چەكمەسلىكىڭ، ھاراق ئىچمەسلىكىڭ كېرەك، شۇ چاغدا سەن بۇ گۈزەل كۈنلەردىن بەھرىمەن بولالايسەن.»

جۇلىيېت بۇ گەپنى ئاڭلاپ قاقاھلاپ كۈلدى ۋە خۇددى چارلىز بىلەن بىللە بولۇپ قالغاندەك شاپىدە قىزىرىپ كەتتى.

— سەن نېمىشقا خىزمىتىڭدىن ئىستېپا بەرمەكچى بولۇپ قالدىڭ؟ — دەپ سورىدى جۇلىيېت دادىسىدىن، — مېنى دەپ بەل قويۇۋەتكىنىڭمۇ بۇ؟

— يوق گەپنى قىلمىغىنا، — دېدى سام كۈلۈپ كېتىپ، — سەن ئۆزۈڭنى بەكمۇ يۇقىرى ئويلاپ كەتمە، مەن بەل قويۇۋەتكىنىم يوق، مېنى ئۇلار ئىشتىن بوشاتقانمۇ ئەمەس.

— ئۇنداق بولسا خىزمىتىڭدىن ئۆزۈڭ ئىستېپا بېرىپتىكەنسەن ـ دە.

— شۇنداق، ئۆزۈم ئىستېپا بەردىم.

— ئۇنداق قىلىشىڭنىڭ مېنىڭ بىلەن قىلچە مۇناسىۋىتى يوقمۇ؟

— مەن بوينۇمنى داۋاملىق بىر سىرتماقنىڭ ئىچىگە تىقىپ يۈرۈۋېرىشتىن زېرىكىپ ئىستېپا بەردىم، ئۇنىڭغا بىر ياكى ئىككى يىل بولمىدى. خېلى يىللار بولدى. ئەمەلىيەتتە مەن شۇ چاغلاردىلا ئىستېپا بېرىپ بولغان.

— مەن بىلەن پەقەتلا مۇناسىۋىتى يوق، شۇنداقمۇ؟

— بولدى قىلغىنا، — دېدى سام، — مەن باشقىلار بىلەن

دەتالاش قىلىسام، ئۇ ئادەملەر ساپلا مېنىڭ يامان گېپىمنى قىلىدۇ.

— نېمە دەۋاتىسەن؟

— نېمە دەۋاتقىنىمنى بىلىشىڭنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق.

ئارىدىن بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ يەنە دېدى:

— خاتىرجەم بولغىن، ئۇلار مېنى خىزمىتىمدىن ھەيدىۋەتكىنى يوق ھەم ھەيدىۋېتەلمەيدۇ، بۇ ھەقتە بەلگىلىمە بار. مەن ساڭا دېگەندەك، مېنىڭ مەكتەپتە ئىشلىگۈم كەلمەي قالدى.

— لېكىن سەن بىلمەيسەن، — دېدى جۇلىيېت، — سەن بىلمەيسەن. بۇنداق قىلىشىڭنىڭ قانچىلىك ئەخمەقلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن. مۇشۇنداق بىر جايدا تۇرۇۋاتقىنىڭلارنىڭ ئۆزىمۇ ئادەمنى خاپا قىلىدىغان ئىش ئىدى. بۇ يەرنىڭ ئادەملىرى خەقنىڭ كەينىدىن گەپ تېپىشقا ئۇستا. ئەگەر مەن ئۇلارغا سېنىڭ بۇ ئىشىڭنى بىلىدىغانلىقىمنى دەيدىغان بولسام، جەزمەنكى، مېنىڭ گېپىمگە خۇددى قىلىۋاتقىنىم چاقچاق پاراڭدەك قەتئىي ئىشەنمەيدۇ.

— يامان يېرى، ئاپاڭ ئىككىمىز سىلەر تۇرۇۋاتقان يەردە تۇرۇۋاتمايمىز، بۇرۇندىن مۇشۇ يەردە ياشاپ كەلدۇق، سېنىڭ ئېرىڭمۇ بۇ گەپنى ئاڭلىسا چاقچاق دەپ چۈشىنەرمۇ؟ بۈگۈن مېنىڭ بۇ گەپلەرنى قىلغۇم يوق، كارىۋىتىمغا چىقىپ ئۇخلىۋالمىسام بولمايدۇ. ئاۋۋال چىقىپ ئاپاڭغا قاراپ باقاي، ئاندىن يېتىپ ئۇخلايمەن.

— يولۇچىلار ئاپتوبۇسى... — دېدى جۇلىيېت. ئۇنىڭ روھى يەنىلا شۇنداق ئۇستۇن. ئەمما، ئاچچىقى تېخى يانمىغانىدى، — بۇ يەردە ئۆزۈن يوللۇق ئاپتوبۇس بېكىتى ھازىرغىچە بار ئىكەن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟ سەن بىزنىڭ بۇ يەرگە يەنە كېلىشىمىزنى خالىمايسەن، توغرىمۇ؟

ئاشخانىدىن چىقىپ كېتىۋاتقان دادىسى ئۇ دېگەن بۇ گەپكە جاۋاب بەرمىدى.

كوچىنىڭ ئەڭ ئاخىرىدىكى بىر تالا چىرىغىنىڭ يورۇقى جۇلىيېتنىڭ كارىۋىتىغا چۈشۈپ تۇراتتى. دادىسى دېرىزىنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى يوغان بىر تۈپ دۇب دەرىخىنى كېسىۋېتىپ، ئورنىنى كەندىر تېرىيدىغان ئېتىزلىق قىلىۋاپتىكەن، چىراغنىڭ يورۇقى توسۇپ تۇرىدىغان ھېچنېمە يوق، ئۆينىڭ ئىچىگە تولۇق چۈشىدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇ تونۇگۈن ئاخشام چىراغنىڭ يورۇقىنى توسۇش ئۈچۈن پەردىنى تارتىۋەتكەنىدى. بۈگۈن ئاخشام دېرىزىدىن كىرىپ تۇرىدىغان ساپ ھاۋادىن نەپەس ئالغۇسى كېلىپ قېلىپ پەردىنى ئېچىۋېتىپ، ياستۇقىنى كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىگە قويۇپ ياتتى، پېنىپلوپ يۈزىگە يورۇق چۈشۈپ تۇرۇۋاتسىمۇ پەرىشتىدەك بىر تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى.

جۇلىيېت بايام بىر رومكا ۋىنو ئىچىپ ياتمىغىنىغا پۇشايمان قىلىپ قالدى. شۇ تۇرقىدا ئۇ كارىۋاتتا روھسىز ھەم ئاچچىق يۇتۇپ، خۇددى قېتىپ قالغاندەك تۇپتۇز ياتاتتى. ئىچىدە ئېرىككە يازىدىغان خېتىنىڭ مەزمۇنىنى تىزىپ چىقىۋاتاتتى. مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ يەرگە نېمىگە كەلگەنلىكىمنى بىلمەيۋاتىمەن. كەلمىسەم بوپتىكەن، قايتىپ كېتىشكە شۇنچىلىك ئالدىراۋاتىمەن.

قايتىپ كېتىمەن.

سەھەردە، تاڭ ئېتىشى تولۇق يورۇماي تۇرۇپلا، چاڭ - توزان سۈمۈرگۈچنىڭ ئاۋازى ئۆينىڭ ئىچىنى بىر ئالدى. ئارقىدىنلا بىر ئاۋاز — سامىنىڭ ئاۋازى — چاڭ - توزان سۈمۈرگۈچنىڭ ئاۋازىنى ئۆچۈردى. جۇلىيېت شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئۇخلاپ قالدى. يەنە بىر قېتىم ئويغانغاندا ئۆزىنى چۈش كۆرگەندەك ئويلاپ قالدى. بولمىسا پېنىپلوپ ئۇ ئاۋازدىن بايامىلا ئويغىنىپ

كەتمەمتى؟ ئۇ ئويغانماي هازىرغىچە ئۇخلاۋاتاتتى.

بۈگۈن ئەتىگەن ئاشخانىنىڭ ئىچى ئازراق سالقىن ئىدى، كۈندىكىدەك ھەر خىل مېۋىلەرنىڭ پۇراقلىرى پۇرىماي ۋاتاتتى.

ئېرىن مۇرابىا بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىنى مەھكەم ئېتىپ چىگىۋېتىدىغانغا چاقماق رەخت بىلەن بوتۇلكىلارغا چاپلايدىغان ماركىلارنى تەييارلاۋاتاتتى.

— سەھەردە چاڭ - توزان سۈمۈرگۈچنىڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كەتتىم، ئۇنى سەن ئىشلەتكەنمۇ؟ — سورىدى جۇلىيېت ھازىرغىچە بېسىلمايۋاتقان ئاچچىقىنى بېسىپ، ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللىۋېلىش مەقسىتىدە، — يا مەن ئۇ ئاۋازنى چۈشۈمدە ئاڭلىدىممۇ؟ ئۇ سائەت بەش بولغان چاغ ئىدى.

ئېرىن بوتۇلكىغا چاپلايدىغان ماركىغا خەت يېزىۋاتقان بولغاچقا، دەررۇ جاۋاب بەرمىدى. بۇنداق چاغدا ئۇ چىشلىرىنى چىڭ چىشلەپ تۇرۇپ پۈتۈن دىققىتى بىلەن ئىش قىلاتتى.

— مەن ئەمەس ئۇ، — دېدى ئۇ خېتىنى يېزىپ بولغاندىن كېيىن بېشىنى كۆتۈرۈپ، — دادىڭىز ئۇنىڭ ئاۋازىدىن ئويغىنىپ كېتىپ، ئۆيدىن چىقىپ ۋارقىراپ توختىتىپ قويدى.

بۇ مۇمكىن ئەمەستۇ؟ تۈنۈگۈن سارا ھاجەتكە چىقىدىغان چاغدا ئورنىدىن تۇرغان تۇرسا؟

— ماڭا دادىڭىز شۇنداق دېدى، — دېدى ئېرىن، — ئاپىڭىز يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ كېتىپ، بىر ئىش قىلايچۇ، دېگەن نىيەت بىلەن ئۆي تازىلىماقچى بوپتىكەن. دادىڭىز ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنى تارتىپ ئۆيگە ئەكىرىۋاپتۇ.

— ئۇنداق بولسا ئاپامنىڭ زېھنى ناھايىتى ئوچۇق ئىكەنغۇ؟ — دېدى جۇلىيېت.

— شۇ ئەمەسمۇ، — ئېرىن شۇنداق دەپ قويۇپ ئىشىنى قىلىپ ئولتۇرىۋەردى، ئالدىدىكىسىگە يېزىپ بولغاندىن كېيىن، بېشىنى كۆتۈرۈپ جۇلىيېتقا:

— ئۇ دادىڭىزنى ئويغىتىۋېتىپ دىققىتىنى ئۆزىگە

تارتماقچى، ئاندىن كۈندۈزى چارچاپ ھالى قالمىغان دادىڭىز ئۇنىڭغا قارايدۇ، بۇنىڭدىن باشقا ئىش يوق، — دېدى.

جۇلىيېت بالىسىنى — خۇددى يەرگە قويۇپ قويسا كېتەر چىقىدىغاندەك — پۇتلىرى ئۈستىگە ئېلىۋېلىپ، پىشقان تۇخۇمنى قوشۇق بىلەن كورىدىن ئالدى، ئاندىن شاكىلىسىنى ئاقلىۋېتىپ تەخسىگە سېلىپ يەنە شۇ قوشۇق بىلەن ئۇششاق قىلىپ ئېزىشكە باشلىدى.

ئۇ خۇددى پېنېلوپ ئۆزىنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىسا قورقۇپ يىغلاپ كېتىدىغاندەك، پېنېلوپىنىڭ يېنىدا ئۈنلۈك گەپ قىلمايتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئېرىنىغىمۇ يۇقۇپ، ئۇمۇ شۇنداق قىلىدىغان بولۇۋالدى.

— ئۇلار ئاشۇنداق، — دېدى ئېرىن، — كېسەل بولۇپ قالسا ئۆزلىرىنى كونترول قىلالماي قالىدۇ، باشقىلار بىلەن كارى يوق. ئۆزلىرىنىلا ئويلايدۇ.

سارانىڭ كۆزلىرى يۇمۇق ئىدى، تۇيۇقسىزلا ئېچىپ سۆزلەپ كەتتى:

— ئاھ، مېنىڭ باغرىم، — دېدى ئۇ خۇددى ئۆزىنى ئۆزى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك، — مېنىڭ جۇلىيېتىم، مېنىڭ پېنېلوپۇم.

پېنېلوپ ئاستا-ئاستا ئۇنىڭغا ئۆگىنىپمۇ قالغانىدى، شۇ سەۋەبتىنمىكىن، بۈگۈن ئەتىگەن يىغلىمىدى، يۈزىنىمۇ ئورۇۋالمىدى.

— ئۇنى يەرگە قويۇۋەت، — دېدى سارا جۇلىيېتقا، — بۇنى ئويىنىسۇن.

ئۇ ژۇرنالدىن بىرنى ئېلىپ يەرگە تاشلاپ بەردى. پېنېلوپ يەرگە چۈشۈپ، ئاۋۋال سەل ئىككىلەنگەندەك مومىسىغا قاراپ قويدى، ئاندىن ژۇرنالنى قولىغا ئېلىپ بىر بېتىنى جارتتىدە قىلىپ يىرتىۋەتتى.

— ياخشى قىلدىڭ، — دېدى سارا يەنە، — كىچىك بالا بۇنداق نەرسىلەر قولىغا چىقسا يىرتماي قالمايدۇ. ئېسىمدە، سەنمۇ شۇنداق قىلاتتىڭ.

كارىۋاتنىڭ بېشىدىكى ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىدە ھېچكىم تېگىشىپ باقمىغان بىر چىنە قايماق تۇراتتى.

— ئەتىگەنلىك تامىقىڭنى تېخى يېمىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدى جۇلىيېت ئۇنىڭدىن، — تاماق يېگۈڭ كەلمەيۋاتامدۇ يا؟

سارا خۇددى ئۆزىنىڭ بىر تەرەپ قىلىشىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان ئېغىر بىر مەسىلە باردەك چىنىگە قاراپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بەلكىم ئۇ ئۇ مەسىلىنى ئويلاپ تاپالمايۋاتقان بولۇشى مۇمكىن.

— ساڭا دەيدىغان بىر ئىش بار ئىدى. ئېسىمگە كەلمەيۋاتىدۇ. شۇنداق، ئويلاپ بۇ نەرسىنى يېگۈم كەلمەيۋاتقانلىقىنى بىلىۋاتىمەن، — ئۇ بىردىنلا قىقىقلاپ كۈلۈپ كەتتى، — نېمە ئۈچۈنلۈكىنى بىلمەيمەن. تۇيۇقسىزلا ئۇ مېنى زەھەرلەپ ئۆلتۈرۈپ قويىدىغاندەك ئويلاپ كېتىۋاتىمەن.

ئۇ بىردەم ئولتۇرۇپ ئازراق ئېسىگە كېلىۋالغاندىن كېيىن يەنە دېدى:

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، لېكىن ئۇنىڭ قاراشلىرى بەكمۇ قورقۇنچلۇق. ئېرىنىنى ھەرگىز بوش چاغلاپ قالمايلى... ئۇنىڭ بىلەكلىرىدىكى تۈكلەرنى كۆردۈڭمۇ؟

— مۈشۈكنىڭ يۈگىدەكلا كۆرۈنىدۇ كۆزۈمگە، — دېدى جۇلىيېت.

— سېسىق گۆزەرنىڭ تۈكلىرىگىمۇ ئوخشايدۇ.

— مەن ئۇنىڭ قوللىرىدىكى تۈكلەرنىڭ مۇرابىيانىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن.

— مېنى... مېنى يەنە كۈلدۈرمىگىنە، ئاپا.

پېنېلوپ ژۇرنالنى ناھايىتى ئەستايىدىل يىرتىپ ئولتۇرۇۋاتاتتى. شۇنىڭدىلا جۇلىيېت ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇپ

قايماقنى ئاشخانىغا ئاچىقىپ قويغىلى چىقىپ كەتتى ۋە ئۇ يەردە بىر ئىچىنىڭ جىننىڭ بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي سۈت هارىقى تەييارلاشقا تۇتۇش قىلدى. ئېرىن ئاشخانىغا كىرىپ چىقىپ تۇرۇۋاتاتتى، ھەر قېتىم كىرگەندە يەشككە قاچىلاقلىق مۇرابىانى بىرمۇنى كۆتۈرۈپ ئاچىقىپ تالادىكى ماشىنىغا قاچىلايتتى. سام ئارقىدىكى پەلەمپەيىنىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ يېگىلا يەردىن قېزىۋالغان بەرەڭگىلەرنىڭ ئۈستىدىكى لايلارنى تۇرۇۋېنىڭ سۈيى بىلەن يۇيۇۋاتاتتى، بىر چاغدا ناخشا ئېيتىشقا باشلىدى. دەسلەپتە بوش ئېيتقاندى، ناخشىنىڭ تېكىستىنى ھېچكىم بىلەلمىدى. ئېرىن پەلەمپەيىنىڭ ئۈستىدىكى باسقۇچقا چىقىۋىدى، ئاۋازى كۆچىيىپ جاراڭلىق ئاڭلاندى.

ئېرىن، خەير — لىك — كەچ،
ئېرىن خەيرلىك كەچ،
خەيرلىك كەچ، ئېرىن، خەيرلىك كەچ،
چۈشلىرىمدە كۆرگەيمەن سېنى.

ئېرىن ئۇنىڭ يېنىدىن كېتىپ ئاشخانىغا كىرىپلا كەينىگە بۇرۇلۇپ بار ئاۋازى بىلەن:
— مېنىڭ ئىسمىمنى ناخشىڭىزغا قېتىۋالماڭ! — دەپ ۋارقىرىدى.
— بۇ ناخشىدا سېنىڭ ئىسمىڭ بارمۇ؟ — دېدى سام ھەيران قالغاندەك بولۇپ، — كىم سېنىڭ ئىسمىڭنى قوشۇپ ناخشا ئېيتىپتۇ؟
— سىز! بايام ئېيتتىڭىزغۇ؟
— ھە... ھېلىقى ناخشىمۇ؟ سېنىڭ ئىسمىڭ بار ناخشىنى دەمسەن؟ ناخشىدىكى ئاشۇ قىزنى دەۋاتامسەن؟ ۋاي خۇدايىمەي، ناخشىدىكى ئۇ ئىسىمنىڭ سېنىڭمۇ ئىسمىڭ ئىكەنلىكىنى بىلمەپتىمەن.

ئۇ يەنە شۇ ناخشىنى ئېيتىشقا باشلىدى، لېكىن بۇ قېتىم باشقىلار ئاڭلىيالمىغۇدەك قىلىپ بوش ئېيتتى. ئېرىن ئاڭلاۋاتاتتى. كۆكسى بىر كۆتۈرۈلۈپ، بىر پەسىيىپ تۇرۇۋاتاتتى. بىر چاغدا ناخشىدىكى بىر گەپنى ئاڭلاپ قېلىپ، ئۇنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ چىقىپ:

— مېنىڭ ئىسمىم بار بۇ ناخشىنى ئېيتماڭ دەپ نەچچە قېتىم دېدىم سىزگە، نېمىشقا ئاڭلىمايسىز؟ بۇ ناخشىنىڭ ئىچىدە مېنىڭ ئىسمىم بولغانىكەن، مەن بىلەن مۇناسىۋەتلىك ناخشا دېگەن گەپ! — دەپ يەنە ۋارقىراپ كەتتى.

سام تۇيۇقسىز ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يەنە ئېيتىشقا باشلىدى:

ئۆتكەن شەنبە قىلدىم مەن تويۇمنى،
باشقا ياققا ئەۋەتىۋېتىپ خوتۇنۇمنى.

— ناخشىڭىزنى توختىتىڭ! توختىتىڭ دەۋاتىمەن! — ئېرىن يەنە توۋلاپ كەتتى، كۆزلىرى چىقىپ كېتەي دەپ قالغانىدى. قىزىرىپ ئوتقاشتەك بولۇپ كەتكەنىدى، — يەنە توختىماي ئېيتىۋېرىدىغان بولسىڭىز سۇ تۇرۇۋېسىنى سۆرەپ چىقىپ ئۈستىڭىزگە سۇ چاچىمەن.

* * *

سام بۈگۈن چۈشتىن كېيىن زاكاز بويىچە بىرنەچچە يېمەكلىك دۇكانلىرى بىلەن ئىككى سوۋغات ماللار دۇكىنىغا تەييارلىغان يېمەكلىكلەرنى ئۆتكۈزگىلى ماڭدى. جۈلىيېتنىمۇ بىللە بېرىشىپ بېرىشكە ئېلىۋالغانىدى. ئۇنىڭدىن بۇرۇن بارغانلىرىدا پېنىپلوپ ئولتۇرىدىغان كىچىك بىر ئورۇندۇق سېتىۋېلىپ كەلگەنىدى.

— بۇ ئورۇندۇق بىزنىڭ ئۈستىدىكى چېدىر ئۆيىمىزدە

بولۇشى ناتايىن، — دېدى ئۇ، — سەن كىچىك ۋاقتىڭدا بۇنداق ئورۇندۇقنىڭ بازاردا بار ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىكەنسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ چاغدا بىلمىسەممۇ سېتىۋالغىنىم بىلەن بىكار ئىدى، چۈنكى بىزدە ئۇ چاغلاردا ئورۇندۇقنى ئەكېلىۋالغۇدەك ماشىنا يوق - دە.

— بۇ ئورۇندۇق بەكمۇ چىرايلىق ئىكەن، — دېدى جۈلىيېت، — ئانچىمۇ قىممەت ئەمەستۇ دەيمەن.

— ياق، قىممەت دېگۈدەك ئەمەس، — دېدى سام. ئاندىن جۈلىيېتنى يۆلەپ ماشىنىغا چىقىرىپ قويدى.

ئېرىن كۆكتاتلىقتا پوشكالىغا سۇ رىدىغانغا كۆك مالىنا تېرىۋاتاتتى. سام ماشىنىنىڭ سىگنالىنى ئىككى قېتىم بېسىپ قويدى، ماشىنا قوزغالغاندا يەنە ئۇنىڭغا قاراپ قولىنى كۆتۈرۈپ سالام بەرگەندەك ھەرىكەت قىلدى. ئېرىنمۇ ئۇنىڭغا جاۋابەن خۇددى ئەتراپىدىن كەتمەيۋاتقان چىۋىننى قورۇغاندەك قولىنى سىلكىپ قويدى.

— ئۇ ياخشى قىز، — دېدى سام جۈلىيېتقا، — ئۇ بولمىسا قانداق تىرىكچىلىك قىلىدىغانلىقىمىزنى بىلمەيمەن، قارىسام، ساڭا ئازراق قوپاللىق قىلىدىغان ئوخشايدۇ.

— مەن ئۇنىڭ بىلەن يېڭىلا تونۇشقان تۇرسام، مەنمۇ ھەيران.

— شۇ ئەمەسمۇ، ئۇ سېنى قورقۇتۇۋېتىمگەندۇ.

— ياق، ئۇ مۇمكىنمۇ، — جۈلىيېت سەل ئاشۇرۇپراق، ئەمما ئۇنىڭ شەخسىيىتىگە تەگمەيدىغان گەپلەرنى قىلىپ، ئۇنىڭ ئېرىنىڭ توخۇ فېرمىسىدا قانداق ھادىسە بىلەن ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى سورىدى.

— مەن ئۇنىڭ قانداق خاراكتېردىكى جىنايەتچى ياكى جاھاننىڭ ئىشلىرىغا پىشمىغان قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن. ئۇ ئۆزىگە ئوخشاش بىرنەچچىسى بىلەن بىرلىشىپ فېرمىنىڭ توخۇلىرىنى ئوغرىلاپ پۇل تاپماقچى بولغان بولسا

كىرەك، فىرمىغا كىرگەندە قوللىرى سىگنال سىستىمىسىنىڭ بىر يېرىگە تېگىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. فىرمىنىڭ ئىگىسى ملتىقىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ ئەتەي شۇنى ئاتتىمۇ، بىلىپ بولمايدۇ، ئېتىۋېرىپتۇ. ئىشقىلىپ، ئۇ...

— ۋاي خۇدايىمەي!

— ئېرىن بىلەن ئۇنىڭ قېيىنئانا ـ قېيىنئاتىلىرى سوتقا ئەرز قىپتىكەن. سوت تەكشۈرۈپ كۆرۈپ ئاخىرىدا قاتىلنى گۇناھسىز دەپ قويۇپ بېرىپتۇ. سوت زادى شۇنداق ھۆكۈم چىقىراتتى. بۇ ئىشنىڭ ئېرىنغا بولغان زەربىسى قاتتىق بوپتۇ. ئۇ قانداقلا ئادەم بولسۇن، ئېرىنىڭ ئېرى ـ دە.

جۇلىيېتمۇ شۇنداق قاراشتا بولدى. ئارقىدىن ئۇ دادىسىدىن ئېرىننىڭ ئۇ تۇرغان مەكتەپتە ئوقۇغان ـ ئوقۇمىغانلىقىنى سورىغانىدى، دادىسى:

— ياق، ياق! بىلىشىمچە، ئۇ مەكتەپتە توزۇك ئوقۇماپتىكەن. مەكتەپ ئەتراپىدىكى بىر يەردە ئولتۇرۇشلۇق بولسا كېرەك. كېيىن ئاپىسى بالىلىرىنى ئېلىپ شەھەرگە كۆچۈپ كېتىپتىكەن. دادىسى ئازراق بېجىرىدىغان ئىشىم بار، بېجىرىپ بولۇپ كەينىڭلاردىن بارىمەن، دەپ قېلىپ قاپتىكەن. ئۇ ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئۇچرىشىدىغان يېرىنىڭ ئادرېسىنىمۇ قويۇپ قويۇپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار ئالدىدا كېتىۋېرىپتۇ — يانلىرىدا خىراجەت قىلىدىغان پۇلىمۇ يوق ئىكەن — لېكىن، دېيىشىپ قويغان چاغدا دادىسىنىڭ قارىسىمۇ كۆرۈنمەپتۇ.

— شۇنداق قىلىپ، ئۇ ئادەم بالىلىرىنى تاشلاپ يوقاپ كېتىپ ئۇلار بىر ئۆيلۈك ئادەم پاراۋانلىق ئورۇنلىرىنىڭ قۇتقۇزۇشى بىلەن جان بېقىپ يۈرۈپتۇ. شەھەرنىڭ سىرتىدىكى چەت بىر يەردە ئەسكى ئۆيلەردە ئولتۇرۇپتۇ — ئۇ يەردە خىراجەتكە كۆپ پۇل كەتمەيدىكەن، ئېرىننىڭ ھەدىسى ئۇلارنىڭ ئائىلىسىنىڭ تۇۋرۈكى ھېسابلىنىدىكەن. ئائىلىدىكى رولى ئاپىسىنىڭكىدىنمۇ چوڭ ئىكەن. ئەمما، ئۇزاققا بارمايلا جىددىي سوقۇر ئۈچەي

ياللۇغى بولۇپ قېلىپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ. شۇ كۈنى بوران چىقىپ كېتىپ شەھەردىكى دوختۇرخانىغا ئاپىرىش ئىمكانىيىتى پەقەتلا بولماپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ يەردە تېلېفونمۇ يوق ئىكەن. شۇنىڭدىن كېيىن ئىرىن مەكتەپتە ئوقۇيالماپتۇ. ھەدىسى مۇھاپىزەت قىلىپ تۇرۇۋاتقاچقا، ئۇلارنى ھېچكىم بوزەك قىلالمايتتىكەن، ھەدىسى ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنداق بولماپتۇ. ئۇنىڭ ھازىرقى قىياپىتىگە قارىما، بۇرۇن ئۇنداق ئەمەس ئىكەن، تۇرمۇش ھەلەكچىلىكىدە كۆپ جاپا تارتىپ ئاشۇنداق خاپىغان بولۇپ قالغان گەپ، بىلىشىمچە، ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ھالىتى بۇنداق ئەمەس ئىكەن.

ھازىر ئىرىنىنىڭ ئوغلى بىلەن قىزىغا ئاپىسى قاراپ بېرىدىكەن. قىزىق يېرى، ئۇنىڭ دادىسى شۇنچە يىل يوقاپ كېتىپ، بىر كۈنى تۇيۇقسىز پەيدا بولۇپ قېلىپ، ئاپىسىغا ئۆزىنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇرۇشنى ئېيتىپتۇ. ئەگەر ئاپىسى ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئىرىن قانداق قىلىدۇ؟ ئۇنىڭغا تەس بولمامدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بالىلىرىنى دادىسىنىڭ يېنىغا تاشلاپ قويۇشنى خالىمايدىكەن. بالىلىرىنىڭ ئۇنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيدىكەن.

ئۇنىڭ بالىلىرى ناھايىتى ئەقىللىك بالىلار، ياman يېرى، قىزى توشقانكالپۇك، بىر قېتىم ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپتىكەن، دېگەندەك بولماي يەنە بىر قېتىم ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇپتۇ. ئىككىنچى قېتىمدا ياخشى بولۇپ كەتكەن ئوخشايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىمۇ يەنە بىر ئىش بار.

ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نېمە ئىشتۇ ئۇ؟

جۇلىيېتقا نېمە بولغاندۇ؟ ئىرىنغا قارىتا ئازراقمۇ ئىچ ئاغرىتىش يوقمۇ؟ ئۇ ئىچىدە ئۆزىنىڭ سوزۇلغان بۇ قورقۇنچلۇق ئىشلارنى داۋاملىق ئاڭلىماسلىقنىڭ ئامالىنى ئىزدەۋاتاتتى. ئۇنىڭ بىر قىزىنىڭ توشقانكالپۇك ئىكەنلىكىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئىچىگە چوڭقۇر بىر تىنىپ قويۇپ، كۆڭلىدە، بەس،

بولدى، سۆزلىمەيلا قوي، دەپ دادىسىغا خىتاب قىلدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ بۇنداق مۇئامىلىدە بولۇشىنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى بىلىپ تۇراتتى، ئەمما ئۇ خىل مۇئامىلە ۋۇجۇدىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتمەيۋاتاتتى. دادىسى يەنە سۆزلەيدىغان بولسا، ئۇنىڭ ئۇ ئاغزى ئىچىدىكى تاش يۈرىكىنى ئاشكارىلاپ قويۇشىمۇ مۇمكىن ئىدى ھەم ئۆزىنىڭ دادىسىغا: «بۇ بەختسىز ئىشلارنىڭ نېمە كارايىتى؟ يا ئۇ ئىشلار ئېرىنىنى ئەۋلىيالىق ماقامىغا ئېلىپ چىقالامسا» دەپ سېلىشىدىن ياكى تېخىمۇ كەچۈرگىلى بولمايدىغان گەپتىن بىرنى، يەنى: «سەن بىزنى شۇ خىلدىكى ئادەملەرنىڭ بىز چۈشەنمەيدىغان ئىشلىرى ئىچىگە سۆرەپ كىرمەكچىمۇ؟» دېگەن گەپنى قىلىۋېتىشىدىن ئەنسىرەپ تۇرۇۋاتاتتى.

— مېنىڭ سېنى بۇ ئىشلارنى بىلىپ قالسۇن دېگىنىم، — دېدى سام يەنە، — ئۇ بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشلىرىغا ياردەملىشىشكە كەلگەن چاغلىرى بىزنىڭ بۇ قولىمىزنى ئۇن قىلالماي جىددىيلىشىپ تۇرۇۋاتقان چاغلىرىمىز ئىدى. بۇلتۇر كۈزدە ئاپاڭنىڭ سالامەتلىكى بەكمۇ ناچارلىشىپ، ئۆيىنىڭ ھېچقانداق ئىشلىرىنى قىلالمايدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. قىلغۇسى يوق ئەمەس، ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا مەيلى ئىدى، قىلغۇسى بار، قىلىدۇ، لېكىن يېرىمىغا كەلگەندە قىلالماي ئولتۇرۇپلا قالىدۇ. دائىم شۇنداق، ھەر كۈنى بولۇپ تۇرىدۇ، بۇمۇ يېڭىدىن بولۇۋاتقان ئىش ئەمەس. چالا قىلغان ئىشلىرىنى مەن قىلىپ تۈگىتىمەن. ھەر كۈنى قىلىدىغان ئىشىم ئۇنىڭغا قاراش ھەم ئۇ قىلغان چالا ئىشلارنى قىلىپ تۈگىتىش. ئاپاڭ سەن بار چاغدىمۇ شۇنداق ئىدى، ئېسىڭدىمۇ؟ ئۇ مەڭگۈ يۈرىكى ياخشى ئەمەس چىرايلىق، ئەركە خېنىم بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. بۇرۇنمۇ شۇنداقراق ئىدى، ھازىر قېرىغاندا تېخىمۇ ئېغىرلىشىپ كەتتى، بىر ئادەمنىڭ بېقىشىغا موھتاج. شۇنچە يىللاردىن بېرى مەن غىدىڭ - پىدىڭ قىلماي كەلدىم. بەزىدە ئۇمۇ بۇنداق بولۇۋالماي بىر ئىشلارغا تىرىشىپ باقسا بولمامدىغاندۇ، دەپ ئويلاپمۇ قالىمەن.

ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى تۈزەلمەكتە يوق تېخىمۇ كۈچىيىپ كەتتى. بەزىدە مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ ئۆيگە كىرسەم كىر ئالغۇ ئاشخانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرغان، ھۆل كىرلەر يەردە يېيىلىپ ياتقان. دۇخوپكىغا قاقلاشقا سېلىپ قويغان كېسىم ـ كېسىم بولكىلارنى سېلىپ قويۇپ كارى بولماي، بولكىلار كۆيۈپ قاپقارا بولۇپ كەتكەن. بەزىدە ئۇنى ئۆزىنى كۆيدۈرۈۋالارمۇ، ئۆيگە ئوت قويۇۋېتەرمۇ، دەپ ئەنسىرەيمۇ كېتىمەن. ئۇنىڭغا كۆپ قېتىم، مەن كەلگۈچە ھېچ ئىش قىلماي كارىۋاتتا يات، دەپمۇ باقتىم، ئاڭلىمايدۇ، بۈگۈنى قىلغان ئىشىنى ئەتىسى يەنە تەكرارلايدۇ. قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولۇپ يىغلايدۇ. ئىشلىتىپ كۆرۈپ باقاي دەپ جىق قىزلارنى ئۆيگە تەكلىپ قىلدىم، ھېچقايسىسى ئۇنى گېپىگە كىرگۈزەلمىدى. ئېرىن شۇ قىزلارنىڭ ئاخىرقىسى، بۇنىمۇ تەستە ئەكەلدىم.

— ئېرىن، — دېدى ئۇ چوڭقۇر بىر تىنىپ قويۇپ يەنە، — ياتلىق بولماقچىكەن، ئۇنىڭ ياتلىق بولىدىغان شۇ كۈنى ئۈچۈن ھەسرەت چېكىمەن. بۇمۇ دۇنيادىكى ھەممە ياخشى ئىشلارغا ئوخشاش ئادەم خۇشال بولۇشقا تېگىشلىك ياخشى ئىش. ئەمما، ئۇنىڭ توي قىلماقچى بولغان ئادىمى قىرىق بەش ياشلاردا بار بېلىقچى ھەم دېھقان ئادەم، ئازراق پۇلىمۇ بار ئوخشايدۇ. لېكىن، بۇ ئادەمنىڭ ۋۇجۇدىدىن ھەرقانچە ئىزدىسەڭمۇ بىرمۇ ياخشىلىق تاپالمايسەن، راست، ۋىجدانىم بىلەن دەۋاتىمەن، بىرمۇ ياخشى يېرى يوق. ئاغزىدا بىر تال چىشىدىن باشقا بىرمۇ چىشى قالمىغان، بۇ ياخشى ئەھۋال ئەمەس. مېنىڭچە، ئۇ ئادەم بەك تەكەببۇر ئادەم بولمىسىمۇ ئۇچىغا چىققان پىخسىق ئادەم، شۇڭا يالغان چىش سېلىۋېلىشقىمۇ كۆزى قىيمىغان، چۈنكى چىش سېلىشقا پۇل كېتىدۇ ـ دە، ئويلاپ باققىنا، شۇنداق بىر چىرايلىق قىز...

— تويىنى قاچان قىلىدىكەن؟

— كۈزنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، ئىشقىلىپ كۈزدە.

پىنىلوپ تىخىچە ئۇخلاۋاتاتتى، ئۇلار ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ ماڭغان چاغدا ئۇخلىغان بالا ھازىرغىچە بىر قېتىممۇ ئويغىنىپ باقمىدى. ماشىنىنىڭ ئالدى ئورنىدىكى ئىشىكنىڭ ئەينىكى چۈشۈرۈۋېتىلگەن، ئوچۇق دېرىزىدىن ئورۇلغان بوغدايلارنىڭ، چېپىلغان چۆپلەرنىڭ مەززىلىك پۇرىقى كىرىپ جولىيېتنىڭ بۇرنىغا تىنماي ئۇرۇلۇپ تۇرۇۋاتاتتى. چۆپلەر چېپىلغان، ئەمما ھازىرغىچە باغلانماي ئېگىزدا چېپىلغان يەرلىرىدە ياتاتتى. كەڭرى ئېتىزلىقلارنىڭ ئۇ يەر - بۇ يەرلىرىدە بىرنەچچە تۇپتىن قارىياغاچ دەرەخلىرى تەنھا چوقچىيىپ تۇراتتى، ئۇلارمۇ تەبىئەتنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسىنى ھاسىل قىلىپ، يىراقتىن كۆزلەرگە بۆلەكچىلا چىرايلىق كۆرۈنەتتى.

ئۇلار ئىككى تەرىپىدە ئۆيلەر بار تار بىر كەنتكە كىرگەندە ماشىنىسىنى توختاتتى. كوچىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىدىكى ئۆيلەر يوق بوش جايلاردا قىيا تاشلار خۇددى ھازىرلا چۈشۈپ كېتىدىغاندەك ھاۋادا يېرىم ئېسىلىپ تۇراتتى، نۇرغۇن چاقىرىم ئارىلىقتا كۆرۈنىدىغان بۇ قىيا تاشلىق بۇ ئەتراپتىكى تاشلاردىن پەيدا بولغان بىردىنبىر ئۆزگىچە مەنزىرىلىك جاي ئىدى. جولىيېت بۇرۇن بۇ يەرگە بىر قېتىم كەلگەنىدى. ئۇ چاغلاردا بۇ قىيا تاشلىق ئالاھىدە كىچىك بىر باغچە بولۇپ، كىشىلەر ئىشىكىدىن بىلەت سېتىۋېلىپ كىرەتتى. باغچىنىڭ ئىچىدە بىر فونتان، فونتاننىڭ يېنىدا بىر چايخانا بار ئىدى. چايخانىدا سېرىق ماي سېلىپ پىشۇرغان پوشكال، ماروژنى ساتاتتى. ئۇنىڭدىن باشقىمۇ نەرسىلەر بار ئىدى، لېكىن شۇ ئىككى نەرسىدىن باشقىلىرى ئۇنىڭ ئېسىدىن كۆتۈرۈلۈپ كەتكەنىدى. قىيا تاشنىڭ ئۈستىدىكى ئۆڭكۈرلەر «ئاپپاق مەلىكە بىلەن يەتتە پاپا» دېگەن چۆچەكتىكى پاپىلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىلاتتى. ئۇ چاغلاردا بۇ باغچىغا كىرگەنلىرىدە سارا بىلەن سام چىملىقتا ئولتۇرۇۋېلىپ ماروژنى يەيتتى، جولىيېت بولسا ئۆڭكۈرلەرگە

بىر ـ بىرلەپ كىرىپ ئوينايتتى (ئۇ ئۆڭكۈرلەرنىڭ ئىچىدە كۆرگۈدەك ھېچنېمە يوق ھەم ئىچكىرىمۇ ئەمەس ئىدى). بىر قېتىم دادىسى بىلەن ئاپىسىنى مەن بىلەن بىللە بېرىڭلار دېسە، دادىسى: «ئاپاڭ تاغقا يامىشىپ چىقالمايدۇ» دەپ ئۇنىڭ بىلەن ئۆڭكۈرلەرگە كىرگىلى ئۇنىمىغانىدى.

— ئۆزۈڭلا چىقىپ ئويناپ كەلگىنە بالام، كېلىپ بىزگە نېمىلەرنى كۆرگىنىڭنى سۆزلەپ بەرگىن، — دېگەنىدى ئاپىسىمۇ.

ئاپىسى ئۇستىگە قارا تاۋاردىن كەڭ ھەم چىرايلىق كۆڭلەك كىيىۋالغان بولۇپ، جىملىقتا ئېتەكلىرىنى يېيىپ قويۇپ ئازادە ئولتۇراتتى. شۇ چاغلاردا كىشىلەر بۇنداق كۆڭلەكنى بالىت ئارتىسلىرىنىڭ كۆڭلىكى دەپ ئاتايتتى.

ئاشۇ كۈن ئاجايىپ مەنىلىك بىر كۈن بولغانىدى.

سام ماگىزىنىدىن چىققاندا جۇلىيېت ئۇنىڭدىن ئاشۇ كۈنى ئاپىسى كىيگەن كۆڭلەكنى نەدىن ئالغانلىقىنى سورىۋىدى، ئۇ دەسلەپتە ئېسىگە ئالالمىدى، كېيىن ئېسىگە ئېلىپ ئۇ كۆڭلەكنى مەخسۇس ئاشۇنداق كۆڭلەكلەرنى ساتىدىغان تىككۈچىلىك دۇكىنىدىن سېتىۋالغانلىقىنى دەپ بەردى. ئۇ دۇكاننىڭ قايسى چاغلاردا تاقىلىپ قالغانلىقىدىن ئۇنىڭ خەۋىرى يوق ئىكەن.

جۇلىيېت باغچىغا كىرىپ ھەممە يەرنى ئىزدەپ فونتان بىلەن چايخانىنى ھېچ يەردىن تاپالمىدى.

— ئۇ بىزگە خاتىرجەملىك ھەم ئەمىنلىك ئېلىپ كەلدى، — دېدى سام ئۇشتۇمتۇتلا، جۇلىيېت دەسلەپتە ئاڭلاپ، كىمنى، دەۋاتقاندۇ، دەپ ھەيران قالدى، كېيىن ئۇنىڭ يەنە شۇ ئىرىن توغرۇلۇق گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدى، — ئۇ ھەرقانداق ئىشنى قىلالايدۇ، خۇددى قىلىۋاتقان شۇ ئىشنىڭ كونا ئەھلىگە ئوخشاش. ئوت ئورۇش، ئوت ئوتاش دېگەنگە ئوخشاش ئىشلارمۇ ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، قىلغاندىمۇ شۇنداق پاكىز،



www.uyghurkitap.com

رەتلىك، ياخشى قىلىدۇ. مېنىڭ ئۇنىڭغا ھازىرغىچە ھەيران بولۇۋاتقان يېرىممۇ شۇ.

ئۇنىڭ ئازادە يۇرىدىغان چاغلىرىمۇ بارمىدۇ؟ باشقىلارنىڭ تۇغۇلغان كۈنلىرى ياكى تويلىرىغا بارسا ئۆزىنى شۇنداق ھېس قىلامدىغاندۇ؟ ئويلاپ قالدى جۇلىيېت دادىسىنى ئويلاپ.

سام يەنە شۇنچە تەنتەنە بىلەن توختىماي سۆزلەشكە باشلىدى، ئاۋازى داۋانغا چىقىپ كېتىۋاتقان ماشىنىلارنىڭ ئىغىر گۈركىرەشلىرىنىمۇ بېسىپ كېتىۋاتاتتى.

— ئۇ يەنە مېنىڭ ئاياللارغا بولغان ئىشەنچىمنى ئەسلىگە كەلتۈردى.

سام ھەر قېتىم بىر يەردە توختاپ دۇكانغا كىرىپ چىقىشتىن ئىلگىرى جۇلىيېتقا، بىر مىنۇتقا قالماي يېنىپ چىقىمەن، دەپ قويۇپ، ئۇنداق بىر مىنۇتتىن نەچچە ئونى ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن يېنىپ چىقاتتى، ھەر قېتىم يېنىپ چىققاندا، بىر ئاغىنەم بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم، دەپ قوياتتى. دېمىسىمۇ تونۇش ـ بىلىشلىرى ئۇنى تۇتۇۋېلىپ، قورسىقىدا يىغىلىپ قالغان قىزىق ئىشلارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ قورساقلىرىنى بوشىتىۋالمىغۇچە ئۇنى قويۇپ بەرمەيدىكەن. بەزىلىرى تېخى قىزىڭ بىلەن نەۋرەڭنى كۆرمىدىز، دەپ ئۇنىڭ بىلەن بىللىمۇ چىقىپ قالاتتى.

— بۇ گەپچە، لاتىن تىلىدا سۆزلىيەلەيدىغان قىزىڭ مۇشۇ ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى بىر خانىم چىقىپ.

— ئۇ بىر مەزگىل ئۇ ئىشنى تاشلاپ قويدى، — دېدى سام ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ، — ھازىر باشقا ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ.

— ئۇمۇ بوپتۇ، — دېدى ئۇ خانىم. ئاندىن كاپىنكىنىڭ ئوچۇق دېرىزىسىدىن بېشىنى تىقىپ بويىنىنى سوزۇپ تۇرۇپ پېنىلوپىقا قاراپ قويدى، — باللار خۇدانىڭ بىزگە ئاتا قىلغان قىممەتلىك سوۋغىسى، پاھ، پاھ، نېمىدېگەن ئۇماق بالا بۇ.

www.uyghurkitap.com

جۇلىيېت ئۆتكەندە ئۆزىنىڭ داۋاملىق يېزىپ كېلىۋاتقان، ئۆزىگە خۇددى چۈشىدەك بىلىنىۋاتقان ئاشۇ ماقالىسى توغرۇلۇق دادىسى بىلەن سۆزلىشىپ بېقىشنى ئويلىغانىدى. بۇرۇنمۇ دادىسى بىلەن مۇشۇنداق ئىشلار ئۈستىدە پات ـ پات پاراڭلىشىپ قوياتتى. ئاپىسى بىلەن بۇنداق ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭلىشالمايتتى، ساراغا بۇ ھەقتە گەپ قىلسا، ئۇ چوقۇم: «بولدۇ، ئۆزۈڭنىڭ ئۆگىنىشتىكى ئىلگىرىلەشلىرىڭ توغرۇلۇق ماڭا ھازىرلا سۆزلەپ بەرگىن» دېيىشى مۇمكىن ئىدى. ئۇنىڭغا ئومۇملاشتۇرۇپ سۆزلەپ بەرسە، بۇنچە كۆپ لاتىنچە گەپلىرىڭنىڭ قايسىبىرىنى ئېسىمدە تۇتالايمەن، دەيدىغانلىقىمۇ ئېنىق ئىدى. سام بولسا ئۇنىڭ سۆزلەپ بېرىۋاتقانلىرىنىڭ نېمە نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى بىلەلەيتتى. جۇلىيېت ئىنستىتۇتتا ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا باشقىلارغا دادىسىنىڭ thaumaturgy① دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلىگەنلىكىنى سۆزلەپمۇ بەرگەنىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇ ئون ئىككى ـ ئون ئۈچ ياشلاردا بار ئىدى. ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغانلار ئۇنىڭدىن، دادىڭىز بىلىملىك ئادەم ئوخشىمامدۇ، دەپمۇ سورىغانىدى.

— ئەلۋەتتە، — دېگەنىدى ئۇ، — دادام 6 ـ يىللىقلارغا دەرس ئۆتىدۇ.

جۇلىيېت بۇ گەپنى دېسە دادىسىنىڭ ئۆزىنىڭ سەۋىيەسىنى تۆۋەن چاغلاپ قالىدىغانلىقىنى غۇۋا ھېس قىلىپمۇ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنى ئۇنداق قىلمايدۇمۇ دېگىلى بولمايتتى. ھېچبولمىغاندا airy – fairy② دېگەن گەپنى ئىشلىتىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. يا بولمىسا بەزى ئىشلارنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، بۇ نېمە ئۇچۇندۇ؟ دەپ قويۇپ، جۇلىيېتنى ئۆزىنىڭ ھەرقانداق ئىشنى ئۇنتۇپ قالمايدىغانلىقىغا ئىشەندۈرمەكچىمۇ بولاتتى.

بەلكىم راستلا ئۇنتۇپ قالىدىغاندۇ. بەزىدە ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ

① قەدىمىي گىرېك تىلىدا «مۆجىزە ياراتقۇچى» دېگەن سۆز.

② «بەزىدە ئۇچۇق، بەزىدە يوشۇرۇن» دېگەن مەنىدە ئىشلىتىلىدىغان كىتابىي سۆز.

خىيالى بويىچە ئۆيلەرنىڭ ئىشىكلىرى يېپىلىپ قاپتۇ، دېرىزىدىن كىرىۋاتقان يورۇق توسۇلۇپ قالدى، دەيدىغان، ئۆينىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى كېرەكسىز، خەقنىڭ ئالدىغا ئاچىققىلى بولمايدىغان، ئاپتاپقا سالسا ئۆڭۈپ كېتىدىغان نەرسىلەر، دەپ تۇرۇۋالىدىغان مىجەزىمۇ بار ئەمەسمۇ؟

جۇلىيېتنىڭ گەپلىرى ئەسلىدىكى ئويلىغان ئاۋازىدىن قاتتىقراق تەلەپپۇزدا چىقىپ قالدى.

— ئۇ توي قىلماقچىمىكەن؟ ئېرىنىنى دەۋاتىمەن.

سام جۇلىيېتنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدى ھەم قورقتى، ئۇنىڭ تەلەپپۇزىمۇ قورققۇدەك چىققان، بۇ گەپنىمۇ شۇ گەپ بولۇپ خېلى ئۇزاقتىن كېيىن دېگەنىدى.

— مەن بىلمەيمەن، — دېدى سام جاۋاب بېرىپ.

بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن سام يەنە شۇنداق دېدى:

— مەن ئۇنىڭ قانداق توي قىلىدىغانلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمايۋاتىمەن.

— ئۇنىڭدىن سوراپ باقساڭ بولىدۇغۇ، — دېدى جۇلىيېت، — سەن ئۇنى ياخشى كۆرىدىغان بولغاندىكىن ئۇنىڭدىن چوقۇم سورىيالايسەن.

ئىككى ئىنگلىز مىلچە ماڭغاندىن كېيىن، سام يەنە گەپ قىلدى، گېپىدىن جۇلىيېتنىڭ ئۇنى خېلىلا رەنجىتكەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— مەن سېنىڭ بۇ گېپىڭنى چۈشەنمىدىم، — دېدى ئۇ.

— تاتلىق ئالما، خاپىغان، گالۋاڭ، ئۇيقۇچان قۇرت، چۈشكۈرگەك شەيتان... — سارا بىرمۇنچە ئاغىل - تاغىل گەپلەرنى قىلىپ كەتتى.

— ھەممىنى بىلىدىغان بىلەرمەن، — دېدى جۇلىيېت.

— بىلەرمەن، بىلەرمەن، پىستە ئۇيقۇچان قۇرت، خاپىغان، نومۇسچان، چۈشكۈرگەك شەيتان... ياق. توغرا، چۈشكۈرگەك شەيتان، نومۇسچان ئالۋاستى، بىلەرمەن، خاپىغان... ئۇيقۇچان

قۇرت، تاتلىق ئالما، بىلەرمەن، نومۇسچان ئالۋاستى...

سارا شۇ گەپلەرنى دەۋېتىپ يەنە بارماقلىرىنى پۇكۇپ سانايمۇ تۇرۇۋاتاتتى.

— ھوي، سەككىز بولۇپ قالدىغۇ؟[1] — دېدى ئۇ بىردىنلا.

— بىز ئاشۇ يەرگە بېرىپ مۇشۇنداق ئويۇنلارنى ئويناپتىكەنمىز — دېدى ئۇ يەنە، — ئۇ جاينى شۇ چاغلاردا «مالىنا تورت، قايماق ساراي» دەپ ئاتايتتۇق... مېنىڭ شۇ يەرگە يەنە بىر قېتىم بېرىپ كەلگۈم بار.

— ھازىر ئۇ يەردە ھېچنېمە يوق، — دېدى جۇلىيېت، — ئۇ يەرنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيمەن.

— مەن ئۇ يەرنى چوقۇم تاپالايمەن. مەن نېمىشقا سىلەر بىلەن بىللە بارمىدىم؟ بىر يىلى يازدا سىلەر ماشىنا بىلەن شۇ يەرگە بېرىپ ئويناپ كەلدىڭلار. ماشىنىغا ئولتۇرۇپ بارسا ئادەم چارچاپ قالامدۇ؟ سېنىڭ داداڭ مېنى شۇنداق دېدى، ماغدۇرۇڭ يوق دەيدۇ تېخى.

— ئۇنداق ئەمەس، سەن بېكەتكە ئالدىمغا چىققىلى ماشىنا بىلەن بارمىدىڭغۇ؟

— شۇنداق، مەن باردىم، — دېدى سارا، — لېكىن، داداڭ مېنى ئۇنداق يەرلەرگە بارغىلى قويمايدۇ، بىر قېتىم مەن ئۇنىڭغا ئامالسىز خاپا بولغان.

ئۇ ياستۇقىنى ئۆرىدىگىلى قولىنى كەينىگە سوزغانىدى. قولىنى يەتكۈزەلمەي جۇلىيېت ياردەم قىلدى.

— قۇرۇپ كەتسۇن قېرىلىق، — دېدى سارا، — مەن ھېچنېمىگە يارىمايدىغان كېرەكسىز بىرنەرسىگە ئايلىنىپ قالغان ئوخشايمەن. ئەمما، مۇنچىغا كىرىپ يۇيۇنۇۋالسام ئەسلىمگە كېلەلەيمەن. لېكىن، يۇيۇنۇۋاتقاندا بىرسى كېلىپ قالسا قانداق

---

① سارا ئۆزىنىڭ خاتىرىسىنىڭ قانداقلىقىنى سىناپ بېقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ دېگەن. لىرىنىڭ ھەممىسى «ئاپپاق مەلىكە بىلەن يەتتە پاپا»دىكى پاپىلارنىڭ ئىسىملىرى ئىدى.

قىلىمەن؟
جۇلىيېت ئۇنىڭدىن، بىرسىنى ساقلاۋاتاتتىڭمۇ، دەپ سورىغانىدى، دەررۇلا:
— ياق، تاسادىپىي كېلىپ قالسا دېمەكچىمەن، — دېدى شۇنىڭ بىلەن، جۇلىيېت ئۇنى يۆلەپ مۇنچىغا ئەكىردى.
پېنېلوپ ئۇلارنىڭ كەينىدىن ئۈمىلەپ كېلىۋاتاتتى. ئاپىسى سۇنى تەڭشەپ مومىسىنى يۇيۇندۇرۇشقا باشلىغاندا ئۇمۇ يۇيۇنىمەن دەپ تۇرۇۋالدى. جۇلىيېت ئامالسىز ئۇنىمۇ كىيىملىرىنى سالدۇرۇپ ۋاننىغا سېلىپ، موماي بىلەن تەڭ يۇيۇندۇرۇشقا باشلىدى.
پېنېلوپ ئۆزى بىلەن بىللە يۇيۇنۇۋاتقان بۇ ھەمراھىدىن پەقەتلا ياتسىرىمىدى، قورقۇپمۇ كەتمىدى، ئۆردەك شەكىللىك سوپۇننى ئوينap ئولتۇرىۋەردى.
سارا شۇ چاغدىلا ناھايىتى ئېھتىيات بىلەن جۇلىيېتتىن ئېرىكنىڭ ئىشلىرىنى سورىدى.
— مەن ئۇنىڭ ياخشى ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشىنىمەن، — دېدى ئۇ.
— بەزىدە شۇنداق، — دېدى جۇلىيېت ئۇنىڭ گېپىگە ماسلىشىپ.
— ئۇ بىرىنچى خوتۇننى ياخشى كۆرەتتىمىكەن؟
— ئۇنىڭ بىرلا خوتۇنى بار، — دېدى جۇلىيېت ئاپىسىنىڭ گېپىنى تۈزىتىپ، — ھازىرغىچە شۇنداق.
— مەن جەزم قىلالايمەنكى، سەن بىر بالاڭنىڭ بولغانلىقىدىن ناھايىتى خۇشال. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، سەن ھازىر كۆڭۈللۈك ياشاۋاتىسەن.
— توغرا دېدىڭ، ناھايىتى خۇشال ھەم كۆڭۈللۈك ياشاۋاتىمەن، خۇددى نۇرغۇن گۇناھلىرىم بار تۇرۇپمۇ داۋاملىق ياشاپ كېلىۋاتقانغا ئوخشاش، — دەپ جاۋاب بەردى جۇلىيېت ئاپىسىنىڭ ئۇ سۆزىگە جاۋابەن. ئاندىن سۇغا چىلاقلىق لۆڭگىنى

ئېلىپ ئاپىسىنىڭ بېشىغا سىقىپ سۈيىنى ئىقىتقانىدى، ئاپىسى چۆچۈپ كەتتى.

— سېنى مۇشۇنداق قىلىسكەن دەپ تۇراتتىم، — دېدى سارا خۇشال توۋلاپ قويۇپ، ئۇ يېڭىلا چاچلىرىنى يۇيۇپ تۇرغاندا جۇلىيېتنىڭ ئۇنداق قىلىشى ئۇنىڭغا خۇشياققانىدى. سارا دەررۇ لۆڭگە بىلەن يۈزىنى يېپىۋالدى. ئارقىدىن ئۇ يەنە، — جۇلىيېت؟ — دېدى.

— نېمە ئىش؟

— مەن بەزىدە داداڭنىڭ يامان گېپىنى قىلىپ قويغان بولسام، راست شۇنداق دەپ ئويلاپ قىلمايمەن، ئۇنىڭ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئۇنىڭ ئۆزىنى خۇشال تۇتمايدىغانلا يېرى بار.

جۇلىيېت چۈشىدە ئۆزىنى كىچىك بىر قىزغا ئايلىنىپ قالغاندەك كۆردى. يەنە مۇشۇ ئۆيلەر ئىكەن، ئۆي ئىچىنىڭ ياسىلىشىلا ئوخشىمايدىكەن. ئۇ ئۆزىگە ئانچە تونۇش بولمىغان بىر ئۆينىڭ دېرىزىسىدىن قاراپ، يىراقتا يايسىمان پارقىراپ تۇرۇۋاتقان سۇنى كۆرۈپتۇ، سۇ رېزىنكە تۇرۇبىدىن ئېتىلىپ چىقىۋاتقۇدەك. دادىسى ئۇنىڭغا دۈمبىسىنى قىلىپ تۇرۇپ كۆكتاتلىرىنى سۇغۇرۇۋاتقۇدەك. قارا مالىنا ئورمانلىقىنىڭ ئىچىدىن بىر ئادەمنىڭ قارىسى بىر يوقاپ، بىر كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقۇدەك، دىققەت قىلىپ قاراپتىكەن، ئۇ ئادەم ئېرىن بولۇپ كۆرۈنۈپتۇ. هازىرقى ئېرىن ئەمەس، بالا ۋاقتىدىكى سەبىي ئېرىن ئىكەن، بەدىنى ئەپچىل، ھەرىكىتى چاققان، تۇرقى خۇشالمىش، ھەدەپ ئاشۇ پارقىراپ تۇرۇۋاتقان يايسىمان سۇدىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ تۇرارمىش، بىر چاغدا يوقاپ كېتىپ يەنە بىر پەيدا بولۇپ قاپتۇ، ھەممە ئىشلار نەتىجىلىك بولۇۋېتىپتۇدەك. ئەمما، ھەر قېتىم ئۆزىنى ئۇ سۇدىن ئەپقاچقاندا بەدىنىگە سۇ چاچراپ كېتىۋاتقۇدەك، بۇ قىزىقارلىق ئويۇن بولسىمۇ دېرىزىدىن قاراپ تۇرۇۋاتقان جۇلىيېت ئۇنىڭ قىلىقلىرىدىن سەسكىنىپ

www.uyghurkitap.com

كېتىۋاتقۇدەك. دادىسى ھېلىغىچە ئۇنىڭغا كەينىنى قىلىپ تۇرۇۋاتقۇدەك، ئەمما جۇلىيېت — ئۇ ئازراق بولسىمۇ بۇ ئىشنىڭ تېگىدە نېمە بارلىقىنى بىلىپ قاپتۇ — دادىسىغا ئىشىنىدىكەن. بىر چاغدا دادىسى سۇ تۇرۇۋېسىنى كەينىگە تۇتۇپ بېسىپتىكەن، ئۆزىگە قاراپ ئاغزىدىن سۇ ئېتىلىپ چىقىشقا باشلاپتۇ.

بۇ چۈشنىڭ ئىچىدە سۆزلەپ چۈشەندۈرۈپ كېتەلمەيدىغان-دەك، قورقۇنچ ئىچىدە ئادەمنىڭ ئاغزىغا گەپ كەلمەيدىغان، ئويلاپ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغاندەك، قان تومۇرلىرىنىڭ تار يوللىرى-دىن بىرنەرسىلەر قىستىلىپ ئۆتۈپ ئادەمنى كۈچلۈك قورقۇنچ ئىچىگە مەھكۇم قىلىۋېتىدىغاندەك بىر خىل ۋەھىمە بار ئىدى.

ئۇ ئويغانغاندىمۇ چۈشىدىكى قورقۇنچ ۋۇجۇدىدىن تېخى تولۇق تارقاپ كەتمىگەنىدى. ئۇ بۇ چۈشنىڭ ئىنتايىن نومۇسسىز بىر چۈش ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قالدى. بۇ ھەم چاكىنا ۋە ئۆزىنىڭ ئىچىدىكى ئاچچىقىنى پەسكەشلەرچە ئاشكارىلاشمۇ ئىدى.

*　　　　*　　　　*

كۈن ئەمدىلا قايرىلغان چاغدا بىرسى ئىشىكنى ئۇرۇپ قالدى. ئالدى ئىشىكنىڭ يېنىدا ھېچكىم يوق ئىدى. جۇلىيېت بېرىپ ئىشىكنى ئاچقانىدى، ئىشىك تەستىرەك ئېچىلدى.

ئىشىكنىڭ ئالدىدا ئۇچىسىدىكى قىسقا يەڭلىك سېرىق كۆڭلىكى بىلەن قوڭۇر ئىشتىنىغا قاتۇرۇپ دەزمال سالغان بىر ئادەم تۇراتتى. ئۆزىدىن بىرنەچچە ياش چوڭ كۆرۈنىدىغان ئېگىز بوي، كۆرۈنۈشىدىن ساغلام ئەمەسلىكى چىقىپ تۇرغان، مەيدىسى ئىچىگە كىرىپ كەتكەنرەك ئادەم ئىكەن. جۇلىيېت بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەندە خېلى جېنى باردەك بىلىندى، كۆلكىسى قۇرۇق، ھېسسىيات دېگەن نەرسە يوق.

— مەن بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن، — دېدى ئۇ.

جۇلىيېت ئۇ ئادەمنى تاشقىرىدا قالدۇرۇپ، ئۆزى قۇياش نۇرى پارلاپ تۇرىۋاتقان سارانىڭ ھۇجرىسىغا كىرىپ كەلدى.

— سىرتتا بىر ئەر كىشى ئۆي ئىگىسى بىلەن كۆرۈشەتتىم دەپ تۇرىدۇ، — دېدى ئۇ، — تۇرقىدىن بىرەر نەرسىنى ساتقىلى كەلگەن ئادەمدەك قىلىدۇ. ئۇنى يولغا سېلىپ قويمەنمۇ؟

سارا تەستە ئورنىدىن يېرىم قوپۇپ ئولتۇرۇپ:

— ياق، ياق، — دېدى ئارانلا گەپ قىلىپ، — مېنىڭ ئۇستىبېشىمنى تۈزەشتۇرۇپ قويامسەن؟ مەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدىم، ئۇ ئادەم دون، مېنىڭ دوستۇم دون بولىدۇ.

دون باياملا ئۆيگە كىرىپ بولغانىدى، جۇلىيېت شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ ئىشىكنىڭ تۈۋىدە تۇرىۋاتقانلىقىنى سېزىپ بولدى. ئاڭغىچە ئۇ ئۆينىڭ سىرتىدا تۇرۇپ:

— جىددىيلەشمەڭ، سارا، مەن دون بولىمەن، سالامەتلىكىڭىز قانداقراق؟ — دەپ سارادىن ئەھۋال سورىدى.

سارا ئۇنى كۆرۈپ خۇشال بولدى ھەم جىددىيلىشىپمۇ قالدى، شۇ جىددىيچىلىكتە قولىنى تارغاقتا سوزۇپ تارغاقنى تاپالماي، چاچلىرىنى قولى بىلەنلا تارىۋالدى، ئاۋازىدىن ھاياجانلىنىۋاتقانلىقى، خۇشال بولۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇراتتى.

— مەن بۇرۇنقىدەكلا تۇرىۋاتىمەن، سالامەتلىكىممۇ ياخشى. ئۆيگە كىرىڭ.

ئۇ ئادەم شۇ ئان ئىشىكتىن كىرىپ، تېز - تېز مېڭىپ كارىۋاتنىڭ يېنىغا كەلدى. سارا غۇلچىنى كېرىپ ئۇنى قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈردى.

— بەدىنىڭىزدىن يارنىڭ خۇشبۇيى ھىدى كېلىۋاتىدۇ، — دېدى سارا، — بۇ نېمىنىڭ پۇرىقى، — ئۇ ئۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىكىنى سىلاپ قويدى، — كۆڭلىكىڭىزگە دەزمال سالپىتكەنسىز - دە، كۆڭلىكىڭىزدىن دەزمال سالغاندا چىقىدىغان پاختىنىڭ پۇرىقى كېلىۋاتىدۇ. نېمىدېگەن پۇراقلىق!



www.uyghurkitap.com

— كۆڭـلـكـىـمگە ئۆزۈم دەزمـال سىلـىـۋالغان، — دېـدى ئـۇ ئـادەم، — شالى ئـىـككـىـمـىـز چېـركـاۋنىڭ يېـنـىـدىـكى بىـر پارچـە يەرگە گۇل تېرىۋالدۇق. قانداق، ياخشى قىپتىمىزمۇ؟

— ئاجايىپ ياخشى ئـىـش قـىـپـسـىـز، — دېدى سارا، — تـالادا تۇرۇپ قاپسىز، رەنجىمەڭ. جۇلـيـېت سـىـزنـى تونۇمـىـغاچقا، مـال ساتقىلى كەلگەن بىرسى ئوخشايدۇ دەپ قاپتـۇ، جۇلـيـېـت مـېـنـىـڭ قىزىم بولىدۇ، مېنىڭ ئـەڭ سۆيۈمـلـۈك قـىـزىـم. مـەن سـىـزگە بـۇ قىزىم تـوغرۇلۇق سۆزلـەپ بەرگەن، شۇنـداقمۇ؟ ئـۇنـىـڭ مـېـنـى كۆرگىلى كەلمەكچى بولۇۋاتقانلىقىنىمۇ سـىـزگـە دېگەنمـەن، دون مېنىڭ پوپۇم، جۇليېت، ھەم دوستۇم، ھەم پوپۇم.

دون قـەددىـنـى رۇسلاپ جـۇلـيـېت بـىـلـەن قول ئـېـلـىـشـىـپ كۆرۈشتى.

— ئۆيىڭىزگە قايتىپ كېلىپ ياخشى قـىـپـسىـز، سـىـز بىلـەن كۆرۈشكـىـنـىـمگـە خۇشالـمـەن. سـىـزنـىـڭ مېـنـى مـال ساتقـۇچـى ئوخشايدۇ دەپ قالغىنىڭىزمۇ توغرا. ئەمەلىيەتتە مەنمۇ ئاشۇ مال ساتقۇچىلار قاتارىدىكى ئادەم.

جۇلـيـېـت ئۇنـىـڭ چاقچاقچىلـىـقىغـا قـاراپ ئەدەپ بـىـلـەن كۈلۈمسىرەپ قويدى.

— سىز قايسى مەزھەپنىڭ ئادىمى، پوپ ئەپەندى؟

ئۇنىڭ بۇ سوئالىغا سارا كۈلۈپ كەتتى.

— ھـەم، قـەدىرلـىـكـىـم، ئـەمـدى ئـۆزىڭـىـزنـىـڭ تـېـگـى - تەكتىڭىزنى دەۋەتمىسىڭىز بولمىدى، شۇنداقمۇ؟

— مـەن «ئۈچ بىر گـەۋدە» دىنىي مـەزھەپـىـنـىـڭ ئادىـمـى، — دېدى دون پېتـىـدىـن چۈشـمـەي تۇرۇپ، — تېـگى - تەكتـىـمـنـىـڭ قانداقلىـقىغـا كەلسەك، بـۇمۇ يېڭـى ئـىـش ئـەمـەس. سارا بـىـلـەن سامىنىڭ بىزنىڭ بۇ ئـەتـراپتىكى ھېچقانداق مەزھەپلەر بىلـەن مۇناسىۋىتى يوق. مەن يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئاپىڭىز بىلەن كۆرۈشۈپ ئۆتۈپ كېتـەي دەپلا سىلـەرنىڭكىگە كىـرىـپ قالدىم. سىزنىڭ ئاپىڭىز تولىمۇ سۆيۈملۈك مەزلۇم.

www.uyghurkitap.com

جۇلىيېت «ئۈچ بىر گەۋدە» دېگەن مەزھەپنىڭ مۇقەددەس ئۇيۇشمىسىغا تەۋە مەزھەپمۇ ياكى خىرىستىيان مەزھىپىگىمۇ، ئويلاپ بىلەلمىدى.

— دون ئەپەندىگە راھەترەك ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇق قويۇپ بېرەرسەنمۇ، سۆيۈملۈكۈم؟ — دېدى سارا جۇلىيېتقا، — ماڭا ئېگىلىپ گەپ قىلىپ بەللىرى ئاغرىپ كېتىدىغان بولدى. ئازراق بىرنەرسە ئىچەمسىز، دون؟ بىر رومكا سۈت ھارىقى ئىچىسىز قانداق؟ جۇلىيېت ماڭا شۇ ھاراقنى پات ـ پات تەڭشەپ بېرىدۇ، راھەتلىنىپ ئىچىپ كېتىمەن، ياق، ئۇ ھاراق سىزگە بولماسىكەن، ئازراق كۈچلۈك، چۈنكى سىز ئىسسىقتا يول مېڭىپ كەلگەن ئادەم. چاي ئىچىسىزچۇ؟ چايمۇ بولمايدۇ، چاي قىزىق، پىۋىچۇ؟ يا بولمىسا مېۋە سۈيى ئىچەمسىز؟

— ماڭا ھازىر بىر ئىستاكان مۇزدەك سۇدىن باشقا ھېچنېمە لازىم ئەمەس، ماڭا لازىمى دەل شۇ، — دېدى دون.

— چاي ئىچمەيسىز؟ راستمۇ؟ — سارا ئىتتىك گەپ قىلىپ كېتىپ نەپىسى يېتىشمەي قالدى، — سىز ئىچمىسىڭىز مەن ئىچەي، ماڭا ئازراق چاي دەملەپ ئەكىرگىنە، جۇلىيېت؟

جۇلىيېت ئاشخانىغا چىقىپ كەتتى، ئاشخانىدا باشقا ئادەم يوق ئۆزى يالغۇز ئىدى — ئېرىن كۆكتاتلىقتا پۇرچاقنىڭ ئوتىنى ئوتاۋاتاتتى — ئۇ ئاپىسىنىڭ ئۆزىنى چاي دەملەپ كىرىشنى بۇيرۇشىنى ھېيلىسىمىكىن، مېنى چىقىرىۋېتىپ، ئۆزلىرىنىڭ گەپلىرىنى قىلىۋېلىش ئۈچۈنمىكىن، دەپ ئويلاپ قالدى. بەلكىم ئىككىسى ئايرىم ئولتۇرۇپ ئاپامغا تىۋىا قىلدۇرۇش ئۈچۈن شۇنداق قىلغاندۇ؟ بۇ خىياللار ئۇنى ئازراق بىئارام قىلىپ قويىدى.

پوپ دېگەندەك، سارا بىلەن سام ھېچقانداق دىنىي مەزھەپكە تەۋە ئەمەس ئىدى. بۇ يەرگە يېڭى كۆچۈپ كەلگەندە سام

باشقىلارغا ئۆزلىرىنى بىز «رويت»①نىڭ ئادەملىرى، دەپ تونۇشتۇرغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن، خەقلەرنىڭ ئارىسىدا ئۇلار تەۋە بولۇپ كېلىۋاتقان دىنىي مەزھەپ بىزنىڭ بۇ يەردە يوق ئىكەن، دېگەن گەپ تارقىلىپ كەتكەن، ئارقىدىن ئۇ گەپلەر تېخىمۇ كۆپىيىپ ھەم ياسىلىپ، ئۇلار ھېچقانداق دىنغا ئىشەنمەيدىكەن، دېگەن گەپ تارقالغانىدى. جۇلىيېت قىسقا بىر مەزگىل دىنىي ئۇيۇشمىنىڭ يەكشەنبىلىك مەكتىپىدە دەرس ئاڭلىغان، بىر دوستى شۇ مەزھەپنىڭ مۇرىتى بولغاچقىلا شۇنىڭ تەسىرى بىلەن شۇنداق قىلغانىدى. سام مەكتەپتە ئوقۇغۇچىلارنىڭ «ئىنجىل» ئوقۇشقا ياكى ئەتىگەنلىك دۇئا - تىلاۋەتلىرىگە قارشى تۇرۇپ باقمىغانىدى.

«بەزىدە سەن بوينۇڭنى سوزۇپ ئۇنىڭ ئىچىگە قاراپ باقساڭ بولىدۇ، بەزىدە ئۇنداق قىلىشنىڭ ھاجىتىمۇ يوق، — دېگەنىدى سام، — بۇ جەھەتتە ئۇلارغا ئازراق يول قويغانمۇ ياخشى، بىر كۈنلەردە ئوقۇغۇچىلارغا ماددىلارنىڭ ئالمىشىشلىرى توغرۇلۇق دەرس سۆزلەپ قالساڭ، كەينىڭدىن ھېچكىم سېنى نېمىشقا ئۇنداق نەرسىلەرنى سۆزلىدىڭ دېيەلمەيدۇ.»

سارا بىر مەزگىل بەھائىيە مەزھىپىگە② قاتتىق قىزىقتى. جۇلىيېت ئۇنىڭ بۇ قىزىقىشىنىڭ ئۇزاققا بارمايدىغانلىقىنى پەرەز قىلغان، دېگەندەك ھازىر بۇ قىزىقىشلىرى سۇسلاپ قاپتۇ.

جۇلىيېت ئۈچ ئادەمگە يەتكۈدەك چاي دەملەپ، پېچىنە - تورتلاردىنمۇ تەييارلاپ، سارا مېھمان كەلگەندە ئىشلىتىشنى ياخشى كۆرىدىغان مىس پەتنۇسقا سېلىپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا ئەكىردى.

دون بىر ئىستاكان چاينى ئالدى ۋە جۇلىيېت ئەكىرىشنى ئۇنتۇمىغان يەنە بىر ئىستاكاندىكى سوغۇق سۈنى گۈپۈلدىتىپ

① قەدىمكى دەۋردىكى كاتىپلارنىڭ بىلىمدارى، ئۇلارمۇ نەزىر - چىراغلارنى قىلىپ تۇراتتى.

② ئىسلام دىنى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىر مەزھەپ.

تېزلا ئېچىۋەتتى. پىچىنە ـ تورتلارنى بېشىنى چاپقاپ يېگىلى ئۈنىمىدى.

— بۇ نەرسىلەرنى يېيەلمەيمەن، رەھمەت، — دېدى ئۇ.

ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن خۇددى خۇدا ماڭا بۇنداق نەرسىلەرنى يېيىشنى بۇيرۇمىغان، دېگەندەك ئالاھىدە بىر مەنە چىقىپ تۇراتتى.

ئۇ جۇلىيېتتىن ھازىر نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، غەرب تەرەپتىكى دېڭىز ھاۋاسىنىڭ قانداق ئالاھىدىلىكلىرى بارلىقىنى، ئېرىنىڭ نېمە ئىش قىلىدىغانلىقىنى ئارقا ـ ئارقىدىن سوراپ كەتتى.

— ئۇ مەخسۇس راك تۇتۇپ ساتىدىغان بېلىقچى. ئەمما، ئۇ مېنىڭ ھەقىقىي نىكاھلىق ئېرىم ئەمەس، — دېدى جۇلىيېت ئۇنىڭ ئېرى توغرۇلۇق سورىغان سوئالىغا ئەركىن جاۋاب بېرىپ.

دون، ھە، شۇنداقمۇ، دەپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— سىلەر تەرەپنىڭ دېڭىز شامال‌لىرى قاتتىق چىقامدۇ؟

— بەزىدە شۇنداق.

— كىت قولتۇقى، بۇ يەرنى مەن بۇرۇن ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن. شۇنداق جاينىڭ بارلىقىنى بۈگۈن بىلدىم، ئېسىمدە تۇتۇۋالىمەن. سىلەر ئۇ يەردە ئىبادەت قىلىدىغان چېركاۋنى نېمە چېركاۋ دەيدۇ؟

— بىز چېركاۋغا بارمايمىز.

— ئەتراپىڭلاردا سىلەر بېرىپ ئىبادەت قىلغۇدەك مەزھەپلەرنىڭ چېركاۋلىرى يوقمۇ؟

جۇلىيېت كۈلۈپ قويۇپ بېشىنى چايقىدى.

— بىز كىرىپ ئىبادەت قىلغۇدەك بىرمۇ چېركاۋ يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزىمىزمۇ خۇداغا ئىشەنمەيمىز.

دون ئىستاكاننى پەتنۇسقا قويۇپ قويۇۋاتقاندا دىمىقىنى يەڭگىل بىر قىقىپ قويۇپ، ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسا بىئارام بولىدىغانلىقىنى دېدى.

— مەن مۇشۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسام بەك بىئارام بولىمەن. سىلەر مۇشۇ قاراشلىرىڭلاردا قانچە ئۇزاق تۇرالارسىلەر؟

— بىلمەيمەن، بەلكىم بۇ مەسىلىنى ئەستايىدىل ئويلانغۇچە تۇرارمەن.

— ئاپىڭىز ماڭا سىزنىڭ بىر بالىڭىزنىڭ بارلىقىنى دەپ بەردى، قىز ئوخشايدۇ، توغرىمۇ؟

جۇلىيېت، شۇنداق، بىر قىزىم بار، دەپ جاۋاب بەردى.

— بۇ گەپچە قىزىڭلارنى هازىرغىچە چوقۇندۇرمىغان بولساڭلار كېرەك. سىلەر ئۇنى چوڭ بولغاندا دىنسىز ئادەم بولسۇن دەمسىلەر؟

جۇلىيېت بۇ مەسىلىنى پېنېلوپ چوڭ بولغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۆزى ئويلىشىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

— بىز ئۇنى دىنىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىمىغان شارائىت ئاستىدا چوڭ قىلماقچىمىز، بىزنىڭ خىيالىمىز شۇ، — دېدى ئۇ.

— ئۇنىڭدا بەكمۇ ئېچىنىشلىق ئىش بولىدۇ، — دېدى دون بوش گەپ قىلىپ، — بۇ ئىشنىڭ ئۇۋالى ئالدى بىلەن سىلەرگە بولىدۇ، سىز بىلەن ئۇ ئادەمگە — سىلەرنىڭ ئۇ ئادەمنى نېمە دەپ ئاتايدىغىنىڭلارنى بىلمىدىم — سىلەر خۇدانىڭ سىلەرگە كۆرسىتىۋاتقان ئىلتىپاتىنى نەزىرىڭلارغا ئېلىپمۇ قويماپسىلەر، سىلەر چوڭ بولدۇڭلار، كارايىتىڭلار چاغلىق، لېكىن بالاڭلارنى ئۇ ئىلتىپاتتىن مەھرۇم قىلساڭلار، ئۇ چاغدا بالاڭلار ئۇزۇقلۇق يېتىشمىگەندەك بىر ئەھۋالغا دۇچار بولۇپ قالىدۇ.

جۇلىيېتنىڭ سەۋر قاچىسى تېشىپ كېتەيلا دەپ قېلىۋاتاتتى.

— لېكىن، بىز خۇداغا ئېتىقاد قىلمايمىز، — دېدى ئۇ، — خۇدانىڭ ئىلتىپاتى دېگەن گەپلەرگىمۇ ئىشەنمەيمىز. بىزنىڭ قىلىۋاتقىنىمىز ئوزۇقلۇقنى يېتەرلىك بەرمەسلىك ئەمەس، ئەكسىچە بالىمىزنى يالغان گەپلەرنىڭ ئىچىدە چوڭ قىلماسلىق.

— يالغان گەپ؟ پۈتۈن دۇنيادىكى مىليونلىغان ئادەملەر

www.uyghurkitap.com

ئىشىنىپ كېلىۋاتقان بىزنىڭ بۇ دىنىمىزنى يالغان دىنغا چىقىرىۋەتتىڭىزغۇ؟ ھەتتا خۇدانىمۇ يالغان دېگەن گەپنى قىلىپ ھەددىڭىزدىن تېخىمۇ ئېشىپ كەتتىڭىز.

— مىليونلىغان ئۇ ئادەملەرنىڭ ئىشىنىشلىرىمۇ ئاتايىن. ئۇلار پەقەت چېركاۋغا بېرىپ قويۇش ئۈچۈنلا بارىدۇ، — دېدى جولىيېت. ئۇ بارغانسېرى ھاياجانلىنىپ كېتىۋاتاتتى، — ئۇلار خۇداغا چىن ئىخلاسلىرى بىلەن ئېتىقاد قىلمايدۇ. ئەگەر خۇدا راستلار بار بولۇپ، مېنىڭ كاللامنى خۇدا بەرگەن بولسا خۇدا يەنە نېمىدەپ كاللامنى ئىشلىتىشىمگە يول قويمايدۇ. يەنە ئېيتايلى، — ئۇ بار ئامالى بىلەن ئۆزىنى بېسىۋېلىپ تۇرۇپ گەپ قىلىۋاتاتتى، — مىليونلىغان ئادەملەر سىز ئېتىقاد قىلىۋاتقان دىنغا ئېتىقاد قىلىۋاتقان بولسا، ئۇ چاغدا بۇددا دىنىدىكىلەرنىڭ ئېتىقادىنى قانداق چۈشەندۈرىسىز؟ مۇشۇ مەنىدىن ئېيتقاندا، سىزنىڭ دىنىڭىزغا مىليونلىغان ئادەملەر ئېتىقاد قىلغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇ دىننى ھەقىقىي دىن دەپ ھۆكۈم چىقارسىڭىز توغرا بولامدۇ؟

— خرىستوس دۇنيادا ياشىغان ئادەم، بۇددا بولسا ئۇنداق ئەمەس، — دېدى دون ئويلانمايلا.

— ئۇ پەقەت كىشىلەرنىڭ ئاغزىدىكى گەپ. ئۇنىڭ قانچىلىك ئەھمىيىتى باردۇ؟ مەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قايسىسىنىڭ تىرىك ياشىغان ئادەم ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدىغان دەلىللەرنى ھازىرغىچە كۆرۈپ باقمىدىم يوق.

— سىز كۆرەلمەيسىز، باشقىلار كۆرەلەيدۇ. سىز ھېنرىي فوردنى بىلەمسىز؟ ھېنرىي فورد II نىڭ ئىلكىدە دۇنيادىكى ھەممە نەرسە بار، شۇنداق تۇرۇپمۇ ئۇ يەنە ھەر كۈنى ئورنىدىن سەھەر تۇرۇپ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ خۇداغا ئىبادەت قىلىپ كەلگەن. سىز ئۇ ئادەمنى، ئۇنىڭ ئۇ ئىشلىرىنى بىلمەيدىغان ئوخشىمامسىز؟

— ھېنرىي فورد؟ — دەپ توۋلاپ كەتتى جولىيېت، —

ھېنرىي فورد؟ ھېنرىي فورد بىلەن مېنىڭ كارىم نېمە؟

ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇنازىرە مۇشۇ بىر مەسىلە ئۈستىدە بارغانسېرى ئەۋجىگە چىقىپ كېتىۋاتاتتى. پوپنىڭ ئاۋازىنى دەسلەپتە ئاچچىق بىلەن چىقىۋاتىدۇ دېگەندىن ئېچىنىپ چىقىۋاتىدۇ، دېگەن توغرا ئىدى — باشتىن - ئاخىرىغىچە ئۆز پىكىرلىرىدە تۆمۈردەك چىڭ تۇرۇپ كېلىۋاتاتتى — ئەمدى ھازىر ئۇنداق بولمىدى، ئاستا - ئاستا تىغدەك ئۆتكۈرلىشىشكە، تەنبىھكە ئۆزگىرىپ كەتتى. جۈلىيېتچۇ — دەسلەپتە ئۇنىڭ تەلەپپۇزى، ئاۋازى ئۆزى ئويلىغاندەك يۇمشاقلىقنىڭ ئىچىدە قاتتىقلىق بار. قائىدە سۆزلەشنى ئاساس قىلىش بىلەن باشلانغان، ئامال بار ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئەقىل بىلەن گەپ قىلىشقا تىرىشقان، ئەدەپ بىلەن مۇئامىلە قىلىپ تۇرۇپ چىشىغا تېگىپ تۇرغانىدى — ئەمدى ئۇ ئۆزىنى باسالماي، تاش يۈرەكلىك بىلەن نەشتىرىنى سانجىيدىغان بىر تەلۋىگە ئايلاندى. ئىككىلا تەرەپ ئۆزىنىڭ ئاساسلىرىنى، سەۋەبلىرىنى سۆزلەيتتى، گەپ - سۆزلىرىگە دىققەت قىلىش دېگەن نەرسە يوق، بىر - بىرىنىڭ زىتىغا تېگىپ، بىر - بىرىگە بولغان غەزەپ - نەپرەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتىپ بېرىۋاتاتتى.

سارا شۇنىڭغىچە بىر تال پېچىنىنى ئاز - ئازدىن يەپ، ئۇلارغا قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماي بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇراتتى، ئارىلاپ خۇددى ئۇلارنىڭ گەپلىرى ئۆزىگە نەشتەردەك سانجىلىۋاتقاندەك تىترەپمۇ كېتەتتى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇ ئىككىسىنىڭ قىلىشىۋاتقان مۇنازىرىسى ئىچىدە ئەمەس ئىدى.

ئۇ ئىككىسىنىڭ بۇ كەسكىن مۇنازىرىسىنىڭ ئاخىرلىشىشىغا پېنىلوپنىڭ چىرقىراپ يىغلاپ كېتىشى سەۋەب بولدى. ئۇ سىيىۋەتكەن بولۇپ، ھۆل زاكىنىنىڭ ئىچىدە يېتىۋېرىپ بىئارام بولۇپ ئىڭراشقا باشلىغان، ئاڭلايدىغانغا ئادەم چىقمىغاندىن كېيىن ئاۋازىنى قويۇۋېتىپ يىغلىغان، ئەڭ

ئاخىرىدا چىدىماي ۋۇجۇدىدىكى ھەممە كۈچىنى يىغىپ تۇرۇپ ئۆينى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك دەرىجىدە چىرقىراپ يىغىنى سالغانىدى. ئۇنىڭ ئەھۋالىنى بىرىنچى بولۇپ سارا بايقاپ، ئۇ ئىككىسىنىڭ مۇنازىرىسىنى پەسەيتىشكە تىرىشىپ باققان بولسىمۇ، مەقسىتىنى ئەمەلگە ئاشۇرالمىغانىدى.

— پېنېلوپ، — دېدى ئۇ جانسىز ئاۋازدا، شۇنىڭغىچىمۇ جۇلىيېت قىزىنىڭ يىغىسىغا دىققەت قىلمىغانىدى، سارا ئامال قىلالماي، ئاخىرىدا ۋۇجۇدىدىكى پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ كۈچەپ تۇرۇپ يەنە ۋارقىرىدى، — جۇلىيېت، پېنېلوپ، — جۇلىيېت بىلەن پوپ ھەيران قېلىپ، نېمە ئىش بولدى، دېگەندەك ئۇنىڭغا تەڭلا قاراپ قېلىشتى. دون نېمە ئىش بولغانلىقىنى بىرىنچى بولۇپ بىلىپ قېلىپ، جۇلىيېتقا:

— قىزىڭىز يىغلاپ كېتىۋېتىپتۇ، — دېدى.

جۇلىيېت شۇ ئان قىلىۋاتقان گېپىنى توختىتىپ قىزى ياتقان ئۆيگە قاراپ يۈگۈردى ۋە كىرگەن بويى قىزىنى قولىغا ئېلىپ بەزلەشكە باشلىدى، جىددىيلىشىپ كېتىپ توختىماي تىترەپ تۇرۇۋاتاتتى. بالىسىنىڭ زاكىسىنى يەشكەندە زاكىنى ئېلىپ قويغان ئىلغۇچ قولىغا سانجىلىپ كەتكىلى تاس قالدى. زاكىسىنى ئالماشتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، پېنېلوپنىڭ يىغىسى توختىدى، جۇلىيېت شۇنىڭدىلا ئارام تاپتى، بايام قىزىنىڭ ئەنسىز يىغىسىدىن قاتتىق قورقۇپ كەتكەنىدى. ئۇ قىزىنىڭ ياشقا تولغان كۆزلىرىگە، ئادەمنىڭ ئىچى ئاغرىغۇدەك مۆلدۈرلەپ قاراشلىرىغا قاراپ، بايامقى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن كىرىشىپ كەتكەن مۇنازىرە مۇھىتىدىن قايتىپ چىقىپ، ئۆزىنى تىنچلاندۇرۇشقا تىرىشتى. ئاۋازىمۇ مۇلايىملىشىشقا باشلىدى، بالىسىنى كۆتۈرۈپ پەلەمپەينىڭ ئۈستىدىكى بوشلۇقتا ئۇياقتىن - بۇياققا مېڭىپ يۈردى. پېنېلوپ يىغىدىن بىردىنلا توختاپ قالغان ئەمەس ئىدى، ئارىلاپ ئېسەدەپمۇ تۇرۇۋاتاتتى، ئەمدى ئۇ ئېسەدەشلىرىمۇ يوق، تىنچلىنىپ قالدى، بىرنەچچە مىنۇتتىن

كېيىن جىددىيلىشىشلىرى تۆگەپ تىنچ ئويناپ يۈرگەن ۋاقتىغا قايتتى.

جۇلىيېتمۇ بايام بالىسىغا ئوخشاشلا جىددىيلىشىپ كەتكەنىدى، هازىر بالىسىغا ئوخشاش جىددىيلىشىشلىرى پەسىيىپ باشقىدىن ئۆزىنى بېسىۋالدى. جىددىيلىشىپ كەتكەن نېرۋىلىرىمۇ جايىغا چۈشۈپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىن بالىسىنى كۆتۈرۈپ پەسكە چۈشۈپ كەتتى.

پوپ سارانىڭ ئۆيىدىن خوشلىشىپ چىقىپ پەستە ئۇنى ساقلاپ تۇرۇۋاتاتتى. چىرايىدا بىر خىل پۇشايمان، ئاۋازىدا ئازراق چۆچۈش، جۇلىيېتقا:

— نېمىدېگەن ئوماق قىز بۇ، — دەپ قويدى.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى جۇلىيېت جاۋابەن.

جۇلىيېت ئەمدى ئۇنى خوشلىشىپ چىقىپ كېتىدۇغۇ، دەپ ئويلىغانىدى، لېكىن نېمە سەۋەبتىندۇ، پوپ چىقىپ كەتمەي ئۇنىڭغا قاراپ تۇرىۋەردى ۋە ئۇنىڭ مۇرىسىنى تۇتماقچى بولۇۋاتقاندەك قولىنى ئالدىغا سوزۇپ يەنە دەررۇ چۈشۈرۈۋالدى.

— سىز ئۆزىڭىزدە بىرنەرسىنىڭ بار ـ يوقلۇقىنى ... — ئۇ خۇددى خاتا گەپ قىلىپ قويغانلىقىنى سەزگەن ئادەمدەك بېشىنى بىلىنەر ـ بىلىنمەس چايقاپ قويدى. «يوق» دېگەن ئاۋازى ئۆزىگە «چۇ» دېگەن ئاۋازغا ئۆزگىرىپ كەتكەندەك ئاڭلىنىپ كەتكەنىدى.

ئۇ يەنە كېلىشنى بىلىپ تۇرغانلىقىنى ئىپادىلەش ئۈچۈن ئۆرۈپ قويۇپ قولى بىلەن ئاشخانا تەرەپنى كۆرسەتتى.

جۇلىيېت ھە دېگەندىلا ئۇنى مەست ئوخشىمايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇنىڭ بېشى ئالدى ـ كەينىگە بوش لىڭشىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ راستىلا مەست بولۇپ قالغاندىمۇ ياكى يانچۇقىدا بوتۇلكا بار بولسا، ھاراقنى قۇيۇپ ئىچمىدىغان بىرنەرسە يوق، ماڭا رومكا ئاچىقىپ بېرىشنى شەرەت قىلىۋاتامدىغاندۇ؟ بىر چاغدا ئۇ تۇيۇقسىز ئۇنىڭ نېمە بولۇۋاتقانلىقىنى بىلگەندەك بولدى. ئۇ يېرىم يىل ئوقۇتقۇچىلىق قىلغان مەكتەپتە بىر

www.uyghurkitap.com

قىزنىڭ دىيابېت كېسىلى بار ئىدى، تۇرۇپلا كېسىلى قوزغىلىپ قالسا تىللىرى قېتىپ، يۈرىكى قاتتىق سىلىپ كېتەتتى، نەچچە كۈن تاماق يېمىگەندەك ئارانلا ماڭاتتى.

جۇلىيېت بالىسىنى دەررۇ بىقىنىغا ئېلىپ بىر قولى بىلەن پوپىنىڭ بىلىكىدىن مەھكەم تۇتۇپ، ئاستا ماڭدۇرۇپ ئاشخانا تەرەپكە يېتىلەپ ماڭدى. ئۇنىڭغا مېۋە سۈيى ئىچۈرۈش كېرەك. ئاشۇ ئوقۇغۇچىغىمۇ شۇ چاغدا مېۋە سۈيى ئىچۈرگەندى، پوپىنىڭ دېيەلمەيۋاتقان گېپىمۇ شۇ ئىدى.

— بىر مىنۇت ساقلاپ تۇرۇڭ، پەقەت بىر مىنۇتلا، ئاندىن ياخشى بولۇپ كېتىسىز، — دېدى جۇلىيېت. پوپ ئۆزىنى مەھكەم تۇتۇپ تۇرۇۋاتاتتى، ئىككى قولى بىلەن چىنە - قاچا يۇيىدىغان يەرنىڭ گىرۋىكىنى مەھكەم تۇتۇۋالغان، بېشى ساڭگىلاپ قالغانىدى.

ئاپېلسىن سۈيى تۈگەپ كېتىپتۇ. بوگون ئەتىگەن قىلىپ قالغىنىنى پېنىلوپىقا ئىچۈرۈۋەتكەنلىكى يادىغا كەلدى. يەنە ئەكېلىپ قويايچۇ دەپ ئويلىغان، لېكىن شۇنىڭغا ۋاقىت چىقىرالمىغانىدى. ھە راست، بىر بوتۇلكا ئۈزۈم سۈيى بار. سام بىلەن ئېرىن كۆكتاتلىقتا ئىشلەپ ھېرىپ، ئۇسساپ كەلگەنلىرىدە شۇ ئۈزۈم سۈيىدىن ئىچمۇېلىشنى ياخشى كۆرەتتى.

— مانا ھازىر تەييار بولىدۇ، — ئۇ بىر قولىدا بالىسى بولغاچقا، ھەممە ئىشلارنى يەنە بىر قولىدا قىلىۋاتاتتى ھەم شۇنىڭغا ئادەتلىنىپمۇ كەتكەنىدى. بىر ئىستاكانغا لىق ئۈزۈم سۈيى قۇيۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى، — مۇنۇنى ئىچىۋېلىڭ، ئالما سۈيى يوق ئىكەن، ئەمما بۇنىڭمۇ شېكىرى بار، تاتلىق، سىزگە تاتلىق نەرسە كېرەك، شۇنداقمۇ؟

پوپ ئۈزۈم سۈيىنى گۈپۈلدىتىپ ئىچىۋېتىپ، ئاندىن:

— راست دەيسىز، ماڭا مۇشۇنداق چاغدا تاتلىق نەرسە كېرەك. رەھمەت سىزگە، — دېدى، ئۇنىڭ گېپى ئەمدى ئېنىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. جۇلىيېت بۇنداق ھالەتنى ئاشۇ قىزدىمۇ

كۆرگەن، ئۇ قىز تاتلىق سۇ ئىچۈرۈلگەندىن كېيىن، خۇددى مۆجىزە يۈز بەرگەندەك ناھايىتى تېزلا ئەسلىگە كېلىپ كەتكەندى. پوپ پۈتۈنلەي ئەسلىگە كېلىپ بولۇشتىن سەل بۇرۇن، بېشىنى تېخى تولۇق كۆتۈرۈشكە قۇربى يەتمەيۋاتقان چاغدا كۆزلىرى جۇلىيېتنىڭ كۆزلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ قالدى، كۆزلەرنىڭ بۇ ئۇچرىشىشى مەقسەتلىك ئەمەس، تاسادىپىي ئىدى. ئەمما، پوپنىڭ كۆزلىرىدىن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتقان ياكى ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورىغان ئىپادە قىلچە يوق ئىدى. ئۇ قاراش ئۆزىنىڭ ماھىيىتىدىكى قاراشمۇ ئەمەس، ئۈركۈپ كەتكەن ھايۋانلارنىڭ شۇ چاغدىكى تەبىئىي قاراشلىرىغا ئوخشاش قاراش ئىدى. ھايۋانلارنىڭ شۇ قاراشلىرى بىلەن پوپنىڭ قاراشلىرىغا ئوخشاش ھەممە نەرسىنىڭ ئۈستىگە ئاشۇ تەبىئىيلىكى بىلەن قاراپ تۇرالايتتى.

بىرنەچچە سېكۇنتتىن كېيىن، ئۇ كۆزلەر، ئۇ چىراي ئەسلىدىكى ئاشۇ پوپنىڭ كۆزلىرىگە، چىرايىغا ئۆزگەردى. شۇ ئۆزگىرىشتىن كېيىنلا ئۇ قولىدىكى ئىستاكاننى قويۇپ قويۇپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي، ئاستا مېڭىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

جۇلىيېت ئىستاكانلار بىلەن پەتنۇسنى ئالغىلى كىرگەندە سارا ئۇخلىمىغان، ئەمما ئۇخلىغاندەك ياتقانىكەن. ئۇ شۇ تۇرقىدا ئۇخلاۋاتامدۇ؟ مۈگدەۋاتامدۇ ياكى ئويغاقمۇ، بىلگىلى بولمايتتى. شۇڭا، ھازىر ئۇنىڭ قايسى خىل ھالەتتە ياتقانلىقىنى ئايرىش ناھايىتى تەس ئىدى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇ بۇ ھالىتىنى ئۇزاق داۋاملاشتۇرماي، تولىمۇ بوش ئاۋازدا:

— جۇلىيېتمۇسەن؟ — دېگەن بىر ئېغىز گەپنى قىلدى.

جۇلىيېت ئىشىكنىڭ يېنىغا كېلىپ قالغانىدى، دەررۇ توختىۋالدى.

— سەن دوننى ئەقلى كەمرەك ئادەم دەپ ئويلاپ قالدىڭمۇ ـ قانداق؟ — دېدى سارا، — ئۇنىڭ سالامەتلىكى ياخشى ئەمەس،

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دىيابېت كېسىلى بار، ناھايىتى ئېغىر.

— شۇنداق ئىكەن، — دېدى جۇلىيېت جاۋابەن.

— شۇڭا ئۇ ئۆزىنىڭ ئېتىقادىغا تولىمۇ موھتاج.

— ئۇ «ئاكوپ نەزەرىيەسى»گە[1] كىرىدىغان ئادەم ئىكەن-دە، — دېدى جۇلىيېت. ئاۋازى پەس بولغاچقا، سارا بۇ گەپنى ئاڭلىمىغان بولۇشى مۇمكىن. چۈنكى، بۇ چاغدا ئۇ گەپ قىلىۋاتاتتى.

— مېنىڭ ئېتىقادىم ئادەتتىكى ئېتىقاد ئەمەس، — دېدى سارا. ئۇنىڭ ئاۋازى تىترەپ چىقىۋاتاتتى (جۇلىيېتنىڭ قارىشىچە، ئۇنىڭ بۇ گېپى تاكتىكىلىق دېيىلىۋاتقان گەپ ئىدى، ئاۋازىنىڭ تىترەپ چىقىشىمۇ شۇ). ئەمما، قانچىلىك دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن. سۆزلەپ — مەن شۇنچىلىكلا دېيەلەيمەن — كەلسەم قىزىقلا. ئۇنىڭ زادى قانداق بىر نەرسە — بەلكىم ئېسىل نەرسىدۇ — ئىكەنلىكىمۇ ماڭا قاراڭغۇ. مېنىڭ پەقەت بولالمىغان چاغدا نېمىلەرنى ئويلايدىغانلىقىمنى بىلەمسەن؟ مەن ئويلايمەن... بولدىلا. ئۇنىڭغىمۇ ئۇزاق قالمىدى. مەن يات ئارىدا جۇلىيېتنى كۆرىمەن.

ئادەمنىڭ ئۆچلۈكىنى (ئامراقلىقىنى) كەلتۈرىدىغان ئېرىك: گېپىمنى نەدىن باشلىسام بولار؟ مەن ياخشى تۇرۇۋاتىمەن، پېنىلوپېمۇ ياخشى تۇردى، سارا مومىسىنىڭ كارىۋىتى ئەتراپىدا ناھايىتى ئىشەنچ بىلەن مېڭىپ يۇرۇۋاتىدۇ. لېكىن، تۇتۇپ ماڭىدىغان بىر نەرسە بولمىسا بىر قەدەممۇ ماڭالمايدۇ، غەربىي دېڭىز تەرەپكە سېلىشتۇرغاندا بۇ يەرنىڭ تومۇز ئىسسىق كۈنلىرىدىكى ھاۋاسى ئادەمگە شۇنداق ياقىدىكەن. بۇ يەردە يامغۇر ياغقان چاغلاردىمۇ شامال كۆپ چىقمايدىكەن، يامغۇر ياغسا ھەممىمىز خۇشال بولىمىز، چۈنكى يامغۇر سامىنىڭ كۆكتاتلىرىغا ئاجايىپ ياقىدىكەن. ئۇ ھازىر كۆكتاتچىلىق بىلەن شۇغۇللىنىپ چوڭ ئىشلارنى تەۋرەتمەكچى،

---

[1] 2 - دۇنيا ئۇرۇشىدا تارقالغان بىر گەپ، ئاكوپتا دىنغا ئىشەنمەيدىغان ئادەم بولمايدۇ، دېگەن مەنىدە.

ئالدىنقى كۈنى ئۇنىڭ كونىراپ جۇلۇقى چىقىپ كەتكەن ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ يېڭى ئۈزگەن مالىنا بىلەن مۇرابباسىنى بىللە بازارغا ئېلىپ باردۇق (مۇراببانى ئىلسې كوك① قا ئوخشايدىغان بىرسى ياسايدىكەن. پېنېلوپ هازىر بىزنىڭ ئۆينىڭ ئاشخانىسىغا قويۇپ بەرگەن كارىۋاتتا ياتىدۇ). يەنە يېڭى قېزىۋېلىنغان بەرەڭگىمۇ بار. سام هازىر ئەمگەكنى ئاجايىپ بېرىلىپ قىلىدىغان بولۇپ كېتىپتۇ. سارا كارىۋاتتىن چۈشەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئۇخلىغاندىن باشقا چاغلىرىدا، قايسى يىللارنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولمايدىغان كىيىم - كېچەكلەر تونۇشتۇرۇلغان كونا ژۇرناللارنى ۋاراقلاپ ياتىدىكەن. بىر پوپ ئۇنى يوقلاپ كەلگەنىدى، ئەخمەق بولۇپ ئۇنىڭ بىلەن خۇدا بارمۇ، يوق دېگەن ھەم شۇ مەزمۇنغا ئوخشاپ كېتىدىغان قىزىق نۇقتىلار ئۈستىدە قاتتىق مۇنازىرىلىشىپ كېتىپتىمەن، بۇ قېتىم دادام بىلەن ئاپامنى يوقلاپ كېلىپ ياخشى قىپتىمەن، شۇنداق كۆڭۈللۈك يۈرۈۋاتىمىز. گەرچە...

بۇ جۇلىيېتنىڭ خېلى يىللاردىن كېيىن تېپىپ چىققان بىر پارچە خېتى ئىدى، ئېرىك بۇ خەتنى ئۆزى بىلىپ - بىلمەي ساقلاپ قويغانىدىكەن. بۇ خەتنىڭ ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا ھېچقانچە چوڭ ئەھمىيىتىمۇ يوق ئىدى.

* * *

جۇلىيېت بالىلىق ۋاقتىدا ياشىغان بۇ كونا ئۆيگە يەنە بىر قېتىم كەلدى، بۇ قېتىم سارانىڭ ئۆلۈمىگە كەلگەنىدى. ئۇ بۇ خەتنى يېزىپ بىرنەچچە ئايلاردىن كېيىنكى ئىشلار ئىدى. ئېرىنىمۇ يوق ئىكەن، جۇلىيېت ئۆزىنىڭ ئېرىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى سورۇشتۇرگەنلىكى ياكى باشقىلارنىڭ ئۆزىگە دەپ بەرگەنلىكىنى بىلەلمىدى. ئۇنىڭ سامغا ئوخشاش توي قىلىپ

① ئىلسې كوك (1906 ـــ 1967) ناتسىستلارنىڭ جازا لاگېرىدىكى ئەشەددىي ئايال ئەسكەر.

كېتىش ئېھتىمالى چوڭراق ئىدى. ساممۇ سارا ئۆلۈپ بىر قانچە يىلدىن كېيىن توي قىلىۋالدى. ئۆزىگە ئوخشاش مۇئەللىم ئايالدىن بىرنى تاپقانىدى. ئۇ مىجەزى ئوبدان، چىرايىمۇ جايىدا؛ ئىشچان ئايال ئىكەن، سام بىلەن مۇشۇ ئۆيىنى تۈزۈتۈپ ئولتۇرۇپتۇ. سام سارا ياتقان ئۆينى چېقىۋېتىپ كۆكتاتلىقنى كېڭەيتىۋاپتۇ. ئۇ ئايال پېنسىيەگە چىقىۋالغاندىن كېيىن، ئىككىسى ماشىنىدىن يەنە بىرنى سېتىۋېلىپ ئۇزاققا سوزۇلغان قىشلىق ساياھەتكە چىقىپ كېتىپتۇ. كېيىن ئۇ ئىككى قېتىم كىت قولتۇقىغا بېرىپ جۇلىيېتنى كۆرۈپ كەلدى. ئېرىك ئۇلارنى ئۆزىنىڭ پاراخوتىغا ئولتۇرغۇزۇپ دېڭىزنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئاپىرىپ ئويناتتى. ئىككىسى ياخشى چىقىشىپ كەتتى، سام ئېيتقاندەك، مۇناسىۋەتلىرىنىڭ قىزغىنلىقىدىن ئۆيگە ئوت قويۇۋەتكىلى تاس قېلىشتى.

جۇلىيېت ئۆزى يازغان بۇ خەتنى قايتا ئوقۇپ چىققاندا، ھەممىلا ئادەم ئۆزى راست ــ يالغاننى قوشۇپ يازغان، ئوقۇغان ئادەمنى ئوڭايسىزلاندۇرۇپ قويىدىغان خەت ياكى باشقا نەرسىلەرنى قايتا كۆرگەندە قانداق بولسا شۇنداق بولۇپ كەتتى. ئەسلىمىلەر ئېلىپ كەلگەن ئازابلارغا سىلىشتۇرغاندا، ئۇنى خەتتىكى چىرايلىق تەسۋىرلەر كۈچلۈك ھاياجانغا سالغانىدى. خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن، شۇ چاغدا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئويلاپ، بەزى ئۆزگىرىشلەر بولغاندەك ھېس قىلدى، لېكىن نېمە ئۆزگىرىشلەر بولغانلىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى. بۇ قايسىسى ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئائىلىسى ئىكەنلىكىدەك قاراشتىكى ئۆزگىرىشلەر ئىدى. ئۇنىڭ كۆپرەك ئويلايدىغىنى ئېرىك بىلەن بىللە ئۆتتۈزاتقان كىت قولتۇقىدىكى ئۆيى ئەمەس. كۆپ يىللار ئىلگىرى ھازىرغىچە ئۆتكەن ھاياتىنىڭ يىرىمىنى ئۆتكۈزگەن ئاشۇ دەۋردىكى ئۆيى ئىدى.

چۈنكى، ئادەم ئويلاپ، ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە، ۋاقتى يار بەرسە تېخىمۇ ئۇزاق ۋاقىت ساقلاپ قالىدىغان نەرسىنىڭ

ئاشۇنداق ئۆيلەردە يۈز بەرگەن ئىشلار ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالىدىكەن.

لېكىن، ئۇ سارانى ساقلاپ قالالمىدى. سارا، مەن پات ئارىدا جۇلىيېتنى كۆرىمەن، دېگەن، جۇلىيېت سارا شۇ گەپنى قىلغاندا جاۋابەن دەيدىغان گېپىنى تاپالماي قالغانىدى. ئەجەبا، شۇ چاغدا ئۇ ئاپىسىنى رازى قىلغۇدەك گەپتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە تاپالمىغانمىدۇ؟ شۇنداق ئاپا، دېگەن مۇشۇ بىر ئېغىز گەپمۇ ئاغزىغا كەلمىگەنمىدۇ؟ سارا ئۇچۇن بۇ گەپنىڭ مەنىسى ئىنتايىن چوڭقۇر ئىدى، ئەمما ئۆزىنىڭ ئۆزى ئۇچۇن ئەھمىيىتى بەكمۇ چوڭ ئەمەس ئىدى. شۇ كۈنى جۇلىيېت پەتنۇسنى كۆتۈرۈپ كەينىگە بۇرۇلۇپلا ئاشخانىغا چىقىپ، ئاپىسىنىڭ ئۇ سۆزى خىيالىدا يوق، چىنە ـ قاچىلارنى يۇيۇپ، ئىستاكانلار بىلەن ئۇزۇم سۈيى ئىچكەن شىشە قاچىنى سۈرتۈپ تۇرغانىدى.

ئۇيغۇر كىتاب تورپېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئېغىر سۈكۈت

جۇلىيېت باركلاي ئارىلىدىن دائىمان ئارىلىغا ئۆتىدىغان كېچىكنىڭ كۆۋرۈك بېشىغا كەلگەندە ماشىنىسىدىن چۈشۈپ كۆۋرۈكنىڭ يان تەرىپىدىكى سايىۋەننىڭ ئاستىغا كېلىپ تۇردى. ئۇ يەردە تۇرغان بىر ئايال ئۇنى تونۇۋېلىپ ئىككىسى پاراڭلىشىپ كەتتى. بۇ ئۇچراپ باقمىغان ئەھۋال ئەمەس ئىدى، ئۇنى كۆرگەنلا ئادەم نەدىدۇر بىر يەردە كۆرگەندەك ئويلاپ قالاتتى، بەزىدە ئېسىگىمۇ كېلەتتى. چۈنكى، ئۇ دائىم ئۆلكىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىنىڭ مەشھۇر شەخسلەرنى تونۇشتۇرىدىغان پىروگراممىسىدا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ پىراگراممىنىڭ ئىسمى «بۈگۈنكى سۆھبەت» ئىدى. ئۇ هازىر چېچىنى قىسقا قىلىپ ياستىۋالغان، كۆزئەينىكىنىڭ رەڭگىگە ماسلاشتۇرۇپ قىزىلغا مايىلراق قوڭۇر رەڭدە بويىتىۋالغانىدى. ئۇ دائىم قىسقا بوغماق چاپان كىيىپ يۈرەتتى — بۈگۈنمۇ شۇ — ئىچىدە پىل چىشىدەك ئاق رەختتىن تىكىلگەن كوپتا بار ئىدى. بەزىدە كوپتىسىنىڭ ئۈستىگە نېپىز يۇڭ پوپايكا كىيىۋالاتتى. شۇ كۈنلەردە ئۇ ئاپىسى دېگەندەك «ئىنتايىن كۆزگە يېقىن» ئاياللاردىن بولۇپ قالغانىدى.

— سىزنى ئاۋارە قىلغىنىم ئۈچۈن كەچۈرۈم سورايمەن. سىز دائىم ماڭا ئوخشاش ئاياللارغا ئۇچراپ تۇرسىزغۇ دەيمەن.

— كېرەك يوق، — دېدى جۇلىيېت، — چىش دوختۇرىنىڭ يېنىدىن چىقمىغان ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنىڭ ئۈستىدە بولمىغان بولسىلا هېچ گەپ بولمايدۇ.

ئۇ ئايال جۇلىيېت بىلەن تەڭ دېمەتلىكتەك قىلاتتى، ئۇزۇن،

قاپقارا چاچلىرىنىڭ ئارىلىرىدىكى ئاق چاچلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى، گەرچە قىلغاندەك ئەمەس، ئۇزۇن ئىشتان كىيىۋالغانىدى. ئۇنىڭ ئۆيى دانىمان ئارىلىدا ئىكەن. جولىيېت بۇنى ئاڭلاپ ئۇنىڭدىن ئۇ ئارالدا «روھنى تەڭشەش مەركىزى» دەيدىغان بىر ئورۇننىڭ بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى.

— مېنىڭ قىزىم شۇ يەردە ئىدى، — دېدى ئۇ، — ئۇ يەرگە بىر مەزگىل «پىنھان ياشاش» ھەم شۇ يەردىكىلەرگە دەرس ئۆتۈش ئۈچۈن كەتكەن. ئۇ يەرنىڭ قانداق ئورۇن ئىكەنلىكىنى تازا بىلىپ كەتمەيمەن. مۆھلىتىنى ئالتە ئاي دېگەندەك قىلغان، ئالتە ئايغىچە بۇ يەرگە كېلىپ باقمىدىم. ئالتە ئاي توشقانىدى، ئۇنى كۆرۈپ كېلەي دەپ يولغا چىقتىم.

— ئۇنداق ئورۇنلار بىرقانچە يەردە بار، — دېدى ئۇ ئايال جاۋابەن، — ئۇ يەرگە ئادەملەر كېلىپ ـ كېتىپ تۇرىدۇ، نېمىشقا كېلىدىغانلىقلىرىنى بىلىپ بولمايدۇ. مەن ئۇلارنى گۇمانلىق ئادەملەر دېمەكچى ئەمەس، ئورمانلىق ئىچىدە پائالىيەت قىلىدىغان بولغاچقا شۇنداق ئويلاپ قالدىم. ئۇ ئادەملەرنىڭ سىرت بىلەن زادىلا ئالاقىسى يوق. بىر تۇرۇپ، ئادەم سىرتتىكىلەر بىلەن ئالاقە قىلىپ تۇرسا، پىنھان ياشايمەن دېگەننىڭ نېمە ئەھمىيىتى قالىدۇ، دەپمۇ ئويلاپ قالىدۇ.

ئۇ ئايال گېپىنىڭ ئاخىرىدا ئۇنىڭغا قىزىڭىزنى كۆرگىلى كېلىپ ياخشى قىپسىز، دەپ قويدى. شۇنداق، جولىيېت قىزىنى كۆرۈپ كېلىشنى ھەر ۋاقىت ئويلاپ كېلىۋاتىدۇ.

— مەن غەلىتە مىجەزلىك بىر ئانا، — دېدى جولىيېت، — مېنىڭ ئۇ قىزىم يىگىرمە ياشقا كىردى — ئەمەلىيەتتە، كېلەر ئايدا يىگىرمە بىر ياشقا كىرەتتى — ئىككىمىز ئاشۇ چاغقىچە يېلىمدەك يېپىشىپلا يۈرگەن، پەقەتلا ئايرىلىپ باقمىغان.

ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ يىگىرمە ياشقا كىرگەن بىر ئوغلى، ئون سەككىز ياشقا كىرگەن قىزىنىڭ بارلىقىنى سۆزلەپ بەردى، يەنە بىر قىزىمۇ بار ئىكەن، بۇ يىل ئون بەش ياشقا كىرىپتۇ.

ئۇنىڭمۇ بەزىدە ئۇلارنىڭ قوللىرىغا پۇل تۇتقۇزۇپ، سىلەرمۇ بىر يەرلەرگە بېرىپ بىر مەزگىل پىنھان ياشاپ كېلىڭلارچۇ، بىرىڭلار بولسىمۇ مەيلى، دېگۈلىرى كېلىدىكەن، ئۇچىلىسى كەتسە تېخىمۇ ياخشى دەپ ئويلايدىكەن.

— سىزگە قارىغاندا مەن ياخشىكەنمەن، مېنىڭ بىرلا بالام بار، بۇ قېتىم كېلىشىمدە ئۇنى پاراخوتقا سېلىپ ئەكېتەيچۇ دېدىغان نىيىتىم يوق، بىرنەچچە ھەپتىگە بولسىمۇ ئۆيگە بېرىپ تۇرۇپ كەل دېمەيمەن.

جۇلىيېت ئۆزىنىڭ بالىسىنى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ يالغاندىن رەنجىيدىغان قىياپەتكە كىرىۋالىدىغان ئاياللار قاتارىدىن ئاسانلا ئورۇن ئېلىپ قالىدىغان ئانىلار تىپىغا كىرىپ قالغانلىقىنى ھېس قىلمايمۇ تۇرالمايتتى (جۇلىيېت ھازىر كىشىلەردە ئۆزىگە قارىتا ياخشى تەسىرات قالدۇرالايدىغان مۇتەخەسسىسكە ئايلىنىپ قالغانىدى). پېنېلوپىمۇ ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلىگۈدەك ئىشىمۇ قىلمايتتى. ئىنتايىن رايىش ئىدى. ئەگەر جۇلىيېتقا راست گېپىنى قىلىشقا توغرا كەلسە، قىزىدىن ئالتە ئاي ئەمەس، بىر كۈن ئايرىلىشمۇ ئېغىر كېلەتتى. پېنېلوپ بىر قېتىم يازلىق تەتىلدە بانف①قا پىدائىي بولۇپ بارغان، چوڭ ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ مېكسىكىغا ساياھەتكە بېرىپمۇ كەلگەنىدى. يەنە بىر قېتىم ماشىنا توسۇپ نيۇفوندلاندقىمۇ بېرىپ كەلدى. ئۇمۇ جۇلىيېتتىن بىر كۈنمۇ ئايرىلىپ باقمىغانىدى. ئالتە ئاي ئايرىلىش بۇنىڭدىن بۇرۇن پەقەتلا بولۇپ باقمىغان ئىش ئىدى.

«ئۇ ماڭا دائىم خۇشاللىقلا ئەكېلىدۇ، — جۇلىيېت شۇنداق دېيىشكە تامامەن ھەقلىق ئىدى، — بۇ ئۇنىڭ ناخشا ئېيتىپ، ئۇسسۇل ئويناپ ئادەمنى دائىم خۇشال قىلىپ تۇرۇشىدىن، كىشىگە ئىللىقلىق كېلىدىغانلىقىدىنلا ئەمەس. ئۇ ھەر ۋاقىت،

① بانف — كانادانىڭ ئېبوتا ئۆلكىسىدىكى مەشھۇر ساياھەت ئورنى.

ھەر زامان خۇشال، ئوچۇق - يورۇق يۈرىدىغان قىز. مەن ئۆزۈم تەربىيەلەپ چىققان قىزىمنىڭ ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك مۇنەۋۋەر قىز بولۇپ چىقىشىنى ئارزۇ قىلاتتىم. ئۇ شۇنچىلىك نازاكەتلىك، كۆيۈمچان قىز بولۇپ چوڭ بولدى، خۇددى بۇ دۇنيادا سەكسەن يىل ياشىغان ئادەمنىڭ ئەقلىدەك ئەقىلگە ئىگە، ھەرقانداق ئىشنى ئەقىل ئەلگىكىدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرۇپ قىلىدۇ، بىر ئىشقا يولۇقسا ماڭا ئوخشاش باش - كۆزىنى تاپالمايدىغانلاردىن ئەمەس. ئەمما، سەل جىمغۇر، بۇ تەرىپى دادىسىغا ئوخشايدۇ. ئۇ پەرىزاتلاردەك گۈزەل، چاچلىرى ئاپامنىڭ چاچلىرىغا ئوخشاش ئالتۇن رەڭ، تىرىسى ئاق، ئاپىسىنىڭكىدەك يىرىك ئەمەس، ئۇ ساغلام ھەم لاتاپەتلىك، بەدىنى تولۇق، خۇددى مەخسۇس ياسالغان گۈزەللىك ھەيكىلىنىڭ ئۆزى. ئادەتتىكى ئايالار ئۇنىڭغا ھەسەت قىلىشىدۇ، لېكىن مەن ئۇنداق قىلمايمەن. ئۇنداق خىيالمۇ ھەم مەندە بولۇپ باقمىغان. ئۇ يېنىمدا بولمىغان بۇ ئۇزاق كۈنلەردە — ئۇنىڭدىن ھېچقانداق خەۋەر بولمىدى. «روھىي تەڭشەش» ئېلىپ بېرىۋاتقاندا خەت يېزىش، تېلېفون بېرىشلەر قاتتىق چەكلىنىدىكەن — مەن خۇددى چۆلدە قالغان ئادەمدەك يۈردۈم. ئۇنىڭدىن خەۋەر كەلگەن چاغدا بولسا شەبنەم سۈيىدىن تولدۇرۇپ بىر جام ئىچىۋەتكەندەك ئاجايىپ خۇشال بولدۇم ھەم خاتىرجەملىككە ئېرىشتىم.»

«يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن سېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋالسام، دېمەن، ئاپا، ئەمدى بىزنىڭ كۆرۈشىدىغان ۋاقتىمىز يەتتى.» پېنېلوپ ئاپىسىغا ئەۋەتكەن ئاتكرىتكىغا شۇنداق دەپ يازغانىدى.

جۇلىيېت ئۆيگە قايتىپ كېلىۋېتىپ، ئاتكرىتكىدىكى بۇ گەپنىڭ راستلا شۇنداق مەنىدىكى گەپ بولۇشىنى، باشقىچە گەپ بولماسلىقىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى.

پېنېلوپ ئاتكرىتكىغا يەنە ئۆزى تۇرۇۋاتقان يەرنىڭ

خەرىتىسىنى سىزىپ قويغانىدى. جۇلىيېت خەرىتىدە سىزىلغىنى بويىچە مېڭىپ ئاھايىتى تېزلا بىر چېركاۋنىڭ ئالدىغا كەلگەنىدە ماشىنىسىنى توختاتتى، چېركاۋنى يەتمىش بەش ـ سەكسەن يىللىق تارىخقا ئىگە چېركاۋ دېيىشكىمۇ بولاتتى. چېركاۋنىڭ تاملىرى ھاك بىلەن ئاقارتىلغان. جۇلىيېت چوك بولغان يەرنىڭ چېركاۋلىرىدەك ئەمەس. قەدىمىي چېركاۋلاردەك كۆرۈنەتتى، ئادەمنى كۆركەملىكى بىلەن قاتتىق ھاياجانغا سالاتتى. چېركاۋنىڭ كەينىدە يېڭىدىن سېلىنغان بىر ئىمارەت بار ئىدى، ئالدى تېمى پۇتۇنلەي ئەينەك، ئۆگزىسى يانتۇ ئىدى. بىنانىڭ ئالدىدا ئاددىي بىر سەھنە، سەھنىنىڭ ئاستىغا ئادەملەر ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇقلار قويۇلغان، قالغان يېرى كەڭرى مەيدان، مەيداننىڭ بىر يېرىدە يوغان بىر تور بىر ياغاچقا ئېسىقلىق تۇرۇپتۇ. بۇ يەردىكى ھەممىلا نەرسە ئاددىي ھەم سۆرۈن ھالەتتە. بۇرۇن بوش يەر بولسا كېرەك، چېركاۋ ئۆتكۈزۈۋېلىپ مەيدان قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ، ئەتراپىغا ئاق تېرەكلەرنى تىكىۋېتىپتۇ.

سەھنىنىڭ ئۈستىدە بىرقانچە ئادەم ياغاچچىلىق قىلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئەر ياكى ئايال ئىكەنلىكىنى پەرق قىلغىلى بولمىدى. يەنە بىرنەچچە ئادەم پەستىكى ئورۇندۇقلاردا رەتلىك ئولتۇرۇپتۇ، ئۈستىلىرىدە پوپلار كىيىدىغاندەك ئەمەس، ئادەتتىكىلەر كىيىپ يۈرىدىغاندەك ئاددىي كىيىملەر. بىرنەچچە مىنۇتقىچە ھېچكىم جۇلىيېتنىڭ ماشىنىسىغا دىققەت قىلمىدى. بىرئازدىن كېيىن پەستە ئولتۇرغان ئادەملەرنىڭ بىرسى ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭغا قاراپ كەلدى، كۆزئەينەك تاقىۋالغان، دوغىلاق پاكار ئادەم ئىكەن.

جۇلىيېت ماشىنىسىدىن چىقىپ ئۇ ئادەم بىلەن سالاملىشىپ بولۇپ، ئۆزىنىڭ پېنىلوپېنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى دېدى. ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا گەپ قىلماي ـــ بەلكىم يات ئادەملەرگە گەپ قىلمايدىغان بەلگىلىمىسى بولسا كېرەك ـــ بېشىنى لىڭشىتىپ

قويۇپ، كەينىگە بۇرىلىپلا چىركاۋ تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇزاق ئۆتمەي چىركاۋنىڭ ئىچىدىن بىرسى چىقىپ كەلدى، ئۇ پىنىلوپ ئەمەس، مىڭىشلىرى ئاستا، سىمىز، ئاق چاچلىق بىر ئايال ئىدى. ئۇستىدە پادىچىلار ئىشتىنى بىلەن بۆكى بار تەنھەرىكەت كىيىمى تۇراتتى.

— سىز بىلەن كۆرۈشكىنىمدىن تولىمۇ خۇرسەنمەن، — دېدى ئۇ، — قېنى مەرھەمەت، دوۋېنىغا مەن چاي دەملەپ قويۇشنى تاپىلاپ قويدۇم.

ئۇ ناھايىتى ئوچۇق چىراي، چىرايىدىن كۈلكە كەتمەيدىغان مۇلايىم ئايال ئىكەن، كۆزلىرى كىشىلەر چاقناپ تۇرىدىغان كۆزلەر دەپ تەرىپلەيدىغان نۇرلۇق كۆزلەر ئىكەن.

— مېنىڭ ئىسمىم جوئان، — دېدى ئۇ ئۆزىنى تونۇشتۇرۇپ. جۇلىيېت ئۇنىڭ ئىسمىنى «جەنئان» دېگەندەك دىنىي ئىسىم ياكى شەرقلىقلەرگە خاس دىن بىلەن مۇناسىۋەتلىك بىرەر ئىسىم دەپ ئويلىغان، ئەمما ئادەتتىكى ئىسىملارغا ئوخشاش جوئان بولىدىغانلىقى پەقەتلا خىيالىغا كېلىپ باقمىغانىدى. كېيىن جوئان پاپا [1] يادىغا كېلىپ قالدى.

— مەن ئورنۇڭلارنى توغرا تېپىپ كەپتىمەن، شۇنداقمۇ؟ دانىمان، توغرىمۇ؟ بۇ يەرلەر ماڭا ناتونۇش، خۇددى قارىغۇدەك بۇ يەرنىڭ ھېچنېمىسىنى بىلمەيمەن، — ئۇ ئۆزىنى ئازادە تۇتۇش ئۈچۈن ئەتەي شۇنداق دەپ قويدى، — بىلگەن بولسىڭىز كېرەك، مەن پىنىلوپنى كۆرگىلى كەلگەن.

— توغرا، بۇنى مەن بىلدىم، پىنىلوپنى كۆرگىلى كەپسىز، — ئۇ بۇ گەپلەرنى خۇددى بىر ئىشنى تەبرىكلەۋاتقان تەلەپپۇزدا بىر سۆز - بىر سۆزدىن دېدى.

چىركاۋنىڭ دېرىزىلىرىگە بىنەپشە رەڭ پەردىلەر تارتىلغان بولغاچقا، قاراڭغۇراق ئىدى. چىركاۋ ئىچىدىكى ئورۇندۇقلار

[1] جوئان پاپا — كاتولىك دىنىنىڭ تارىختا ئۆتكەن ئايال پاپىسى، ئۇنىڭ ئىسمىمۇ «جوئان».

بىلەن باشقا ئەسلىھەلەرنىڭ ھەممىسى چىقىرىۋېلىنىپ، دوختۇرخانىلارغا ئوخشاش ئاق خەسە رەختلەر بىلەن ئايرىم-ئايرىم ئۆيلەرنى ياساپ قويۇپتۇ. جۇلىيېتنى باشلىغان ئۆيدە كارىۋات يوق، بىر ئۇستەل بىلەن بىرلا پىلاستىماسسا ئورۇندۇق بىرنەچچە جاۋەنلا تۇراتتى، جاۋەنلەرنىڭ ئۈستىلىرى ھەر تۈرلۈك قەغەزلەر بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ.

— كەچۈرۈڭ، بىزنىڭ بۇ يەرنى تېخى تولۇق رەتلەپ بولالمىدۇق، ھەممە يەر مانا مۇشۇنداق قالايمىقان، — دېدى جوئان، — سىز جۇلىيېت بولامسىز؟ سىزنى جۇلىيېت دەپ ئاتىسام بولامدۇ؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ.

— مەن داڭلىق شەخسلەر بىلەن سۆزلىشىپ ئادەتلەنمىگەن، — جوئان خۇددى ئىبادەت قىلىۋاتقاندەك ئىككى قولىنى جۈپلەپ ئېڭىكى ئاستىغا تىرەپ تۇرۇپ گەپ قىلىۋاتاتتى، — مەن شۇ تۇرقىدا رەسمىي پاراڭلاشقاندەك پاراڭلىشالمدۇق ياكى ئەركىن ئولتۇرۇپمۇ، بىلەلمەي تۇرۇۋاتىمەن.

— مەن داڭلىق شەخسلەر قاتارىدىكى ئادەم ئەمەس، — دېدى جۇلىيېت.

— ياق، سىز داڭلىق ئادەم، بۇنچىلىك كەمتەرلىكمۇ قىلماي كەتمەڭ. سىزگە قورۇنماي تۇرۇپ شۇنى دېگۈم كېلىدۇ، سىزنىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىڭىزگە بەكمۇ قايىل. ئۇ نەتىجىلىرىڭىز قاراڭغۇلۇق ئىچىدىكى يورۇقلۇقتەك چاقناپ تۇرىدىغان نەتىجىلەر. سىز چىقىدىغان ئۇ پىروگراممىلا شۇنچە پىروگراممىلارنىڭ ئىچىدە كۆرۈشكە ئەرزىيدىغان بىردىنبىر پىروگرامما.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى جۇلىيېت، — مەن پېتىنىپ ئەۋەتكەن ئاتكرىتكىنى تاپشۇرۇۋېلىپ...

— مېنىڭ ئۇنىڭدىن خەۋىرىم بار، ئەمما سىزگە بىر ئىشنى دېمەيمۇ تۇرالمايمەن، جۇلىيېت، مېنى كەچۈرۈڭ، مېنىڭ سىزنى

پەقەتلا نائۈمىد قالدۇرغۇم يوق ئىدى، ئامالىم بولمىدى، پېنېلوپ بۇ يەردە ئەمەس.

ئۇ ئايال ئۇ گەپنى — پېنېلوپ بۇ يەردە ئەمەس دېگەن گەپنى — تولىمۇ بوش، خۇددى چاقچاق قىلىۋاتقاندەك ئاھاڭدا دېدى. ئاڭلىغان ئادەم ئۇنى چوقۇم چاقچاق قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالاتتى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ئۇ گېپى جۇلىيېتقا ئىككى ئادەم چاقچاقلىشىپ ئولتۇرغاندەك ئاڭلاندى.

جۇلىيېت ئاڭلاپ ئىختىيارسىز ئىچىگە چوڭقۇر بىر تىنىپ قويدى، ئاغزىغىمۇ گەپ كەلمەي، قورقۇنچ پۈتۈن ۋۇجۇدىنى چىرمىۋالغاندەك بولۇپ مىدىر ـ سىدىر قىلالماي ئولتۇرۇپ قالدى، ئۇنىڭ كۆڭلىگە كەچكەن ئىش ئاخىر يۈز بەرگەندەك قىلاتتى. ئۇ ئۆزىنى قاتتىق تۇتۇۋېلىپ، بۇنىڭ زادى قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى بولۇۋاتقاندەك ئىختىيارسىز سومكىسىنى ئېچىپ ئىچىنى ئاختۇرغىلى تۇردى.

— ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ئۈمىدىنى...

— ئۇنى مەن بىلىمەن، بىلىمەن، — دېدى جوئان، — ئۇ ئەسلىدە سىزنى ساقلىماقچىدى، لېكىن سىزنى ساقلاشقا ئامالسىز قالدى، سىزنى ساقلىيالمايتتى...

— ئۇ ھازىر نەدە؟ قەيەرگە كەتتى؟

— ئۇنىڭ نەدىلىكىنى سىزگە دەپ بېرىشكە ئامالسىزمەن.

— دەپ بېرىشكە ئامالسىزمۇ ياكى دەپ بەرگۈڭىز يوقمۇ؟

— ئامالىم يوق ھەم ئۇنىڭ نەدىلىكىنىمۇ بىلمەيمەن، ئەمما سىزگە بىرنەرسىنى دەپ قويسام بولىدۇ، شۇنى دەپ بەرسەم خاتىرجەم بولۇشىڭىز مۇمكىن. ئۇ مەيلى نەگە بارسۇن، نېمە ئىش قىلىشنى قارار قىلسۇن، ئۇستىدىن چاتاق چىقمايدۇ. ئۇنىڭ مىجەزى، روھى ۋە ئالغان تەربىيەسىدىن قارىغاندىمۇ ئۇ چوقۇم توغرا ئىشنى تاللايدۇ.

جۇلىيېت ئۇنىڭ بىلەن بۇ بىر ئىشنى تالىشىپ تۇرىۋېرىشنى خالىمىدى. ئۇ روھ دېگەن بۇ گەپتىن شۇنچىلىك بىزار ئىدى.

تووۋا ـ ئىستىغپاردىن تارتىپ ئىبادەت قىلىشلارغىچە بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە روھنى ئايلاندۇرۇۋېتىش ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئاچچىقىنى كەلتۈرۈپ قوياتتى. بۇگۈن بۇ ئىشنىڭ پېنېلوپتەك يۇقىرى سەۋىيەلىك بىر قىزنىڭ بېشىغا كېلىشى جولىيېتنى قاتتىق چۆچۈتتى.

— مەن ئۆزۈمنى بۇ ئىشنىڭ سەۋەبىنى بىلىشكە ھەقلىق دەپ قارايمەن، — دېدى ئۇ، — بەلكىم ئۇ ئۆزىنىڭ بىرەر نەرسىسىنى ئاپىرىپ بېرىشىمگە موھتاج بولۇپ تۇرۇۋاتقاندۇ.

— كىيىملىرىنى دېمەكچىمۇسىز؟ — دېدى جوئان خۇددى ھازىرلا كۆلۈۋېتىدىغاندەك قىلىپ. چىرايىدىكى ئۇ خىل ھالەتنى ئۇ دەررۇلا ئۆزگەرتىپ مۇلايىم قىياپەتكە كىرىۋالدى، — پېنېلوپ ھازىر ئۆزىنىڭ كىيىملىرى بىلەن باشقا لازىمەتلىكلىرىگە بەكمۇ كۆڭۈل بۆلۈپ كەتمەيدۇ.

جولىيېت بەزىدە گەپ ئارىلىقلىرىدا قارشى تەرەپنىڭ ئىچىدە قايناپ تۇرۇۋاتقان كۈچلۈك بىر ئۆچمەنلىكنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى سېزىپ قالاتتى. سۈرەتكە ئېلىش ئاپپاراتى ئېچىلىشتىن ئىلگىرى بۇ خىل ھالەت روشەن بىلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئاپپارات ئېچىلغاندىن كېيىن ئۇ خىل ئەھۋال يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتتى. جولىيېت بايانىدىن ئۆزى ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمىگەن بىر ئادەم ئەمدىلىكتە كۆزلىرىگە ئۇچىغا چىققان بىر ھاماقەت ئادەم بولۇپ كۆرۈنۈپ كېتىۋاتاتتى. بۇنداق ئادەملەر كۆرۈنۈشتە كۆلۈپ تۇرغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئىچىدە زەھەر قاينايدىغان ئادەملەر، سىزگە چىش ـ تىرنىقى بىلەن ئۆچلۈك قىلىدۇ. بۇنداق ئادەملەرنىڭ ئالدىدا سىز بىر ئىشلارغا ھەيران قېلىۋاتقاندەك ياكى دۈشمەنلىك نەزىرىڭىز بىلەن قاراۋاتقاندەك بولماسلىقىڭىز كېرەك.

— مېنىڭ بايام قىزىڭىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى توغرۇلۇق قىلغان گېپىم ئۇنىڭ روھىي جەھەتتىن ئۆسۈپ يېتىلىشىگە قارىتىلغان، — دېدى جوئان.

— ئۇنى مەن چۈشەندىم، — دەپ جاۋاب بەردى جۇلىيېت ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ.

— بۇ پېنېلوپىنىڭ ھاياتىدىكى ئىنتايىن ياخشى پۇرسەت، غەيرىي، غەيرىي ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدۇ. بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئۇنىڭ ئۇنداق ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرۇشلىرىمۇ ھاجەتسىز ئىدى، چۈنكى ئۇ ئاشۇنداق ئادەملەرنىڭ ئالدىدا چوڭ بولغان. سىز ئۇنىڭ ئانىسى، ئۇنى سىز تەربىيەلەپ چوڭ قىلغان، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ مەلۇم جەھەتلەردە يېتەرسىزلىكى يەنە بار. ئادەم چوڭ بولغاندا شۇ خىل يېتەرسىزلىكنى ھېس قىلىپ يېتىدۇ...

— شۇنداق، — دېدى جۇلىيېت، — باللار چوڭ بولغاندىن كېيىن ھەر خىل ئاغرىنىشلاردا بولىدىغانلىقىنى مەن بىلىمەن. جوئان ئاخىر ئۆزىنىڭ كوزىرىنى كۆرسىتىش قارارىغا كەلدى.

— پېنېلوپ ھاياتىدا روھىي مۇكەممەللىككە — بۇ گەپنى چوقۇم دېيىشىم كېرەك — ئېرىشەلمىگەن يەرلىرى بارمۇ - قانداق؟ قارىغاندا، ئۇ ئېتىقادى كۈچلۈك ئائىلىدە چوڭ بولمىغاندەك قىلىدۇ.

— دىندا چەكلەنمىگەن ئىشلار توغرۇلۇق ئەركىن پىكىرلەشسەك بولىدۇ، قېنى، سۆزلەۋېرىڭ.

— سىزنىڭ دىن توغرۇلۇق گەپلىشىش ئۇسۇلىڭىز بويىچە سۆزلەشسەكمۇ بولىدۇ. سىلەر زىيالىيلارنىڭ ئۇسۇلى بويىچە سۆزلىشەمدۇق يا؟ سىز ناھايىتى ئەقىللىك ئايال، مېنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى چۈشەندىڭىز، — ئۇ خۇددى كەڭ قورساقلىق قىلغاندەك، گېپىنىڭ ئاخىرىغا شۇ گەپنى قوشۇپ قويدى.

— سىزنىڭ ئويلىغىنىڭىزدەك بولسۇن.

جۇلىيېت بۇ سۆھبەتتە ئۆزىنىڭ كونتروللۇقىنى ئاستا - ئاستا يوقىتىۋاتقانلىقىنى ئاخىرىدا پۈتۈنلەي يوقىتىپ قويۇش

www.uyghurkitap.com

ئېھتىمالىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى بىلىپ تۇرۇۋاتاتتى.

— بۇ گەپلەرنى مەن دەۋاتقىنىم يوق، جولىيېت، ھەممىسى يېنىلوپ دېگەن گەپلەر، ئۇ تولىمۇ ئوماق ياخشى قىز، بىرنىڭ يېنىمىزغا ئىنتايىن كۈچلۈك روھىي ئاچلىق بىلەن كەيپىگەن. ئۇ ئاچلىق ئۇنىڭدا ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئىرىشەلمەي كەلگەن نەرسىدىن باشلىنىپتۇ، سىز بولسىڭىز ئۇنىڭ بۇ خىل ھالىتى بىلەن كارىڭىز يوق، ئىشلىرىڭىزدا مۇۋەپپەقىيەت قازىنىشىنىڭ شان ـ شەرەپلىرى ئىچىدە يۈرۈۋېرىپسىز. ئەمما، جولىيېت، سىزگە دېسەم، قىزىڭىز يېتىمسىرەش، بەختسىزلىك ئىچىدە قاپتۇ.

— كۆپ سانلىق ئادەم بۇ ۋاقىت ياكى ئۇ ۋاقىت ئىچىدە ئاشۇنداق يېتىمسىرەش ياكى بەختسىزلىك ئىچىدە قالامدۇ؟

— بۇ مەسىلىگە ئەسلىدە مەن جاۋاب بەرمەسلىكىم كېرەك ئىدى، جولىيېت، سىز مەسىلىلەرنى ئىچكىرىلەپ كۆزىتەلەيدىغان خانىم، سىزنى دائىم تېلېۋىزوردا كۆرۈپ، بۇ ئايال قانداق بولۇپ مەسىلىلەرنىڭ ماھىيىتىگە بۇ دەرىجىدە چوڭقۇر چۆكۈش بىلەن تەڭ يەنە قانداق بولۇپ ئاشۇنداق مۇلايىم رايىش خاراكتېرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىيەلىگەندۇ، دەپ ھەيران بولاتتى. شۇنداق چاغلاردا سىز بىلەن يۈزمۇيۈز ئولتۇرۇپ مۇشۇنداق پاراڭلىشىمەن دەپ پەقەتلا ئويلاپ باقمىغان. ھازىر پاراڭلىشىپلا قالماي يەنە سىزگە ياردەم بېرىدىغان بىر يۈكسەكلىكتە تۇرۇۋاتقىنىمغىمۇ ھەيرانمەن...

— بۇ گېپىڭىزدە سىز خاتالاشتىڭىز.

— سىز ئۆزىڭىزنى رەنجىپ قالغاندەك ئويلاۋاتىسىز. راست رەنجىپ قالدىڭىز، بۇ تەبىئىي ئەھۋال.

— رەنجىمىدىم، رەنجىمىدىم، ئۆزۈمنىڭ ئىشى.

— ئۇ شۇنداق، چۈنكى نېمىلا دېگەنبىلەن بۇ ئىشلار بىلەن بۇ گەپلەر سىز بىلەن مۇناسىۋەتلىكتە.

پىنپىلوپىنىڭ ئىككى ھەپتىنىڭ ئالدىدا جۇلىيېتقا خەت يازغانلىقى راست ئىدى، جۇلىيېت ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈن ئاتكرىتكىسىغا يېزىپ ئەۋەتكەن ئۇ خېتىنى تاپشۇرۇۋالغانىدى. شۇ كۈنى يەنى 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى ئۇنىڭ ــ پىنپىلوپىنىڭ ــ يىگىرمە بىر ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنى ئىدى. ئۇ تاپشۇرۇۋالغان ئاتكرىتكا ئويۇنچۇق قاتارىدىكى قوپال ئاتكرىتكا ئەمەس. نەپىس ئىشلەنگەن، كۆرگەن ئادەمنى ھاياجانغا سالغۇدەك ھەم چىرايلىق ئاتكرىتكا ئىدى. ئۈستىدە ئۈچ دەستە گۈلنىڭ سۈرىتى بار، بىرى ئىنچىكە يىپەك لېنتا بىلەن چىگىلگەن، ئاستى تەرىپىدە تۇغۇلغان كۈن مۇبارەكلەنگەن بىر نەچچە خەت بار، ئۇ خەتلەر ئىچكى بېتىدىمۇ تەكرارلانغان، «تەبرىكلەيمەن»، «ئىنتايىن» دېگەن خەتلەرگە ئالتۇن ھەل بېرىلگەن.

ئاتكرىتكىدا ئەۋەتكەن ئادەمنىڭ ئىسمى يوق ئىدى، جۇلىيېت دەسلەپتە بىر سىنىڭ پىنپىلوپقا ئەۋەتكەن ئاتكرىتكىسى ئوخشايدۇ، ئىسمىنى يېزىشنى ئۇنتۇپ قاپتۇ. مەن كونۇۋېرتنىڭ ئاغزىنى خاتا ئېچىپ قالغان ئوخشايمەن. ئىسمى پىنپىلوپقا ئوخشايدىغان، تۇغۇلغان كۈن ـ ئايلىرىمۇ ئوخشاش بىر سىنىڭ ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ چىش دوختۇرىنىڭ ئەمەس، شوپۇرلۇق مەكتىپىدىكى مۇئەللىمىدۇ؟ ئۇ كونۇۋېرتقا ئىنچىكىلەپ يەنە بىر قېتىم قاراپ، ئۆزىنىڭ ئىسمى ئىكەنلىكىنى بىلدى، نەق شۇ، پىنپىلوپىنىڭ خېتى، ئۆز قەلىمى بىلەن يېزىپتۇ.

ئۇ كونۇۋېرتنىڭ ئۈستىگە بېسىلغان پوچتا تامغىسىدىن ئەۋەتكەن يەرنىڭ يىپ ئۇچىنى ئىزدىگەنىدى، ئۇ تامغىدا «كانادا پوچتىسى» دېگەن خەتلەرلا بار ئىكەن. جۇلىيېت كونۇۋېرتقا قاراپ قايسى ئۆلكىدىن ئەۋەتىلگەن خەت ئىكەنلىكىنى بىلىشكە شۇنچە ئۇرۇنۇپمۇ تاپالماي، ئاخىر پوچتىخانىغا بېرىپ ئېنىقلاپ بېقىش قارارىغا كەلدى. لېكىن، پوچتىخانىغا بارسا بۇ ئاتكرىتكىنى ئەۋەتكەن يەرنى نېمە ۋەجىدىن سۈرۈشتۈرۈپ قالدىڭ؟ بۇنى بىلىشكە قانداق ھوقۇقۇڭ بار؟ دەپ سوراپ قالسا نېمە دەپ جاۋاب

بەرگۈلۈك؟ ئۇ چاغدا ئۇلار سىينى تونۇۋېلىپ كەينىگە چۈشۈشىمۇ مۇمكىن.

ئۇ ئاخىر كونا دوستى كرىستانى ئىزدەپ باردى. ئۇ كېيىنكى قولتۇقىدا تۇرۇۋاتقان چاغدا ئۇمۇ شۇ يەردە تۇراتتى، ئۇ چاغلاردا پېنېلوپ تېخى تۇغۇلمىغانىدى. كرىستا هازىر قان تومۇرلىرى قېتىشىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، كىمدىسىلانودىكى بىر ساناتورىيەدە داۋالىنىۋاتاتتى. ئۇ ياتقان ياتاق بىرىنچى قەۋەتتە ئىكەن. ئىككىسى ئۇ ئۆزىلا ئىشلىتىدىغان بالكوندا ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى، پەستە كۆن نۇرى تولۇق چۈشۈپ تۇرىدىغان چىملىق، چىملىقنىڭ ئەتراپىدا تامغا يامىشىپ ئېچىلىدىغان قىزىلگۈللەر، ئۇ تەرەپتە تۇرغان بىرنەچچە ئەخلەت ساندۇقلىرىنىڭ ئاغزىلىرى هەم يېپىقلىق.
جۇلىيېت داتمان ئارىلىغا بېرىپ كەلگەن ئىشلارنىڭ هەممىسىنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى. بۇ گەپلەرنى ئۇنىڭدىن باشقا هېچقانداق ئادەمگە دېمىگەن، باشقىلارغا دېيىش هاجەتسىز دەپ قارىغاچقا شۇنداق قىلغانىدى. ئۇ هەر كۈنى مەكتەپتىن ئۆيىگە قايتىپ كېتىۋېتىپ، يول بويى پېنېلوپىنىڭ ئىشىنى ئويلاپ، ئۇنى هازىر بىرەر يەردىكى بىرەر بىنادا ئۆزىنى ساقلاۋاتقاندەك پەرەز قىلىپ كېتەتتى. ئاخىرىدا خىيالى يەنە ئاشۇ — دوستانە بولمىغان — كونۇېرتقا كېتەتتى، كونۇېرتنى ئاچقان چاغدا قوللىرىنىڭ تىترەپ كەتكەنلىكىنى ئويلاپ قالاتتى.
— ئاشۇ ئاتكرىتكىدا بىر گەپ بار، — دېدى كرىستا، — ئۇ ساڭا ئاتكرىتكا ئەۋەتىش ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ئامان - ئېسەن تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلدۈرمەكچى بولغان. دېمەك، ئۇ ئۆزى توغرۇلۇق ئاشۇنداق يوللار بىلەن ساڭا داۋاملىق ئۇچۇر ئەۋەتىپ تۇرىدۇ. چوقۇم شۇنداق قىلىدۇ، سەۋرچانلىق بىلەن كۈتۈپ تۇرغىن.
جۇلىيېت «دوغىلاق موناخ خوتۇن» توغرۇلۇق غەزەپ ئاچچىقى

بىلەن سۆزلەپ كەتتى. دەسلەپتە ئۇنى مەسخىرە قىلىپ «روئان پاپا» دېگەنىدى، بۇنىڭدىنمۇ پۇخادىن چىقماي يەنە «دوغىلاق موناخ خوتۇن» دەپ تۇرۇۋپ تىللاۋەردى. ئۇ نېمىدېگەن نومۇسسىز ۋاستىلەرنى ئىشلەتكەن، تىلى شېكەر، دىلى زەھەر. ئۇ بېپىنىۋالغان دىنىي تونىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغىنى رەزىللىك، نومۇسسىزلىق، پېنېلوپ ئۇنىڭ چىرايلىق سۆزلىرىگە ئالدىنىپ كېتىپتۇ، بۇنىڭغا ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ.

كرىستىنا ئۇنىڭغا، پېنېلوپ ئاشۇنداقلار ھەققىدە بىرنەرسە يازماقچى بولۇپ ئۇلارنىڭ ئارىسىغا كىرىۋالغانمىدۇ؟ مەسىلەن، ئاخبارات تەكشۈرۈش دېگەندەك خىزمەتلەر زۆرۈرىيىتى بىلەن، ئۇ نەق مەيداندىن تەكشۈرۈش دەپ ئاتىلىدۇ، بۇرۇنقىدەك بىر شەخسنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ ئۇزۇندىن ئۇزۇنغا يېزىلىدىغان، يازغان نەرسىلىرىدە ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرىدىغان ئۇنداق خەۋەرلەر ھازىر ئاقمايدىغان بولۇپ قالدى.

— ئۇنداق بولسا ئۇ بۇنداق تەكشۈرۈشنى ئالتە ئايمۇ ئېلىپ بارامدۇ؟ — دېدى جۇلىيېت، — پېنېلوپقا «دوغىلاق موناخ خوتۇن»دەكلەرنى تەكشۈرۈپ ئېنىقلاشقا ئون مىنۇت بولسىلا كۇپايە.

— راست بۇمۇ بىر غەلىتە ئىش، — دېدى كرىستىنامۇ ئىقرار بولۇپ.

— تەكشۈرگەن نەرسىلىرىنىڭ ئازراقىنى ئاشكارىلاپ كۆپىنى ئاشكارىلىمايدىغانمۇ ئىش بولامدۇ؟ — دېدى جۇلىيېت، — مەن شۇ چاغدا ئۇ خوتۇندىن ئازراق بىرنەرسىنىمۇ سوراشتىن يىرگەنگەن، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقىنىم ئۈچۈن ئۆزۈمنى ھاماقەت ئادەمدەك ئويلاپمۇ قالغان. پېنېلوپنىڭ شۇنچە ئۇزاق ئۇلارنىڭ ئىچىدە تۇرۇپ قېلىشى، ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىشلىرى سال بىلەن دېڭىزدا ئۈزۈپ يۈرگەنگە ئوخشاش ئىش ئەمەسمۇ؟ بۇنىڭغا ئۇ قانداق چىدايدۇ؟ ئۇ خوتۇننىڭ گەپلىرى مېنىڭ بېشىمنى ئايلاندۇرۇۋەتكەن، بۇ ناھايىتى ئېنىق ئىش. دىرامىلاردىكى بىر

ئادەم غەلىتە بىر ئىش توغرۇلۇق گەپ قىلسا ھەممە ئادەم بېشىنى بۇراپ شۇنىڭغا قاراپ ئارتۇق گەپ قىلالمىغاندەك، ئۇ ئادەملەر ئۇنىڭغا ھەيران بولۇپ قارايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭ نېمە دېگىنىنى ئۇلار چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ، مېنىڭ قىزىممۇ شۇنداقمۇ، ماڭا ئېنىق ئەمەس...

— ھازىرقى زاماندا ئۇنداق ئويۇنلارنى ئوينىيالايدىغانلار يوق دېيەرلىك، — دېدى كرىستا، — ھازىرقى ئويۇنلار ھەممە ئادەمنىڭ كۆزىنى باغلاپ قويىدىغاندەك ئويۇنلار، ئۇ ئويۇنلارنى كۆرگەن ئادەملەر خۇددى پېنىلوپىقا ساڭا يورىكىدىكى گېپىنى دېيەلمىگەندەك، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ماڭا ئىشەنمىگەندەك بولۇپ قالىدۇ. ئۇنداق ئەھۋالدا ئۇ ماڭا قانداق ئىشىنىدۇ؟ ئۇنىڭ ئۈستىگە مېنىڭ بۇ ئىشلارنى ھامان بىر كۈنى ساڭا دەيدىغىنىمنى ئۇ بىلىدۇ.

جۇلىيېت بىردەم جىمىپ كېتىپ، ئاندىن ئازراق ئاچچىق ئارىلاش:

— بۇ گەپچە، سېنىڭ ماڭا دېمىگەن ئىشلىرىڭمۇ بار ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى.

— خۇدا تورۇپتۇ، جۇلىيېت، — دېدى كرىستا. ئۇنىڭ ئاۋازىدا ئۇنىڭدىن ئاغرىنغاندەك ئالامەت يوق ئىدى، — ئۇنى يەنە قايتا تىلغا ئالمىساڭچۇ.

— بوپتۇ، تىلغا ئالماي، — دېدى جۇلىيېت ماقۇل بولۇپ، — ئومۇمەن ئالغاندا مېنىڭ ھازىر كەيپىياتىم بەكمۇ يامان.

— چىداپ تۇرغىن، ئاتا - ئانا بولغان ئادەم بۇنداق روھىي ئازابلارغا دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. قانداقلا بولمىسۇن، ئۇلار ساڭا ئېلىپ كەلگەن خاپىلىقلىرى ئانچە كۆپمۇ ئەمەس، بىر يىلغا قالماي ئۇ ئىشلار تارىختا ئايلىنىپ كېتىدۇ.

جۇلىيېت ئۇنىڭغا ئەڭ ئاخىرىدا «روھىي تەكشۈرۈش مەركىزى»دىن ئۆزىنىڭ غورۇرىنى يوقاتقان ھالدا قايتىپ چىققانلىقىنى دېمىدى. ئۇ چاغدا ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇپلا ناھايىتى



www.uyghurkitap.com

بىچارە ھەم غەزەپتىن ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ چىقىپ كەتكەندى.

— ئۇ چاغدا ئۇ خوتۇن ساڭا نېمە دېدى؟

دوغىلاق موناخ خوتۇن خۇددى مۇشۇنداق ئاقىۋەتنىڭ ھامان بىر كۈنى يۈز بېرىدىغانلىقىنى بىلىدىغاندەك، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان، ياغلىما ۋە ئىچ ئاغرىتىۋاتقاندەك بىر خىل كۈلكىسى بىلەن يوغان ئاغزىنى چىڭ يۇمۇپ تۇرۇۋالغانىدى.

ئىككىنچى يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، جۇلىيېتقا بىر تېلېفون كەلدى. جۇلىيېت ئۇلارنىڭ تېلېفوندا سورىغان سوئاللىرىغا بۇرۇنقىغا ئوخشاش جاۋاب بەردى. تېلېفوندىكى ئادەمنىڭ دېيىشىچە، پېنېلوپ بىر يىل ئوقۇشتىن توختاپ دەم ئالماقچى، ساياھەتكە چىقماقچى بوپتۇ، نەدە ساياھەت قىلماقچى بولغانلىقى ھازىرچە ئېنىق ئەمەس ئىكەن. شۇڭا، جۇلىيېت ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشەلمەيدىكەن.

جۇلىيېت شۇنىڭدىن كېيىن، پېنېلوپنىڭ ئەڭ يېقىن دوستلىرىدىنمۇ تېلېفون ئالمىدى. بۇ ئۇنىڭ ئۇ يېقىن دوستلىرىنىڭ پېنېلوپنىڭ ھازىر قەيەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى ئېنىق بىلىدىغانلىقىنى بىلدۇرۇپ تۇرۇۋاتاتتى. يا بولمىسا ئۇلار ھەممىسى بىرلىشىپ چەت ئەلگە چىقىپ كەتتى ياكى باشقا ئۆلكىدىن خىزمەت تېپىپ شۇ ياقلارغا كېتىپ ئالدىراش يۈرۈۋاتىدۇ، يا بولمىسا پېنېلوپ ھەققىدە ئۇنىڭغا خەۋەر بېرىش خەتەرلىك، ئۇلارنىڭ بۇ خەتەرگە تەۋەككۈل قىلغۇسى يوق. (ئۇلار كىشىلىك ھاياتنىڭ مۇشۇ باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بارلىق قەدىناس دوستلىرى، سىلەر يېرىم يىلغىچە كۆرۈپ باقمىغان ئاشۇ ئادەملەر.)

ھازىر جۇلىيېتنىڭ ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ بىرىنچى قىلىدىغان ئىشى تېلېفونى ئۆزى ئۆيدە يوق چاغدا ئۆزىگە كەلگەن تېلېفوندىن بېشارەت بېرىپ لىپىلداپ يېنىپ تۇرۇۋاتامدۇ يوق، شۇنىڭغا

قاراپ بېقىش. ئۇنى خەقلەرنىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ بېرىشكە چاقىرىپ كېلىدىغان تېلېفونلاردىن ئۇ شۇنچىلىك بىزار بولۇپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ ھازىر كەلگەن تېلېفوننىڭ كۆپلۈكىدىن بىزار بولۇپ، تېلېفوننى ئالدىرىماي ئېلىش، قانداق ھالەتتە تۇرۇپ سۆزلىشىش، سۆزلەشكەندە نەپەسنى قانداق ئېلىش دېگەندەك بىر قاتار ئۇسۇللارنى ئۆگىنىۋالغانىدى. بىر جۈملە سۆزگە يىغىنچاقلىغاندا، مەقسىتى تېلېفوننى ئالغان ئادەمنىڭ ئۆزى ئەمەسلىكىنى قارشى تەرەپكە بىلدۈرۈش ئىدى.

لېكىن، بۇنداق ئۈششاق ھەرىكەتلەرنىڭ بىرسىنىڭمۇ رولى بولمىدى. بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن، پېنپلوپنى تونۇيدىغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى يوقاپ كېتىپ، دۇنيا قۇرۇق قالغاندەك بولۇپ قالدى. ئۇ يورۇپ تاشلىۋەتكەن، يورۇپ ئايغىنى چىقىرالمىغان ئوغۇل بالىلار بىلەن ۋىچىرلاپ توختىمايدىغان ئۇنىڭ سىرداش قىز دوستلىرىنىڭ بىرسىمۇ كۆرۈنمەيدىغان بولدى. ئۇ بۇرۇن ئوقۇغان ياتاقلىق خۇسۇسىي مەكتەپ بىلەن دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتە بىللە ئوقۇغان ئۇزاق يىللىق دوستلىرى ۋە ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغدىكى ئۇنىڭ بىلەن ھازىرغىچە ئالاقىسى بار ساۋاقداشلىرىدىنمۇ پەقەتلا تېلېفون كەلمەيتتى ھەم ئۇلار قارىسىنىمۇ كۆرسەتمەيۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ كۆپى بۇ يەرلىك بالىلار ئەمەس ئىدى، بەزىلىرى ئالياسكىدىن، بەزىلىرى شاھزادە گېئورگىيە ئارىلىدىن كەلگەنلەر ئىدى.

مىلاد بايرىمىدىمۇ ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدىن تېلېفون كەلمىدى. 6 ـ ئايدا تۇيۇقسىز يەنە بىر ئاتكرىتكا كېلىپ قالدى، ئۆتكەندە كەلگەن ئاتكرىتكىغا ئوخشاش ئاتكرىتكا ئىدى، ئەمما ئىچىدە بىرمۇ خەت يوق. جۇلىيېت ئاتكرىتكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىشتىن بۇرۇن بىر رومكا ھاراق ئىچىۋالدى. ئاندىن كونۋېرتنى مىكبىر ئۈمىد ـ ئارزۇلار بىلەن ئېچىپ كۆرۈپلا بىر چەتكە چۆرۈۋەتتى ۋە شۇ ئان يىغلاپ، پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك

بېسىپ، ئېيتقۇسىز غەزەپ ۋە ئەلەم بىلەن ئۆينىڭ ئىچىدە پىرقىراپ كەتتى، بىر مۇشتىنى يەنە بىر قولىنىڭ ئالقىنىغا كۈچ بىلەن ئۇرۇپ توختىمايتتى. بۇ غەزەپ، بۇ ئەلەم، بۇ دەردلەرنىڭ ھەممىسى دوغىلاق موناخ خوتۇنغا قارىتىلغانىدى. جۇلىيېت ئەمدى ئۆزىنى بېسىۋالمىسا بولمايتتى. ئاخىر ئۆزىنى بېسىۋېلىپ ئۇزاق ئويلىنىپ ئولتۇرۇپ كەتتى. بىر چاغدا ئۇ خوتۇنغا بولغان نەپرىتى ئاستا ـ ئاستا بېسىلغاندەك بولدى، چۈنكى ئۇ ئايالنىڭ قۇربانلىق قوي بولۇپ، ئۇنىڭ كەينىدە باشقا بىرسىنىڭ بارلىقىنى غۇۋا ھېس قىلىپ قېلىۋاتاتتى.

پېنېلوپىنىڭ چۈشكەن ھەممە سۈرەتلىرى ئۇنىڭ ھۇجرىسىدا ئىدى. ھۇجرىسىدا يەنە كىت قولتۇقىدىن كېتىشتىن ئىلگىرى قېرىنداش، شام قەلەملەر بىلەن سىزغان رەسىملىرى، كىتابلىرى، يازلىق تەتىلدە ئاشخانىدا ئىشلەپ تۇنجى تاپقان پۇللىرى، بىر قېتىملا قەھۋە قۇيۇپ ئىچكىلى بولىدىغان ياۋروپاچە ئىستاكانلىرى، جۇلىيېت بەرگەن سوۋغاتلار، ئۇنىڭدىن باشقا يەنە نۇرغۇن ئويۇنچۇقلىرى بار ئىدى. ۋاقىت ئۆتكەنسېرى ئۇنىڭ بۇ ئۆيى تېخىمۇ ئەتىۋارلىنىپ، جۇلىيېت ئالدىدىن ھەربىر ئۆتكەندە كۆڭلى بىر خىل سۆيۈنۈش ئىچىدە تاتلىق سېزىمگە تولۇپ قالاتتى.

جۇلىيېت پات ـ پات بۇ بىنادىن كۆچۈپ كېتىشنى ئويلاپ قالىدىغان بولۇپ قالدى، يېڭى بىر ئورۇنغا كۆچۈپ بارسا كۆڭلى ئازراق بولسىمۇ ئارام تېپىپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى، لېكىن ئويلاپ بېقىپ، ئۇنداق قىلسا بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدى، بۇ خىيالىنى كىرىستاغىمۇ دېدى. چۈنكى، بۇ پېنېلوپ ئادرېسىنى بىلىدىغان بىردىنبىر يەر ئىدى، پوچتىكەشمۇ ئۇ كۆچۈپ بارغان يەرگە ئۇچ ئايغىچە كونا ئورنىغا كەلگەن خەت ـ چەكلەرنى ئاپىرىپ بېرەتتى، بۇنىڭدىن كېيىن كىم ئاپىرىپ بېرىدۇ؟ پېنېلوپ يېڭى ئادرېسىنى بىلمىسە ئەۋەتىدىغان

نەرسىلىرىنى نەگە ئەۋەتىدۇ؟

— سېنىڭ ئىشلەۋاتقان يېرىڭگە ئەۋەتمەمدۇ؟ — دېدى كرىستا.

— ئۇ يەردە قانچىلىك ئىشلەيدىغىنىمنى نەدىن بىلەي؟ — دېدى جۇلىيېت، — ئۇ بەلكىم پاراۋانلىق جەمئىيەتلىرىنىڭ بىرەرىگە قاتنىشىپ قالغاندۇ؟ ئۇلار ئۇنى سىرتلارغا چىقارمايدىغاندۇ؟ ئۇنى بىرەر ئۆلىمانىڭ يېنىغا كەتمىدى دېگىلىمۇ بولمايدۇ. ئاشۇنداق ئۆلىمالارنىڭ مۇرىتلىرىنى ئۇخلىتىۋېتىدىغان ياكى كوچىغا چىقىرىپ تۈرلۈك ئىشلارغا سالىدىغان ھۈنەرلىرى بار ئىمىش. ئەگەر مەن شۇ چاغدا ئۇنى يەكشەنبىلىك مەكتەپكە بەرمىگەن بولسام، ئۇ ئۆلىمالار ھەرقانچە ئوقۇتمەن دېسىمۇ بۇنداق ئىش يۈز بەرمىگەن بولاتتى. مەن شۇ چاغدا شۇنداق قىلسام بوپتىكەن، شۇنداق قىلغان بولسام مۇداپىئە ئوكۇلى سالغاندەك ئىش بولاتتىكەن، مەن ئۇنىڭ روھىنىڭ ئىچكى ھەرىكەتلىرىگە سەل قاراپ قاپتىمەن، ئاشۇ «دوغىلاق موناخ خوتۇن» شۇنداق دېدى.

پېنېلوپ ئون ئۈچ ياش ۋاقتىدا، توررېنس مەكتىپىدىكى بىر ساۋاقدىشىنىڭ ئۆيىگە بارغان، ساۋاقداشلىرى بىلەن يازلىق تەتىللەردە لاگېرلارغىمۇ چىققان، جۇلىيېتمۇ ئۇنىڭ ئۇ يەرلەرگە بېرىشىنى قوللىغانىدى. پېنېلوپ توررېنس مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدا (ئاپىسى مۇشۇ مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئوقۇش پۇلىدا ئۇنىڭغا ئازراق ئېتىبار قىلىنغانىدى) جۇلىيېت ئۇنىڭ بىرمۇنچە ساۋاقداشلىرى بىلەن دوست بولۇپ ئۆتتۈۋاتقىنىدىن ھەم ئۇ ساۋاقداشلىرىنىڭ ئاتا - ئانىلىرىنىڭ قىزىنى قوبۇل قىلغانلىقلىرىدىن خۇشال بولغان، قىزىنىڭ يازلىق لاگېرغا بارالىغانلىقىمۇ ئۇنى خۇشال قىلغانىدى. يازلىق لاگېرغا ئاسان بارغىلى بولمايتتى، بېرىشقا ئاتا - ئانىلىرىنىڭ شەرتى توشقانلار بارالايتتى. جۇلىيېت شۇ سەۋەبتىن

كىچىك ۋاقتىدا بىر قېتىممۇ يازلىق لاگېرغا بارالمىغانىدى. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ، قىزنىڭ ئۆزى ئېرىشەلمىگەن ئاشۇنداق پۇرسەتلەرگە ئېرىشىپ چوڭ بولۇشىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلغانىدى.

ئېرىك بۇ ئىشلاردىن ئازراقمۇ خاتىرجەم بولالماي يۈرۈۋاتاتتى. ئۇنىڭ قارىشىچە، پېنېلوپ بەكمۇ ياش ئىدى، ئۇنىڭ ئۆزى ناھايىتى ئاز چۈشىنىدىغان ئادەملەر بىلەن ساياھەتلەرگە بىللە چىقىشنى تازا ياخشى كۆرۈپ كەتمەيتتى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆرگەن ـ بىلگەنلىرى ئاز، جەمئىيەت تەجرىبىسى جىق كەم ئىدى. لېكىن، يەنە ئۇنى كۆپچىلىك بىلەن بىللە بولۇش پۇرسەتلىرىدىن مەھرۇم قالدۇرۇشنىمۇ خالاپ كەتمەيتتى.

جۇلىيېتنىڭ خىيالى باشقىچە بولۇپ، پېنېلوپنى دائىم يېنىدا تۇتۇپ تۇرۇۋېلىشنى خالىمايتتى. ئېرىكنىڭ ئويلايدىغىنى، ئۇنىڭدىكى يىگىتلەرگە بولغان ياخشى تەسىراتلىرىنى ساقلاپ قېلىش، ئۇنى مۇھەببەتكە ئايلاندۇرۇۋەتمەسلىك، ئامال بار ئوتتۇرىدىكى دوستلۇقنى ساقلاپ قېلىش، ئەگەر ئۇ خىل مۇناسىۋەت مۇھەببەتكە ئايلىنىپ كەتكۈدەك بولسا ــ مەڭگۈ ئايلىنىپ كېتەلمىسىچۇ ــ ئۇ چاغدا ئۇنى مەيلىگە قويۇپ بېرىش ئىدى. ئېرىك ئامال بار بۇ ئىشلارنى شۇنداق ھالەتتە تۇتۇپ تۇرۇشنى ئويلايتتى.

ئۇ ئەلۋەتتە، شۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، دەپ ئويلىدى جۇلىيېت.

پېنېلوپ ئۆيىدىن نېرى بارمىسا، سۆز ـ ھەرىكەتلىرىدە قائىدىلىك بولسا، ئەلۋەتتە، ئېرىك ئۈچۈن ئۇنىڭدىن ياخشى ئىش بولمايتتى.

جۇلىيېت ئۇنىڭ بۇ كۆڭۈلدىكىدەك خىياللىرىنى بۇزۇپ تاشلىدى. بۇنىڭ بىلەن ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىنى غەزەپلىك ئەيىبلەشلەر باشلىنىپ كەتتى.

ئۇلارنىڭ بۇ تالاش ـ تارتىشلىرى كونا، ئادەتتىكى، ئەھمىيىتى يوق ئىشلار ئۈستىدە كېتىۋاتاتتى. بۇمۇ ئۇلارنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئوتتۇرىسىدا يېڭى ئۆچمەنلىك ۋە بىر - بىرىنى ئەيىبلەشلەرنى قوزغاپ قويدى. بۇ كىچىك ئىشلار قوزغاپ چىققان ۋە ئېرونىڭ ئاغزىنى چىڭ تۇتمىغانلىقىدىن چىققان زىددىيەت ئىدى، ئايلونى مەقسەتلىك ھالدا ئۇلارنى جېدەلگە سالغان دېيىشكىمۇ بولاتتى. ئېرو ئۇلارنىڭ قوشنىسى ئىدى، ئېرىكنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن خوتۇنى بىلەن ياخشى ئۆتەتتى، جۇلىيېت بىلەن ئېقى كېلىشمەيتتى. ئۇنىڭدىن باشقا، جۇلىيېت ئېرىكنىڭ كرىستا بىلەن بىللە بولغانلىقىنى بىلەتتى، يەنە تېخى ئۇ جۇلىيېت بىلەنمۇ كونا ھەم يېقىن دوستلاردىن ئىدى، كرىستا يەنە ئېرىك بىلەنمۇ دوست ئىدى، مۇنداقچە ئېيتقاندا ئۇنىڭ ئاشنىسى ئىدى (ھازىر ئۇنداق دەيدىغان ئادەملەر بولمىسىمۇ)، ئېرىك جۇلىيېتقا ئۆزى بىلەن بىللە بولۇشنى بىلدۈرگەن چاغدا كرىستا بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى ئۈزۈۋەتكەنىدى. جۇلىيېت كرىستانىڭ ھەممە ئىشىنى بىلەتتى، بىلىپ تۇرۇپ ئېرىك بىلەن بىللە ياتقانىكەن، كرىستانىڭ ئۇ ئىشلىرىنى تىلغا ئېلىشنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى ھەم تىلغىمۇ ئالمىغانىدى. جۇلىيېتنىڭ قارشى تۇرىدىغىنى — ئۇ بۇ ئىشنىڭ كۆڭلىگە قاتتىق كەلگەنلىكىنى دېگەن — كېيىن يۈز بەرگەن ئىشلار ئىدى (ئېرىك ئۇ ئىشنىمۇ بۇرۇن بولغان ئىش دەپ تۇرۇۋالدى). ئۇ ئىش پېنېلوپ بىر ياشقا كىرگەن يىلى يۈز بەرگەنىدى. ئۇ چاغدا جۇلىيېت پېنېلوپنى ئېلىپ ئونتارىئوغا دادىسى بىلەن ئاپىسىنى كۆرگىلى كەتكەنىدى. ئۇ شۇ يەردە تۇرۇپ ئېرىكنى ئۆلگۈدەك سېغىنىپ تۇرۇۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە (ئۇ ئۆزىنىڭ شۇنداق بولۇپ كەتكىنىگە ھەرقانداق چاغدا ئىقرار ئىدى) ئېرىك باشقا ئاياللار بىلەن بۇرۇنقى ئىشلىرىنى يەنە باشلىۋالغانىدى.

ئېرىك باشتا، پەقەت بىر قېتىملا شۇنداق ئىش بولدى (ھاراق ئىچىپ مەست بولۇپ قېلىپ ئۆزىنى تۇتالماي قاپتىمىش)، دەپ تۇرۇۋالدى. جۇلىيېت قىستاپ تۇرۇۋالغانىدى، ئاخىر ئۇ ئىشنىڭ بىر قېتىملا بولمىغانلىقىغا ئىقرار بولدى.

ئېسىمدە يوقمىدى؟ راست شۇنداقىدۇ؟ كۆپ قېتىم بولغان بولغاچقا قانچە قېتىملىقى ئېسىمدە قالمىغانمىدۇ؟

ئۇنىڭ خاتىرىسى كۈچلۈك.

كرىستا ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ، ئۇنداق ئىشلارنىڭ بولمىغانلىقىغا ئۇنى ئىشەندۈرمەكچى بولدى (گەپلىرىنىڭ ئۇرانىمۇ ئېرىكنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى). جۇلىيېت ئۇنىڭغا دەررۇ كۆزىدىن يوقىلىشىنى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۆيىگە دەسسىمەسلىكىنى ئېيتتى. كرىستا ئامال يوق ئۇنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ، بىر مەزگىل كالىفورنىيەدىكى ئىنىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ تۇرۇپ كېلىشنى ئويلىدى.

جۇلىيېتنىڭ كرىستاغا خاپا بولۇشى پەقەت شەكىلدىكىلا ئىش ئىدى. ئېرىكنىڭ كونا دوستى بىلەن سامانلىقتا پومداقلىشىپ ئويناپ قويۇشى (ئېرىك ئۇ ئىشنى كىچىكلىتىپ كۆرسىتىش ئۈچۈن ئاشۇنداق قاملاشمىغان بىر ئوخشىتىشنى دېگەنىدى) بىلەن يېڭى تونۇشقان بىرسى بىلەن بىللە بولۇپ قالغىنىغا قارىغاندا نەچچە ھەسسە ئېغىر ئىش ئىكەنلىكىنى ئۇ ئېنىق بىلەتتى، شۇڭلاشقا ئېرىككە بولغان غەزىپى پەلەككە يەتكەن، ئۆزىنى غەزەپتىن پەقەتلا باسالماي قالغانىدى. بۇنداق ئىشلارنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ باشقا ئادەملەرگە قارىشى تۇرغۇدەك مادارى بولامدۇ؟

جۇلىيېت ئېرىكنى ئۆزىنى ياخشى كۆرمەيدىغانغا، ئارزاقمۇ ياخشى كۆرمەيدىغانغا چىقىرىۋەتتى. ئۇنىڭ خىيالىچە، كرىستا ئىككىسى ئۇنى كەينىدىن مەسخىرە قىلىپ ئوينايتتى، باشقىلارنىڭ ئالدىدا كۈلكە قىلاتتى، مەسىلەن، ئېرونىڭ ئالدىدا (ئۇ ئايال شۇنىڭغا ئىزچىل ئۆچمەنلىك قىلىپ كېلىۋاتاتتى) ئۇنى كۆزگە ئىلمايتتى، ئۇنىڭ ئۆزىگە بولغان مۇھەببىتىنى (بۇرۇن جۇلىيېت ئۇنى ياخشى كۆرەتتى) چۆكتۈرەتتى. ئۇنىڭ ئۆزىنى ياخشى كۆرىمەن دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسى ئالدامچىلىق، بىر تىيىنغا ئەرزىمەيدىغان، بىر قېتىممۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە

www.uyghurkitap.com

قىلىپ باقمىغان يالغانچىلىق، ئۇنىڭ ئۇچۇن قىلچە ئەھمىيىتى قالمىغان كۆز بوياماچىلىق ئىدى. ئۇ ئاشۇنداق كىمىنىلا كۆرسە شۇنىڭ بىلەن ئويناپدىغان ئەشەددىي پاھىشىۋاز ئىدى.

يوقىرىدىكى ئۇ خىل قاراشلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقىسى ئەمەلىيەتكە ئازراق يېقىنلىشاتتى، جۇلىيېتنىڭ ئۆزىمۇ مېڭىسى ئازراق سوۋۇغاندىن كېيىن بۇنى بىلگەنمۇ بولدى، باشقا خىياللىرىنىڭ ھەممىسىنى چۆرۈپ تاشلىشىغا شۇنىڭ ئۆزىمۇ يېتىپ ئاشاتتى، ئەسلىدە ئۇنىڭ رولى ئۇنچىلىك چوڭ بولۇپ كەتمىسىمۇ، ئەمما شۇنداق بولۇپ قالدى. ئېرىك ئەھۋالنىڭ نېمە ئۇچۇن بۇنداق تېز ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكىنى بىلەلمىدى — ئۇنىڭ بىلەلمىگىنى راست ئىدى — ئەگەر ئۇ قارشىلىق كۆرسەتكەن، جېدەل قىلغان ھەتتا يىغلىغان (گەرچە كىرىستادەك ئاياللارغا ئۇنداق قىلمىغان ھالەتتىمۇ بولسىمۇ)، ئېرىك ئۇنىڭغا ھەيران قالمىغان بولاتتى، جۇلىيېت راستلا ئازار يېگەن، شۇ ئىشلار تۇيۇقسىز ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندەك بولۇپ قالغان — ئون ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا يۈز بەرگەن مەلۇم بىر ئىش ئۇچۇن — ئىدى، ئېرىكنىڭ ئۇنى چۈشەنمىگىنىمۇ شۇنىڭدىن ئىدى.

بەزىدە ئۇ جۇلىيېتنى مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خۇپسەنلىك قىلىۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپ قالاتتى، بەزىدە يەنە ئۆزىنى زىيانكەشلىككە ئۇچراۋاتقاندەكمۇ ئويلاپ قېلىپ چوڭقۇر قايغۇ ئىچىدىمۇ قالاتتى. بۇنداق قايغۇ ـ ھەسرەت ئۇنىلا ئەمەس، ھەر ئىككىسىنى چىرماپمۇ، ئىككىلىسىگە قاتتىق تەسىر قىلىپمۇ تۇراتتى، قىزىق يېرى، بۇنداق چاغلاردا ئىككىسىنىڭ جىنسىي مۇناسىۋىتى كۆڭۈلدىكىدەك، ئىككىسى ئارزۇ قىلغاندىكىدەك بولاتتى، ئىشنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن، ئېرىك ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇلۇپ كەتكەندەك يەڭگىللەپ، بەختسىز كەچۈرمىشلىرىمۇ نەلەرگە ئۇچۇپ كەتكەندەك ئويغا كېلىپ خۇشال بولۇپ قالاتتى. لېكىن، ئۇ ھەر

قېتىم شۇنداق ھېسسىياتقا كېلىپ قالغانلىرىدا خاتالاشقان بولاتتى.

جۇلىيېت كارىۋاتتىكى ۋاقتىدا خۇشال ھالدا كۇلۇپ تۇرۇپ ئېرىككە پېپىس[1] بىلەن پېپىس خانىمنىڭ ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى. ئۇلار مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلغانلىرىدا ئۆزلىرىنى خۇددى كەينىلىرىگە يېنىپ ياشىرىپ كېتىۋاتقاندەك ئويلاپ قالىدىكەن (جۇلىيېت كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىدىن قول ئۈزگەندىن كېيىن، جىنسىي مۇھەببەت بىلەن جىنسىي مۇناسىۋەتكە ئائىت كىتابلارنى كۆپ ئوقۇيدىغان بولۇپ قالغانىدى). شۇ ياشلىرىدا بۇرۇنقىدىنمۇ كۆڭۈللۈك مۇناسىۋەت قىلىدىغان، ئۇنىڭدىن ئاجايىپ لەززەت ئالىدىغان بولۇپ قالغانىكەن. پېپىس، مېنىڭ خوتۇنۇم مەن ئۇخلاپ قالغاندا مېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەكچىمۇ بولغان، دەپ يازىدۇ. جۇلىيېت مۇشۇ گەپنى ئوقۇغاندا قاقاھلاپ كۇلۇپ كەتكەنىدى. شۇنىڭغا ئوخشاش، جۇلىيېتمۇ كارىۋاتتىكى ئىشلار تۈگەپ، ئېرىك دېڭىزغا راكلارغا سالغان تورنىڭ ئەھۋالىنى بىلىپ كېلىش ئۈچۈن مېڭىپ، ئۇنىڭ بىلەن سۆيۈپ خوشلاشماقچى بولغاندا، خۇددى ئۇ دېڭىزغا بىر ئايال بىلەن ئۇچراشماقچى بولۇپ كېتىۋاتقاندەك يۈزىنى بىر چەتكە ئۆرۈۋېلىپ قوپاللىق قىلغانىدى.

ئۇنىڭ دۈچ كەلگىنى يالغۇز يامغۇرلا ئەمەس ئىدى. ئېرىك دېڭىزغا چىققاندا ئازراقمۇ شامال يوق، دېڭىز يۈزى تىنچ ئىدى. كەچكە يېقىن تۇيۇقسىز شامال چىقىپ كەتتى، شامال شەرقىي جەنۇب تەرەپتىن چىقىۋاتاتتى. بىردەمدىلا مالاسپىنا دېڭىز بوغۇزىدىكى دېڭىز سۈيى تامدەك دولقۇن ياساپ دەھشەتلىك ھۆركىرەشكە باشلىدى. بۇ 6 ـ ئاينىڭ ئاخىرقى ھەپتىسىدىكى

① ساموئېل پېپىس (1633 ـــ 1703) ـــ ئەنگلىيەلىك مەشھۇر يازغۇچى. مەخپىي سېپىر بىلەن كۈندىلىك خاتىرە يېزىپ، ئۆزىنىڭ كەمچىلىك، سەۋەنلىكلىرىنى، ئىنسانلاردىكى ئاجىزلىقلارنى خاتىرىگە ئېلىپ ماڭغان.

www.uyghurkitap.com

ئىش ئىدى. بىر ھەپتىگىچە ھاۋا خۇددى قارا قازاننى كۆمتۈرۈپ قويغاندەك قاپقارا تۇتەك ئىچىدە تۇردى. ھەپتىنىڭ ئاخىرقى كۈنى كېچە سائەت ئون ئەتراپىدا شامال توختاپ دېڭىز يۈزى تىنچلاندى. ئاشۇ كۈنلەردە ئامېرىكا رېۋېر تەرەپتىن كېلىۋاتقان كىچىك بىر پاراخوت يوقاپ كەتتى، پاراخوتتا ئۈچ چوڭ ئادەم ئىككى كىچىك بالا بار ئىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا ئىككى بېلىقچى كېمىسىمۇ سۇغا غەرق بولۇپ كەتتى. ئۇ كېمىلەرنىڭ بىرسىدە ئىككى ئادەم، يەنە بىرسىدە بىر ئادەم بار بولۇپ، ئۇ ئادەم ئېرىك ئىدى.

ئىككىنچى كۈنى ئەتىگەندە شامال ئۇزۇل - كېسىل توختاپ ھاۋا ئېچىلىپ كەتتى، كۈنمۇ چىقتى. تاغلار، دېڭىز يۈزى، دېڭىز بويلىرى قۇياش نۇرى بىلەن پارلىنىپ شۇنچىلىك چىرايلىق، شۇنچىلىك ئۆز كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

يوقاپ كەتكەن ئادەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ خەتەرگە يولۇقۇشى ناتايىن ئىدى، يېقىن بىر يەردىكى نۇرغۇن بوغازلارنىڭ بىرسىگە كىرىپ قالغان بىر ئادەم بىر كېچىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ ئامان قاپتۇ. باشقا بېلىقچىلارنىمۇ ئاشۇنداق بىر سەۋەبلەر بىلەن ئامان قالمىدى دېگىلى بولمايتتى. ئۇلار بۇ يەرلىك ئادەملەر ئەمەس، سىياتۇ تەرەپتىن كەلگەن ساياھەتچىلەر ئىدى. يەرلىك ئورۇنلار دەررۇ پاراخوت، موتورلۇق قولۋاقلارنى چىقىرىپ ئۇ ئادەملەرنى دېڭىزنىڭ قىرغاقلىقا يېقىن ھەممە يېرىدىن ئىزدەشكە باشلىدى.

بىرىنچى بولۇپ بايقالغىنى سۇغا چۆكۈپ ئۆلۈپ كەتكەن ئىككى بالا بولدى، ئىككىلىسى قۇتقۇزۇش كېيىملىرىنى كىيىۋالغانىكەن. ئۇزاقتا قالماي ئۇلارنىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ جەسەتلىرى تېپىلدى. ئۇلار بىللە بىلەن دېڭىزغا چىققان بوۋىسىنىڭ جەسىتى ئەتىسى بايقالدى. بېلىق تۇتۇشقا چىققان ئىككى بېلىقچىنىڭ جەسىتى پەقەتلا تېپىلمىدى. ئۇلارنىڭ پارە - پارە بولۇپ كەتكەن قولۋاقلىرىنىڭ تاختايلىرى مۇساپىرلار قولتۇقىدىكى قۇرۇقلۇقتا يېقىن بىر يەردىن

تېپىلدى.

ئېرىكنىڭ جەسىتى ئۈچىنچى كۈنى چىقتى. ئۇلار ئۇنىڭ جەسىتىنى جۇلىيېتقا كۆرسەتمىدى. ئاڭلىغان گەپلەردىن قارىغاندا، ئۇنىڭ جەسىتى دولقۇنىنىڭ ئۇرۇشى بىلەن قۇرۇقلۇققا چىقىپ قالغاندا، مەلۇم نەرسىلەرنىڭ (ھايۋانلارنىڭ دېمەكچى) بۇزغۇنچىلىقىغا ئۇچراپ كېتىپتۇ.

ئۇنىڭ جەسىتىنى تونۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، يەردىن كۆتۈرۈپ ئېلىپ جەسەت ساندۇقىغىمۇ سالغىلى بولمايتتى. ئېرىكنىڭ ئاغىنىلىرى بىلەن بېلىقچىلار مەسلىھەتلىشىپ جايىدا تۇرغۇزۇپلا كۆيدۈرۈۋېتىشنى قارار قىلدى. بۇنىڭغا قارىتا جۇلىيېت باشقىچە پىكىردە بولمىدى. ئەمما، ئۆلگەنلىك ئىسپات قەغىزى بولۇشى كېرەك ئىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كىت قولتۇقىدىكى دوختۇرخانىنىڭ دوختۇرى پوۋېلغا تېلېفون بەرگەنىدى، ئۇ ئېرىو بىلەن بىر سېستىرانى بۇ ئىشنى ئۆزىگە ۋاكالىتەن بېجىرىۋېتىشكە بۇيرۇدى.

بۇ يەردە دېڭىزدىن چىقىپ قالغان ياغاچلار كۆپ ئىدى، دېڭىزنىڭ تۇزلۇق سۈيىگە تويۇنۇپ كەتكەن بولغاچقا، ناھايىتى ياخشى كۆيەتتى. بىرنەچچە سائەتنىڭ ئىچىدە ھەممە تەييارلىقلار پۈتۈپ بولدى. بۇ خەۋەر ئەتراپقا تېز تارقىلىپ كەتكەنىدى. بىرمۇنچە ئاياللار تاماق قىلىپ كېلىشكە ئۈلگۈرەلمەي ئۆزلىرىلا ئاقا ـ ئارقىدىن يېتىپ كېلىشتى. بۇ يېرىم دىنسىز مۇراسىمغا يېتەكچىلىك قىلىشۋاتقىنى ناۋېيا ئىرقىدىكى بىر ئايال ئىدى، گەۋدىسى تۈپتۈز، ئاپپاق چاچلىرى شامالدا يەلپۈنۈپ تۇراتتى، كىشىگە گويا تۇغۇلۇشىدىنلا «دېڭىزغا خاس تۇل خوتۇن» بولۇپ يارىلىپ قالغاندەك، شۇ نامغا لايىقتەك تەسىر بېرەتتى. ئۇششاق باللار لېنتىلارنى چىگىپ ئادەم بويى دۆۋىلىۋەتكەن ياغاچلارنىڭ، غەلىتە ـ غەلىتە ئۇششاق خالتىلارنىڭ ئەتراپلىرىدا يۈگۈرۈشۈپ يۈرەتتى. كىشىلەر ئۇلارنى ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئەتراپىدىن تىنىماي قوغلاپمۇ تۇرۇۋاتاتتى. بۇ يەرنىڭ ئادىتى

بويىچە، بۇ ئۇششاق خالتىلار ئېرىك ۋە ئېرىكنىڭ روھى قاچىلانغان خالتىلار ئىكەن. يېقىن يەردىكى بىر چېركاۋغا قارايدىغان بىر ئايال بۇ مۇراسىمغا كەلگەنلەرگە دەپ يوغان بىر چۆگۈندە قەھۋە دەملەپ كەپتۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، ساندۇق ـ ساندۇق پىۋىلەر، ھەر خىل ئىچىملىكلەر ماشىنىلارنىڭ ئارقا ساندۇقلىرىدا، يۈك ماشىنىلىرىنىڭ كاپىنىكىلىرىدا زاپاس تۇرۇۋاتاتتى.

ئەمدى بۇ مۇراسىمدا كىم سۆز قىلىدۇ، ئوتنى كىم ياقىدۇ دېگەن بىر مەسىلە تۇرۇۋاتاتتى. ئۇلار جولېتتىن بۇ ئىشنى قىلىشنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىنى سورىدى. بۇ چاغدا ئۇ كىشىلەرگە قەھۋە قۇيۇپ بېرىش بىلەن ئاۋارە ئىدى. ئۇ ئۇلارغا ئۆزلىرىنىڭ ئادەمنى خاتا تاللاپ قالغانلىقىنى، بولسا ئۆزىنى، تۇل خوتۇن بولۇپ قالغاندىكىن ئېرىك كۆيۈۋاتقان ئوتقا تاشلىسا بولىدىغانلىقىنى دېدى. ئۇ بۇ گەپنى قىلىۋاتقاندا كۈلۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىڭغا شۇ تەكلىپنى بەرگەن ئادەملەر ئۇنىڭ بۇ ھالىتىگە قاراپ قورقۇپ كېتىپ ئىختىيارسىز كەينىگە بىرنەچچە قەدەم شوخشۇدى. ئۇلار ئۇنىڭ ئۆزىنى باسالماي چىرقىراپ، چاچلىرىنى يۇلۇپ كېتىشلىرىدىن قورققانىدى.

ئوتنى ئېرىك بىلەن داۋاملىق دېڭىزغا بېلىق تۇتقىلى بىللە چىقىدىغان بىرەيلەن ياقماقچى بولدى، ئەمما ئۇ ئۆزىنىڭ سۆز قىلالمايدىغانلىقىنى دەپ مۇراسىمدا سۆزلەشتىن باش تارتتى. شۇ ئارىلىقتا بىرەيلەن تۇيۇقسىز ئۇنىڭ خوتۇنىنىڭ پروتېستانتىيە مەزھىپىنىڭ مۇرىتى ئىكەنلىكىنى دەپ، شۇ ئادەم سۆزلىسە ئەڭ مۇۋاپىق، ناھايىتى ياخشى سۆزلەيدۇ تېخى دېيىشتى، باشقىلار، ھەي بولماسىمىكىن، ياخشى سۆزلىيەلمەي قېلىپ، ئېرىكنىڭ روھى قورۇنۇپ قالىدىغان ئىش بولۇپ قالمىسۇن، دېيىشتى. ئادەملەر تېخى بىر قارارغا كەلمەي تۇرۇپلا ئېرونىڭ ئېرى ـــ پاكار، بىرنەچچەيلەننىڭ ئالدىدا كېمىسىگە ئوت كېتىپ ئاران جېنىنى قۇتۇلدۇرۇۋالغان، يۈز ـ كۆزلىرى كۆيۈكتە ئۆزگىرىپ كەتكەن

ئۇ ئادەم ئوتتۇرىغا چىقىپ سۆزلەشكە باشلىدى. ئۇ سىپىي ئۆزىدىن دىنغا ئىشەنمەيدىغان سوتسىيالىزملاردىن ئىدى. ئۇ سۆزلەپ بىر يەرگە كەلگەندە تېمىدىن چەتنەپ كېتىپ باشقا بىر نېمىلەرنى دەپ كەتتى، ئېرىك توغرۇلۇق ئۇنىڭ بىلەن مۇرىنى مۇرىگە تىرەپ كۈرەش قىلغان دېگەن گەپتىن باشقا بىر ئېغىزمۇ گەپ يوق ئىدى، گېپىمۇ شۇنچىلىك ئۇزىراپ كېتىۋاتاتتى. كېيىن ئادەملەر ئۇنىڭ بۇ ئىشىنى تەھلىل قىلىشىپ، ئېرونىڭ ھۆكۈمرانلىقىدا ئۇزاق ۋاقىت ئېزىلىپ كەتكەن بولغاچقا، ئەركىن پىكىر قىلالماي تاقىقا ـ تۇقىقا سۆزلەيدىغان بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دېيىشتى. ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ نېمىلەرنى دەۋاتقانلىقىنى بىلمەي سۆزلەۋاتقان ماتەم نۇتقى ئاخىرلاشماي تۇرۇپلا ئادەملەرنىڭ تەرتىپى بۇزۇلۇپ، بۇ مۇراسىم ئويلىغاندەك تەنتەنىلىك، تەسىرلىك بولمىدى، دەپ سۆزلىشىپ كەتتى. ياغاچ دۆۋىسىگە ئوت يېقىلىشى بىلەن تەڭ ئۇ ئادەملەرنىڭ ئاغزى بېسىلىپ، ئۇنداق ھېسسىيات، ئۇنداق گەپلەردىن ئەسەرمۇ قالمىدى، بولۇپمۇ باللار چوڭلارنىڭ ئەكسىچە ناھايىتى خۇشال، ئەركىن سەكرەپ ئويناپ يۈرۈۋاتاتتى. كىشىلەر قاملاشمىغان ئىشلارنىڭ بولۇۋاتقانلىقىنى ئويلاپ تۇرۇۋاتاتتى، شۇ ئارىلىقتا بىر ئادەم: «بۇ شۇمتەكلەرنى بۇ يەردىن ھەيدىۋېتەيلى» دەپ توۋلاپ كەتتى، بۇ، ئوت جەسەتكە تۇتىشىپ پاراسلاپ كۆيۈشكە باشلىغان، مەقسەتكە يېتىشكە ئاز قالغان چاغ ئىدى، ئوت بەدەندىكى ماي، يۈرەك، بۆرەك، جىگەرلەرگە تۇتاشقاندا بەدەندە پارتلاش بولۇش ئېھتىمالى يوق ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئادەملەر ئەنسىرەشكە باشلاپ باللىرىنى يانلىرىدا چىڭ تۇتۇپ تۇرۇشتى، بەزىلىرى ئەكەتتى — بەزى باللار كەتكىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالدى. جەسەتنىڭ ئاخىرىغىچە كۆيۈپ بولۇشى، ئاخىرىدا قانداق بولۇشى ئەرلەر ئەڭ قىزىقىدىغان كۆرۈنۈشكە ئايلىنىپ قالغانىدى. بۇ ئەھۋال قانۇنغا مۇخالىپ كەلمىسىمۇ، ئەمما ئەخلاققا زىت ئىدى — بۇ قېتىمقى جەسەت كۆيدۈرۈشتە

www.uyghurkitap.com

باشقا ئەھۋاللارنىڭ چىقمايدىغانلىقى ئېنىق ئىدى.

جۇلىيېت ھېچقاياقىقا كەتمەي، كۆزلىرىنى كۆيۈۋاتقان ئوتتىن نېرى قىلماي جىمجىت قاراپ تۇراتتى، ئوتقا يېقىن تۇرغاچقا، ئوتنىڭ تەپتىدە يۈزى قىزىرىپ كېتىۋاتاتتى، كۆڭلى بىر يەردە ئەمەس ئىدى. ئۇ كۆڭلىدە، شېللىرىنىڭ يۈرىكىنى ئوتتىنىڭ ئىچىدىن ئېلىۋالغان ئادەم ترېئاۋنى[1] مىدۇ؟ ئۇنىڭ يۈرىكى ئۇزاق يىللىق تارىخىي ئەھمىيەتكە ئىگە يۈرەك ئىدى. ئۇ ئىشلارغىمۇ ئۇزاق بولمىدى، يېقىندا دېگۈدەك بولغان ئىش. بىر بەدەندىكى ئىچكى ئەزالارنىڭ بۇنچىلىك ئەتىۋارلىنىشى، جاسارەت ۋە مۇھەببەتنىڭ مەۋجۇت يېرى دەپ قارىلىشى ئادەتتىكى ئىش ئەمەس. ئۇ يۈرەكنىڭ — ئوتتا كۆيۈپ كەتكەن ئۇ يۈرەكنىڭ ئېرىك بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق.

پېنېلوپ بولۇۋاتقان بۇ ئىشلاردىن خەۋەرسىز ئىدى. ۋانكوۋېردىكى بىر گېزىتكە بۇ ئىشى توغرۇلۇق قىسقا بىر خەۋەر بېرىلگەنىدى — ئۇ دېڭىزدىكى ھادىسە توغرۇلۇقلا يېزىلغان خەۋەر، ئېرىكنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرۈۋەتكەنلىك خەۋىرى ئەمەس — لېكىن ئۇ كوت تاغلىرىنىڭ ئەڭ ئىچكىرىسىدىكى بىر يەردە تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، ئۇ يەرلەرگە گېزىت بىلەن رادىيو ئاۋازلىرى يېتىپ بارالمايتتى. ئۇ ۋانكوۋېرغا قايتىپ كەلگەندە ئۆيىگە تېلېفون بەردى، تېلېفوننى دوستى خېئاتېرنىڭ ئۆيىدىن بەرگەنىدى، تېلېفونى كرىستا ئالدى. ئۇ كەچ قېلىپ دەپ مۇراسىمىغا ئۈلگۈرەلمىگەنىدى. ھازىر جۇلىيېت ئۇنىڭ يېنىدا ئىدى، جۇلىيېتقا سەۋر قىلىپ ئولتۇرۇۋاتاتتى. لېكىن، ئۇنىڭغا جۇلىيېتنىڭ يېنىدا ئىكەنلىكىنى دېمىدى. پېنېلوپ خېئاتېرنىڭ ئاپىسىنى تېلېفونغا چاقىرتىۋېتىشىنى ئېيتقانىدى، كرىستا ئۇنىڭمۇ يوقلۇقىنى دەپ، ئاز كۈندە جۇلىيېتنى ۋانكوۋېرغا ئېلىپ

---

① ئېدۋارد جون ترېئاۋن (1792 — 1881) — ئەنگلىيەلىك دېڭىز ئارمىيە ئوفىتسېرى، شائىر، شېللىر بىلەن باروننىڭ دوستى.

بارىدىغانلىقىنى، يېقىندا يۈز بەرگەن ئىشلارنى ئاددىيلا سۆزلەپ بەردى، قالغان گەپلەرنى ۋانكوۋېرغا بارغاندا جۇلىيېتنىڭ ئۆزى سۆزلەپ بېرىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

كرىستا جۇلىيېتنى پېنېلوپ تۇرۇۋاتقان ئۆينىڭ ئالدىغا باشلاپ كەلدى. جۇلىيېت ئۆيگە ئۆزى يالغۇز كىرىپ كەتتى. خېئاتېرنىڭ ئاپىسى ئۇنى ئۈستىدىكى بالكون بار ھۇجرىغا باشلىدى، پېنېلوپ شۇ ئۆيدە ئىكەن. پېنېلوپ ئاپىسىنىڭ ئۆزىنى ئىزدەپ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ بۆلەكچىلا ھەيران قالدى. لېكىن، جۇلىيېت قوللىرىنى كەڭ كېرىپ قۇچاقلىماقچى بولۇپ ئالدىغا ماڭغاندا، نېمىشقىدۇر، ئازراق قورۇنغاندەك بولۇپ قالدى. بەلكىم بۇ ئاق، يېشىل، سېرىق ئۈچ خىل رەڭلەر ئىچىدە پارلىنىپ تۇرۇۋاتقان بۇ ئازادە، يورۇق ئۆينىڭ كىشىگە بېرىدىغان سىرلىق بىر خىل تۇيغۇسىدىن ياكى ھويلىدىكى گارغا تىنىماي توپ ئېتىپ ئويناۋاتقان خېئاتېرنىڭ ئىنىسىنىڭ ئۆزىگە بېرىۋاتقان تەسىرىدىندۇر. ئادەم مۇشۇنداق بىر مۇھىت ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندا ئۇنداق بىر قورقۇنچلۇق مۇدھىش خەۋەرنى قوبۇل قىلالماسلىقى مۇمكىن. بۇ چاغدا جۇلىيېت تېخى ئېرىكنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرۈۋەتكەننىڭ گېپىنى قىلمىغانىدى — مۇشۇنداق بىر ئۆيدە، مۇشۇنداق بىر ئاھالىلەر رايونىدا ئاشۇ ئىشنى تىلغا ئېلىشنىڭ ئۆزى تولىمۇ مەدەنىيەتسىزلىك ھەم بىمەنە بىر ئىش ئىدى. جۇلىيېتنىڭ ئۆزىمۇ مۇشۇنداق بىر ئۆيگە كىرىپ قېلىپ ئۆزى ئويلاپ كەلگەندەك ھېسسىياتتا بولالمىدى — پېنېلوپ ھەر جەھەتتىن چوڭ ئائىلىنىڭ قىزىغا لايىق قىز بولۇپ يېتىلىشكە باشلاپتۇ.

خېئاتېرنىڭ ئاپىسى ئىشكىنى بوش ئىتتىرىپ ئېچىپ ئۆيگە كىردى، قولىدا بىر ئىستاكان مۇزدەك چاي بار ئىدى. پېنېلوپ ئۇ ئەكىرگەن چايدىن بىرنەچچە يۇتۇم ئىچىپ، ئاندىن خېئاتېرنى ئىزدەپ تالاغا چىقىپ كەتتى. ئۇنى كارىدوردا خېلىدىن بېرى ساقلاپ تۇرۇۋاتاتتى. خېئاتېرنىڭ ئاپىسى جۇلىيېتتىن ئۆزىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۆيگە ۋاقىتسىز كىرىپ قېلىپ ئۇنىڭغا مالاللىق يەتكۈزگىنىدىن كەچۈرۈم سورىدى. ۋاقىت قىسقا بولغانلىقتىن ئامالسىز شۇنداق قىلغانلىقىنى دېدى. ئاندىن ئىككىسى ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى. ئۇ خېئاتىرنىڭ دادىسى بىلەن مۇشۇ بىرنەچچە كۈننىڭ ئىچىدە شەرق تەرەپتە تۇرىدىغان بىر تۇغقىنىنى يوقلاپ ماشىنا بىلەن بېرىپ كېلىدىكەن. خېئاتىرنى بىللە بېرىپ كەلگىن دېسە، بارمايمەن، بىر ئايدا كېلىدىكەنسىلەر، مەيلى، بىر ئايغىچە ئۆيدىن ھېچ يەرگە چىقمايمەن، پىنىلوپ مەن بىلەن بىللە تۇرىدۇ، دەپ ئاپىسىغا يالۋۇرۇپ تۇرۇۋاپتۇ. بۇ قىزلارنىڭ بىرسى ئون تۆت ياش، يەنە بىرسى ئۈچ ياش تۇرسا. ئۇلارنى ئۆيگە يالغۇز تاشلاپ قويغىلى بولامدۇ؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ جۇلىيېتنى ئويلاپ، جۇلىيېتنىڭ بېشىدىن شۇنچە ئىشلار ئۆتۈپتۇ، شۇڭا مۇھىت ئالماشتۇرۇپ يېڭىچە بىر تۇرمۇش ئىچىدە ياشاپ باققۇسىمۇ كېلىدىغاندۇ، ئۇ ئۇچرىغان زەربىمۇ ئادەتتىكى زەربە ئەمەس، ئۇنىڭغا مۇشۇ يەر تازا لايىق ئىدى، دەپ ئويلاپتۇ.

شۇنىڭ بىلەن، جۇلىيېت ئۆزىگە پۈتۈنلەي ناتونۇش دۇنيا ئىچىدىكى ئازادە، شۇنچىلىك پاكىز، ھەشەمەتلىك ياسالغان، چىرايلىق بېزەلگەن بۇ ئۆيلەردە تۇرۇپ قالدى. بۇ ئۆيلەر دېڭىزغا قاراپ تۇراتتى. ھەر خىل ئەسلىھەلىرى تولۇق ئىدى. جۇلىيېتنىڭ نەزىرىدە بۇنداق ھالەت ھەشەمەتلىك ھېسابلىناتتى. يەنە كېلىپ بۇ ئۆي تېخى رەتلىك تىكىلگەن قويۇق دەرەخلىك بىلەن خىلمۇخىل گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن ئاجايىپ چىرايلىق باغنىڭ كەينىدە، تەبىئىي چىغىر يولغا ئوخشىمايدىغان، ئىككى تەرىپىگە خىلمۇخىل چىرايلىق ئۆيلەر جايلاشقان گۈزەل بىر مەھەللىگە جايلاشقانىدى، ھاۋاسىمۇ شۇنداق ياخشى، بولۇپمۇ مۇشۇ مەزگىلنىڭ ھاۋاسى تېپىلغۇسىز ھاۋا ئىدى. ئىللىق، سالقىن شاملى ئۆزى بىلەن بىللە ئىدى، خېئاتىر بىلەن پىنىلوپ ھەر كۈنى دېڭىزدا سۇغا چۆمۈلۈپ كېلىپ، ئاندىن بىللە پەي توپ ئوينايتتى، بىللە كىنو كۆرەتتى، ئوتقا بولكا قاقلاپ يەيتتى،

دېڭىزدىن چىقىدىغان بىلىققا ئوخشايدىغان نەرسىلەرنى ئۆلگۈدەك ياخشى كۆرۈپ يېيىشەتتى. ئارقىدىنلا سەمرىپ كەتمەيلى دەپ خىلمۇخىل ھەرىكەتلەرنى قىلاتتى، بەدەنلىرى كۈنىنىڭ نۇرىدا كۆيۈپ قاپقارا بولۇپ كەتكەنىدى. ئۆيدە بولسىلا مۇزىكا قويۇپ ئاڭلايتتى، مۇزىكىنى قويغاندىمۇ ئۆينى كۆتۈرۈۋەتكۈدەك يۇقىرى ئاۋازدا قويۇۋالاتتى. جۇلىيېتقا بۇ مۇزىكىلار، ئۇلارنىڭ تېكىستلىرى چاكىنا ھەم ئادەمنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغايدىغان مۇزىكىلاردەك ئاڭلىناتتى، ئۇ ئىككىسى ئارىلاپ قىز دوستلىرىنى چاقىرىپ ئۇلار بىلەنمۇ بىللە ئوينايتتى، لېكىن بىرمۇ ئوغۇل بالىنى ئويۇنلىرىغا رەسمىي چاقىرىپ باقمايتتى. ئىشىكنىڭ ئالدىدىكى لەمپىلەرنىڭ ئاستىدا، كوچا دوقمۇشلىرىدا قوشنىلارنىڭ ئوغۇل باللىرى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرۇپ قالغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا ئاساسەن دېگۈدەك ئوغۇللار بىلەن ئارىلاشمايتتى، قوشنىلارنىڭ ئۇ باللىرى بىلەن خىياللىرىدا ھېچنېمە يوق، تۇزلا چاقچاقلىشىپ، قىزىق گەپلەرنى قىلىشىپ ئۇزاق پاراڭلىشىپمۇ قالاتتى. جۇلىيېت پېنېلوپنىڭ بىر دوستىغا: «راستىمنى ئېيتسام، مەن ئۇنىڭ بىلەن تازا تونۇشۇپ كەتمەيمەن» دەۋاتقانلىقىنى تۇيۇقسىز ئاڭلاپ قالدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ دادىسىنى دېمەكچىدى.

نېمىدېگەن ھەيران قالارلىق گەپ بۇ.

پېنېلوپ ئاپىسىغا ئوخشمايتتى، دېڭىزدا بوران چىقىۋاتقان بولسىمۇ، قولـۋاق بىلەن دېڭىزغا چىقىشتىن قورقمايتتى. دادىسىغا مېنى دېڭىزغا ئاچىققىن دەپ دائىم ئېسىلىۋالاتتى ھەم نۇرغۇن چاغلاردا مەقسىتىگىمۇ يېتەتتى. سېرىق رەڭلىك قۇتقۇزۇش كىيىمىنى كىيىپ، ئۆزى كۆتۈرەلەيدىغان نەرسىلەرنى كۆتۈرۈپ ئېرىكنىڭ كەينىدىن ماڭغانلىرىدا، ئېرىككە ئوخشاش سۇرلۇك ۋە ھەممىگە تەييار قىياپەتتە ئالدىرىماي مېڭىپ كېلەتتى. كۈندىلىك خاتىرىسىگە تور سالغان يەرلىرىنى يېزىپ

ھەم بەلگە سېلىپ قويىۋاتتى. ئۇ يەنە تۇتۇۋالغان بېلىقلارنىڭ كاللىسىنى كېسىپ ئېلىۋېتەلەيدىغان، ئىچ ـ قارنىنى سوغۇرۇپ تازىلىيالايدىغانمۇ بولۇپ قالدى. بۇ ئىشلارنى بارغانسېرى پىششىق ھەرىكەتلىرى بىلەن ناھايىتى ئەپچىل قىلالايدىغان بولدى، قىلغاندىمۇ رەھىمسىزلىك بىلەن قىلاتتى. بالىلىق دەۋرىنىڭ مەلۇم بىر چاغلىرىدا — سەككىز ـ توققۇز ياش چاغلىرى بولسا كېرەك — چوڭ بولغاندا ئۆزى يالغۇز دېڭىزغا بېلىق تۇتقىلى چىقىدىغانلىقىنى دېگەن، ئېرىكمۇ ئۇنىڭغا، ھازىر قىزلارنىڭ ئىچىدىمۇ مۇشۇ ئىش بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار كۆپىيىپ قالدى، دەپ مەدەت بەرگەنىدى. جۇلىيېت ئاشۇنداق مۇمكىنچىلىكنىڭ مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى ھازىرغىچە رەت قىلماي كېلىۋاتاتتى، چۈنكى پېنېلوپ ناھايىتى ئەقىللىق ھەم باتۇر قىز ئىدى، كىتابقىلا ئېسىلىۋالمايتتى، تەندۇرۇس ھەم چاققان ئىدى. لېكىن، ئېرىك پېنېلوپ يوق چاغلاردا، قىزىدىكى ئاشۇ ئارزۇ ـ تىلەكلەرنىڭ كۇنسېرى ئاجىزلاپ بېرىشىنى ئارزۇ قىلىدىغان گەپلەرنى قىلاتتى. بۇ ئىنتايىن جاپالىق ئىش بولغاچقا، ئۆزى قىلىۋاتقان بۇنداق مۇدھىش ئىشنى باشقىلارنىڭمۇ قىلىشىنى ھەرگىز خالىمايتتى. ئۇ ئۆزى تاللىۋالغان بۇ كەسىپنىڭ جاپالىق ھەم قەرەللىك يوق بىر كەسىپ ئىكەنلىكى توغرۇلۇق گەپ قىلغانلىرىدا ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلىپ باشقىلارغا تەلىم بېرەتتى. شۇنداقتىمۇ ئۆزىنىڭ قىلىۋاتقان شۇ ئىشىدىن پەخىرلىنىپمۇ قوياتتى، جۇلىيېتمۇ شۇنداقراق سېزەتتى.

لېكىن، بۇرۇن ھاياتىنىڭ مەزمۇنلىرىنى بېيىتىپ تۇرۇۋاتقان مۇشۇنداق بىر ئاتا ھازىر پېنېلوپنىڭ نەزىرىدىن ئاستا ـ ئاستا ئۆچۈپ كېتىۋاتاتتى. ھازىر ئۇنىڭدا ئۇ چاغلاردىكىدەك ئۇنداق يۈكسەك جاسارەتلەر يوق ئىدى، پۇتلىرىنىڭ تىرناقلىرىنى بوياپ يۈرىدىغان، قورسىقىنىڭ ئوچۇق تۇرىدىغان يەرلىرىگە تۇرلۇك نەرسىلەرنىڭ رەسىملىرىنى چاپلىۋالىدىغان بولۇۋالغانىدى.

لېكىن، جۇلىيېتمۇ ئۆزىنى قىزىغا ئوخشاش ئىشلارنى

قىلىۋاتقاندەكمۇ ئويلاپ قالاتتى. چۈنكى، ئۇمۇ ئېرىكنى ئۇنتۇپ كېتىش ئۈچۈن كىت ئارىلىدىكى ئۆينى سېتىۋەتمەكچى، باشقا بىر يەردىن ئۆي سېتىۋېلىپ كۆچۈپ كەتمەكچى، شۇ يەردىن خىزمەت تېپىپ ئىشلىمەكچى بولۇپ يۈرۈۋاتاتتى — ئۇ يەردە داۋاملىق تۇرۇۋېرىشنى تەسەۋۋۇرىغا ئەمدى سىغدۇرالمايتتى. شۇڭا، ئېرىكنىڭ ماشىنىسىنى سېتىۋەتتى. بىلىقچىلىق سايمانلىرىنى باشقىلارغا بېرىۋەتتى. شۇ قېتىمقى ھادىسىدە سۇغا چۆكۈپ كەتمەي ئامان قالغان تور بىلەن قولۋاقنى، ئېرىكنىڭ ئىتىنى ئالدىنقى خوتۇنىدىن بولغان ئوغلى سوسكا چېۋىدىن كېلىپ ئەكەتتى، ئۇ بالىمۇ بالاغەتكە يېتىپ قالغانىدى.

جۇلىيېت مەلۇم بىر ئۇنىۋېرسىتېت كۇتۇپخانىسىنىڭ تەتقىقات ئىشخانىسى بىلەن دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى يەنە بىر كۇتۇپخانىدا ئىشلەشكە تىزىملىتىپ قويدى، ئىككى ئورۇننىڭ بىرسىگە بولسىمۇ كىرىپ ئىشلەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپ تۇرۇۋاتاتتى، ئۇ يەنە كېسەلنو، دۇنبار، گراي تۇمشۇقى دېگەن جايلارغا بېرىپ ئۆزىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان ئۆيلەرنىمۇ كۆرۈپ كەلدى. بۇ جەرياندا شەھەر تۇرمۇشىنىڭ پاكىزلىقى، رەتلىكلىكى، باشقۇرۇشنىڭ كۈندىن - كۈنگە ياخشىلىنىپ كېتىۋاتقانلىقى ئۇنى بەكرەك ھەيران قالدۇردى. بۇ يەردىكى ئادەملەر ئاساسەن ئوچۇقچىلىقتا ئىشلىمەيدىكەن، خىزمەتكە مۇناسىۋەتلىك ھەر خىل پائالىيەتلەر ئىشخانىنىڭ ئىچى بىلەن چەكلەنمەيدىكەن، بۇنىڭ خادىملارنىڭ تۇرمۇشىغا بولغان تەسىرى چوڭ ئىكەن. بۇ يەردە ھاۋا رايى ئادەمنىڭ كەيپىياتىغا تەسىر يەتكۈزگەن بىلەن، ئەمما تۇرمۇشىڭىزغا قىلچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدىكەن. كىت قولتۇقىدىكىدەك چوڭ راك، چوڭ ماخا بېلىقلىرىنى تۇتۇش - تۇتالماسلىقىڭىز، يېيىش - يېيەلمەسلىكىڭىز تۇرمۇشىڭىزغا ھېچقانچە تەسىر كۆرسىتەلمەيدىكەن، ئۇ نەرسىلەرنى، يېمىسىڭىزمۇ كېتىۋېرىدىكەنسىز، ئۇ يەرلەردە مۇھىم دەپ قارالغان ئۇ نەرسىلەر، ئۇ ئادەتلەر بۇ يەردىكى ئادەملەرگە غەلىتە

ئاڭلىنىدىكەن. بىرنەچچە كۈن بولا - بولمايلا، ئۇ پەردە ئۆتكەن كۈنلىرى جۈلىيېتقا تەرتىپسىز، قالايمىقان، كۆڭۈلنى بىئارام قىلىدىغان كۈنلەردەك بىلىنىشكە باشلىدى. شۇنىڭ بىلەن تەڭ بىرنەچچە ئايدىن بېرىقى قايغۇ - ھەسرەتلىرى بىرسىمۇ قالماي غايىب بولۇپ كەتكەندەك ئۆزىنى يەڭگىل سېزىشكە باشلىدى. ھازىر ئۇ شۇنچىلىك ئەركىن، شۇنچىلىك چەبدەس ھەم شۇنچىلىك روھلۇق ئىدى.

ئېرىك ھايات بولۇپ ھازىرقى ھالىتىمنى كۆرگەن بولسا قانداقراق ياخشى بولاتتى.

جۈلىيېت دائىم ئاشۇنىڭغا ئوخشاش خىياللارنى قىلىپ بارا - بارا ئېرىكنى ئويلىمايدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئۇنىڭ ئېرىكنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىگە ئىشەنمىگىنىدىن ئەمەس، بۇنداق خىيالمۇ ھەم ئۇنىڭدا بولۇپ باقمىغانىدى. ئەمما، خۇددى ئۇ ھازىرمۇ يەنە شۇ ئادەم، جۈلىيېتنىڭ مەۋجۇتلۇقى ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەرقانداق ئادەمگە قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىمدەك ئۇنىڭ ئېڭىدا دائىم يادلىنىپ تۇراتتى. ئۇ يەنىلا شۇ ئادەم، ئۇنى كۆرسە كۆزلىرىدىن ئوت چىقىرىپ تۇرىدىغان، شۇنداقتىمۇ ئۇنىڭ بىلەن گەپ تالىشىشتىن قالماي كېلىۋاتقان، ئۆزىنى تۈرلۈك ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەپ ۋە شۇ ئىشلىرى بىلەن ئۆزىنى خۇشال قىلىپ كېلىۋاتقان ئادەم ئىدى. شۇڭا، ئۇنى ياد ئەتمەيمۇ تۇرالمايتتى. جۈلىيېتقا بۇ ئادەت بولۇپمۇ كەتتى ھەم ئۇنىڭ تەبىئىي ھەرىكىتىگىمۇ ئايلىنىپ قالدى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭ ئۆلۈمىنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىرى بەك چوڭمۇ بولۇپ كەتمىدى.

ئۇ ئىككىسىنىڭ ئاخىرقى قېتىملىق گەپ تالىشىشلىرىنىڭ ئاخىرى چىقمىغان، جۈلىيېت ئۇنىڭ ئۆزىگە خائىنلىق قىلغانلىقىنى كۆڭلىدىن چىقىرىۋېتەلمىگەنىدى. جۈلىيېتنىڭ كۆرسىتىۋاتقان ناز - خۇلقلىرىمۇ ئۇنىڭدىن ئۆچ ئېلىش ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئىشلار ئىدى.

ئاشۇ كۈندىكى بوران، جەسەتنىڭ تېپىلىشى، دېڭىز ساھىلىدا ئۆتكۈزۈلگەن جەسەت كۆيدۈرۈش مۇراسىمى دېگەنلەرنىڭ ھەممىسىنى جۇلىيېت قىزىقىپ ھەۋەس بىلەن كۆردى، ئەمما ئۇلارنى ئېرىك بىلەن ئۆزى ئوتتۇرىسىدىكى، ئىككىسىگە مۇناسىۋەتلىك ئىش دەپ بىلىپ تۇرمىدى، كۆرمىدى.

* * *

ئۇ ئاخىر دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى كۈتۈپخانىغا خىزمەتكە قوبۇل قىلىندى. ئارقىدىنلا ئىجارە ھەققىنى ئارانلا تۆلىيەلىگۈدەك تۆت ئېغىزلىق بىر ئۆينى ئىجارىگە ئالدى. پېنېلوپ داۋاملىق تورربېس ئوتتۇرا مەكتىپىدە ئۆيدە يېتىپ - قوپۇپ ئوقۇدى. ئۇلار ئەمدى كەت قولتۇقى بىلەن ئۈزۈل - كېسىل خوشلاشقانىدى، ئۇ يەردە ئۆتكەن ھاياتىنىڭ پەردىسىنى يېپىۋەتكەنىدى. كرىستانىڭمۇ ۋانكوۋېرغا كۆچۈپ كەتكۈسى بار ئىدى، لېكىن ھازىر ۋاقتى ئەمەس، باھاردا كۆچۈپ كەتمەكچى بولۇۋاتاتتى.

بىر كۈنى چۈشتىن كېيىن، جۇلىيېت ئىشتىن چۈشۈپ مەكتەپنىڭ ئالدىدىكى ئاپتوبۇس بېكىتىدە ئاپتوبۇس ساقلاپ تۇرۇۋاتاتتى. بىر كۈن كەچكىچە ياغقان يامغۇر توختاپ، كۈنپېتىش تەرەپنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا كۆك ئاسمان كۆرۈنۈشكە، كۈن ئولتۇرۇۋاتقان ئۇپۇق ئاسمىنىدا قىزىل شەپەق ئاستا - ئاستا سۇرۇلۇشكە باشلىغانىدى. ئۇ گېئورگىيە دېڭىز بوغۇزىنىڭ ئۈستىدىكى ئاسمان ئىدى. كۈندۈز ئۇزىراپ كەتكەندەك بىلىنىدىغان پەسىلدىكى ئۆزگىرىش ۋە ئالامەتلەردىن بېرىلىدىغان بېشارەتلەر ئۇنىڭغا پەقەتلا بىلىنىپ باقمىغان ۋەيران قىلىش خاراكتېرىدىكى ئۈنۈمدىن دېرەك بېرىۋاتقاندەك بىلىنىپ كەتتى.

ئۇ ئاخىر ئېرىكنىڭ راستىلا ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى تولۇق چۈشەندى.

مۇشۇ بىر مەزگىل ئىچىدە، بولۇپمۇ ئۇ ۋانكۇۋېردىكى ۋاقتىدا خۇددى ئېرىك ئۆزىنى بىر يەردە ساقلاپ تۇرۇۋاتقاندەك، ئۇنىڭ بۇرۇن ئۆزى بىللە ئۆتكەن ئاشۇ خىلسكى تۇرمۇشىنى ئەسلىگە كەلتۇرۇشنى خالايدىغان — خالىمايدىغانلىقىنى، خۇددى بۇمۇ ئەركىن تاللاشقا بولىدىغان قۇرۇلۇش تۇزۇلۇشى تۇرىگە ئوخشاش، ئۆزىنىڭ بىر قارارغا كېلىشىنى ساقلاۋاتقاندەك بىلىنىپ تۇراتتى. جۇلىيېت بۇ يەرگە كۆچۈپ كەلگەندىن كېيىنمۇ ئېرىكنىڭ ئالىلىقاچان مەۋجۇتلۇقىدىن قالغانلىقىنى پۈتۈنلەي تونىماي دېگۇدەك ئېرىك تىترىتىپ تۇرۇۋاتقان تەۋرىنىش دائىرىسى ئىچىدە ياشاپ كەلدى. ئۇنىڭ ئەمەلىيەتتە ئېرىكتىن ھېچ نەرسە قالمىغانىدى. ئۇنىڭ كىشىلەرنىڭ كاللىسىدا قېلىپ قالغان خاتىرىسىمۇ ئايلار، كۈنلەر بىرسىنىڭ كەينىدىن بىرسى شۇنچە تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بۇ ئەرزىمەس دۇنيادىنمۇ ئاستا – ئاستا ئۇچۇپ كېتىۋاتاتتى.

ئەلەم ۋە قايغۇدىن پۈچىلىنىش دېگەن مۇشۇمىدۇ؟ جۇلىيېت گويا ئۇستىدىن بىر چېلەك سېمونت لايىنى قۇيۇپ قاتۇرۇۋەتكەندەك قىمىر قىلالماي تۇرۇپ كەتتى. بىر چاغدا ئاپتوبۇس كەلگەندە يەنە شۇنداق قاتتىق قاتقان پېتى ئاپتوبۇسقا چىقتى، ئاپتوبۇستىن چۈشتى، يېرىم چاقىرىمدەك يول مېڭىپ ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىگە يېتىپ كەلدى — ئۇ قانداق بولۇپ بۇ يەردە ئولتۇرۇپ قالدى — ۋە خۇددى تىك تاغقا چىقىپ كېتىۋاتقاندەك پەلەمپەيدىن ناھايىتى تەستە مېڭىپ چىقتى، ئەمما يەنە سەگەك ئىدى، ئۆزىنىڭ بۇ خىل ھالىتىنى پېنېلوپقا پەقەتلا چاندۇرمىدى.

كەچلىك تاماقتا ئولتۇرغاندا ئىختىيارسىز تىترەپ كەتتى. لېكىن، ۋىلكا – قوشۇقلارنى قولىدىن چۈشۈپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن چىڭ تۇتۇپ تۇرۇۋالدى. پېنېلوپ بۇنى سېزىپ قالدى. ئۇستەلنى ئايلىنىپ كېلىپ ئاپىسىنىڭ كىرىشىپ قېلىۋاتقان

بارماقلىرىنى ئاستا ئاجرىتىپ قويدى.

— دادام ئۈچۈن مۇشۇنداق بولۇۋاتىسەن، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇ.

جۇلىيېت شۇ ئىش بولۇپ ئۇزاق ئۆتمەي، بىرنەچچەيلەنگە — كرىستادەكلەرگە — بۇ بىرنەچچە ئېغىز سۆز ماڭا ھەرقانداق ئادەمنىڭ مۇشۇ مەنىدىكى تەسەللى سۆزلىرىدىن بەكرەك تەسىر قىلدى، مەن بۇرۇن ئۆزۈمگە بۇ سۆزلەرنى ئاڭلىغان چاغدىكىدەك تەسەللى تاپالمىغانىدىم، دەپ بەردى.

پېنېلوپ شۇ كۈنى جۇلىيېتنىڭ بىلەكلىرىنى ئۆزىنىڭ مۇزدەك قوللىرى بىلەن مېھرلىك بوش سىلاپ كەتتى، ئەتىسى كۈتۈپخانىغا تېلېفون بېرىپ ئۇلارنى ئاپىسىنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىدىن ۋاقىتلاندۇرۇپ قويدى. شۇنىڭ بىلەنلا قالماي، بىرنەچچە كۈنگىچە ھېچ يەرگە چىقماي ئاپىسىغا قارىدى. ھەتتا مەكتەپكىمۇ بارماي، ئاپىسىنىڭ ئەھۋالى ياخشىلانغاندا ئاندىن باردى، ئەڭ يامان كۈنلەر ئۆتۈپ كەتكۈچە ئاپىسىدىن بىر مىنۇتمۇ نېرى كەتمىدى.

جۇلىيېت ئاشۇ كۈنلەردە پۈتۈن ئىشلارنى: كرىستانىڭ ئىشلىرىنى، ئاشۇ قېتىمقى جاڭجال، دادىسىنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرگەن (شۇ كۈنگىچە ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ بىرسىنىمۇ مۆجىزە ياراتقاندەك قىزىدىن يوشۇرۇپ كېلەلىگەنىدى) ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى پېنېلوپقا سۆزلەپ بەردى.

— مەن ئەسلىدە ساڭا بۇ ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىپ قايغۇڭنى كۆچەيتمەسەم بولاتتى، — دېدى ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىدا.

— شۇ ئەمەسمۇ، بىر ھېسابتا بۇ ئىشلاردىن مېنى خەۋەردار قىلغىنىڭمۇ ياخشى بولدى، ئاپا، سېنى كەچۈردۇم. مەن ئەمدى كىچىك بالا ئەمەس، بۇ ئىشلارنى مېنىڭ چۈشەنگۈچىلىكىم بار، — دېدى پېنېلوپ ئاپىسىغا كەڭ قورساقلىق بىلەن جاۋاب بېرىپ.

جۇلىيېت دۇنياغا يېڭىدىن قايتىپ كەلگەندەك بولدى.

ئاپتوبۇس بېكىتىدە ئۆتكەن قېتىمقىدەك ئەھۋال يەنە يۈز بەرگەن بولسىمۇ، ئەمما دەرىجىسى ئۇ چاغدىكىدەك ئېغىر بولمىدى.

جۇلىيېت كۇتۇپخانىنىڭ تەتقىقات خىزمەتلىرىنى ئىشلەش جەريانىدا ئۆلكىلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسىدىكى بىرنەچچەيلەن بىلەن تونۇشۇپ قېلىپ، ئۇلار تاپشۇرغان بىر ۋەزىپىنى تاپشۇرۇۋالدى. ئۇ يەردە بىر يىلدەك ئىشلىگەندىن كېيىن، كۈندىلىك سۆھبەت پىروگراممىسىنىڭ رىياسەتچىسى بولۇپ قالدى. كۆپ يىللاردىن بېرى ئوقۇپ كېلىۋاتقان كىتابلىرىدىن ئالغان بىلىملىرى، ئادەتتىكى ھەر خىل ئۇچۇرلارغا بولغان قىزىقىشلىرى، ئۆگەنگەنلىرىنى ئۆزلەشتۈرۈش ۋە ئۆزىنىڭ ئەمەلىي بىلىملىرى بىلەن بىرلەشتۈرۈش ئىقتىدارى بۇ يېڭى ئورۇندىكى خىزمىتىدە ئاجايىپ ئەسقاتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ ئۆزىنى ھەرقانداق ئەھۋاللاردا تۇتۇۋېلىشى، گەپلىرىدىكى يۇمۇرىستىك ئالاھىدىلىكلىرى بەكمۇ ياخشى ئۈنۈم بەرگەنىدى. ئاپپارات ئۆزىگە تىكىلىپ تۇرغانلاردا ئەندىكىش، ھودۇقۇش، دېگەندەك روھىي ھالەتلەر ئۇنىڭدا پەقەتلا كۆرۈنمەيتتى. بىر قېتىم ئۇنداق بولمىدى، پەقەت بىر قېتىملا بىر كۈنى ئۇ سۆھبەتتە ئولتۇرغاندا خىيالى تۇيۇقسىز ئېرىكنىڭ ئىشلىرىغا كېتىپ قېلىپ، بولۇپمۇ بىر گەپنى خاتا دەپ قويۇپ قاتتىق قورقتى ۋە ھودۇقۇپ كەتتى. ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن ئەلەمدىن يۈچىلىنىپ ئۆيىنىڭ ئىچىدە تىنىماي مېڭىپ يۈردى ھەتتا يىغلاپمۇ كەتتى.

بەش يىلدىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەپ ئەۋەتىدىغان ئاتكىرىتكا كەلمەيدىغان بولۇپ قالدى.

— بۇ ھېچقانداق بىر ئىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ، — دېدى كرىستا، — ئۇنىڭ ساڭا دائىم ئاتكىرىتكا ئەۋەتىپ تۇرۇشى ئۆزىنىڭ مەلۇم بىر يەردە ياشاپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ساڭا بىلدۈرۈپ قويۇش ئۈچۈن ئىدى. ھازىر سەن ئۇ توغرۇلۇق ئۇچۇرغا ئىگە

بولۇپ ئىز قوغلاپ مېڭىشقا باشلىغانىدىڭ، ئۇ بۇنى خالىماي، ئۆزىنىڭ ئىزىنى ئۆچۈرمەكچى بولۇۋاتقان گەپ، بۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق ئىش يوق.

— بۇرۇن مەن ئۇنىڭغا شۇنچە قاتتىق بېسىم پەيدا قىلىپ قويغاندىمەنمۇ؟

— شۇنداق، جۇل.

— مەن ئۇنىڭغا ئىرىكنىڭ ئۆلۈمى توغرۇلۇقلا ئەمەس، كېيىن تونۇشۇپ قالغان يەنە بىر ئەر توغرۇلۇقمۇ سۆزلەپ بېرىپتىكەنمەن. مەن ئۇنىڭغا نۇرغۇن بەختسىزلىكلەرنى ئېلىپ كەلدىم. بۇ بەختسىزلىكلەرنى مېنىڭ ئەخمىقانە ئىشلىرىم كەلتۈرۈپ چىقارغان.

پېنېلوپ ئون تۆت ياشتىن يىگىرمە بىر ياشقا كىرگۈچە بولغان ئارىلىقتا جۇلىيېت ئىككى قېتىملىق مۇھەببەت جەريانىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن. ئىككىلا قېتىمدا مۇھەببەت قاينىمىغا بېشىچىلاپ كىرىپ كەتكەنىدى. كېيىن ئۇ ئىشلىرى ئۈچۈن كۆپ نومۇس قىلدى، لېكىن ئورنىغا كەلمىدى. بىر قېتىمقىسىدىكى ئەرنىڭ يېشى ئۆزىنىڭ يېشىدىن كۆپ چوڭ، ئۇنىڭ ئۇستىگە رەسمىي توي قىلغان ئادەم ئىدى. يەنە بىر ئەرنىڭ يېشى ئۆزىنىڭكىدىن خېلىلا كىچىك ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ يىگىت ئۇنىڭ ئۆزىنى شۇنچىلىك تېز ياخشى كۆرۈپ قالغىنىدىن بەكمۇ ھەيران قالغانىدى. شۇ ئىشلار بولۇپ خېلىدىن كېيىن، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئىشىنى ئۆزى چۈشەنمەي ئۇزاققىچە ھەيران بولۇپمۇ يۈردى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇلارنىڭ خېلى كۆپ ئىشلىرىنى ياراتمايتتىكەن.

— مەنمۇ سېنىڭ ئۇلارنى ياخشى كۆرمەيدىغانلىقىڭنى بىلگەن، — دېدى كىرستا ئادەتتىكىدەكلا گەپ قىلىپ، ئۇ ئازراق چارچاپ قالغاندەك قىلاتتى، — شۇ چاغدا مەنمۇ بىر نېمە دېيەلمىگەن، دوستۇم.

— ئاھ خۇدا، مەن شۇ چاغلاردا نېمىدېگەن ئەخمەق،

شۇنىڭدىن كېيىن ئەرلەرگە شۇ چاغلاردىكىدەك قىلىپ كەتمەيدىغان بولدۇم، راست شۇنداق بولۇپ قالدىم.

كرىستا، بەلكىم ئۇ چاغدا كۆڭلۈڭدىكىدەك ئەرلەر ئۇچرىمىغاندۇ، دەپ ئۇنىڭ تېگىنى ئېچىۋەتسە ئېچىۋېتەتتى، لېكىن ئۇنداق قىلمىدى.

— راست شۇنداق بولدى، جۇل، راست شۇنداق بولدى.

— ئەمەلىيەتتە مەن قاملاشمىغان ئىشلارنى قىلىپ باققان ئەمەس، — جۇلىيېت بىردىنلا جانلىنىپ كەتتى، — مەن خۇددى چوڭ خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قويغاندەك نېمىدەپ ئۆزۈمنى ئۆزۈم ئەيىبلەپ كېتىمەن؟ چۈشەنگىلى بولمايۋاتقىنى پېنىلوپ. ئەھۋال شۇنداق ئىكەن، مەن ئەلۋەتتە بۇ مەسىلىگە يۈزلىنەلىشىم كېرەك. بۇ بىر تېپىشماق، يەنە كېلىپ بىر تال سوغۇق بىلىق①، — ئۇ گېپىنىڭ ئاخىرىدا سۆز ئويۇنى قىلىۋاتقاندەك ئاشۇ گەپنى قوشۇپ قويدى.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى كرىستا ئۇنىڭ بۇ گېپىگە قارشى چىقىپ.

— راست دەيسەن، ئۇنداق بولماسلىقى كېرەك، — دېدى جۇلىيېت دەررۇلا، — ئۇنداق ئەمەس، راست ئۇنداق ئەمەس.

ئىككىنچى يىلى 6 - ئايمۇ ئۆتۈپ كەتتى، يەنىلا ئاتكرىتكا يوق، ھېچبولمىغاندا بىر تال بولسىمۇ خەت يېزىلغان ئاتكرىتكىمۇ يوق. جۇلىيېت ئاخىر بۇ يەردىن كۆچۈپ كېتىش قارارىغا كېلىپ قالدى. ئۆتۈپ كەتكەن بەش يىل ئىچىدە ئۇ كرىستاغا ئۆزىنىڭ بىرەر ئىش يۈز بېرىشىنى يەنە بىرقانچە ۋاقىت ساقلاپ باقماقچى ئىكەنلىكىنى دېگەنىدى. ھازىرقى ئەھۋالغا قارىغاندا، مۇشۇنداقلا ساقلايدىغان بولسا ئۇزاق ساقلاپ كېتىدىغان، ساقلىغانسېرى روھى چۈشۈپ بىر يەرگە بارىدىغان ئوخشايدۇ.

---

① بۇ يەردىكى «سوغۇق بېلىق» دېگەن سۆز كىشىلەرگە تۇتقان سوغۇق مۇئامىلىگە قارىتىلغان.

ئۇ ئاخىر كۈنپېتىش تەرەپتىكى ئېگىز بىر بىناغا كۆچۈپ كىردى. ئەسلىدە ئۇ پېنېلوپىنىڭ نەرسىلىرىنىڭ ھەممىسىنى تاشلىۋەتمەكچىدى، لېكىن ئۇنداق قىلالمىدى. يەنىلا بىرنەچچە ئەخلەت خالتىسىغا سېلىپ ياندۇرۇپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىجارىگە ئالغىنى بىر ئېغىزلىق ئۆي ئىدى، ئارتۇق نەرسىلىرىنى قويغۇدەك جاي چىقمايتتى. يەر ئاستى ئۆيىدە باردەك قىلاتتى.

جۇلىيېتنىڭ ھەر كۈنى باغچىغا كىرىپ يۈگۈرەيدىغان ئادىتى بار ئىدى. ھازىر ئۇ پېنېلوپىنىڭ گېپىنى كۆپ قىلمايدىغان بولدى، كرىستانىڭ ئالدىدىمۇ ھەم شۇنداق. ئۇنىڭ بىر ئەر دوستى بار ئىدى — ھەممە ئادەم شۇ گەپنى دەيدىغان بولۇپ قالغانىدى — شۇ ئادەممۇ ئۇنىڭ قىزى توغرۇلۇق گەپ قىلىپ باققانلىقىنى ئاڭلاپ باقماپتۇ.

كرىستا شۇ كۈنلەردە بارغانسېرى ئورۇقلاپ كېتىۋاتاتتى، شۇنىڭ بىلەن تەڭ ئۇنى غەممۇ بېسىۋالغاندەك قىلاتتى. مەلۇم بىر يىلنىڭ بىرىنچى ئېيىدا ئۇ تۇيۇقسىز ئۆلۈپ قالدى.

دۇنيادا ئىشلىرى مەڭگۈ ئوڭغا تارتىپ تېلېۋىزور ئېكرانىدىن نېرى كەتمەيدىغان ئادەم بولمايدۇ. ئادەملەر چىرايىڭىزنى قانچە ياخشى كۆرسىمۇ، ھامان بىر كۈنى ئۇلار سىزنى ياخشى كۆرگەندىنمۇ بەكرەك ياخشى كۆرىدىغان يەنە بىر چىرايىنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشى تەبىئىي ئەھۋال. جۇلىيېت بۇ خىل ئېھتىماللىقنى ئويلىمىغان بولسىمۇ، باشقا خىزمەتلەرگە ئالمىشىپ كېتىش پۇرسەتلىرى ئۇنىڭغا كېلىپ تۇرۇۋاتاتتى — بەزى تېمىلاردا تەتقىقات ئېلىپ بېرىش، تەبىئەت مەنزىرىلىرى تەسۋىرلەنگەن چەتتىن بېرىلىدىغان بايانلارنى يېزىپ تۇرۇش دېگەندەك — لېكىن، ئۇ ئۆزىنى ئۈزۈل - كېسىل ئۆزگەرتىشنىڭ خىيالىدا ئىكەنلىكىنى دەپ ئۇنداق پۇرسەتلەرنى خۇشاللىق بىلەن بىر - بىرلەپ رەت قىلىپ كەلدى. ئۇ يەنە كىلاسسىك ئەدەبىيات تەتقىقاتىنى باشلىۋەتتى — ئۇنىۋېرسىتېتنىڭ بۇ فاكۇلتېتى

ئىلگىرىكىدىن جىق كىچىكلەپ كەتكەنىدى — دوكتورلۇققا دىسسېرتاتسىيە ياقلاشنى قايتا ئويلاشتى. شۇ مەقسەتتە ئېگىز بىنادىن يالغۇز ئادەملەر ئولتۇرىدىغان ئادەتتىكى بىر ئۆيگە كۆچۈۋالدى، بۇ ئۆينىڭ ئىجارىسى بىنانىڭكىدىن جىق ئەرزان بولۇپ، خېلى كۆپ پۇلنى تېجەپ قالالايتتى.

ئۇنىڭ ئارىلىشىۋاتقان ئادىمى جۇڭگودىن ئوقۇتقۇچىلىق ئىشىنى تاپتى.

ئۇنىڭ ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيى يەر ئاستىدىكى ئۆي ئىدى، ئىشىكى تالاغا قارايتتى، ئىشىكتىن چىقسىلا هويلىغا چىقاتتى، بۇ هويلىمۇ كىچىكلا بىر هويلا بولۇپ، هويلىنىڭ ئۈستى يېپىق بىر يېرىگە بىر ئىشكاپ قويۇۋالغانىدى، ئىشكاپتا يەيدىغان، ئىشلىتىدىغان تۈرلۈك نەرسىلەر، يەنە بىرنەچچە تەشتەك گۈل، دورىلىق ئۆسۈملۈك دېگەندەك نەرسىلەرمۇ بار ئىدى. بۇ گۈللەر، دورا ئۆسۈملۈكلەر گەرچە ناهايىتى ئاز بولسىمۇ، خۇددى باغۋەنگە ئوخشاش ئۇلارنى تولىمۇ ئىنچىكە پەرۋىش قىلاتتى. دادىسى بۇرۇن باغۋەنمۇ بولۇپ باققان بولغاچقا، دادىسىدىن قالغان ئۇدۇم بولسا كېرەك.

بەزى چاغلاردا ئۇنى تونۇۋالغان ئادەملەر — ماگىزىنلاردا ياكى مەكتەپ ماشىنىسىدا — ئۇنىڭدىن: «كەچۈرۈڭ، چىرايىڭىز تونۇشلىنىغۇ؟»، «سىز دائىم تېلېۋىزورغا چىقىپ تۇرىدىغان هېلىقى خانىمغۇ؟» دەپ سوراپ قوياتتى. بىر يىلدىن كېيىن، ئاستا ـ ئاستا بۇنداق سوئاللار سورالمايدىغان بولدى. ئۇنىڭ كۆپ ۋاقتى ئولتۇرۇپ كىتاب ئوقۇش بىلەن ئۆتەتتى ياكى يول بويىدىكى قەھۋەخانىلارغا كىرىپ قەهۋە ئىچىپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭغا دىققەت قىلىدىغان ئادەملەر يوق دېيەرلىك ئىدى. چاچلىرىنى ئۇزۇن قويۇۋەتكەنىدى. قىزلىقىغا بويىۋالغان ئاشۇ يىللىرىدىكى چاچلىرىنىڭ ئەسلىدىكى قوڭۇر رەڭ چاغلاردىكى ئېلاستىكلىقى، يىرىكلىكى يوقاپ كېتىۋاتاتتى. هازىرقىسى كۈمۈش رەڭدە بولۇپ، ئىنچىكىلەپ، ئازراق بۇدۇر پەيدا بولۇپ،

كىشىگە كۆپرەك ئاپىسى سارانى ئەسلىتىدىغان بولۇپ قالغانىدى. سارانىڭ چاچلىرى يۇمشاق، توزۇپ تۇرىدىغان چىرايلىق چاچلار ئىدى. دەسلەپتە ئاززاق ئاق ئارىلاپ، كېيىن پۈتۈنلەي ئاقىرىپ كەتكەنىدى.

ئۇنىڭ ئۆيى بىرەر ئادەمنى چاقىرىپ تاماق يەپ ئولتۇرغۇدەك ئۆي ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە تاماق ئېتىشكە زوقىمۇ يوق ئىدى، ئۆزىگە ئېتىۋاتقان تاماقلىرى ئوزۇقلۇقى يېتەرلىك بولسىمۇ، ئەمما تولىمۇ ئاددىي، ئادەتتىكىدەك تاماقلار ئىدى، ئۇ دوستلىرى بىلەن مەقسەتلىك ھالدا يىراقلىشىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، كۆپ ساندىكى دوستلىرى بىلەن ئۆزى بىلىپ - بىلمەي مۇناسىۋەت قىلمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

بۇ ئەجەبلىنىدىغان ئىشمۇ ئەمەس ئىدى، ئۇنىڭ ھازىرقى تۇرمۇش ئەھۋالى بىلەن ئۆز ۋاقتىدىكى ھەممىنى ئۆزىگە قارىتىپ يۈرگەن چاغلىرىدىكى ئەھۋالى تۈپتىن ئوخشىمايتتى. ئۇ چاغلاردا ئۇ جانلىق، تېتىك ئىدى، ھەممىگە يېتىشەلەيتتى، تەرەپ - تەرەپتىن يىغىدىن - يىغى ئۇچۇرلار كېلىپ تۇراتتى. ھازىر بولسا ئۇنداق ئەمەس، كىتابلارنىڭ ئىچىدە ياشايدۇ، ئۇخلىغاندىمۇ شۇ، ئويغانغاندىمۇ شۇ. قانداقلا بىر مەسىلە ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بارماقچى بولسا، ئىختىيارسىز ھالدا شۇ مەسىلىنىڭ ئىچىگە چوڭقۇرلاپ كىرىپ كېتىدۇ، بەزىدە دۇنيادا قانداق چوڭ ئىشلارنىڭ يۈز بەرگەنلىكىنى ھەپتە - ھەپتىلەپ بىلمەيمۇ قالىدۇ.

ئۇ دوكتورلۇقتا دىسسېرتاتسىيە ياقلاشتىن يەنە ۋاز كېچىپ، گىرېك تىلىدا ئەسەر يېزىشقا قايتقان بىرنەچچە يازغۇچىغا قىزىقىپ قالدى. ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە گىرېك ئەدەبىيات تارىخىدىكى گۈللەنگەن ئاشۇ مەزگىللەر ناھايىتى ياخشى يورۇتۇپ بېرىلگەنىدى. ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان ئارستىدىس، گلانىس، ھېرئودولوس، ئاگالوس تاتۋوس دېگەن ئادەملەرنىڭ نۇرغۇن ئەسەرلىرى يوقاپ كەتكەن ياكى پارچىلىرىلا قالغان ۋە ياكى

ئەخلاققا يات كىتابلار قاتارىدا كۆيدۈرۈۋېتىلگەنىدى. ھېرئودولوس يازغان «ئېفىئوپىيە رىۋايەتلىرى» (بۇ كىتاب بىر كىتابپۇرۇشنىڭ كىتابخانىسىدا ساقلىنىپ قالغان. كېيىن شەھەر مۇھاسىرىسىگە چۈشۈپ قالغاندا، شۇ ئادەمنىڭ كىتابخانىسىدا بايقالغان) 1534 ـ يىلى باھاردا بېسىلىپ چىققاندىن كېيىن، ياۋروپالىقلار ئاندىن مۇشۇنداق بىر كىتابنىڭ بارلىقىنى بىلگەن.

ئۇ رىۋايەتتە سۆزلىنىشىچە، ئېفىئوپىيەنىڭ ئايال پادىشاھى ئاق تەنلىك بىر قىز تۇغىدۇ ۋە باشقىلارنىڭ بىزنىڭ پادىشاھىمىز ئاق تەنلىك بىرسى بىلەن ئويناپتىكەن، دەپ قېلىشىدىن قورقۇپ بالىنى — قىزنى — باشقا بىر دىنىي مەزھەپتىكى بىرسىگە (يالىڭاچ پەيلاسوپ) بېرىۋېتىدۇ. ئۇ مەزھەپنىڭ ئادەملىرى ئۆزلىرىنى سىرلىق تۇتىدىغان ئادەملەر ئىكەن، ئۇ قىزغا چاركلىيە دەپ ئىسىم قويۇپ، دېرفىن ئىبادەتخانىسىغا ئەكېتىپتۇ. كېيىن ئۇ قىز چوڭ بولۇپ، ئايال ئىلاھ ئارمىيەسىنىڭ خىزمەتكارى بوپتۇ، بۇنىڭدىن كېيىن تايسالئانلارنىڭ تايئاجېنس ئىسىملىك بىر ئوغلانىنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ، ئەقىللىك بىر مىسىرلىقنىڭ ياردىمى بىلەن ئىككىسى ئۇ يەردىن باشقا ياققا قېچىپ كېتىپتۇ. ئېفىئوپىيەنىڭ ئۇ ئايال پادىشاھى شۇنىڭغىچە ئۇ قىزنى ئۇنتۇپ كېتەلمەي، ئادەم ياللاپ ھەممە يەردىن ئىزدىتىپتۇ. ئۇنىڭ ياللىغان ئادىمى ئۇ ئىككىسىنى قاچۇرۇۋەتكەن ئاشۇ مىسىرلىق ئىكەن. كېيىن يەنە نۇرغۇن بەختسىزلىكلەر، تاسادىپىيلىقلار يۈز بېرىپ، ئەڭ ئاخىرىدا بارلىق مۇھىم ئادەملەر مولويىغا يىغىلىپتۇ. چاركلىيەنى ئۆزىنىڭ دادىسى يەنە ئايال ئىلاھقا خىزمەتكارلىققا تۇتۇپ بەرمەكچى بولۇۋاتقاندا ئۇ ئادەملەر پادىشاھنىڭ قىزىنى قۇتۇلدۇرۇۋاپتۇ.

بۇ خىلمۇخىل ۋەقەلىكلەر ئىنتايىن زىچ ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئەسەر ئىكەن، جولىيېت كۆرۈپ چىقىپ ئۇ ۋەقەلىكلەرنىڭ

ئىچىگە كىرىپلا كەتتى، بولۇپمۇ يالىڭاچ پەيلاسوپ تەسۋىرلەنگەن ئاشۇ بىر ۋەقەلىك ئۇنىڭغا ئالاھىدە تەسىر قىلدى. ئۇ بار ئاماللار بىلەن ئاشۇ ئادەملەرگە ئائىت ماتېرىياللارنى يىغىپ، ئاخىرىدا ئۇ ئادەملەرنىڭ ھىندىستانلىق پەيلاسوپلار دەپ ئاتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىدىن خەۋەر تاپقان بولدى. مۇشۇنىڭدىن قارىغاندا، نۇرغۇن ئادەملەر ھىندىستاننى ئېفىئوپىيە بىلەن چېگرىداش دۆلەت دەپ قالغاندىمۇ؟ بۇ مۇمكىن ئەمەس. ھېرئودولوس تارىختا ناھايىتى كېچىكىپ بايقالغان بىلەن، ئۇنىڭ جۇغراپىيەلىك بىلىملىرىنىڭ ئۇ دەرىجىدە چولتا بولۇشى ئەقىلگە سىغمايدۇ. يالىڭاچ پەيلاسوپلار ھەر يەر ھەر يەردىن كېلىپ يىغىلىپ قالغان ئادەملەر، ئەڭ يىراق جايلارغىمۇ بارالايدۇ. ئۇلارنىڭ ئۆز ئېتىقادلىرىغا، تۇرمۇشىغا، ئىدىيەسىگە بولغان پولاتتەك مۇستەھكەم ئىشەنچىگە، ئۆزلىرىنى پاك تۇتۇشلىرىغا ئەتراپىدىكى ئادەملەرنىڭ قول قويمايدىغىنى يوق. ئۇلار ماددىي دۇنياغا ھەتتا ئەڭ ئاددىي يېمەك ـ ئىچمەك، كىيىم ـ كېچەكلەرگىمۇ نەزىرىنى سالمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇزاق ياشاپ چوڭ بولغان بىر قىز كېيىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدىن زېرىكىپ ئەركىن دۇنياغا چىققاندىن كېيىن كۆزى ئېچىلىپ، پاھىشە بولۇپ كېتىشكىمۇ رازى بولغان، بۇ تامامەن مۇمكىنچىلىكى بار ئىش.

جۇلىيېت كېيىن لارى ئىسىملىك بىر ئادەم بىلەن تونۇشۇپ قالدى. ئۇ قەدىمىي گىرېك تىلىدىن دەرس بېرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇ جۇلىيېتقا پېنېلوپىنىڭ نەرسىلىرىنى سېلىپ كەلگەن بىر نەچچە ئەخلەت خالتىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئۆيىنىڭ يەر ئاستى ئۆيىگە ئاپىرىپ ساقلاپ بېرىشنى ئېيتقانىدى. ئۇ تەسەۋۋۇرغا باي ئادەم ئىدى، ئىككىسى بىرلەشسە، «ئېفىئوپىيە رىۋايەتلىرى»نى مۇزىكىلىق درامىغا ئۆزگەرتىپ يېزىپ چىقىشلىرى ئېھتىمالغا يېقىن ئىدى. جۇلىيېت ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ، بۇ خىيالىي درامىنىڭ مۇزىكىلىرىنى ئىشلەشكە ياردەم بېرەلەيتتى ھەتتا ئەڭ سەت مۇزىكىلارنى، ئەڭ ئەخمىقانە

ھەم ئەڭ كۆلكىلىك سەھنە ھەرىكەتلىرىنى لايىھەلەپ، ئىجاد قىلىپ بىرەلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى. ئۇ يەنە ئىچىدە ئۇ كىتابتىكى تۈگەللەنمىگەن پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان باشقا بىر يەكۈننى تەسەۋۋۇر قىلىپ لايىھەلەپ چىقىۋاتاتتى. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرى بويىچە ۋەقەلىك پادىشاھنىڭ تەختىدىن ۋاز كېچىشى، بۇرۇن بولۇپ ئۆتكەن ئىشلار ئۈستىدە ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىشى، مۇشۇ جەرياندا ئايال پادىشاھنىڭ مەلىكىسى، مەن پادىشاھ جەمەتىدىن، دەۋالغان بىر ئالدامچىغا ئۇچراپ قېلىشى، ئۇ ئالدامچى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئۇ قىز ئىزدەۋاتقان ئادەم ئىكەنلىكىنى دېيىشى، دىرامىنىڭ ئاخىرى ئاتا ـ بالا ئىككىسىنى تېپىشقانلىقى، ياخشىلىنىپ قالغانلىقى بىلەن ئاخىرلىشىشى، ئايال پادىشاھ خاتا قىلغان ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلىپ، ئۆزىنىڭ كەڭ قورساق ھەم مېھرىبان ئانىلارغا خاس پەزىلىتىنى نامايان قىلىشى كېرەك ئىدى.

جۇلىيېت ئۆزىنىڭ ۋانكوۋېردا ئاشۇ دوغىلاق دىنىي ئانىنى قايتا ئۇچرىتىپ قالىدىغانلىقىنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانىدى. بىر كۈنى ئۇ ئۆزىنىڭ قايتا كىيمەيدىغان كىيىملىرىنى (ئۇنىڭ ئىشكاپىدىكى كىيىملىرى ھازىر ئىشلىتىش ئۈنۈمى ئەڭ يۇقىرى كىيىملەرگە ئايلىنىپ قالغانىدى) قۇتقۇزغۇچى قوشۇنىنىڭ تېجەشلىك ماگىزىنىغا ئېلىپ كېتىۋاتاتتى. ئەكەلگەن كىيىملىرىنى تاپشۇرۇۋېتىش ئورنىغا تاپشۇرۇپ بېرىۋاتقان چاغدا، كەڭ كىيىملەرنى كىيىۋالغان سېمىز بىر مومايىنىڭ ھەدەپ ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا باھا كارتوچكىلىرىنى سېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ قالدى. ئۇ ئايال باشقا خىزمەتچىلەر بىلەن خۇددى بۇ يەرنىڭ باشلىقىدەك ئەلپازدا پاراڭلىشىپمۇ تۇرۇۋاتاتتى. تۇرۇشلىرى ئىختىيارى، ئەمما يەنە ناھايىتى ھوشيار نازارەتچىدەكمۇ قىلىپ تۇراتتى، باشلىق بولسىمۇ، ئورنى بۇ يەردىكىلەردىن ئۈستۈن ئەمەس، ئادەتتىكى ئادەملەردىن ئازراق

پەرقلىق بولسىمۇ ئۆزىنى باشلىقتەك تۇتالايدىغاندەك قىلاتتى.

ئەگەر ئۇ ئاشۇ سېمىز موناخ خوتۇن بولىدىغان بولسا، دېمەك ئۇنىڭ هازىرقى ئورنى بۇرۇنقىدىن خېلىلا تۆۋەنلەپ كەتكەن بولاتتى، لېكىن يەنە ئۇنچىلىك دەپ كەتكىلىمۇ بولماس، شۇنداق بولغان تەقدىردىمۇ، بىرىنچىدىن، يۆلەنچۈكى بار، ئىككىنچىدىن، ئۆزىنى تەڭشەشنى بىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۆزىنى ئورنى تۆۋەنلەپ كەتكەندەك ئويلاپمۇ كېتەرمۇ؟

ئۇنىڭ قورسىقىدا هېيلىسى كۆپ بولغاچقا، زەهەر ياساپ كىشىلەرگە چاچىدىغانغىمۇ قۇربى يېتەتتى.

ئۇ ئىنتايىن قاتتىق ئاچارچىلىق دەستىدىن بىزنىڭ بۇ يەرگە كەلگەن بولۇشى مۇمكىن.

جۇلىيېت پېنېلوپىنىڭ ئەهۋالىنى لارىغا سۆزلەپ بەردى. قانداقلا بولمىسۇن ئۆزى تونۇيدىغان ئادەمگە سۆزلەپ بەرگىنى بولغاندۇ؟

— مەن ئۇنىڭغا، سەن چوقۇم ئالىيجاناب ئادەملەردەك ياشىشىڭ كېرەك دېيىشىم كېرەكمۇ؟ — دېدى ئۇ ئۇنىڭغا، — ئۆزۈڭنى قۇربان قىلالايدىغان بول، دېسەمچۇ؟ ئۆمۈرۋايەت ناتونۇش ئادەملەرنىڭ ئېهتىياجىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن خىزمەت قىل دېسەم قانداق بولىدۇ؟ مەن بۇنداق قىلىشلارنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىدىم. مېنىڭ ئۇنىڭدىن تەلەپ قىلىدىغىنىم ناهايىتى ئاددىي، ئۇ بولسىمۇ چوڭ بولغاندا ماڭا ئوخشاش ياشاش. شۇنداقلا ياشىيالايدىغانلا بولسا چوڭ ئىش بولاتتى. مەن ئۇنىڭدىن شۇنداق ياشاشنى تەلەپ قىلسام ئۇ بۇ تەلىپىمدىن بىزار بولۇپ قالارمۇ؟

لارى ئۇنىڭ هەممە نەرسىسىگە ئېهتىياجلىق ئەرلەردىن ئەمەس، ئۇنىڭغا لازىمى ئۇنىڭ دوستلۇقى بىلەن ياخشى مىجەزى ئىدى. ئۇ كىشىلەر قېرى بويتاق دەپ ئاتايدىغان ئادەملەر تۇردىن. جۇلىيېتنىڭ ئىگىلىشىچە، ئۇ جىنسىي تەلىپى

يۇقىرىمۇ ئەمەس (بەلكىم ئۇ ئۇنىڭ باشقا تەرەپلىرىنى بەكمۇ چۈشىنىپ كەتمەسلىكى مۇمكىن)، كىشىلەرنىڭ ھەرقانداق خۇسۇسىي مەخپىيەتلىكلەرگە قىزىقىپ كەتمەيدىغان، ئەمما ئۆزىنى ھەر ۋاقىت خۇشال تۇتىدىغان ئادەم ئىكەن.

جۇلىيېت ئۇ ئادەمدىن باشقا يەنە ئىككى ئادەم بىلەنمۇ تونۇشۇپ باقتى، بەلكىم ئۇلارنى ئۆزىگە مەڭگۈلۈك ھەمراھ قىلىۋېلىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغاندۇ، ئۇلارنىڭ بىرسى بىلەن ئۆزى دائىم بىرىپ قەھۋە ئىچىدىغان يول بويىدىكى ئاشۇ قەھۋەخانىنىڭ ئۈستىلىدە بىللە ئولتۇرۇپ قېلىپ تونۇشۇپ قالغانىدى. يىگىلا خوتۇنى ئۆلۈپ كېتىپ بويتاق بولۇپ قالغان ئادەم ئىكەن. جۇلىيېت ئۇ ئادەمنى ياخشى كۆرەتتى، لېكىن ئۇنىڭ بۆلەكچىلا جىمغۇرلۇقى، ئادەم قورققۇدەك دەرىجىدە كەينىگە كىرىۋېلىشلىرى جۇلىيېتنى قورقۇتۇپ قويىدى.

يەنە بىر ئادەم كىرىستانىڭ ئاكىسى ئىدى، كىرىستا ھايات ۋاقتىدا ئۇ ئادەمنى بىرنەچچە قېتىم كۆرگەنىدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسا ئۆزىنى بىئارام سەزمەيتتى، نۇرغۇن تەرەپلىرى كىرىستاغا ئوخشاپمۇ كېتەتتى، خوتۇنى بىلەن بولغان نۇرمۇشىنىڭ بۇزۇلۇپ كەتكىنىگە ئۇزاق بولغان بولسىمۇ، قايتا ئۆيلىنىشنى ئويلاپمۇ قويمىغانىكەن، جۇلىيېت ئۇنىڭ بۇ ئەھۋاللىرىنى كىرىستادىن ئاڭلىغانىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، بىرنەچچە ئايال توي قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ كەينىگە كىرىپتىكەن، لېكىن ئۇ ئۇلاردىن قېچىپ يۈرۈپتۇ، بۇ ئۇنىڭ زىيادە ئېھتىياتچانلىقىدىن بولسا كېرەك. جۇلىيېتنىمۇ نۇرغۇن ئويلىنىش، نۇرغۇن سىناشلاردىن كېيىن تاللىغانىدى. ئۇنىڭ بۇ ئەھۋالى جۇلىيېتنى سەل ئۇيالدۇرۇپ قويىدى.

جۇلىيېت نېمىشقا بۇنداق ئويلىدۇ؟ ئەگەر ئۇ ئادەمنى ياخشى كۆرگەن بولسا ئۇنداق تويغۇدا بولمايتتىغۇ دەيمەن.

ئۇ كىرىستانىڭ ئاكىسى بىلەن ئارىلىشىپ يۈرۈۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە — ئۇنىڭ ئىسمى گارى رام ئىدى — خېئاتىر

بىلەن تاسادىپىيلا تونۇشۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئۆيى ۋانكوۋېرنىڭ مەركىزىي رايونىدىكى بىر كوچىنىڭ ئىچىدە ئىكەن. گارى ئىككىسى بىر كىنوخانىغا كىرىپ كىنو كۆرۈپ چىقىۋېتىپ، كەچلىك تاماقنى نەگە بېرىپ يەپ كەلسەك بولار دەپ پاراڭلىشىۋاتاتتى. بۇ تېخى تولۇق قاراڭغۇ چۈشۈپ بولمىغان ئىللىق بىر ياز كېچىسى ئىدى.

يولنىڭ چېتىدە كېتىۋاتقان بىر توپ ئادەمنىڭ ئىچىدىن بىر ئايال ئايرىلىپ چىقىپ ئۇدۇل جۇلىيېتقا قاراپ كېلىشكە باشلىدى. ئۇ ئوتتۇز يەتتە ـ ئوتتۇز سەككىز ياشلاردا بار ئورۇق ئايال ئىكەن، قارا چاچلىرىنىڭ ئارىلىرىدا ئارىلاپ قوڭۇر چاچلار كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئۇ:

— پورتېۋس خانىم! پورتېۋس خانىم! — دەپ توۋلىغاچ كېلىۋاتاتتى.

بۇ چىرايىنى كۆرمىسىمۇ ئاۋازىنى ئاڭلاپلا تونۇيالايدىغان ئايالدەك قىلاتتى. ھە، ئەسلىدە ئۇ خېئاتېر ئىكەن ـ دە.

— سىزنى تۇيۇقسىز كۆرۈپ قېلىپ كۆزلىرىمگە ئىشەنمەيلا قالدىم، — دېدى ئۇ، — بۇ يەرگە كەلگىنىمگە ئۈچ كۈن بولغان، ئەتە قايتىپ كېتىمەن، ئېرىم يىغىنغا كەلگەن، مەنمۇ بىللە كەلدىم، تېخى باياملا بۇ يەردە مېنىڭ بىرمۇ تونۇشۇم يوق، دەپ ئويلاپ تۇراتتىم، لاپپىدە قىلىپ سىز كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ قالدىڭىز.

جۇلىيېت ئۇنىڭدىن نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى سورىدى، كانېكتىكۇت ئوبلاستىدا تۇرۇۋېتىپتۇ.

— ئۈچ ھەپتىنىڭ ئالدىدا ئېدمونتونغا بېرىپ ئىنىم جوش بىلەن ئائىلىسىدىكىلەرنى كۆرۈپ كەلدىم، ئىنىم جوشنى ئېسىڭىزدىمۇ؟ شۇ يەردە پېنېلوپىنى ئۇچرىتىپ قالدىم، چوڭ كوچىدا، ياق، سودا مەركىزىدە ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە ئاجايىپ چوڭ بىر سودا بازىرى بار ئىكەن. يېنىدا ئىككى بالا بار، باللارغا مەكتەپ فورمىسى ئالغىلى

چىقىپتىكەن، ئىككىلىسى ئوغۇل بالىلار ئىكەن. ئىككىمىز بىر - بىرىمىزنى كۆرۈپ قېتىپلا قالدۇق. مەن دەسلەپتە ئۇنى تونۇمايتىمەن، ئۇ مېنى بىر قاراپلا تونۇۋالدى. ئۇ ئۇ يەرگە ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ كەپتىكەن، شىمالدىكى ئەڭ يىراق بىر يەردىن، ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ يەرلەر ھازىر ئاجايىپ زامانىۋىلىشىپ كېتىپتۇدەك. ئۇ سىزنىڭ ھازىرغىچە مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتقىنىڭىزنى دېدى. مەن ئۇ ئادەملەر — ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئېرىمنىڭ ئاغىنىلىرى — بىلەن بىللە بولغاچقا، سىزگە تېلېفون بېرىۋېتىشكە زادىلا ۋاقىت چىقىرالماي كەتتىم...

جۇلىيېت ئۇنىڭغا رەسمىيەت ئۈچۈنلا، شۇنداق بولىدۇ - دە، دوستلار بىلەن بىللە بولغاندا ئادەمنىڭ ئۇنداق ئىشلارغا ۋاقىت چىقارمىقى ئاسان ئەمەس، دەپ قويدى، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بىرسى ماڭا تېلېفون بېرىپ قېلىشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ باقمىغانىدى.

ئۇ خېنئاتېردىن نەچچە بالىسىنىڭ بارلىقىنى سورىدى.

— ئۈچ، — دەپ جاۋاب بەردى خېنئاتېر، — ھەممىسى بەڭباش بىرنېمىلەر، ئۇلارنىڭ چوڭ بولۇپ ئادەم بولۇشلىرىغىمۇ ئۇزاق قالمىدى، پېنېلوپىقا سېلىشتۇرغاندا مېنىڭ كۆڭلۈم ھەرھالدا ياخشى ئىكەن، مېنىڭ ئۈچ بالا، ئۇنىڭ دېگەن بەش بالا دەڭە.

— ئۇغۇ شۇنداق.

— مەن ماڭسام بولمايدۇ، بىز يەنە كىنو كۆرىدىكەنمىز. مەن فىرانسىيەنىڭ كىنولىرىنى ياخشى كۆرمەيتتىم، بىلمىدىم، ئۇلار مېنى شۇلارنىڭ كىنوسىنى كۆرگىلى ئەكېتىمۋاتىدۇ. لېكىن، شۇ باھانىدە سىز بىلەن ئۇچرىشىپ قالغىنىمدىن شۇنچىلىك خۇشال بولدۇم، بىزنىڭ ئۆيدىكىلەر سىزنىڭ بىزنىڭ ئۆيدە تۇرغانلىقىڭىزنى دەپ ئاغىنىلىرىنىڭ ئالدىدا جىق ماختىنىدۇ. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، سىز يېقىندا تېلېۋىزورغا چىقمايدىغان بولۇپ قاپسىز، چىقىۋېرىپ زېرىكىپ قالدىڭىزمۇ يا؟

— شۇنداقراق.

— مانا ھازىر، ھازىرلا بارىمەن، — ئۇ جۇلىيېتنى قۇچاقلاپ ئىككى مەڭزىگە سۆيۈپ قويدى، — ھازىرقى ئادەملەرگە مۇشۇنداق قىلىش ئادەت بولۇپ قالدى، — ئاندىن يۈگۈرۈپ ئۇ ئادەملەرگە يېتىشىۋالدى.

ئەسلىدە پېنىلوپ ئېدمونتوندا ئەمەس، ئۇ يەرگە شىمالدىن ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ بىرنەرسە سېتىۋالغىلى كەپتىكەن - دە. ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ ئۇ يەردىكى ئاق ئات ياكى سېرىق پىچاق دەيدىغان كىچىك شەھەرلىرىنىڭ بىرسىدە تۇرىدىغانلىقى مەلۇم بولدى. ئۇ تەرەپلەرنىڭ خېرىدارلىرى ئاجايىپ زامانىۋىلىشىپ كېتىپتۇدەك، دەپ تەسەۋۋۇرلىغۇدەك يەنە قانداق يەرلىرى باردۇ؟ بەلكىم پېنىلوپ بۇ گەپنى ماختىنىپ ھەم خېرىدارلىرىنى چۆكۈرۈش مەقسىتىدە دېگەن بولۇشىمۇ مۇمكىن.

ئۇ بەش بالىلىق بولۇپ كېتىپتۇ، خېرىدارلىرىنىڭ گېپىچە، ئىككىسى ئوغۇل ئىكەن، مەكتەپ فورمىسى كىيىپ مەكتەپكە بارغۇدەك چوڭ بولۇپ كېتىپتۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ئۇ بالىلىرىنى خۇسۇسىي مەكتەپكە بېرىپتۇ - دە، دېمەك، ئۇنىڭ پۇلى بار، دېگەن گەپ.

خېرىدارلىرىنىڭ ئۇنى بىردىنلا تونۇماي قالغىنىغا قارىغاندا خېلىلا قېرىپ كەتكەنمۇ قانداق؟ بەش بالىنى تۇغۇپ چوڭ قىلغۇچە تۇرغۇن جاپالارنى تارتىپ قېرىپ كەتسىمۇ كەتكەندۇ. ئۆزىنى ياخشى كۈتەلمىدىمۇ يا؟ قارىغاندا، خېرىدارغا قارىغاندا جىق ئۆزگىرىپ كەتكەن ئوخشايدۇ. مەلۇم مەنىدىن ئالغاندا، ئۇنىڭ جۇلىيېتقا ئوخشىشى تەس، جاپاكەش ئاياللاردىن بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ. ئۇنداق ئاياللار جاپانىڭ ئىچىدە تىرىشىپ - تىرمىشىپ ياشايدۇ، ئۆزىنى ئاسراشنى بىلمەيدۇ، بۇمۇ بىر كۆلكىلىك ئىش. بۇ ئاياللارنىڭ ئۆزىنىڭ ئورنىنىڭ بىخەتەر ئەمەسلىكىگە بولغان ئىقرارىمىدۇ؟ يا بولمىسا بۇ ئويلاپ كۆرۈشكە ۋاقتى يەتمەيدىغان ھەم ئۇنىڭ ئويلايدىغان ئىشلىرىنىڭ

دائىرىسىگە كىرمەيدىغان بىر ئىشمىدۇ؟

جۇلىيېت ئىلگىرى پېنىلوپنى تەجرىبىچىلەر قاتارىغا كىرىپ قالغان بولسا تەسەۋۋۇرچى بولۇپ كەتتىمىكىن، بۇنداق ئادەملەر پۈتۈن ۋاقتىنى ئۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى ئويلاشقا، روھىنى قۇتقۇزۇشقا سەرپ قىلىۋېتىدۇ. ئۇمۇ بولمىسا، غورىگىل، خەتەرلىك ئىشلار بىلەن، مەسىلەن، بىلىقچىلىق دېگەندەك ئىشلارنى قىلىپ ئېرى بىلەن تۈزۈك تەربىيە كۆرمىگەن كەيسىز، قوپال باliلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كولومبىيەنىڭ ياكى بىرىتانىيەنىڭ سوغۇق دېڭىز بويلىرىدا، دېڭىزنىڭ ئىچىدە بېلىق تۇتۇپ يۈرۈۋاتامدىكىن، دەپ ئويلىغانىدى.

لېكىن، ئۇنىڭ تۇرمۇشى ئۆزى ئويلىغانغا تۈپتىن ئوخشىمايدىكەن، راھەتتە، باياشاتلىق ئىچىدە ياشاۋېتىپتۇ. سېستىرالار باشلىقى دېگەندەك پۇللۇق، ئابرۇيلۇق بىرەر خىزمەتتىمىدۇ؟ يا بولمىسا داڭلىق بىر دوختۇرغا، شۇ يەرنىڭ بىرەر ئەمەلدارىغا تېگىۋالغانمىدۇ؟ ئەمەلدارغا تېگىۋالغان بولسىمۇ ئەجەب ئەمەس. ئۇلار ناھايىتى ئېھتىياتچان كېلىدۇ، شۇنداقتىمۇ شىمالدىكى جايلارنى شۇلار باشقۇرىدۇ، پۇلىمۇ بار. ناۋادا جۇلىيېت بىر كۈنلەردە پېنىلوپ بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىپ ئۆزىنىڭ مۇشۇ خىياللىرىنى سۆزلەپ بېرىدىغان بولسا، ئىككىسى كۈلۈپ ئۇچەيلىرى ئۈزۈلۈپ قېلىشى، پېنىلوپ ئۇنى، ئېنىلەرنى ئويلاپ كەتتىڭ، دەپ ھەيران بولۇشى مۇمكىن. ئۇلار يەنە ئىككىسى ئايرىلىپ كېتىپ خېئاتىر بىلەن ئۇچرىشىپ قالغانلىقىغىچە بولغان ئارىلىقتىكى ئىشلارنى ئويلاپ تېخىمۇ ھەيران قېلىشىلىرى، تېخىمۇ قاتتىق كۈلۈپ كېتىشلىرى مۇمكىن.

ياق، ياق، ئۇنىڭ پېنىلوپنىڭ بەزى قىلغان ئىشلىرىغا كۈلگەن كۈلكىلىرى بەك كۆپ، بەك كۆپ. ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى مەسخىرە قىلىپ كۈلگەن، پاجىئە دەپمۇ بىلگەن. ئۇنىڭدا ئانىلارغا خاس سەۋرچانلىق، مېھىر - مۇھەببەت ۋە

تەمكىنلىكلەر ناھايىتى ئاز بولغان.

پېنېلوپ جۇلىيېتنى ھازىرمۇ ۋانكوۋېردا تۇرۇۋېتىپتۇ دەپتۇ ھەم خېئىاتىرغا ئانا ـ بالا ئىككىسىنىڭ مۇناسىۋىتىنىڭ يىرىكلىشىپ قالغانلىقىنى ئازراقمۇ بىلىندۇرمىگەندەكمۇ قىلىدۇ، چوقۇم شۇنداق. ئەگەر خېئىاتىر بىلگەن بولسا بايام چىرايىدىن چاندۇرۇپ قويغان بولاتتى، ئۆزى بىلەن ئۇنداق ئەركىن پاراڭلىشالمايتتى.

پېنېلوپ ئۇنىڭ تېلېفون دەپتىرىدىكى ئادرېسىنى ئاختۇرۇپ بىلگەنمىدۇ؟ بولمىسا ئۆزىنى يەنە شۇ يەردە تۇرۇۋاتىدۇ دەمدۇ؟ ئەگەر تېلېفون دەپتىرىدىن ئادرېسىنى ئىزدىگەن بولسا، بۇ ئىزدەش يەنە نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

ياق، ئۇ ھېچقانداق ئىشتىن دېرەك بەرمەيدۇ.

جۇلىيېت دەررۇ يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ گارى بىلەن ئۇچراشتى. بايام خېئىاتىر كەلگەندە گارى ئۆزىنى سوراپ يولنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتكەنىدى.

ئاق ئات، سېرىق پىچاق دېگەن بۇ كىچىك شەھەرلەرنى ئاڭلىماستا ياخشى ئىدى، ئاڭلىغاندىن كېيىن جۇلىيېت ئىچىنى بىر نەرسە تاتىلىغاندەك بولۇپ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدى. ئايروپىلانغا ئولتۇرۇپ ئۇ شەھەرلەرگە بارسا، كوچىلىرىغا چىقىپ ئايلىنىپ يۈرسە، تېگىشلىك ئادەملەرنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ قېلىشىنىڭ ئامالىنى قىلغىلىمۇ بولار ئىدى.

لېكىن، ئۇ ئۇ دەرىجىدە ئەخمەق ئەمەس، تېخى ئۇ ھالەتكە يەتمىگەنىدى.

جۇلىيېت كەچلىك تاماق ۋاقتىدا نۇرغۇن ئويلاپ، باياмقى خەۋەرنىڭ ئۆزىنىڭ دېگەن يېرىگە تەگكەنلىكىنى، گارى بىلەن توي قىلغان ياكى بىللە تۇرغان كۈنلەردە قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى ئويلىشىدىغانلىقىنى جەزم قىلىپ قويدى. ئۇنىڭ پېنېلوپتىن ئەنسىرەيدىغان يېرى يوق ئىدى ياكى ئۆزىنىڭ ھەرىكىتىنى توسۇپ قويىدۇ دەپمۇ ئەنسىرىمەيتتى. پېنېلوپ

ئەرۋاھ ئەمەس، ئەڭ بىختەر قىز، باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ھېچقانداق يېرىمۇ يوق، باشقا ھەرقانداق ئادەمگە ئوخشاش خۇشال ـ خۇرام يۈرەلەيدۇ. ئۇ جۇلىيېت بىلەن ئالاقىسىنى ئۈزگەن. ئەگەر يەنە شۇنداق كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۆزىنىڭ ئىختىيارى، ئەمدى جۇلىيېت ئۇنىڭ كەينىدىن ئەگىشەلمەيدۇ.

لېكىن، ئۇ خېئاتېر بىلەن كۆرۈشكەندە، جۇلىيېتنىڭ ۋانكوۋېردا تۇرۇۋاتقانلىقىنى دەپتۇ. شۇ چاغدا ئۇ ئۇنى جۇلىيېت دېگەندىمۇ ياكى ئاپام، مېنىڭ ئاپام دېگەندىمۇ؟

جۇلىيېت گارىغا خېئاتېرنىڭ ئۆزىنىڭ بىر دوستىنىڭ قىزى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئەمما، پېنېلوپ توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. گارىمۇ پېنېلوپنى بىلىدىغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق ئىپادىدە ياكى سۆزدە بولمىدى. كرىستانىڭ ئۇنىڭغا بۇ توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس، شۇنداقتىمۇ بۇ ئىشنىڭ ئۆزى بىلەن مۇناسىۋەتتى يوقلۇقىنى ئويلىغان بولسا كېرەك، ئۇ ھەقتە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى. بەلكىم كرىستا سۆزلەپ بەرگەن بولسا ئۇنتۇپ قالغاندۇ ياكى بولمىسا پېنېلوپ توغرۇلۇق گارىغا زىنھار گەپ قىلىپ باقمىغاندۇ، ئىسمىنىمۇ چىقارمىغاندۇ.

ئەگەر جۇلىيېت گارى بىلەن بىللە ئۆتىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا پېنېلوپنىڭ ئىسمىنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئېڭىدىكى مەۋجۇتلۇقىدىن مەڭگۈ قېلىپ قالىدۇ.

پېنېلوپ راستلا مەۋجۇتلۇقىدىن قالغان، جۇلىيېت ئىزدىگەن پېنېلوپ ئاللىبۇرۇن غايىب بولۇپ كەتكەنىدى. خېئاتېر ئېدمونتوندا كۆرگەن ئۇ ئايالنى ــ ئىككى ئوغلىنى ئېلىپ ئېدمونتونغا مەكتەپ فورمىسى ئېلىش ئۈچۈن كەلگەن ئۇ ئايالنى چىرايى ئۆزگىرىپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن تونۇماي قالغان. دېمەك، ئۇ جۇلىيېت تونۇيدىغان ھېچقانداق ئادەم ئەمەس.

جۇلىيېت راستلا شۇنداق ئويلىغانمىدۇ؟

ئەگەر گارى ئۇنىڭ ھاياجانلىنىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى سەزگەن بولسا چوقۇم ئۇنىڭغا دىققەت قىلمىغاندەك بولۇۋالاتتى. بەلكىم ئۇ ئىككىسى شۇ كۈنى كېچىدىن باشلاپ ئۆزلىرىنىڭ مەڭگۈ بىللە ياشىيالمايدىغانلىقىنى چۈشەنگەن بولۇشى مۇمكىن. ئەگەر بىللە ياشاش ئېھتىماللىقى بولىدىغان بولسا، ئاشۇ كۈنى ئاخشىمى جۈلىيېت ئۇنىڭغا شۇنداق دېگەن بولاتتى:

مېنىڭ قىزىم ماڭا خوش دەپمۇ قويماي ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ راستلا ئۆيدىن چىقىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمىگەن، بۇنىڭ مەڭگۈلۈك ئايرىلىش بولىدىغانلىقىنى چۈشەنمىگەن بولۇشى مۇمكىن. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى قايسى دەرىجىدە ئويلىمايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى، بۇ ئىشنىڭ يېڭىچە تۇرمۇشنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ بىر خىل چارىسى بولۇپ قالغانلىقىنى تەدرىجىي ھالدا چۈشىنىشكە باشلىدىم.

بەلكىم ئۇ بۇ ئىشنى ماڭا قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلەلمەي تۇرۇۋاتقاندۇ ياكى چۈشەندۈرىدىغانلىقىغا ۋاقىت چىقىرالمايۋاتقاندۇ. ھەر ئىككىمىزنىڭ بۇ ئىشتا يا بۇنداق، يا ئۇنداق سەۋەبلىرىمىز بار ھەم توختىماي سەۋەب ئىزدەپمۇ تۇرۇۋاتىمىز. ئۇنىڭدىن باشقا، ساڭا دېسەممۇ بولىدۇ، نۇرغۇن ئىشلاردا مەن خاتا قىلدىم. قىلغان ئۇ خاتالىقلىرىمغا سەۋەب تېپىشىممۇ ئاسان ئەمەس. بەلكىم ئۇنىڭ پاك تەبىئىتىگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلاردا خاتا قىلغاندىمەن. توغرا، ئۇنىڭ تەبىئىتىدە نازۇكلۇق، تەلەپچانلىق، پاكلىق، گىرانىت تاشقا ئوخشاش قاتتىقلىق تەركىبلەر، سەمىمىيلىك ئامىللىرى مەۋجۇت ئىدى.

بۇرۇن مېنىڭ دادام ئۆزى ياخشى كۆرمەيدىغان ئادەملەر توغرۇلۇق گەپ قىلغانلىرىدا ئۇنداق ئادەملەرنى ئۆزلىرى ئۈچۈنمۇ پايدىسى يوق ئادەملەر، دەپ قوياتتى. بۇ بىرنەچچە ئېغىز گەپ يۈزەكىي مەنىسى بىلەن ئېيتىلغان گەپمۇ؟ پېنېلوپ ئۈچۈن مەن ھېچقانداق پايدىسى يوق ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم ياكى بولمىسا ئۇنىڭ ئەمدى مېنى كۆرەرگە كۆزى يوق، بۇمۇ مۇمكىن.

جۈلىيېتنىڭ بىرنەچچە دوستى بار ئىدى، ھازىر ھېچقانچە

قالمىدى. لېكىن، يەنە بار، لارى دائىم كېلىپ ئۆنىڭ بىلەن پاراڭلىشىپ، چاقچاقلىشىپ تۇرىدۇ. جۇلىيېت كىتاب ئوقۇشنى تاشلاپ قويىدى. كىتاب ئوقۇش ئۇنىڭ قىلىۋاتقان ئىشىغا مۇۋاپىق كەلمەيتتى. مۇۋاپىق كېلىدىغىنى، تەتقىقات ئىدى.

ئۇ خىراجىتىگە پۇلى يەتمەي، دائىم بىرىپ قەھۋە ئىچىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ كېلىدىغان قەھۋاخانىغا كېلىپ ئىشلەيدىغان بولدى. بىر ھەپتىدە بىر نەچچە سائەت ئىشلەيتتى. بۇ ئىش ئۇنىڭ قەدىمكى گىرېكلار بىلەن روھىيىتىدە دائىم دەتالاش قىلىپ تۇرىدىغان روھىي ھالىتى ئۇچۇن ئەڭ ياخشى تەڭشىگۈچ بولۇپ قالغانىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ كېيىن پۇللىرى خىراجىتىگە يېتىدىغان چاغلاردىمۇ بۇ يەردىكى ئىشىدىن ئىستېپا بەرمەيدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ئۇ ھازىرغىچە پېنېلوپېتىن ئىككىلىك بولسىمۇ خەت كېلىشىنى ئۈمىد قىلىپ تۇراتتى. ئەمما، خەت كەلمىگەنلىك بىلەن روھىنى سۇندۇرمايتتى، بۇ دۇنيانى تەرك ئېتىپ ئۇ دۇنيانى خىيالىدا ئارزۇ قىلىۋاتقان. كېسىلىنىڭ بىر كېچىدىلا ساقىيىپ كېتىشىنى، ياخشى ئىشلارنىڭ شۇ ئان يۈز بېرىشىنى خۇدادىن تىلەپ تۇرۇۋاتقان ئادەملەرگە ئوخشاش سەۋر ئىچىدىلا ياشاپ كېتىۋاتاتتى.

# ئەسەبىيلىك

ئانچە ئۇزاق بولمىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، گراس ئوتتاۋا جىلغىسىغا تراۋېرسلارنىڭ يازلىق داچىسىنى ئىزدەپ بېرىپ قالدى. ئۇنىڭ بۇ جايلارغا كېلىپ باقمىغىنىغا خېلى يىللار بولغانىدى، ئاجايىپ چوڭ ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كېتىپتۇ. يەتتىنچى نومۇرلۇق تاشيول شەھەرنى ئايلىنىپ ئۆتىدىغان بوپتۇ، بۇرۇن شەھەرنىڭ ئوتتۇرىسىنى كېسىپ ئۆتەتتى. ئىلگىرىكى ئەگمە يەرلەر ھازىر تۈپتۈز بولۇپ كېتىپتۇ. كانادانىڭ قالقىنى ھېسابلىنىدىغان مۇشۇ بىر دائىرە ئىچىدە خەرىتىگە چۈشمىگەن نۇرغۇن كىچىك كۆللەر بار ئىدى، خەرىتىگە ئېلىشقا توغرا كەلسە پاتقۇزۇش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ بارماقچى بولغان سايىبىر كۆلىنىڭ ئورنىنى تاپتىم دەپ ئويلىغان نىشان تەرەپكە تۇتىشىپ كەتكەن توپا يوللار ھازىرمۇ بار ئىكەن، شۇ يوللارنىڭ ئىچىدىن بىر يولنى تاللاپ شۇ يول بىلەن ماڭماقچى بولۇۋېتىپ، ئۇ يولغا تۇتىشىدىغان يەنە بىرمۇنچە مەھەللە يوللىرىنى بايقاپ قالدى. بۇ مەھەللىلەرنىڭ ئىسىملىرىنىڭ نېمىلىكى ئېسىدە يوق ئىدى. ئەمەلىيەتتە، قىرىق يىلنىڭ ئالدىدا بۇ يەرلەردە تۇرغان چاغلىرىدا بۇ يوللارغا ئىسىممۇ قويۇلمىغان، يوللارنىڭ ئىككى چېتىدە ئادەم ماڭىدىغان يوللارمۇ ياسالمىغانىدى، كۆلگە ئېلىپ بارىدىغان بىرلا چىغىر يول بار ئىدى. ئۇنىڭدىن باشقا، كۆلنىڭ ئايلانمىسىدا كىشىلەر مېڭىپ پەيدا قىلىپ قويغان بىلىنەر - بىلىنمەس يول ئىزلىرى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ھازىر بۇ يەردە چوڭراق بىر كەنت پەيدا بوپتۇ، شەھەر

سىرتىدىكى بىر رايون دېسىمۇ بولغۇدەك. مۇشۇنداق ئاتاش بۇ يەرگە مۇۋاپىق كېلىدىغاندەك قىلىدۇ. نېمىشقا دېگەندە، بۇ ئەتراپتا يا پوچتىخانا، يا كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان كېشىلەرگە قولايلىق بىرەر ماگىزىنمۇ يوق ئىكەن. بۇ دائىرە كۆلگە تۇتاشقان بىرنەچچە كوچىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدىكەن. كوچىلارنىڭ ياقىلىرىغا بىر - بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن نۇرغۇن ئۆيلەر سېلىنىپتۇ. ئۇ ئۆيلەرنىڭ يازدا كېلىپ دەم ئېلىپ كېتىدىغان ئۆيلەر ئىكەنلىكى دېرىزىلىرىگە مىخلىنىپ كەتكەن تاختايلاردىن مەلۇم ئىدى. كىشىلەر كەچ كۈزدە دېرىزىلەرنى تاختايلار بىلەن مىخلىنىۋېتىپ شەھەرگە كىرىپ كېتەتتى. بەزى ئۆيلەر ئۇنداق ئەمەس. ئىگىلىرى قىش - ياز كەتمەي تۇرىدىغاندەك ئالامەتلەر چىقىپ تۇراتتى. بۇنداق ئالامەتلەر ناھايىتى نۇرغۇن ھەم خىلمۇخىل ئىدى، ھويلىلىرىدا چېچىلىپ ياتقان چېنىقىش ئۈسكۈنىلىرى، ئىشىكلىرىنىڭ ئالدىلىرىدىكى توپ - توپ دەرەخلىكلەرگە قويۇپ قويۇلغان كاۋاپدانلار، مەشىقتە ئىشلىتىدىغان ۋېلسىپىتلەر، موتوسىكىلىتلار ۋە تالادا ئولتۇرۇپ تاماق يەيدىغان ياغاچ ئۈستەللەر شۇ ئالامەتلەرنىڭ بىر قىسىم ئىپادىلىرى ئىدى. بەزى ئادەملەر 9 - ئاينىڭ ئىللىق كۈنلىرىدە چۈشلۈك تاماقلىرىنى، پىۋا - ھاراقلىرىنى ئاشۇ ئۈستەللەردە ئولتۇرۇپ يەپ - ئىچىپ يۈرۈشەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى ئادەملەر — ئۇ ئادەملەر ئوقۇغۇچىلارمۇ ياكى تەنھا ياشاۋاتقان قېرى شىپپىلارمۇ، بىلگىلى ھەم ئۇلارنىڭ قارىسىنى كۆرگىلى بولمايدۇ — بايراقلار ياكى قېلىن قەغەزلەرنى پەردە ئورنىدا دېرىزىلىرىگە تارتىپ قويۇشۇپتۇ، بۇ، تەننەرخى تۆۋەن، خېلىلا پۇختا، قىشتا ئىسسىق ساقلايدىغان ئۈسكۈنىلىرى بار ئۆيلەر ئىدى. بەزىلىرىدە ئۇنداق ئۈسكۈنىلەرمۇ يوق.

ئەگەر گراس سەككىز بۇرجەكلىك ئاشۇ ئۆينى كۆرۈپ قالمىغان بولسا ماشىنىسىنى كەينىگە ياندۇرۇپ قايتىپ كەتكەن بولاتتى. بۇ ئۆينىڭ ئۆگزىسىنىڭ چۆرىسى قەلەيدىن نەقىش

قويۇلغان، كۆرۈنۈشى چىرايلىق ئىدى، ھەربىر تامدا بىردىن ئىشىك بار ئىدى. بۇرۇن ۋۇسلارنىڭ داچىسى بولىدىغان، ھازىر كىمنىڭ ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولمايتتى. ئۇنىڭ ئېسىدە قېلىشىچە، بۇ ئۆيلەرنىڭ سەككىز ئىشىكى بار ئىدى، ھازىر تۆتى تۇرىدۇ، قالغان تۆتىگە نېمە بولغاندۇ؟ ئۇ بۇرۇن بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىچىگە كىرىپ باقمىغان بولغاچقا، ئىچىنىڭ قانداق كىچىك ئۆيلەرگە بۆلۈنگەنلىكىنى بىلمەيتتى. تراۋېرسىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەردىنمۇ كىملەرنىڭ كىرگەنلىكىنى بىلمەي، بۇ ئۆيگە ھېچقانداق ئادەم كىرىپ باقمىغان دەپ يۈرۈۋەرگەنىدى. ئۇ چاغلاردا بۇ ئۆيلەرنىڭ ئەتراپى رەتلىك تىكىلگەن ئاق تېرەكلەر بىلەن قاشالىنىپ تۇراتتى، كۆل تەرەپتىن شامال ئۇرسىلا دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى شالدىرلاپ كېتەتتى. ۋۇس ئەپەندى بىلەن ۋۇس خانىم ھازىر ياشىنىپ قالدى — گراسنىڭ ھازىرقى ۋاقتىغا ئوخشاش — قارىغاندا، ئۇلارنى ھازىرغىچە دوستلىرى ياكى بالىلىرى يوقلاپ باقمىغان ئوخشايدۇ. قەدىمىي پۇراق چىقىپ تۇرغان، لايىھەلىنىشىمۇ ئۆزگىچە بۇ ئۆيلەر ئەمدىلىكتە ھۇۋۇلداپ زامانغا لايىق بولماي قالغاندەك قىلىدۇ. قوشنىلارنىڭ ئەسكى - تۈسكىلىرى، چۇۋۇپ قايتا ياساپ قۇراشتۇرماقچى بولغان بىر ماشىنىسى، بالىلىرىنىڭ ئويۇنچۇقلىرى، يۇيۇشقا تاشلاپ قويغان كىرلىرى بۇ ئۆينىڭ ئەتراپىدا چېچىلىپ يېتىپتۇ.

گراس تۆۋەنگە قاراپ چارەك ئىنگلىز مىلى ماڭغاندىن كېيىن تراۋېرسلارنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى. بۇ ئۆيلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ بايامقى ئۆيلەرنىڭ ئەھۋالى بىلەن ئوخشاش دېگۈدەك ئىدى. ھازىر بۇ يول بۇرۇنقىدەك مۇشۇ يەرگە كەلگەندە تۈگەپ قالماي، بۇ يەردىن يەنە باشقا يەرلەرگىمۇ بارغىلى بولىدىغان بوپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆيلەرنىڭ ئارىلىقلىرىمۇ يىراق ئەمەس. ئىككى سەكرەپلا بارغىلى بولىدىغان يەرلەردە ئىكەن.

بۇ ئۆيلەرمۇ بىر قەۋەتلا سېلىنغان غەلىتە ئۆيلەر ئىكەن.

www.uyghurkitap.com

ئۆگزىسى پېشايۋاننى يېپىپ تۇزلا چۈشكەن، ئارىلىقلاردا ئۈزۈلۈپ ياكى قاتلىنىپ قالغان يەرلىرى يوق بۇنداق ئۆيلەرنى گىراس ئاۋستىرالىيەدە كۆرگەنىدى. بۇنداق ئۇسلۇبتىكى ئۆيلەر ئادەمگە ياز ۋاقتىنى ئەسلىتەتتى.

بۇرۇنلاردا بۇ ئۆينىڭ پېشايۋىنىدىن چۈشۈپ، توپا تۇزۇپ، تۇرىدىغان يولنىڭ ئاخىرىغا چىقىپ ياۋا ئوت ـ چۆپلەر بىلەن ياۋا مالىنا ــ بۇ يەردىكى مالىنا تراۋىرسىنىڭ ئىگىلىكىنىڭ مۇھىم بىر قىسمى ئىدى ــ ئوت بېسىپ كەتكەن كەڭ بىر پارچە يەردىن ئۆتسىلا كۆلگە بارغىلى بولاتتى. ھازىر ئۇ چاغدىكىدەك كۆلنى ھە دېگەندىلا كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ قاپتۇ. ئارىلىقلارغا نۇرغۇن ئۆيلەر سېلىنىپ كەتكەچكە، كۆلنى توسۇۋاپتۇ. ئۇ ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى پۇختا سېلىنغان، بۇ ئەتراپتا ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان داچا ئۆيلەر ئىكەن، ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئىككىدىن ماشىنا قويىدىغان ئۆيلىرىمۇ تۇرىدۇ. گىراس يول بويى بۇنداق ئۆيلەرنى پات ـ پات ئۇچرىتىپ تۇردى.

گىراس بۇ ئۇزۇن سەپەرگە نېمە مەقسەتنى كۆزلەپ چىقتى؟ ئۇنىڭ بۇ سەپەردىن ئالىدىغان ئەڭ، ئەڭ يامان ھاسىلاتى ئۆزى ئىزدەپ تاپماقچى بولغان نەرسىگە ئېرىشىش بولسا كېرەك. ئۇ بۇ مەقسىتىگىمۇ يېتىپ، شامال ۋە يامغۇرلاردىن ساقلايدىغان ئۆگزىلەرنى، يۇز قاناتلىق دېرىزىلەرنى، ئۆيلەرنىڭ ئالدىلىرىدىكى كۆللەرنى، ئارقا ھويلىلاردىكى ئېگىز ئۆسۈپ كەتكەن دۇب، تۇخۇمەك دەرەخلىرىنى تاپتى، ئۇلارنى كۆردى. بۇ يەرلەرنىڭ ئىلگىرىكى ھالەتلىرى ئۆز پېتى ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئەمما، بۇ كۆرۈنۈشلەر، بۇ مەنزىرىلەر ئۇنىڭ كەچۈرمىشلىرىدىن ھېچنېمە دەپ بېرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ تاپقىنى ئۇ چاغلاردىكىدىنمۇ بەكرەك ۋەيرانچىلىق، تىراۋىرسىنىڭ ئۆيلىرىنىڭ ھازىرقى ھالىتى، ئۆگزىسىگە ئېچىۋالغان بىرنەچچە تۆگلۈك، كۆزلەرنى چېقىپ كېتىدىغان كۆپكۆك سىر بەلكىم بايقىغان بۇ نەرسىلىرىنىڭ ئۇنىڭغا ئېلىپ كېلىدىغان زىيىنى باشقا

نەرسىلەرنىڭ زىيىنىدىن ئازراق بولۇشى مۇمكىن.

ئەگەر بۇ كونا ئۆيلەر بولمىغان بولسا قانداق بولاتتى؟ ئۇ چاغدا ئۇنىڭدىكى ھەيرانلىقلار ھەسسىلەپ ئېشىپ كېتەتتى. بىرسى كېلىپ ئۇنىڭدىن نېمە بولغانلىقىنى سورىسا، ئۇ ئۆلارنىڭ غايىب بولۇپ كەتكىنىگە ھەسرەت چېكىپ ئىچىگە چوڭقۇر بىر تىنىغانمۇ بولاتتى. شۇنىڭلىق بىلەن ئۇ يەڭگىللەپ قالارمۇ؟ ئايىغى چىقماس نادامەت ۋە ئۆزىدىن ئۆزى رەنجىشلەر يوقاپ كېتەرمۇ؟

تراۋېرس بۇ ئۆينى باشقىلارنىڭ ياردىمى بىلەن تويلۇق سوۋغىتى ھەم تراۋېرس خانىمنى تۇيۇقسىز خۇشال قىلىۋېتىش ئۈچۈن سالدۇرغانىدى. گراس بۇ ئۆينى دەسلەپتە كۆرگەن چاغدىلا بۇ ئۆينىڭ سېلىنغىنىغا ئوتتۇز يىل بولۇپ بولغانىدى. تراۋېرس خانىمنىڭ بالىلىرىنىڭ ئارىلىقى چوڭ بولۇپ، گرېتچېن يىگىرمە سەككىز - يىگىرمە توققۇز ياشقا كىرىپ بىر بالىنىڭ ئانىسى بولۇپ بولغان، مورى يىگىرمە بىر ياشقا كىرگەن، ھازىر ئالىي مەكتەپنىڭ ئاخىرقى يىللىقىدا ئوقۇۋاتاتتى. تراۋېرس خانىمنىڭ بۇرۇنقى ئېرىدىن بولغان نېل ئىسىملىك يەنە بىر ئوغلى بار ئىدى. بۇ يىل ئوتتۇز بەش ياشقا كىردى. ئۇ ئورگانلارغا كاتىپ تەربىيەلەيدىغان بىر مەكتەپتە سودا ئىنگلىز تىلىدىن دەرس بېرىپ، شۇنىڭدىن تاپقان پۇلى بىلەن تۇرمۇشىنى قامداپ، بالىسىنى بېقىپ كېلىۋاتاتتى. تراۋېرس ئەپەندى نېلنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىغا كېلىشتىن ئىلگىرىكى تۇرمۇشىنى تۇرمىدىكى جىنايەتچىلەرنىڭ تۇرمۇشىغا ئوخشىتىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنى شۇ تۇرمۇشتىن قۇتۇلدۇرۇپ پاراغەتكە ئېرىشتۈرگەنلىكىنى، بۇ ياخشىلىقنى ئۇنىڭ ئۆمۈرۋايەت ياندۇرۇپ بولالمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ تۇراتتى.

تراۋېرس خانىم بۇنداق گەپلەرنى ھەرگىز قىلمايتتى. ئۆز ۋاقتىدا نېل بىلەن بىللە پېمبوك شەھىرىدىكى يوغان بىر ئۆيدىن

بوغۇپ چىقارغان كىچىك بىر ئېغىز ئۆيدە ياشاپ كەلگەنىدى. بۇ ئۆي تۆمۈريولغا بەكمۇ يېقىن يەردە ئىدى. ئۇنىڭ تاماق ئۈستىدە ئولتۇرۇپ سۆزلەيدىغانلىرىنىڭ ھەممىسى تۇرمۇشىغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار، قوشنىلىرىنىڭ، ئۆزى ئولتۇرۇۋاتقان ئۆي ئىگىسى فىرانسۇزنىڭ ئىشلىرى بولاتتى. ئۇ ئۇ فىرانسۇزدىن فىرانسۇز تىلىنى بۇزۇپ، بىرنېمىلەرنى دەپ كېتىدىغان ئىنگلىز تىلىنى بىر مەزگىل ئۆگەنگەنىدى. ئۇ قىزىغا سۆزلەپ بەرگەن شۇ ھېكايىلىرىگە گىراس ئوقۇغان تۇربېر① نىڭ ھېكايىلىرىگە ئوخشاش ماۋزۇ قويۇپ چىققان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى. گىراس ئۇ ھېكايىلەرنى ئونىنچى يىللىق سىنىپنىڭ ئىچىدىكى كىتاب ئىشكاپىغا تىزىپ قويۇلغان «ئامېرىكا يۇمۇرلىرىدىن تاللانما» دېگەن كىتابتىن تاسادىپىي بىر ئەھۋالدا ئوقۇپ قالغانىدى (ئۇ ئىشكاپتا يەنە «ئاخىرقى گىراف»، «خادا تۈۋىدە ئۆتكەن ئىككى يىل» دېگەندەك كىتابلارمۇ بار ئىدى).

«كرومات ئۆگزىگە چىققان ئاخىرقى كېچە»، «پوچتىكەش فلوۋېر خان قىزىغا مۇھەببىتىنى قانداق ئىزھار قىلغان» دېگەنلەرمۇ تۇربېرنىڭ ئاشۇ كىتابىدىكى بىرنەچچە مەشھۇر ھېكايە ئىدى.

تراۋېرس ئەپەندى پەقەتلا ھېكايە سۆزلەپ باقمايتتى، تاماق ۋاقتىدا ناھايىتى ئاز گەپ قىلاتتى. ئەگەر سىزنىڭ تاشتىن قوپۇرۇپ چىققان تام مەشكە قاراپ قالغىنىڭىزنى كۆرۈپ — مەسىلەن — قالغۇدەك بولسا، شۇ چاغدا سىزگە: «بۇ تام مەشنىڭ تاشلىرىغا قىزىقىپ قېلىۋاتامسىز؟» دەپ سوراپ قېلىشى ھەم سىزگە ھەربىر تاشنىڭ چىققان يەرلىرىنى، ئۆزىنىڭ بۇ ھال رەك پەۋقۇلئاددە تاشلارنى قانچىلىك جاپادا ئىزدەپ تاپقانلىقىنى، تراۋېرس خانىم يولنىڭ بويىدا ياتقان بۇ تاشنىڭ بىر پارچىسىنى كۆرسەتكەندە ئۆزىنىڭ قانچىلىك ھاياجانلىنىپ كەتكەنلىكىنى

① جامېس تۇربېر (1894 — 1961) — ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر يۇمۇر يازغۇچىسى.

سۆزلەپ بېرىشى مۇمكىن. ئۇنىڭ يەنە نۇرغۇن ئىجادىيەتلىرىنىڭ بارلىقىنى (بىرسىنىڭمۇ ئالاھىدىلىكى يوق)، ئاشخانىغا سىرتقا پىرقىراپ ئېچىلىدىغان تارتما ياسىغانلىقىنى، دېرىزە تەكچىسىنىڭ ئاستىدىن بىرنەرسىلەرنى قويىدىغانغا بوش يەر چىقارغانلىقىنى ماختىنىپ سۆزلەپ كېتىدىغانمۇ ئىشلىرى بار ئىدى. ئۇ بويى ئېگىز، دۇمچەكرەك، ئاۋازى بوش، بىرنەچچە تاللا قالغان مايلىق چاچلىرى بېشىغا چاپلىشىپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى، سۇ كەچكەندىمۇ ئايىغىنى سالمايتتى. ئادەتتىكى كىيىملىرىنى كىيىپ يۇرسە، سېمىزلىكى بىلىنمەيتتى، سۇ ئۈزىدىغاندا كىيىدىغان كۇسىرىنى كىيسە قورسىقى پەسكە ساڭگىلاپ، سېمىزلىكى مانا مەن دەپ چىقىپ قالاتتى.

ئاشۇ يىلى يازدا، گراس سايىبو كۆلىنىڭ شىمالىدىكى شارقىراتمىنىڭ يېنىغا جايلاشقان بىر مېھمانخانىدىن خىزمەت تېپىپ ئىشلىدى. باش يازدا تراۋېرسىنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كېلىپ بۇ ئاشخانىدا تاماق يېيىشتى. ئۇلار ئولتۇرغان ئۈستەل ئۇنىڭ باشقۇرۇشىدا بولمىغاچقا، ئۇلارغا دىققەت قىلمىغانىدى. كەچلىك تاماق ۋاقتى بولۇپ مېھمانلار ئارقا ـ ئارقىدىن كىرىشكە باشلىغان، ئۇ پۈتۈن تەييارلىقنى تۈگىتىپ ئۆزى مەسئۇل ئۈستەللەرگە كېلىدىغان مېھمانلارنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان چاغدا، بىرسىنىڭ ئۆزىگە گېپى باردەك ئۇدۇل ئۆزى تەرەپكە كېلىۋاتقانلىقىنى كۆردى.

ئۇ مورى ئىدى.

— بوش ۋاقتىلىرىڭىزدا مەن بىللە سىرتقا چىقىپ ئايلىنىپ كېلىشنى خالارسىزمۇ؟ — دېدى ئۇ.

گراس بېشىنى كۆتۈرمەي ئۈستەلگە ۋىلكا ـ قوشۇقلارنى تىزىۋاتاتتى.

— بۇ سىزنىڭ بىرسى بىلەن بەسلىشىپ قېلىپ يېنىمغا كېلىشىڭىزمۇ؟ — دېدى ئۇ مورىغا جاۋابەن، چۈنكى مورىنىڭ

ئاۋازى يۇقىرى ھەم جىددىي چىققان، ئۇنىڭ ئالدىدا ياغاچتەك قېتىپ تۇرغان بەئەينى بىرسى بىلەن بەسلىشىپ قېلىپ كەلگەندەك ھالەتتە ئىدى. بۇ يەرگە دەم ئالغىلى كەلگەن يىگىتلەر قېنى، قايسىمىز كۆتكۆچى قىزلارنىڭ بىرەرىنى قولغا كەلتۈرەلەيمىزكىن، دەپ بىر - بىرى بىلەن بەسلىشىپ ئوينايدىغان ئىشى بار ئىدى، بۇنى بۇ يەردە ئىشلەۋاتقان قىزلار بىلەتتى، بۇ ئويۇن ئۇچۇنلا قىلىنىۋاتقان ئىش ئەمەس ئىدى، ئەگەر ئۇلارنىڭ تەلىپى ئەمەلگە ئاشسا چوقۇم سىرتقا چىقىپ بىللە ئايلىنىپ كېلەتتى. بارىدىغان يېرى پەقەت باغچىلا بولاتتى. كىنو كۆرگىلى بارمايتتى، يىگىتلەر قىزلارغا بىر ئىستاكان قەھۋەمۇ ئېلىپ بەرمەيتتى. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بۇ تەلەپلىرىنى قوبۇل قىلغان قىزلار خۇددى ئامالنىڭ يوقىدىن چىقىپ قالغاندەك بولۇپ نومۇسلىنىپ قالاتتى.

— نېمە؟ — دەپ توۋلاپ كەتتى مورى ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن. ئۇنىڭ ئاۋازى ئازراق يەپ قالغانلىقى ئېنىق ئىدى. گراس قولىدىكى ئىشنى توختىتىپ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ قويدى. مۇشۇ بىر قارىشى بىلەن مورىنىڭ ئىچىدىكى خىياللىرىنى تۇگەل بىلىپ بولغاندەك قىلاتتى. مورى ئۇنىڭ بۇ قارىشىدىن قورقۇپ تۇراتتى. ئەمما، يەنىلا قىزغىن ئىدى، ساددىلىقىنىڭ ئىچىدىن قەتئىيلىكىمۇ چىقىپ تۇراتتى.

— بولىدۇ، چىقساق چىقتۇق، — دېدى گراس ئۇنىڭغا كۆڭۈللۈك جاۋاب بېرىپ، ئۇ بۇ گېپى بىلەن: ماقۇل، چىقاي، بايامقى گېپىمگە خاپا بولماڭ. مەن سىزنىڭ ھېچكىم بىلەن بەسلەشمىگىنىڭىزنى بىلدىم، سىزمۇ ھەم ئۇنداق قىلمايسىز، دېمەكچىدەكمۇ، يەنە: بولىدۇ، تەلىپىڭىزگە قوشۇلۇپ سىرتقا بىللە چىقىشىپ بېرەي، دەۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى، لېكىن ئىككى خىل ئەھۋالنىڭ زادى قايسىسى ئىكەنلىكىنى ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. مورى ئۇنىڭ ئۇ جاۋابىنى بىرلا مەنىدە، يەنى تەلىپىمگە قوشۇلدى دېگەن مەنىدىلا چۈشەندى ۋە دەررۇ ۋاقتىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ —

ئاۋازىنىمۇ پەسەيتمەي، ئەتراپىدىكى ئۇستەللەردە تاماق يەۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھەيرانلىق چىقىپ تۇرۇۋاتقان كۆزلىرىگىمۇ قاراپ باقماي — ئەتە ئىشتىن چۈشكەندە سىزنى ئالغىلى كېلىمەن، دېگەن گەپنى قىلدىم.

ئۇ راستلا ئۇنى باشلاپ چىقىپ كىنوغا ئەكىردى. ئۇلارنىڭ كۆرگىنى «يېڭى كېلىننىڭ دادىسى» دېگەن كىنو ئىدى. گىراس بۇ كىنونى پەقەتلا ياقتۇرمىدى. كىنودىكى ئېلىزابېت تايلورنىڭ قىزى، ئەركە ئۆگىنىپ قالغان سودىگەرنىڭ قىزى دېگەندەكلەردىن شۇنچىلىك بىزار بولدى. ئۇلار ھېچنېمىدىن غېمى يوق، ئەركە، پۇل خەجلەشنىلا بىلىدىغان بىرنېمىلەر ئىدى. مورى بۇ دېگەن كىنو، كومېدىيەلىك كىنو، دەپ چۈشەندۈردى. ئۇ مەسىلىنىڭ ئۇنىڭدا ئەمەسلىكىنى دەپ تۇرۇۋالدى، مەسىلىنىڭ نېمىلىكىنى، نەدىلىكىنى يا دەپ بېرەلمەيتتى. ئۇنىڭ ئورنىدا باشقىلار بولغان بولسا، ئۇ دېگەن كۆتكۈچى، پۇلى يوق، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇيالمىغان قىز بولغاچقا شۇنداق ئويلايدۇ. چۈنكى، ئۇمۇ ئاشۇنداق كاتتا توي قىلىدىغان بولسا، نۇرغۇن يىل يېمەي - ئىچمەي پۇل يىغسا قىلالايدۇ - دە، (مورىمۇ شۇنداق ئويلايتتى، ئەمما ئۇنى ئاشۇنداق خىياللاردا بولدى دەپ كەمسىتمىدى، ئەكسىچە ئۇنىڭغا تېخىمۇ ھۆرمىتى ئاشتى) دېيىشى مۇمكىن.

گىراس ئۆزىنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بولالمىدى، ئۆزىمۇ دېگەندەك چۈشىنىپ كەتمىگەنىدى. ئۇنىڭ ھېس قىلىپ تۇرۇۋاتقىنى ھەسەت ئەمەس، نەپرەت ئىدى، ئۇ باشقا قىزلارغا ئوخشاش چوڭ خەجلەپ، ياخشى كىيىنىپ يۈرەلمىگىنى ئۈچۈن ھەسەت قىلمايتتى، قىز بالا دېگەن ئۇنداق بولماسلىقى كېرەككۇ، دېگەن مۇشۇ بىر ئىشتىلا ئۇلارغا ئاچچىقى كېلەتتى. پەقەت ئەرلەرلا — ئادەتتىكى ئادەملەرمۇ — ئۇلارنىڭ شۇ قىلغانلىرىنى توغرا دەپ بىلەتتى، چىرايلىق بولۇشلىرىنى، چىرايلىقلارغا نېمىلا قىلىپ بەرسە بولىدۇ، دەپ ئويلايتتى،

چىرايلىق بولسىلا، دۆت، گالۋاڭ بولسىمۇ مەيلى ئىدى. قىزلار شۇنداق بولغاندا، ئاندىن ھەممە ئادەم ئۇلارنىڭ ئايىغى ئاستىدا ئۆمىلەيتتى. كېيىنچۇ؟ ئاخىر توي قىلىپ ئۆزىنى باللىرىغا ئاتايدۇغۇ؟ ئۇ چاغدا ئۇلارنى ئۇ قىلىقلىرى ئۈچۈن ھېچكىم شەخسىيەتچى، بەتخەج دەپ ئەيىبلىمەيدۇ، ئەمما ياش ۋاقتىدا كۆڭلىرىنى بىھۇدە ئۆتكۈزۈپ بىلىمسىز ئىنسانغا ئايلىنىپ قالغىنىغا ھەركىم ئېچىنىدۇ، ئۇلار مەڭگۇ شۇنداق ئۆتۈپ كېتىدۇ.

گراسىنىڭ شۇنىڭغا ئاچچىقى كېلەتتى، يېنىدا بولسا ئۆزىنى ياخشى كۆرۈپ قالغان بىر ئوغۇل بالا ئولتۇراتتى. بۇ بالا ئۇنىڭ ئىدىيە ۋە پىكىردە پىششىقان، مۇستەقىل قاراشقا ئىگە قىز ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى ھەم ئۇنىڭ نامراتلىقىنى ئەيىب دەپ ئەمەس، بېشى ئۈستىدە يالتىراپ تۇرغان رومانتىك نۇرلۇق چەمبەر دەپ بىلەتتى (ئۇ ئۇنىڭ كەمبەغەللىكىنى بىلەتتى، ئۇنى قىلىۋاتقان ئىشى ئۈچۈنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئېغىر ئوتتاۋالىقلارنىڭ تەلەپپۇزى بويىچە سۆزلەيدىغانلىقى ئۈچۈنمۇ ياخشى كۆرەتتى. تىلىدىكى بۇنداق ھالەتنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ شۇ چاغلاردا تازا بىلىپ كەتمەيتتى).

ئۇ ئۇنىڭ كىنودىكى شەخسلەرگە بەرگەن باھالىرىغا ھۆرمەت قىلدى، ئۇنىڭ ئىچ ـ ئىچىدىن ئۆرلەپ تۇرۇۋاتقان ئاچچىقى بىلەن كېكەچلەپ تۇرۇپ قىلىۋاتقان تەھلىللىرىنى بېرىلىپ ئاڭلىدى، ئۇمۇ ئۆزىنىڭ قاراشلىرىنى سۆزلىدى. مەن ئەمدى بىلىمدىكى، ئادەم تەبىئىتى ئىچىدە ھەسەتتىنمۇ ئۆتە نادانلىق بولماس، بۇ خىل ھالەت ئاياللاردا بەكرەك ئېغىر، دېدى ئۇ ھەم ئۆزىنىڭ بۇ نۇقتىنى چۈشىنىپ يەتكەنلىكىنىمۇ ئىزاھلاپ قويدى. ئۇمۇ ئۇنىڭ قىزلارنىڭ يەڭگىلتەكلىكلىرىگە، ئەركىنلىكلىرىگە ئۆچ بولغىنىدەك ئىنسانلاردىكى كۆرەلمەسلىك ۋە ھەسەت قىلىشلارغا قارشى ئىكەن. بۇ قىز ئادەتتىكى قىزلاردىن ئەمەس، بۇنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلاۋاتىدۇ.

گىراس ئۆزىنىڭ شۇ كۈنى ئاخشىمى قانداق كېيىملەردە ئىكەنلىكىنى ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. قېنىق كۆك رەڭلىك ئۇزۇن كۆڭلەك بىلەن ئاق چاپان كىيگەنىدى، كۆڭلىكىنىڭ بەكرەك ئويۇلۇپ كەتكەن ياقىسىدىن كۆكسىنىڭ ئۈستى تەرىپى ئازراق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. بېلىگە قىزىلگۈل رەڭگىدىكى چىرايلىق تاسما باغلىۋالغانىدى. روشەنكى، ئۆزىنى ئىپادىلەپ تۇرۇۋاتقىنى بىلەن باشقىلارنىڭ باھا بېرىشىنى ئارزۇ قىلغان تۇرقى ئوتتۇرىسىدىكى پەرق بەكمۇ چوڭ ئەمەس ئىدى، ئەمما ۋۇجۇدىدا شۇ چاغدا قىزلار ئارىسىدا يېڭىلىق سانىلىۋاتقان ئۆزىنى پەردازلاش، تۇزەشتۇرۇشلەر كەمچىل ئىدى، كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنىڭ بىر يېرى يىرتىلىپ قاپتۇ. لېكىن، بۇ ئەھۋال ئۇنىڭغا ئەيىب ئېلىپ كەلمىگەن، ئەكسىچە سىگان قىزلىرىغا خاس بىر خىل جەلپكارلىق ئېلىپ كەلگەن. بىلەكلىرىدىكى ئەرزان باھالىق كۈمۈش بىلەزۈكلەر بىلەن بېشىغا پاتماي تۇرۇۋاتقان، ھەرقاچان چۇۋۇلۇپ يىلدىكىسىدە يېيىلىپ تۇرۇشقا تەييار تۇرۇۋاتقان قوڭۇر چاچلىرىچۇ تېخى. ئەگەر ئىشلەۋاتقان چاغلىرىدا ئۇ چاچلارنى تورغا ئېلىپ كەينىگە مەھكەم چىگمىۋالمايدىغان بولسا قانداق ئىشلار بولاتتىكىن.

ئۇ ئادەتتىكى قىز ئەمەس ئىدى.

موري ئاپىسىغا ئۇ قىز توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگەنىدى، ئاپىسى: «سەن ئۇ قىزنىڭنى چوقۇم ئۆيگە باشلاپ كەلگىن، تاماق يەپ كەتسۇن» دېدى.

گراس ئۇچۇن بۇ پۇتۇنلەي يېڭى بىر ئىش بولغاچقىمۇ، ئاڭلاپ زىيادە خۇشال بولدى ھەم خۇددى موري ئۆزىنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندەك تىراۋىرس خانىمنى بىردىنلا ياخشى كۆرۈپ قالدى. ئەلۋەتتە، ئۇ ئادەتتە بىر ئادەمگە خۇددىنى يوقىتىپ قويغۇدەك دەرىجىدە مەھلىيا بولۇپ، ئۇنىڭ روھىي جەھەتتىكى ئەسىرىگە ئايلىنىپ قېلىشىنى خالىمايتتى. بۇنداق قىلىش ئۇنىڭ

تەبىئىتىگىمۇ ئۇيغۇن كەلمەيتتى، قانداقلا بولمىسۇن مورىغا ئوخشىمايتتى.

گراسنى ئۆزىنىڭ تاغىسى بىلەن بېقىپ چوڭ قىلغانىدى. ئاپىسى ئۈچ ياش چېغىدا ئۆلۈپ كېتىپ دادىسىنىڭ قولىدا قالغان، كېيىن دادىسى ساسكاتچېۋانغا كۆچۈپ كېتىپ توي قىلىۋالغانىدى. ئۇنى باققان تاغىسى بىلەن ساسكاتچېۋانغا ياخشى ئادەملەر ئىدى، ئۇنى ياخشى كۆرەتتى ھەتتا ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنەتتى. بىرلا يېرى، باشقىلار بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش كېرەكلىكىنى تازا بىلىپ كەتمەيدىغان بولغاچقا، گراسنى قانداق تەربىيەلەشنى تازا بىلىپ كەتمەيتتى. مۇناسىۋىتى كەڭرەك بولغان بولسا باشقىلاردىن بۇ ئىشنىڭ يوللىرىنى ئۆگەنگەن بولاتتى. ئۇلار تالادىن ئورۇندۇق توقۇپ شۇنىڭ پۇلى بىلەن جان باقاتتى. ئۇلار ئۆزلىرى قېرىپ كۆزلىرى غۇۋالىشىپ قالغانلىرىدا بۇ ھۈنەرنىڭ ئۆزلىرى بىللە كېتىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، ئورۇندۇق توقۇيدىغان بۇ ھۈنەرنى گراسقا ئۆگىتىپمۇ قويدى. لېكىن، ئۇ بىر يىلى يازدا بۆرلېي شارقىراتمىسىغا بېرىپ ئىشلەيدىغانغا كېتىپ قېلىپ ئۇ ئىش جايىدا قېلىپ قالدى. ئۇ ئۇلارغا قىيالمايتتى — ھامىنىسىمۇ شۇنداق ئىدى — لېكىن ئامال يوق، ھامىنىسىمۇ ئۇنىڭ ئۇ يەرگە بېرىپ ئىشلىتىشگە قوشۇلدى. تاغىسى ئۇنى، ئۆي - ئوچاقلىق بولۇشتىن ئىلگىرى تۇرمۇش تەجرىبىلىرىگە ئىگە بولسۇن، دەپ ئويلىغانىدى.

ئۇ چاغدا ئۇنىڭ يىگىرمە ياشقا كىرگەن، ئوتتۇرا مەكتەپنى يېڭىلا پۈتكۈزگەن چاغلىرى ئىدى. ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن غەلىتىلا بىر ئىشنى قىلىپ قويدى. ئۇ شۇ يەردىكى كىچىكرەك بىر بازاردا — تراۋېرس خانىمنىڭ ئۆيىگە ئانچە يىراق ئەمەس بىر يەردە — تۇرغانىدى. ئۇ يەردە بەش يىللىق مائارىپ تۈزۈمىدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپ بار ئىكەن، بۇ مەكتەپكە

كىرەلىگەن ئوقۇغۇچى ھۆكۈمەت بەلگىلىگەن بىر ئىمتىھانغا قاتنىشىش سالاھىيىتىگە ئىگە بولىدىكەن، شۇ چاغدا كىشىلەر بۇ خىل ئىمتىھاننى ئالىي مەكتەپ ئىمتىھانىدەك چوڭ بىلەتتىكەن. بۇ ئىمتىھاندىن ئۆتۈپ كەتسىڭىز ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ ھەممە دەرسلىرىنى ئوقۇشىڭىزنىڭ ھاجىتى قالمايدىكەن. گراس بۇ مەكتەپكە كىرىپ بىر يىل ئوقۇغاندىن كېيىن، تارىخ، بىيولوگىيە، زولوگىيە، ئىنگلىز تىلى، لاتىن تىلى، فىرانسۇز تىلى دېگەندەك پەنلەردىن ئىمتىھان بېرىپ ياخشى نەتىجىگە ئېرىشتى. 9 ـ ئايدا ئۇ مەكتەپكە يەنە قايتىپ بېرىپ فىزىكا، خىمىيە، گېيومېتىرىيە پەنلىرىدىن ئىمتىھان بەرمەكچى بولدى. قىز ئوقۇغۇچىلارغا بۇ پەنلەرنى ئۆگەنمەك ئېغىر كېلىدىغان بولسىمۇ، ئۇ بۇ نىيىتىدىن يانمىدى. شۇ بىر ئوقۇش يىلى ئاخىرلاشقاندا ئون ئۈچ يىللىق ئوقۇش يىللىرىنىڭ بارلىق پەنلىرىدىن ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپ بولدى. يۇنان تىلى، ئىتالىيان تىلى، ئىسپان تىلى، گېرمان تىللىرى ئۇنىڭ ئىچىدە ئەمەس ئىدى، ئۇ مەكتەپتە بۇ تىللاردىن دەرس بېرىدىغان مۇئەللىملەر بولمىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق بولۇپ قالغانىدى. ئۇنىڭ يەنە ئۈچ خىل ماتېماتىكا ۋە تەبىئەت ئىلمى دەرسلىرىدىن ئالغان نومۇرلىرىمۇ يامان ئەمەس ئىدى، ئۆتكەن يىلىنىڭكىدەك گەۋدىلىك بولمىسىمۇ ھەرھالدا بولاتتى. ئۇ يەنە يۇنان تىلى بىلەن ئىسپان تىلى، ئىتالىيان تىلى، گېرمان تىللىرىنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئۆگىنىپ كېلەر يىللىق ئوخشاش پەنلەر ئىمتىھانىغا قاتنىشىپ بېقىشنىمۇ ئويلىدى. لېكىن، مەكتەپ مۇدىرى ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشىپ، بۇنداق قىلغاندا مەقسەتكە يەتكىلى بولمايدىغانلىقىنى، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش نىيىتى بولمىغاندىكىن، بۇ پەنلەرنى قايتا ئۆگىنىشنىڭ ھاجىتى يوقلۇقىنى، ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان تەقدىردىمۇ ھەممە تىللاردا مۇكەممەللىك تەكىتلەيدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. ئۇ نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلماقچى بولىدۇ؟ بىرەر پىلانى بارمىدۇ؟

يوق، دېدى گراس، ئۇنىڭ دېيىشىچە، پۇلسىز ئوقۇتىدىغان مەجبۇرىي مائارىپ تۈزۈمىدە ئاشۇ پەللىرىنى تولۇق ئىگىلىۋېلىشنى مەقسەت قىلغان، ئوقۇۋالغاندىن كېيىن ئۆتكە قايتىپ تال ئورۇندۇقۇمنى توقۇۋەرسەممۇ مەيلى ئىدى، دەپ ئويلىغانىدى.

مەكتەپ مۇدىرى ئۇ ئىشلىگەن مېھمانسارايىنىڭ دىرېكتورى بىلەن تونۇشىدىكەن، ئۇنىڭغا ئەگەر يازلىق تەتىلدە شۇ يەردە ئىشلەپ تۇرۇش خىيالى بولسا ئۆزى شۇ يەرگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدىغانلىقىنى بىلدۈردى ۋە كىشىلىك ھاياتنىڭ ئاچچىق - چۈچۈكىنى تېتىپ قويسىمۇ بولىدىغانلىقىنى سەمىگە سېلىپ قويدى.

قارىغاندا، مائارىپ ئورۇنلىرى باشقۇرىدىغان يەردە ئىشلەپ تۇرۇپمۇ ئۆگىنىشنىڭ تۇرمۇش بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغان ئادەملەرمۇ بولىدىكەن. گراس ھەر قېتىم ئۆزىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىنى باشقىلارغا دەپ بەرگەنلىرىدە — بۇ ئارقىلىق ئۇ ئۆزىنىڭ نېمە ئۈچۈن ئوتتۇرا مەكتەپنى بىر يىل كېچىكتۈرۈپ پۈتكۈزگەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ قويماقچى بولاتتى — ئۇنى، سەن ساراڭ بوپسەن، دېمىگەن بىرمۇ ئادەم بولمىدى.

پەقەت تراۋېرس خانىملا ئۇنداق دېمىدى. ئۇنىڭ ئوقۇغان مەكتىپى ھەقىقىي ئۇنىۋېرسىتېت ئەمەس، سودا ئىنىستىتۇتى ئىدى، چۈنكى كىشىلەر ئۇنىڭغا «ئەمەلىي ئۇنۇم» بېرىدىغان مەكتەپلەردە ئوقۇشنى تەۋسىيە قىلىغانىدى. ئەمدى ھازىر شۇ مەكتەپتە ئوقۇغىنىغا، شۇ چاغدا خەقلەرنىڭ گېپىگە كىرىپ كاللىسىغا ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان خىياللارنى كىرگۈزۈۋالغانلىقىغا پۇشايمان قىلىشقا باشلىدى.

— سىزنىڭ تۇرمۇشىڭىزنى قامداپ كېتىدىغان بىر ئوبدان ھۈنىرىڭىز بار، — دېدى تراۋېرس خانىم ئۇنىڭغا، — تالدىن ئورۇندۇق توقۇش ئەمەلىي ئۇنۇم بېرىدىغان كەسىپ، شۇ ئىشنى

قىلغاچ كېيىن يەنە پۇرسەت كۈتمەمسىز.

يەنە نېمىنى كۈتىدۇ؟ گراس كېيىنكى ئىشلارنى ئويلاشنى مۇتلەق خالىمايتتى، تۇرمۇشنىڭ ھازىرقىغا ئوخشاش داۋاملىشىپ مېڭىشىنى ئۈمىد قىلاتتى. ئۇ يەكشەنبە ئەتىگەندىن باشلاپ دەم ئېلىش ئۈچۈن باشقا قىزلار بىلەن نۆۋەت ئالمىشىشى كېرەك ئىدى، بۇنىڭ ئۈچۈن شەنبە كۈنى خېلى ۋاقىتقىچە ئىشلىمىسە بولمايتتى. ئۇنىڭ بۇنداق قىلىپ تۇرۇشى ئەمەلىيەتتە مورى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ۋاقىتنى ئۇنىڭ ئۆيدىكىلىرى بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ۋاقىتقا ئالماشتۇرۇۋېلىشى ئۈچۈن ئىدى. ئەمدى ھازىر مورى ئىككىسىگە بىللە كىنو كۆرىدىغان پۇرسەت چىقمايتتى. يالغۇزمۇ بىر يەرلەردە ئۇچرىشالمايتتى، پەقەت ئۇ ئىشتىن چۈشكەن چاغلاردىلا مورى كېلىپ ئۇنى ئەكېتەتتى. سائەت ئون بىرلەر بولغاندىلا ئىككىسى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ سىرتلارنى ئايلىنىپ كېلەتتى ياكى بىر يەرلەردە ماشىنىسىنى توختىتىپ ماروژنى، ساندۇۋىچ دېگەندەك نەرسىلەرنى يېيىشەتتى — مورى ئۇنى قاۋاقخانىدەك يەرلەرگە باشلاپ كىرىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيتتى، چۈنكى گراس تېخىمۇ يىگىرمە بىر ياشقا توشمىغانىدى — ئاخىردا مۇۋاپىق بىر يەرنى تېپىپ ماشىنىسىنى توختىتاتتى.

گراس بۇنداق جايلاردا ماشىنا توختىتىشتىن تىراۋېرىس خانىمنىڭ ئۆيىگە كىرىپ سېرىق سافاسىدا ئولتۇرۇپ چاي ياكى قەھۋە ئىچىشنى ئەۋزەل كۆرەتتى. ئۆيدە بولسا مورى ئاستىغا كۆرپە سېلىپ گىلەمنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ گراس بىلەن بىللە تاماق يەيتتى. گراس ئەزەلدىن تاماق ۋاقتىدا ياخشىراق كىيىملىرىنى كىيىپ ئولتۇرمايتتى، پادىچىلار ئىشتىنى ياكى ھەربىي ئىشتىنى بىلەن كېلىپ ئولتۇرىۋېرەتتى، چوڭ ئورۇندۇقتا پۇتلىرىنى سىنگەشتۇرۇپ ئولتۇرىدىغان ئادىتى بار ئىدى. مورى ئىككىسىنىڭ بەدىنى ئوخشاپراق كېتەتتى، مۇرىلىرى كەڭ، بويلىرىمۇ تەڭ دېگۇدەك ئىدى. مورىنىڭ تەن

تۈزۈلۈشى ئاپىسىنى دورىغان، بەزى ئەزالىرى ئاپىسىنىڭكىگە ئوخشاپ كېتەتتى. چاچلىرى بۆدۈر، كۆزلىرى كۆك، يۈزىنىڭ ئىككى تەرىپىدە ئىككى زىنىخى بار ئىدى. دۇنيادا بىر يىگىت، دېيىشەتتى كۈتكۈچى قىزلار ئۇنىڭغا ھەۋەس قىلىپ، ئۇلار يەنە بوش ئىسقىرتىشىپ، گراسقا: لايىقلىك كەلدى، دەپ چاقچاقمۇ قىلىشاتتى. تراۋېرس خانىمنىڭ بويى بەش ئىنگلىز چىسى كېلەتتى، ئوچۇق رەڭدە ئۈزۈن مومو چاپان① كىيىپ يۈرەتتى، مومو چاپاننىڭ ئىچىدىكى بەدىنى ئانچە سېمىزمۇ ئەمەس، ئەمما ناھايىتى چىڭ ئىدى، ئالتە ئايلىق بولغان بوۋاقنىڭ بەدىنىگە ئوخشايتتى. كۆزلىرى نۇرلۇق، بىر نۇقتىدا توختىمايدىغان كۆزلەردىن ئەمەس ئىدى، قاچانلا قارىسىڭىز ئۇ كۆزلەردىن كۈلكە يېغىپ تۇراتتى، ئۇ كۆزلەر، ئۇ كۆزلەردىكى كۈلكە ھېچقانداق ئادەمدە يوق ئىدى، دورايمەن دەپمۇ دوراپ بولالمايتتى. ئىككى مەڭزى خۇددى توقاچتەك قىزىرىپلا تۇراتتى، بالىلىرىنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ مەڭزى ئۇنداق ئەمەس ئىدى. بۇنى ھەرقانداق بىر ھاۋا رايى ئەتەي شۇنداق قىلىش ئۈچۈن تالاغا ھەيدەپ، تالانىڭ ئاپتاپلىرىغا، بورانلىرىغا سېلىپ شۇنداق قىلىۋەتكەن ئەمەس، تەبىئىي شۇنداق ئىدى. بۇمۇ ئۇنىڭ چىرايلىق بەدىنى بىلەن مومو چاپىنىغا ئوخشاش ئۆزىگە خاس رۇخسارىغا خوپ ياراشقانىدى.

يەكشەنبە كۈنلىرى كەچتە، ئۆيدىكىلەردىن باشقا يەنە ئانچە - مۇنچە مېھمانلارمۇ كېلىپ قالاتتى، بەزىلىرى ئەر - خوتۇن، بەزىلىرى يالغۇز كېلىشەتتى، ياش قۇرامى تراۋېرس ئەر - خوتۇن ئىككىسى بىلەن تەڭ دېگۈدەك ئىدى، مېجەزلىرىمۇ ھەم شۇنداق. ئاياللىرى قىزغىن، ئەرلىرى كەم سۆز، ھەرىكەتلىرى ئاستا، مېجەزلىرى سورۇنغا بېقىپ ئۆزگىرىپ تۇراتتى. ئۇلار قىزىق -

① ئاياللار ئۇخلىغاندا كىيىدىغان ئوچۇق رەڭلىك ئۇزۇن چاپان، دەسلەپتە ھاۋايىدىكى ئاياللار كىيگەن، ھازىر ئومۇملىشىپ ئامېرىكىدىكى پۈتۈن ئاياللار كىيىدىغان بولۇپ كەتتى.

قىزىق ھېكايىلەرنى، كۆرگەن - بىلگەنلىرىنى سۆزلەپ ئولتۇراتتى، كۆپىنچە ئۆزلىرىنىڭ كۆلكىلىك ئىشلىرى توغرىسىدا پاراڭ قىلاتتى (گراس بۇرۇندىن پاراڭچى قىز ئىدى، شۇڭا بۇ يەردە ئۇلارنىڭ گەپلىرىگە ئارىلىشالماي ئىچى تىتىلداپ ئولتۇراتتى. ھازىر ئۆزىنىڭ ئاشۇ چاغلاردىكى تاماق ئۈستىدە ئولتۇرۇپ قىلغان گەپلىرىنى، چاقچاقلىرىنى ئويلىسىمۇ ئىچىدە كۈلۈپ كېتەتتى. بۇ يەردە ئۇنداق چاقچاقلارنى قىلىش قىيىن ئىدى. ئۇنىڭ يۇرتى تەرەپتىكى نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ چاقچاقلىرىنىڭ قاراتمىلىقى كۈچلۈكرەك ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇنىڭ تاغىسى بىلەن ھاممىسى بۇنداق چاقچاقلارغا ئارىلاشمايتتى. ئۇلارنىڭ ئۆيىگە مېھمان ئاز كېلەتتى، كەلگەنلەر ئۇنىڭ ئەتكەن تاماقلىرىنى ماختاپ كەتسە خىجىل بولغاندەك بولۇپ باشقا گەپلەرنى قىلىپ تۇرۇۋالاتتى، ئىچىدە بولسا، مېھمانلار ئەتكەن تاماقنى ئاشۇرۇپ قويماي يەۋەتسىكەن، دەپ ئويلايتتى).

تراۋېرسلارنىڭ ئۆيىدە، كەچلىك تاماقتىن كېيىن ھاۋا سوۋۇپ كەتكەن بولسا تراۋېرس ئەپەندى مەشكە ئازراق ئوتۇن قالاپ قوياتتى، ئاندىن ھەممەيلەن ئولتۇرۇپ تراۋېرس خانىم «گالۋاڭلار تېپىشمىقى» دەپ ئاتىۋالغان تېپىشماقلارنى تېپىپ ئوينايتتى. تېپىشماقنىڭ ئىسمى شۇنداق بولغىنى بىلەن ئۇنى ئوينىغان ئادەملەر ئەقىللىك بولمىسا بولمايتتى، ئەڭ ئاددىي تېپىشماقلاردىمۇ شۇنداق ئىدى. تاماق ۋاقتىدا گېپى ئازلارنىڭ بۇ ئويۇننى ئوينىغاندا گېپى كۆپىيىپ كېتەتتى. ئۇ تېپىشماقلار ئاڭلىماققا تولىمۇ بىمەنىدەك قىلسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ جاۋابىنى تېپىشقا نۇرغۇن ئەقىل كېتەتتى. گرېتچېننىڭ ئېرى ۋوت بىر تېپىشماقنى تېپىۋالدى، سەلدىن كېيىن گراسمۇ بىرنى تاپتى، بۇنىڭدىن تراۋېرس خانىم بىلەن مورى بەكمۇ خۇش بولۇپ كەتتى. (مورى: «مەن سىلەرگە ئۇنى بەك ئەقىللىك دېگەنىدىمغۇ؟» دەپ ئۈنلۈك توۋلاپ كەتتى. ئۇنىڭ بۇ گېپى گراستىن باشقىلارغا قىزىق تۇيۇلۇپ قالدى.) تراۋېرس خانىم

www.uyghurkitap.com

كۆپچىلىكنى زېرىكتۈرۈپ قالمىسۇن ھەم تېپىشماقلار يېشىلمىي تۇرسۇن، دەپ ئويلاپ ئۆزى باش بولۇپ قىزىق ــ قىزىق تېپىشماقلارنى ئوقۇشقا باشلىدى.

تېپىشماق ئويۇنىنىڭ تۇنجى قېتىم ئەڭ كۆڭۈللىك بولغان ۋاقتى ماۋىس كەچلىك تاماق يېگىلى كەلگەن كۈنى بولدى. ئۇ تراۋېرسنىڭ ئوغلى نېلنىڭ خوتۇنى ئىدى. ئۇلار بۇ يەرگە ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردە، كۆلنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ماۋىسنىڭ ئاتا ــ ئانىسىنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى. شۇ كۈنى ئۆيدە تراۋېرسنىڭ ئۆيىدىكىلىرى بىلەن گراس بىرنەچچەيلەنلا بار ئىدى، نېلغا خوتۇن ــ بالىلىرىڭنى ئېلىپ كەلگىن دەپ تېلېفون بەرگەنىدى. لېكىن، نېل بىلەن ئىككى بالىسى يوق، ماۋىسنىڭ ئۆزىلا كىرىپ كەلدى. نېل دوختۇر ئىدى، ئوتتاۋادىكى ئىشى تۇگىمەي كېلەلمەي قاپتۇ. بۇنىڭدىن تراۋېرس خانىمنىڭ كۆڭلى بەكمۇ يېرىم بولدى، شۇنداقتىمۇ چىرايىغا زورغا كۈلكە يېيىپ، خۇشال كۈلگەن پېتى:

ــ بالىلار ئوتتاۋادىن كېلەلمەپتۇ ـ دە، شۇنداقمۇ؟ ــ دېدى.

ــ شۇنى دېمەمسىز، ــ دېدى ماۋىس، ــ ئۇلارنىڭ ئەھۋالى ياخشى ئەمەستەك قىلىدۇ. ئۇلار چوقۇم تاماقنى خۇشال ئولتۇرۇپ يېمەي جېدەل قىلىشتى. كىچىكىنىڭ بەدىنىگە ئۇششاق بىرنەرسىلەر چىقىپ كېتىپتۇ، چوڭىغىمۇ نېمە بولدىكىن، مىجەزى يوق.

ئۇ ئورۇق ھەم ئاپتاپتا كۆيۈپ قارىداپ كەتكەن ئايال ئىدى، ئۇستىگە چەيزە رەڭ ئۇزۇن كۆڭلەك كىيىۋاپتۇ، چېچىنىمۇ شۇ رەڭدىكى كەڭرەك لېنتا بىلەن كەينىدىن بوغۇۋاپتۇ، چىرايىمۇ خېلى تۈزۈك. بىرلا يېرى، خۇددى ھەممە نېمىدىن قۇسۇر تاپىدىغان ھەم خاپا بولۇپلا تۇرىدىغان ئادەمدەك، ئىككى جاۋغىيى سەل كۆپۈپ تۇرىدىكەن، ئۇ ئالدىدىكى تەخسىدىكى تاماقتىن كارىرى ماڭا ئەكس تەسىر بېرىدۇ، دېگەن باھانە بىلەن بىر

قوشۇقمۇ يەپ قويمىدى.

— ماۋىس، بۇ بولماپتۇ، — دېدى تىراۋېرس خانىم، — يېڭىدىن شۇنداق بولۇپ قالدىڭمۇ؟

— هە، ياق، بىرقانچە يىل بولدى. بۇرۇن سىلەرگە ئەدەپ يۈزىسىدىن دېمىگەن، ئەمدى دەۋاتىمەن، كېچىلىرى توختىماي ياندۇرۇشتىن جاق تويدۇم.

— بىزگە بالدۇرراق دېگەن بولساڭ ساڭا ئايرىم تاماق قىلىپ بېرەتتۇق ئەمەسمۇ؟

— سىلەرنى ئاۋارە قىلغۇم يوق، ھېچنېمە بولمايدۇ. ئىشقىلىپ، مېنىڭ تاماققا ئازراقمۇ زوقۇم يوق. ھاۋا ئىسسىپ كېتىۋاتىدۇ، ئانا بولغان ئادەمنىڭ يۈكىمۇ ئېغىر بولىدىكەن، نەدە ئۇنىڭغا ئارامچىلىق. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىشتىھايىمنىڭ يوقلۇقى.

ئۇ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى.

كېيىن تېپىشماق تېپىپ ئويناۋېتىپ، ۋوت بىلەن تېپىشماقتىكى بىر خەت توغرۇلۇق تالىشىپ قالدى. ئاخىر لۇغەت ئاختۇرۇپ كۆرگەنىدى، ۋوتنىڭ توغرا بولۇپ چىقتى.

— ھىم، كەچۈرۈڭلار، — دېدى ئۇ، — قارىغاندا مەن ھەرقايسىڭلاردىن جىق كەينىدە قاپتىمەن.

ھەربىر ئادەم بىر ۋاراق قەغەزگە بىردىن ئۆزى تاللىغان خەتنى يېزىپ، نۆۋەت تىزىملىكى ئورنىدا ئىشلىتىشكە تاپشۇرۇپ بېرىدىغان چاغدا ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ بېشىنى چايقاپ:

— مەن بۇ قەغەزگە يازغۇدەك خەتنى ئويلاپ تاپالمىدىم، — دېدى.

— بۇ نېمە دېگىنىڭ ماۋىس؟ — دېدى تىراۋېرس خانىم. ئۇنىڭ گېپىگە ئۇلاپلا تىراۋېرس ئەپەندىمۇ:

— يازغىن، ماۋىس، ئىختىيار قىلغان بىر خەتنى يازساڭلا ئىش تۈگىمەمدۇ، — دېدى.

— يازغۇدەك مۇۋاپىق خەت تاپالمىسام نېمىنى يازىمەن؟ مېنى

كەچۈرۈڭلار، بۈگۈن ئاخشام، تېمىشقىنىمۇر، كالام پەقەتلا ئىشلىمەي قېلىۋاتىدۇ. مېنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، ئويۇنۇڭلارنى ئويناۋېرىڭلار.

شۇنداق قىلىپ، قالغانلار خۇددى ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك ئويۇننى ئويناپ كەتتى. ماۋسىمۇ پېتىدىن چۈشمەي، ئوماقلىقىنى ساقلاپ قالماقچى بولۇۋاتقاندەك، ئازار يېگەن بولسىمۇ ئاچچىق كۆلكىسىنى چىرايىدىن ئۆچۈرۈۋەتمەي ئولتۇرۇۋاتاتتى. ئۇزاق ئۆتمەي ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۆزىنىڭ چارچاپ قالغانلىقىنى، ئۆزى بولمىسا ئىككى بالىسىنىڭ بوۋىسى بىلەن مومىسىنى خاپا قىلىپ قويىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئۇ ئىككىسىنى باشقۇرۇپ كېتەلمەيدىغانلىقىنى دەپ ھەم ئۆزىنىڭ بۈگۈن بۇ يەردە ئوبدان مېھمان بولغانلىقىنى، نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۆگەنگەنلىكىنى بىلدۈرۈپ، ئۇلاردىن قايتىپ كېتىشكە ئىجازەت سورىدى.

— مىلاد بايرىمى يېتىپ كەلگەندە مەن ئوكسفورد لۇغىتىدىن بىرنى ئېلىپ بېرىمەن، — دېدى ئۇ ئىشىكتىن چىقىپ كېتىۋېتىپ، ئاندىن قۇلاقلارنى زىڭىلدىتىۋېتىدىغان ئاۋازى بىلەن قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى. ئۇ بۇ گېپىنى ھېچقانداق ئادەمگە قارىتىپ دېمىگەنىدى.

ۋوت ئىشلەتكەن تراۋېرسلارنىڭ لۇغىتى ئامېرىكىدا نەشر قىلىنغان لۇغەت ئىدى.

ئۇ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ھېچكىم ھېچكىمگە قارىمىدى.

— گرېتچېن، — دېدى تراۋېرس خانىم، — سېنىڭ كۆچۈڭ بار، ئورنۇڭدىن تۇرۇپ بىزگە قەھۋە دەملەپ بەرسەڭ قانداق؟

گرېتچېن ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانىغا كىرىپ كېتىۋېتىپ:

— قىزىق ئىش - دە بۇ، ئۇنىڭ ئۇ قىلىقلىرىغا ئەيسا ئىگەممۇ چىدىماس، — دەپ قويدى.

— ھەي، ئۇنىڭغىمۇ ئاسان ئەمەس، — دېدى تراۋېرس

خانىم، — ئىككى بالىنى چوڭ قىلماق ئاسانمۇ؟

يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە ئورنىدىن تۇرۇپ رېستوراننى يىغىشتۇرۇشقا باشلىغاندىن باشلاپ كەچلىك تاماقنىڭ ئۈستىلىنى تەييارلاپ بولغۇچە گراس پەقەت بىرلا قېتىم ئارام ئالدى. تراۋېرس خانىم بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، ماشىنىسىنى ھەيدەپ بۇرلېي شارقىراتمىسىغا بېرىپ گراسنى ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇپ ئۆيىگە ئەكەلدى. ئۇنى بىرنەچچە سائەت بولسىمۇ ئەركىن ئارام ئالدۇرماقچىدى. بۇ چاغدا مورى تېخى ئىشىغا ماڭمىغانىدى — بۇ يىل يازدا ئۇ ئىشچىلار بىلەن بىللە يەتتىنچى نومۇرلۇق تاشيولنى ياساۋاتاتتى — ۋوت ئوتتاۋادىكى ئىشخانىسىغا قاراپ ماڭاي دەپ تۇرۇۋاتاتتى، گرېتچېن باللىرىنى ئېلىپ كۆلگە سۇ ئۈزگىلى ياكى قولۋاقتا ئوينىغىلى ماڭاي دەپ تۇراتتى. تراۋېرس خانىم بۇنداق چاغدا يا بازارغا بىرنەرسە ئالغىلى ماڭاتتى ياكى كەچلىك تاماققا تەييارلىق قىلىشقا باشلايتتى ۋە ياكى يازىدىغان خەتلىرى بولسا يېزىپ ئولتۇراتتى. ئۇ گراسنى ئازادە، سالقىن، ئاپتاپ چۈشمەيدىغان بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. ئۇ ئۆيدە تولا ئولتۇرۇپ ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن بىر سافا، لىق كىتاب تىزىلىپ كەتكەن بىرنەچچە كىتاب ئىشكاپلىرى بار ئىدى.

— قانداق كىتابنى ياخشى كۆرسىڭىز شۇنى ئېلىپ ئوقۇڭ، — دېدى ئۇ گراسقا، — ئازراق يېتىپ ئۇخلىۋالسىڭىزمۇ بولىدۇ، نېمىلا قىلسىڭىز ئىختىيارىڭىز. سىزنىڭ قىلىۋاتقىنىڭىز ئادەمنى چارچىتىۋېتىدىغان ئىشلار، شۇڭا چوقۇم قاتتىق چارچىدىڭىز، سىزنىڭ ۋاقتىدا ئورنىڭىزغا قايتىپ كېتىشىڭىزگە كاپالەتلىك قىلىمەن.

گراس بىر مىنۇتمۇ ئۇخلىماي كىتاب ئوقۇپ ئولتۇردى. قىمىر قىلماي ئولتۇرىۋەرگەچكە، قىسقا ئىشتىنىنىڭ تۆۋىنىدىكى پاچاقلىرى تەرلەپ سافاغا چاپلىشىپ كەتكەنىدى. ئۇ

بۇنىمۇ تۇيماي ئۆلتۈرۈۋەردى، كىتابتىن باشقا ھەممە نەرسىنى ئۇنتۇپ كەتكەچكە شۇنداق بولۇپ قالغان بولسا كېرەك ھەتتا ئۇ تراۋېرس خانىمنىڭ يېنىغا كىرگەنلىكىنىمۇ تۇيمىدى. ئۇنىڭ ئورنىغا قايتىپ كەتمىسە بولمايدىغان بولۇپ قالغاندىلا قولىدىكى كىتابنى قويۇپ قويدى.

تراۋېرس خانىم ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋېتىپ گراسقا گەپ قىلمىدى. ئارىدىن ئۇزاق ئۆتۈپ، گراس ئوقۇغان كىتابىنىڭ ئىچىدىن پۈتۈنلەي قايتىپ چىققاندا، ئاندىن بۇ كىتابنى ئۆزىنىڭمۇ ئوقۇغانلىقىنى دېدى ھەم بۇ كىتابتىن ئالغان تەسىراتىنى سۆزلەپ كەتتى. ئۇنىڭ تەسىراتلىرى ھەم مەزمۇنلۇق، ھەم قىزىقارلىق ئىدى. مەسىلەن، ئۇ «ئاننا كارېنىنا» توغرۇلۇق گەپ قىلغاندا شۇنداق دېدى:

— مەن ئۇ كىتابنى قانچە قېتىم ئوقۇغانلىقىمنى بىلمەيمەن. دەسلەپتە كىتابنى ياخشى كۆردۈم، بۇ ياخشى كۆرۈش كېيىن ئانناغا يۆتكەلدى... ھىم، ئانناغا قايىل بولۇش قانداق قورقۇنچلۇق، لېكىن يېقىندا يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن دوللىغا ئىزچىل ھېسداشلىق قىلىپ كېلىۋاتقىنىمنى ھېس قىلىپ قالدىم، بىلەمسىز، دوللى يېزىغا بارغاندا باللىرىنىڭ ھەممىسىنى ئېلىپ باردى، ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن، بىرىنچى بولۇپ ئۇيلىغان ئىشى يۇيۇنىدىغان ئورۇن تېپىش بولدى. ئۇ يەردە يۇيۇنىدىغان ۋاننا يوق ئىكەن. ئادەم چوڭ بولغانسېرى باغرى يۇمشاپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ، ۋاننىنىڭ يوقلۇقىمۇ سىزنىڭ ھېسداشلىقىڭىزنى قوزغاۋاتقان تۇرسا، ئۇ گەپكە ئىشەنمەي مۇمكىنمۇ؟ سىز مېنىڭ بۇ گېپىمگە ھەرگىز راست شۇنداق دەپ ئىشىنىپ قالماڭ، ئۇنداق بولمايسىز، شۇنداقمۇ؟

— مەن ئەزەلدىن باشقىلارنىڭ قاراشلىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ باققان ئەمەس، — دېدى گراس ئۇنىڭغا جاۋاب بېرىپ، ئۇنىڭ ئۆزىنى چوڭ تۇتقانلىقى ياكى نادانلىقىنى بىلىپ

بولمايدىغان بۇ جاۋابنى ھەتتا ئۆزىمۇ ئويلاپ ھەيران قېلىشى مۇمكىن ئىدى، ــ ئەمما مەن سىزنىڭ پاراڭلىرىڭىزنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن.

تراۋېرس خانىم ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ــ مەنمۇ سىزنىڭ گەپلىرىڭىزنى ئاڭلاشنى ياخشى كۆرىمەن، جېنىم.

ئۇزاق ئۆتمىگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مورى ئىككىسىنىڭ تويى توغرۇلۇق گەپ قىلىپ قالدى. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ بۇ گەپنى پات ـ پات قىلىپ تۇردى. ئەمەلىيەتتە يېقىن ئارىلىقتا توي قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى ــ ھېچبولمىغاندا ئۇ ئىنژېنېرلىق ئۇنىۋانىغا ئېرىشىۋېلىشى كېرەككى ــ ئەمما توي قىلىش توغرۇلۇق گەپ قىلىشنى ئۆزى ئۇچۇنمۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇنمۇ قاچانلا بولسا دەۋەرگىلى بولىدىغان ئىش دەپ ئويلاپ قالغاندەكمۇ قىلاتتى. بىز توي قىلغاندىن كېيىن، دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چۈشۈرمەيتتى. ئۇ گراس ئۇنىڭ بۇ گەپلىرىگە خاپا بولماي، قارشىمۇ تۇرماي، قىزىق بىر ئىشنى سۆزلەۋاتقاندەك ئاڭلاپ تۇرىۋېرەتتى.

ئۇلار توي قىلغاندىن كېيىن، سايبو كۆلىنىڭ بويىدىن ئۆي تۇتماقچى بولدى. ئۇلارنىڭ قارىشىچە، ئاتا ـ ئانىسىغا يېقىنمۇ ئەمەس، يىراقمۇ ئەمەس يەردىن ئۆي تۇتسا ياخشى ئىدى. بۇ يەردىكى ئۇلارنىڭ يازلىق داچىسى ئىدى، باشقا پەسىللەردە مورىنىڭ خىزمىتى نەدە بولسا شۇ يەردە تۇرۇشماقچى بولدى. ئۇنىڭ خىزمىتى پېرۇدا، ئىراقتا ياكى غەربىي شىمال تەرەپلەردە بولۇش ئېھتىمالىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. گراسنىڭ قىزىقىدىغىنى ئۇنىڭ مەغرۇر ھالدا ئۆزىمىزنىڭ ئۆيى بولغاندا دېگەن گېپىدىن كېيىن پەيدا بولغان خىياللار ئەمەس، بەلكى ئاشۇ جايلارغا قىلىدىغان زىيارەتلىرى ئىدى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭغا ئەمەلگە ئاشىدىغان راست ئىشلار ئەمەستەكمۇ بىلىنەتتى. ئۆزى چوڭ

بولغان يۇرتىدىكى ئاشۇ ئۆيلەردە تۇرۇپ تاغىسىنىڭ تال ئورۇندۇق توقۇشلىرىغا ياردەملىشىش، شۇ ئىش بىلەن جان بېقىشمۇ ئۇنىڭغا راست شۇنداق بولىدىغاندەك تۇيۇلۇپ باققان ئەمەس ئىدى.

مورى دائىم ئۇنىڭدىن تاغىسى بىلەن ھاممىسىنىڭ ئالدىدا ئۆزى توغرۇلۇق نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى، ئۇنىڭ ئۆزىنى ئۇلارنىڭ ئالدىغا قاچان باشلاپ بېرىشىنى ئويلاۋاتقانلىقىنى سوراپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئاغزىدىن چۈشۈرمەي دەپ تۇرىدىغان ئائىلە توغرىسىدىكى گەپلىرى گىراسقا باشقىچىلا ئاڭلىناتتى، ئۆزىمۇ ئائىلە توغرۇلۇق گەپ قىلىپ تۇرىدىغان بولسىمۇ شۇنداق ئىدى. ئەڭ چىرايلىق ئاڭلىنىدىغىنى يەنىلا تاغام بىلەن ھاممامنىڭ ئۆيى، دېگەن مۇشۇ بىرنەچچە سۆزلا ئىدى.

ئۇ ھەر كۈنى يېزىپ مېڭىۋاتقان كۈندىلىك خاتىرىسىگە: «بەزى چاغلاردا مۇشۇ ئەتراپتا ئىشلەيدىغان بىر ئوغۇل بالا بىلەن سىرتلارغا چىقىپ ئايلىنىپ كېلىمەن» دېگەن گەپتىن باشقا ھېچقانداق گەپنى يازمايتتى، گەپ قىلغاندىمۇ خۇددى ئۇ ئوغۇل بالا مۇشۇ مېھمانخانىدا ئۆزى بىلەن بىللە ئىشلەيدىغاندەك تەلەپپۇزدا گەپ قىلاتتى.

ئۇ توي قىلىدىغان ئىشنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغانمۇ ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىشنىڭ مۇمكىنچىلىكى — يېرىم مۇقەررەرلىكى — بەزى چاغلاردا كاللىسىدىن يالت قىلىپ ئۆتۈپمۇ قالاتتى، ئەمما يەنە تېزلا تال ئورۇندۇق توقۇپ جان بېقىشنىڭ خىياللىرى بىلەن ئارىلىشىپ كېتەتتى، بۇرۇن ھېچكىم ئۇنىڭ كەينىگە چۈشۈپ باقمىغانىدى، ئەمما ھامان بىر كۈنى بىرسىنىڭ شۇنداق قىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشىنەتتى، ھازىرقىغا ئوخشاش يىگىت تەرەپنىڭ مۇشۇنداق تەلەپلىرىنىمۇ دەيدىغانلىقىغا كۆزى يېتىپمۇ تۇراتتى. ئۇ چوقۇم مېنى ئىزدەپ كېلىدۇ، ئورۇندۇقنى تۈزەتكىلى بولسىمۇ كېلىدۇ — ئۇنى بىر كۆرۈپلا كۆيۈپ قالىدۇ. ئۇ چوقۇم ئاجايىپ قاملاشقان، مورىغا ئوخشاش قىزغىن يىگىت —



www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭدىن كېيىن تەن تەنگە تېگىپ تۇرىدىغان ئىشلار باشلىنىدۇ.

لېكىن، ئۇنداق ئىشلار يۈز بېرىپ باقمىدى. مورىنىڭ ماشىنىسىنىڭ ئىچىدە، ئاسماندىكى جىمىرلاپ تۇرۇۋاتقان يۇلتۇزلار ئاستىدىكى ئوتلارنىڭ ئۈستىدە بولسىمۇ مەيلى ئىدى، ئۇ خالايتتى، مورىنىڭ شۇنداق قىلغۇسى بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قوپاللىق قىلغۇسى كەلمەيۋاتاتتى، ئۇنى قوغداش مەسئۇلىيىتىم بار دەپ ئويلايتتى. ئەگەر گراس ئاسانلا ماقۇل بولۇپ قالسا ۋە ئۆزىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىغا تاپشۇرۇپ بەرسە ئۇ هەيران قېلىپ نېمە قىلىشى كېرەكلىكىنى بىلەلمەي گاڭگىراپ قېلىشى، ئۇ بۇ ئىشنى ئادەتتىكىدەك ناهايىتى ئاددىي بىر ئىش دەپ چاغلاپ قالغان ئوخشىمامدۇ، دەپ هەيران قېلىشى مۇمكىن ئىدى. ئەرلەرنىڭ مەيلىگە بېرىلىدىغان قۇچاقلاشلىرىغا ماقۇل دەيدىغان بۇنداق ئىشلارنى ئۇ چۈشەنمەيتتى هەم تەسەۋۋۇرىدىكى گراسقا پەقەتلا ماس كەلمەيدىغان قىلىق دەپ بىلەتتى. گراسمۇ ئۆزىنىڭ جىنسىي ياقتىكى بۇ خىل ئىختىيارلىقىنىڭ قانداق بىر ئىش ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى، ئۆزىنىڭ بۇ خىل قىزغىنلىقىنىڭ زېرىكىپ هەم خىيال بېسىپ قالغان چاغلىرىدا ئارزۇ قىلىپ قالىدىغان بىر خىل تاتلىق سېزىم ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى، شۇ سەۋەبتىن مورى بۇنى قوبۇل قىلىشى كېرەك دەپ ئويلايتتى. لېكىن، مورى ئۇنداق ئىشنى قىلمىدى.

هېسسىياتتىكى بۇ خىل كۈچلۈك تارتىشىش ئىككىلىسىنى بىر خىل بۇرۇقتۇرمىلىق ئىچىگە سېلىپ قويدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئازراق ئاچچىق ۋە نومۇسنىڭ تەركىبلىرىمۇ يوق ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئايرىلىدىغان چاغدا تېخىمۇ كۆپ سۆيۈشۈشلەر، قۇچاقلىشىشلار، تېخىمۇ كۆپ قىزغىنلىق كۆرسىتىشلەر ئارقىلىق قارشى تەرەپنىڭ كۆڭلىنى ئېلىۋېلىش، خاتا يولغا سېلىپ قويماسلىق، هېسسىياتتىكى كەمتۈكلۈكنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇپ قويۇش زۆرۈر ئىدى، لېكىن ئۇلار بۇنىمۇ قىلالمايتتى. گراس ئايرىم ياتاقتا ياتىدىغان بولغاچقا، كارىۋىتىغا چىقىپ

ياتسىلا بىرنەچچە سائەتنىڭ ئالدىدا بولغان ئىشلارنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتەلەيتتى، ئۇ خىل كۈچلۈك ھېسسىياتنىڭ قىيناشلىرىدىن قۇتۇلۇپ ئۆزىنى يەڭگىل سېزىپ ياتالايتتى ۋە يېتىۋېتىپ مورىنىڭ ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئۆيگە قايتىپ كېتىۋاتقان ھالىتىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى، خىيالىدىن ئۆزىنى چىقمايۋاتقاندەك، ئۆزىگە بولغان ھېسسىياتىنى قايتا رەتكە سېلىنىۋاتقاندەك، شۇلارنى ئويلاپ نېرۋىلىرى بوشاپ ئۆزىنى ئازادە تۇتۇپ كېتىۋاتقاندەك ئويلايتتى.

ئىشچىلار بايرىمىدىن[1] كېيىن، كۆپ ساندىكى قىز مۇلازىمەتچىلەر ئوتتۇرا مەكتەپلىرىگە، ئالىي مەكتەپلىرىگە قايتىپ كەتتى. ئادەم يېتىشمەيۋاتقان ئەھۋال ئاستىدىمۇ غوجايىن مېھمانسارايىنى شەپقەت بايرىمىغىچە[2] ئاچتى. گراس كەتمەي داۋاملىق ئىشلەيدىغانلارنىڭ قاتارىدا ئىدى. ئاڭلىغان گەپلەردىن قارىغاندا، مېھمانخانىنى 12 - ئاينىڭ بېشىدا يەنە ئېچىپ قىشلىق تىجارەتنى باشلارمىش، ھېچبولمىغاندا مىلاد بايرىمىدا بولسىمۇ بىرنەچچە كۈن تىجارەت قىلىشى چوقۇم. ئەمما، ئاشخانا بىلەن تاماق يەيدىغان چوڭ زالدا ئىشلەيدىغان ئادەملەرنىڭ بىرسىمۇ مۇشۇنداق بىر ئىشنىڭ بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى. گراس تاغىسى بىلەن ھاممىسىغا يازغان خېتىدە ئۆزىنىڭ مىلاد بايرىمىدا چوقۇم ئىشلەيدىغانلىقىنى دېدى. ھازىر ئىشلىمەي دەم ئېلىۋاتقانلىقىنى دېمىگەن. يېڭى يىلغىچە ئىشلەيمەن دېگەن بولغاچقا، ئۇلار ئۇنى قايتىپ كېلىدۇ، دەپ ئويلىمايتتى.

ئۇ نېمىشقا بۇنداق قىلىدۇ؟ مۇنداق قىلىشىدا باشقا بىر پىلانى بار ئىدى. ئۇ مورىغا تاغىسىغا يەنە بىر يىل قارىشىپ بېرىش نىيىتىنىڭ بارلىقىنى، شۇ جەرياندا ئۇلارغا ياردەملىشىدىغانغا بىر ئادەم تېپىپ ئۇنىڭغا ئورۇندۇق توقۇشنى

① 9 - ئاينىڭ 1 - كۈنىنى دېمەكچى.
② كانادانىڭ 10 - ئاينىڭ ئىككىنچى دۈشەنبە كۈندىكى بايرىمى.

ئۆگىتىپ قويۇپ كېلىدىغانلىقىنى دېگەنىدى. شۇ بىر يىل ئىچىدە مورىمۇ ئالىي مەكتەپنىڭ ئاخىرقى بىر يىلىنى ئوقۇپ تۈگىتىۋالاتتى. ئۇ يەنە مورىغا مىلاد بايرىمىدا ئۇنى تاغىسىنىڭ يېنىغا باشلاپ بارىدىغانغىمۇ سۆز بېرىپ قويدى، ئۇمۇ بايرامدا توي قىلىدىغان كۈننى جاكارلايدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا پۇراتقانىدى. شۇڭا، ھازىر ئۇ تاپقان پۇللىرىنى يىغىپ تويلۇق بىرنىيانت ئۈزۈك سېتىۋېلىشقا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى.

گىراسمۇ ئىشلەپ تاپقان پۇللىرىنى يىغىۋاتاتتى، بۇنىڭدا ئۇ مورى ئوقۇشقا كەتكەندە ئاپتوبۇسقا ئولتۇرۇپ ئۇنى كۆرگىلى بارالايتتى.

گىراس ۋەدە قىلغان ئىشلىرىدا ئىنتايىن مەسئۇلىيەتچان ئىدى، دېگەن گەپلىرىنىڭ، بەرگەن ۋەدىلىرىنىڭ ھەتتا ئويلىغان ئارزۇ ـ ئۇمىدلىرىنىڭ ئەمەلگە ئاشىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ـــ مورى ئالتۇندەك بالا، ـــ دېدى تراۋېرس خانىم بىر كۈنى ئۇنىڭغا، ـــ بۇنى سىزمۇ بىلگەنسىز. ئۇ چوقۇم سىزگە پاك ھەم ئىشەنچلىك ئەر بولالايدۇ، خۇددى دادىسىغا ئوخشاش. ئۇ ئاكىسى نىلغا ئوخشىمايدۇ، نىل ئىنتايىن ئەقىللىك يىگىت، بۇ مېنىڭ مورىنى ئەقىللىك ئەمەس دېگەنلىكىم ئەمەس، ئەگەر شۇنداق بولىدىغان بولسا قانداق ئىنژېنېر بولالايدۇ؟ نېلنىڭ مىجەزى ئېغىر. ئىككىمىز ئۇزاققىچە بىر ـ بىرىمىزگە يۆلەك بولۇپ ناھايىتى ياخشى ئۆتۈپ كەلدۇق. ئۇ ياخشى بالا، مەن ياخشى ئانا بولغانلىقىمىزدىن شۇنداق ياشاپ كېلەلىدۇق. مەن ئۇ ئوچۇق ـ يورۇق ئەمەس دېمەكچى ئەمەس. كۆلكە ـ چاقچاقنى ياخشى كۆرىدىغان بەزى ئادەملەرنىڭمۇ غەمكىن بولۇپ قالىدىغان چاغلىرى بولۇپ قالىدۇ، شۇنداقمۇ؟ بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى ئادەم بەزىدە بىلەلمەي قالىدۇ. ئانا بولغان ئادەم بالاغەتكە يېتىپ ئۆي ـ ئوچاقلىق بولۇپ بولغان بالىلىرىدىن ئەنسىرەپ قالىدىغانمۇ ئىشلار بولۇپ قالىدىكەن. ئۇنداق ئورۇنسىز ئەنسىرەشلەرنىڭ نېمىگە پايدىسى بار؟ مەن نېلدىن

www.uyghurkitap.com

ئەنە شۇنداق ئەنسىرەيمەن، موردىن ئانچە ئەمەس، ئۇنىڭدىنمۇ ئازراق ئەنسىرەپ قويىمەن. گرېتچېندىن بولسا قىلچە ئەندىشەم يوق، چۈنكى ئايال كىشى دېگەن ئۆزىنىڭ ئىچكى كۈچىگە تايىنىپ ياشاپ كېتىۋېرىدۇ، ئەرلەرنىڭ ئۇنداق بولۇشى ناتايىن، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

كۆل بويىدىكى داچىلار شەپقەت بايرىمىغىچە تاقالمايتتى. گرېتچېن بالىلىرىنى ئېلىپ ئوتتاۋاغا قايتىپ كېتىشى كېرەك، چۈنكى بالىلىرى مەكتەپكە بارمىسا بولمايدۇ، مورىچۇ؟ بۇ يەردىكى قۇرۇلۇش تۈگىگەنىدى، ئەمدى ئۇلار كىنگىستونغا يۆتكىلەتتى.

تراۋېرس ئەپەندى ئادەتتە بۇ يەرگە ھەپتىنىڭ ئاخىرىدا كېلەتتى، تراۋېرس خانىم بولسا كەتمەي تۇرىۋېرەتتى. گرېتچېنغا بەزىدە مېھمانلار بىلەن بىللە، بەزىدە ئۆزى يالغۇز ئىكەنلىكىنى دەپ قويسىلا بولاتتى.

لېكىن، 9 ـ ئاينىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇنىڭ پىلانى ئۆزگىرىپ قېلىپ تراۋېرس ئەپەندى بىلەن بىللە ئوتتاۋاغا قايتىپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى. بۇ ئىش شۇنچىلىك تېز بولدى، بەرمەكچى بولغان زىياپىتىمۇ ئەمەلدىن قالدى.

موري ئۇنىڭدىن ئازراق چاتاق چىقىپ قالغانلىقىنى، چاتاقنىڭ نېرۋىدا ئىكەنلىكىنى دەپ:

— ئۇ بىر مەزگىل ئارام ئالمىسا بولمايدۇ، دوختۇرخانىدا بىر ـ ئىككى ھەپتە يېتىشى كېرەك، ئۆزىنى ئازراق تەڭشىۋېلىشقا موھتاج. شۇنداق قىلسا سالامەتلىكى تېز ئەسلىگە كېلىپ دوختۇرخانىدىن يېنىپ چىقالايدۇ، — دېدى.

گراس ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ بىر ئوبدان تۇرۇۋاتقانلىقىنى، كېسەل ئادەمدەك ئەمەسلىكىنى دەپ تۇرۇۋالدى.

— ئۇ قانداق بولۇپ كېسەل بولۇپ قالدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ موريدىن.

— ئۇنىڭ قانداق كىسەل بولۇپ قالغانلىقىنى ئۆيدىكىلەردىن ھېچقايسىمىز بىلمەسلىكىمىز مۇمكىن، — دېدى مورى جاۋابەن.
بىر ئازدىن كېيىن ئۇ يەنە شۇنداق دېدى:
— بەلكىم ئۇنىڭ ئېرىنىڭ سەۋەبىدىنمىكىن، بىرىنچى ئېرىنى دېمەكچىمەن، نېلنىڭ دادىسى، ئاشۇ ئادەمنىڭ تەقدىرى ۋە باشقا ئىشلار تەسىر قىلغانمىدىكىن.
نېلنىڭ دادىسى ئۆزىنى ئۆلتۈرۈۋالغانىدى.
— پەرىزىمچە، ئۇ ئادەمنىڭ كەيپىياتى تۇراقسىز بولسا كېرەك.
— بۇرۇنقى ئېرىنىڭ سەۋەبىدىنمۇ ئەمەستۇ، — دېدى مورى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — باشقا ئىشلاردىن بولۇشىمۇ مۇمكىن. مېنىڭ ئاپام ياشقا چوڭ بولغىنى بىلەن مۇشۇنداق ئىشلارغا تولا ئۇچراپ تۇرىدۇ، ئەمما مەسىلە چوڭ ئەمەس، ھازىر ھەر خىل دورىلار خېلى كۆپ، بۇنداق كېسەللىكلەرنىڭ ساقىيىشىدا گەپ يوق، ئەنسىرەپ كەتمىسىڭىزمۇ بولىدۇ.

تەشەككۇر بايرىمى يېتىپ كەلگەندە، مورى دېگەندەك تراۋېرس خانىمنىڭ كېسىلى ياخشى بولۇپ دوختۇرخانىدىن يېنىپ چىقتى.
تەشەككۇر بايرىمىدىكى يىغىلىش ھەرقاچانقىدەك كۆلنىڭ بويىدا ئۆتكۈزۈلدى. دۈشەنبە كۈنى ھەممەيلەن يۇك - تاقلىرىنى يىغىشتۇرۇپ، ئىشىك - دېرىزىلەرنى تاقاپ بۇ يەردىن كەتمەكچىدى. بۇ گېرىتچېن ئۇچۇن ياخشى ئىش ئىدى، چۈنكى ئۇنىڭ دەم ئېلىش ۋاقتى يەكشەنبە كۈنى توشاتتى.
ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى جەم بولغان، سىرتتىن گراستىن باشقا بىرمۇ مېھمان چاقىرىلمىغانىدى. نېل، ماۋىس ۋە ئۇلارنىڭ ئىككى بالىسى ماۋىسنىڭ ئاتا - ئانىلىرى بىلەن بىللە تۇراتتى. دۈشەنبە كۈنى ئۇلار ئۇ يەردە يىغىلماقچىدى، بۈگۈن، يەنى يەكشەنبە كۈنى بۇ يەردە بولدى.

موری يەكشەنبە كۈنی چۈشتىن كېيىن گراسنی كۆلنىڭ بويىغا باشلاپ كەلگەندە كۈركە توخۇنىڭ گۆشی كاۋاپ قىلىنىپ ئۈستەلگە قويۇلۇپ بولغانىدی. بۈگۈنكی زىياپەتتە كىچىك باللارمۇ بولغاچقا، كەچلىك تاماق بالدۇرراق تارتىلدی، سائەت بەش ئەتراپىدا بولسا كېرەك. ئارىسىغا كاۋا قىيامى، ئالما قىيامى، مالىنا قىيامى ئېلىپ پىشۇرۇلغان پۆرىلەرمۇ پىشىپ تەييار بولغانىدی. بۈگۈنكی زىياپەتنىڭ باش ئاشپىزی گرېتچېن ئىدی، ھەرىكەتلىرىنىڭ چاققانلىقی، ئەپچىللىكی تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ ئۆزی ئىدی. تراۋېرس خانىم گرېتچېننىڭ قىزی دانا بىلەن ئاشخانىنىڭ ئىچىدىكی كىچىك ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ تۈرلۈك شەكىلدىكی ئۇششاق ياغاچلاردىن كۆرۈنۈش قۇراشتۇرۇپ ئويناۋاتاتتی.

— يارايسەن، گرېتچېن، — ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ گرېتچېننی قۇچاقلاپ كەتتی — ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشی تۇنجی قېتىملىق ئىش ئىدی — ئۇنىڭ ھەرىكىتی تازا قولىشىپ كەتمىگەچكە ئاران تىزىپ چىققان كۆرۈنۈشكە قولی تېگىپ كېتىپ كۆرۈنۈش چۇۋۇلۇپ كەتتی.

دانا شۇ ئان تېرىكىپ تۇۋلاپ كەتتی.

— موما، — دېدی ئۇ يىغلامسىراپ تۇرۇپ، ئاندىن يەردە چېچىلىپ ياتقان ھەر خىل شەكىلدىكی تىزما ياغاچلارنی تېرىۋاتقان ھەدىسی جېنىنىغا خۇددی ئۇنىڭ ھەرىكىتىدىن قۇسۇر تاپماقچی بولۇۋاتقاندەك تىكىلىپ قاراپ كەتتی.

— باشقىدىن تىزىپ چىقساڭ بولىدۇغۇ، — دېدی جېنىنی، — مومام ياغاچلىرىڭنی قەستەن بۇزۇۋەتكىنی يوق.

— بۆلجۈرگەن قىيامی نەدە؟ — دەپ سورىدی گرېتچېن ئاپىسىدىن.

— يېمەكلىكلەر ئىشكاپىدا، — دەپ جاۋاب بەردی تراۋېرس خانىم، ئۇنىڭ قوللىری يەنىلا گرېتچېننىڭ بىلەكلىرىدە ئىدی، قولی تېگىپ كېتىپ چۇۋۇلۇپ كەتكەن ياغاچتىن تىزغان

كۆرۈنۈش بىلەنمۇ كارى يوق تۇراتتى.

— ئىشكاپنىڭ نەرىدە؟

— ھە بۆلجۈرگەن قىيامى، بۆلجۈرگەن قىيامى. ئۇ نەرسىنى نەگە قويغاندىمەن، — دېدى تراۋېرس خانىم بېشىغا ئۇرۇپ قويۇپ، — ئۇ قىيامنى ئۆزۈم ياسىغان، ئازراق سۇ قۇيۇپ بوش ئوتتا ئاستا قايناتقان، ياق ئاۋۋال بۆلجۈرگەننى سۇغا ئازراق ۋاقىت چىلاپ قويغان...

— مېنىڭ بۇ گەپلىرىڭنى تەپسىلىي ئاڭلايدىغانغا ۋاقتىم يوق، — دېدى گرېتچېن، — سەن ئۇ نەرسە بىزنىڭ ئۆيدە پەقەتلا بولۇپ باقمىغان، دېمەكچىمۇ؟

— ئويلاپ باقسام شۇنداقتەك قىلىدۇ، مەن چوقۇم ئۇنى ياسىمىغان.

— ئۇنداق بولسا بىرسىنى سىرتقا چىقىرايلى، بىرنەچچە قۇتا سېتىۋېلىپ كىرسۇن.

— سەن چىقىپ رۇس خانىمدىن سوراپ كىرەمسەن يا؟

— ياق، مەن ئۇ ئايال بىلەن تۇزۇكرەكمۇ پاراڭلىشىپ باقمىغان، پاراڭلىشىدىغان ۋاقتىممۇ يوق ئىدى، بىرسى چىقىپ ماگىزىندىن ئەكىرسۇن.

— قەدىرلىكىم، بۇگۇن دېگەن تەشەككۇر بايرىمى، — دېدى تراۋېرس خانىم تولىمۇ يۇمشاق ئاھاڭدا، — ھېچقانداق ماگىزىن ئېچىلمايدۇ.

— تاشيولنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى ماگىزىن ھەرقانداق چاغدا ئوچۇق، — گرېتچېننىڭ ئاۋازى كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى، — ۋوت نەدە؟

— ئۇ كۆلگە قولۋاق ئۈزگىلى چۈشۈپ كەتتى، — دەپ تۈۋلىدى ماۋىس ئارقىدىكى ھۇجرىدا تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاۋازىدا ئۇنىڭغا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىۋاتقاندەك بىر خىل ئاھاڭ بار ئىدى، بالىسىنى ئۇخلىتىۋاتقان بولسا، جىق گەپ قىلىپ كېتىۋاتىسىلەر، دېگىنىمىكىن، بىلىپ بولمايتتى، — ئۇ

مىككېيىنىمۇ ئەكەتكەن.

ماۋس ئىككى بالىسىنى ماشىنىسىغا سېلىپ ئەكەلگىنىدىگە ئۆزى ئۆزىنى تىللاپمۇ كېتىۋاتاتتى. نېلىنىڭ بىرنەچچە يەرگە تېلېفون بېرىدىغان ئىشى چىقىپ قېلىپ مىككېي بىلەن بوۋىقىنى ئۆزى ئەكېلىۋەرگەنىدى.

تراۋېرس ئەپەندى گولف توپ ئوينىغىلى كېتىپ قالغانىدى.

— ماگىزىنغا بېرىپ قۇلۇپىنىڭ قىيامىنى ئەكېلىدىغانغا ئادەم تاپالماي قالدىمغۇ، — دېدى گرېتچېن سەل تېرىككەندەك بولۇپ، ئۇ ساقلاپ باقتى، ئارقىدىكى ھۇجرىلاردىن مەن باراي، دەيدىغان بىرمۇ ئادەمنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمىدى. ئۇ گراسقا قاراپ قاشلىرىنى ئۇچۇرۇپ قويدى.

— سىز ماشىنا ھەيدىيەلەمسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۇنىڭدىن.

گراس ماشىنا ھەيدەشنى بىلمەيدىغانلىقىنى دېدى.

تراۋېرس خانىم ئەتراپىغا قاراپ ئورۇندۇق ئىزدىدى، ئورۇندۇق تېپىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، راھەتلىنىپ بىر تىنىپ قويدى.

— ھە راست، — دېدى گرېتچېن، — مورى ماشىنا ھەيدىيەلەيدۇ. مورى قېنى؟

مورى ئالدىدىكى ھۇجرىلارنىڭ بىرسىدە سۇغا چۆمۈلگەندە كىيىدىغان كۇسىرىنى ئىزدەۋاتاتتى. ھەممەيلەن ئۇنىڭغا ھازىر سۇنىڭ سوغۇق ئىكەنلىكىنى، چۆمۈلۈشكە بولمايدىغانلىقىنى دەپ تۇرۇۋاتسىمۇ، ئۇ ماگىزىنلارنى بۈگۈن ئاچمايدۇ، دەپ قويۇپ ئۆزىنىڭ ئىشىنى قىلىۋەردى.

— ئاچىدۇ، — دېدى گرېتچېن، — بېنزىن ساتىدىغانغا بولسىمۇ ئاچىدۇ. پېرسىنىڭ دۇكىنىغا بولسىمۇ بېرىپ باققىن. ئۇنىڭ دۇكىنىنى بىلەمسەن؟ تۇخۇم تۇرمىلى، ماروژنى دېگەندەك نەرسىلەرنى ساتىدىغان دۇكان...

مورى گراس بىلەن بىللە بېرىپ كېلىشنى ئويلىدى. لېكىن،

جېننى بىلەن دانا ئىككىسى بوۋىسى ئارقا ھويلىدىكى يوغان بىر تۈپ دەرەخكە ئېسىپ بەرگەن ئىلەڭگۈچنى كۆرۈپ كېلىمىز دەپ ئۇنىڭغا ئېسىلىۋېلىشقانىدى.

گراس پەلەمپەيدىن چۈشۈپ كېتىۋاتقاندا بىر پاي ئايىغىنىڭ بوغقۇچىنىڭ ئۈزۈلۈپ كەتكەنلىكىنى بايقاپ قېلىپ، يەردە يالاڭ ئاياغ مېڭىش تەسرەك بولسىمۇ ئىككىلا ئايىغىنى سېلىۋېتىپ يالاڭ ئاياغ ماڭماقچى بولدى. يولغا ئۇششاق ئوت ـ چۆپلەر ۋە دەرەخلەردىن چۈشكەن يوپۇرماقلار يېيىلىپ كەتكەچكە ماڭسا پۇت ئاغرىمايدىغان بولۇپ قالغانىدى.

ئۇ ئاۋۋال ئىككى بالىنى ئىلەڭگۈچتە ئولتۇرغۇزۇپ كەينىدىن ئىتتىرىپ بەردى، ئارقىدىن ئۆزى ئولتۇرىۋەردى، بالىلار ئىتتىرىشكە باشلىدى. بىر چاغدا ئىلەڭگۈچتىن سەكرەپ چۈشۈۋىدى، بىر پۇتىغا بىردىنلا ئاغرىق كىرىپ كېتىپ «ۋايجان» دەپ يەردە ئولتۇرۇپ قالدى، پۇتىنىڭ نەرىنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلمەيتتى.

پۇتى ئەمەس تاپىنىنىڭ ئىشى ئىكەن، ئاغرىق تاپىنىدىن كېلىۋاتاتتى، تاپىنىنى سەدەپنىڭ ئۇچلۇق قىرى تىلىۋەتكەنىدى.

— سەدەپنى دانا قۇلۇلىگە ئۇۋۋا ياساپ بېرىمەن دەپ تېپىپ كەلگەن، — دېدى جېننى.

— ئۇۋۋا ياساپ بەرسەم ئۇ قۇلۇلە قېچىپ كەتتى، — دېدى دانا.

گرېتچېن، تراۋېرس خانىم ھەتتا ماۋىس ئەنسىز ۋارقىرىغان ئاۋازنى ئاڭلاپ بالىلارنىڭ بىرسى بىرنېمە بولغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ ئۆيدىن يۈگۈرۈپ چىقىشتى.

— ئۇنىڭ پۇتىدىن قان ئېقىۋاتىدۇ، — دېدى دانا، — بىرمۇنچە يەر قان بىلەن بويىلىپ كەتتى.

— ئۇنىڭ پۇتىنى سەدەپنىڭ قېپى تىلىۋەتتى، — دېدى جېننى، — ئۇ سەدەپنى دانا ئىۋانغا ئۇۋۋا ياساپ بېرىمەن دەپ بىر يەردىن تېپىپ كەپتىكەن، ئىۋان ئۇنىڭ قۇلۇلىسى ئىدى.

بىرسى شۇ ئان بىر داس سۇ ئەكېلىپ ئۇنىڭ تاپىنىنىڭ تىلىنىپ كەتكەن يېرىنى پاكىز يۇيۇپ لۆڭگە بىلەن سۈرتۈۋەتتى. ئاندىن ھەممىسى ئۇ بىر ئېغىز، بۇ بىر ئېغىزدىن، يەنە ئاغرىۋاتامدۇ؟ ئاغرىقى قاتتىقمۇ؟ دەپ گەپ سوراشتى.

— ئانچە ئەمەس، — دەپ قويدى گىراس ھەممىسىگە، ئاندىن بىر پۇتى بىلەن سەكرەپ ئۆيگە قاراپ ماڭغانىدى، جېنىنى بىلەن دانا ئۇنى قولتۇقىدىن يۆلىۋالدى. تۇزۇك يۆلىيەلمەي يوقىتمۇۋېتىشكە تاسىلا قالدى.

— ۋاي خۇدايىم، خېلىلا تىلىنىپ كېتىپتۇمۇ نېمە، — دېدى گرېتچېن تېخىمۇ ئەنسىزلىك قىلىپ، — ئايىغىڭىزنى نېمىشقا سېلىۋەتكەنىدىڭىز؟

— ئايىغىنىڭ بوغقۇچى ئۈزۈلۈپ كېتىپتىكەن، — دېدى دانا بىلەن جېنىنى ئىككىسى تەڭلا، دەل مۇشۇ چاغدا قىزىل رەڭلىك بىر ماشىنا ئاۋاز چىقارماي ئاستا كېلىپ ماشىنا توختىتىدىغان يەردە توختىدى.

— دەل ۋاقتىدا كەلگىنىڭنى قارا سېنىڭ، — دېدى تراۋېرس خانىم ماشىنىدىن چۈشۈۋاتقان ئادەمگە قاراپ، — شۇ تۇرقىدا بىزگە بىر دوختۇر لازىم بولۇپ تۇرغان.

ئۇ نېل ئىدى، گىراس ئۇنى تونجى كۆرۈۋاتاتتى. بويلۇق، ھەرىكىتى چاققان ئادەم ئىكەن.

— دورا ساندۇقۇڭ قېنى؟ — دېدى تراۋېرس خانىم خۇشال توۋلاپ، — شۇ تۇرقىدا بىر كېسەل سېنى ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— ماشىنىڭ قالتىسقۇ، — دېدى گرېتچېن، — يېڭى سېتىۋالدىڭمۇ؟

— قالتىس دەپ كەتكۈدەكمۇ ئەمەس، — دېدى نېل جاۋابەن.

— بوۋىقىم ئويغىنىپ كەتتىمىكىن، كىرىپ باقاي، — دېدى ماۋىس نامەلۇم بىر ئاچچىق بىلەن، ئاندىن كەينىگە بۇرۇلۇپلا ئۆيگە كىرىپ كەتتى.

— بىر ئىشقا ئاچچىقى كېلىپ قالسىلا، بوۋىقىم ئويغىنىپ

كەتتىمكىن دەپ ئۆيىگە كىرىپ كېتىدىكەنغۇ، — دېدى جېنىنى جىددىي گەپ قىلىپ.

— ئاغزىڭنى يۇم ! — دەپ توۋلىدى گرېتچېن ئۇنىڭغا.

— بىزگە دورا ساندۇقۇمنى ئەكەلمەيتىمەن دېگەن گەپنى قىلما، — دېدى تراۋېرس خانىم نېلغا، نېل گەپ قىلماي ماشىنىسىنىڭ كەينىنى ئېچىپ دورا ساندۇقىنى چىقارغانىدى. تراۋېرس خانىم يەنە، — ئاھا ئەكەپتىكەنسەن - دە، بۇ ناھايىتى ئوبدان ئىش بولدى. بۇ ئىشىڭ ياخشىكەن، ھەر ئېھتىمالغا قارشى دورا ساندۇقىنى يېنىڭدىن ئايرىمىغىنىڭ ياخشى، — دەپ خۇشال سۆزلەپ كەتتى.

— كېسەل بولۇپ قالغىنى سەنمىدىڭ؟ — نېل دانادىن سوردى، — نېمە بولدۇڭ، تىرىك پاقا يۇتۇۋالغانمىدىڭ؟

— مەن ئەمەس، بۇياق، — دېدى دانا ئەدەپ بىلەن، — گراس.

— ھە ئەمدى بىلدىم، پاقا يۇتۇۋالغىنى سەن ئەمەس، بۇ قىز ئىكەن - دە.

— ئۇنىڭ پۇتى كېسىلىپ كېتىپ جىق قېنى ئېقىپ كەتتى، بەكمۇ جىق.

— سەدەپنىڭ قېپى تىلىۋېتىپتۇ، — دېدى جېنىنى چۈشەندۈرۈپ.

نېل ئۇ ئىككى جىيەن قىزنى نېرى ئىتتىرىۋېتىپ، پەلەمپەينىڭ ئاستىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ:

— بىرسىڭلار ماڭا دورا ساندۇقىنىڭ ئىچىدىن بىر پارچە داكا ئېلىپ بېرىڭلار، — دېدى. ئاندىن گراسنىڭ پۇتىنى ئاۋايلاپ ئۆستىگە كۆتۈرۈپ قولىدىكى داكا بىلەن ئۇنىڭدىكى قاننى پاكىز سۈرتىۋەتتى. شۇنىڭدا يارىنىڭ ئېغىزىنى ئېنىق كۆرگىلى بولاتتى. شۇ تۇرقىدا ئۇ گراسقا يېقىن تۇرۇۋاتاتتى. گراس مېھمانخانىدا بىر مەزگىل ئىشلىگەن تەجرىبىسى بويىچە ئۇنىڭدىن كېلىۋاتقان پۇراقنىڭ ئىسپىرتنىڭ پۇرىقى ئىكەنلىكىنى بىلىۋالدى.

— قاننىڭ جىق ئېقىپ كەتكىنى راست ئىكەن، — دېدى نىل، — ئەمدى ياخشى بولدى، پاكىز سۈرتۈۋەتتىم. ئاغرىۋاتامدۇ؟

— ئازراق، — دېدى گىراس جاۋاب بېرىپ.

نىل ئۇنىڭ چىرايىغا لاپپىدە بىر قاراپ قويدى، بۇ شۇنچىلىك تېز ئارىلىقتىكى قارىشى ئىدى. ئۇ قاراشتا يەنە ئۆزىدىن كېلىۋاتقان پۇراقنى بۇ قىز پۇراپ بىلىۋالغانمىدۇ؟ بىلىۋالغان بولسا قانداق ئويلىغاندۇ؟ دېگەن مەزمۇنمۇ بار ئىدى.

— ئاغرىيدىغىنى چوقۇم، تىلىنىپ كەتكەن يەرنى كۆردۈڭلارمۇ؟ — دېدى گىراسنىڭ تاپىنىدىكى يارا ئېغىزىنى يېنىدا تۇرغانلارغا كۆرسىتىپ، — ئەمدى بىز مىكروبلىنىپ قالدىمۇ يوق، يارىنىڭ ئىچىنى تەكشۈرۈپ باقمىمىز، مىكروبلانمىغان بولسا يارىنىڭ ئاغزىنى بىرنەچچە يىڭنە تىكىمىز. مەندە بىر دورا بار، ئازراق سۈركەپ قويسام تىككەن چاغدا ئۇنچە ئاغرىپ كەتمەيدۇ، — ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ گىراسقا قاراپ قويدى، — ھەي، تاماشا كۆرۈپ تۇرۇۋاتقانلار، نېرىراق تۇرۇپ تۇرساڭلار قانداق؟

شۇنىڭغىچە ئاپىسىغا بىر ئېغىز گەپ قىلمىغانىدى، ئاپىسى بولسا ئۇنى دەل ۋاقتىدا كەلدىڭ، دەپ توختىماي سۆزلەپ تۇرۇۋاتاتتى.

— ئۆسمۈرلەر قوشۇنىدىكى باللارنىڭ ھەر ۋاقىت جەڭگە تەييارمىز، دەيدىغان گېپى بار ئەمەسمۇ؟ — دېدى نىل ئاپىسىنىڭ گەپلىرىگە جاۋابەن.

ئۇنىڭ قوللىرى شۇنچىلىك سالماق، تەمكىن، ئازراقمۇ ھاراق ئىچكەندەك ئەمەس ئىدى، كۆزلىرىدىمۇ ئۇنداق ھالەت يوق، بايام باللارغا گەپ قىلغان چاغدىكىدەك خۇشال قىياپەتكە كىرىۋالغان چىرايىمۇ كۆرۈنمەيتتى، گىراسقا ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك چىرايلىق ئاۋازى بىلەن تەسەللى بېرىدىغان ياخشى ئاكىلىق قىياپەتمۇ يوق ئىدى. ئاپپاق ئاقىرىپ تۇرىدىغان ئېگىز پېشانىسى، قويۇق كۆل

رەڭ بودۇر چاچلىرى، چاقناپ تۇرغان كۆك كۆزلىرى، يوغان ئاغزىنىڭ نىپىز لەۋلىرى ئادەمگە تولىمۇ يېقىملىق تۇيغۇ بېرىپ تۇراتتى.

نېل پەلەمپەيدە تۇرۇۋېلا ئۇنىڭ پۈتىنى تېگىپ بولغاندىن كېيىن — بۇ چاغدا گرېتچېن بالىلارنى ئېلىپ ئاشخانىغا كىرىپ كەتكەنىدى. تراۋېرس خانىم جايىدا مىدىرلىماي، نېلنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىغا، ئەمدى ئىككىنچى گەپ قىلمايمەن، دەپ ئۆزىگە ئۆزى قەسەم قىلغاندەك، ئاغزىنى چىڭ يۇمۇپ جىمجىت قاراپ ئولتۇراتتى — گراسنى بازاردىكى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ كۆرسەتمىسەك بولمايدۇ، دېگەن گەپنى قىلدى.

— تېتانۇستىن بىرنى ئۇرۇۋېتەيلى.

— ئۇ دەرىجىدە ئېغىرمۇ ئەمەستۇ، — دېدى گراس.

— مەسىلە ئۇنىڭدا ئەمەس.

— مېنىڭچە، بارغىنىڭىز ياخشى، — دېدى تراۋېرس خانىم، — ئەگەر راستىلا تېتانۇس ئۇرۇشقا توغرا كېلىدىغان بولسا، بۇ ئويىنىشىدىغان ئىش ئەمەس جۇمۇ ياخشى بولمايدۇ.

— ئۇنىڭغا ھېچقانچە ۋاقىت كەتمەيدۇ، — دېدى نېل، — بارايلىمۇ، گراس؟ كېلىڭ، مەن سىزنى يۆلەپ ماشىنىغا چىقىرىپ قوياي، — ئۇ گراسنىڭ بىر قولىنى تۇتۇپ تۇردى، گراس يوغان سايما كەشنى كىيىۋالدى. پۈتى داكا بىلەن چىڭ ھەم ئىخچام تېڭىپ قويۇلغانىدى.

— مەن ھازىرلا قايتىپ كېلىمەن، — دېدى ئۇ. بۇ چاغدا گراس ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ بولغانىدى، — ئۇلاردىن كەچۈرۈم سوراپ قويۇڭ.

گرېتچېندىنمۇ؟ ماۋىستىن سوراپ قوياي.

تراۋېرس خانىم پەلەمپەيدىن چۈشۈپ ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلدى، چىرايىدىن بىلىنەر ـ بىلىنمەس كۈلكە چىقىپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇ كۈلكە تەبىئىي، سەممىمىي ھەم ھەقىقىي كۈلكە ئىدى. بولۇپمۇ ھازىرقىسى، ئۇ قولىنى ماشىنىنىڭ ئىشىكىگە

قويۇپ تۇردى.

— دوختۇرخانىغا بارىدىغان بولۇپ ياخشى قىلدىڭلار، — دېدى ئۇ، — گراس، سىز ھەقىقەتەن خۇدا ئاسماندىن چۈشۈرۈپ بەرگەن پەرىشتىنىڭ ئۆزى. ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپ قويۇڭ. ھاراق ئىچىۋالمىسۇن. ھاراق ئىچىشكە يول قويماڭ، مەن دېمىسەممۇ سىز شۇنداق قىلالايسىز.

گراس ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئەستايىدىل ئويلاپمۇ كەتمىدى. تراۋىرس خانىمدا كۆرۈلۈۋاتقان ئۆزگىرىش ئۇنى خاتىرجەمسىزلەندۈرۈپ تۇرۇۋاتاتتى. تراۋىرس خانىم بۇرۇنقىدەك ئەمەس، بەدىنى ئېغىرلىشىپ قېلىۋاتقاندەك، ھەرىكەتلىرى قولاشماي تۇرۇۋاتاتتى. چىرايىدا بىر خىل مېھرىبانلىق ھەم ئازراق ھاياجان بار، كۆزلىرىدە ياش ئارىلاش كۈلكە، لەۋلىرى خۇددى شېكەر سۈيى ئىچىۋالغاندەك ئازراق چاپلىشىپمۇ تۇرىدۇ.

دوختۇرخانا ئۈچ ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىكى كارلتون دېگەن جايدا ئىكەن. ئۇلارنىڭ ماشىنىسى پويىز يولىنىڭ ئۈستىدىكى ئېگىز پولات تۈۋرۈكلەر بىلەن ياساپ چىققان يول بىلەن خۇددى ئۇچۇپ كېتىۋاتقاندەك كېتىۋاتاتتى. يولدا باشقا بىرمۇ ماشىنا يوق، شۇڭا گراس قورقماي ئولتۇرۇۋاتاتتى. قورقسىمۇ قانداق قىلالايدۇ!

نېل جىددىي قۇتقۇزۇش بۆلۈمىدىكى نۆۋەتچى سېستىرانى تونۇيتتى. بىر جەدۋەلنى تولدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، سېستىراغا گراسنىڭ پۇتىنى كۆرسەتتى («ئىشنى ناھايىتى چىرايلىق قىپسىز» سېسترا ئىختىيارسىز شۇ گەپنى قىلىپ قويدى). شۇنىڭدىن كېيىن نېل ئەمدى قىلىدىغان ئىشنى قىلىپ گېخرىسقا ئوكۇل سالدى («دەماللىققا ئاغرىمايدۇ، سەلدىن كېيىن ئاغرىشى مۇمكىن»). ئوكۇل سېلىنىپ بولغاندىن كېيىن، سېسترا كىچىك بۆلۈمچىگە كىرىپ كېتىپ، شۇ يەردە تۇرۇپ:

— نۆۋەت ساقلايدىغان ئۆيدە بىرەيلەن بۇياقنى ئەكىتىمەن دەپ ئولتۇرىدۇ، — دېدى. ئاندىن گىراسقا، — ئۇ ئۆزىنى سىزنىڭ توي قىلىدىغان يىگىتىمەن، دېدى، — دەپ خەۋەر يەتكۈزدى.

— ئۇنىڭغا بۇ يەردىكى ئىشلار تېخى تۈگىمىدى دەپ قويۇڭ، — دېدى نېل ئۇ سېستىراغا، — ياق ئۇنداق دېمەي بىزنى ئاللىبۇرۇن قايتىپ كەتتى، دەڭ.

— مەن سىلەرنى مۇشۇ يەردە دەپ قويۇپتىكەنمەن.

— ئەمدى چىقىپ ئۇنىڭغا، بۆلۈمگە كىرىپ قارىسام ئۇلار يوق تۇرىدۇ، كېتىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ قويۇڭ.

— ئۇ سىزنى مېنىڭ ئاكام دېدى، ماشىنا توختىتىمىش مەيداندىكى ماشىنىڭىزنى تونۇپ قالماسمۇ؟

— مەن ماشىنامنى ئارقا ھويلىغا توختىتىپ قويغان، دوختۇرخانىدىكىلەرنىڭ ماشىنىلىرى تۇرىدىغان يەرگە.

سېستىرا قايتىپ كىرىپ نېلغا:

— كاللىڭىز ئەجەبمۇ ئىشلەيدىكەن سىزنىڭ، — دەپ قويدى.

— سىزنىڭ ھازىر قايتىپ كەتكۈڭىز يوق، شۇنداقمۇ؟ — دەپ سورىدى نېل گىراستىن.

— شۇنداق، قايتىپ كەتكۈم يوق، — دەپ جاۋاب بەردى گىراس.

ئۇ يەنە بىر قېتىم ماشىنىغا يۆلەپ چىقىرىلدى. پۇتىدا يەنىلا ئاشۇ ساپما كەش، ماشىنىنىڭ ئىچىدىكى سۇت رەڭ ئورۇنغا چىقىپ ئولتۇردى. نېل ماشىنىسىنى ئارقا ھويلىدىن ھەيدەپ ئاچىقىپ خىلۋەت بىر يول بىلەن ئارقا كوچىغا چىقتى. بازاردىن چىقىشتا چوڭ يول بىلەن ماڭمىدى. گىراس ئەمدى ئۆزلىرىنىڭ مورى بىلەن ئۇچرىشىپ قالمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتتى. ئۇنىڭ ئەمدى مورىنى ئويلىشىنىڭ ھاجىتى يوق ئىدى، ماۋىسىنى ئويلىشى تېخىمۇ شۇنداق ئىدى.

كېيىن مۇشۇ بىر كەچۈرمىشنى، ھاياتىدىكى مۇشۇ ئۆزگىرىشنى ئەسلىگەندە گىراس، كەينىدىكى ئىشىكنى گۈپ

قىلىپ يېپىۋەتكەن بولدۇم، دېيىشى — ئەمەلىيەتتە بۇ گەپنىمۇ ئۇ دەپ بولغان — مۇمكىن ئىدى. ئەمما، ئۇ چاغدا ئۇ ئىشىكتىن ئاۋاز چىقمىغان، سۈكۈتتە تۇرۇۋاتقان ئادەمدەك جىمجىتلا تۇرغان، باشقىلارنىڭ ھوقۇقى بىلەن ھېسابلاشمىغان، ئۇنى كەينىگە تاشلىۋەتكەنىدى.

شۇ كۈندىكى ئىشلار ئۇنىڭ خاتىرىسىدە ناھايىتى ئېنىق ساقلىنىپ تۇرۇپتۇ، گەرچە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلار ئۇخشاشمىغان مەزمۇنلارغا ئىگە بولسىمۇ.

لېكىن، ئاشۇ بىر قىسىم تەپسىلاتلار ئىچىدىكى ئايرىم تەپسىلاتنىڭ ئۇنچىلىك توغرا بولۇپ كېتىشى ناتايىن ئىدى.

*　　　　*　　　　*

دەسلەپتە ئۇلار يەتتىنچى نومۇرلۇق تاشيول بىلەن غەرب تەرەپكە قاراپ ماڭدى. گراسنىڭ كېيىن ئەسلىشىچە، شۇ چاغدا يولدا ئۇلارنىڭ ماشىنىسىدىن باشقا بىرمۇ ماشىنا كۆرۈنمىگەن. ماشىنىنىڭ سۈرئىتى تۆمۈريولنىڭ ئۈستىدىن ئېلىنغان يولدا ماڭغان چاغدىكىدىن قېلىشمىغان، ئاڭلىغان ئادەم ئىشەنمىگۈدەك دەرىجىدە تېز بولغان. يولدا ئادەم بولماسلىقى مۇمكىن ئەمەس، يەكشەنبە كۈنى ئەتىگەندە ئۆيلىرىگە قايتقان، تەشەككۈر بايرىمىنى ئۆيىدىكىلىرى بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ئالدىراپ ماڭغان، چېركاۋغا كېتىۋاتقان، چېركاۋدىن قايتقان ئادەملەر بولىدۇ — دە.

نېل ماشىنىنى داۋاملىق بۇنداق ئىتتىك ھەيدىيەلمەيتتى، مەھەللىلەردىن ئۆتكەن، بازاردىن ئايلىنىپ ماڭغان، ئەگمىلىرى كۆپ كونا يوللاردا كېتىۋاتقان چاغلاردا سۈرئەتنى ئاستىلاتماي بولمايتتى. گراس ئۈستى ئوچۇق بۇنداق ماشىنىدا ئولتۇرۇپ ئادەتلەنمىگەنىدى. شامال كۆزلىرىنى ئاچۇرماي، چاچلىرىنى ئۇچۇرتۇپ خاتىرجەم ئولتۇرغۇزمايتتى، ئەمما بۇنداق ماشىنىدا

ئادەم شېرىن خىياللارغا ئاسان بېرىلىپ قالىدىكەن. ئۆزىنى قاچانلا قارىسا ئوخشاش سۈرئەتتە كېتىۋاتقاندەك ئويلاپ كېتىدىكەن، ياۋايى خىياللار يوق، خۇددى مۆجىزە يۈز بېرىۋاتقاندەك بولۇپ قالىدىكەن.

ئۇنىڭ كاللىسىدا شۇ تۇرقىدا مورى يوق، ماۋىس ۋە ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى ئادەملەرنىڭ بىرسىنىڭمۇ ئىزى قالمىغانىدى. ئەمما، تراۋېرس خانىمنىڭ پارچە ـ پۇرات خىيال كۆلەڭگىلەر تېخىچە ساقلىنىپ تۇرۇۋاتقان بولغاچقا، مېڭىسى ئىچىدە ئايلىنىپ توختىمايتتى، نېمىلەرنىدۇر دەپ پىچىرلايتتى. غەلىتە ۋە ئادەمنى ئۈيالدۇرغۇدەك كۈلكىسى بىلەن ئۆزىگە تاپشۇرغان ئەڭ ئاخىرقى تاپشۇرۇقنى توختىماي تەكرارلايتتى:

«سىز قانداق قىلىشىڭىز كېرەكلىكىنى ئەلۋەتتە بىلىسىز.»

گراس بىلەن نېل ئىككىسى پاراڭلاشماي جىمجىت كېتىۋاتاتتى، گەپ قىلىشىمۇ ئەپسىز ئىدى. شۇ چاغنىڭ شارائىتىدا سىز بار ئاۋازىڭىز بىلەن ۋارقىراپ تۇرۇپ گەپ قىلسىڭىز، ئاندىن قارشى تەرەپ سىزنىڭ نېمە دەۋاتقانلىقىڭىزنى بىلەلەيتتى. راست گەپنى قىلغاندا، ئۇنىڭ شۇ چاغدا ئېسىدە قالغىنى «جىنسىيەت» دېگەن قانداق نەرسە دېگەن خىيال بىلەن شېرىن ئارزۇنىڭ پۈتۈنلەي ئارىلىشىپ كەتكەن ئارىلاشمىسى ئىدى. بۇنداق تۇيغۇسىز ئۆچرىشىپ قېلىش، بۇنداق ئۇنسىز ئۇچۇر، بۇنداق بىر ئېغىز زۇۋان سۈرمەي ئۇچقاندەك چېپىشلار ئۇنى ئىختىيارسىز هالدا ئۆزىنى ئەسىرگە چۈشۈپ قالغان بىر ئايال هالىتىگە، هەۋەسسىزلا خىزمىتىدىن ئېلىپ تاشلانغان ۋەزىر، ئىچكى دۇنياسىدا هەۋەستىن باشقا هېچقانداق نەرسە يوق ئادەم سىياقىغا كەلتۈرۈپ قويغانىدى.

ئاخىرىدا ئۇلار كانادادا توختاپ بىر مېھمانسارايغا كىردى. بۇ مېھمانساراي هازىرمۇ شۇ يەردە تىجارەت قىلىۋاتاتتى. نېل ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. قەدىمىنىمۇ ئۇنىڭ قەدىمىگە ماسلاشتۇرۇپ ماڭدى. ئىككىسىنىڭ قوللىرى بىر ـ بىرىگە كىرىشىپ

كەتكەندى. ئۇ ئۇنى بىر قاۋاقخانىغا باشلاپ كىردى. ئۇ بۇرۇن بۇنداق جايغا كىرىپ باقمىغان بولسىمۇ، بىر قاراپلا بۇ يەرنىڭ قاۋاقخانا ئىكەنلىكىنى بىلدى (بورلىيي شارقىراتمىسىدىكى كىچىك مېھمانسارايىنىڭ تىجارەت كىنىشكىسى بولمىغاچقا، مېھمانلار ھاراقنى ئۆزىنىڭ ياتىقىغا ئاچىقىپ ئىچەتتى ياكى يولنىڭ ئۇ تەرىپىدىكى ئۆزلىرى كېچىلىك كۇلۇب دەپ ئاتىۋالغان ۋەيرانە لاپاسنىڭ ئاستىدا ئولتۇرۇپ ئىچەتتى). بۇ يەر ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇر قىلغىنىدەك شامال ئۆتۈشمەيدىغان قاراڭغۇ، يوغان بىر ئۆي ئىكەن. ئۈستەل ــ ئورۇندۇقلىرى خۇددى ئالدىراپ تازىلاپ قويۇپلا تىزىپ قويغاندەك قالايمىقان تۇرۇپتۇ، پىۋىنىڭ، ۋىسكىنىڭ، سىگارنىڭ، ئەرلەرنىڭ پۇرىقى ئۆينىڭ ئىچىنى بىر ئاپتۇ. ئىچىدە بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيدۇ، بەلكىم چۈشتىن كېيىنلىك تىجارەت ۋاقتى تېخى بولمىغاندۇ. ياق، ئاللىبۇرۇن چۈشتىن كېيىن بولۇپ بولدىغۇ؟ ئۇنىڭ ۋاقىت قارىشى دائىم خاتا بولىدىغان، ھازىرمۇ شۇنداق بولۇپ قالغاندۇ.

شۇ ئارىدا باشقا بىر ئۆيدىن بىر ئەر كىشى چىقىپ نېل بىلەن:

ــ ياخشىمۇسەن، دوختۇر، ــ دەپ كۆرۈشۈپ، ئاندىن پوكەينىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇلار نەگىلا بارسۇن، نېلنىڭ تونۇشلىرى چىقىپ تۇراتتى. گىراس ئۇنىڭ تونۇشلىرىنىڭ كۆپلۈكىگە ئاخىر ئىشەندى.

ــ سەنمۇ بىلىسەن، بۈگۈن كۈنگە يەكشەنبە، ــ دېدى ئۇ ئادەم ئۈنلۈك ھەم سورلۇك گەپ قىلىپ، ــ يەكشەنبە كۈنى بىز ھېچنېمە ساتمايمىز، ساڭىمۇ، بۇياققىمۇ ھەم شۇنداق. ئۇنى بۇ يەرگە باشلاپ كىرمەسلىكىڭ كېرەك ئىدى، چۈشەندىڭمۇ؟

ــ شۇنداق، راست دەيسەن، ئەپەندى، ــ دېدى نېل، ــ بۇ گېپىڭگە تولۇق قوشۇلىمەن.

ئۇ ئىككىسى بىردەم شۇنداق پاراڭلىشىپ تۇرۇشتى، ئاندىن ئۇ ئادەم كەينىدىكى ھاراق ئىشكاپىنىڭ بىر يېرىگە تىقىپ قويغان

بىر بوتۇلكا ۋىسكىنى ئېلىپ نېلغا بىر رومكا قۇيۇپ بېرىپ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى.

— سىزمۇ ئىچىپ قويامسىز؟ — دېدى ئۇ گىراسقا قاراپ. لېكىن، ئۇنىڭغا ۋىسكى قۇيۇپ بەرمەي، بىر قۇتا كوكو كولانى ئىستانىكانغا قۇيمايلا قۇتىسى بىلەنلا ئۇنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.

نېل يانچۇقىدىن پۇل چىقىرىپ پوكەينىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويۇۋىدى، ئۇ ئادەم پۇلنى يەنە ئۇنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويۇپ:

— دېدىمغۇ، بۈگۈن ھېچ نەرسە ساتمايمىز دەپ، — دېدى.

— كوكا كولاچۇ؟

— ئۇمۇ سېتىلمايدۇ.

ئۇ ئادەم بوتۇلكىنى يەنە جايىغا قويۇپ قويدى. نېل رومكىدا قېلىپ قالغان ھاراقنى بىرلا كۆتۈرۈپ ئىچىۋېتىپ:

— ياخشى ئادەم ئىكەنسەن. سېنى قانۇن - تۈزۈمگە قاتتىق رىئايە قىلىدىغان نەمۇنىچى دېسىمۇ بولغۇدەك، — دەپ قويدى.

— كوكا كولانى ئەكېتىڭ، بۇ قىز بۇ يەردىن قانچە تېز چىقىپ كەتسە ماڭا شۇنچە ياخشى.

— ئۇ شۇنداق، — دېدى نېل، — بۇ ياخشى قىز، ئىنىمنىڭ ئايالى، كەلگۈسىدىكى، مېنىڭ بىلىشىمچە شۇنداق.

— راست شۇنداقمۇ؟

ئۇلار قايتا يەتتىنچى نومۇرلۇق تاشيولغا چىقماي، شىمال تەرەپكە ئېلىپ بارىدىغان يولغا چۈشۈپ ماڭدى. بۇ قاراماي يېپيېتىلمىغان، ئەمما ناھايىتى كەڭرى، دەرىجىسىمۇ ئانچە تۆۋەن ئەمەس يول ئىدى. ھاراق نېلنىڭ ماشىنا ھەيدىشىگە ئەكسىچە تەسىر بېرىپ سۈرئىتى خېلىلا تۆۋەنلەپ كەتتى، يولنىڭ ئەھۋالى بىلەن سېلىشتۇرغاندىمۇ سۈرئەت ناھايىتى تۆۋەن ئىدى.

— سىزگە ھېچقانداق ئەمەسمۇ؟

— ماڭا قانداق بولاتتى؟

— سىزنى ۋەيرانە بىر يەرگە باشلاپ بارسام دەيمەنا.

— ھېچنېمە بولمايدۇ.
— ماڭا ھەمراھ بولۇپ بەرسىڭىزلا بولدى، پۇتىڭىزنىڭ ئاغرىقى قانداق؟
— ياخشى، ئاغرىمايۋاتىدۇ.
— ئازراق ئاغرىيدىغاندۇ؟
— قاتتىق ئەمەس، ھېچ گەپ بولمايدۇ.
نېل ئۇنىڭ كولا تۇتمىغان قولىنىڭ ئالقىنىنى ئاغزىغا يېقىن ئەكېلىپ يالاپ قويۇپ يەنە قويۇۋەتتى.
— سىز مېنى چۈشكۈنلەشتۈرۈش ئۈچۈن ئازدۇرۇۋاتىدۇ دەپ ئويلىمايدىغانسىز؟
— ياق، — دېدى گراس يالغان گەپ قىلىپ، ئۇنىڭ بۇ سۆزى ئاپىسىنىڭكىگە نېمىدېگەن ئوخشىغان، ئاپىسىمۇ چۈشكۈنلىشىشنىڭ گېپىنى تولا قىلىدىغان.
— سىزنىڭ بۇ جاۋابىڭىز باشقا چاغدا بولغان بولسا توغرا بولاتتىمىكىن، ئەمما ھازىر توغرا بولمىدى، مېنىڭچە شۇنداق، بۈگۈن سىز خۇددى چېركاۋدا ئولتۇرغاندەك بىخەتەرسىز، — دېدى نېل.
ئۇنىڭ ئاۋازى ئۆزگىرىشكە باشلاپ، سەممىي ئوچۇق - يورۇق ۋە يېقىملىق ئاڭلىنىشقا باشلىدى. بايام ئالقىنىغا لەۋلىرىنى تەگكۈزۈپ سۆيگەن چاغدا گراسنىڭ ۋۇجۇدى لەرزىگە كېلىپ، قۇلاقلىرىغا گەپلىرى ئەمەس، ئاۋازى كىرىۋاتقاندەك بولۇپ كەتكەن، لەۋلىرىنى بىر قېتىم ئەمەس، يۈز قېتىملاپ تېرىسى ئۈستىدە قىمىرلاپ تۇرۇۋاتقاندەك ھالەتكە يېتىپ كەتكەندى. لېكىن بەرگەن جاۋابى پەقەت:
— بەزىدە چېركاۋمۇ بىخەتەر بولماي قالىدۇ، — دېگەن بىرلا گەپ بولدى.
— توغرا، توغرا.
— ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن سىزنىڭ ئىنىڭىزنىڭ خانىمى ئەمەس.



ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىغىن ئادرېسى

— كەلگۈسىدىكى دېمەكچىدىم، ئۇنداق دېمىدىمىمۇ؟
— مەن ھەتتا ئۇمۇ ئەمەس.
— ھە، شۇنداقمۇ؟ مەنمۇ ئۇنداق بولۇشى ناتايىن دەپ ئويلىغان. شۇنداق، ھەرقانداق ئىشنىڭ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بار.

ئۇنىڭ ئاۋازى شۇ تۇرقىدا يەنە ئۆزگەردى، ئۆزگەرگەندىمۇ ئادالەت تەرىپىگە قاراپ ئۆزگەرگەندى.

— مەن ئەگىلىدىغان بىر يەرنى ئىزدەۋاتىمەن، ئوڭ تەرەپكە. بۇ ئەتراپتا مەن بىلىدىغان بىر يول بولىدىغان، بۇ ئەتراپ سىزگە تونۇشلۇقمۇ؟
— ياق، بۇ يەرلەرنى تازا بىلىپ كەتمەيمەن.
— ئەمىسە فولار ئاپتوبۇس بېكىتىنى بىلەمسىز؟ ۋانپا، پولان دېگەن يەرلەرنىچۇ؟ سىنولېنىغۇ بىلىدىغانسىز؟

بۇ جايلارنىڭ ئىسىملىرىنى گراس ئاڭلاپمۇ باقمىغانىدى.

— مەن بىر تونۇشۇمنى ئىزدەپ باقايمىكىن دەيمەن.

ئۇ ماشىنىسىنى ئوڭ تەرەپكە ئەگىلدۇرۇپ بولۇپ، خۇددى بىر ئىشتا بىر قارارغا كېلەلمەيۋاتقاندەك ئۆزىچە بىرنېمىلەرنى دەپ قويدى. بۇ يولدا بىرمۇ بەلگە كۆرۈنمەيتتى، يول تار ھەم ماڭماق تەس ئىدى. ماشىنىنى ھەيدەپ بىر كۆۋرۈككە كەلگەندە توختاپ قالدى. كۆۋرۈك بىر ماشىنىلا ئۆتەلەيدىغان ياغاچ كۆۋرۈك ئىدى، دەرەخلەرنىڭ باشلىرى ئۈستىدىكى يوپۇرماقلىرى قويۇق تورغا ئوخشاش ساڭگىلاپ تۇراتتى. بۇ يىل ھاۋا نورمالسىز بولغاچقا، تېخىچە سوغۇق چۈشمەي يوپۇرماقلار شاخلىرىدا سارغىيىشقا باشلىماي شۇ پېتى تۇرۇۋاتاتتى، دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىمۇ يېشىل ئىدى، ئۇ يەر - بۇ يەردىن قىزىل، سېرىق شاخلار بىلەن يوپۇرماقلارنىڭ كۆرۈنۈپ قالغانلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، پۈتۈن يەر يەنىلا يېشىللىقتا ئىدى، ئەتراپ مۇقەددەس بىر تۇرغۇنلۇقتا تۇرۇۋاتقاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇ ئىككىسى خېلى يەرلەرگە بارغۇچە گەپ قىلىشماي

ماڭدى، ئورماننىڭ پايانى تۈگەيدىغاندەك ئەمەس، چەكسىزلىككە سوزۇلۇپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئارىدىكى بۇ جىمجىتلىقنى بىرىنچى بولۇپ نىل بۇزدى.

— ماشىنا ھەيدەشنى بىلەمسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ قىزدىن. گراس بىلمەيدىغانلىقىنى دېگەندى. ئۇ يەنە، — ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىپ قويۇڭ، — دېدى.

ئۇ ماشىنا ھەيدەشنى ھازىردىن باشلاپ ئۆگىنىڭ دېمەكچىدى. شۇڭا، ئۇ ماشىنىسىنى توختىتىپ پەسكە چۈشتى ۋە ئايلىنىپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلگەندى، گراس رول تەرەپكە سۈرۈلدى.

— ماشىنا ھەيدەشنى ئۆگىنىشكە بۇ يەردىن باشقا ياخشى يەرنى تاپالمايسىز.

— ماشىنا دېگەندەك نەرسىلەر كېلىپ قالسا قانداق قىلىمەن؟

— ئۇنداق بولمايدۇ، كېلىپ قالسىمۇ ئۇنىڭغا ئامال بار، شۇڭا بۇ يەرنى تاللىغان. ئەنسىرىمەڭ، ئوڭ پۇتىڭىزنى ياخشى ئىشلىتەلىسىڭىز لا بولغىنى.

ئۇلار دەرەخلىك، تار، ئۇزۇن بىر يولنىڭ ئوڭ بېشىدا تۇراتتى، يەرگە دەرەخ شاخلىرىنىڭ ئارىلىقلىرىدىن كۈننىڭ ھەر خىل شەكىللىرىدىكى نۇرلىرى چۈشۈپ تۇراتتى. نىلنىڭ ئۇنىڭغا ماشىنىنى قانداق ئوت ئالدۇرۇش، قانداق ھەيدەش توغرۇلۇق سۆزلەپ بەرگۈسى يوق، پەقەت پۇتلىرىنى نەگە قويۇش، خوتنى قانداق يۆتكەش دېگەندەك ئاددىي قائىدىلەرنىلا ئۆگىتىۋاتاتتى. ئاخىرىدا ئۇ:

— ئەمدى ماشىنىنى ھەيدىسىڭىز بولىدۇ، مېنىڭ بايام دەپ بەرگەنلىرىمدەك ھەيدەڭ، — دېدى.

ماشىنىنىڭ ھە دېگەندىلا ئالدىغا قاتتىق بىر سىلكىنىشى ئۇنى قورقۇتۇۋەتتى، شۇنداقتىمۇ دەرھال خوتنى يۆتكىۋالدى. ئۇ نىلنىڭ ئۆزىگە ئۆگىتىشى شۇنچىلىكلا ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ تۇراتتى، نىل بىلگەندەك كۈلۈپ كېتىپ:

— هە، توغرا، ئۆزىڭىزنى ئەركىن تۇتۇڭ، ئەركىن، ئەركىن، داۋاملىق مېڭىۋېرىڭ، — دەپ تۇردى، ئۇمۇ ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدى. نېل ئۇنىڭغا، ئۇنى قىلالمىدىڭىز، بۇنى قىلالمىدىڭىز، رول بىلەنلا بولۇپ كېتىپ ماي يولىنى ئۇنتۇپ قالدىڭىز، دېگەندەك ئەيىبلەش سۆزلىرىنى پەقەتلا قىلمىدى.

— داۋاملىق مېڭىۋېرىڭ، مېڭىڭ، يولدىن چىقىپ كەتمەڭ، ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويماڭ، — دېگەن گەپلەرنىلا قىلىپ تۇردى.

— مەن ماشىنىنى قاچان توختاتسام بولىدۇ؟ — دەپ سورىدى گراس ئۇنىڭدىن.

— مەن سىزگە ماشىنىنى قانداق توختىتىشنى تېخى ئۆگەتمىدىم، شۇڭا توختىماي مېڭىۋېرىڭ.

ئۇ ئۇنى ئاشۇ تار يولدىن چىقىپ بولغۇچە ئالدىغا قاراپ داۋاملىق مېڭىشقا بۇيرۇپ تۇردى. يولنىڭ ئۇ بېشىغا چىققاندا ئاندىن توختىتىشقا بۇيرۇق بەردى. ماشىنا توختىغان ھامان گراس پەسكە چۈشۈپ ئۆزىنىڭ ئورنىدا ئولتۇرماقچى بولۇۋىدى، نېل:

— ياق، مەن سىزنى ئازراق دېمىنى ئېلىۋالسۇن دەپ توختاتقۇزدۇم. يەنە ھەيدەيسىز، پات ئارىدا ماشىنا ھەيدەشنى ياخشى كۆرۈپ قالىدىغىنىڭىزغا ئىشىنىمەن، — دېدى.

شۇنىڭ بىلەن، گراس ماشىنىنى باشقىدىن ئوت ئالدۇردى. نېل دېگەندەك، ئاستا ـ ئاستا قىزىقىپمۇ قالدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ نەتىجىسىدىن كۆرەڭلەپ تۇرۇۋاتقان شۇ بىر ئارىلىقتا ماشىنىنى چوڭقۇر جىراغا ھەيدەپ موللاق ئاتقۇزۇۋەتكىلى تاس قالدى. نېل رولنى چاققانلىق بىلەن بۇرىۋەتكەن چاغدىمۇ ئۇنىڭ كۆرەڭلىكى بېسىلماي داۋاملىق كۈلۈپ تۇرۇۋاتاتتى. نېل دەرسنى توختىماي داۋاملاشتۇرۇپ تۇردى.

ئۇلار يەنە نەچچە ئون ئىنگلىز مىلى ماڭدى، شۇنىڭغىچىمۇ نېل ئۇنى توختاتمىدى. بۇ ئارىلىقتا بىرنەچچە ئەگمىلەردىن ئۆتكەن — ئەلۋەتتە، سۈرئەت ناھايىتى ئاستا — ماشىنا ئاستا

www.uyghurkitap.com

مېنىڭ چارچىغان بولسىمۇ ھوشيارلىقىنى بوشاشتۇرۇپ قويمىدى، بولۇپمۇ نېلدا رول قولىدا بولمىغاندا بوشىشىپ قالىدىغان ئەھۋال پەقەتلا كۆرۈنمىدى.

نېل ئۇنىڭدىن، قانداق ھېسسىياتتا بولۇۋاتىسىز دەپ سورىغانىدى. ئۇ گەرچە پۈتۈن بەدىنى تىترەپ تۇرۇۋاتقان بولسىمۇ، «ناھايىتى ياخشى! » دەپ جاۋاب بەردى.

نېل ئۇنىڭ گەجگىسىدىن تارتىپ بىلەكلىرىگىچە ئۇۋۇلاپ تۇرۇۋېتىپ: «يالغان گەپ قىلدىڭىز!» دەپ قويدى ۋە شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ بەدىنىنى بىر قېتىممۇ تۇتۇپ باقمىدى، ئۇ بەدىنىنىڭ ھەرقانداق بىر يېرىمۇ ئۇنىڭ لەۋلىرى تەگكەندەك راھەتلىنىپ باقمىدى.

يەنە بىرنەچچە ئىنگلىز مىلى ماڭغاندىن كېيىن، تۈت كوچىغا كېلىپ قالغانلىقى، ئۇڭغا ئەگىلىدىغانلىقى ھەم دۆڭگە يامىشىدىغانلىقى ئۈچۈن نېل رولنى قولىغا ئېلىۋالدى. يەنە بىرنەچچە ئىنگلىز مىلى يول يۈرگەندىن كېيىن، ئۇ يەر ـ بۇ يەردە غۇژمەك ئۆيلەر كۆرۈنۈشكە باشلىدى، بىر چېركاۋ، بىر دۇكانمۇ كۆزگە تاشلاندى. بۇ يەرلەر ئەسلىدىكى ھالىتىدىن كۆپ ئۆزگىرىپ كەتمەپتۇ، ئايرىم ئۆيلەر يېڭىدىن سېلىنىپتۇ. ئەتراپتىكى توختاقلىق تۇرغان ماشىنىلار بىلەن دېرىزىلەرگە ئېسىقلىق ناھايىتى ئاددىي پەردىلەردىن بۇ ئۆيلەردە ئولتۇرۇۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھال ـ كۈنىنىڭ قانداقلىقىنى بىلگىلى بولاتتى، باشقا ئۆيلەرنىڭ ئەھۋالىمۇ ئوخشاش دېگۈدەك ئىدى. ئارقا تەرەپتىكى بىر ئاشلىق ئامبىرى ئۆرۈلۈپ چۈشۈپتۇ، تامنىڭ يېرىقلىرىدىن قارىداپ كەتكەن قۇرۇق ئوت ـ چۆپلەر خۇددى قورساقنىڭ يېرىلىپ كەتكەن بىر يېرىدىن چىقىپ قالغان ئۈچەيگە ئوخشاش ساڭگىلاپ تۇرۇپتۇ.

نېل بۇ مەنزىرىنىڭ ئۆزگىچىلىكىگە قاراپ ئۆزىنى تۇتالماي كۈلۈپ كەتتى، ئەمما بۇ يەردە توختىمىدى.

— بۇ ھەقىقىي كۆرۈنۈشلەرنى كۆرۈپ راھەتلىنىپ قالغاندەك

بولۇپ قالدىم. نىمىدىگەن راھەت، بەزى ئىشلارنى ئەمدى چۈشەنگەندەك بولدۇم. بۇنىڭ ئۈچۈن سىزگە رەھمەت ئېيتىشىم كېرەك، — دېدى ئۇ گراسقا.

— ماڭا رەھمەت ئېيتامسىز؟

— چۈنكى، مەن سىزگە ماشىنا ئۆگىتىمەن دەپ مۇشۇ يەرلەرگە كېلىپ بۇ مەنزىرىنى كۆردۈم - دە، نېرۋىلىرىممۇ ئارام ئېلىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى.

— نېرۋىلىرىڭىز ئارام ئېلىپ قالدىمۇ؟ راستىمۇ؟

— راست بولغاندىمۇ ئاجايىپ راست دەڭە، — دېدى نېل كۈلۈپ كېتىپ، ئەمما شۇ گەپلەرنى قىلغاندا گراسقا قارىمىدى. ئوڭ - سول تەرەپلىرىدىكى چەكسىز كەتكەن دالاغا تويماي قارايتتى، ئۆزىگە ئۆزى سۆزلەپ قوياتتى.

— دەل مۇشۇ يەر، چاتاق يوق، ئەمدى بىزگە ئېنىق بولدى.

ئۇ بىر كوچىغا ئەگىلىپ كىرگۈچە شۇ گەپنى دەپ ماڭدى. ئۇ كوچىغا كىرىپ ئەگرى - بۈگرى يوللار بىلەن يەنە ئازراق ماڭغاندىن كېيىن، كوچىنىڭ ئۇ بېشىدىكى بىر ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ توختىدى. بۇ بايام كۆرگەن ئۆيلەردىن قېلىشمىغۇدەك ئۆيلەر ئىدى.

— كەلدۇق، مۇشۇ يەر، — دېدى ئۇ، — بۇ ئۆيگە سىزنى باشلاپ كىرمەيمەن، ئۆزۈم كىرىپ بەش مىنۇتتا قالماي قايتىپ چىقىمەن.

ئۇنىڭ بۇ ئۆيگە كىرىپ كەتكىنىگە بەش مىنۇتتىن ئېشىپ كەتتى.

گراس ماشىنىدا ئولتۇرۇپ قالدى، ھېلىمۇ ياخشى ماشىنىنى ئۆيگە يېقىنراق توختىتىپ قويۇپتىكەن، ئۆي كۈننى توسۇۋېلىپ سالقىن ئولتۇردى. ئۆينىڭ ئىشىكى ئۇلۇغ ئوچۇق ئىدى، ئىچىدىكى سىم تور ئىشىك يېپىقلىق تۇراتتى. سىم تور چۈۋۈلۈپ كەتكەن بولسا كېرەك، يېڭىسى بىلەن كونىسىنى بىرلەشتۈرۈپ

قايتا تۇتۇپ چىققاندەك كۆرۈنەتتى. ئۆينىڭ ئىچىدىن ئۆزى بىلەن كۆرۈشۈپ قويغىلى بىرمۇ ئادەم چىقىپ قويمىدى، ھەتتا نېرىراقتا تۇرغان ئىتمۇ كېلىپ ماشىنىنىڭ ئوچۇق ئىشىكىدىن بېشىنى تىقىپ قاراپ باقمىدى. ماشىنىنىڭ ئوتى ئۆچۈرۈۋېتىلگەن بولغاچقا، ماشىنىنىڭ ئىچىدىن تارتىپ تېشىغىچە ھەممىلا يەر غەلىتە بىر جىمجىتلىق ئىچىدە ياتاتتى، ئەمما يازنىڭ چۈشتىن كېيىنكى ئىسسىق ھاۋاسىدا كەم بولمايدىغان تۈرلۈك ھاشاراتلارنىڭ خىلمۇخىل ئاھاڭلاردىكى چىرىلداشلىرى كەم ئەمەس، خېلىلا ئاۋۇن ئىدى. بۇ ئاۋازلار ئوت - چۆپلەرنىڭ ئارىلىرىدىن، دەرەخلەرنىڭ شاخلىرىدىن، يىراق - يېقىندىن تۈرلۈك - تۈرلۈك ئاھاڭلاردا توختىماي ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ئۇلار بۇ يەردە خۇددى ئالەمنىڭ چوقچىسىدا ياكى نۇرغۇن چوققىلىرىنىڭ بىرسىدە تۇرۇۋاتقاندەك ھېسسىياتتا ئىدى، ئەتراپ كەڭرى كەتكەن ئويمان دالا، دەرەخلەرنىڭ ئۈستىلىرىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

ئۇ بۇ يەردە كىمنى تونۇيدىغاندۇ؟ بۇ ئۆينىڭ ئىگىسى كىمدۇ؟ ئايال كىشىمىدۇ؟ ئۇنىڭغا لايىق كېلىدىغان ئاياللار بۇنداق جايلاردا تۇرىدىغان ئاياللار ئەمەستۇ؟ گىراس بۇگۈن ئۇچراتقان كىشىلەر غەلىتە ھەم شۇنچە كۆپ، تۇگەيدىغاندەك ئەمەس ئىدى.

بۇ ئەسلىدە سىرتى پىششىق خىشلىق، ئىچى ياغاچ ئۆيلەر ئوخشايدۇ، خىشلىرى ئېلىنىپ كەتكەن يەرلىرىدىن ياغاچلىرى كۆرۈنۈپ قاپتۇ. خىشلار ھويلىنىڭ ئىچىدە ئۇ يەر - بۇ يەردە دۆۋىلىنىپ يېتىپتۇ. تامنىڭ ئىككى قۇر خىشى ئېلىنىپتىكەن، خۇددى تامغا چاپلاپ سالغان پەلەمپەيدەك بولۇپ قاپتۇ. گىراس قىلىدىغان باشقا ئىشى يوق، ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىنى پەسكىرەك چۈشۈرۈپ يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ تامدىكى ئېلىنماي قالغان خىشلارنى ساناپ ئولتۇردى. بۇ قىزىق ھەم ئەخمىقانە ئىش ئىدى، شۇنداقتىمۇ ئۇ ئەستايىدىل ساناۋاتاتتى، خۇددى بىر ئادەم

گۈلنىڭ بەرگىلىرىنى بىردىن ـ بىردىن يۇلۇپ تۇرۇپ ساناپ، تۈگەپ كەتسە باشقا ئىشقا يۆتكەلگەندەك، خىشلارنى ساناپ تۈگەتكەندىن كېيىن باشقا بىر خىياللار بىلەن: ئۇ مېنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۇ مېنى ياخشى كۆرمەيدۇ، دەپ ئولتۇردى.

تەلەيلىك، تەلەيسىز، تەلەيلىك، تەلەيسىز. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ تاپماقچى بولغان ئىشى مۇشۇ ئىدى.

ئۇ تامدىكى ھەرىنىڭ چىشىدەك تىزىپ چىقىلغان خىشلارنىڭ قانچە قۇر ئىكەنلىكىنى ساناپ چىقىشنىڭ تەس ئىكەنلىكىنى ئويلاپ قالدى، چۈنكى ئىشىكنىڭ بېشىغا كەلگەندە خىشلار قالايمىقان قويۇلۇپ كەتكەنىدى.

ئۇ بۇ ئىشنى ئاخىر، بۇ يەردە نېمە ئىش بولاتتى، دېگەن خىيال بىلەن كاللىسىدىن ئۆتكۈزدى. ئەتكەس ھاراق ساتىدىغان جايدۇ شۇ. كاللىسىغا دەررۇ ئۆزىنىڭ يۇرتىدىكى ئەتكەس ھاراق ساتىدىغان بىر ئادەم كەلدى. ئۇ ئۇستىخانلىرىنى تېرىسى ئارانلا تۇتۇپ تۇرۇۋاتقاندەك ئورۇق، گۇمانخور، قاچانلا بولسا تىترەپ تۇرىدىغان، مىجەزى غەلىتە بىر بوۋاي ئىدى. ھەر يىلى پەرىشتىلەر بايرىمى بولغاندا كونا ئوۋ مىلتىقىنى تۇتۇپ بوسۇغىسىدا ئولتۇراتتى. ئىشىكنىڭ ئالدىغا دۆۋىلەپ قويغان ئوتۇنلىرىنىڭ ئۇستىگە باشقىلار ئوغرىلاپ كەتتىمۇ يوق، بىلىپ تۇرۇشى ئۈچۈن بەلگە سىلىپ قوياتتى. ئۇ ئاشۇ بوۋاينى — ياكى بۇ ئۆيدە تۇرۇۋاتقان ئادەمنى — ئۆيدىكى پاسكىنا ـ مەينەت نەرسىلەرنىڭ نەلەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى كۆزلىرىنى يۇمۇپ تۇرۇپ تەسەۋۋۇر قىلىپ ئولتۇراتتى (ئۇ سىم تور ئىشىكنىڭ ھالىتىدىن ئۆينىڭ ئىچىدىكى ئالامەتلەرنى پەرەز قىلىپ بولغانىدى). ئۇنىڭدىن باشقا ئۇ يەنە ئۇنىڭ غىچىرلاپ تۇرىدىغان كىچىك كارىۋاتتىن ياكى ياتما ئورۇندۇقتىن ئۇستىدىكى مەينەت يوتقاننى قايرىۋېتىپ ئورنىدىن قوپۇپ كېتىۋاتقانلىقىنىمۇ تەسەۋۋۇر قىلىپ ئويلاپ كەتتى. ئۇ يوتقاننى خېلى يىللار ئىلگىرى بىر ئايال بەرگەن بولغىيدى، ئۇ ئايالنىڭ ئۆلۈپ كەتكىنىگىمۇ خېلى

يىللار بولۇپ قالغاندۇ.

ئۇ ئەتكەس ھاراق ساتىدىغانلارنىڭ ئۆيلىرىگە كىرىپ باقمىغان، ئەمما يۇرتىدىكى كۆنلىرى ئاران ئۆتۈۋاتقىنىغا قارىماي، باشقىلارنىڭ ھۆرمىتىگە سازاۋەر ئادەملەر بىلەن ياخشى نامى يوق ئادەملەرنىڭ تۇرمۇش ئەھۋاللىرىنى ئازراق بولسىمۇ بىلىدىغان بولغاچقا، بۇنداق ئۆيدە تۇرىدىغان ئادەملەرنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىگە باھا بېرەلەيتتى.

ئۇ مورى بىلەن توي قىلماقچى بولغان، ئەمدى بۇ ئىشلار بولۇۋاتىدۇ. بۇ ئۇنىڭغا قىلىنغان خائىنلىق ئەمەسمۇ؟ يەنە بىر مەنىدىن ئېيتقاندا، ئۆزىگە قىلىنغانمۇ خائىنلىق. لېكىن، نېل بىلەن ئۇنىڭ ماشىنىسىدا ئولتۇرۇپ ساياھەت قىلىش خائىنلىق ھېسابلانماس، چۈنكى ئىككىسىنىڭ گەپلىرى بىر يەردىن چىقىۋاتىدۇ، بەزى قاراشلىرىمۇ ئوخشاش ئىكەن، ۋاقتىنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇنى بارغانسېرى چۈشىنىپمۇ قېلىۋاتىدۇ.

شۇ تۇرقىدا، ئاشۇ ئىشىكنىڭ تۈۋىدە ئۇ بەللىرى ئېگىلىپ كەتكەن، چىرايىدىن ھارغىنلىق چىقىپ تۇرۇۋاتقان تاغىسىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇ خۇددى ئۇنىڭ چىقىپ كەتكىنىگە ئۇزاق يىللار بولغاندا، قايتىپ بارىدىغانغا ۋەدە بېرىپ قايتىپ بارمىغانلىقىغا، ئۆزلىرىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىغا ئاچچىقى كېلىۋاتقاندەك ئۆزىگە تىكىلىپ قالغان. بۇ كەمگىچە ئۆلۈپمۇ كەتكەندۇ، دەپ ئويلىغان تاغىسى ئۆلۈپ كەتمەپتۇ، ھايات ئىكەن.

ئۇ ھەدەپ نېلغا گەپ قىلىشقا تىرىشاتتى، ئەمما نېل كۆرۈنمەيتتى. ئۇ ئاستا ـ ئاستا كۆزىنى ئېچىپ بىر تەرىپىگە ئۆرۈلدى. نېل ئىككىسى يەنە شۇ ماشىنىدا يولغا چىقتى. ئۇ ئۇخلىغاندا ئاغزىنى ئېچىپ قويۇپ ئۇخلايدىغان بولغاچقا، ئاغزى قۇرۇپ كېتەتتى. نېل بېشىنى بۇراپ ئۇنىڭغا بىردەم قاراپ تۇردى. شامال ئۆتۈشۈپ تۇرۇۋاتسىمۇ ۋىسكىنىڭ پۇرىقى نېرى كەتمەيۋاتاتتى.

ئۇ ئويلاپ باقمىغان ئىش يۈز بەردى.

— ئويغاندىڭىزمۇ؟ مەن ئۇ يەردىن يېنىپ چىققاندا تاتلىق ئۇخلاۋېتىپتىكەنسىز، — دېدى نېل، — مېنى كەچۈرۈڭ، كونا تونۇشلاردىن بولغاچقا، دەررۇ چىقىپ كېتىشكە پېتىنالمىدىم. دوۋسونىڭىز چىڭقىلىۋاتامدۇ؟

ئۇنىڭ دوۋسونى راست چىڭقىلىۋاتاتتى، بۇرۇنراق بىر تەرەپ قىلىۋېتىشى كېرەك ئىدى. شۇ چاغدا يىراقراق يەردىن توسۇپ قويۇلغان بىر يەرنى كۆرگەن، لېكىن ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇ يەرگە بېرىشتىن خىجىل بولۇپ چۈشمەي ئولتۇرۇۋەرگەنىدى.

— مۇشۇ يەر مۇۋاپىقتەك تۇرىدۇ، — دېدى نېل بىر يەرگە كەلگەندە ماشىنىسىنى توختىتىپ. گراس ماشىنىدىن چۈشۈپ ئوت - چۆپلەر قويۇق ئۆسكەن، گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن دالدىراق يەرگە بېرىپ ئولتۇردى. نېل سەل نېرىراق بىر يەرگە ئۇنىڭغا كەينىنى قىلىپ تۇردى. گراس ئىشىنى تۈگىتىپ ماشىنىغا قايتىپ كېلىپ، بوتۇلكىدىكى سۇنىڭ ئاز قالغانلىقىنى كۆردى.

نېل ئۇنىڭدىن كۆزىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇۋاتاتتى.

— ئەنسىرىمەڭ، — دېدى ئۇ، — ئۇنىڭ ئىچىدىكى كوكا كولانىڭ ئازراقىنى مەن مۇنۇ بوتۇلكىغا تۆكۈۋالدىم، — ئۇ قولىدىكى بوتۇلكىنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويدى، — ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋاتقۇچە ئىچىشمىگە قولايلىق بولىدىكەن.

يەردە يەنە بىر بوتۇلكا كولا تۇراتتى. نېل بۇنى ئاچىدىغان نەرسىنىڭ سايمان ساندۇقىدا ئىكەنلىكىنى دەپ بەردى.

— بۇ كوكا كولا ئەجەبمۇ مۇزدەككىنە، — دېدى گراس ھەيران بولۇپ.

— ئۇلارنىڭ مۇز ساندۇقى بار، قىشتا كۆلنىڭ مۇزىنى كېسىپ پارچىلاپ ئەكېلىپ يەر ئاستى ئۆيىگە ھەرە كېپىكىگە ئوراپ سېلىپ قويىدۇ.

— بايام مەن ئىشىكنىڭ يېنىدا تاغامنى كۆرگەندەك بولۇۋىدىم. ئاشۇ ئادەم ئىكەن - دە، — دېدى گراس، —

چۈشۈمدە كۆردۈممۇ يا.

— تاغىڭىز بىلەن يۇرتىڭىزدا بولغان ئىشلار توغرۇلۇق سۆزلەپ بېرىڭچۇ، — دېدى نېل گراسقا، — نېمىشىلا سۆزلەپ بەرسىڭىز مەيلى، مەن خۇشال ئاڭلايمەن.

ئۇنىڭ ئاۋازىدا يېڭىچە بىر ئۆزگىرىش بار ئىدى، چىرايىمۇ باپامقىغا ئوخشىمايتتى، هاراق ئىچىۋالغان چاغدىكى هالەتتەكمۇ ئەمەس، كېسەل بولۇپ قالغانغا ئوخشايتتى — قاتتىق كېسەل ئەمەس، روھسىزلىنىپ قالغاندەك هەم هاۋانىڭ تەسىرىمۇ باردەك — ئۇ قولىدىكى ياپىلاق بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ يەرگە قويۇپ قويدى، ئاندىن ئۇنىڭ قولىنى بوش تۇتتى، ئۇنىڭ قولىدىن ئۇتتەك بىر هارارەت، كۆچلۈك هېسسىيات تەپتى كېلىپ تۇرۇۋاتاتتى.

— تاغام قېرىپ كەتتى، — دېدى گراس، — ئۇ ئاپامنىڭ تاغىسى ئىدى، تالدىن ئورۇندۇق توقۇيدۇ. مەن سىزگە ئورۇندۇقنى قانداق توقۇيدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرەي...

— مېنىڭ ئۇنداق ئورۇندۇقۇم يوق.

گراس كۈلۈپ كەتتى.

— تالدىن ئورۇندۇق توقۇش تولىمۇ زېرىكىشلىك ئىش، راست دەۋاتىمەن.

— ئورۇندۇق توقۇشتىن زېرىككەن بولسىڭىز، ئەمىسە نېمىدىن زېرىكمەيسىز؟

— سىزدىن.

— مېنىڭ قانداق بىر ئىشىم سىزنى قىزىقتۇرۇپ قالدى؟ — نېل ئۇنىڭ قولىنى قويۇۋەتتى.

— سىزنىڭ هازىر قىلىۋاتقان ئىشىڭىز، — دېدى گراس كەسكىن گەپ قىلىپ، — نېمە ئۈچۈن شۇنداق قىلىسىز؟

— سىز مېنىڭ هاراق ئىچىدىغىنىمنى دېمەكچىمۇ؟ مەن نېمە ئۈچۈن هاراق ئىچىمەن؟ — ئۇ ياپىلاق بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى يەنە ئاچتى، — سىز مەندىن نېمە ئۈچۈن دەپ سورىدىڭىز، ئەمما

سەۋەبىنى سورىمىدىڭىز.

— چۈنكى، مەن سىزنىڭ نېمە دەپ جاۋاب بېرىدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن.

— مەن نېمە دەيمەن؟ نېمە دېيىشىم مۇمكىن؟

— سىز ئۆزىڭىزنىڭ باشقا ئىشلىرىڭىزنىڭمۇ بارلىقىنى دەپ بېرەمسىز؟ ئىشقىلىپ، ئاشۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلىرىڭىزنى؟

— توغرا، دەپ بەرمەسلىكىممۇ مۇمكىن، — دېدى ئۇ، — لېكىن يەنە دەپ بەرمەيمەنمۇ دېيەلمەيمەن، دەپ بەرسەم ھەرگىز ئۇ ئىشنى قىلماڭ دەپ ماڭا نەسىھەت قىلىسىز. ئۇنداق قىلىشىڭىزنىڭغۇ پايدىسى يوق ئەمەس.

— ياق، — دېدى گراس، — مەن ئۇنداق قىلمايمەن.

ئۇ بۇ گەپنى قىلىپ بولۇپلا بەدىنى مۇزلاپ كەتكەندەك بولۇپ قالدى. ئەسلىدە ئۇ ئۆزىنى بىر ئىشلارغا جىددىي قارايمەن، دەپ ئويلايتتى. ئەمدى بىلدىكى، ئەسلىدە ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق گەپلىرى بىلەن ئۇنى تەسىرلەندۈرىمەن، ئۇ مېنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش ئادەم ئىكەنلىكىمنى، ئادەتتىكىدەك قىزلاردىن ئەمەسلىكىمنى بىلىپ قالىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەن، لېكىن باياتىندىن بېرىقى گەپلەردىن ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ماھىيىتىگە بېرىپ تاقالغانلىقىنى بىلىپ قالدى. ئەسلىدە بۇ ئادەمدە بىر ئىشلاردىن ئۈمىدلىنىشلەر، ھەقىقىي، ئۇزۇل ـ كېسىل، يولسىز ئەمەس، مەڭگۇ ئۆزگەرمەيدىغان ئۈمىدلىنىشلەر كەمچىل ئىكەن.

— سىز راستىلا ئۇنداق قىلمامسىز؟ — دېدى نېل، — شۇنداق، سىز ئۇنداق قىلمايسىز، شۇنداق قىلماسلىقىڭىزنىڭ ئۆزى ئادەمنى راھەتلەندۈرىدىغان ئىش. سىز ئادەمنى راھەتكە ئېرىشتۈرىدىغان قىز، گراس.

بىر ئاز ئۆتكەندىن كېيىن ئۇ يەنە شۇنداق دېدى:

— سەزدىڭىزمىكىن، مېنى ئازراق ئۇيقۇ بېسىپ قېلىۋاتىدۇ. ياخشىراق بىر يەرنى تېپىپ شۇ يەردە ئازراق ئارام ئېلىۋالساقمىكىن دەيمەن. ئازراقلا كۆزۈمنى ئىلىندۇرۇۋالسام

ئۇيغۇر كىتاب تورى ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىڭى ئادرېسى www.uyghurkitap.com

بولىدۇ. باشقىچە ئويلاپ قالمايدىغانسىز؟
— ھەرگىز ئۇنداق ئويلىمايمەن، مەنمۇ شۇنداقراق ئويلىغان.
— ماڭا بىردەم قاراپ تۇرالامسىز؟
— بولىدۇ.
— ئۇنداق بولسا ياخشى.

ئۇنىڭ تاللىغان يېرى فوركۇن دېگەن كىچىك بىر بازار بولدى. بازار سىرتىدا بىر باغچە، باغچىدا ئاستى شىغىللىق ماشىنا توختىتىش مەيدانى بار ئىكەن. ئۇ ماشىنىنىڭ ئورۇندۇقىنىڭ يۆلەنچۈكىنى كەينىگە ئازراق ياتقۇزۇپ يېتىپ ناھايىتى تېزلا ئۇيقۇغا كەتتى. قاراڭغۇ چۈشۈشكە باشلاپ كەچلىك تاماق يەيدىغان چاغمۇ بولدى، ھاۋامۇ سوۋۇشقا باشلىدى. دېمەك، پەسىلدە ئۆزگىرىش بولۇپ ياز چىقىپ قالغانىدى. بۇ يەردە كىشىلەر يېڭىلا تەشەككۇر بايرىمىنى ئۆتكۈزگەن ئوخشايدۇ، ياققان گۈلخانلاردىن ئىس تۈتەپ تۇرۇۋاتاتتى، ھاۋادىمۇ كاۋاپ ۋە تاتلىق يېمەكلىكلەرنىڭ پۇراقلىرى تېخى تولۇق كەتمەپتۇ. بۇ پۇراقلار گراسنىڭ قورسىقىنى ئاچۇرۇۋەتمىدى، ئەكسىچە ئۆزىنىڭ باشقا بىر مۇھىت ئىچىدە ئاچ قالغان ئىشنى يادىغا سالدى.

نېل تېخىچە ئۇخلاۋاتاتتى، گراس بايا ماشىنا ھەيدەشنى ئۆرگەنگەندە چىقىپ — چۈشۈپ يۈرۈپ تويا — چاڭغا ئازراق مىلىنىپ قالغانىدى. بىر يەردىن تۇرۇۋىدىن ئېقىپ تۇرۇۋاتقان سۇنى تېپىپ يۈز — كۆزلىرىنى، بىلەكلىرىنى پاكىز يۇيۇۋالدى. ئاندىن پۇتىنى ئاۋايلاپ دەسسەپ ئالدى تەرەپتىكى بىر دەريانىڭ بويىغا باردى، دەريانىڭ سۈيى ئانچە چوڭقۇر ئەمەستەك قىلاتتى، يېكەنلەر ئۆسۈپ كېتىپتۇ، دەريا بويىدا بۇ يەردە بىرنەرسىلەرنى يۇيۇشقا، سۇ ئويناشقا، يامان گەپلەر بىلەن تىللىشىشقا بولمايدۇ، خىلاپلىق قىلغۇچىلار قاتتىق جازالىنىدۇ، دېگەن خەتلەر يېزىلغان بىر تاختاي قاداقلىق تۇرىدۇ.

نېرىراقتا بىر ئىلەڭگۈچ تۇرۇپتىكەن، ئۇنىڭ شۇنىڭغا

ئۆلتۈرۈپ ئازراق ئويناپ باققۇسى كېلىپ قالدى. ئىلەڭگۈچ ئۇنى ئېگىز ئاچقىپ، پەسكە چۈشۈرۈپ توختىماي ئۈچۈپ تۇرۇۋاتاتتى، ئېگىزگە چىققانلىرىدا كۆك ئاسمان، قىزىرىپ تۇرغان ئۇپۇق ۋە يىراقتىكى هال رەڭ شەپەق خۇددى كۆز ئالدىدا تۇرۇۋاتقاندەك، ئۆزى شۇلارنىڭ ئىچىدە ئۇزۇپ يۈرۈۋاتقاندەك بولاتتى. هاۋا بارغانسېرى مۇزلاشقا باشلىدى.

ئۇ ئويناپ زېرىكىپ هەم مۇزلاشقا باشلاپ ماشىنىنىڭ قېشىغا يېنىپ كەلدى. ئۇنى ئويغاتماقچى بولۇۋاتقاندا ئۇ ئۆزى مىدىرلاپ قالدى، لېكىن ئويغىنالمايۋاتاتتى. گىراس ئاخىر ئۆزىنى ئازراق ئىسسىتىۋېلىش ئۈچۈن ئەتراپنى يەنە بىر قېتىم ئايلىنىپ كەلمەكچى، پۇتلىرىنى هەرىكەتلەندۈرۈپ، قېتىپ قالغان مۇسكۇللىرىنى يۇمشاتماقچى بولدى. شۇ ئارىلىقتا ئۆزىنىڭ ئەتە ئەتىگەندە ئىش ئورنىغا بېرىپ خېرىدارلارغا ناشتىلىق تاماق توشۇيدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ يەنە ماشىنىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، نېلنى ئويغىتىش ئۈچۈن بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلدى. نېل ئۇيقۇلۇقتا بىرنېمىلەرنى دەپ قويۇپ يەنە ئۇخلاپ كەتتى. قاراڭغۇ چۈشۈپ كېتىۋاتاتتى. ئاخىر نېلدىن ئۈمىدىنى ئۈزۈپ باشقا بىر چارە قوللانمىسا بولمايدىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى، كېچىنىڭ سوغۇقلۇقىمۇ ئۇنى شۇنداق بىر چارە تېپىشقا مەجبۇر قىلىپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇ يەردە تۇرىۋەرسە بولمايتتى، بورلىيى شارقىراتمىسىغا تېز بېرىۋېلىشى كېرەك ئىدى.

ئۇ خېلى هەپىلىشىپ يۈرۈپ نېلنى كۆچەپ ئىتتىرىپ بىر چەتكە ئۆتكۈزۈپ قويدى، ئۇ شۇنىڭدىمۇ ئويغانمىدى، بۇ ئۇنىڭ هازىرلاردىن ئويغانمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بىرنېمىلەرنى قىلىپ يۈرۈپ ماشىنىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ چىرىغىنى يېقىپ، ئارقىدىن موتورنى ئوت ئالدۇردى. ماشىنا بىردەم دىكىلداپ سەكرەپ مېڭىپ ئاخىر بېسىلدى، چوڭ يولغىمۇ چىقىۋالدى.

ئۇ ماشىنىنى قايسى تەرەپكە ھەيدەشنى بەقەتلا بىلمەيتتى، كوچىدا سورايدىغانغىمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى، ئامالسىز بازارنىڭ ئۇ بېشىغا قارىتىپ ھەيدەۋەردى. ئۇ باشقا چىققاندىن كېيىن، خۇدا ساقلاپ ئۇنىڭغا بىر يول كۆرسەتكۈچ ئۇچرىدى. ئۇنىڭدا باشقا جايلارنىڭكىدىن باشقا يەنە بورلېي شارقىراتمىسىغا بارىدىغان تەرەپلەر كۆرسىتىلگەنىدى.

ئۇ ماشىنىنى ئوتتۇز ئىنگلىز مىلى سۈرئەت بىلەن ئىككى ماشىنا ماڭىدىغان چوڭ يولغا ھەيدەپ كېتىۋاتاتتى، يولدا كېتىۋاتقان ماشىنىلارمۇ كۆپ ئەمەس ئىدى. بىر - ئىككى قېتىم كەينىدىن كېلىۋاتقان ماشىنىلار سىگنال بېرىپ قويۇپ، يانداپ ئۆتۈپ كەتتى. ئالدىدىكىسى ئۇنىڭ سۈرئىتىنىڭ ئاستىلىقىغا چىدىماي، كەينىدىكىسى چىراغنى سۈسلاشتۇرۇشنى بىلمەيدىغانلىقىغا قاراپ ئىتتىك يانداپ ئۆتۈپ كەتكەنىدى. گراس بىرەر يەردە بولسىمۇ توختاپ، دېمىنى ئېلىۋالماي خۇددى نىل دېگەندەك ھېچقاياققا قارىماي ئالدىغا قاراپ مېڭىۋەردى.

بورلېي شارقىراتمىسىغا يېتىپ كەلگەندە، بۇ يەرنىڭ شۇ يەر ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدى، چۈنكى ئۆزىگە تونۇشسىزلا يول بىلەن مېڭىپ قالغانىدى، بىلگەندە، كەلگۈچە بولۇپ باقمىغان جىددىيچىلىك ئىچىدە قالدى. ئۆزىگە ناتونۇش يەر بىلەن ھەيدەپ كېلىش بىر گەپ، ماشىنىنى ئۆزى ئىشلەۋاتقان مېھمانخانا تەرەپكە ئەگىلدۈرۈپ ئەكىرىش بىر گەپ ئىدى.

نىل ماشىنا توختىتىش ئورنىغا كېلىپ توختىغاندا ئاندىن ئويغاندى. بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالدى، گراس ماشىنىنى قانداق ھەيدەپ كەلدى، بۇلارغا قارىتا ئۇنىڭدىن ھەيران قېلىش دەيدىغان نەرسە يوق ئىدى. ئۇ گراسقا ئۆزىنىڭ بىرىنچى قېتىم سىگنال بەرگەن چاغدىلا ئويغىنىپ كەتكەنلىكىنى، ماشىنىنى ئۆزىگە قويۇۋېتىش ھەم ئۇنى قورقۇتۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇۋېلىپ يېتىۋالغانلىقىنى دەپ بەردى. ئۇنىڭ

ماشىنىنى سالامەت ھەيدەپ كېلەلەيدىغانلىقىغا ئىشىنىپتۇدەك.

گىراس ئۇنىڭدىن ئۇيقۇسىنىڭ تولۇق ئېچىلغان - ئېچىلمىغانلىقىنى، ماشىنىنى ھەيدەپ ماڭالايدىغان - ماڭالمايدىغانلىقىنى سورىدى.

— ھازىر كاللام شۇنداق ئوچۇق مېنىڭ، خۇددى يېپيېڭى تەڭگە پۇلدەك.

نېل ئۇنىڭغا سايما كەشنى سىلىقلىتىپ پۇتىنى ئۆزىگە كۆرسىتىشنى دېدى. ئاندىن پۇتىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرىنى تۇتۇپ، مىجىپ كۆرۈپ:

— ناھايىتى ياخشى، قىزىماپتۇ ھەم ئىششىماپتۇ، بىلىكىڭىز ئاغرىمايدىغاندۇ؟ — دېدى. ئاندىن ئۇنى دەرۋازىنىڭ ئالدىغىچە ئاپىرىپ قويۇپ، بۈگۈن بىر كۈن ئۆزى بىلەن بىللە بولغىنىغا رەھمەت ئېيتتى. گىراس ئۆزىنىڭ ماشىنىنى سالامەت ھەيدەپ كەلگەنلىكىگە ھازىرغىچە ئىشەنمەي تۇرۇۋاتاتتى. شۇ خامۇشلۇق ئىچىدە ئۇنىڭغا خوش دېيىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالدى.

نېل ئۇنى تۇيۇقسىز قۇچاقلىۋالدى، قۇچاقلىغاندىمۇ ئۆزاققىچە قويۇپ بەرمەي چىڭگىدە قۇچاقلىۋالغانىدى. ئۇنىڭ مۈرىلىرى، بېلى قۇچاقلاشنىڭ قاتتىقلىقىدىن ئاغرىپ كېتىۋاتاتتى، لېكىن نېل تېخىمۇ چىڭ قۇچاقلىيالمىغاندەك ئۆيلاپ قېلىپ باياتقىدىنمۇ بەكرەك قۇچاقلىدى. بۇ ئارقىلىق ئۇ ئۇنىڭغا ئۆزىنى ئۇنتۇپ قالماسلىقى، ئەسلەپ تۇرۇشى ئۈچۈن ئۇنىڭدا ياخشى بىر تەسىرات قالدۇرۇشنى، ئۇنتۇپ قېلىشنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بىلدۈرۈپ قويۇشنى مەقسەت قىلغانىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ گىراس بىلەن خوشلىشىپ ماشىنىسىنى ھەيدەپ كېتىپ قالدى.

ئەتىسى تاڭ يورۇمايلا دىرېكتور ياتاقنىڭ ئالدىغا كېلىپ گىراسنى تۇۋلىدى.

— بىرسى تېلېفون بېرىپتۇ، — دېدى ئۇ، — ئۆرنىڭىزدىن تۆرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئۇ ئادەم سىزنى ياتاقتا بارمۇ — يوق، قاراپ باقساڭلا بولىدى، دېدى. مەن چىقىپ قاراپ باقاي دەپ يېنىڭىزغا چىقتىم، باشقا ئىش يوق.

«ئۇ چوقۇم مورى، — دەپ ئويلىدى ئۇ، — يا بولمىسا ئۇلارنىڭ ئائىلىسىدىكى بىرەرى بولۇشى مۇمكىن. مەن بىر ئامال قىلىپ بولغان ئىشلارنى ئۇنىڭغا چۈشەندۇرۇپ قويمىسام بولمايدۇ.»

ئۇ قىلىدىغان ئىشنى قولىغا ئېلىش ئۈچۈن پەسكە چۈشۈپ، بىر كىچىك ماشىنىنىڭ ئاخشام كۆۋرۈكنىڭ تۈۋرۈكىگە سوقۇلۇپ كەتكەن بىر خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدى. ماشىنا ئوت ئېلىپ كۆيۈپ كېتىپتۇ. بۇ ھادىسىنىڭ باشقا ماشىنىلار بىلەن مۇناسىۋىتى يوق ئىكەن، ئىچىدە شوپۇردىن باشقا ئادەم يوق ئوخشايدۇ. شوپۇرنى تونۇغىلى بولماي ئۇنىڭ كىم ئادەم ئىكەنلىكىنى چىشىدىن تەكشۈرۈۋېتىپتۇ، ھازىرغىچە ئېنىقلاپ چىققانلىقى ناتايىنمىش.

— بۇنداق ئۆلۈۋېلىش ئىنتايىن دەھشەتلىك، — دېدى دىرېكتور، — ئۇنىڭدىن گېلىغا پىچاق سۇرۇپ ئۆلۈۋالغان تۈزۈك.

— بۇنىڭ قاتناش ھادىسىسى بولۇشىمۇ ناتايىن، — دېدى ئاشپەز. ئۇ ناھايىتى روھلۇق سۆزلەپ كېتىۋاتاتتى، — ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ ئۇخلاپ قالغان بولۇشىمۇ مۇمكىن.

— بۇ مۇمكىنچىلىكمۇ يوق ئەمەس.

گراسىنىڭ بىلىكىگە خۇددى بىرسى قاتتىق ئۇرۇۋەتكەندەك تۇيۇقسىز ئاغرىق كىرىپ كەتتى، قولىدىكى پەتنۇس تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ يەرگە چۈشۈپ كېتەي دەپ قالغانىدى، ئىتتىك مەيدىسىگە بېسىۋالدى.

*　　　*　　　*

ئۇنىڭ ئەمدى مورى بىلەن يۈزمۇيۈز ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىشى ھاجەتسىز ئىدى. مورى ئۇنىڭغا ئىككىلىك خەت يېزىپ ئەۋەتتى:

«ماڭا پەقەت ئۇنىڭ سىزنى شۇنداق قىلىشقا مەجبۇرلىغانلىقى، سىزنىڭ ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىشىنى خالىمىغانلىقىڭىز توغرۇلۇق ئىككى ئېغىزلا گېپىڭىز كېرەك.»

گراس ئۇنىڭغا، مەن ئۆزۈم خالىدىم، دېگەن ئۈچ سۆزنىلا يېزىپ جاۋاب ئەۋەتىۋەتتى. خېتىنىڭ ئاخىرىغا، سىزدىن ئەپۇ سورايمەن، دېگەن گەپنى قوشۇپ قويۇشنى ئويلاپ بېقىپ، ئاخىرىدا قوشمىدى.

تراۋېرس ئەپەندى ئۇ ئىشلەۋاتقان مېھمانسارايغا ئۇنى كۆرگىلى كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئەدەپلىك، ئەمما سوغۇق كۆرۈشتى، دوستانە بولمىغان كەيپىياتتا بولمىدى، بېشىغا شۇنچىلىك چوڭ ئىش كەلگەن ئەھۋالدىمۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىدىكى خاراكتېرىنى ساقلاپ قالالىدى، مەسىلىنى ھەل قىلىش، ھەل قىلغاندىمۇ چىرايلىق ھەل قىلىش تەرىپىدە ئىكەنلىكىنى گەپ ـ سۆز، ھەرىكەتلىرىدە تولۇق ئىپادىلىدى. ئۆزىنىڭ ۋە پۈتۈن ئائىلىسىدىكىلەرنىڭ ئىنتايىن قايغۇلۇق ۋە ئېغىر كۈنلەردە تۇرۇۋاتقانلىقىنى، خۇدنى يوقاتقۇچە ھاراق ئىچىشنىڭ نەقەدەر قورقۇنچلۇق ئىش ئىكەنلىكىنى، تراۋېرس خانىمنىڭ سالامەتلىكى سەل ياخشىلانغاندا، ئىسسىقراق جايلارغا ساياھەتكە ئېلىپ بارىدىغانلىقىنى گراسقا سۆزلەپ بەردى.

دەيدىغان گەپلىرىنى دەپ بولغاندىن كېيىن، قىلىدىغان يەنە نۇرغۇن ئىشلىرىنىڭ بارلىقىنى دەپ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى، قولىدا بىر كونۋېرت بار ئىكەن، گراسقا تۇتقۇزۇپ قويدى.

— بىز ھەممىمىز سىزنىڭ بۇ نەرسىنى جايىغا ئىشلىتىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمىز، — دېدى ئۇ.

ئۇنىڭ بەرگىنى مىڭ سوملۇق پۇلنىڭ چېكى ئىدى، شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىرىنچى بولۇپ ئويلىغىنى ئۇ چەكنى ئۇنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىش ياكى يىرتىۋېتىش بولغانىدى. ھازىرغىچىمۇ شۇنداق قىلغان بولسا ئاجايىپ ياخشى ئىش بولاتتىكەن، دەپ ئويلاپ قوياتتى. لېكىن، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇنداق قىلمىدى، شۇنداق قىلمىغىنىمۇ ياخشى بوپتىكەن. ئاشۇ ئېغىر كۈنلەردە بۇ پۇل ئۇنىڭغا كۆپ ئەسقاتتى، تۇرمۇشىدا يېڭى يول ئېچىشىدا ئۇ پۇلنىڭ رولى ئىنتايىن چوڭ بولدى.

# ئاسراندى قىز

ئۇلار يېرىم كېچىدە ماشىنا ھەيدەپ ئۇ كىچىك بازاردىن چىقىپ كەتتى. خاررى بىلەن دېلفىن ماشىنىنىڭ ئالدىدا، ئېيرىنگ بىلەن لاۋرى ماشىنىنىڭ كەينىدە ئولتۇرغانىدى. ھاۋا ئوچۇق ئىدى، دەرەخنىڭ ئۈستىدىكى قارلار توختىماي يەرگە چۈشۈپ تۇرۇۋاتاتتى. يەردىكى قارلار بىلەن قىيا تاشلار ئۈستىدىكى قارلار تېخى ئېرىشكە باشلىمىغان، شۇ پېتى تۇرۇۋاتاتتى. كۆۋرۈكنىڭ يېنىغا كەلگەندە خاررى ماشىنىنى توختاتتى.

— مۇشۇ يەر بولامدۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— بۇ يەردە توختاتسىڭىز، باشقىلار كۆرۈپ قېلىشى مۇمكىن، — دېدى ئېيرىنگ، — ئۇلار ماشىنىسىنى توختىتىپ، يېنىمىزغا كېلىپ بىزنى نېمە قىلىۋاتىدىكىن دەپ قاراپ باقامدۇ تېخى.

شۇ گەپ بىلەن ئۇ ماشىنىسىنى يەنە ھەيدەپ ماڭدى. بىرىنچى ئۆچرىغان يېزىغا كەلگەندە ماشىنىنى يېزىنىڭ تار يولىغا سالدى ۋە ئۇزاق ماڭمايلا بۇككىدە بىر دەرەخلىكنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەلدى. چاقلارنىڭ ئاستىدىن قارنىڭ قاتتىق بېسىلغان ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى.

— بۇ يەرچۇ؟ — سورىدى ئېيرىنگ.

— بۇ يەر چوڭ يولدىن ئانچە يىراق ئەمەس، — دېدى خاررى.

— خېلىلا يىراق جۇمۇ.

بۇ خاررى بۇرۇن ئىشلىگەن ژۇرنالدىن ئىستېپا بېرىپ چىقىپ كەتكەن يىلىدىكى ئىش ئىدى. ئۇ يەردە ئىشلەپ

زېرىككەچكە، شۇ بىر ئىشنى قىلىۋېرىشنى خالىمىغانىدى. ئۇ بۇرۇن مۇشۇ بازارنىڭ كېزىتىمدىن بىرنى سېتىۋېلىپ ئوقۇپ باققانىدى، شۇڭا بۇ يەرنىڭ ئەھۋالىنى ئازراق بولسىمۇ بىلەتتى، ئۇنىڭ ئائىلىسىمۇ بۇرۇن مۇشۇ بازارغا ئانچە يىراق بولمىغان بىر كۆلنىڭ بويىدىكى بىر داچىدا ئىدى. ھېلىمۇ ئېسىدە، پىۋىنى ئۆمرىدە تۇنجى قېتىم مۇشۇ بازارنىڭ بىر مېھمانخانىسىدا ئىچكەنىدى. ئۇ ئۇنىڭ ئېيرىنگ بىلەن بۇ يەرگە بىللە كەلگەن تۇنجى ھەپتىسىدىكى ئىش ئىدى. ئىككىسى كەچلىك تاماقنى ئاشۇ مېھمانخانىدا يېگەنىدى.

لېكىن، پىۋىخانا تېخى ئېچىلمىغان بولغاچقا، ئىككىسى سوغۇق سۇ ئىچىپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دېدى ئېيرىنگ.

خاررى مېھمانخانىنىڭ خوجايىنىغا قاراپ قاشلىرىنى ئۈچۈرۈپ قويدى. بۇ ئادەم ھەم خوجايىن، ھە كۇتكۇچى ئىكەن.

— بۈگۈن يەكشەنبە بولغىنى ئۈچۈن شۇنداق قىلىۋاتامسىلەر؟

— تىجارەت كىنىشكىمىز بولمىغاچقا شۇنداق بولۇۋاتىدۇ، — خوجايىنىنىڭ تەلەپپۇزى قاتتىقراق، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئادەمنى كۆزگە ئىلمايۋاتقاندەك گەپ قىلاتتى. ئۇ بويىنغا گالستۇك تاقىۋاپتۇ، ئۇستىگە ئاپپاق كۆڭلەك، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئالدى ئوچۇق يۇڭ پوپايكا، ئاستىغا قارا ئىشتان كىيىۋاپتۇ، ئۇستىدىكى كىيىملەرنىڭ ھەممىسى بىر قېلىپتىن چىققاندەك ئوخشاشلا يۇمشاق، ئۆزىنى تاشلاپ تۇرىدۇ، خۇددى ھازىرلا سويۇلۇپ چۇشۇپ كېتىدىغان بىر قات تېرىدەك. ئەمما، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي تېرىسى ئۇ كىيىملەرنىڭ ئاستىدا بىر ئوبدان تۇرۇپتۇ.

— مېھمانخاناڭلار بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قاپتۇغۇ، — دېدى خاررى، ئۇ ئادەم گېپىگە تۇزۇك جاۋاب بەرمىگەچكە، ئاخىر تاماق تىزىملىكىگە قاراپ چىقىپ كالا گۆشى كاۋىپىدىن بىر ئادەمگە بىر تەخسىدىن بۇيرۇدى.

— بۇ ئادەملەر خېرىدارلارغا ئەجەبمۇ خۇشياقمىغاندەك مۇئامىلە قىلىدىكەنە، — دېدى ئېيرىنگ.

— ياۋروپاچە مۇئامىلە دېگەن مۇشۇ، — دېدى خاررى، — بۇ مەدەنىيەتتىكى بىر پەرق، شۇڭا ئۇلار ھەرقانداق چاغدا ئادەملەرگە كۈلۈپ تۇرۇپ مۇئامىلە قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى بىلمەيدۇ، — ئۇ ئېيرىنگكە تاماق يەيدىغان زالنىڭ نەچچە ئون يىلدىن بېرى ئۆزگەرمەي كېلىۋاتقان كۆرۈنۈشىنى — ئېگىز تورۇسنى، ئاستا ئايلىنىدىغان شامالدۇرغۇچنى، تامدا ئۇزاق يىل ئېسىقلىق تۇرۇپ رەڭگى ئۆڭۈپ كەتكەن ماي بوياق رەسىمنى كۆرسىتىپ قويدى. ئۇ رەسىمدە، ئاغزىغا سىېرىق قاناتلىق بىر قۇشنى چىشلەپ تۇرغان بىر ئوۋ ئىتى سىزىلغانىدى.

بىرئازدىن كېيىن، تاماق يەيدىغان يەنە بىرنەچچە ئادەم كىرىپ كەلدى. ئۇلار بىر ئائىلىنىڭ ئادەملىرى بولسا كېرەك. بىرنەچچە قىز پۇتلىرىغا ئوخشاش خۇرۇم بەتنىكە كىيىشىۋاپتۇ، كۆڭلەكلىرىنىڭ ئېتەكلىرىنىڭ قاتتىقلىقى يېقىن كەلسىڭىز بىر يېرىڭىزنى كېسىۋېتىدىغاندەك. مېڭىشى يېڭى ئۆگىنىۋاتقان بىر بالىمۇ، ئون نەچچە ياشلىق بىر ئۆسمۈرمۇ بار. ئۇ ئۆسمۈر كاستۇم - بۇرۇلكا كىيىۋاپتىكەن، پەقەتلا قولىشالماي قاپتۇ. ئۇلاردىن باشقىلىرىنىڭ بىرنەچچە جۈپ ئاتا - ئانىلار ھەم ئۇلارنىڭ دادا، ئاپىلىرى ئىكەنلىكى ئېنىق. ئۇلارنىڭ بىرسى دىققىتىنى يىغىپ ئولتۇرالمايدىغان بىر بوۋاي. يەنە بىرسى چاقلىق ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ قالغان، قولىدا يالغان گۈلنىڭ غۇنچىسىنى تۇتۇۋالغان بىر موماي ئىدى. بۇ يەردىكى ئۈستىلىرىگە گۈللۈك رەختتىن كۆڭلەك كىيىۋالغان چوڭ ئاياللارنىڭ ھەربىرى ئېيرىنگدەك تۆت چىقاتتى.

— بۈگۈن ئۇلارنىڭ توي خاتىرە كۈنى بولسا كېرەك، — دېدى خاررى بوش ئاۋازدا.

تاماق يەپ بولۇپ تاماقخانىدىن چىقىپ كېتىدىغان چاغدا ئۇ ئۇلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۆزىنىڭ بۇ يەردىكى گېزىتخانىغا يېڭى

كەلگەنلىكىنى تونۇشتۇردى ۋە ئۇلارنى تەبرىكلەپ قويدى، ئارقىدىن ئۇلارنىڭ ئىسىملىرىنى يېزىۋالسا خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىنى سورىدى. خاررى يۈزىنىڭ كىپىتى كىلاك، كۆرۈنۈشى ياشلارغا ئوخشايدىغان، بۇغداي ئۆڭ، كۆك كۆزلىرى چاقناپ تۇرىدىغان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭ قىزغىن مۇئامىلىسى بىلەن قىزغىن تەبرىكى ئۇستەلدە ئولتۇرغان بوۋاي بىلەن موماي ۋە يېگىدىن ماڭغان بالىدىن باشقىسىنىڭ ھەممىسىگە تەسىر قىلىپ قالدى. ئۇلار ئۇنىڭغا بوۋاي بىلەن مومايىنىڭ بۇ يىل توي قىلغانلىقىنىڭ ئاتمىش بەش يىللىقى ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى.

— ئاتمىش بەش يىل! — خاررى ئىختىيارسىز توۋلاپ كەتتى ۋە ھەيران قالغىنىدىن جايىدا تۇرالماي كەينىگە ئۇچۇپ كەتكىلى تاس قالدى. ئۇلاردىن مومايىنى تەبرىكلەپ سۆيۈپ قويسا بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى سورىدى. رۇخسەت ئالغاندىن كېيىن ئۇنى سۆيۈپمۇ قويدى. سۆيۈپ بولۇپ ئاغزىنى ئېلىپ ماڭغاندا لەۋلىرى مومايىنىڭ قولىقىنىڭ يۇمشىقىغا تېگىپ كەتتى.

— ئەمدى يىگىتنى سۆيۈپ قويۇش نۆۋىتى ساڭا كەلدى، — دېدى ئۇ ئېيرىنگكە، ئېيرىنگ كۇلۇپ قويۇپ بوۋايىنىڭ بېشىنىڭ چوققىسىغا بىرنى سۆيۈپ قويدى.

— ئۇلارنىڭ مۇشۇ كۇنگىچە مۇشۇنداق ياخشى ئۆتۈپ كېلىشلىرىنىڭ سىرى نەدە؟ — دەپ سورىدى خاررى ئۇلاردىن.

— ئاپام گەپ قىلالمايدۇ، — دېدى سېمىز ئاياللارنىڭ ئىچىدىن بىرسى، — مەن دادامدىن سوراپ باقاي، — ئاندىن ئۇ بوۋايىنىڭ قولىقىغا ئاغزىنى يېقىن تۇتۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭدىن سورىدى، — ئۇياق سىنىڭدىن ئاپام بىلەن بۈگۈنگىچە مۇشۇنداق بەختلىك ئۆتۈشۈڭلاردىكى سىرنىڭ نېمىلىكىنى سوراۋاتىدۇ.

بوۋايىنىڭ چىرايى بىردىنلا كۈلكىلىك تۇرۇلۇپ كەتتى.

— بىردىنبىر سىر كەچتە ئۇخلىغاندا بىر پۇتۇمنى ئۇنىڭ بويىنىغا ئېلىپ قويۇپ ئۇخلايدىغانلىقىمدا.



www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ ھەممەيلەن ئىختىيارسىز قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— يارايسىز! مەن گېزىتتىكە سىزنىڭ ھەرقانداق ئىشنى قىلغاندا ئالدى بىلەن مومىيىڭىزنىڭ پىكرىنى ئالىدىغانلىقىڭىزنى يازىمەن، — دېدى خاررى.

تالاغا چىققاندىن كېيىن ئېيرىنگ:

— ئۇ ئايالлار نېمانچە سەمرىپ كەتكەندۇ؟ مەن بۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەيلا قالدىم، — دېدى، — ئادەم بۇنداق سەمرىپ كېتىدىغان بولسا كېچە - كۈندۈز ھېچنېمە يېمەي - ئىچمەي يۈرسە بولىدۇ شۇ.

— شۇ ئەمەسمۇ، — دېدى خاررى.

— قورۇمىغا ئىشلەتكىنى كونسېرۋا قۇتىسىدىكى كۆك پۇرچاقتەك قىلىدۇ، — دېدى ئېيرىنگ، — ھازىر 8 - ئاي تۇرسا، كۆكتاتلىقتىكى پۇرچاقلارمۇ يېگۈدەك بولۇپ قالغاندۇ؟ بۇ بازارنىڭ ئەتراپى پۈتۈنلەي دېگۈدەك سەھرا تۇرسا، ئەجەبا، ھازىر سەھرانىڭ يەرلىرىدە كۆكتات ئۈنمەس بولۇپ قالغانمىدۇ؟

— ئادەمنىڭ خىيالىغا كەلمەيدىغان گەپلەرنى قىلىسەن - دە، — دېدى خاررى خۇشال كۈلۈپ قويۇپ.

ئارىدىن ئۇزاق ئۆتمەي، مېھمانخانىدا بەزى ئۆزگىرىشلەر بولدى: تاماق يەيدىغان زالنىڭ تورۇسلىرىغا خىلمۇخىل چىراغلار ئورنىتىلدى، تاملىرىغا پۈتۈن - قەغەز تاختىلار چاپلاندى، دۈگلەك ئۈستەللەرنىڭ ئورنىغا چاسا ئۈستەللەر، ئېغىر ياغاچ ئورۇندۇقلارنىڭ ئورنىغا يەڭگىل تۆمۈر ئورۇندۇقلار ئالماشتۇرۇلدى، ئورۇندۇقلارغا ھال رەڭ يالغان خۇرۇم قاپلىغۇچلار قاپلاندى، دېرىزىلەر بىلەن تاملارغا خىلمۇخىل يورۇپ تۇرىدىغان چىراغلار ئورنىتىلدى. ئۇ چىراغلارنىڭ ئۈستىدە، «مېھمانلار قەھۋەخانىسى» دېگەن خەتلەر يېزىلغان ۋىۋىسكا ئېسىپ قويۇلغانىدى. تورۇس پاكارلىغاندىن كېيىن دېرىزىنىڭ

بىر قىسمى تورۇسنىڭ ئىچىدە قالغانىدى، شۇڭا دېرىزىلەرنى باشقىدىن توغرىسىغا ئۇزۇن قىلىپ ياسىتىپ چىقتى.

غوجايىنىنىڭ ئىسمى پارازىيان ئىدى، مېھمانلارغا قاراپ بولمىغان يېرىدە كۈلمىسە، گەپ قىلمىسا، ئادەتتە پەقەت كۈلۈپ، گەپ قىلىپ باقمايتتى، ئەمما ئۇنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا چىقىرىپ قويغان ئېلانىدا كۈلكىلىك سۆزلەر بار ئىدى.

شۇنداق بولسىمۇ، ھەر كۈنى چۈش بىلەن كەچتە قەھۋەخانا ئادەمگە توشۇپ كېتەتتى، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنىڭ 9 ـ، 10 ـ يىللىقلىرىدا ئوقۇيدىغان ئوقۇغۇچىلار ئىدى، يېشى چوڭراق باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىمۇ ئاندا ـ ساندا كۆرۈنۈپ قالاتتى، بۇ يەرنىڭ ئادەمنى ئەڭ جەلپ قىلىدىغان يېرى ھەرقانداق ئادەمنىڭ تاماكا چېكىشىگە يول قويۇلىدىغانلىقى ئىدى. لېكىن، بۇ يەردە تاماكا سېتىلمايتتى، ئون ئالتە ياشتىن تۆۋەن بالىلارغا تاماكا چەكتۈرمەيتتى، پارازىيان ئەپەندى بۇ تۈزۈمنى قاتتىق ئىجرا قىلاتتى. «سەن تاماكا چەكسەڭ بولمايدۇ، ــ دەيتتى ئۇ بوغۇق، ھارغىن ئاۋازى بىلەن جىددىي تەرزدە ئاشۇنداق ياشتىكى بالىلارغا، ــ سەن تاماكا چەكسەڭ بولمايدۇ.»

ئۇ ئۆزىگە ياردەملىشىدىغانغا بىر ئايالنى ياللىۋالغانىدى. ئەگەر يېشى بەكرەك كىچىك بالىلاردىن بىرەرى كېلىپ ئۇنىڭدىن تاماكا سېتىۋالماقچى بولسا، ئۇ ئايال ئۇ بالىغا قاراپ كۈلۈپ كېتىپ:

ــ كىمىڭنى ئالدىماقچىسەن، شاكىچىك، ــ دەپ قوياتتى.

ئەمما، ئون ئالتە ياشلىق ياكى ئۇنىڭدىن چوڭراق بىرسى كېلىپ ئۇنىڭ قولىدىن پۇلنى ئېلىپ ئۇ ئايالغا تەڭلىسە، ئۇ ئون ئىككى قاپ تاماكا ئالىمەن دېسىمۇ سېتىپ بېرەتتى.

ــ مۇشۇنىڭ ئۆزى قانۇننىڭ كۈچى ـ دە، ــ دەپ قوياتتى خاررى.

چۈشتە ئادەم كۆپ بولۇپ كېتىدىغان بولغاچقا، خاررى



www.uyghurkitap.com

چۈشلۈك تامىقىنى بۇ يەردىن يېمەيتتى، ئەتىگەنلىك تامىقىنى يەيتتى. ئۇ بىر كۈنلەردە پارازىيان ئەپەندىنىڭ كۆڭلىنى ئۇتۇپ، ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەتكۈزۈشنى ھازىرغىچە ئارزۇ قىلىپ كېلىۋاتاتتى. خاررى ئۆز ئالدىغا بىر ئارخىپ تۇرغۇزۇۋالغان بولۇپ، ئۇ ئارخىپى ئۆزى يازماقچى بولۇۋاتقان كىتابلىرىنىڭ تىزىملىكى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى. شۇڭا، ئۆزى يازماقچى بولۇۋاتقان ئادەملەرنىڭ ھايات ھېكايىلىرىگە بەكمۇ قىزىقاتتى. پارازىيانغا ئوخشاش ئادەملەرنىڭ — ھەتتا گەپ-سۆزلىرى قوپال ئاشۇ سېمىز مۇلازىم ئايالنىڭمۇ — قورساقلىرى ھازىرقى زامان ئادەملىرىنىڭ پاجىئەلىرى ۋە رىۋايەتلىرى بىلەن توشۇپ كەتكەنىدى، شۇلارنى خاتىرىلەپ چىقسىمۇ ئەڭ بازارلىق كىتابلاردىن بولۇپ چىقاتتى.

«ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى، — دەيتتى خاررى لاۋرىغا، — بۇ دۇنيادا خۇشال-خۇرام ياشاشتا، كۆزلىرىڭنى يوغان ئېچىپ ئۆزۈڭ ئۇچرىغان ھەربىر ئادەمنى تەپسىلىي كۆزىتىدىغان بولساڭ ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن خىلمۇخىل مۇمكىنچىلىكلەرنى: ئۇلارنىڭ خاراكتېرى، تۇرمۇشتىكى ئۆزگىرىشلەرنى كۆرەلەيسەن، ئۇ ئادەملەرگە ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىپ ماڭ. ئەگەر مېنىڭ ساڭا تاپشۇرىدىغان گېپىم بار دېسەم، ئۇ گەپ يەنىلا، ئۇ ئادەملەرگە ھەر ۋاقىت دىققەت قىلىپ ماڭ، دېگەن گەپتۇر.»

لاۋرى ناشتىلىقنى ئۆزى تەييارلايتتى. ئۇنىڭ ناشتىلىقىمۇ ئاددىيلا، ئارپا ئۇنىدا قىلغان ئۇماچ بولۇپ، ئۇماچنىڭ ئىچىگە سۈت ئەمەس، شېكەر قۇيۇپ ئىچەتتى. ئېيرىنگ ئۆزىنىڭ قەھۋەسىنى كارىۋىتىغا ئەكېلىپ ئاستا-ئاستا ئىچىپ ئولتۇراتتى. كۈندۈزى گېزىتخانىدا ئىشلەپ چارچاپ كېتىدىغان بولغاچقا، ئۇزاقراق ئارام ئېلىۋالاي، دەپ باشقىلارغا گەپ قىلىشمۇ خۇشياقماي مېڭىسىنى ئارام ئالدۇرۇپ يېتىۋالاتتى. مېڭەم ئەمدى ئارام ئېلىپ بولدى دەپ ئويلىغاندا — ئاڭغىچە

لاۋرى مەكتەپكە كېتىپ بولغان بولاتتى. ئورنىدىن تۇرۇپ يۇيۇناتتى. ئاندىن كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغايدىغان ئىراق كىيىملىرىدىن تاللاپ كىيىۋالاتتى. كۆپىنچە چاغلاردا قىسقا خۇرۇم يوپكا، رەڭگى قېنىقراق تار ئىشتان، كۇزنىڭ سالقىن هاۋاسىغا يارىشا تەنھەرىكەتچىلەرنىڭ كەينىدە بۆكى بار كىيىمنى دېگەندەك كىيىملەرنى كىيىۋالاتتى. پارازىيان ئەپەندىگە ئوخشاش، ئېيىرىنگمۇ بۇ يەردىكى ئادەملەرگە ئوخشىمايدىغان تاشقى كۆرۈنۈشتە يۇرۇشنى ياخشى كۆرەتتى. ئۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان يېرى، ئېيىرىنگ چىرايلىق ئىدى، قىسقا قىلىپ ياسىتىۋالغان چېچى ئۆزىگە يارىشاتتى. ئىككى قۇلىقىدىكى هالقىلىرى خۇددى ئۇندەش بەلگىسىگە ئوخشاش قۇلاقلىرىدا چىرايلىق ساڭگىلاپ تۇراتتى، كۆزلىرىگە سۇس گىرىم قىلىپ يۇرەتتى. گېزىتخانىدا كىشىلەرگە ئاددىيلا مۇئامىلە قىلاتتى، ئەمما كۆڭۈل قويۇپ مەشىق قىلىپ يېتىلدۇرگەن سۇس تەبەسسۇمى بىلەن ئۆزىنىڭ كىشىلەرگە بەرگەن يامان تەسىرلىرىنى بىردەمدىلا يوق قىلىۋېتەلەيتتى.

ئۇلار بازارنىڭ چېتىدىن بىر ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ ئولتۇراتتى. بۇ ئۆينىڭ ئارقا ئىشىكىدىن چىقسىلا ئاجايىپ مەنزىرىلىك جاي ئىدى، قورام تاشلار بىلەن گىرانىت تاشلاردىن هاسىل بولغان قىيالىقلار، ياپيېشىل سازلىقلار، كۆللەر، تېرەك، سۆگەت، دۇب، تۇخۇمەك دەرەخلىرى، پەسلىگە قاراپ ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان دەرەخلەر بىلەن تولغان بوككىدە ئورمان كۆزنىڭىزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. خاررى بۇ يەرنى ياخشى كۆرەتتى، هەر كۈنى ئەتىگەندە ئورنىڭىزدىن تۇرۇپ ئارقا هويلىدىن چىقسىڭىز جەننەت مەنزىرىسىنى كۆرەتتىڭىز، بۇغا ـ ماراللار سىزگە يېقىنلا يەرلەردە ئوتلاپ يۇرەتتى، لاۋرى مەكتەپتىن قايتىپ كەلگەندە پېتىپ كېتىۋاتقان قۇياش قىزىرىشقا باشلاپ سىزگە كۇزنىڭ هايت ـ هۇيت دېگۇچە ئۆتۇپ كېتىدىغان هارارىتىنى هېس قىلدۇراتتى. ئۆيگە كىرسىڭىز ئۆي سالقىن، تۇنۇگۇنكى كەچلىك



www.uyghurkitap.com

تاماقنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى، بۇژۇلۇپ قارىدىغان قەھۋە شامى بىلەن ئېچىغان ئەخلەتنىڭ پۇراقلىرى بۇرنىمىزغا پۇراپ تۇراتتى. ئەخلەتلەرنى ئۆيدە توختاتماي تالاغا ئاچىقىپ تۆكۈپ تۇرۇش لاۋرىنىڭ ۋەزىپىسى ئىدى. خاررى ئەخلەتلەرنى بىر يەرگە توپلاپ ئېچىتىپ ئوغۇت قىلماقچى، كېلەر يىلى بىر پارچە يەر ئېچىپ كۆكتات تېرىيمەن دەپ پىلانلىغان يېرىنى شۇ ئوغۇتى بىلەن ئوغۇتلىماقچىدى. لاۋرى تاۋۇز - قوغۇنلارنىڭ شاپاقلىرىنى، مېۋە شۆپۈكلىرىنى، قەھۋە شامى ۋە ئېشىپ قالغان تاماقلارنى سالغان قەغەز خالتىنى ئېلىپ بۇغا ياكى ئېيىق كۆپرەك كېلىدىغان يەرگە ئاپىرىپ يەرنى كولاپ كۆمۈۋېتەتتى. خاررى ئۇنىڭغا شۇنداق قىلىشنى ئۆگەتكەنىدى.

بىرنەچچە ھەپتىنىڭ ئالدىدىكىگە قارىغاندا ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا خېلى چوڭ ئۆزگىرىش بولۇپ، خاررى، ئېيرىنگ ئۇچى ئىسسىق كۇنلەرنىڭ چۈشتىن كېيىنلىرىدە ماشىنا ھەيدەپ سىرتلارغا چىقىپ، ئىختىيار قىلغان بىر كۆلدە سۇ ئۈزۈپ كېلەتتى، كەچقۇرۇنلىرى خاررى ئىككىسى بازارنىڭ سىرتىنى پىيادە ئايلىنىپ كېلەتتى، بۇنداق چاغلاردا ئېيرىنگ سىرتقا چىقماي، ئۆيدە بىرنەرسىلەرنى سىرلاپ، تامغا قەغەز چاپلاپ ئولتۇراتتى. مېنى ئۆيدە يالغۇز قالدۇرۇپ قويساڭلار ئىشىم ئاۋۇيدۇ، دەپ قوياتتى ئۇ. بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ خاررىدىن بىردىنبىر تەلەپ قىلىدىغىنى خاررىنىڭ ئارخىپ سالغان بارلىق يەشىكلىرى، ئارخىپ ئىشكاپلىرى ۋە ئۈستىلىنى بىرسىنى قويماي يەر ئاستى ئۆيىگە چۈشۈرۈۋېتىش بولاتتى، بۇ نەرسىلەرنىڭ يولۇمنى توسۇۋالىدۇ، ئىشلىرىمغا دەخلى قىلىدۇ، دېگەننى باھانە قىلاتتى، لاۋرى دادىسىغا ياردەملىشىپ ئۇ نەرسىلەرنى يەر ئاستى ئۆيىگە ئەچۈشۈپ بېرەتتى.

بىر قېتىم ئۇ دادىسىغا ياردەملىشىۋاتقاندا قولىغا بۆلەكچىلا يەڭگىل بىر قەغەز كوروپكا چىقىپ قالدى. ئىچىگە قەغەز ئەمەس، رەختكە ياكى داكىغا ئوخشاش يۇمشاق، يەڭگىل

بىر نەرسىلەرنى سېلىپ قويغاندەك قىلاتتى، ئۇ دادىسىدىن: «بۇ نېمە؟» دەپ ئەمدىلا سورىشىغا، خاررى ئۇنىڭ قولىدىكى ئۇ كوروپكىنى كۆرۈپ، شۇ ئانلا: «هوي» دەپ قالدى، ئارقىدىن يەنە: «ۋاي خۇدايىمەي» دەپ كەتتى ۋە ئۇنىڭ قولىدىن كوروپكىنى يۇلۇۋېلىپ ئارخىپ ئىشكاپىنىڭ تارتمىسىغا سېلىپ قۇلۇپلاپ قويدى. «ۋاي خۇدايىم» دەپ قويدى ئۇ ئارقىدىن يەنە.

ئۇ ئىلگىرى لاۋرىغا مۇنداق قوپال ۋە غەزەپلىك تەلەپپۇزدا گەپ قىلىپ باقمىغانىدى. خۇددى بىرسى ئۇلارنىڭ ھەرىكىتىنى كۆرۈپ قالغاندەك ئەتراپىغا قاراپ قويۇپ، تارتمىنىڭ ئاچقۇچىنى سېلىۋالغان ئىشتىنىنىڭ يانچۇقىغا بوش ئۇرۇپ قويدى.

— مېنى كەچۈرگىن، — دېدى ئۇ لاۋرىغا، — ئۇ نەرسىنىڭ سېنىڭ قولۇڭغا چىقىپ قالىدىغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتىمەن. گېپىمگە قۇلاق سال، لاۋرى مەن ئۇ كوروپكا توغرۇلۇق ئىختىيار قىلغان بىر يالغاننى توقۇپ ساڭا دېگەن بولساممۇ بولىۋېرەتتى، لېكىن ئۇنداق قىلغۇم كەلمەيۋاتىدۇ. كىچىك بالىلارغا يالغان گەپ قىلىشنى خالىمايدىغان بولغاچقا، ساڭا راست گەپنى قىلىشنى ئويلاپ قالدىم. بولۇپمۇ سېنىڭ يېشىڭدىكى بالىلارغا يالغان گەپ قىلماسلىق كېرەك، ئەمما مەخپىيەتلىكنى ساقلايسەن، چۈشەندىڭمۇ؟

— چۈشەندىم، — دېدى لاۋرى، لېكىن، ئۇ يەنە مەلۇم مەنىدىن دادىسىنىڭ راست گەپ قىلىشىنىمۇ خالاپ كەتمىدى.

— بۇ كوروپكىنىڭ ئىچىدىكىسى كۈل، — دېدى خاررى. ئۇ «كۈل» دېگەن گەپنى قىلغاندا شۇنچىلىك پەس ۋە ئالاھىدە بىر ئاۋاز بىلەن قىلدى، — ئادەتتىكى كۈل ئەمەس، جەسىتى كۆيدۈرۈلگەن بىر بوۋاقنىڭ كۈلى. بۇ بوۋاق سەن تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتكەن، چۈشەندىڭمۇ؟ ئۆلتۈرە.

لاۋرى قاتتىق مۇقاۋىلىق بىر نەچچە كۈندىلىك خاتىرىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇراتتى، بۇ خاتىرىلەرنىڭ ھەممىسى خاررىنىڭ خاتىرىلىرى ئىدى. خاررى بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا قاراپ

قويدى.

— مېنىڭ دېگەنلىرىمنى چۈشەندىڭمۇ؟ ساڭا دەپ بەرگەنلىرىم ئېيىرىنىڭ ئەڭ ئازابلىنىدىغان ئىشلار، شۇڭا بۇ ئىشنى چوقۇم مەخپىي تۇتۇش كېرەك. بۇ ئىشنى بۇرۇن ساڭا دېمەسلىكىمدىكى سەۋەبمۇ مۇشۇ، ئېيىرىنىڭنى بۇ بالىمىز خىيالىغا كىرىپ قالسا ئازابلىنىپ كېتەرمىكىن، دەپ ئويلىغانىلا ئىش. ئەمدى بىلگەنسەن؟

لاۋرى ئۆزىنىڭ بىر ئېغىز بولسىمۇ گەپ قىلىشى كېرەكلىكىنى ئويلاپ، بىلدىم، دەپ قويدى.

— ئەمدى بىز بۇ ئىشنىڭ داۋامى توغرۇلۇق پاراڭلىشايلى. بىزنىڭ سەن توغۇلماستىن ئىلگىرىكى بالىمىز ئاشۇ بىر بوۋاق ئىدى، ئۇ تېخى يېشىغا يەتمەيلا ئېيىرىنگە ئىككىقات بولۇپ قالدى. بۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تەسىرى ناھايىتى كۈچلۈك، چۈنكى ئۇ يېڭى تۇغۇلغان بوۋاقنى باقماقنىڭ ئىنتايىن تەس ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولغانىدى. مۇشۇنداق ئەھۋالدا يەنە ھامىلىدار بولۇپ قېلىپ ئوخلىيالمايدىغان، تولا ياندۇرىدىغان بولۇپ قالدى، ھەر كۈنى ئەتىگەندىن قاراڭغۇ چۈشكۈچە ياندۇراتتى. ئۇ بۇ ياندۇرۇش ھەم ئۇيقۇسىزلىقلارغا قانداق چىداش كېرەكلىكىنى بىلمەي قېلىۋاتاتتى. بىر كۈنى كېچىسى پەقەتلا چىدىيالماي، بوۋاقنى ئېلىپ ماشىنا ھەيدەپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئەتراپ قاراڭغۇ، يامغۇر توختىماي يېغىپ تۇرۇۋاتاتتى، ماشىنىنى ئىتتىك ھەيدىگەچكە، ئالدىدا ئەگىلىدىغان بىر يەرنىڭ بارلىقىنى بىلمەي ماشىنىنى ئۇدۇللا ھەيدەپ بىر تامغا سوقۇۋېتىپتۇ. بوۋاقنى سېۋەتكە چىڭراق باغلاپ قويماپتىكەن، ماشىنا قاتتىق سوقۇلغاندا بوۋاق سېۋەتتىن چاچراپ چىقىپ كېتىپتۇ، ئۆزىمۇ ماشىنىدىن چىقىپ يەرگە چۈشۈپ بىر قوۋۇرغىسى سۇنۇپتۇ، بېشىمۇ زەخىملىنىپتۇ، مۇنداق ئەھۋالدا ئىككىلا بالىنى ساقلاپ قېلىش قىيىن ئىدى.

ئۇ ئىچىگە چوڭقۇر بىر تىنىپ قويدى.

— دېمەكچى بولغىنىم، بىز بىر بالىمىزدىن ئايرىلىپ قالدۇق، ئۇ بالىمىز سېۋەتتىن چاچراپ كەتكەن چاغدىلا ئۆلۈپ بوپتىكەن. ئەمما، ئېيىرىنگنىڭ قورسىقىدىكىسى ئامان قالدى. ئۇ سەن ئىدىڭ، چۈشەندىڭمۇ؟ ئۇ سەن ئىدىڭ.

لاۋرى بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، ھەرىكىتى بەكمۇ كىچىك ئىدى.

— ساڭا بۇ ئىشلارنى دېمەسلىكىمىزدىكى سەۋەبىمۇ — ئېيىرىنگكە زەربە بولۇشىدىن قورقاندىن باشقا — سەن ئاڭلىغاندىن كېيىن، مەن تۇنجى بالىسى ئەمەسكەنمەن، شۇڭا مېنى بۇلار قوبۇل قىلماپتىكەن، دەپ ئويلاپ قېلىشىڭ ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئىش يوق، ماڭا ئىشەنگىن، شۇ چاغدىمۇ سەن بىزنىڭ باغرىمىز ئىدىڭ، ھازىرمۇ شۇنداق.

ئۇ ئارخىپ ئىشكاپىنىڭ يېنىدىن ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىدى. خارىرىنىڭ بەدىنىدىن ھاراق بىلەن تەرنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇراتتى. كەچلىك تاماق ۋاقتىدا ئېيىرىنگ ئىككىسى ھاراق ئىچىشكەنىدى. بۇ پۇراق لاۋرىنى سەل بىئارام قىلىپ ھەم قورۇندۇرۇپ قويدى. گەرچە ئۇ كۆل سەل سۇرلۇك بولسىمۇ ئۇ ۋەقە ئۇنىڭغا بەكمۇ تەسىر قىلىپ كەتمىدى، ئۇ دادىسىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ، ئېيىرىنگ بۇ كۆلنى كۆرسە راستلا بولمايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدى.

— سىلەرنىڭ پات - پات ئۇرۇشۇپ قالىدىغىنىڭلار مۇشۇ ئىش ئۈچۈنمىدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ دادىسىدىن خۇددى بۇ گەپ تۇيۇقسىز ئاغزىدىن چىقىپ كەتكەندەك، دادىسى ئۇنى قۇچىقىدىن بوشاتتى.

— بىزنىڭ جېدەللىرىمىزگە بۇ ئىشنىڭ بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدىغانلىقىمۇ يوق ئىش ئەمەس، — دېدى خارىرى غەمكىن قىياپەتتە، — ئاپاڭنىڭ بەزىدە ئەسەبىيلىشىپ كېتىشلىرىمۇ مۇشۇ سەۋەبتىن، مەن بۇ ئىشقا ھازىرغىچە قاتتىق قايغۇرىمەن، راست دەۋاتىمەن.

لاۋرىنىڭ سىنىپىدىكى بەزى قىزلار قەھۋەخانىنىڭ ئۆزلىرىگە يېقىنلا بىر يەردە ئىكەنلىكىنى بىلگەندىن كېيىن، ئۇ يەرگە چىقىشنى بەكرەك ئويلايدىغان بولۇپ قالدى، لېكىن جۈرئەت قىلالمايتتى. بەزىدە مېھمانخانىغا كىرىپ كارىدوردىكى ئاياللارنىڭ ھاجەتخانىسىغا غىپلا قىلىپ كىرىۋېلىپ ئون بەش مىنۇت ياكى يېرىم سائەتلەرگىچە چىقماي چاچلىرىنى ھەر خىل تاراپ، لەۋلىرىگە سۇرۇخلارنى سۇرتۇپ — ئۇ لەۋ سۇرۇخلارنى ئۇلار ستاتمانىنىڭ دۇكىنىدىن ئوغرىلاپ چىقاتتى — دورىخانىلاردا پۇلسىز ئىشلىتىشكە قويۇپ قويىدىغان ئەتىرلەرنى ئۆزلىرىگە چېچىپ، ئاندىن بىر - بىرىنىڭ بويۇنلىرىنى، قوللىرىنى پۇراپ قويۇشاتتى.

ئۇلار لاۋرىنىمۇ ئۇ يەرگە بىللە بېرىشقا مەجبۇرلىغاندا، لاۋرى دەسلەپتە، بۇنىڭ تېگىدە بىر گەپ بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ بېرىشقا ئۇنىمىغانىدى، كېيىن ماقۇل بولدى. نېمىشقىدۇر، يېقىندىن بېرى ئۇنىڭ مەلۇم سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن بارغانسېرى قىسقىراپ كېتىۋاتقان چۈشتىن كېيىنكى ۋاقىتتا ئورمانىنىڭ بويىدىكى ئۇ ياغاچ ئۆيگە بارغۇسى كەلمەي قېلىۋاتاتتى.

ئۇلار مېھمانخانىنىڭ زالىغا كىرىپلا ئۇنى ئىككى قولىدىن تۇتۇپ پوكەي تەرەپكە سۆرىدى. پوكەيدە بىر خىزمەتچى ئايال ئېگىز ئورۇندۇقتا ھېسابلاش ماشىنىسى بىلەن بىرنېمىنى ھېسابلاپ ئولتۇراتتى.

بۇ ئايالنىڭ ئىسمى — لاۋرى ئۇنىڭ ئىسمىنى خاررىدىن ئاڭلىغانىدى — دېلفىن ئىدى، چاچلىرى ئىنچىكە، ئۇزۇن، ئاق ئارىلاش سېرىق ئىدى. بەلكى ھەممىسىلا ئاقتۇ، چۈنكى ئۇ يېشى خېلى بىر يەرگە بارغان ئايالدەك قىلاتتى. ئالدىغا چۈشۈۋالغان چېچىنى پات - پات كەينىگە سىلىكىپ قوياتتى. بۇ ھەرىكەتنى توختىماي قىلىۋاتقىنىغا قارىغاندا دائىم ئاشۇنداق قىلىپ ئولتۇرىدىغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ رامكىسى قارا كۆزئەينىكىنىڭ

تېگىدىكى كۆزلىرى كۆك، قاپاقلىرىغا سوزۇلغان سۇرۇخمۇ كۆك بولغاچقا، ئۇ كۆزلەر خۇددى كۆك رەڭلىك قورشاۋىدا قالغاندەك كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ئاق ھەم ياپىلاقراق كەلگەن يۈزى بەدىنىگە ئوخشاش يېپىلىپ كۆرۈنەتتى. ئەمما، پۈتۈن تۇرقىدا قىلچە بوشاڭلىق كۆرۈنمەيتتى، ناھايىتى تېتىك، جانلىق ئىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇ قىزلارغا قارىغانىدى، كۆك كۆزلىرىدە ئازراقمۇ نۇر كۆرۈنمىدى، ئۇ كۆزلەر بىر قىزدىن يەنە بىر قىزغا يۆتكىلىپ توختىمىدى، ئەمما ئۇلار ھەرقانچە كەپسىز بولسىمۇ، ئۇ كۆزلەردىن ھەيران قېلىۋاتقاندەك ئالامەتلەر پەقەتلا چېلىقمىدى.

— مۇشۇ ئايال شۇ، — دېدى قىزلار.

ئۇ ئايال — دېلفىن لاۋرىنى تونۇپ قېلىپ:

— سىز لاۋرىمۇ؟ راست سىزمۇ؟ — دەپ كەتتى.

لاۋرى ئۇنىڭ ئۆزىنى تونۇيدىغانلىقىغا ھەيران قېلىپ، مەن شۇ، دەپ جاۋاب بەردى.

— مەن سىلەرنىڭ مەكتەپتىكى قىزلاردىن لاۋرى ئىسىملىك بىر قىزنىڭ بار - يوقلۇقىنى سورىغان، — دېدى دېلفىن. ئۇ خۇددى بۇ يەردە ئۇنىڭ بىلەن بىللە تۇرۇۋاتقان قىزلار نەزىرىدە يوقتەك، ئۇلار لاۋرى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان ئىش بىلەن مۇناسىۋەتسىزدەك بىر خىل ئاھاڭدا سۆزلەۋاتاتتى، — مەن بۇ يەردىن بىرنەرسە تېپىۋالغان، ئىگىسى چوقۇم ئۇ نەرسىنى ھەقۋەخانىدا چۈشۈرۈپ قويغان، — دېلفىن ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى تارتمىنى ئېچىپ ئىچىدىن بىر ئالتۇن زەنجىرنى ئالدى، زەنجىرنىڭ كۆلۈنىدا لاۋرى دېگەن بىرنەچچە ھەرپ بار ئىكەن.

لاۋرى بېشىنى چايقىدى.

— سىزنىڭ ئەمەسمۇ؟ — دېدى دېلفىن، — بۇ قانداق گەپ، مەن تولۇق ئوتتۇرا سىنىپلارنىڭ قىزلىرىدىنمۇ سورىدىم، ھەممىسى بىزنىڭ ئەمەس دەيدۇ. ئاخىر ئامالسىز، ئىگىسى بىر كۈنى سۈرۈشتۈرۈپ كېلىپ قالار، دەپ تارتمىغا سېلىپ قويغان.

— سىز دادامنىڭ گېزىتىگە ئېلان بېرىپ باقسىڭىز بولامدۇ؟ — دېدى ئۇ. ئۇ دادام دېگەن گەپنى قوشماي، گېزىتكە ئېلان بېرىپ باقسىڭىز بولامدۇ، دېگەنلا بولسا ئوبدان بولاتتىكەن. ئەتىسى مەكتەپكە بېرىپ كارىدوردىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا شۇ يەردە توپلىشىپ تۇرغان قىزلارنىڭ ئىچىدە بىر قىزنىڭ ئۇنىڭ ئاۋازىنى دوراپ، دادامنىڭ گېزىتىگە، دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدى.

— شۇنداق قىلسامۇ بولىدۇ، — دېدى دېلفىن، — ئۇنىڭدا بىرمۇنچە ئادەملەر، ئۇ زەنجىر مېنىڭ ئىدى، دەپ ئىزدەپ كېلىپ ئاۋارە قىلامدىكىن دەپ ئەنسىرەيمەن، لاۋرى دېگەن مەن شۇ، دەپ يالغان گەپ قىلىپ زەنجىرنى ئېلىپ كېتىدىغانلارمۇ چىقىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇ دېگەن ئالتۇن زەنجىر — دە.

— ئەگەر كۆلۈندىكىسى ئۆزىنىڭ ئىسمى بولمىسا ئادەتتە تاقاپ يۈرەلمەسلىكى مۇمكىن، — دېدى لاۋرى.

— بەلكىم شۇنداقمۇ بولار، ئەمما مەن ئۇلارنىڭ زەنجىرنى قولدىن قولغا ئېلىپ كۆرۈشلىرىنى خالىمايمەن، بولمىسا ئاغزىغا كەلگەن يالغان گەپلەرنى توقۇۋېرىدۇ.

باشقا قىزلارنىڭ ھەممىسى ئاياللار ھاجەتخانىسىغا قاراپ مېڭىپ، بۇ يەردە بىر لاۋرىلا قېلىپ قالدى.

— ھەي قىزلار، — دەپ توۋلىدى دېلفىن ئۇلارنىڭ كەينىدىن، — ئۇ يەرگە كىرىشكە بولمايدۇ.

ئۇلار كەينىگە قايرىلىپ ھەيران بولۇپ تۇرۇپ قېلىشتى.

— نېمىشقا كىرىشكە بولمايدۇ؟

— ئۇ يەرگە كىرىدىغانلارنىڭ چەكلىمىسى بار، سىرتتىن كەلگەنلەر كىرىشكە بولمايدۇ، باشقا يەردىكىسىگە كىرىڭلار.

— سىز بۇرۇن بىزنى پەقەتلا توسۇپ باقمىغانغۇ؟

— بۇرۇن دېگەن بۇرۇن، ھازىر دېگەن ھازىر.

— سىرتتىن كىرگەنلەرگىمۇ رۇخسەت قىلاتتىڭلارغۇ؟

— ئۇنداق بەلگىلىمە بىزدە بولۇپ باقمىغان، — دېدى

دېلفىن. شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ ھاجەتخانىسىغا چەكلىمە يوق، شۇ يەرگە بىرىڭلار بولمىسا.

— مەن سىزنى دېمىدىم، — دېدى ئۇ قىزلارغا ئېگىشىپ چىقىپ كەتمەكچى بولۇۋاتقان لاۋرىغا قاراپ، — بۇ زەنجىرنىڭ سىزنىڭ بولماي قالغىنىدىن بەكمۇ ئەپسۇسلاندىم، بىر - ئىككى كۈندىن كېيىن يەنە بىر كېلىپ كۆرۈپ بېقىڭ، ئەگەر شۇنىڭغىچە ئىگىسى كەلمىسە، دېمەك بۇنىڭدا سىزنىڭ ئىسمىڭىز بولغاندىكىن سىزنىڭ دېگەن گەپ.

لاۋرى ئەتىسى يەنە كەلدى. ئۇ بۇ زەنجىرنى ئازراقمۇ ياخشى كۆرمىدى. ئۆزىنىڭ ئىسمىنى زەنجىرنىڭ كۆلۈنىغا ئېسىۋېلىپ ھەممە يەردە خەقلەرگە كۆز - كۆز قىلىشنى پەقەتلا تەسەۋۋۇرىغا سىغدۇرالمايتتى. ئۇنىڭ بارىدىغان يەرلىرىمۇ يوق ھېسابىدا ئىدى، بارسا گېزىتخانىغا باراتتى. كېيىن باشقا قىزلارنىڭ ئۆزىنىڭ دادىسىنىڭ گېزىتخانىسى، دېگەن گېپىنى مەسخىرە قىلىپ يۈرۈۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئۇ يەرگىمۇ بارمايدىغان بولۇپ قالدى.

ئۇ ئەتىسى بۇ مېھمانخانىغا ئەگەر پوكەيدە پارازيان ئەپەندى بولسا كىرمەيدىغان، دېلفىن بولسا كىرىدىغان بولۇپ كەلدى. قارىسا پوكەيدە دېلفىن تۇرۇپتۇ، بىر تەشتەكتىكى سەت بىر گۈلگە سۇ قۇيۇۋاتقانىكەن.

— كەلگىنىڭىز ياخشى بولدى، — دېدى دېلفىن ئۇنى كۆرۈپ، — زەنجىر مېنىڭ دەپ ھېچكىم كېلىپ باقمىدى. شۇنداقتىمۇ ھەپتىنىڭ ئاخىرىغىچە يەنە ساقلاپ باقايلى. ماڭا بۇ زەنجىر سىزنىڭكىدەكلا بىلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. شۇنىڭغىچە ھەر كۈنى كېلىپ تۇرۇڭ، دەل مۇشۇ چاغدا، چۈشتىن كېيىن مەن قەھۋەخانىدا ئىشلىمەيمەن. سىز كەلگەندە بولماي قالسام قوڭغۇراقنىڭ يىپىنى تارتىسىڭىز، مەن شۇ ئان ئالدىڭىزدا ئۇنىمەن، بۇ ئەتراپتىن نېرىغا كەتمەيمەن.

لاۋرى «بولىدۇ» دەپ قويۇپ كەينىگە ياناقچى بولۇپ تۇراتتى،

ئۇ:

— بىر مىنۇت ئۇلتۇرۇپ تۇرۇشىڭىزغا بولامدۇ؟ مەن تېخى يېڭىلا چاي دەملەي دەپ تۇراتتىم. سىز ئەزەلدىن چاي ئىچىپ باقمىغانغۇ دەيمەن. ئۇلار سىزگە چاي ئىچۈرمەمدۇ؟ يا بولمىسا كوكا كولا ئىچەمسىز؟

— لىمون سۇيىدىن بولسا ئىچەي، — دېدى لاۋرى، — رەھمەت سىزگە.

— شىشە ئىستاكاندا ئىچەمسىز؟ شىشە ئىستاكاندا ئىچىشنى ياخشى كۆرىسىزغۇ دەيمەن؟ مۇزدىكىنى ئىچەمسىز؟

— ئەسلىدە قانداق بولسا شۇندىقىنى ئىچەي، — دېدى لاۋرى، — رەھمەت سىزگە.

دېلفېن بىر شىشە ئىستاكانغا لىمون سۇيىدىن قۇيۇپ، ئۈستىگە كىچىك بىر پارچە مۇز تاشلىۋېتىپ ئەكېلىپ بەردى.

— مېنىڭچە، بەكمۇ مۇزدەك بولۇپ كەتمىدى، — دېدى ئۇ.

ئۇ يەنە لاۋرىدىن نەدە ئولتۇرۇپ ئىچىشنى خالايدىغانلىقىنى، دېرىزىنىڭ تۈۋىدىكى كونا خۇرۇم ئورۇندۇقتىمۇ ياكى پوكەينىڭ ئالدىدا تۇرغان ئېگىز ئورۇنداقتىمۇ، دەپ سورىدى. لاۋرى پوكەينىڭ ئالدىدىكى ئېگىز ئورۇندۇقنى تاللىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ شۇ ئورۇندۇقتا، دېلفېن ئۇنىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

— خوش، — دېدى دېلفېن، — سىز ماڭا ئەمدى مەكتەپتە بۈگۈن نېمىلەرنى ئۆگەنگىنىڭىزنى سۆزلەپ بېرەلەرسىزمۇ؟

— ئەمدى بۇ...

دېلفېننىڭ كەڭ يۈزىدە بىردىنلا كۈلكە ئويناپ كەتتى.

— سىزدىن چاقچاق قىلىپ سوراپ قويدۇم. بۇرۇن مەن باشقىلارنىڭ مەندىن مۇشۇ گەپنى سورىشىدىن بەكمۇ بىزار ئىدىم. بۇنداق بولۇشى، شۇ كۈنى نېمىلەرنى ئۆگەنگىنىمنى پەقەتلا ئېسىمدە تۇتالمايتتىم، شۇڭا دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن، مەكتەپتە بولغان ئىشلارنى سۆزلەش ماڭا ئىنتايىن تەس

www.uyghurkitap.com

كېلەتتى. بولدىلا، ئىككىمىز بۇ توغرۇلۇق سۆزلەشمەيلا قويايلى.

بۇ ئايالنىڭ ئۆزى بىلەن بۇ دەرىجىدە يېقىن ئۆتۈشنى خالاپ قالغانلىقى لاۋرىغا ھەيران قالارلىق تۇيۇلۇپمۇ كەتمىدى، چۈنكى ئۇ كىچىكىدىن تارتىپ بالىلار بىلەن چوڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا باراۋەر مۇناسىۋەتنىڭ بولۇشى كېرەكلىكى توغرىسىدا كۆپ گەپلەرنى ئاڭلىغانىدى، لېكىن چوڭلارنىڭ بالىلارغا ھەقىقىي تۈردە شۇنداق مۇئامىلە قىلىشى ناھايىتى ئاز كۆرۈنەتتى، شۇڭا ئۇ گەپنىڭ راستلىقىغا ئانچە ئىشىنىپمۇ كەتمەيتتى. ئۇنىڭغا دىلفېن ئازراق جىددىيلىشىپ قېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كېتىۋاتاتتى. شۇڭا ئۇ توختىماي سۆزلەيتتى، كۈلمەيدىغان گەپلەرگە قاقاھلاپ كۈلۈپ كېتەتتى. ھەتتا ئازراق ئۇستىلىق ئىشلىتىپ، تارتمىدىن ئاللىبۇرۇن تەييارلاپ قويغان كىچىك بىر پارچە شاكىلاتنىمۇ چىقىرىپ ئۇنىڭغا بەردى.

— بۇنى يېيىڭىز ئىچكەن سۇيىڭىز ئاغزىڭىزغا تېخىمۇ تەملىك تېتىيدىغان بولىدۇ ھەم مېنىڭ سىزنى قانچىلىك ياخشى كۆرىدىغانلىقىمنى بىلىسىز، توغرىمۇ؟ — دېدى ئۇ.

لاۋرى ئۇ ئايالنىڭ ئۆزىگە كۆرسىتىۋاتقان بۇ قىزغىنلىقىدىن خىجىل بولۇپ قېلىۋاتاتتى ھەم شاكىلات بەرگەنلىكىدىن خۇشالمۇ بولۇۋاتاتتى. ئۆزىنىڭ ئۆيىدە بۇنداق تاتلىق - تۈرۈملەرنى زادىلا يېيەلمەيتتى.

— سىز مېنى مۇشۇنداق نەرسىلەرنى بېرىپ تۇرسام دائىم يېنىمغا كېلىپ تۇرامدىكىن دەپ ئويلاپ قالماڭ، — دېدى ئۇ، — بۇنداق نەرسىلەرنى بەرمىسىڭىزمۇ كېلىپ تۇرىمەن.

دىلفېن ئەمسە شاكىلاتنى ياندۇرۇپ بېرىدىغاندەك قىلىپ قولىنى سوزغانىدى، لاۋرى شاكىلاتنى ئۇنىڭدىن قاچۇرۇپ ئىختىيارسىز قاقاھلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— بۇ قېتىم قوبۇل قىلاي، كېلەر قېتىمدىن باشلاپ مېنى شاكىلات بىلەن سېتىۋالمەن، دەپ ئويلىماڭ.

— مۇشۇ بىر قېتىم سېتىۋالغىنىڭىز يېتىپ ئاشىدۇ،

دېمەكچىمۇسىز؟

— مېنىڭ پەقەتلا ئۆيگە قايتىپ كەتكۈم يوق، بىر ئىشلارنى قىلغۇم كېلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، — دېدى لاۋرى.

— بېرىپ دوستلىرىڭىزنى كۆرۈپ كەلمەمسىز؟

— مېنىڭ دوستلىرىم يوق، مەن بۇ مەكتەپكە 9 - ئايدا كەلگەن.

— ئەگەر بۇرۇنراق كەلگەن بولسىڭىز، بۇ يەرنىڭ كەپسىز بالىلىرى سىزنى بىكار قويمايتتى. بوپتۇ، ئۇلاردىن قانچە يىراق يۈرسىڭىز شۇنچە ياخشى. سىزنىڭ بىزنىڭ بۇ يەرگە بولغان تەسىراتىڭىز قانداقراق؟

— بەكمۇ كىچىك جاي ئىكەن، بەزى جايلىرى بولىدۇ.

— بۇ يەرنىڭ ھەممە يېرى ئەخلەتخانا، مەن ھاياتىمدا كۆرگەن ئەخلەتخانىلار ئىچىدىكى ئەڭ ناچىرى، بەزىدە بۇرنۇمنى چاشقانلارنىڭ يەپ كەتمىگىنىگە شۈكۈر قىلىمەن، — ئۇ بۇرنۇم بارمۇ - يوق دېگەندەك دەررۇ بۇرنىنى سىلاپ قويدى. ئىرناقلىرىنىڭ رەڭگى بىلەن كۆزلىرىنىڭ رەڭگى ئوخشاش ئىدى، — ھەرھالدا بۇرنۇم ساقلىنىپ قالدى، — دەپ قويدى ئۇ. گېپىنىڭ ئاخىرىدا بۇرنىنىڭ جايىدا ئىكەنلىكىگە ھەيران قالغاندەك قىلىپ.

بۇ يەرنىڭ ھەممە يېرى ئەخلەتخانا. دېلفىن دائىم ئاشۇنداق گەپ قىلاتتى، گەپلىرى ئۆتكۈر ئىدى، گەپ قىلغاندا بىرسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ ياكى ئويلىنىپ ئولتۇرمايتتى، ئۇدۇل دەۋېرەتتى، بىر ئىشلار ئۇستىدىكى ھۆكمى شۇنچىلىك كەسكىن ھەم ئاچچىق ئىدى. ئۆزى توغرۇلۇق، ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىدىغان نەرسىلىرى ۋە جىسمانىي كۈچى توغرۇلۇق گەپ قىلغاندىمۇ خۇددى پۈتۈن يەرنى زىلزىلىگە سېلىۋەتكەن بىرەر دېلو توغرىسىدا گەپ قىلىۋاتقاندەك، دەۋاتقانلىرىنىڭ ھەممىسى تەگدىشى، مىسالى يوق ئىشلاردەك سۆزلەيتتى.

ئۇ قىزىلچىغا ئىنتايىن سەزگۈر ئىدى. قىزىلچا سۈيىدىن بىر تامچە گېلىغا كېتىدىغان بولسا شۇ ئان پۈتۈن يېرى ئېشىپ كېتەتتى، دەرھال دوختۇرغا ئاپىرىپ جىددىي ئوپېراتسىيە قىلمىسا بولمايتتى. شۇنىڭدىلا ئەركىن نەپەس ئالالايتتى.

— سىزچۇ؟ سىز قانداق نەرسىگە سەزگۈر؟ ھېچنېمىگە سەزگۈر ئەمەس؟ ئۇنداق بولسا ياخشىكەنسىز.

ئۇ ئايال كىشى ئۆزىنىڭ ئىككى قولىنى ياخشى ئاسرىشى، تاماق يەۋېتىپمۇ قولىنى ئاسرايدىغان ھەرىكەتلەرنى قىلىپ تۇرۇشى كېرەك، دەپ ئويلايتتى. تىرناقلىرىغا قېنىق كۆك ياكى قوڭۇر رەڭلىك لاكلارنى سۈركىۋالاتتى. ئۇ يەنە قولاقلىرىغا مىدىرلاپلا كەتسە جىرىڭلاپ تۇرىدىغان يوغان ھالقىلارنى سېلىۋالاتتى، تۈگمىچىلىك ياكى ئۇنىڭدىن كىچىك ھالقىلارنى ياراتمايتتى.

ئۇ يىلاندىن قورقمايتتى، ئەمما مۈشۈكتىن ئۆلگۈدەك قورقاتتى. ئاپىسىنىڭ دەپ بېرىشىچە، ئۇ بوۋاق ۋاقتىدا ئىچىۋاتقان سۈتىنىڭ پۇرىقى بىلەن بىر مۈشۈك كىرىپ ئۇنىڭ ئۈستىدە يېتىۋاپتىكەن، شۇنىڭدىن كېيىن مۈشۈكتىن قورقىدىغان بولۇپ قاپتۇ.

— سىزچۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ لاۋرىدىن، — سىز نېمىدىن ئەڭ قورقىسىز؟ قايسى رەڭنى ياخشى كۆرىسىز؟ كىچىكلەردە چۈشەكەپ تالاغا چىقىپ كەتكەن ئىشلىرىڭىزمۇ بولغانمۇ؟ دېڭىزنىڭ بويىغا بېرىپ ئۆزىڭىزنى ئاپتاپقا سېلىپ باققانمۇ؟ بىر يېرىڭىز ئاپتاپتا كۆيۈپمۇ قالغانمۇ؟ چاچلىرىڭىزنىڭ ئۆسۈشى تېزمۇ، ئاستىمۇ؟

لاۋرى باشقىلارنىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا قىزىقىشلىرىغا ئادەتلەنمىگەنمۇ ئەمەس ئىدى. خاررى بىلەن ئېمىرىنىڭ ئۇنىڭ ئىشلىرىغا قىزىقاتتى — بولۇپمۇ خاررى — ئۇلارنىڭ قىزىقىدىغىنى ئۇنىڭ ئىدىيەسى، پىكىرلىرى ۋە مەسىلىلەرگە بولغان قاراشلىرى ئىدى. بەزىدە ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلىرى ئۇنى

بىزارمۇ قىلىپ قوياتتى. ئەمما، ئۆزى قىلچە سەزمەيدىغان بۇ ئىشلىرىنىڭ كىشىلەر شۇنچىلىك جىددىي قارايدىغان، شۇنچىلىك قىزىقىدىغان ئىشلار ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەيتتى ياكى ھېس قىلمايتتى. ھازىرمۇ ئۇ دېلفىننىڭ ئۆزىنىڭ ئىشلىرىغا بولغان قىزىقىشلىرىنى دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭكىگە ئوخشىتىپ، مېنىڭ خۇسۇسىي ئىشلىرىمغا قىزىقىشىدا بىرەر مەقسەت بولۇپ قالمىسۇن، ھوشيار بولمىسام بولمايدۇ، دېگەننى پەقەتلا ئويلاپ قويمىدى.

دېلفىن ئۇنىڭغا نۇرغۇن قىزىق ئىشلارنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ ئۆزىنىڭ نۇرغۇن قىزىق، كۈلكىلىك ئىشلارنى بىلىدىغانلىقىنى، ئۇلارنىڭ ئىچىدە لاۋرىغا لايىقلىرىنى سۆزلەپ بېرىۋاتقانلىقىنى دەپ تۇردى. خاررى نېۋفوندلاندلىقلارنى مەسخىرە قىلىدىغان قىزىق ئىشلىرىنى سۆزلەپ بېرىشكە بولمايدۇ دەپ ئويلاپ پەقەتلا سۆزلەپ بەرمەيتتى. لېكىن، دېلفىن ئايرىماي، دىققەت قىلماي سۆزلەۋەرگەندى. لاۋرى ئاڭلاپ، ئۇنى ئەيىبلىگەندەك كۈلۈپ قويدى.

ئۇ مەكتەپتىن قايتقاندا بىر دوستىنىڭ ئۆيىگە بارىدىغانلىقىنى خاررى بىلەن ئېرىنگكە دەپ قويغانىدى. ئۇنىڭ بۇ گېپى يالغانمۇ ئەمەس ئىدى، دادىسى بىلەن ئاپىسى ئاڭلاپ خۇشال بولدى. ئۇ كۆڭلىدە ئۆزىنىڭ ئىسمى بار زەنجىرنى ئۇلارنى باشقىچە ئويلاپ قالمىسۇن، ئىگىسى كېلىپ قالسا ياخشى ئەمەس، دەپ ئويلاپ دېلفىن ھەرقانچە زورلىسىمۇ ئۆيىگە ئېلىپ بارمىغانىدى.

دېلفىن خاررىنى بىلەتتى، قەھۋەخانىمۇ ئۇنىڭغا ناشتىلىق قەھۋە ئەكېلىپ بەرگەنىدى، شۇڭا لاۋرى ئۆزىنى كۆرگىلى كېلىپ تۇرىدىغانلىقىنى ئۇنىڭغا دېسە بولىۋېرەتتى، لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلمىدى.

ئۇ بەزىدە پوكەيگە، بىرەر ئېھتىياجىڭىز بولسا قوڭغۇراقنى

بېسىڭ، دېگەن خەت يېزىلغان تاختىنى قويۇپ قويۇپ لاۋرىنى مېھمانخانىنىڭ باشقا يەرلىرىنى كۆرسەتكىلى ئېلىپ كېتەتتى. تۇيۇقسىز مېھمانلار كېلىپ قېلىپ قوڭغۇراقنى باسسا دەررۇ قايتىپ كېلىپ تەرەت تۇڭلىرىنى يۇيۇپ، يوتقان - كۆرپىلەرنىڭ كىرلىكلىرىنى ئالماشتۇرۇپ، چاڭ سۈمۈرگۈچ بىلەن ياتاقتىكى گىلەملەرنى تازىلاپ، ئاندىن ئۇلارنى ياتاقلارغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قوياتتى. بۇ ئىشلارنىڭ بىرسىگىمۇ لاۋرىنى ئارىلاشتۇرمايتتى.

— بىر چەتتە ئولتۇرۇپ ماڭا پاراڭ قىلىپ بەرسىڭىزلا بولىدۇ، — دەيتتى ئۇنىڭغا، — بۇ ئىشلار ئادەمنى ئاسان چارچىتىۋېتىدۇ.

لېكىن، گەپ قىلىدىغىنى لاۋرى ئەمەس ئۆزى بولاتتى، ئۆزىنىڭ تۇرمۇشىدىكى بەزى ئىشلارنى باش - ئۇچى يوق، ناھايىتى تەپسىلىي سۆزلەپ كېتەتتى. مەلۇم ئادەملەر توغرۇلۇق سۆزلەيتتى، بىردەمدىلا ئۇ ئادەملەرنىڭ گەپلىرى يوقاپ كېتىپ، خۇددى ئۇ ئادەملەرنىڭ ئىشلىرىنى لاۋرى بىلىدىغاندەك، ئۇلار توغرۇلۇق سورىمايدىغاندەك ئۇلارنى قايتا ئاغزىغا ئېلىپ قويمايتتى. ئۇ ئۇ ئادەملەرنى ئەپەندى، خانىم دەپ ئاتايتتى، ياخشى غوجايىنلار ئىدى دەپ ماختاپمۇ كېتەتتى. ئۇ تۇزلىغان چوشقا گۆشى، قېرى ئاتنىڭ ساغرىسى دەپ ئاتىۋالغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى يامان غوجايىنلار ئىدى. ئۇ يەنە دوختۇرخانىدىمۇ ئىشلىگەنىدى (سېسترا بولغان؟ يوق گەپنى قىلماڭلارچۇ!) ئۇنىڭدىن باشقا، تاماكا تېرىغان ئېتىزلىقتا، ئاشخانىدا، ئەرزان باھالىق ھاراق ساتىدىغان قاۋاقخانىدا، پەن زاۋۇتىدا (ئۇ يەردە ئاشپەز بولغان)، ئاپتوموبىل رېمونت زاۋۇتىدا (ئۇ يەردە تازىلىق ئىشچىسى بولغان، كۆرگەن ئەسكى ئىشلىرىنىڭ سانى يوق)، كېچىچە تاقالمايدىغان دۇكانلاردىمۇ ئىشلىگەنىدى. بىر قېتىم كېچىدە بۇلاڭچىغا ئۇچراپ قېلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن كېچىدە ئىشلەيدىغان ئۇ ئىشىدىن ئىستىپا بېرىپ ئىككىنچى ئىشلىمىگەنىدى.

ئۇ بەزىدە لورراين بىلەن بەزىدە فىل بىلەن ياخشى ئۆتۈشەتتى، فېرنىڭ بىر ئادىتى، سىزگە دەپ قويمايلا نەرسىلىرىڭىزنى ئېلىپ ئىشلىتىۋېرەتتى. دېلفېنىڭ بىر چاپىنىنى تانسىغا كىيىپ بېرىپ، قولتۇقىنى يىرتىۋېتىپ ھەم تەرگە مىلەپ تاشلاپ قويغانىدى. لورراين تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تولۇق تۈگەتكەن قىز ئىدى، كاللىسىدا دەردى بار بىرسى بىلەن توي قىلىپ قېلىپ ئەرنىڭ دەردىنى قاتتىق تارتىپ كۆپ پۇشايمان يېگەنىدى.

دېلفېنمۇ بۇ چاغقىچە تويمۇ قىلىپ بولاتتى، لېكىن تونۇشقان يىگىتلىرىنىڭ بىرسى ئۇنداق، بىرسى بۇنداق چىقىپ، ئۇلارنىڭ كېيىن قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلەلمەي كەلدى، كېيىن بىرسىنى ياخشى كۆرگەن، ئىسمى تومىي كىلبېرىد ئىدى، كېيىن ئۇ كاتولىك دىنىنىڭ ئادىمى چىقىپ قالدى.

— كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئادەمنىڭ بىر ئايال كىشى ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى سىز چۈشەنمەسلىكىڭىز مۇمكىن.

— تۇغۇتنى چەكلىيەلمەيدىغانلىقتىن دېرەك بېرىدىغاندۇ شۇ، — دېدى لاۋرى، — ئېيىرىنگ دەسلەپتە كاتولىك دىنىغا ئېتىقاد قىلاتتى، كېيىن كاتولىك دىنىنىڭ ئۇنداق تەلەپلىرىگە كۆنەلمەي ئۇ دىندىن چىقىۋالدى. ئۇ مېنىڭ ئاپام بولىدۇ.

— ئاپىڭىز ئەنسىرەپ كەتمىسىمۇ بوپتىكەن، بەزىدە ئۇنداقمۇ بولۇپ كەتمەيتتى.

لاۋرى ئۇنىڭ بۇ گېپىنى چۈشەنمەي، دېلفېن مېنى بىرلا بالا تېپىش تەرەپدارلىرىدىن ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالغاندەك قىلىدۇ، دېگەن خىيالغا كېلىپ قالدى. خاررى بىلەن ئېيىرىنگ ئۆزى تۇغۇلغاندىن كېيىن يەنە بىر بالىلىق بولۇشنى ئويلىغان، لېكىن ئېيىرىنگ خالىماي، شۇنىڭدىن كېيىن تۇغمىغانىدى.

لاۋرى بۇ ئىشنى دېلفېن ئويلىغاندەك ئويلىمىغانىدى.

— ئەگەر ئۇلار يەنە بىر بالىلىق بولۇشنى ئويلىغان بولسا

بولالايتتى، لېكىن نېمىشقىكىن، مەندىن كېيىن يەنە بىرنى تۇغۇشنى خالىمىدىغۇتاڭ، ــ دېدى.

ــ بۇ سىزنىڭ خىيالىڭىز، توغرىمۇ؟ ــ دېدى دېلفىن چاقچاق قىلىپ، ــ بەلكىم ئۇلار بالا تاپالمايدىغان ئادەملەردۇ، سىزنىمۇ بىر يەردىن بېقىۋالغاندۇ.

ــ ياق، ئۇلار مېنى بېقىۋالغان ئەمەس، ــ ئۇ ئېيىرىنىككە ئىككىنچى بولۇپ قالغان چاغدا دادىسى ئۆزىگە سۆزلەپ بەرگەن ئىشلارنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بېرىشكە تاس قېلىپ ئىتتىك ئۆزىنى تۇتۇۋالدى. چۈنكى، خاررى ئۇ ئىشلارنى ئۇنىڭغا ئىنتايىن مەخپىي ئىش دەپ تۇرۇپ سۆزلەپ بەرگەن، بۇ ئىشنى ھېچقانداق ئادەمگە ئېيتماسلىقنى قاتتىق تاپىلىغانىدى. لاۋرى ۋەدىگە ۋاپا قىلىشتا خۇراپىيلىق دەرىجىسىگە بېرىپ يەتكەن قىز بولغاچقا، چوڭلارنىڭ قىلغان ۋەدىلىرىگە ئەمەل قىلمايدىغان ئىشلىرىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتسىمۇ، ئۆزىنىڭ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىشنى پەقەتلا خالىمىدى.

ــ بەكمۇ جىددىيلىشىپ كەتمەڭ، ــ دېدى دېلفىن لاۋرىنىڭ ئېڭىكىنى كۆتۈرۈپ قويۇپ. ئاندىن قارا رەڭدە لاك سۈركىۋالغان تىرنىقى بىلەن ئۇنىڭ مەڭزىگە بىرنى چېكىپ قويدى، ــ چاقچاق قىلىپ قويدۇم.

مېھمانخانىنىڭ كىرئالغۇسىنىڭ كىرنى قۇرۇتىدىغان ئۇسكۇنىسىدىن چاتاق چىقىپ قالغاچقا، دېلفىن ئامالسىز ھۆل كىرلىكلەر بىلەن لۆڭگىلەرنى كىرئالغۇدىن ئېلىپ تالاغا ئاچىقىپ يايماقچى بولدى. لېكىن، تالادا يامغۇر يېغىۋاتاتتى، تاشلىنىپ قالغان ئات ئېغىلىدىن باشقا كىر يايىدىغان جاي يوق ئىدى. دېلفىن كىرلەرنى يوغان بىر سېۋەتكە سېلىپ لاۋرىنىڭ ياردىمى بىلەن ئارقا ھويلىدىكى ئېغىلغا كۆتۈرۈپ ئاچىقتى. ئېغىلنىڭ ئاستىغا سېمونت لاي ياتقۇزۇۋېتىلگەنىكەن، شۇنداقتىمۇ بۇ يەر چىللە پۇراپ تۇراتتى. بۇ يەر ھېچنېمە يوق

قۇرۇق ئىدى، كىر يايىدىغان بىرنەچچە ئارغامچا تارتىقلىق تۇراتتى، يەنە بىرنەچچە كونا ئىشكاپ ـ ئورۇندۇقلارمۇ بار ئىدى. قىزىق يېرى، بۇ ئېغىلدىن قىلغان گەپ ـ سۆزلەر بىلەن ماڭغان ئاياغ ئاۋازلىرىدىن ئەكس سادا كېلىپ تۇراتتى.

— ئىسمىڭىزنى دەپ توۋلاپ بېقىڭا، — دېدى دېلفېن لاۋرىغا.

لاۋرى: «دېل — فې — ن!» دەپ توۋلىدى.

— نېمە قىلىۋاتىسىز؟ ئۆزىڭىزنىڭ ئىسمىنى توۋلاڭ دەۋاتىمەن.

— سىزنىڭ ئىسمىڭىزنى توۋلىسام جاراڭلىق ئاڭلىنىدىكەن، — دېدى. لاۋرى. ئارقىدىن يەنە: «دېل — فېن — ن» دەپ توۋلىدى.

— مەن ئۆزۈمنىڭ ئىسمىمنى ياخشى كۆرمەيمەن. نۇرغۇن ئادەملەرمۇ ئۆزىنىڭ ئىسىملىرىنى ئوخشاشلا ياخشى كۆرمەيدۇ، — دېدى دېلفېن.

— مەنمۇ ئىسمىمنى ياخشى كۆرمەيمەن.

دېلفېن كىرلىكلەرنى قىسقۇچلار بىلەن ئارقانلارغا قىسىپ يېيىشقا باشلىدى، بۇ يەردە كىرلىكلەر ھويلىدىكى ئادەملەرگە كۆرۈنمەيتتى، لاۋرى ئېغىلنىڭ ئىچىدە ئەركىن مېڭىپ يۈرۈۋاتاتتى، ئارىلاپ ئىسقىرتىپمۇ قوياتتى.

— بۇ يەردە ناخشا ئېيتسا چىرايلىق ئاڭلانغۇدەك، — دېدى دېلفېن، — ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان بىر ناخشىنى ئېيتىپ بېقىڭچۇ.

لاۋرى قايسى ناخشىنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى دەرمەھەل تاپالماي قالدى. بۇ ئەھۋال دېلفېننى خۇددى لاۋرىنىڭ بىرمۇ قىزىق گەپ قىلالمايدىغانلىقى ھەيران قالدۇرغاندەك ھەيران قالدۇردى.

— مەن ياخشى كۆرىدىغان ناخشىلار ناھايىتى كۆپ، — دېدى دېلفېن. ئارقىدىن بىر ناخشىنى ئېيتتى:

www.uyghurkitap.com

ساما‌نيولى كەڭرىدۇر، بىر چاقىرىمدىن ئاشقۇدەك ــ [1]

بۇ ناخشىنى خاررىمۇ بەزىدە ئېيتىپ قوياتتى، ئېيتقاندىمۇ خۇددى ئۆزىگە ئۆزى چاقچاق قىلىۋاتقاندەك ناھايىتى قىزىقارلىق قىلىپ ئېيتاتتى، دىلفىنىنىڭ ئېيتىشى ئۇنىڭكىگە خېلىلا ئوخشمايتتى، ئۇنىڭ ئاۋازىدىكى مۇڭ لاۋرىنىڭ خىياللىرىنى ئاللىقاياقلارغا ئېلىپ كەتتى، كۆزلىرىگە شامالدا لەپىلدەپ تۇرغان كىرلىكلەرمۇ خۇددى ناخشىنىڭ مۇڭى بىلەن تەۋرىنىپ كېتىۋاتقاندەك كۆرۈنۈشكە باشلاپ، بىر خىل تاتلىق سېزىم ئىچىگە چۆكۈپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ناخشىسى يەنە بىر كىملەرگە قاراپ، خۇددى باغرىغا مەھكەم باسماقچى بولغاندەك غۇلاچلىرىنى كەڭ يېيىپ تۇرۇۋاتقان ھېسسىياتقا باي بىر يىگىتنىمۇ ئادەمنىڭ كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ناخشا ئىچىدىكى ئۆرتەپ تۇرۇۋاتقان ئېغىر بىر ھېسسىيات لاۋرىنىڭ قورسىقىغا سوغۇق بىر تىترەك سېلىپ، ئۇنىڭ ئاغرىپ قېلىشىدىن بېشارەت بېرىپ تۇرۇۋاتقاندەكمۇ قىلدى.

تۇرۇپتۇ ساقلاپ دەريا بويىدا،
مېنىڭ دوستۇم ھۆكلېبېررى [2]

لاۋرى يۈزلۈكى يوق بىر ئورۇندۇقنى سۆرەپ مېڭىۋىدى، پۇتلىرىنىڭ يەرنى جىجاپ ماڭغان ئاۋازى ناخشىسىنى بېسىپ كېتىپ ناخشا توختاپ قالدى.

---

① بۇ ئامېرىكا 1961 ـ يىلى ئىشلىگەن «دىفىنىنىڭ ناشتىلىقى» ناملىق فىلىمنىڭ بىر قىستۇرما ناخشىسى. بىر مەزگىل ھەممىلا يەردە ئېيتىلىپ يۈرگەن.

② ھۆكلېبېررى ــ مارك تۋېننىڭ «ھۆكلېبېررى فىننىڭ كەچۈرمىشلىرى» ناملىق رومانىنىڭ باش قەھرىمانى.

*　　　*　　　*

— بەزى چاغلاردا مېنىڭ سىلەردىن، — دېدى لاۋرى كەچلىك تاماق ۋاقتىدا خاررى بىلەن ئېيرىنگكە، — مېنى سىلەر بېقىۋالغانمۇ، دەپ سورىغۇم كېلىپ قالىدۇ.

— ساڭا بۇ خىيال نەدىن كەلدى؟ — دېدى ئېيرىنگ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ، خاررىنىڭ يېگىنى ئاغزىدا قالدى. دەسلەپتە ھەيران قېلىپ كېيىن چاقچاق ئارىلاش:

— ئەگەر باشتىلا بىزدە بالا بېقىۋېلىش نىيىتى بولىدىغان بولسا، ساڭا ئوخشاش خىيالىغا كەلگەننى سورايدىغان بالىنى بېقىۋالامدۇق؟ — دېدى.

ئېيرىنگ ئورنىدىن تۇرۇپ كۆڭلىكىنىڭ سىيرىتمىسىنى ئېچىۋەتكەنىدى، كۆڭلىكى سىيرىلىپ پەسكە چۈشۈپ قالدى. ئاندىن ئىچىدىكى بەدىنىگە چاپلىشىپ تۇرغان ئىشتىنىنى پەسكە ئازراق چۈشۈرۈپ قورسىقىنى خېلى يوغان ئاچتى.

— بۇ يەرگە قاراپ باق، — دېدى ئۇ قورسىقىنى كۆرسىتىپ، — سېنىڭ ئۇ گېپىڭگە قورسىقىمنىڭ مۇشۇ يېرى جاۋاب بېرەلەيدۇ.

ئۇنىڭ قورسىقى ئۈستىگە كۆڭلەك كىيىۋالغاندا تۈز تۇرغىنى بىلەن ئوچۇق تۇرغاندا ئېگىز ـ پەس ھەم پەسكە ئازراق ساڭگىلاپ تۇراتتى. قورسىقىدا سۇ ئۈزگەندە كىيىدىغان كىيىمىنىڭ ئاپتاپتا قالدۇرغان قېنىق ـ سۇسلۇقى ئوخشىمىغان ئىزلىرىدىن باشقا يول ـ يول ئاپپاق ئىزلارمۇ بار ئىدى، بۇ ئىزلار ئۈستىدىن چۈشۈپ تۇرۇۋاتقان يورۇقتا پارقىراپ تۇرۇۋاتاتتى.

لاۋرى ئۇ ئىزلارنى بۇرۇنمۇ كۆرگەن، ئەمما ئۆزىگە مۇناسىۋەتلىك ئىزلار دەپ ئويلىماي، ئېيرىنگنىڭ بەدىنىدە قولتۇقىنىڭ كەينىدىكى بىر جۈپ مەڭگە ئوخشاش تۇغۇلۇشىدىلا بار ئىزلار، بۇ ئىزلارمۇ ئۇنىڭ بەدىنىدىكى بىر ئالاھىدىلىك

www.uyghurkitap.com

بولسا كىرەك، دەپ بىلىپ كەلگەنىدى.

— ئۇ مېنىڭ قورسىقىمنىڭ تومپىيىپ چىققان ۋاقتىدىن قالغان ئىزلار، — دېدى ئۇ ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ، — مەن ساڭا قورساق كۆتۈرگەن ۋاقتىمدا قورسىقىم مانا مۇشۇنداق تومپىيىپ كەتكەن، — ئۇ قولىنى قورسىقىنىڭ ئالدىغا ئادەم ئىشەنمىگۈدەك ئارىلىقتىچە سوزۇپ كۆرسەتتى، — ئەمدىغۇ گېپىمگە ئىشەنگەنسەن؟

خاررى بېشىنى ئېيرىنگىنىڭ قورسىقىغا قويۇپ بىردەم تۇردى، ئاندىن تۇز ئولتۇرۇپ لاۋرىغا دېدى:

— سەن بەلكىم بىزنىڭ يەنە بىر بالا تۇغمىغىنىمىزدىن ھەيران قېلىشىڭ مۇمكىن، بۇنىڭغا مېنىڭ جاۋابىم: سەن بىزگە ئېھتىياجلىق بىردىنبىر بالىمىز. سەن ئەقىللىك، چىرايلىق ھەم مىجەزىڭ ئوچۇق قىز. ئىككىنچى بالىمىزنىمۇ ساڭا ئوخشاش ياخشى بالا بولىدۇ، دەپ كىم ئېيتالايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز ئەتراپىمىكى ئاددىي ئائىلىلەرگە ئوخشىمايمىز، ئۇياقتىن - بۇياققا كۆچۈپ يۈرۈشلىرىمىزمۇ تۇرمۇشىنىڭ باشقا يوللىرىنى تېپىش، بىر يەردە جىم تۇرۇۋالماسلىق، ھەرىكەت قىلىپ تۇرۇش ئۈچۈن، بىزنىڭ ھەممە تەرەپتىن مۇكەممەل، ماسلىشىشچانلىقى كۈچلۈك بىر بالىمىز تۇرسا، تەۋەككۇل قىلىپ يەنە بىر بالا ئېلىشىمىزنىڭ نېمە ھاجىتى؟

شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ چىرايىنى ئېيرىنگ كۆرەلمەيتتى. خاررى ئۆزىنىڭ ھەرىكەتلىرى، ئۆزىنى تۇتۇشلىرى بىلەن لاۋرىغا قىلىۋاتقان گەپلىرىدىنمۇ بەكرەك تەسىر كۆرسىتىپ تۇرۇۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئىچىدە قىزىنى سەگىتىپ قويۇش، ئۈمىدسىزلىك ۋە ھەيران قېلىشلارمۇ بار ئىدى.

ئەگەر ئېيرىنگ بولمىغان بولسا لاۋرى دادىسىغا تېخىمۇ كۆپ سوئاللارنى قويۇشى مۇمكىن ئىدى. ئۇ سوئاللىرىنىڭ ئىچىدە، ئىككىلا بالاڭلار يوق بولسا ياكى بىرسىمىز قېلىپ بىرسىمىز كەتكەن بولساق قانداق قىلاتتىڭلار؟ ئەگەر ئاپامنىڭ قورسىقىدا

قالمىغان بولسام، قورسىقى ئۈستىدىكى ئۇ ئىزلارغا مەن سەۋەبچى بولمايتتىمغۇ؟ مېنى بېقىۋالمىغىنىڭلارنى نېمە بىلەن ئىسپاتلايسىلەر؟ ئەگەر مەن بىلىشكە تېگىشلىك بولمىغان مۇشۇنچىلىك چوڭ ئىشنى بىلىپ قالمىغان بولسام، ئىككىنچى ئىشنىمۇ بىلمەي قالىدىغانلىقىمغا نېمەڭلار بىلەن كاپالەتلىك قىلالايتتىڭلار؟

مۇشۇ بىر قاتار ئىشلار كاللىسىدا ئېنىق بولۇپ كەتمىگەنىدى، لېكىن ئۇنىڭ ئۇ ئىشلارنى بىلىشكە بولغان قىزىقىشلىرى پەقەتلا سۇسلىشىپ باقمىدى.

لاۋرى مەكتەپتىن قايتىپ مېھمانخانىغا يەنە كەلدى، بۇ قېتىم ئۇ يۆتىلىپ قالغانىدى.

— ئۈستىگە چىقىڭ، — دېدى دېلفىن ئۇنىڭغا، — مېنىڭدە يۆتەلنىڭ ياخشى دورىسى بار.

ئۇ ئىشىكنىڭ بولسا قوڭغۇراقنى بېسىڭ، دېگەن كارتىنى قولىغا ئېلىپ تۇراتتى، پارازىيان ئەپەندى قەھۋەخانىدىن ئالدىدىكى زالغا چىقىپ قالدى. بىر پۇتىدا خورۇم ئاياغ، يەنە بىر پۇتىدا ساپما كەش تۇراتتى، پۇتىنىڭ باشمالتىقى يارىلانغان بولسا كېرەك، تېڭىۋاپتۇ. بىر پۇتىغا ساپما كەش كىيىۋالغىنى شۇنىڭدىن ئىكەن، تېڭىۋالغان داكىدا قان قېتىپ قاپتۇ.

پارازىيان ئەپەندى بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، ئەمما ئۇنىڭغا قارىمىدى.

— مەن ھازىرلا چۈشىمەن، — دېدى ئۇ پارازىيان ئەپەندىگە.

دېلفىننىڭ ياتىقى ئۈچىنچى قەۋەتتە ئىكەن، لاۋرى پەلەمپەيدىن چىقىپ كېتىۋېتىپ تىنماي يۆتىلىپ كېتىۋاتاتتى.

— ئۇنىڭ پۇتى نېمە بولدى؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۈستىگە چىقىپ بولغاندىن كېيىن دېلفىندىن.

— كىمنىڭ پۇتىنى دەيسىز؟ — دېدى دېلفىن، — ھە، پارازىيان ئەپەندىنىڭ پۇتىمۇ؟ بىرسى قاتتىق خورۇم ئايىغىنىڭ

تاپىنىدا دەسسىۋالغان ئوخشايدۇ، شۇنداقمۇ؟

ئۇنىڭ ئۆيى بىنانىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى ئارىلىقتا ئىكەن. بىنانىڭ ئۆگزىسى يانتۇ بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ تورۇسىمۇ يانتۇ ئىدى، دېرىزىسىمۇ شۇنداقراق ئىكەن. ئۆيدە يالغۇز كىشىلىك بىر كارىۋات، يۈز يۇيىدىغان بىر داس، بىر ئورۇندۇق، بىر ئىشكاپ تۇرۇپتۇ، ئورۇندۇقنىڭ ئۈستىگە دوخوپكا قويۇپ قويۇپتۇ، يەنە بىر چۆگۈنمۇ تۇرىدۇ. ئىشكاپنىڭ ئۈستىگە گىرىم بۇيۇملىرى، تارغاق، دورا قۇتىلىرى، بىر كوروپكا سالىدىغان چاي، بىر قەغەز خالتىدا شاكىلات ئۇنى دېگەندەك نەرسىلەر بىر - بىرىگە يېقىن قىلىپ تىزىپ قويۇلۇپتۇ، كارىۋاتنىڭ ئۈستىدە مېھمانلار ياتىدىغان كارىۋاتلارنىڭ ئۈستىدىكى كىرلىكلەرگە ئوخشاش نېپىز رەختتىن تىكىلگەن بىر كىرلىك يېپىقلىق تۇرىدۇ.

— ئۆيۈم ئانچە رەتلىك ئەمەس، شۇنداقمۇ؟ — دېدى دېلفىن، — مېنىڭ بۇ يەردە تۇرىدىغان ۋاقتىم ناھايىتى ئاز، — دېدى ئۇ تۇرۇبىدىن چۆگۈنگە سۇ ئېلىۋېتىپ، ئاندىن چۆگۈننى توكقا تىقىپ قويۇپ، كارىۋاتنىڭ ئۈستىدىكى كىرلىكنى قايرىپ تېگىدىن بىر ئەدىيالنى ئالدى.

— چاپىنىڭىزنى سېلىۋېتىپ، — دېدى ئۇ، — مۇنۇ ئەدىيالغا ئورىنىۋېلىڭ، ھازىرلا ئىسسىيسىز، — ئۇ پار تۇرۇبىسىنى بوش ئۇرۇپ قويدى، — بىر كۈن كەچكىچە تىنماي ئوت قالىسا ئاران - ئاران ئىسسىيدۇ بۇ بىرنېمە.

لاۋرى ئۇنىڭ دېگىنىنى بويىچە قىلدى. دېلفىن ئىشكاپنىڭ ئۈستى تەرىپىدىكى تارتمىنى ئېچىپ، ئىچىدىكى كىچىك بىر قۇتىدىن ئىككى قوشۇق شاكىلات ئۇنىنى ئېلىپ ئالدىن تەييارلىۋالغان بىر چىنىگە سالدى، — شاكىلات ئۇنىنى قايناق سۇغا سېلىپ ئىلەشتۇرۇپ ئىچسە ياخشى بولىدۇ. شاكىلات ئۇنىنى سۈت قوشۇپ ئىچىشكە ئادەتلەنمىگەن بولسىڭىز كېرەك، مەنمۇ شۇنداق ھەتتا چايغىمۇ سۈت ئارىلاشتۇرمايمەن. ئۇنىڭ

ئۆستىگە سۇت ئۇزاقراق تۇرۇپ قالسا بۇزۇلۇپ قالىدۇ، مەندە يا توڭلاتقۇ يوق.

— قايناق سۇ ئارىلاشتۇرۇپ ئىچكەن ئەڭ ياخشى، — دېدى لاۋرى شاكىلاتنى قايناق سۇغا ئارىلاشتۇرۇپ ئىچىپ باقمىغان بولسىمۇ، تۇيۇقسىز ئۇنىڭ كاللىسىغا شۇ تۇرقىدا ئۆزىمىزنىڭ ئۆيىدە سافادا ئەدىيالغا يۆگىنىپ تېلېۋىزور كۆرۈپ ياتقان بولسام قانداق راھەت ئىدى ـ ھە، دەپ ئويلاپ قالدى.

— بولدى، ئۇ يەردە ئۆزە تۇرىۋەرمەڭ، — دېدى دېلفىن. ئاۋازىدا ئازراق ئاچچىق ئارىلاش بىر خىل كەيپىيات بار ئىدى، — كارىۋاتقا ئېلىپ ئازادە ئولتۇرۇڭ، سۇ ھازىرلا قاينايدۇ.

لاۋرى كارىۋاتنىڭ لېۋىگە كېلىپ ئولتۇردى. دېلفىن تۇيۇقسىز كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۇنى ئىككى مۇرىسىدىن چىڭ قۇچاقلىۋالدى — لاۋرى باشقىدىن يەنە يۆتىلىپ كەتتى — ئاندىن تام تەرەپكە ئازراق سۈرۈپ ئاياغلىرىنى سالدۇرۇشقا باشلىدى، ئايىغىنى سالدۇرۇپ بولۇپ، پايپىقى ھۆلمۇ ـ قانداق، دېگەندەك پۇتلىرىنى تۇتۇپ كۆردى.

پايپاقلىرى ھۆل ئەمەس ئىكەن.

— توغرا، يۆتىلىڭىزگە ئازراق دورا بېرەي، ئىچىپ ئازراق يېتىۋېلىڭ، ئۇ يۆتەل قىيامىنى نەگە قويغاندىمەن؟

ئۇ يەنە ئۇستىدىكى تارتمىنى ئېچىپ ئىچىدىن يېرىم بوتۇلكا كەلگۈدەك بىنەپشە رەڭ بىر دورىنى ئېلىپ قوشۇققا لىق قۇيدى.

— ئاغزىڭىزنى ئېچىڭ، — دېدى ئۇ، — بەكمۇ ئاچچىق دورا ئەمەس.

لاۋرى دورىنى ئىچىۋەتكەندىن كېيىن:

— دورىڭىزنىڭ ئىچىدە ۋىسكى بارمۇ نېمە؟ — دەپ سورىدى.

دېلفىن شۇ ئان بوتۇلكىغا قارىدى، ئۇنىڭدا بىرمۇ چۈشەندۈرۈش ياكى دورىنىڭ ئىسمى يوق ئىدى.

— مەن ئۇنىڭدا ھېچقانداق بىر چۈشەندۈرۈشنى كۆرمىدىم،

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

سىز كۆردىڭىزمۇ؟ ئەگەر مەن سىزنىڭ يۆتىلىشىڭىزگە پايدىسى بولسۇن دەپ بىر رومكا ۋىسكى ئىچۈرۈپ قويسام دادىڭىز بىلەن ئاپىڭىز ماڭا خاپا بولۇپ كېتەرمۇ؟

— دادام ماڭا دائىم توددى[①] هارىقىدىن بىر رومكا ئىچۈرۈپ قوياتتى.

— شۇنداقمۇ؟ ئۇ شۇنداق قىلامتى؟

شۇ ئارىلىقتا سۇ قايناپ، دېلفىن چىنىگە قايناق سۇ قۇيۇپ مونەك بولۇپ قالغان شاكىلاتنى تېز - تېز ئىلەشتۈرۈشكە باشلىدى. ئاغزىدا تىنماي: «تېز بول، تېز بول، تېز ئارىلىشىپ كەت! ھەرىكىتىڭ نېمانچە ئاستا سېنىڭ، ئەجەبمۇ ئەسكى نېمىكەنسەنغۇ سەن» دەپ تۇرۇۋاتاتتى، قىياپىتىدىن خۇشال تۇرۇۋاتقىنى چىقىپ تۇراتتى.

بۈگۈن دېلفىن باشقىچە تۇراتتى، ئارتۇقچە ھودۇقۇپ ھەم جىددىيلىشىپ تۇرۇۋاتقاندەك قىلاتتى، بۇ كەيپىياتىدا ئازراق ئاچچىقىمۇ يوق ئەمەس ئىدى، ئۆي كىچىك بولغاچقا ئازادە ھەرىكەت قىلالمايۋاتقىنىدىن شۇنداقمۇ، بىلىپ بولمايتتى، ھەرىكەتلىرى ئەركىن ئەمەس، قورۇنغاندەك ئىدى.

— بۇ ئۆينى كۆرگەندىن كېيىن سىزنىڭ نېمىلەرنى ئويلاۋاتقىنىڭىزنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن، — دېدى ئۇ، — سىز چوقۇم، ھوي، ئۇ نېمانچە كەمبەغەلدۇ؟ نېمىشقا ئۇنىڭ نەرسىلىرى جىق ئەمەس؟ دەپ ئويلىدىڭىز. سىزگە دېسەم، مەن ئۆيگە ئارتۇقچە بىرنەرسىلەرنى يىغىۋېلىشنى ياخشى كۆرمەيمەن. ئەگەر مېنىڭ بانكىدا قانچىلىك پۇلۇم بارلىقىنى باشقىلار ئاڭلايدىغان بولسا چوقۇم ئاغزى ئېچىلىپ قالىدۇ.

ئۇ لاۋرىغا بىر ئىستاكان ئىچىملىك بېرىپ ئۆزى كارىۋاتقا كېلىپ ياستۇققا يۆلىنىپ ئولتۇردى. يوتقاننىڭ ئۈستىگە يېيىپ

---

① ۋىسكىغا ئازراق ئىسسىق سۇ ئارىلاشتۇرۇپ ياسىلىدىغان بىر خىل تاتلىق ئىچىملىك.

قويغان ئەدىيالنى قايرىۋېتىپ پۇتىنى ئىچىگە تىقىۋالدى. لاۋرى ئۇزۇن نىلون پايپاق كىيىۋالغان پۇتلارنى كۆرسە بىر خىل بىئارام بولاتتى، ئۇنىڭ بىئارام بولىدىغىنى يالاڭ ئاياغ، قىسقا يىپ پايپاق، ئاياغ كىيىۋالغان، نىلون پايپاقنىڭ ئۈستىگە ئاياغ كىيىۋالغان پۇتلار ئەمەس، بەلكى نىلون پايپاق كىيىۋېلىپ ئاپتاپقا سالىدىغان پۇتلار ئىدى، بولۇپمۇ ئاشۇنداق پايپاق كىيىۋېلىپ باشقا ھەرقانداق رەختلەرنىڭ ئۈستىگە قويۇۋالىدىغان پۇتلار ئىدى، بۇمۇ ئادەملەردە بولىدىغان غەلىتە مىجەزلەرنىڭ بىرسى، خۇددى بەزى ئادەملەر موگۇغا، سۈت ئالغان قاچىنىڭ چۆرىسىدە قېتىپ قالغان ئارپا ئۇنىغا ئۆچ بولغاندەك.

— سىز كېلىشتىن ئىلگىرىلا كەيپىياتىم تازا ياخشى ئەمەس ئىدى، — دېدى دېلفىن، — بۇرۇن تونۇشۇپ قالغان بىر قىز يادىمغا كېلىپ قېلىپ، ئۇنىڭغا خەت يېزىشىم كېرەك ئىدىغۇ، دەپ ئويلاپ تۇراتتىم، ئۇنىڭ تۇرار جايىنى بىلگەن بولسام چوقۇم خەت يازاتتىم. ئۇنىڭ ئىسمى جويىتىس ئىدى، ھازىر قانداق ياشاۋاتىدۇ، بىلمەيمەن.

دېلفىننىڭ بەدىنىنىڭ ئېغىرلىقى بىلەن كۆرپىنىڭ ئۇ ئولتۇرغان يېرى ئازراق ئولتۇرۇشۇپ كەتتى. لاۋرى ئۇ تەرەپكە سۇرۇلۇپ كېتىپ بەدىنى بەدىنىگە تېگىپ كەتمەسلىك ئۈچۈن ئۆزىنى بۇ تەرەپكە تارتىپراق ئولتۇردى. بەدىنى تېگىپ كەتسە خىجىل بولۇپ قالىدىغانلىقى ئېنىق ئىدى. شۇڭا، ناھايىتى ئەدەپ بىلەن تۈپتۈز ئولتۇرۇۋاتاتتى.

— سىز ئۇ قىز بىلەن قاچان تونۇشقان؟ — دەپ سورىدى ئۇ دېلفىندىن، — ياش ۋاقتىڭىزدىمۇ؟

دېلفىن كۈلۈپ كەتتى.

— شۇنداق، ئۇ ياش ۋاقتىمدىكى ئىش ئىدى، — دېدى ئۇ، — ئۇ چاغدا ئۇ قىز كىچىك ئىدى، ئۆيىدىن چىقىپ كېتىپ بىر يىگىت بىلەن بىللە يۈرۈپتىكەن، ئىش چىقىرىپ قويغاندىن كېيىن... مېنىڭ بۇ گەپنى نېمىگە قارىتىپ دېگەنلىكىمنى

بىلگەنسىز؟

— قورسىقىدا قاپتىكەنمۇ؟ — دېدى لاۋرى.

— شۇنداق. ھېچنېمە بولماس دەپ يۈرۈۋېرىپتۇ، خۇددى زۇكام بولۇپ قالغاندەك، ھا - ھا - ھا. ئۇنىڭ قورسىقىدا بالا قالدۇرۇپ قويغان ئۇ ئەرنىڭ باشقا خوتۇنىدىن ئىككى بالىسى بار ئىكەن، ئۇ بالىلارمۇ توي قىلماي تۇرۇپ تېپىلىپ قالغان بالىلار ئىكەن. توي قىلمىسىمۇ خوتۇنى ئورنىدا يۈرگۈزۈرگەن ئوخشايدۇ، مېنىڭ ئۇ دوستۇم، ئەمما ئۇ ئەرنىڭ كۆڭلى جويتىسىنىلا تارتىپ تۇرىدىكەن. لېكىن، ئۇ بۇ ئىشنى مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلماي تۇرۇپلا تۇرمىگە كىرىپ قاپتۇ، — جويتىسىمۇ قولغا ئېلىنىپتۇ — ئۇ ئۇ ئەرگە ياردەملىشىپ ئوغرىلىغان نەرسىلەرنى يوشۇرۇپ، باشقا بىر جايغا يۆتكىشىپ بېرىپتىكەن، بەزى نەرسىلەرنى ياستۇقىنىڭ ئىچىدە ساقلاپ بېرىپتۇ، ئۇ نەرسىنىڭ نېمىلىكىنى بىلگەنسىز؟ مېنىڭ بۇ گەپنى نېمىگە قارىتىپ دەۋاتقانلىقىمنى بىلدىڭىزمۇ؟

— بىلدىم، — دېدى لاۋرى ئۇنىڭ ئىككى سوئالىغا بىرلا جاۋاب بېرىپ، — ئەلۋەتتە، زەھەرلىك چېكىملىك.

دېلفىن ئىچىگە چوڭقۇر بىر تىنىپ قويۇپ قولىدىكى ئىچىملىكنى بىر يولىلا ئىچىۋەتتى:

— بۇ ناھايىتى مەخپىي ئىش، چۈشەندىڭىزمۇ؟

چىنىدىكى ئۈستىگە قايناق سۇ قۇيۇپ ئىلەشتۈرگەن شاكىلات ئۇنىڭ ھەممىسى ئېرىلىپ سۇ بىلەن ئارىلىشىپ كەتمەپتىكەن، لاۋرى ئۇنىڭ ھەممىسىنى بىراقلا ئىچىۋەتتى.

— ئۇ كېسىلىپ كېتىپ ئۇزاق ئۆتمەي يەنە يېنىپ چىقتى، قورسىقىدا بالىسى بولغاچقا ئۇلار ئۇنى قويۇۋېتىپتۇ، دېمەك، ھامىلىدار بولۇپ قالغانلىقىنىڭ زىيىنى بولمىدى، دېگەن گەپ. تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن ئۇ خىرىستىيان دىنىدىكى بەزى ئادەملەر بىلەن ئارىلىشىپ قاپتۇ. ئۇلار بىرنەچچە دوختۇرلار بىلەن تۇغۇت دوختۇرلىرىنى تونۇيدىكەن، ئۇنىڭغا بالاڭنى تۇغۇپ

باشقىلارغا بىرىنۋەتسەڭمۇ بولىدۇ، دەپ مەسلىھەت بېرىپتۇ. بۇمۇ بولىدىغان مەسلىھەت ئىكەن، خەققە بىرىنۋەتسە ئۇلار ئۇنىڭغا پۇل بېرىدىكەن. پۇل بولغاندىكىن قۇتقۇزۇش ئورۇنلىرىنىڭ ياردەم پۇلىنى ئېلىشنىڭ ھاجىتى بولمايدۇ، ئۇلارمۇ ھەم ئۇنى باشقۇرالمايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بالىسىنى تۇغۇپ بولۇپ، بالىسىغا قاراپمۇ قويماي بىرسىگە بېرىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ بىردىنبىر بىلگىنى بالىسىنىڭ قىز ئىكەنلىكىلا بوپتۇ.

لاۋرى ئۆينىڭ ئىچىگە سائەت ئىزدەپ بىر قۇر قاراپ چىقتى، ھېچقانداق يەردە سائەت كۆرۈنمەيتتى. دېلفىنىڭ سائىتى ئۇستىدىكى چاپىنىنىڭ يېڭىنىڭ ئىچىدە ئىدى.

— شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ دوختۇرنىڭ يېنىدىن قايتىپ كېلىپ ئارقا - ئارقىدىن يەنە نۇرغۇن ئىشلارغا يولۇقۇپتۇ، بالىسىنى ئويلايدىغانغا ۋاقتىمۇ بولماپتۇ. توي قىلسام ئۇنداق بالىدىن يەنە نەچچىنى تۇغۇۋالارمەن دەپ يۈرۈۋېتىپتۇ. لېكىن... ئۇنداق ئىش بولماي ئەكسىچە بىر ئىش بولۇپ، ئۆمۈر بويى تۇغمايدىغانلارمۇ بولىدۇغۇ، دېگەن خىيال بىلەن بىرنەچچە قېتىم ئۆزىنى ئوپېراتسىيە قىلدۇرۇۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ قانداق ئوپېراتسىيە ئىكەنلىكىنى بىلەمسىز؟

— قورسىقىدا يەنە قالغان بولسا چۈشۈرۈۋەتكەندۇ، — دېدى لاۋرى، — ھازىر سائەت نەچچە بولدى؟

— سىزنىڭ بىلىدىغان ئىشلىرىڭىزمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن، — دېدى دېلفىن، — توغرا دېدىڭىز، بالىسىنى چۈشۈرۈۋەتكەن گەپ، — ئۇ يېڭىنى قايرىپ سائىتىگە قاراپ قويدى، — سائەت بەش بولماپتۇ. مەن بايام ئۇنىڭ خەقلەرگە بېرىۋەتكەن قىزىنىڭ ئىشىنى سىزگە سۆزلەپ بەردىم. كېيىن ئۇ شۇ قىزىنى ئويلاپ قېلىپ، نېمە سەۋەبتىندۇ، قىزىنىڭ كىمگە بېرىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلگۈسى كېلىپ قاپتۇ، ھېلىمۇ ئۇنىڭ تەلىيى بار ئىكەن، ئوتتۇرىدا ماڭغانلارنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرۈپ ئاخىر تېپىپتۇ. ئۇلار چېركاۋنىڭ ئادەملىرى ئىكەن. ئۇلارغا ئاچچىق

www.uyghurkitap.com

گەپلەرنى قىلىپ يۈرۈپ ئاخىرىدا بەزى ئەھۋاللارنى ئىگىلەپ قىزنى بېقىۋالغان ئەر ـ خوتۇنلارنىڭ كىملەر ئىكەنلىكىنى تېپىۋاپتۇ.

لاۋرى ئورنىدىن قوزغىلىپ كارىۋاتتىن چۈشمەكچى بولۇۋېتىپ، پۈتىغا ئورىۋالغان ئەدىيالغا پۈتلىشىپ كېتىپ يىقىلىپ چۈشكىلى تاس قالدى. پەسكە چۈشۈۋالغاندىن كېيىن ئىستاكاننى ئىشكاپنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى.

— مەن قايتىپ كېتەي، — دېدى ئۇ دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ قويۇپ، — قار يېغىۋېتىپتۇ.

— شۇنداقمۇ؟ قارنىڭ يېغىشى يېڭىلىقمۇ ئەمەسقۇ؟ ئۇ قىزنىڭ ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلىرىنى بىلىشنى خالىمامسىز؟

لاۋرى ئاڭغىچە ئۆتۈكىنى كىيىپ بولغانىدى، ئۇ دېلفىندا بىرەر گۇمان پەيدا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئامال بار چىرايىنى ئۆزگەرتمەسلىككە تىرىشتى.

ئۇ ئەر بىر ژۇرنالدا ئىشلەيدىكەن، ئۇنى ئىزدەپ بېرىپ قارىسا ئۇ يوق، بەللە ئىشلەيدىغانلار ئۇنىڭ بۇ يەردە يوقلۇقىنى، باشقا بىر يەرگە كەتكەنلىكىنى ھەتتا كەتكەن يېرىنى دەپ بېرىپتۇ. ئۇ قىزىغا نېمە دەپ ئىسىم قويۇشنى بىلمەي قاپتىكەن. ئۇنىڭ كەتكەن يېرىنى ئىزدەپ تاپماق ئۇنىڭغا ئانچە تەسمۇ ئەمەس ئىكەن. ئادەم ھەرقانداق ئىشقا ئۇرۇنۇپ بېقىش كېرەك. بولمىسا ئىشلارنىڭ باش ئۇچىنى تاپالماي قالىدۇ. سىز مېنىڭ يېنىمدىن كەتمەكچى، شۇنداقمۇ؟

— كەتمىسەم بولمايدۇ، قورسىقىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، سوغۇق تەگكۈزۈۋالغان ئوخشايمەن.

لاۋرى دېلفىن ئىشىكنىڭ كەينىگە ئېسىپ قويغان چاپىنىنى ئالمەن دەپ بويى يەتمەي يىغلىۋېتىشكە تاس قالدى.

— مەن جويىتىس دېگەن ئۇ قىزنى كۆرۈپمۇ باقمىغان، — دېدى لاۋرى روھى چۈشۈپ.

دېلفىن كارىۋاتتىن چۈشۈپ ئاستا ئورنىدىن تۇردى ۋە

قولىدىكى ئىستاكاننى ئىشكاپنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى.

— قورسىقىڭىز ئاغرىۋاتقان بولسا كارىۋاتتا جىمجىت يېتىشىڭىز كېرەك ئىدى. شاكىلات سۈيىنى بەك ئىتتىك ئىچىۋەتتىڭىزمىكىن.

— چاپىنىمنى ئېلىۋالسام بولاتتى.

دېلفىن كېلىپ ئۇنىڭ چاپىنىنى ئىشىكنىڭ كەينىدىكى ئىلغۇچتىن ئېلىپ، ئۇنىڭ بويى يەتمىگۈدەك قىلىپ ئېگىز تۇتۇپ تۇردى. قولىنى سوزسا تېخىمۇ ئېگىز كۆتۈرۈۋالاتتى.

— نېمە بولدىڭىز؟ يىغلاۋاتامدىغانسىز؟ مەن سىزنىڭ يىغلىغىنىڭىزنى قىلىپ بولۇپ قېلىشىڭىزنى ياخشى كۆرمەيمەن جۇمۇ. بولدى، بولدى، مانا مەڭ، سىزگە چاقچاق قىلىپ قويدۇم.

لاۋرى ئىككى قولىنى يەڭلىرىنىڭ ئىچىگە تىقىۋالدى، چاپىنىنىڭ سىيرىتمىسىنى ئۆزى ئېتەلمەي، ئىككى قولىنى يانچۇقلىرىغا سېلىۋالدى.

— سىزگە بىر ئىش بولمىغاندۇ؟ — دېدى دېلفىن، — ئەمدى ئۇخشىلىپ قالدىڭىزمۇ؟ سىز قاچانلا بولسۇن مېنىڭ دوستۇم جۇمۇ.

— سىزنىڭ ماڭا قىلىپ بەرگەن ئىسسىق شاكىلاتىڭىزغا رەھمەت.

— بەك ئىتتىك مېڭىپ كەتمەڭ، بولمىسا يېڭى ئىچكەن شاكىلات سۈيى ئاشقازىنىڭىزنى ئۆرلىتىۋېتىدۇ.

دېلفىن ئۇنىڭغا ئېگىشىۋىدى، لاۋرى ئۇنىڭ ئالدىغا چۈشۈۋالغان سىمغا ئوخشاش يىرىك چاچلىرىنىڭ كۆزىگە كىرىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن ئىتتىك كەينىگە داجىدى.

ئادەم قېرىغاندا چاچلىرى ئاقىرىپ كېتىدىكەن. شۇڭا، چاچنى بەك ئۆستۈرۈۋالماسلىقى كېرەك.

— مەن سىزنىڭ سىزگە دەپ بەرگەنلىرىمنى ئىچىڭىزدە بىلىپ ھېچكىمگە دېمەيدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن. بىزنىڭ بېرىش - كېلىش قىلىپ تۇرىدىغانلىقىمىزنى، قىلىشقان

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

پاراڭلىرىمىزنىڭ ھەممىسىنى ئۆزىڭىزلا بىلىڭ. ھېچقانداق ئادەمگە تىنماڭ. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ياخشى قىز ئىكەنلىكىڭىزنى كېيىن بىلىپ قالىسىز، ئەمدى ماڭسىڭىز بولىدۇ.

ئۇ ئېڭىشىپ لاۋرىنىڭ بېشىغا سۆيۈپ قويدى.

— ھېچقانداق ئىشتىن ئەنسىرىمەڭ، — دېدى ئۇ يەنە.

پاختەكتەك چۇشۇۋاتقان ئاپپاق قار پىيادىلەر يولىنى ئاپپاق ماموق يوتقان ياپقاندەك قىلىۋەتكەنىدى. لېكىن، ئادەم دەسسىمىسە ياخشى، دەسسىگەن ھامان يۇمشاق قاردىن قاپقارا ئىز قېلىپ، دەسسىگەن يەر تېزلا ئېرىپ كېتەتتى. ماشىنىلار يوللاردا ناھايىتى ئاۋايلاپ ماڭاتتى، ئالدىلىرىدىكى سېرىق چىراغلار ئۆچمەي يولنى يورۇتۇپ تۇراتتى. لاۋرى كەينىمدىن بىرەرى ئىز بېسىپ كېلىۋاتامدۇ - يوق، دېگەندەك قىلىپ پات - پات كەينىگە قاراپ قوياتتى. قار ناھايىتى زىچ يېغىۋاتقان بولغاچقا، كەينىدىكى ھېچقانداق نەرسىنى ئېنىق كۆرگىلى بولمايتتى، كۆرگىلى بولسىمۇ ئۇنىڭ كەينىگە چۈشۈۋالغان ئادەم مەۋجۇت ئەمەس ئىدى.

ئۇنىڭ قورسىقى ئېسىلىپ ھەم تارتىشىپ تۇرۇۋاتاتتى، ئۆزىگە ئازراق بىرنەرسە يەۋالسا ئۇ خىل ھالەت قايتا تەكرارلانمايدىغاندەكمۇ بىلىنىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۆيگە يېتىپ كېلىپلا ئىشكاپتىكى ئەتىگەن ئىچىپ ئېشىپ قالغان ئارپا ئۇمىچىنى ئېلىپ ئىچىۋەتتى. ئۇنىڭدىن باشقا يەيدىغان نەرسىلەر يوق ئىدى. ئىشكاپنىڭ بىر يېرىدىن قوناق ئۇنىغا شېكەر سېلىپ ئەتكەن بوتقا چىقىپ قالغانىدى. ئۇنىمۇ يەۋەتتى. مۇزدەك ئاشخانىدا ئۆتۈكىنىمۇ، ئۇستىدىكى چاپىنىنىمۇ سېلىۋەتمەي يەپ كېتىۋاتاتتى. ئاپپاق قار ئىچىدە قالغان ئارقا ھويلىدىكى ھەممە نەرسە ئوچۇق كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتاتتى. ئاشخانىنىڭ يېنىپ تۇرغان چىرىغىمۇ ئارقا ھويلىدىكى نەرسىلەرنى كۆرۈشكە ھېچقانداق توسالغۇ بولمىدى. دېرىزىنىڭ ئەينىكىدىن ئۆزىنىڭ ئارقا

ھويلىنىڭ كۆرۈنۈشى بىلەن بىللە كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتقان سايىسىمۇ شۇنداق ئېنىق ئىدى. ئۇنىڭغا قوشۇلۇپ قاردا بېسىلىپ يەرگە تېگەي دەپ قالغان دەرەخ شاخلىرى بىلەن بىر ياندىكى ئۈستى ئاپپاق قار بىلەن قاپلانغان قىيا تاشلارمۇ كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتاتتى.

ئۇ يەۋاتقان نەرسىلەرنىڭ ئەڭ ئاخىرقى بىر قوشۇقىنى ئاغزىغا سېلىشقا كۆڭلى ئاينىپ كېتىپ، يۈگۈرۈپ مۇنچىغا كىرىپ ياندۇرۇۋەتتى، بايا ئىچكەن ئارپا ئۇمىچى، قوناق بوتقىسى، دېلفىننىڭ ئۆيىدە ئىچكەن شاكىلات سۇلىرى بىرسى قالماي يېنىپ كەتتى.

دادىسى بىلەن ئاپىسى ئىشتىن قايتىپ كەلگەندە ئۇ سافادا تېلېۋىزور كۆرۈپ ياتاتتى، ئۆتۈكى بىلەن چاپىنىنىمۇ سېلىۋەتمىگەنىدى.

ئېيرىنىگ ئۇنىڭ چاپىنى بىلەن ئۆتۈكىنى سالدۇرۇۋېتىپ ئۈستىگە ئەدىيال يېپىپ قويدى، قىزىتمىسىنى ئۆلچىدى — قىزىتمىسى نورمال چىقتى — ئارقىدىن قورسىقى چىڭقىلىپ قالغان بولمىسۇن دەپ قورسىقىنى بېسىپ باقتى. ئاندىن ئۇنىڭ تىزىنى ئېگىپ مەيدىسىگە بېسىپ - بېسىپ قويۇپ ئۇنىڭ بىقىنىنىڭ ئاغرىغان - ئاغرىمىغانلىقىنى سورىدى. ئېيرىنىگ ئۇنىڭ سوقۇر ئۈچەيىنىڭ ياللۇغلىنىپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيتتى. بىر قېتىم بىر چايغا — بىر نەچچە كۈنگىچە بولىدىغان چاي — بارغاندا، چايغا كەلگەن بىر قىز جىددىي سوقۇر ئۈچەي ياللۇغى بولۇپ قېلىپ، مەيداندىكى ھېچقانداق ئادەم ئۇنىڭ نېمە بولغانلىقىنى بىلەلمەي ھەم جىددىي قارىماي، نەتىجىدە ئۇ قىز ئۆلۈپ كەتكەنىدى. ئۇ لاۋرىنىڭ سوقۇر ئۈچەي بولماي چىققانلىقىنى بىلگەندىن كېيىن كەچلىك تاماققا تۇتۇش قىلدى، لاۋرىنىڭ يېنىدا خاررى ئولتۇرۇپ تۇردى.

— سېنىڭ تاماقنى جىق يەۋېتىپ ئېشىڭ ئارتىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، — دېدى خاررى، — مەنمۇ بۇرۇن بىر قېتىم

مۇشۇنداق بولغان. ئۇ چاغلاردىكى داۋالاش ئۇسۇلى ھازىرغىچە ئومۇملاشقىنى يوق. قانداق داۋالايدۇ بىلەمسەن؟ سافادا يېتىپ تېلېۋىزور كۆرسىتىپ تۇرۇپ داۋالايتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندىمۇ لاۋرى مىجەزى يوق قوپتى، ئەمەلىيەتتە بۇ يالغان ئىدى. خاررى بىلەن ئېيرىنىڭ ئىشقا كەتكەندە ئورنىدىن تۇرۇپ يوغان بىر پارچە گۆشناننى ئىسسىتمايلا يەۋەتتى. ئاندىن ماي قوللىرىنى ئەديالغا سۈرتۈۋېتىپ سافادا تېلېۋىزور كۆرگەچ، ئەمدى قىلىدىغان ئىشلىرى توغرۇلۇق ئويلاپ ئولتۇردى. ئاخىرىدا ھېچ يەرگە بارماسلىق، ئۆيدىن چىقماي سافادا يېتىپ تېلېۋىزور كۆرۈش قارارىغا كەلدى. بۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزىگە بىر ئاغرىق تېپىش، شۇنى باھانىداپ يېتىۋېلىش كېرەك ئىدى. لېكىن، ئۆزىنىڭ بۇ مەقسىتىگە قانداق يەتكىلى بولىدىغانلىقىنى پەقەتلا بىلەلمىدى.

تېلېۋىزوردىكى خەۋەرلەر تۈگەپ، ھەر كۈنى ئۇلاپ كۆرسىتىدىغان سوپۇن تىياتىرى باشلاندى. ئۇ تىياتىرنى ئۇ باھاردا دەم سىقىلىش كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغاندا تولۇق كۆرگەن. ساقايغاندىن كېيىن ئۇزاق ۋاقىت كۆرمەي تاشلىۋەتكەن، ۋەقەلىكلىرىنىمۇ ئۇنتۇپ قالغانىدى. شۇنچە ئۇزاق كۆرمىگەن بولسىمۇ ئومۇمىي مەزمۇنى ئېسىدە بار ئىكەن، ھېچ يەردە ئۆزگىرىش بولماپتۇ. كۆپچىلىك پېرسوناژلىرى يەنىلا شۇ چاغدا كۆرگەنلىرى ئىكەن، گەپ ـ سۆز، يۈرۈش ـ تۇرۇشلىرىمۇ ئوخشاش (ئالىيجاناب، رەھىمسىز، پاھىشىۋاز ياكى غەمكىن). يىراقلارغا قاراشلىرى بىلەن مەلۇم ئىشلار، مەلۇم مەخپىيەتلىكلىرىگە بولغان پىكىر قىلىشلىرى ئالاڭ ـ بۇلاڭ، ئېگىز ـ پەس گەپ قىلغان بىلەن قىلمىغانىنىڭ ئارىلىقىدا، لاۋرى بۇ تىياتىرنى بىردەم قىزىقىپ كۆرۈپ بېقىپ، ئاندىن كاللىسىغا كىرىۋالغان قانداقتۇر بىر خىياللار بىلەن ئەندىشىگە چۈشۈپ قېلىۋاتقاندەك بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ ئويلىغان ئىشلىرىدا كىچىك ياكى چوڭ ئادەملەر بولسۇن، ئۇلار ئاخىرىدا ئۆزلىرىنىڭ

ئۆزلىرى مەن پالانى ئائىلىنىڭ ئادىمى دەپ يۈرىدىغان ئادەم ئەمەسلىكىنى بىلىپ قالىدۇ. بەزىدە نەدىن پەيدا بولۇپ قالغانلىقى نامەلۇم بولغان ناھايىتى ئەسەبىي ھەم خەتەرلىك ئادەملەر پەيدا بولۇپ قېلىپ، ئۇلار ئاپەت خاراكتېرلىك تەلەپلەر بىلەن ھېسسىياتلارنى تەشەببۇس قىلىدۇ، نورمال كېتىۋاتقان تۇرمۇش شۇنىڭدىن باشلاپ بۇزۇلۇشقا باشلايدۇ. دېگەندەك ئىشلارمۇ بار ئىدى.

بۇرۇن بولغان بولسا، بۇنداق ئىشلار بىلەن بۇنداق گەپلەرگە قىزىقىپ قېلىش ئېھتىمالى كۆپرەك بولغان بولاتتى، ھازىر ئۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

خاررى بىلەن ئېيرىنگ سىرتقا چىققانلىرىدا ھەرگىز ئىشىكنى قۇلۇپلاپ قويمايتتى. مۇشۇنداق بىر جايدا تۇرۇۋاتقاندا ئىشىكنى قۇلۇپلاشنىڭ ھاجىتى نېمە؟ تالاغا چىقساڭ چىقىۋەر. بىز ئىشىكنى مەڭگۈ تاقىمايمىز، دەيتتى خاررى ئۇنىڭغا. لېكىن، لاۋرى بۈگۈن ئۇنداق قىلمىدى، ئۇلار چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئالدى - ئارقا ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسىگە قۇلۇپ سالدى. ھەممە دېرىزىنىڭ پەردىلىرىنى چۈشۈرۈۋەتتى. بۈگۈن قار ياغمىغان، تۈنۈگۈنكى قارمۇ ئېرىپ كەتمىگەنىدى. ئەمما، تۈنۈگۈن ياغقان قار قېرىپ قالغاندەك، ئۈستى نېپىز كۆل رەڭ پەردە تارتىپ قويغانغا ئوخشاش بولۇپ قالغانىدى.

ئالدىدىكى ئۆينىڭ ئۈچ كىچىك دېرىزىسىنىڭ پەردىلىرىنى چۈشۈرۈۋەتكىلى بولمىدى. ئۇ ئۈچ پەردە خۇددى كۆزدىن ئېقىپ چۈشۈۋاتقان ياشقا ئوخشاش شەكىلدە بولۇپ، ئۈستى كەڭ، ئاستى ئىنچىكە ئىدى، شۇڭا چۈشۈرۈۋەتكىلى بولمايتتى. ئېيرىنگ ئۇ دېرىزىلەرنى ياخشى كۆرمەيتتى. باھاسى ئەرزان بۇ ئۆيلەرنىڭ تاملىرىغا چاپلىغان قەغەزلىرىمۇ ئۇنىڭغا يارىماي، ھەممىسىنى يىرتىپ ئېلىۋېتىپ، خىيالىغا كەلگەن رەڭدە — بەزى ئۆيلەرنى ئۆردەك تۇخۇمىنىڭ كۆكۈچ رەڭگىدە، بەزى ئۆيلەرنى چاي

رەڭگىدە، بەزى ئۆيلەرنى لىمون رەڭگىدە ئاقارتىۋالغانىدى. ئۇ يەنە يەردىكى غەلىتە رەڭلەردىكى چوڭ ـ كىچىك گۈللەرنىڭ ھەممىسىنى يەڭگۈشلىۋەتتى، تاختايلىرىنى شام سۈرتۈپ پارقىرىتىۋەتتى. لېكىن، ھېچقانداق بىر ئالاھىدىلىكى يوق ئۇ دېرىزىلەرنى ھېچنېمە قىلالمىدى.

خاررى ئۇ دېرىزىلەرنى بەكمۇ سەت دەپ كەتكۈدەكمۇ ئەمەسقۇ، دەپ قويالتتى. ئۇ دېرىزىلەرگە ئۇلار ئۈچى ئۈچ خىل قاراشتا قارايتتى، بىرسىنىڭ باھاسى بەك يۇقىرى، بىرسىنىڭ مۇۋاپىق، بىرسىنىڭ يامان ئىدى، ھەممىسى ئۆزىنىڭ نەزىرى بويىچە گەپ قىلالاتتى. شۇڭا، ئۈچ دېرىزىنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئېيىق دادا، ئېيىق ئاپا، ئېيىق بالا دەپ ئىسىملىرى بار ئىدى.

تېلېۋىزوردىكى سوپۇن تىياتىر تۈگەپ، بىر ئەر بىلەن بىر ئايال ئۆيدە ئۆسۈملۈكلەرنى قانداق يېتىشتۈرۈش ھەققىدە سۆزلەپ كەتتى. لاۋرى چالا ئۇيقۇلۇقتا ئىدى، ئەمما ئۆزىنىڭ ئاللىبۇرۇن ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلمەيتتى، چۆچۈپ ئويغانغاندا، ئاندىن ئۇخلاپ قالغانلىقىنى بىلدى. ئۇ چۈشىدە بىر ھايۋاننى — تۆرقى بىر تۈرۈپ تۈلۈم چاشقانغا، بىر تۈرۈپ ئورۇقلاپ بىر تېرە، بىر ئۈستىخان بولۇپ قالغان تۈلكىگە ئوخشايتتى — زادى قايسى ھايۋان ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلگىلى بولمايتتى — ئۇ ھايۋانلار كۈپكۈندۈزدە ئارقا ھويلىدا بۇ ئۆيلەرگە تۆشۈكتەك قاراپ تۇرۇشاتتى. كىمدۇر بىرسى بۇ ھايۋاننىڭ غالجىر بولۇپ قالغانلىقىنى دەپ بەردى، ئۇنىڭ بۇ ئۆيدە ئادەم بارلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئاشۇنداق قاراپ تۇرۇۋاتقانلىقىغا قاراپ شۇنداق دېگەنىدى.

بىر چاغدا تېلېفون جىرىڭلاپ قالدى. لاۋرى تېلېفوننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىماي دەپ ئەدىيال بىلەن بېشىنى يۆركىۋالدى. ئۇ تېلېفون بەرگەن ئادەمنىڭ دېلفېن ئىكەنلىكىنى جەزم قىلدى. دېلفېن ئۇنىڭ قانداق بولۇپ قالغانلىقىنى سوراپ تېلېفون بەرگەن بولۇشى مۇمكىن. لاۋرى نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ تېلېفونىدىن

ئۆزىنى قاچۇرىدۇ؛ ئۇنىڭ ئۆزىگە سۆزلەپ بەرگەن ھېكايىسىگە قانداق قارايدۇ؟ ئۇ مېھمانخانىغا قاچان بارىدۇ؟

تېلېفون بەرگىنى ئېيرىنگ ئىكەن، لاۋرىنىڭ ئەھۋالىنى سوراپ تېلېفون بېرىپتىكەن، لاۋرى تېلېفون شۇنچە ئۇزاق جىرىڭلاپ كەتسىمۇ ئالمىغاندىكىن، چاپىنىنىمۇ كىيمەي كېزىتخانىدىن چىقىپ ماشىنىسىنى ھەيدەپ ئۆيگە كەلدى. ئىشىكلەر قۇلۇپلاقلىق بولغاچقا ئاچقىلى بولماي قاتتىق ئۇرۇپ، جالاقلىتىپ كەتتى. قۇلىقىنى ئېيىق ئانا دېرىزىگە يېقىپ تىڭشاپمۇ باقتى، لاۋرىنىڭ ئىسمىنى توۋلاپمۇ باقتى، ئىچكىرىدىن سادا چىقمىدى. تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئاخىر ئارقا ئىشىككە بېرىپمۇ شۇنداق قىلىپ باقتى، يەنىلا جاۋاب يوق.

لاۋرى بېشىنى ئەدىيال بىلەن ئورىۋالغان بولسىمۇ، ئۇ ئاۋازلارنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتاتتى. خېلى ئۇزاقتىن كېيىن ئۇنىڭ ئېيرىنگنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلدى ۋە شۇنىڭدىلا ئاستا مېڭىپ ئاشخانىغا كىردى، ئەدىيال كەينىدە سۆرىلىپ كېلىۋاتاتتى. شۇ چاغدىمۇ ئۇ بۇ ئاۋازنىڭ ئېيرىنگنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىگە بىر ئىشىنىپ، بىر ئىشەنمەي، بۇ بىر قىلتاق بولمىسۇن دەپ تۇرۇۋاتاتتى.

— ئەي خۇدا، بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ نالە قىلىپ كەتتى ئېيرىنگ ئاخىرىدا ئىشىك ئېچىلغاندىن كېيىن لاۋرىنى باغرىغا مەھكەم بېسىپ، — نېمىشقا ئىشىكلەرنى قۇلۇپلاپ قويدۇڭ؟ نېمىشقا تېلېفوننى ئالمايسەن؟ بۇ زادى سېنىڭ نېمە قىلغىنىڭ؟

لاۋرى ئۇن بەش مىنۇتقىچە نېمە ئىش بولغانلىقىنى ئاڭقىرالماي قېتىپ تۇردى. شۇنىڭغىچە ئېيرىنگ ئۇنى قۇچاقلاپ تۇرۇۋاتاتتى، تۇرۇپ ئۇنىڭغا ۋارقىراپ قويۇۋاتتى، تۇرۇپ ھەيران بولۇپ قاراپ قالاتتى. نېرۋىلىرى چارچاپ، بىر چاغدا بوشىشىپلا كەتتى، دەيدىغان گەپلىرىنىڭ ھەممىسىنى دېدى. گەپلىرى تۈگەپ

بىردەم تۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئازراق يەڭگىللىپ قالغاندەك بولدى. ئەمما، تىترىكى، يىغىسى بېسىلمايتتى، ئۇ ئۆزىنىڭ سالامەتلىكى ۋە ئازادە ياشىشى ئۈچۈن دەيدىغان ۋە دېيىشكە بولمىغان مەخپىيەتلىكلىرىنىڭ ھەممىسىنى دەۋەتكەندەك قىلدى. لېكىن، ئويلاپ باقسا، راست بولغان ئىشلارنى تۈگەل دەۋەتمەپتۇ، بەزىلىرىنى ئېلىپ قاپتۇ، بۇمۇ ئۇنىڭ سەگەكلىكىدىن ئەمەس، قايسىسىنى دەپ، قايسىسىنى دېمەسلىكىنى ئويلاپ تۇرماي دەۋەرگەنلىكىدىن ئىكەن. شۇنداقتىمۇ بەزى گەپلەرنى دېمەپتۇ. بەزى گەپلەر ئۇنىڭغا دېمىسىمۇ بولىدىغان گەپلەر ئىكەن.

ئېيرىنگ خاررىغا دەرھال قايتىپ كېلىش توغرۇلۇق تېلېفون بەردى، بايام ئېيرىنگ ئۇنى بىللە ئەكېلىشكە ئامالسىز ئىدى. شۇڭا، ئۆزى كېلىۋەرگەنىدى، چۈنكى تېز كەلمىسە بولمايدىغاندەك ئەنسىرەپ كەتكەنىدى. ئۇ لاۋرىدىن ئايرىلمايتتى.

ئۇ ئىشكىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئىشىككە قىستۇرۇقلۇق بىر كونۋېرتنى كۆردى، كونۋېرتتا ماركا يوق، ئۈستىدە لاۋرىنىڭ ئىسمى تۇراتتى، باشقا ھېچنېمە يوق.

— بۇ خەتنى ئىشىككە پوچتالىيون قىستۇرۇپ قويغانمىدۇ، — دېدى ئۇ، — بىرەرىنىڭ ئىشكىنىڭ ئالدىغا كەلگەن شەپىسىنى ئاڭلىدىڭمۇ؟ بۇ قايسىبىر ئىتنىڭ بالىسى قىلغان ئىشتۇ؟

ئۇ كونۋېرتنى ئاچقاندا، كۆلۈندا لاۋرىنىڭ ئىسمى بار ھېلىقى زەنجىر چىقتى.

— مەن ساڭا بۇ زەنجىرنىڭ ئىشىنى دەپ بېرىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— ئىچىدە يەنە بىر باغاقچە تۇرىدۇ.

— ئۇنى ئوقۇما، — دەپ ۋارقىراپ كەتتى لاۋرى، — ئوقۇما، مېنىڭ ئاڭلىغۇم يوق.

— ساراڭلىق قىلما، ئۇنى ئوقۇغانغا ئادەم بىرنېمە بولۇپ

كەتمەيدۇ، بۇنىڭدا پەقەت بۇ خەتنى يازغۇچىنىڭ مەكتەپكە تېلېفون بەرگەنلىكى، سېنىڭ مەكتەپتە ئەمەسلىكىڭلا يېزىلىپتۇ، شۇنىڭ بىلەن سېنى ئاغرىپ قالغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ، سېنى خۇشال قىلىش مەقسىتىدە بۇ نەرسىنى مەخسۇس سەن ئۈچۈن سېتىۋاپتۇ، خەق چۇشۇرۇپ قويغان زەنجىر ئەمەسكەن. ئەسلىدە ئۇ بۇنى سېنىڭ 3 ـ ئايدىكى ئون بىر ياشقا كىرگەن تۇغۇلغان كۈنۈڭگە ئاتاپ سېتىۋالغانىكەن، ئالدىن بېرىۋېتىشنى ئويلاپتۇ. نېمىنى ئويلاپ شۇنداق قىلغاندۇ؟ سېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈڭنى 3 ـ ئايدا دەپ نەدىن ئاڭلىغاندۇ؟ تۇغۇلغان كۈنۈڭ 6 ـ ئاي ئەمەسمۇ؟

— بۇ ئىشتىن مېنىڭ خەۋىرىم بار، — دېدى لاۋرى. ئۇنىڭ ئەسلىدىكى جانسىز، بالىلارچە، ئەمما ئازراق ئاچچىق ئارىلاش ئاۋازى ئەسلىگە كېلىپ قالغانىدى.

— كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى ئېپىرىنگ، — ئۇ سېنىڭ ھەممە ئىشىڭنى بىلىدىكەن. قانداق ئادەم ئۇ؟ ساراڭمۇ يا؟

— ئۇ سېنىڭ ئىسمىڭنىمۇ بىلىدىكەن، سېنىڭ نەدە تۇغۇلغانلىقىڭدىن تارتىپ خەۋىرى بار ئىكەن. ئەگەر مېنى سىلەر بېقىۋالمىغان بولساڭلار ئۇ بۇ ئىشنى نەدىن بىلىدۇ؟

— ئۇنىڭ نەدىن بىلگەنلىكىنى مەن قانداق بىلەي؟ ئۇ خاتا ئويلىغان، ھەممە گەپلىرى خاتا، بىرسىمۇ توغرا ئەمەس، بىز ساڭا دوختۇرخانىدا تۇغۇلغانلىقىڭنىڭ ئىسپاتىنى كۆرسىتەلەيمىز. سەن تورونتودىكى ۋېللېس دوختۇرخانىسىدا تۇغۇلغان. بىز سېنى ئاشۇ دوختۇرخانىغا باشلاپ بارساقمۇ بولىدۇ، دوختۇرخانىدىكى سەن تۇغۇلغان ئۆينىمۇ ساڭا كۆرسىتىپ قويالايمىز، — ئېپىرىنگ ئۇ باغاقچىغا يەنە بىر قېتىم قاراپ قويۇپ، ئاندىن پۈرلەپ تاشلىۋەتتى.

— ئۇ قانجۇقنىڭ ھېيىقماي مەكتەپكىمۇ تېلېفون بەرگىنىنى قارىمامدىغان، — دېدى ئېپىرىنگ، يەنە تېخى بىزنىڭ ئۆيگىمۇ كەپتۇ، ئۇ قانجۇق.

www.uyghurkitap.com

— بۇ نەرسىنى بىر يەرگە تىقىپ قويغىن، — دېدى لاۋرى زەنجىرنى كۆرسىتىپ، — كۆزۈمىمۇ كۆرمىسۇن، چاپسان ئاچقىسىپ كەت.

خاررى ئېيرىنگكە ئوخشاش ۋارقىراپ ـ جارقىراپ كەتمىدى.

— مەن ھەر قېتىم ئۇنىڭغا گەپ قىلغاندا ناھايىتى نورمال ئىدى، — دېدى خاررى، — بىر قېتىممۇ ئۇنداق ئىشنى ماڭا دەپ باقمىغان.

— ئۇنىڭ ئۇ گەپنى سىزگە دېگۈسى كەلمىگەندۇ، — دېدى ئېيرىنگ، — ئاساسلىقى لاۋرىنى ئازدۇرماقچى بولغان، سىز بىرىپ ئۇ خوتۇن بىلەن ياخشىراق پاراڭلىشىپ بېقىڭ. سىز بارمىسىڭىز مەن بارىمەن. مەن سىزگە بۇ گەپنى رەسمىي دەۋاتىمەن، بۈگۈنلا بېرىڭ.

خاررى ئۆزىنىڭ بۈگۈنلا ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ سۆزلىشىدىغانلىقىنى دېدى.

— مەن بېرىپ بۇ ئىشنى چوقۇم بىر تەرەپ قىلىپ كېلىمەن، — دېدى ئۇ، — جەزمەن شۇنداق قىلىمەن. ئەمدى بۇ ئاۋارىچىلىكلەر ئىككىنچى يۈز بەرمەيدۇ. نېمىدېگەن قاملاشمىغان ئىش بۇ.

ئېيرىنگ ئالدىراپ ـ سالدىراپ ئاددىيلا بىر تاماقنى ئەتتى، ئەتكەن تامىقى خاررى بىلەن لاۋرىنىڭ ئاغزىغا تېتىيدىغان تاماق ئىدى. لاۋرى ئالدىغا كەلگەن تاماقنى بىردەمدىلا يەپ بولۇپ، ئالدىراپ يەۋېتىپ ئاشقازىنىمنىڭ ياخشىلىقىنى چاندۇرۇپ قويدۇممۇ نېمە، دەپ ئويلاپ قالدى.

— قانداق، ھازىر خېلى ياخشىمۇ؟ — سورىدى خاررى، — چۈشتىن كېيىن مەكتەپكە بارامسەن؟

— زۇكىمىم تېخى تولۇق ساقىيىپ كەتمىدى.

— ياق، ياق، مەكتەپكە بارمىسۇن، — دېدى ئېيرىنگ ئالدىراپ، — مەن چۈشتىن كېيىن ئىشقا بارماي ئۇنىڭغا قارايمەن.

— مەن ئۇنداق قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى بارلىقىنى پەقەتلا سەزمىدىم، — دېدى خاررى.

— بۇ خەتنى ئۇنىڭ ئۆزىگە قايتۇرۇپ بېرىڭ، — دېدى ئېيرىنگ كونۋېرتنى خاررىنىڭ يانچۇقىغا سېلىۋېتىپ، — بۇنىڭ نېمە خەت ئىكەنلىكىنىمۇ سورىماڭ، كۆرۈپ باقايمۇ دېمەڭ. بۇ پەقەت ئۇنىڭ ئادەم ئەخمەق قىلىپ ئەۋەتكەن سوۋغىتى. ئۇنىڭغا بۇنداق ئىشنى ئىككىنچى قىلماڭ، دەپ قاتتىق قويۇڭ، بولمىسا ئەدىپىنى يەپ قالىدۇ. بۇنداق ئىشنى ئەمدى ھەرگىز يەنە قىلىپ يۈرمىسۇن.

لاۋرى بۇ يەردىكى مەكتەپكە ئىككىنچى بارمىدى.

ئېيرىنگ چۈشتىن كېيىن خاررىنىڭ ھەدىسىگە تېلېفون بەردى — خاررى ھازىر ھەدىسى بىلەن پاراڭلاشمايتتى. ھەدىسىنىڭ ئېرى ئۇنىڭ ئۈستىدىن يوق گەپلەرنى تاپقانىكەن — تېلېفوندا ئۇلار خاررىنىڭ ھەدىسى بۇرۇن ئوقۇغان تورونتودىكى خۇسۇسىي قىزلار مەكتىپى توغرۇلۇق پاراڭلاشتى. ئاندىن ئاشۇ مەكتەپكە تېلېفون بېرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشىدىغان بولۇپ كېلىشىپ قويدى.

— پۇلدا مەسىلە يوق، — دېدى ئېيرىنگ قىزىغا، — خاررىنىڭ قىزىنى ئوقۇتۇشقا پۇلى تامامەن يېتىدۇ، يەتمىسە بىر ئامال قىلىپ بىر يەردىن تاپىمىز، — ئۇ بۇ گەپكە قوشۇپ يەنە شۇنداق دېدى، — سېنى ئۇ يەردە ئوقۇتىمىز دېيىشىمىز يالغۇز مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا ئەمەس. سەن ساپاسىز ئادەملەر توپلىشىپ قالغان بۇنداق يەردە چوڭ بولساڭ بولمايدۇ، بۇنداق يەردە كۆپ تۇرساڭ سەھەرالىقنىڭ ئۆزى بولۇپ چىقىسەن، مېنىڭ سېنىڭ بۇ ئىشىڭنى ئويلاۋاتقىنىمغا بىر - ئىككى كۈن بولمىدى. سېنى ئازراق چوڭ بولۇۋالسۇن دەپ ساقلاپ تۇرۇۋاتقان.

خاررى قايتىپ كېلىپ، بۇ ئىشتا يەنىلا لاۋرىنىڭ ئاغزىغا قارىشىمىز كېرەك، دېدى.

www.uyghurkitap.com

— بۇ يەردىن كېتىشنى خالامسەن، لاۋرى؟ مەن سېنى ھازىرغىچە بۇ يەرنى ياخشى كۆرىدۇ دەپ ئويلايتتىم، بۇ يەردە دوستلىرىڭمۇ بار.

— دوستلىرىڭ بار؟ — ئېيرىنگ ئۇنىڭدىن يانىدۇرۇپ سورىدى، — ئۇنىڭ دوستى ئاشۇ ئايال، دېلفېن. سىز ئۇنىڭ بىلەن سۆزلىشەلىدىڭىزمۇ؟

— سۆزلەشتىم، — دېدى خاررى جاۋاب بېرىپ، — ئۇ بىزنىڭ مەقسىتىمىزنى چۈشەندى.

— ئۇنىڭ لاۋرىنىڭ كۆڭلىنى سېتىۋالماقچى بولۇپ ئەۋەتكەن نەرسىسىنى تاپشۇرۇپ بەردىڭىزمۇ؟

— خاتىرجەم بولغىن، تاپشۇرۇپ بەردىم.

— ئەمدى يەنە ئۇنداق ئاۋرىچىلىكلەر يۈز بەرمەس؟ ئۇنداق ئىشلارنى قىلماسلىقى كېرەكلىكىنى چۈشەنگەندۇ؟

خاررى رادىيونى ئېچىپ قويۇپ خەۋەر ئاڭلىغاچ تاماق يېدى، ئېيرىنگ بىر بوتۇلكا ۋىنو ئەكىرىپ ئۈستەلگە قويدى.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى خاررى ئازراق ھەيران قالغاندەك قىلىپ، — نېمىنى تەبرىكلىمەكچىمىز؟

لاۋرى بولۇپ ئۆتكەن ئىشلارنىڭ تېگىگە خېلىلا يېتىپ قالغان، بۇنىڭدىن كېيىن مۇشۇنداق ئىشلارغا يولۇقۇپ قالسا قانداق قىلىشى كېرەكلىكىنى، بۇنداق بولمىغۇر ئىشلار ئۇچۇن قانچىلىك بەدەل تۆلەيدىغانلىقىنى چۈشەنگەنىدى. ئەمدى ئۇ مەكتەپكە بارمايدۇ، مېھمانخانىغىمۇ يېقىن يولىمايدۇ. ئاشۇ كوچىغا مەڭگۈ دەسسىمەسلىكىمۇ مۇمكىن. مىلاد بايرىمىغا ئىككى ھەپتە قالدى، شۇ ئىككى ھەپتىگىچە ئۆيدىن تالاغا چىقمايدۇ.

بۈگۈن ھاراق ئىچىشىمۇ شۇ ئىشلار ئۈچۈن بولسا كېرەك. كۈندە ئەمەس، ئارىلاپ ئۇچى مۇشۇنداق ئولتۇرۇپ ئىچىپ قالىدىغان، بۈگۈنمۇ شۇنداق بولدى. خاررى رومكىسىغا يېرىم ئىستاكان ۋىنو قۇيۇپ ئۈستىگە ئازراق مۇز سېلىۋەتتى — سەل

تۇرۇپ مۇز سالماي ئىچىۋېرىدۇ — بىر ئازدىن كېيىن ئىشلار ئىزىغا چۈشۈپ كېتىدۇ، ئۆينىڭ ئىچىنى يەنە خۇشاللىق قاپلايدۇ، لېكىن بۇ خۇشاللىق ئاسان قولغا كەلگەن ئەمەس. خاررى، لاۋرىمۇ گەپ قىلىدۇ، ئادەتتە ئۆزىگە قىلىدىغان گەپتىنمۇ كۆپ گەپ قىلىدۇ. ئارىلاپ ئىككىسى بىر - بىرى بىلەنمۇ گەپ قىلىپ قالىدۇ، سىرتىدىن قارىغان ئادەمگە نورمال كۆرۈنگىنى بىلەن ئۆينىڭ ئىچىدە ئۇنداق ئەمەس، ئۆيدىكى ھالەتلىرىنى سۆز بىلەن تەرىپلەپ بېرىش تەس. لاۋرى ئۇلارنىڭ ئۇرۇش - جېدەلدىن خالىي ياشاشلىرىنى شۇنچىلىك ئارزۇ قىلىدۇ، بۇنداق ئارزۇدا بولۇۋاتقان ئادەم يالغۇز ئۇلا ئەمەس، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ شۇنداق ئارزۇدا، ئۇلارنىڭ بىر قىسىم ئارزۇسى شۇ. ئۇلارنىڭ يەنە بىر ئارزۇسىمۇ بار، ئۇ بولسىمۇ يۈز بېرىش ئېھتىمالى بولغان ئىشنىڭ چاپسانراق يۈز بېرىشى. ئۇلار بۇنداق قىزغىن ئارزۇلىرىدىن ۋاز كېچىشنى خالاپ كەتمەيدۇ، ئۇنداق چاغلاردىمۇ بۇ ئۆيدە بولۇپ باقمىغان، بۇنداق ئارزۇ بار دېيىلسە، ئۇ پەقەت ھاۋادىلا، تۇتقىلى، كۆرگىلى بولمايدىغان يەرلەردىلا، كىشىنى ھاياجانغا سالىدىغان بۇنداق پاك ھېسسىيات، بارلىق ئوبراز، بارلىق سايمان ۋە بارلىق نەرسىلەرنى سىزگە ناھايىتى روشەن نامايان قىلىپ تۇرىدۇ، لېكىن ئۇنچىلىك مۇستەھكەم ئەمەس، بىر قېتىممۇ شۇنداق بولۇپ باقمىغان، ئەمما ئەڭ يامان ئىشلار كەينى - كەينىدىن ئۆلۈشۈپ كېلىدىغان ئىشلار يوق.

لاۋرىنىڭ مۇشۇنداق چاغلاردا ئۆيدە تۇرغۇسى كەلمەي قالىدۇ، ئۇلارغا ئۆزىنى ئاتقۇسى، ئۇلار بىللە بىلەن بولغۇسى، ئۇلارغا نارازى بولۇپ يىغلىغۇسى كېلىدۇ، تاكى ئۇلار ئۇنى قۇچاقلاپ ئاپىرىپ ئۆزىنىڭ كارىۋىتىغا ياتقۇزۇپ قويغۇچە، ئۇلار ئۇنىڭغا: «بولدى، بولدى، بىزگە ئاۋارىچىلىك تېپىپ بەرمىگىن، بىزنى پاراكەندە قىلمىغىن، بۇ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئىشلار، ئاستا - ئاستا بىرلىككە كېلىۋالىمىز، دەيدۇ. «بىرلىككە

كېلىۋالىمىز» دېگەنلىرى ئۆينىڭ ئىچىدە مىڭىپ يۈرۈشلەردىن، بىر - بىرىنى چىرقىراق ئاۋازلىرى بىلەن تەسبىلەش، بىر - بىرىگە گەپ بەرمەسلىك، ئاخىرىدا بىر - بىرىگە يۆلىنىپ، كۆلدان، تەخسە ئېتىشلارغا تەرەققىي قىلىشلاردىن دېرەك بېرىدۇ، بىر قېتىم ئېيىرىنىڭ تالاغا يۈگۈرۈپ چىقىپ كېتىپ ئوت - چۆپلەرنىڭ ئۈستىدە يېتىۋالغان، ئوت - چۆپلەرنى يىلتىزلىرى بىلەن يۇلۇۋېتىپ باش - كۆزىگە سۈركەپ توختىمىغان، خارىرى ئىشكىنىڭ تۈۋىدە چىشلىرىنى غۇچۇرلىتىپ تۇرۇپ: «ناھايىتى ياخشى قىلدىڭ، كىشىلەر سېنىڭ قانداق ئادەملىكىڭنى كۆرىدىغان بولدى» دەپ توۋلىغان. يەنە بىر قېتىم ئۇ ھاجەتخانىنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ ئىشىكنى ئىچىدىن تاقىۋېلىپ بار ئاۋازى بىلەن: «بۇ ئازابلاردىن قۇتۇلۇشنىڭ بىرلا يولى قالدى» دەپ ۋارقىرىغان. ھەر ئىككىسى يەنە ئۇخلىتىش دورىسى يەپ، بىرىتۇۋا بىلەن ئۆزۈمنى بوغۇزلاپ جاندىن جۇدا بولىمەن، دەپ بىر - بىرىنى قورقۇتقان.

«ئاھ خۇدا، ئەمدى بۇنداق ئىشلارنى قىلمايلىچۇ، — دېگەن ئېيىرىنىڭ بىر قېتىم، — سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، ئۆتۈنۈپ قالاي، ئىككىنچى بۇنداق قىلمايلى.» خارىرى ئارقىدىنلا رەھىمسىزلىك بىلەن ئۇنىڭ ئاۋازىنى دوراپ، چىرقىراپ تۇرۇپ: «شۇنداق قىلىۋاتقان ئادەم دەل ئۆزۈڭ ئەمەسمۇ؟ ئاۋۋال سەن شۇنداق قىلما!» دەپ توۋلىغان.

لاۋرى بۇنداق جېدەللەرگە كۆنۈپ كەتكەنىدى. ئۇ جېدەللەرنىڭ نېمە ئۈچۈن يۈز بەرگەنلىكىنى سوراپمۇ، تەكشۈرۈپمۇ باقمايتتى. ئۇلار يىغىدىن يۈز بەرگەن قانداقتۇر بىر ئەرزىمەسلا ئىش ئۈچۈن (بۈگۈن ئاخشام قاراڭغۇ ئۆيدىكى كارىۋىتىدا يېتىپ تۇرۇپ، ئۇلارنىڭ بۈگۈنكى جېدىلىنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە ئويلاندى. بۈگۈنكىسى ئۆزىنىڭ بۇ يەردىن كېتىشى ئاپىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا قارار قىلغانلىقىدىن كېلىپ چىققانىدى). ئۆزلىرىنىڭ خۇسۇسىي قاراشلىرى، جاھىللىقلىرى، مەڭگۈ ۋاز كەچكىلى ئۇنىمايدىغان

سەۋەب - باھانىلىرى ئۈچۈن ئۇرۇشاتتى.

لاۋرى ئۇ ئىككىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئاجىزلىقلىرىنى تېپىپ — مەسىلەن، خاررى ئەتىدىن كەچكىچە قىزىق گەپلەرنى قىلىپلا يۈرىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ غەم - قايغۇلىرىنى بېسىش ئۈچۈن ئىكەن. ئېيرىنگ ئالدىراڭغۇ، بىرەر ئىشتا بولسىمۇ، يول قوياي دېمەيدۇ. بۇمۇ ئۇنىڭ خاررىنىڭ بەزى ئىشلارنى ئۆزىدىن يوشۇرىدىغانلىقىدىن بولسا كېرەك — ئىككىسىنى ئەپلەشتۈرۈپ قويۇش ئۈمىدىدىن ۋاز كەچكەنىدى. ئەگەر ئۇ لاۋرى بىر تەرەپنىڭ خىيالىدىكى ئوي ۋە ئارزۇلىرىنى ئىككىنچى تەرەپكە چۈشەندۈرۈپ تۇرغان بولسا ئەھۋالدا ياخشىلىنىش بولغانمۇ بولاتتى، لېكىن ئۇ ئۇنداق قىلىشتىن ئۈمىدىنى ئۈزۈۋەتتى.

جېدەل بولۇپ ئەتىسىگىچە ئۇلار بىر - بىرىگە گەپ قىلماي جىمجىت يۈرۈشەتتى، روھسىزلىق، خىجىللىق ئىچىدە ئۆتەتتى، قىزىق يېرى ئىككىلىسىنىڭ كەيپىياتىدا بىر خىل خۇشاللىقمۇ كۆرۈنۈپ قالاتتى.

— ئادەم دېگەن شۇنداق نەرسە، — دېگەنىدى ئېيرىنگ بىر قېتىم لاۋرىغا، — دائىم غەم ئىچىدە يۈرۈش سالامەتلىككە زىيانلىق. بۇ ھەقتە، ئاچچىقىڭنى دائىم ئىچىڭگە سىلىپ يۈرىۋەرسەڭ ئاخىر بىر كۈنى راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالىسەن، دەيدىغان بىر نەزەرىيەمۇ بار.

خاررى بۇنداق جېدەلنى گەپ تالىشىپ قالدۇق، دەپ قوياتتى.

— ئەپسۇسلۇق بىلەن كاچ تالىشىش ئارىلىشىپ كەتكەن، — دەيتتى ئۇ، — ئېيرىنگ كەيپىياتى تۇراقسىز ئايال. ساڭا دەيدىغان بىردىنبىر سۆزۈم: جېنىم قوزام — مېنىڭ بىردىنبىر دەيدىغىنىم مۇشۇ گەپ — بۇنداق ئىش ھەممىلا يەردە بار.

بۈگۈن ئاخشام ئىككىسى بىر - بىرىنىڭ دىلىنى زەنجىتىدىغان ئۇ ئىشلىرىنى باشلىغۇچە لاۋرى كارىۋىتىغا

چىقىپ ئۇخلاپ قالغانىدى، بۇنىڭ بۇ ئىشقا يامان ئىش دەپ ھۆكۈم چىقىرىپ بولغۇچە ئۇيقۇسى كېلىپ كەتكەن، ئاخىر چىدىماي، بىر بوتۇلكا ۋىنو ئۈستەلگە چىقىشتىن ئىلگىرى ھۇجرىسىغا كىرىپ يېتىۋالغانىدى.

خاررى ئۇنى تۇرتۇپ ئويغاتتى.

— مېنى كەچۈرگىن، قوزام، — دېدى ئۇ، — ئورنۇڭدىن تۇرۇپ يەسكە بىر چۇشۇپ چىقامسەن؟

— تاڭ ئاتتىمۇ؟

— ياق، ھازىر يەنە يېرىم كېچە، ئېيىرنىڭ ئىككىمىز سەن بىلەن پاراڭلاشماقچىدۇق، ساڭا دەيدىغان بىر گېپىمىز بار. بۇ ئىشنى بەلكىم سەنمۇ ئاساسەن بىلىپ بولدۇڭ، ئورنۇڭدىن تۇرغىن. ساپما كەشىڭنى كىيىۋالامسەن؟

— مەن ساپما كەشكە ئۆچ، — دېدى لاۋرى. ئاندىن ئۇنىڭ ئالدىغا چۇشۇپ پەلەمپەيدىن چۇشتى. ئۇچىسىدا كۇندۇزى كىيگەن كىيىملىرى بار ئىدى. ئېيىرنىڭمۇ كۇندۇزىدىكى كىيىملىرى بىلەن ئۇنى مېھمانخانىدا ساقلاپ تۇراتتى.

— بۇ يەردە سەن تونۇيدىغان يەنە بىرەيلەنمۇ بار، — دېدى ئۇ لاۋرىغا.

ئۇ دېلفىن ئىدى، سافادا ئولتۇراتتى، ئۇچىسىدا ئادەتتە كىيىپ يۈرىدىغان قارا ئىشتىنى، قىسقا چاپان، لاۋرى بۇرۇن ئۇنى سىرتتا چىققاندا كىيىۋالىدىغان بۇنداق چاپاندا كۆرۈپ باقمىغانىدى. يۈزى خالتىلىشىپ تېرىسى بوشاپ كېتىپتۇ، پۈتۈن تۇرقىدىن بىر ئىشتا قاتتىق زەربە يېگەنلىكى چىقىپ تۇراتتى.

— ئاشخانىغا كىرىپ ئولتۇرساق بولمامدۇ؟ — دېدى لاۋرى. نېمىشقىدۇر، ئاشخانا ئۇنىڭغا بىخەتەر جايدەك بىلىنىپ كېتىۋاتاتتى، ئۇ يەر بۇ يەرگە ئوخشاش رەتلىك ئەمەس، سەل قالايمىقانراق، يۆلەنگۈدەك ئولتۇرغۇدەك نەرسىلەر بار ئىدى.

— لاۋرى ئاشخانىنى خالىغان بولسا، ئاشخانىغا چىقىپ ئولتۇرايلى، — دېدى خاررى.



www.uyghurkitap.com

ئۇلار ئاشخانىغا چىقىپ ئورۇندۇقلارغا جايلىشىپ ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن، گەپنى خاررى باشلىدى:

— لاۋرى، — دېدى ئۇ، — مەن ئۇلارغا ساڭا بوۋاقنىڭ ئىشىنى دەپ بەرگەنلىكىمنى چۈشەندۈرۈپ قويدۇم. سەندىن بۇرۇن بىر بالىمىزنىڭ بولغانلىقىنى ھەم بوۋاق ئۇچرىغان ئىش توغرۇلۇقمۇ دېدىم.

ئۇ لاۋرى: «راست شۇنداق بولدى» دېگۈچە گەپ قىلماي جىمجىت تۇردى.

— مەن بىر ئېغىز گەپ قىلسام بولامدۇ؟ — دېدى ئېيرىنگ، — لاۋرىغا گەپ قىلماقچىمەن.

— ئەلۋەتتە بولىدۇ، — دېدى خاررى.

— خاررى يەنە بىر بالا بولۇشنى قوبۇل قىلالمىدى، — دېدى ئېيرىنگ كۆزلىرى ئۇستەلنىڭ ئاستىدىكى تىزلىرى ئۈستىگە قويۇۋالغان قوللىرىدا، — بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن بولىدىغان نۇرغۇن ئۇششاق ئىشلار، ئاۋارىچىلىكلەر ھەم جاپالارنى ئۇ كۆتۈرەلمەيتتى. ئۇنىڭ يازىدىغان نەرسىلىرى بار، ئۇ نەرسىلىرىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىپ تاماملىشى ئۈچۈن تىنچ مۇھىتنى خالايتتى. شۇڭا، مېنى بالىنى چۈشۈرۈۋېتىشكە زورلىدى. مەن دەسلەپتە ماقۇل بولۇپ كېيىن يېنىۋالدىم. كېيىن يەنە، چۈشۈرۈۋەتسەم چۈشۈرۈۋېتەيلا دەپ ئويلىدىم - يۇ، ئەمما بىر قارارغا كېلەلمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز ئۇرۇشۇپ كەتتۇق. مەن بوۋىقىمنى كۆتۈرۈپ ماشىنىغا چىقىۋالدىم، بىرەر دوستۇمنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بىرنەچچە ۋاقىت تۇرۇپ كېلەي دەپ ئويلىغانىدىم، ماشىنىنى ئىتتىك ھەيدىمىگەنىدىم، ھاراقمۇ ئىچمىگەن، يولنىڭ چىراغلىرى بەكلا سۇس ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە يامغۇر يېغىۋاتاتتى.

— بوۋاق ئۇخلاۋاتقان سېۋەتنى مەھكەم چىگىپ قويمىغان، — دېدى خاررى، — ھازىرچە بۇ گەپلەرنى دېمەي تۇر، — دېدى خاررى يەنە، — ئۇ چاغدا مەن بالىنى ئالدۇرۇۋېتىشتە بەكمۇ چىڭ

تۇرۇۋالمىدىم، شۇنداق قىلساق بولارمىكىن. دەپلا قويغان گەپ ئىدى، سېنى ماشىنىغا زورلاپمۇ چىقىرىپ قويغان ئەمەس، بۇ ئارىلىقتىكى ئىشلارنى مەن لاۋرىغا دېمىگەن، ئۇنى ئاڭلىسا قورقۇپ كېتەرمىكىن دەپ ئويلاپ شۇنداق قىلغانىدىم، ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ ئىشلار ئۇنىڭغا قاتتىق تەسىر قىلاتتى.

— ئۇ شۇنداق بولاتتى، ئەمما ئۇ ئىشلار راست بولغان ئىشلار، — دېدى ئېيرىنگ، — لاۋرى ئاڭلىسىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيتتى، چۈنكى ئۇ ئۇ بوۋاقنىڭ ئۆزى ئەمەسلىكىنى بىلىدۇ.

گەپ مۇشۇ يەرگە كەلگەندە لاۋرى گەپ قىستۇرۇپ قالدى، بۇ گېپىدىن ئۆزىمۇ قورقۇپ كەتتى.

— راست، ئۇ مەن، — دېدى ئۇ، — مەن بولمىسام كىم بولىدۇ؟

— ئۇ شۇنداق، ئەمما مەن ئۇنداق ئويلىمايمەن، — دېدى ئېيرىنگ.

— سەن پۈتۈنلەي ئۇنداق ئويلىمايدىغان يەردىمۇ ئەمەس، — دېدى خاررى.

— ئىككىڭلار گەپ قىلماڭلارچۇ، — دېدى لاۋرى.

— بۇ ئەسلىدە ئىككىلىمىز خالىمايدىغان ئىش ئىدى، — دېدى خاررى، — بىز ئۇنداق قىلماسلىقنى بىر - بىرىمىزگە ۋەدە بەرمىگەنمۇ؟ بىز دېلفېندىن كەچۈرۈم سورىشىمىز كېرەك.

بۇ گەپلەر بولۇۋاتقاندا دېلفېن ھېچكىمگە بېشىنى كۆتۈرۈپ قاراپ قويمىدى. ئولتۇرۇۋاتقان ئورۇندۇقنىمۇ ئۈستەلگە يېقىن تارتىپ كەلمىدى. خاررى ئىسمىنى چاقىرغاندىمۇ ئۇنىڭ گەپلىرىگە دىققەت قىلمىدى. ئۇنى جىمجىت ئولتۇرغۇزۇۋاتقان ئۆزىنىڭ بۇ ئىشلاردا خاتا قىلغانلىقىنى تونۇۋاتقان تۇيغۇلىرىلا ئەمەس، خاررى بىلەن ئېيرىنگ دىققەت قىلمىغان قەتئىي ئىرادە ھەتتا ئۆچمەنلىكتىن كېلىۋاتقان بىر خىل كۈچ ئىدى.

— مەن بۈگۈن چۈشتىن كېيىن دېلفېن بىلەن پاراڭلاشتىم، لاۋرى، ئۇنىڭغا ئۇ بوۋاقنىڭ ئىشىنىمۇ سۆزلەپ بەردىم. ئۇ بوۋاق



www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ بالىسى ئىدى. مەن ساڭا ئۇ بوۋاقنى بېقىۋالغانلىقىمىزنى دېمىگەن. چۈنكى، ئۇ چاغدا ئىشلار بەكمۇ مۇرەككەپلىشىپ كەتكەن، بىز بېقىۋالغان ئۇ بوۋاق ھەققىدىكى ئىشلارنى دېمەكچىمەن. ئارقىدىنلا بىز يەنە بىرمۇنچە ئاۋارىچىلىكلەرگە يولۇقتۇق. توي قىلىپ بەش يىلدىن كېيىن ئاپاڭنىڭ ھامىلىدار بولۇپ قېلىشىنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىغاچقا، ئۇ بوۋاقنى بېقىۋالغان. ئۇ بالىنىڭ ئاپىسى دېلفىن ئىدى، ئۇنىڭغا لاۋرى دەپ ئىسىم قويدۇق. ئۇنىڭدىن كېيىن سەن تۇغۇلدۇڭ. ساڭىمۇ شۇ ئىسىمنى قويدۇق. بۇ بىزنى خۇشاللىقتا چۆمۈلدۈرگەن ئىسىم ئىدى، بىزگە تۇرمۇشىمىزنىڭ يېڭىدىن باشلانغانلىقىدىن دېرەك بەرگەنىدى. ھازىر دېلفىن بالىسىنى ئوتتۇرىدا ماڭغانلارنىڭ كىمگە بەرگەنلىكىنى تەكشۈرۈپ بىلىپ، ئۇ بالىنى سەن دەپ بىلىپ قالغان ئوخشايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ يەرگە كېلىپ سېنى ئىزدەپتۇ. بۇ ئادەمنىڭ كۆڭلىنى تولىمۇ يېرىم قىلىدىغان ئىشلار، مەن ئۇنىڭغا ھەقىقىي ئەھۋاللارنى دېگەندىن كېيىن ئۇ مەندىن ئىسپات تەلەپ قىلدى، ئۇنىڭ بۇ تەلىپىنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، ئەلۋەتتە، شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭ بۈگۈن ئاخشام بىزنىڭكىگە كېلىشىنى ئېيتتىم، كەلگەندىن كېيىن ئۇ ئىشقا مۇناسىۋەتلىك ھۆججەتلەرنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم. ئۇنىڭ سېنى بىزدىن ئېلىپ كېتىش ياكى شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلارنى قىلىش نىيىتى يوق، سەن بىلەن دوست بولۇپ ئۆتسەملا دەيدۇ. ھازىر يالغۇزلۇق ئۇنى بەك قىيناپ كېتىۋېتىپتۇ. يالغۇزلۇقتا چىدىماي مۇشۇنداق قىلىۋاتقان ئوخشايدۇ.

دېلفىن دەم ئالالماي قېلىۋاتقاندەك سىرتىدىكى چاپىنىنىڭ سىيرىتمىسىنى ئېچىۋەتتى.

— مەن ئۇنىڭغا يەنە ئۇنىڭ كۆلىنى ساقلاۋاتقانلىقىمىزنىمۇ، ئۇنى بىر تەرەپ قىلىشقا ۋاقتىمىزنىڭ يەتمەيۋاتقانلىقىنىمۇ ھەم پۇرسەت بولمايۋاتقانلىقىنىمۇ دېدىم، — ئۇ ئوچاقنىڭ بېشىغا ئېلىپ قويغان ھېلىقى قەغەز كوروپكىنى قولى بىلەن كۆرسىتىپ

www.uyghurkitap.com

قويدى، — بۇنىمۇ كۆرسەتتىم.

— بۇنىڭ بىلەنلا قالماي يەنە، — دېدى ئۇ سۆزىنى داۋام قىلىپ، — بۈگۈن ئاخشام ئۇنى چاقىرىپ كېلىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك ئولتۇرۇپ پاراڭلىشىشنى، ھەممە ئىشلار ئايدىڭ بولۇپ بولغاندىن كېيىن، ھەممىمىز سىرتتىن بىر يەرنى تېپىپ بۇ كۆلنى دەپنە قىلىۋېتىشنى ئويلاشتۇق. شۇنىڭ بىلەن بىللە يەنە ئارىدىكى بارلىق بەختسىزلىكلەر بىلەن گۇناھلىرىمىزنى ئۇنتۇپ كېتىشنىمۇ ئويلىدۇق. بۇ ئىشنى دىلفىن، ئېيرىنگ، مەن ئۈچىمىز بېجىرىپ كېلىمىز. سېنى بىز بىلەن بىللە بارسىكەن، دەپ ئويلىدۇق. بارالامسەن؟ بېرىشىڭدا گەپ يوقتۇ؟

— مەن يېڭىلا ئۇخلاپ قوپتۇم، ئۇنىڭ ئۈستىگە زۇكام بولۇپ قاپتىمەن.

— ئەڭ ياخشىسى، خاررى دېگەندەك قىلغىن، — دېدى ئېيرىنگ.

دىلفىن ھازىرغىچە بېشىنى كۆتۈرمەي ئولتۇراتتى. خاررى ئۇ قەغەز كوروپكىنى قولىغا ئېلىپ ئۇنىڭغا بەردى.

— بۇنى بەلكىم سىزنىڭ كۆتۈرۈپ مېڭىشىڭىز كېرەكتۇ، — دېدى ئۇ، — بۇنى كۆتۈرۈپ مېڭىشىڭىزدا گەپ يوقتۇ؟

— باشقا گەپلەر بولمىسا، — دېدى ئېيرىنگ، — دەررۇ يولغا چىقايلى.

دىلفىن كوروپكىنى كۆتۈرۈپ قارنىڭ ئۈستىدە ئۆرە تۇراتتى.

— كوروپكىنى ماڭا بېرەمسىز؟ — دېدى ئېيرىنگ ۋە تەنتەنە بىلەن كوروپكىنى قولىغا ئالدى. ئاغزىنى ئېچىپ خاررىغا بەرمەكچى بولۇۋېتىپ، تۇيۇقسىز بۇ نىيىتىدىن يېنىپ، قايتا دىلفىنغا بەردى. دىلفىن كۆلدىن بىر ئوچۇم ئېلىپ كوروپكىنى ئېيرىنگ سۇندى. ئېيرىنگمۇ بىر ئوچۇم ئېلىپ كوروپكىنى خاررىغا بەردى. ئۇمۇ كۆلدىن بىر ئوچۇم ئېلىپ كوروپكىنى لاۋرىغا بەرمەكچى بولۇپ تۇراتتى، ئېيرىنگ ئۇنى بۇ

ھەرىكىتىدىن توسۇپ:
— ياق، ئۇنىڭ ئىلىشى ھاجەتسىز، — دېدى.
لاۋرى ئىككى قولىنى چاپىنىنىڭ يانچۇقىدىن چىقارماي تۇراتتى.
ئازراقمۇ شامال يوق ئىدى، شۇڭا دېلفىن، ئىپىرىنگ، خاررىلار چاچقان كۆللەر باشقا ياققا ئۇچۇپ كەتمەي قارنىڭ ئۇستىگىلا چۈشتى.
ئىپىرىنگ گەپ قىلدى، ئاۋازى خۇددى كانىيى ئىششىپ قالغان ئادەمنىڭكىدەك چىقتى:
— بىزنىڭ ئۇ دۇنيادىكى ئاتىلىرىمىز...
خاررى بىر ئىغىز - بىر ئىغىزدىن ناھايىتى ئىنىق قىلىپ سۆزلىدى:
— ئۇ لاۋرى بولىدۇ، بىزنىڭ بالىمىز ھەم بارلىق مۇھەببىتىمىز... بۇ گەپنى ھەممىمىز بىردەك دەيلى، — ئۇ شۇ گەپنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن دېلفىنغا، ئاندىن ئىپىرىنگكە قاراپ قويدى، ئاندىن ئۇچى تەڭلا گەپ قىلدى:
— ئۇ لاۋرى بولىدۇ، — دېلفىنىنىڭ ئاۋازى ئىنتايىن پەس، خۇددى ئۆزىگە ئۆزى پىچىرلاپ گەپ قىلىۋاتقاندەك ئاڭلاندى. ئىپىرىنگ جىددىي ھەم چىن يۈرىكىدىن چىقىرىپ گەپ قىلىۋاتاتتى. خاررىنىڭ ئاۋازى جاراڭلىق، ھەممە ئاۋازنى بېسىپ چۈشكۈدەك ھەم چەكسىز تەمكىنلىككە ئىگە ئاۋاز ئىدى.
— بىز ئۇنىڭ بىلەن ۋىدالىشىۋاتىمىز، ئۇنى قارلىق دالاغا دەپنە قىلىۋاتىمىز...
ئەڭ ئاخىرىدا ئىپىرىنگ ئالدىراپ سۆزلەپ:
— بىزنى كەچۈرگىن قىزىم، بىزنىڭ گۇناھلىرىمىزنى، سېنىڭ ياشاش ھوقۇقۇڭنى تارتىۋالغانلىقىمىزنى كەچۈرگىن! — دېدى.
ئۆيگە قايتقاندا، دېلفىن ماشىنىنىڭ كەينىدە لاۋرى بىلەن بىللە ئولتۇردى. ئەسلىدە خاررى ئۇنى ئالدىدا، ئۆزىنىڭ يېنىدا

ئولتۇرغۇزماقچىدى، لېكىن ئۇ ماشىنىنى ئايلىنىپ ئۆتۈپ كەينى تەرەپكە كەتتى. ھازىر قولىدا كۆل بار كورۇپكىلا بولمىغاچقا، ئالدىدىكى ئورۇننى ئېيرىنگكە بەرگەنىدى. ئۇ ئولتۇرۇپ بولۇپ يانچۇقىغا قولىنى سېلىپ ئىچىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئالغانىدا قەغەز بىلەن تەڭ يەنە بىرنەرسە چىقىپ ماشىنىنىڭ ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى. ئۇ، ھوي، دەپ قېلىپ، ئېگىشىپ ئۇ نەرسىنى قولىغا ئېلىپ بولغۇچە لاۋرى چاققان كېلىپ ئېگىشىپ قولىغا ئېلىۋىدى، ئۇ بىر پاي ھالقا بولۇپ چىقتى. بۇ دېلفىن دائىم تاقاپ يۈرىدىغان، ھەسەن - ھۆسەنگە ئوخشاش پارقىراپ تۇرىدىغان ھالقا ئىدى. ئاخشام تاقىغان بولسا، بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى ئېلىۋېتىپ يانچۇقىغا سېلىپ قويغان بولسا كېرەك، مۇزدەك، پارقىراق بۇ مەرۋايىت ھالقىنىڭ شۇ دەقىقىدە قولىغا بېرىۋاتقان تۇيغۇسىنىڭ تەسىرىدە لاۋرىنىڭ كاللىسىدىن شۇ تۇرقىدا دېلفىندىكى بارلىق كۆڭۈلسىز خىياللار يوقاپ، ئۆزى دەسلەپتە كۆرگەن چاغدىكى غەملەردىن خالىي، پوكەيدە چىرايلىق ئولتۇرغان چاققان، چەبدەس دېلفىن يەنە پەيدا بولۇپ قالسىكەن، دېگەن بىر خىيال يالت قىلىپ ئۆتۈپ قالدى.

دېلفىن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئولتۇراتتى، ھالقىنى ئالغاندا ئىككىسىنىڭ قوللىرى بىر - بىرىگە ئازراقمۇ تېگىپ كەتمىدى، ئەمما ئاخشامدىن بېرى بىر قېتىممۇ ئۇچرىشىپ باقمىغان كۆزلىرى بىرىنچى قېتىم ئۇچراشقان بولدى. ئىككىسى بىر - بىرىگە بىردەم قارىشىپ قالدى. دېلفىننىڭ كۆزلىرى يوغان ئېچىلىپ، شۇ بىر قىسقىغىنا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە لاۋرىغا تونۇش بىر ئىپادە چاقنىغاندەك بولدى. بۇ مەسخىرىلىك ھەم يامان بىر نىيەت ئارىلاشقاندەك بىر خىل ئىپادە ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ ھالقىسىنى يانچۇقىغا سېلىپ قويۇپ، خاررىنىڭ دۈمبىسىدىن باشقا ياققا قارىماي جىمجىت ئولتۇردى.

خاررى ماشىنىسىنى ئاستىلىتىپ ئۇنى چۈشۈرۈپ قويىدىغاننىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋېتىپ، دېلفىنغا:

— قايسى كۆنۈللىرى كېچىلىك نۆۋەتچىلىكتە تۇرمىغانلىرىڭىزدا بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ كەچلىك تاماق يەپ كېتىڭ، شۇنداق قىلسىڭىز بىزنى بەكمۇ خۇشال قىلىسىز، — دېدى.

— مېنىڭ ئاساسەن بىكار قالىدىغان ۋاقتىم يوق، — دېدى دېلفىن. ئاندىن ماشىنىدىن چۈشۈپ، ھېچكىمگە قارىماي «خەير - خوش» دەپ قويۇپ، ئېغىر قەدەملىرىنى تەستە يۆتكەپ پىيادىلەر يولى بىلەن مېھمانخانا تەرەپكە قاراپ كەتتى.

ئۆيگە قاراپ كېتىۋاتقاندا ئېيرىنگ:

— مەن ئۇنى بىزنىڭكىگە كېلىدۇ دەپ ئويلىمايمەن، — دەپ قويدى.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى خاررى، — لېكىن ئۇنى ئۆيگە تەكلىپ قىلىپ قويساق، كەلمىسىمۇ خۇش بولۇپ قالىدۇ.

— بىز ئىككىمىز ئۇنىڭ ئۇچۇن ھېچنېمىگە ئەرزىمەيدىغان ئادەملەر. بىزنىڭكىگە تاسادىپىي كېلىپ قالسىمۇ لاۋرىنى دەپ كېلىدۇ. چۈنكى، ئۇ بۇرۇن لاۋرىنى ئۆزىنىڭ قىزى دەپ يۈرۈپتۇ ئەمەسمۇ. مانا ئەمدى بىزنىڭ لاۋرىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن كارى بولمايدىغان بولۇپ قالدى.

— ئەمما، بىزنىڭ كارىمىز بولۇشى كېرەك، — دېدى خاررى. ئاۋازى ئاستا - ئاستا كۆتۈرۈلۈپ كېتىۋاتاتتى، — لاۋرى بىزنىڭ بالىمىز.

— بىز سېنى ياخشى كۆرىمىز، لاۋرى، بۇنى ساڭا يەنە بىر قېتىم دەپ قويايلى.

ئۇنىڭ، بىزنىڭ.

نېمىدۇر بىرنەرسە لاۋرىنىڭ پۇتىغا سانجىلغاندەك بولۇپ پۇتىنى سىلاپ بېقىۋىدى، ئوغرىتىكەن ئىكەن، ئالماشتۇرماي شۇ پېتى كىيىپ چىققان ئۇخلاش كىيىمىنىڭ ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىغا چاپلىشىپ قېلىپ پۇتىغا سانجىلىپ كېتىپتۇ.

— مەن پۇتۇمغا قارىنىڭ تېگىدىكى ئوغرىتىكەننى

چاپلاشتۇرۇپتىمەن، ئوغرىتىكەنلەر يۇزدەك بارمۇ نېمە؟

— ئۆيگە بارغاندا ئېلىۋېتەيلى، — دېدى ئېيرىنگ، — ھازىر ئېلىۋەتكىلى بولمايدۇ.

لاۋرى خۇددى ئېلىشىپ قالغاندەك ئىشتىنىغا چاپلىشىپ قالغان ئوغرىتىكەنلەرنى بىر - بىرلەپ يۇلۇشقا باشلىدى. بەكرەك چاپلىشىپ كەتمىگەنلىرىنى يۇلۇۋالسا قوللىرىغا چاپلىشىۋالاتتى. بىر قولى بىلەن يۇلۇپ تۆگىتەلمەي يەنە بىر قولى بىلەنمۇ يۇلۇشقا باشلىدى، لېكىن ئوغرىتىكەنلەر قوللىرىنىڭ ھەممە بارماقلىرىغا چاپلىشىۋېلىپ پەقەتلا چىقىپ كەتمەيۋاتاتتى. ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ بۇ ئوغرىتىكەنلەرگە غەزىپى تېشىشقا باشلاپ بار ئاۋازى بىلەن ۋارقىرىۋېتىشكە تاس قېلىۋاتاتتى. ئاخىر ئۇ ھېچنېمە قىلماي جىمجىت ئولتۇرۇپ ساقلاش كېرەكلىكىنى ئويلاپ قالدى.

# نادامەت

## 1

— مەن ئۆلۈپ كېتىمەن، — نۇرغۇن يىللار ئىلگىرىكى بىر ئاخشامدا روبىن شۇنداق گەپ قىلغانىدى، — ئەگەر ئۇلار ئەتىگىچە ماڭا ئاشۇ كۆڭلىكىمنى تەييار قىلىپ بەرمەيدىغان بولسا مەن چوقۇم ئۆلۈپ كېتىمەن.

ئۇلار ئىساك كوچىسىدىكى تاملىرى سېنىكا بىلەن ئاقارتىلغان ئۆينىڭ دېرىزىلىرىگە سىم تور تارتىلغان كارىدوردا ئولتۇراتتى. قوشنىسى ۋىللارد گېرگى ئۇستەلدە روبىننىڭ ھەدىسى بىلەن قارتا ئويناپ ئولتۇراتتى. روبىن ئۇزۇن ئورۇندۇقتا، قولىدىكى بىر ژۇرنالغا قاپاقلىرىنى تۈرۈپ قاراپ ئولتۇرۇۋاتاتتى، بۇ كوچىدىكى قاتار كەتكەن ھەممە ئۆيلەرنىڭ ئاشخانىلىرىدىن تاماكا يوپۇرماقلىرى بىلەن پەمىدۇر قىيامىلىرىنىڭ ئارىلاشاڭغۇ پۇراقلىرى كوچىنى بىر ئالغانىدى.

ۋىللارد گېرىگ جوئانىنىڭ قىلچە كۆلكە يوق چىرايىغا قاراپ قويدى. بىر ئازدىن كېيىن، تۇزلا كەتكەن ئاۋازى بىلەن ئۇنىڭدىن:

— بايام سىز نېمە دېدىڭىز؟ — دەپ سوراپ قويدى.

— مەن ئۆلۈپ كېتىمەن دېدىم، — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ سەل ھاسىرىغاندەك بولۇپ، — ئەگەر ئۇلار ئەتىگىچە مەن دېگەن كۆڭلەكنى تەييار قىلمايدىغان بولسا چوقۇم ئۆلۈپ كېتىمەن، كىرخانىدىكىلەرنى دېمەكچىمەن.

— مەنمۇ سىزنى شۇنداق دېدىمىكىن دېدىم. سىز راستىلا

ئۆلۈپ كېتەمسىز؟

جوئاننېنىڭ بۇ گېپىدىن سىز ھېچقانداق ئېۋەن تاپالمايسىز. تەلەپپۇزى ئادەتتىكىدەك، مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ئالامىتى پەقەتلا سەزمەيسىز، سوغۇق كۆلكىسى — ھازىر ئۇ كۆلكىسىنى يىغىۋالدى — جاۋىغايلىرىدا ئادەم سېزىۋالغۇسىز دەرىجىدە سۇس ئىپادىلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى.

— ھىم، راستلا ئۆلۈۋالىمەن، — دېدى روبىن تېخىمۇ ئەدەپ بىلەن، — ماڭا ئۇ كۆڭلەك جىددىي لازىم.

— ئۇنىڭغا ئۇ كۆڭلەك بولمىسا بولمايدىكەن، بولمىسا ئۆلۈۋالىدىكەن، شۇ كۆڭلەكنى كىيىپ ئويۇن كۆرگىلى بارىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئىنتايىن بوش، پىچىرلىغاندەك ئاۋازدا ۋىللاردقا.

— بولدى، گەپ قىلما، جوئاننى، — دېدى ۋىللارد، ئۇنىڭ ئاتا - ئانىسى ھەم ئۆزى ئۇ ئىككى قىزنىڭ ئاتا - ئانىسى بىلەن دوست ئىدى. ئىككى ئائىلىنىڭ چوڭلىرى ھازىر مەۋجۇت بولمىسىمۇ، مۇمكىنچىلىك بولغان شارائىت ئاستىدا بۇ ئىككى قىزنىڭ چاپلىشىپ كەتمەسلىكلىرى ئۈچۈن ھەر ۋاقىت سەگەك تۇراتتى ھەم ئۆزىنى شۇنداق قىلىدىغان مەسئۇلىيىتىم بار دەپ بىلەتتى.

جوئاننى بۇ يىل ئوتتۇز ياشقا كىردى، روبىن يىگىرمە ئالتىدە. جوئاننى بەدىنى كىچىك قىزلارنىڭكىدەك زىلۋا، كۆكسى يىغىنچاق، يۈزى سوزۇنچاق ھەم ياپىلاقراق، چاچلىرى ئىنچىكە ھەم تۇزلا، قوڭۇر رەڭدە. ئۇ ئۆزىنىڭ بىچارە بولۇپ قالغىنىدىن پەقەتلا زارلانمايدۇ، تازا يېتىلىپ كېلىۋاتقان چاغدا ئېغىر زىققە كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېلىپ، بەدىنى داۋاملىق تەرەققىي قىلىشتىن توختاپ قالغان. ئۇنى ئاز دەپ يول ماڭغاندا ئاززاق ئاقسايدۇ، ئۆزىنىڭ ئاشۇنداق ئاجىزلىقلىرىغا قارىماي قىشچە ئاسانلا ئۆيدە ئولتۇرمايدۇ. ئاخشاملىرى ئۆيدە ئۆزى يالغۇز قالغۇسى كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ تەسەۋۋۇرىغا شۇنچىلىك باي قىز

ئىكەنلىكىنى ھەرقانداق قىلىپمۇ ئەقلىڭىزگە سىغدۇرالمايسىز. باشقىلارنىڭ، بولۇپمۇ ئۆزىدىن بەختلىك ئادەملەرنىڭ ئەخمەقلىق، دۆتلۈك تەرەپلىرىنى تېزلا بايقىيالايدۇ ياكى ئەقىل ۋە ئىدراكتا ئۆزىدىن تۆۋەن تۇرىدىغانلارنى كەمسىتىشتىمۇ ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە. ۋىللارد بۇ ئاچا - سىڭىل ئىككىسىنىڭ شۇنچە ئۇزاق يىللىق ھاياتىدىن كۆرگىنى روبىننىڭ كۆزلىرىدىن قۇرۇمايدىغان ياش بىلەن جوئاننىڭ ئۇنىڭغا: «ساڭا يەنە نېمە بولدى؟» دەيدىغان شۇ بىر ئىغىز گېپى ئىدى.

بۈگۈن ئاخشام روبىن خۇددى بىرنەرسە چېقىۋالغاندەك ئورنىدا جىم تۇرالمايۋاتاتتى. ئەتە ستراتفورد[1]غا بارىدىغان، يەنە بىر جەھەتتىن ئېيتقاندا، جوئاننىڭ ئىسكەنجىدىن قۇتۇلۇپ ئەركىن يۈرىدىغان كۈن ئىدى.

— قايسى تىياتىر ئوينىلىدىكەن؟ — دەپ سورىدى ۋىللارد ئۇنىڭدىن، ئۇ ئامال بار ئوتتۇرىدىكى قاتماللىقنى يۇمشىتىش ئۈچۈن سىلىق گەپ قىلدى، — شېكىسپېرنىڭ دىرامىسى قويۇلامدىكەن؟

— شۇنداق. «خۇشاللىق» دېگەن دىرامىسى.

— سىز شېكىسپېرنىڭ دىراملىرىنى چۈشىنەلەمسىز؟ شېكىسپېرنىڭ ئۆزىنىچۇ؟

روبىن چۈشىنىدىغانلىقىنى دېدى.

— قالتىس جۇمۇ سىز.

*　　　　*　　　　*

روبىن بەش يىلدىن بېرى ئىزچىل مۇشۇنداق قىلىپ

---

[1] ستراتفورد — كانادانىڭ ئاندالو ئۆلكىسىنىڭ بىر شەھىرى. شېكىسپېرنىڭ تۇغۇلغان جايى بىلەن ئاتالغان. 1953 - يىلىدىن باشلاپ بۇ يەردىكى چوڭ بىر باغ - چىدا شېكىسپېر بايرىمى ئۆتكۈزۈلىدىغان بولغان، بۇ كۈنى تەبرىكلەش پائالىيەتلىرى بولىدۇ، شېكىسپېرنىڭ تىياتىرلىرى ئوينىلىدۇ.

كېلىۋاتاتتى. ھەر يىلى يازدا ستراففوغا بېرىپ ئويۇن كۆرۈپ كەلسە شۇ يىللىق ھاياتى يېڭىدىن باشلانغاندەك بولۇپ قالاتتى. شۇ چاغلاردا ئۇ شۇ يەردە سىپستراللىقنى مەشىق قىلىۋاتاتتى، بىر دوستى بىلەن بىللە باراتتى، ئۇ دوستى ئىككى بىلەت ئەكىلىپ بىرسىنى ئۇنىڭغا بېرەتتى، بىرسىگە ئۆزى كىرەتتى. ئۇ بىلەتلەرنى ئۇنىڭغا شۇ يەرنىڭ ئويۇنلىرىنىڭ كىيىملىرىنى باشقۇرىدىغان ھاممىسى بېرەتتى. ئۇ قىز بۇ يەردىكى ئويۇنلارنى كۆپ كۆرۈپ كەتكەچكىمۇ كۆرۈۋېتىپ ئاسانلا زېرىكىپ قالاتتى — شۇ كۈنى «پادىشاھ لىر» دېگەن تىياتىر قويۇلغانىدى — روبىن بولسا ئۆزىنىڭ دىرامىدىن ئالغان تەسىراتىنى پەقەتلا دېمەيتتى، دېسىمۇ چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيتتى. ھېچبولمىغاندا يىگىرمە تۆت سائەتكىچە دىراما توغرۇلۇق ھېچكىمگە ھېچنېمە دېمەيتتى. شۇ بىر قېتىمدىن كېيىن ئۇ كېلەر قېتىم يەنە كېلىدىغان بولدى، ئەمما بىر ئۆزىلا كېلىدىغانىنى كۆڭلىگە پۈكۈپ قويغانىدى.

ئۇنىڭ ئۈچۈن شۇنداق قىلىش قىيىن ئەمەس، چۈنكى ئۇ مۇشۇ يەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن، ھەممە ئادەم بىلىدۇ، ئۇ يەرگە بارسىمۇ ھېچكىم ھېچنېمە دېمەيدۇ. جوئاننى ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ، بۇ يەرلىك ئەمەس، مۇشۇ يەردىن خىزمەت تېپىپ ئىشلەپ قالغانلا يېرى بار. بۇ يەردىكى ئادەملەرنىڭ ھەممىسى ئۇ باغچىدا شېكىسپىرنىڭ دىرامىلىرىنىڭ ئوينىلىدىغانلىقىنى بىلىدۇ، ئەمما روبىن ئۇلارنىڭ ئىچىدە بىركىملەرنىڭ ئۇ يەرگە بېرىپ ئويۇن كۆرگەنلىكىنى مۇشۇ كۈنگىچە ئاڭلاپ باقمىدى. ۋىللاردقا ئوخشاش ئادەملەرمۇ باشقىلارنىڭ مەسخىرىسىگە ئۇچراپ قالارمىزمۇ دېگەن ئەندىشە بىلەن بارمايدۇ، يەنە بىر سەۋەب، سەھنە سۆزلىرىنى چۈشەنمەي قېلىشلىرىدىن ئەنسىرەيدۇ. جوئاننىغا ئوخشاشلار بولسا كىشلەرنىڭ شېكىسپىرنى ياخشى كۆرىدىغانلىقلىرىغا ئىشەنمەيدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرى شېكىسپىرنى ياخشى كۆرمەيدۇ، بېرىپ قالسىمۇ كۆرۈنۈشكىلا بېرىپ قويىدۇ. پۈتۈن بازار بويىچە سەھنە ئويۇنلىرىنى ياخشى

كۆرىدىغان سانى كۆپ ئەمەس، ئاشۇ بىرنەچچە ئادەم تورونتودىكى خانلىق ئالېكس تىياتىرخانىسىدا شېكىسپىرنىڭ دىراممىلىرىنى ئوينايدىكەن دېيىشمۇ بىرىپ كۆرۈپ كېلىدۇ، مويسىپىتلەر سەييارە ئويۇنچىلىرىنىڭ ئويۇنىنىمۇ نەدە قويسا شۇ يەرگە كۆرگىلى بارىدۇ.

روبىن ئويۇن كۆرگەندە ياخشى ئورۇندا ئولتۇرۇپ كۆرۈشنى ياخشى كۆرەتتى، شۇڭا شەنبە، يەكشەنبە كۈنلىرىنىڭ بەكمۇ قىممەت ئەمەس، ئورنى ياخشى بېلەتلىرىدىن سېتىۋالاتتى. ئويۇن كۆرىدىغان ۋاقتى دوختۇرخانىدىكى نۆۋەتچىلىكىدە نۆۋەت كەلمىگەن ھەپتىنىڭ ئاخىرىدىكى كۈنلەرنىڭ بىرىدە بولاتتى، ئويۇن كۆرۈشتىن بۇرۇن ھەرگىز ئويۇننىڭ مەزمۇنىنى ئوقۇۋالمايتتى، قايسىسى كومېدىيە، قايسىسى تىراگېدىيە، كارى يوق ئىدى. ئويۇن كۆرگەندە هازىرغىچە مەيلى تىياتىرخانىنىڭ ئىچىدە ياكى كوچىدا بولسۇن، بىرمۇ تونۇش ئادىمىنى ئۇچرىتىپ باقمىدى، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان بىر سېسترا ئۇنىڭغا: «مەن ئۆزۈم يالغۇز ئويۇن كۆرۈشتىن شۇنچىلىك قورقىمەن» دېگەندە، روبىن ئۆزىنىڭ كۆپ سانلىق ئادەملەرگە كۆپ جەھەتتە ئوخشىمايدىغانلىقىنى بىلگەنىدى. ئاشۇنداق سورۇنلاردا، شۇنچە كۆپ ناتونۇش ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا ئۇ ئۆزىنى تولىمۇ ئەركىن تۇتۇپ يۈرەلەيتتى، ئويۇندىن قايتقانلىرىدا شەھەرنىڭ مەركىزى بىلەن دەريا بويلاپ يالغۇز مېڭىپ كېتىۋېرەتتى. پۇل جىق كەتمەيدىغان ئاشخانىلارغا كىرىپ پوكەينىڭ يېنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ساندىۋىچمۇ يەۋالاتتى. يەتتىمىدىن قىرىق مىنۇت ئۆتكەننىڭ پويىزى كەلگەندە شۇ پويىزغا ئولتۇرۇپ ئۆيگە قايتىپ كېلەتتى. قىسقىغىنا بۇ بىرنەچچە سائەت ۋاقىت ئۇنىڭغا تولۇق ئىشەنچ ئېلىپ كېلەتتى، قايتىپ كېتىۋاتقان، ۋاقىتلىقتەك، ئادەمنى قانائەتلەندۈرەلمەيدىغاندەك بىلىنىدىغان تۇرمۇشى قىسقا ۋاقىتلىق قىستۇرمىغا، چىدىماي ئامال بولمايدىغان بىر جەريانغا ئوخشاش بىلىنەتتى، ئۇنىڭ كەينىدە،

شۇ خىل تۇرمۇشنىڭ كەينىدە، پۈتكۈل نەرسىلەرنىڭ كەينىدە پويىز دېرىزىسىگە چۈشۈپ تۇرۇۋاتقان قۇياشنىڭ نۇرىدەك بىر خىل نۇر چاقناپ تۇرۇۋاتقاندەكمۇ قىلاتتى، ئۇ نۇر يەنە ئېتىزلىقلاردا قۇياشنىڭ نۇرى بىلەن پەيدا بولۇپ تۇرىدىغان ئۇزۇن سايىلەرگە ئوخشاش تۇرمۇش ئىچىدە ئاشۇنداق سايىلەرنىمۇ پەيدا قىلىپ تۇراتتى، بەزىدە ئۇ نۇرنى، ئۇ سايىنى ئۆزى كۆرگەن درامىلارنىڭ كاللىسىدا قالدۇرۇپ كەتكەن قالدۇق سايىلىرىدەكمۇ ئويلاپ قالاتتى.

بۇلتۇر ئۇ «ئانتونى بىلەن كلېئوپاترا» دېگەن درامىنى كۆردى. تىياتىرخانىدىن چىقىپ دەريا بويلاپ كېتىۋېتىپ دەريادا ئۈزۈپ يۈرگەن قارا قۇنى كۆرۈپ قالدى — ئۇ ھاياتىدا قارا قۇنى تۇنجى كۆرۈۋاتاتتى — ئۇ ھىيلىگەر، باشقىلارنىڭ توپى ئارىسىغا كىرىۋېلىشنى ياخشى كۆرىدىغان قۇش بولسا كېرەك، ئۈزۈپ كېتىۋاتقان بىر توپ ئاق قۇنىڭ كەينىدىن ئۆزى يالغۇز كېلىۋاتاتتى. ئاق قۇلارنىڭ قاناتلىرىدىن كۆتۈرۈلگەن يېقىملىق بىر نۇرنى كۆرگەندىن كېيىن، روبىن، بۇنىڭدىن كېيىن تاماق يېسە پوكەينىڭ بىقىنىدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئەمەس، ھەقىقىي بىر ئېسىل رېستوراننىڭ ئاپپاق داستىخان سېلىنغان، بىرنەچچە تال يېڭى گۈل قويۇلغان، بىر رومكا ۋىنو، بىر تەخسە ئېسىل قورۇما كەلتۈرۈلگەن ئۈستەلدە ئولتۇرۇپ يېيىشى كېرەك دەپ ئويلاپ قالدى. ئۇ شۇ خىيال بىلەن تەڭ قولىدىكى سومكىسىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ ئىچىدە قانچىلىك پۇلى بارلىقىغا قاراپ باقماقچى بولدى.

لېكىن، قولىدا سومكىسى يوق تۇراتتى، ئادەتتە كۆپ ئىشلىتىشكە كۆزى قىيمايدىغان، ئۈستىدە چىرايلىق گۈللىرى بار ئەپچىلگىنە كىچىك سومكىسى مۇرىسىدە ئېسىقلىق ئەمەس، نەگىدۇر يوقاپ كەتكەن تىياتىرخانىدىن چىقىپ ئۆزى يالغۇز دەريا بويلاپ كېتىۋاتقاندا ئۇ سومكىسىنىڭ مۇرىسىدە ئېسىقلىق ئەمەسلىكىگە دىققەت قىلماپتۇ، كۆڭلىكىنىڭ يانچۇقى



www.uyghurkitap.com

بولمىغاچقا ھەممە نەرسىسى شۇ سومكىسىنىڭ ئىچىدە ئىدى. قايتىشنىڭ بېلىتى، لەۋ سۇرۇخلىرى، تارغاقلىرى، پۇللىرى دېگەندەك، يېنىدا ئەمدى بىر تىيىنمۇ يوق.

ئېسىدە ئېنىق تۇرۇپتۇ، دىراما كۆرگۈچە سومكىسى باشتىن - ئاخىرىغىچە تىزلىرى ئۈستىدە ئويۇن مۇندەرىجىسىنىڭ تېگىدە ئىدى، ھازىر ئەمدى ئويۇن مۇندەرىجىسىمۇ يوق. ئۇ ئىككى نەرسە تىزى ئۈستىدىن پەسكە سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتكەنمىدۇ؟ ياق، ئۇنداق ئەمەس، تازىلىق ئۆيىگە كىرگەندە سومكىسى قولىدا ئىدى، كۆمۈش زەنجىرىنى ئىشىكنىڭ كەينىدىكى ئاسقۇغا ئېسىپ قويغان، قايتىپ چىققاندا ئۇ يەردە ئۇنتۇپمۇ قالمىغان. ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ چاچلىرىنى تۈزىگەندە سومكىدىن تارغاقنى چىقىرىپ چاچلىرىنى تارىغان. ئۇنىڭ چېچى قويۇق ھەم قارا ئىدى. سەل چۇۋۇلۇپ قاپتىكەن، رەتلىك تاراپ، ئۈستىگە ئازراق قايرىپ كۆپتۈرۈپمۇۋالغان، ئۇنىڭ كۆزلىرى كۆك، كىرپىكلىرى قاپقارا، يۈزىنىڭ تېرىسى ئاپتاپقا قاقلانمىسىمۇ ئاپتاپقا قاقلانغاندەك قىزىرىپ تۇرىدۇ، بەللىرى ئىنچىكە، كۆڭلىكىنىڭ ئېتەكلىرى يېيىلىپ تۇرىدۇ، يەلكىلىرى قىپچا، مۇشۇ كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ئاجايىپ گۈزەل.

ئۇ سومكىسىنى چوقۇم شۇ يەردە، تازىلىق ئۆيىنىڭ ئەينىكى ئالدىدىكى تەكچىسىدە ئۇنتۇپ قاپتۇ، ئۆزىنىڭ چىرايى بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئەينەكتىن نېرىراق بېرىپ بەللىرىگە، يەلكىلىرىگە قايرىلىپ قاراپ، لىپتىكىنىڭ تاسمىسىنىڭ كۆرۈنۈپ قالغان - قالمىغانلىقىغا دىققەت قىلىپ، باشقا ھېچ نەرسىنى ئويلىماي، ئۆزىنىڭ ئومۇمىي تۇرقىغا بولغان مەمنۇنىيەت ۋە ئەخمىقانە ماختانچاقلىقى بىلەن مەست بولۇپ كېتىپ، سومكىسىنىمۇ ئالماي تازىلىق ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەن گەپ.

ئۇ دەريا توسمىسىغا يامىشىپ چىقىپ تىياتىرخانىغا ئېلىپ

بارىدىغان يول بىلەن شۇ تەرەپكە قاراپ يول ئالدى. قەدەملىرىنى تېز - تېز يۆتكەيتتى، بۇ يولدا دەرەخلەر ئانچە كۆپ بولمىغاچقا كوچا قاراڭغۇ ئەمەس، يولدا ماشىنىلار كۆپ، تېخى تولۇق قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتمىگەن. ھاۋا يەنىلا ئىسسىق، ئۇ يۈگۈرۈپ دېگۈدەك كېتىۋاتقان بولغاچقا، باش - كۆزىدىن تەر قۇيۇلۇپ تۇرۇۋاتاتتى. بىرمۇ سايە يەر يوق، ئاپتاپتا قاغجىراپ ياتقان ماشىنا توختىتىش مەيدانىدىن ئۆتتى، بۇ يەردە نە ماشىنا، نە ئادەم يوق، ئاخىر تىياتىرخانىنىڭ ئالدىغىمۇ يېتىپ كەلدى. بۇ يەردىمۇ ئادەم كۆرۈنمەيدۇ.

بەختىگە دەرۋازا تېخى تاقالمىغانىكەن. ئۇ تىياتىرخانىنىڭ ئالدىدىكى بوشلۇقتا بىردەم تۇرۇۋېلىپ، ئىسسىقتا ئاچالماي قالغان كۆزلىرىنى ئازراق ئارام ئالدۇرۇۋالدى. يۈرىكى قاتتىق سېلىپ كېتىۋاتاتتى. پېشانىسىدىن قۇيۇلۇپ تۇرۇۋاتقان تەر يۈزىنى بويلاپ ئېقىپ لەۋلىرى ئارىسىدىن ئاغزىغا كىرىپ كېتىۋاتاتتى. بېلەت ساتىدىغان تۆشۈك ئېتىلىپ كېتىپتۇ، ئىچىملىك بىلەن ئۇششاق يېمەكلىكلەرنى ساتىدىغان پوكەيمۇ شۇنداق، تىياتىرخانىنىڭ ئىچىدىكى ئىشىكلەرنىڭ ھەممىسى تاقاق. ئۇ پەلەمپەي بىلەن پەستىكى تازىلىق ئۆيىگە چۈشتى، ئايىغىنىڭ پاشنىسىدىن تاقىلداپ ئاۋاز چىقىپ تۇرۇۋاتاتتى.

ئىلاھىم، ئۇ يەرنىڭ ئىشىكى ئېتىلىپ قالغان بولمىغاي، ئىلاھىم ئۇ يەرنىڭ ئىشىكى ئوچۇق بولغاي، ئىلاھىم سومكام قويغان يېرىمدە تۇرغاي.

بەختىگە ئىشىك ئوچۇق ئىكەن، لېكىن سومكىسى كۆرۈنمەيدۇ، ئەخلەت سالىدىغان سېۋەتكە، ئىشىكلەرنىڭ كەينىلىرىگە قاراپ باقتى، ھېچ يەردە يوق.

بىر ئەر كىشى يەرنى سۈرتۈۋاتقانىكەن، ئۇنىڭدىن سوراپ بېقىۋىدى، ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇنداق نەرسىنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى، تېپىۋېلىنغان نەرسىلەرنى ساقلايدىغان مەخسۇس بىر بۆلۈمنىڭ بارلىقىنى، ھازىر تاقىلىپ كەتكەنلىكىنى دەپ بەردى ۋە بىر ئىش

ئېسىگە كەلگەندەك، قولىدىكى پول سوركۆچنى يەرگە تاشلاپ قويۇپ، ئۇنى باشلاپ يەنە بىر پەلەمپەيگە باردى. ئۇ يەردە كىچىكرەك بىر قازناق بار ئىكەن، ئىشىكنى ئېچىپ بىر ـ بىرلەپ قاراشتۇرۇپ چىقتى. كۆنلۈك، بىرنەچچە قول سومكىسى، قىسقا بىر چاپان، شەپكە، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئىلەشتۈرگۈدەك پۇراپ تۇرغان بويۇنغا ئورىۋالىدىغان بىر تۈلكە تېرىسى دېگەندەك نەرسىلەر چىقتى، بىرلا روبىنىنىڭ سومكىسى يوق.

— تەلىيىڭىز يوق ئىكەن، — دېدى ئۇ ئەر ئۇنىڭغا.

— تىياتىرخانا ئىچىدىكى ئولتۇرغان يېرىمگە چۈشۈپ قالغانمىدۇ؟ — دېدى ئۇ ئۇ يەرگە چۈشۈپ قالمىغانلىقىنى بىلىپ تۇرسىمۇ ئۇ ئەرگە يالۋۇرغاندەك قىلىپ.

— تىياتىرخانىنىڭ چوڭ زالىنى سۈپۈرۈپ چىقتىم، ئۇنداق نەرسە ئۇچرىمىدى.

ئەمدى ئۇنىڭ ھېچبىر ئامالى قالمىغانىدى. ئامالسىز پەلەمپەي بىلەن ئۇستىگە كۆتۈرۈلۈپ تىياتىرخانىدىن چىقىپ كەتتى.

ئەمدى ئۇ ماشىنا توختىتىش مەيدانىنىڭ قارشى تەرىپىگە، ئۆزىنىڭ شۇ تۇرقىدىكى روھىي ھالىتىنى يوشۇرىدىغان تەرەپكە قاراپ ماڭدى. كېتىۋېتىپ، جوئاننى ئاڭلىسا، سىنىڭ سومكاڭنى چوقۇم ئاشۇ يەر سۈپۈرۈپ يۈرگەن تازىلىق ئىشچىسى ئالدى، خوتۇنىغا ياكى قىزلىرىغا ئاپىرىپ بېرىدۇ. ئاشۇنداق يەردە ئىشلەيدىغان ئادەملەرنىڭ قايسىبىرىنىڭ قولى پاكىز دەيسەن؟ دەيدىغانلىقىنى ئويلاپ كەتتى، بىر يەردىن ئورۇندۇق تېپىپ، پەقەت تېپىلمىسا پاكارراق بىر تامنىڭ ئۇستىدە بولسىمۇ ئولتۇرۇپ ئۆزىنىڭ ئەمدى قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئوبدانراق ئويلىۋېلىشنى خىيال قىلىپ قالدى. لېكىن، ئۇنداق يەر ھېچ يەردىن تېپىلمىدى.

بىر چاغدا بىر ئىت كەينىدىن كېلىپ يېنىدىن سۈركىشىپ دېگۈدەك ئۆتۈپ كەتتى. پۈتلىرى ئۇزۇن، كۆرۈنۈشى

قورقۇنچلۇق، سەل تەلۋىدەك كۆرۈنىدىغان ئىت ئىكەن.

«جونو، جونو، — تۇيۇقسىز بىر ئەر كىشىنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ ئالدى، — بۇ يەردە نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟»

— ئۇ تېخى كىچىك، قائىدە ئۇقمايدۇ، — دېدى ئۇ، — پىيادىلەر يولى ئۆزىنىڭكىدەك ئالچاڭلاپ مېڭىپ كەتكىنىنى قارىمامدىغان بۇنىڭ. بۇ ئىت ئادەم چىشلىمەيدۇ. سىزنى قورقۇتۇۋەتمىگەندۇ؟

— ياق، — دېدى روبىن، پۈتۈن خىيالى سومكىسىدا قالغاچقا، بۇ ئىتنىڭ ئۆزىنى چىشلىۋېلىشى مۇمكىنلىكىمۇ كاللىسىغا كىرىپ باقمىغانىدى.

— ئادەتتە ئادەملەر بۇنداق ئىتنى كۆرسە چىشلىۋالامدىكىن دەپ قورقىدۇ. بۇ خىلدىكى ئىتلار كۆرۈنۈشتە ۋەھشىي كۆرۈنگەن بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. ئۆيلىرىگە قارىتىدىغانلىرىنى كىشىلەر ئادەم چىشلەيدىغان قىلىپ ۋەھشىي تەربىيىلەيدۇ. بۇ ئىت بىلەن ئازراق ۋاقىت بىللە مېڭىپ يۈرسىڭىز كۆزىڭىزگە ئۇنداق كۆرۈنمەيمۇ قالىدۇ.

روبىننىڭ ئىتلارنىڭ تۈرلىرىدىن پەقەتلا ساۋاتى يوق ئىدى. دائىم دېمى سىقىلىپ تۇرىدىغان بولغاچقا ئىت - مۈشۈكلەرنى ئۆيگە يېقىن كەلتۈرمەيتتى.

— مېنىڭ ئىتلار بىلەن ئانچە كارىم يوق، — دېدى ئۇ ئۇ ئادەمگە جاۋابەن.

ئىتنى جونو دەپ چاقىرغان ئۇ ئادەم ئىتى ئۆزىنى ساقلاپ تۇرۇۋاتقان يەرگە بارماي يېنىغا چاقىرىۋالدى. ئاندىن قولىدىكى تاسمىنى ئىتنىڭ بوينىدىكى بويۇنتۇرۇققا ئۆتكۈزۈپ قويدى.

— چىملىققا بارغاندا، بوينىدىكى تاسمىنى ئېلىۋېتىمەن. ئۇ چىملىق تىياترخانىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدە، ئۇمۇ شۇنداق قىلىشىمنى ياخشى كۆرىدۇ. بۇ يەرلەردە ماڭغاندا باغلىۋالمىسام بولمايدۇ. شۇ چاغدىلا كوچىدا ئارامخۇدا ماڭىمەن. سىزنىڭ مىجەزىڭىز يوقمۇ نېمە؟

ئۇ بىردىنلا گېپىنىڭ مەزمۇنىنى روبىنىنىڭ ئۇستىگە ئاغدۇردى. روبىن ئۇنىڭ بۇ سوئالىدىن ھەيران بولماي، بىشىدىن ئۆتكەن ئىشنى ئۇنىڭغا سۆزلەپ بەردى.

— مەن قول سومكامنى يىتتۈرۈپ قويدۇم، پۇتۇنلەي ئۆزۈمدىن كەتتى. تىياتىرخانىنىڭ ھاجەتخانىسىدىكى ئەينەكنىڭ ئالدىدىكى تەكچىگە قويۇپ قويغان، ئۇنتۇپ قىلىپ يىنىپ چىقىپتىمەن. كىيىن كىرىپ قارىسام، جايىدا يوق تۇرىدۇ. ئويۇن تۈگىگەندە خىيال بىلەن بولۇپ كىتىپ سومكام يادىمدىن پۈتۈنلەي چىقىپ كىتىپتۇ.

— بۈگۈن قايسى دىراما ئوينالغان؟

— «ئانتونى بىلەن كىلىئوپاترا» — دەپ جاۋاب بەردى ئۇ، — پۇللىرىم بىلەن پويىزنىڭ قايتىش بىلىتى شۇ سومكىنىڭ ئىچىدە ئىدى.

— پويىزغا ئولتۇرۇپ كەلگەنىمىدىڭىز؟ «ئانتونى بىلەن كلىئوپاترانى»نى كۆرگىلى؟

— شۇنداق.

بىردىنلا ئايپىسىنىڭ جوئانني ئىككىسىگە دائىم، پويىزغا ئولتۇرغان ياكى ماشىنىغا ئولتۇرۇپ ساياھەتكە چىققانلىرىڭلاردا بىر قىسىم پۇلۇڭلارنى قاتلاپ ئىچ كىيىملىرىڭلارنىڭ ياكى كۆسارلىرىڭلارنىڭ بىر يەرلىرىگە ئايرىم ئىلىپ قويۇڭلار. ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆزۈڭلار تونۇمايدىغان، بىلمەيدىغان ئادەملەر بىلەن ھەرگىز پاراڭلاشماڭلار، دىگەن گەپلىرى ئىسىگە كىلىپ قالدى.

— نىمىگە كۈلىسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئادەم.

— نىمىگە كۈلگىنىمنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن.

— كۈلگۈڭىز كەلسە كۈلىۋىرىڭ، — دىدى ئۇ ئادەم، — مەن سىزنىڭ پويىز بىلىتىڭىزگە پۇل بىرىپ تۇراي. قاچانىڭ پويىزىدا ماڭىسىز؟

ئۇ پويىزنىڭ ۋاقتىنى ئۇنىڭغا دەپ بەردى.

— بولىدۇ، — دېدى ئۇ ئادەم شۇ ئانلا، — لېكىن مېڭىشتىن بۇرۇن ئازراق بىرنەرسە يەۋالمىسىڭىز، قورسىقىڭىز ئېچىپ كېتەرمىكىن. قورساق ئاچقاندا ئادەمگە پويىزدا مەنزىرە كۆرۈپ مېڭىشمۇ خۇشياقمايدۇ. ھازىر يېنىمدا ھېچنېمە يوق، ئىشىمنى ئايلاندۇرۇپ چىققاندا يېنىمغا پۇل سالمايدىغان ئادىتىم بولغاچقا، پۇل ئالماي چىقىپتىمەن. يېقىنلا يەردە بىر دۇكىنىم بار، مەن بىلەن بىللە بارسىڭىز دۇكاندىن سىزگە پۇل ئېلىپ بېرەي.

كۆڭلى پاراكەندە بولغاچقىمۇ، روبىن باياتىندىن بېرى ئۇنىڭ گەپلىرىگە دىققەت قىلماپتىكەن، ئەمدى دىققەت قىلسا ئۇ ئادەم فىرانسۇزچىمۇ، گوللاندچىمۇ ئەمەس، باشقا بىر خىل تەلەپپۇزدا سۆزلەيدىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئىككى خىل تىلنىڭ پەرقىنى ئايرىيالىغۇدەك ئىقتىدارىنىڭ بارلىقىغا ئىشىنەتتى. فىرانسۇزچىنى مەكتەپتە ئۆگەنگەن. گوللاند تىلىنى دوختۇرخانىدا كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەن كۆچمەن گوللاندلار بىلەن سۆزلىشىپ يۈرۈپ ئازراق ئۆگىنىۋالغانىدى. ئۇنىڭ دىققىتىنى قوزغىغان يەنە بىر ئىش بۇ ئادەمنىڭ قورساق ئاچ بولسا پويىزدا مەنزىرە كۆرۈپ مېڭىشمۇ خۇشياقمايدۇ، دېگەن گېپى بولدى. روبىن تونۇيدىغان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە قورساق ئېچىپ كەتكەندە ھېچنېمىنىڭ خۇشياقمايدىغانلىقىنى بۇنداق ئوخشىتىش بىلەن ئىپادىلىگەن ئادەمنى پەقەتلا ئۇچرىتىپ باقمىغانىدى. ئۇ ئادەممۇ بۇ گەپنى ياسالمىلىق يوق، تەبىئىي ۋە جايىغا كەلتۈرۈپ دېگەنىدى.

دوۋنىي كوچىسىنىڭ بۇرۇلىدىغان يېرىگە كەلگەندە ئۇ ئادەم:

— بۇ ياققا مېڭىڭ، مېنىڭ ئۆيۈم يېقىنلا يەردە، يىراق ئەمەس، — دېدى.

بايام دۇكىنىنىڭ گېپىنى قىلىۋىدى، ئەمدى ئۆيىنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىدۇغۇ؟ بەلكىم ئۆيىدە دۇكان ئېچىۋالغان بولغىيدى.

روبىن قىلچە ئەنسىرەش يوق، ئۇنىڭ كەينىدىن مېڭىۋەردى.

كېيىن ئۆزىنىڭ بۇ قىلغىنىغا ھەيرانمۇ قالدى. ئۇنىڭ ئۆزىگە ياردەم بېرىش تەكلىپىگە قوشۇلغانلىكەن، قورقماي مېڭىۋېرىدۇ - دە، ئامال قانچە، بۇنداق ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇغۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۇ ئىستىنى ئايلاندۇرۇپ كەلگىلى چىققانلىرىدا يېنىغا پۇل سالمايدىغان ئادىتىنىڭ بارلىقىنى دەپ، پۇلنى دۇكىنىدىن ئېلىپ بېرىدىغانلىقىنى دەۋاتقان تۇرسا.

روبىنىڭ ئۇنىڭغا ئىشەنگەن يەنە بىر تەرىپى بۇ ئادەمنىڭ گەپ قىلىشتىكى تەلەپپۇزى ئىدى. بەزى سىبىستىرالار گوللاند دېھقانلىرى بىلەن ئۇلارنىڭ خوتۇنلىرىنىڭ گەپلىرىنى كەينىدىن مەسخىرە قىلاتتى. روبىن بۇنداق ئادەملەرنى ئۇچراتسا ئۇلارغا باشقىچە مۇئامىلىدە بولاتتى. ئۇلارنىڭ شۇنداق گەپ قىلىشلىرىدا پەۋقۇلئاددە بىر سەۋەب ياكى پىسخىكا جەھەتتە مەلۇم توسالغۇلار بولۇشى مۇمكىن، دەپ ئويلاپ ئۇلارنىڭ تىللىرىدىكى كەمتۈكلۈككە توغرا قارايتتى ھەم ئۇلارغا ھۆرمەت بىلەن مۇئامىلە قىلاتتى.

دەسلەپتە ئۇ ئۇ ئادەمنىڭ چىرايىغا تۇزۇكمۇ قارىمىدى، كۆڭلى پاراكەندە بولۇپ تۇرغاچقا شۇنداق بولغانىدى. ھازىر ئىككىسى قاتارلىشىپ كېتىۋاتقاچقا، چىرايىغا تېخىمۇ قارىغىلى بولمىدى. بويلۇق ئادەم ئىكەن، چوڭ - چوڭ چامداپ ماڭىدىكەن. روبىننىڭ دىققەت قىلغىنى بېشىنىڭ قۇياشنىڭ نۇرى بىلەن پارقىراپ تۇرۇۋاتقىنى بولدى. چاچلىرى چۇشۇرۇۋەتكىلى ئۈچ - تۆت كۈن بولغان ساقالغا ئوخشاش يىرىك ھەم قىسقا ئىكەن، كۈمۈشتەك يالتىراپ تۇرىدىكەن، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاق ئارىلىغان چاچ ئىكەن. پېشانىسى كەڭ، كۈنىنىڭ نۇرىدا تېخىمۇ بەكرەك پارقىراپ تۇرۇپتۇ. روبىن ئۇ ئادەمنىڭ يېشىنى مۆلچەرلەپ ئۆزىدىن بىر ئەۋلاد چوڭ كۆردى. كۆرۈنۈشىدىن ناھايىتى مۇلايىم، ئەمما يەنە ئازراق تاقەتسىزدەك، مەكتەپ مۇئەللىمىگە ئوخشاش ئۆز سۆزرەك، باشقىلاردىن ھۆرمەت تەلەپ قىلىدىغان، ئۆزى تەلەپ قىلغاننى ئۆزى كىشىلەرگە بەرمەيدىغان

ئادەمدەكمۇ كۆرۈنۈپ قىلىۋاتاتتى. ئۇنىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، روبىن ئۇنىڭ چاچلىرىدا ئاق چاچتىن باشقا قىزغۇچ چاچلارنىڭمۇ بارلىقىنى سەزگەندەك بولدى. ئۆيىنىڭ ئىچىدىكى ھەرىكەتلىرىمۇ خۇددى ئۆيىگە كەلگەن مېھمانلاردىن قورۇنىدىغاندەك، ئارزاق گالدەك كۆرۈنۈپ قالدى، يېشىمۇ بايام ئويلىغىنىدەك ئەمەس، ئۆزىدىن ئون ياشلا چوڭدەك قىلىپ تۇراتتى.

ئۇ ئۇنىڭغا خاتا پەرەزلىرى بىلەن ئىشىنىپ قالغانىدى. لېكىن، ئىشەنگەنلىكىنىڭ ئۆزى خاتا ئەمەس ئىدى.

بۇ راست دېگەندەك ئۇنىڭ ئۆيىدە ئېچىۋالغان دۇكان ئىكەن، پىششىق خىشلىق تارغىنا بۇ بىنانىڭ سېلىنغىنىغا خېلى يىللار بولغاندەك، بۇ كوچىدىكى باشقا دۇكانلارنىڭ ھەممىسى مەخسۇس دۇكان ئۈچۈن سېلىنغاندەك قىلاتتى. ئۇنىڭ دۇكىنىنىڭ ئالدى ئىشىكى، پەلەمپىيى، دېرىزىلىرى ئولتۇراق ئۆي شەكلىدە ئىكەن، دېرىزىسىنىڭ تەكچىسىدە قوڭغۇراقلىق نەپىس بىر سائەت تۇراتتى. ئۇ دۇكىنىنىڭ ئىشىكىنى ئاچقاندا، ئىشىككە ئېسىپ قويغان، ھازىر دەم ئېلىش، دېگەن تاختاينى ئۆرۈپ قويمىدى. جونو ئىككىسىنىڭ ئارىسىدىن قىستىلىپ بىرىنچى بولۇپ دۇكاننىڭ ئىچىگە كىرىۋالغانىدى. ئۇ ئادەم روبىندىن يەنە بىر قېتىم كەچۈرۈم سوراپ قويدى.

— ئۇ كىرىشكە تېگىشلىك بولمىغان ئادەملەر كىرىۋالدىمۇ - يوق، دۇكاننىڭ ئىچى بىز چىقىپ كەتكەن چاغدىكىدەكمۇ - قانداق، تەكشۈرۈپ چىقىش ئۈچۈن دۇكانغا ئاۋۋال كىرىۋالدۇ، — دېدى ئۇ.

ئۆيىنىڭ ئىچى خىلمۇخىل سائەتلەر بىلەن توشۇپ كەتكەنىكەن، سېرىق رامكىلىق، سۇس رامكىلىق، رەڭگى قېنىق رامكىلىق، ئالتۇن ھەل بېرىلگەن چىرايلىق شەكىللىك سائەتلەر تاملاردا، ئىشكاپلارنىڭ ئۈستىلىرىدە ھەتتا يەردە يېيىلىپ يېتىپتۇ. پۇل ئالىدىغان ماشىنا قويۇلغان پوكەينىڭ ئۈستىمۇ

سائەت بىلەن توشۇپ كېتىپتۇ، جونو سائەتلەرنىڭ ئارىلىرىدىن سائەتلەرگە ھېچ يېرىنى تەگكۈزمەي مېڭىپ پەلەمپەي بىلەن ئۈستىگە چىقىپ كەتتى. ئۇ ئادەم روبىننى باشلاپ كېتىۋېتىپ ئۇنىڭدىن:

— سىز سائەتنى ياخشى كۆرەمسىز؟ — دەپ سوراپ قويدى.

روبىن بۇ سوئالغا ئەدەپ بىلەن جاۋاب بېرىشنى ئويلا - ئويلىمايلا «ياق» دەپ جاۋاب بېرىۋەتتى.

— ناھايىتى ياخشى، — دېدى ئۇ ئادەم، — ئۇنداق بولسا ئۆزۈمنىڭ سائەتلىرىمنى ئۆزۈم ماختاپ يۈرىۋەرسەم بولغۇدەك، — ئاندىن ئۇ روبىننى بايام ئىت مېڭىپ ئۆتكەن ئارىلىقلاردىن باشلاپ مېڭىپ، بىر ئىشىكنىڭ — بۇ ھاجەتخانا بولسا كېرەك — ئالدىغا كەلگەندە ئىشىك يېنىدىكى تىك پەلەمپەيگە ياماشتى، پەلەمپەيدىن چىققان يەردە ئاشخانا بار ئىكەن، ئاشخانىنىڭ ئىچى شۇنچىلىك پاكىز، رەتلىك، ھەممە نەرسە پارقىراپ تۇرۇپتۇ، جونو شۇ يەردە قۇيرۇقىنى شىپپاڭلىتىپ ئۇلارنى ساقلاپ تۇرۇپتىكەن، يېنىدا يوغان بىر تاۋاق تۇرۇپتۇ.

— بىردەم ساقلاپ تۇر، — دېدى ئۇ ئادەم ئىتقا قاراپ، — ئۆيگە مېھمان كەلگەنلىكىنى كۆرمىدىڭمۇ؟

ئۇ بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇرۇپ ئاۋۋال روبىننى مېھماخانا ئۆيىگە كىرگۈزۈۋەتتى. يەر قىپقىزىل تاختاي، بىرمۇ گىلەم يوق، دېرىزىلىرىمۇ پەردىسىز، پۈتۈن بىر تامنى ئاۋاز ساندۇقلىرى بىر ئاپتۇ. ئۇدۇلدىكى تامدا ئۇزۇن بىر سافا تۇرۇپتۇ، ئالدىغا تارتسا كارىۋات بولىدىغان سافادەك قىلىدۇ. ئولتۇرىدىغان يېرى بىرېزېنت بىلەن قاپلانغان ئىككى ئورۇندۇق بىلەن بىر كىتاب جازىسىمۇ بار. جازىنىڭ بىر تەكچىسىگە ھەر خىل كىتابلار تىزىۋېتىلگەن، يەنە بىر تەكچىسىگە ژۇرناللار قويۇلغان، شۇنچىلىك رەتلىك، قىلچە قالايمىقىنى يوق. ئۆينىڭ ئىچىدە بىرمۇ رەسىم ياكى تىزىقلىق خاتىرە بۇيۇمى كۆرۈنمەيدۇ، نەق

بويتاق ئادەمنىڭ ياتىقىغا ئوخشاش. ھەممە نەرسە مەقسەتلىك ھەم ئىشلىتىش ئۈنۈمى بار نەرسىلەر، بۇ يەر روبىنغا تونۇشلۇق بولغان يەنە بىر بويتاقنىڭ — ۋىللارد گرىگنىڭ — ئۆيى بىلەن سېلىشتۇرغاندا ئاسمان ـ زېمىن پەرق قىلاتتى. ۋىللاردنىڭ ئۆيى ئاتا ـ ئانىسىدىن قالغان جاھازلار قالايمىقان قويۇلۇپ كەتكەن، ھەممە نەرسە رەتسىز سۆرۈن بىر ماكان ئىدى.

— نەدە ئولتۇرۇشنى خالايسىز؟ — دەپ سورىدى ئۇ روبىندىن، — سافادىمۇ؟ سافا ئورۇندۇققا قارىغاندا راھەترەك. سىزگە بىر ئىستاكان قەھۋە دەملەپ بېرەي، قەھۋە ئىچىپ ئولتۇرغۇچە سىزگە كەچلىك تامىقىڭىزغا ئازراق يەيدىغان نەرسە تەييارلايمەن. بىزنىڭ بۇ يەرگە تىياتىر كۆرگىلى كۆپ قېتىم كەپسىز، تىياتىر تۈگەپ پويىزنىڭ ۋاقتى توشقۇچە نەدە، نېمە ئىشلار بىلەن بەند بولۇپ يۈرگەنسىز؟

چەت ئەللىكلەرنىڭ گەپلىرى ئوخشىمايدۇ، خۇددى ئارتىس سەھنىدە سۆزلەۋاتقاندەك، بىر گەپ بىلەن ئىككىنچى گەپنىڭ ئارىلىقىدا ئازراق توختىۋالىدۇ.

— كوچا ئايلىنىپ يۈردۈم، — دېدى روبىن، — ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يېدىم.

— ئۇنداق بولسا بۈگۈنمۇ شۇنداق قىلىڭ، ئۆزىڭىز يالغۇز ئولتۇرۇپ تاماق يېسىڭىز ئىچىڭىز پۇشۇپ قالامدۇ؟

— ئۇنداق بولمايمەن، تىياتىردىكى ئىشلارنى ئويلاپ ئولتۇرىمەن.

قەھۋە قېنىق دەملىنىپ قايتىكەن، شۇنداقتىمۇ روبىن بىرنەچچە يۇتۇم ئىچكەندىن كېيىن كۆنۈپ قالدى. ئۇ يالغۇز ئولتۇرۇپ كەتتى، ئەمما ئاشخانىغا كىرىپ ئۇنىڭغا ياردەملىشىپ بېرىشنى ئۆزىگە خوپ كۆرمىدى. ئورنىدىن تۇرۇپ پۈتىنىڭ ئۇچىدا مېڭىپ كىتاب جازىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ بىر ژۇرنالنى قولىغا ئالدى. لېكىن، ئۇ ژۇرنال پەسەنتىگە توغرا كەلمەي يەنە جايىغا قويۇپ قويدى. ئۇ ژۇرنال ناچار بېسىلغان، قەغەزلىرىمۇ

سوپەتسىز، سارغىيىپ قالغان، ئوقۇغىلى، چۈشەنگىلى بولمايدىغان خەتلەر بىلەن بېسىلغان ژۇرنال ئىكەن. شۇنداقتىمۇ قويۇپ قويغان يېرىدىن يەنە قولىغا ئېلىپ سافاغا كېلىپ ۋاراقلاپ باقتى.

دېگەندەك، تىزلىرى ئۈستىگە قويۇپ ۋاراقلاپ كۆرۈپ، خەتلىرىنى پۈتۈنلەي تونۇمايدىغانلىقىنى بىلدى.

ئۇ ئادەم مېھمانخانىغا كىرىپ ئۇنىڭ ئىستاكىنىدىكى قەھۋەنى ئىقلاپ قويدى.

— سىز مەن بىلىدىغان تىلنىمۇ بىلىدىكەنسىز - دە، — دېدى ئۇ.

بۇ گەپنىڭ ئازراق مەسخىرە مەنىسىمۇ بار ئىدى، شۇڭلاشقىمۇ بۇ گەپنى ئۇ روبىنغا قاراپ دېمىدى، ئۆزىنىڭ ئۆيىدە ئۇنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ گەپ قىلىشتىن ئازراق خىجىل بولغان بولسا كېرەك.

— مەن بۇنىڭ قانداق تىل ئىكەنلىكىنى ئۆزۈممۇ بىلمەيمەن، — دېدى روبىن ئۇنىڭ ئۇ سۆزىگە جاۋابەن.

— سېربىيە تىلى، بەزىلەر سېربىيە - كىرودىيە تىلىمۇ دېيىشىدۇ.

— سىز نەدىن كەلگەن ئادەم؟

— مەنماندېنگرو[1]دىن كەلگەن.

روبىن نېمە دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇپلا قالدى. سېربىيە - كىرودىيە نەدىدۇ؟ گىرېتسىيەگە قوشنا يەرمىدۇ؟ ياق، ئۇ يەر ماكېدونىيە.

— ماندېنگرو يۇگوسلاۋىيەدە، — دېدى ئۇ چۈشەندۇرۇپ، — ئۇلار بىزگە شۇنداق دەپ بەرگەن. ئەمما، بىز ئۇنداق ئويلىمايمىز.

— بىز سىلەرنى ئۇ دۆلەتتىن ئايرىلالمايدۇ، دەپ

[1] ماندېنگرو — مونتېنگرونى دېمەكچى.

ئۇيلايتتۇق، — دېدى روبىن، — ئۇ كوممۇنىزمچىلارنىڭ دۆلىتى. مەن سىلەرنى باشقىلارغا ئوخشاش غەرب دۆلەتلىرىگە ئىختىيارىچە چىقىپ كېتەلمەيدۇ، دەپ ئويلاپ كەلگەن.

— ئۇنىڭمۇ ئامالى بولىدۇ، — دېدى ئۇ بۇ ئىشقا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيدىغانراق تەلەپپۇزدا، بەلكىم ئۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپمۇ كەتكەندۇ، — ئەگەر چىقىپ كېتەيچۇ، دېگەن ئىرادىگە كەلسىڭىز ئۇنىڭغا ئامال تېپىلىدىكەن. مەن بەش يىلنىڭ ئالدىدا چىقىپ كەتكەن، ئۇ چاغلاردىكىگە قارىغاندا ھازىر ئاسان بولۇپ كېتىپتۇ. يات ئاردا مەن يەنە قايتا بارماقچى، پەرىزىمچە، بارسام يەنە قايتىپ كېلەلمەيمەن. سىزگە تاماق ئېتىپ بېرىشكە تۇتۇش قىلىۋاتىمەن. تاماق يەۋالسىڭىز ئۆيىڭىزگە ئاچ قورساق ماڭمايسىز.

— سىزدىن يەنە بىر ئىشنى سوراپ باقسام، — دېدى روبىن، — مەن نېمىشقا بۇ خەتلەرنىڭ بىر ھەرپىنىمۇ تونۇمايمەن؟ بۇ سىز كەلگەن دۆلەتنىڭ خېتىمۇ؟

— بۇ شىلىر يېزىقى، گىرىك يېزىقىغا ئوخشاپراق كېتىدۇ. مەن ئەمدى ئاشخانىغا چىقاي.

روبىن جايىدا ئولتۇرۇپ قالدى. غەلىتە يېزىقتا بېسىلغان ئۇ ژۇرنال ئۇنىڭ تىزى ئۈستىدە ئېچىقلىق تۇراتتى. ئۆزىنى خۇددى يات بىر دۇنيادا ستراتفورد شەھىرىنىڭ دوۋىنى كوچىسىدىكى كىچىك بىر دۇنيادا تۇرۇۋاتقاندەك ئويلاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئادەمدىن يەنىمۇ ئىچكىرىلەپ سوراش ھۆرمەتسىزلىك بولىدىغاندەك تۇيۇلۇپ، سورايدىغان يەنە بىرمۇنچە ئىشلار بولسىمۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالدى.

پەستىكى بارلىق سائەتلەر — ياكى كۆپ ساندىكى سائەتلەر — ۋاقىتنى مەلۇم قىلىپ بىردەك داڭ ئۇرۇشقا باشلىدى، سائەت دەل يەتتە بولغانىدى.

— سائەت يەتتىدىن كېيىن يەنە پويىز بارمۇ؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئاشخانىدا تۇرۇپ روبىندىن.



www.uyghurkitap.com

— بار، سائەت ئونغا بەش مىنۇت قالغاندا ماڭىدىغان بىر پويىز بار.

— شۇ پويىزدا ئولتۇرۇپ ماڭسىڭىز بولامدۇ؟ ئۆيدىكىلىرىڭىز ئەنسىرەپ قالمايدىغاندۇ؟

ئۇنىڭدىن ھېچكىم ئەنسىرەپ قالمايتتى. جوئاننىڭ خاپا بولۇشى مۇمكىن. ئەمما، توغرىسىنى ئېيتقاندا، ئۇنى ئەنسىرىدى دېگىلى بولمايتتى.

ئۇنىڭ تەييارلىغان كەچلىك تامىقى دۇملەپ پىشۇرغان، شورپىسى قويۇقراق تاماقتەك قىلاتتى، ۋىنو بىلەن بولىكىمۇ بار ئىدى.

— بۇ تاماقنى بىز ستېروكانوف[1] دەپ ئاتايمىز، — دېدى ئۇ ئىككى تەخسىگە ئۇسسۇلغان تاماقنى كۆتۈرۈپ كىرىپ، — سىزنىڭ ياخشى كۆرۈپ يېيىشىڭىزنى ئارزۇ قىلىمەن.

روبىن بىر قوشۇق يەپ بېقىپ:

— بەك ئوخشاپتۇ، — دېدى چىن كۆڭلىدىن ياقتۇرۇپ، ھاراقنىڭ تەمى يارىمىغان بولسىمۇ چاندۇرمىدى. ئادەتتە ئۇ كۆپرەك ۋىنو ئىچەتتى، — بۇ سىلەرنىڭ ماندېنگرودا يەيدىغان تامىقىڭلارمۇ؟

— ئۇنداقمۇ ئەمەس. ماندېنگرونىڭ تاماقلىرى ئۇنچىلىك داڭلىقمۇ ئەمەس.

گەپنىڭ بېشىنى سورىغاندىكىن ئاخىرىنىمۇ سورىغۇسى كېلىپ:

— سىلەر ئۆزۈڭلارنى نېمە دەپ ئاتايسىلەر؟ — دەپ سورىدى روبىن يەنە.

— سىلەرچۇ؟

— بىز ئۆزىمىزنى كانادالىق دەپ ئاتايمىز.

---

① ستېروكانوف — گۆش، كالباسا، گۇمبەمەدەك، غولپىياز، قېتىق مېيى، ھاراق قاتارلىق نەرسىلەرنى ئارىلاشتۇرۇپ ياسايدىغان بىر خىل تاماق.

— مەن بۇنى دىمەكچى ئەمەس، سىلەرنى نىمە دەپ ئاتايدۇ دىمەكچىمەن.

ئۇ بۇ گەپكە جاۋاب بىرەلمەي ئۆزىنى تولىمۇ بۆك ئويلاپ قالدى، ئارقىدىنلا كۈلۈپ كەتتى.

— بۇنى مەن بىلمەيدىكەنمەن، ئالاھىدە بىر ئاتالغۇ بىلەن ئاتايدىغان ئىش يوقتۇ دەيمەن.

— بىز ماندىنگرولۇقلارنىڭ ھەممە ئادەمگە مەلۇماتلىق ئالاھىدىلىكىمىز ۋارقىراپ - جارقىراش، كىشىلەر بىلەن ئۇرۇشۇش، جونوغا ئوخشاش ئۇ يەردىكى ئادەملەرگىمۇ قاتتىق بىر تۇزۇم كىرەك.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ مۇزىكا قويدى. روبىن ئۇنىڭ ئۆزىدىن قانداق مۇزىكىنى ياخشى كۆرىدىغىنىنى سورىمىغانلىقىدىن خۇشال بولدى. ئۆز - ئۆزىدىن باشقىلارنىڭ قايسى كومپوزىتورنى بەكرەك ياخشى كۆرىسىز دەپ سورىماسلىقىنى بەكمۇ ئارزۇ قىلاتتى، چۈنكى ئۇ مۇزات بىلەن بىتخوۋىندىن باشقا ھىچقانداق كومپوزىتورنى بىلمەيتتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ قايسىسىنىڭ قانداق مۇزىكىلارنى ئىجاد قىلغانلىقىنىمۇ ئۇقمايتتى. ئۇنىڭ ياخشى كۆرىدىغىنى خەلق مۇزىكىلىرى ئىدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئادەم ئۆزىنىڭ بۇ خىل ياخشى كۆرۈشىدىن بىزار بولامدۇ ياكى ئۇنى باشقا مىللەتنىڭ مۇزىكىسىنى چەتكە قاقىدىكەن دەپ ئويلاپ قالامدۇ، بۇنىمۇ بىلمەيتتى، ئەگەر ئۇ ماندىنگرولۇقلارغا بولغان بەزى قاراشلىرىنى ئۆزىنىڭ بۇ ئىشى بىلەن باغلاپ قارايدىغان بولسا تېخىمۇ شۇنداق بولۇشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇ بىر خىل جاز مۇزىكىسىغا قويدى.

روبىن بىرمۇ يىگىت بىلەن ئارىلىشىپ باقمىغان، ئادەتتىكىدەك ئوغۇل دوستىمۇ يوق قىز ئىدى. نىمىشقا بۇنداق بولىدۇ ياكى نىمىشقا بىرەر ئوغۇل بالا بىلەن ئارىلىشىپ باقمايدۇ؟ بۇنى ئۇنىڭ ئۆزىمۇ چۈشەندۈرۈپ بىرەلمەيتتى. يىنىدا

جوئاننى بىلەن باشقا قىزلار بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇلارغا قاراپ، ئاۋۋال شۇلاردىن كەلسۇن دەپ ئويلىدىمۇ، بىلىپ بولمايتتى ياكى ئۇ بۇ ئىشقا سەل قاراپ كەلگەندۇ، ياكى بالدۇرراق ئويلاشمىغاندۇ. بۇ يەردىكى قىزلارنىڭ زور كۆپچىلىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى تۈگەتمەي تۇرۇپلا يىگىت تېپىپ بولىدۇ، بەزىلىرى ھەتتا ئوقۇۋېتىپ تۇرۇپ توي قىلىۋالىدۇ. جەمئىيەتتىكى ئورنى يۇقىرىراق ئائىلىلەرنىڭ ئاز ساندىكىلىرىنىڭ ئاتا ـ ئانىلىرى ئۇلارنىڭ ئالىي مەكتەپلەردە ئوقۇشىغا ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرەلەيدۇ ــ قىزلىرى تېخىمۇ ياخشى ئىستىقبال تېپىشى ئۈچۈن سىرتلارغا ئوقۇشقا ياكى باشقا ئىشلارغا بارماقچى بولسا ئۆيدىكىلىرى ئۇلارنى مەكتەپتىكى چاغدا ئارىلاشقان يىگىتلىرىدىن ئايرىۋېتىپ يولغا سېلىپ قويىدۇ. ئۇ قىزلاردىن مەھرۇم قالغان يىگىتلەرنى باشقا قىزلار تېز ئارىدىلا قولغا چۈشۈرۈۋالىدۇ. ھەربىكىتتى ئاستا قىزلار قېلىپ قالغان يىگىتلەرنىڭ ئاساسەن يارىماس يىگىتلەر ئىكەنلىكىنى بىلىپ كۆڭۈللىرى سوۋۇپ ئۇزاققىچە يىگىت تاپماي يۈرۈپ كېتىدۇ. بۇ يەرگە يېڭى كەلگەن يېشى چوڭراق يىگىتلەر كەلگەن چاغدىلا خوتۇنلىرى بىلەن بىللە كەلگەن بولىدۇ.

روبىنغا بۇنداق پۇرسەتلەرمۇ كەلگەن. سىرتلارغا سېستىرالىق كۇرسلىرىغا ئۆگىنىشكە بارغانلىرىدا پۇرسەتلەر خېلى كۆپ ئىدى ھەتتا دوختۇر يىگىتلەر بىلەنمۇ تونۇشۇۋالغىلى بولاتتى، لېكىن ئۇ بۇنىمۇ قاملاشتۇرالماي جىق پۇرسەتلەرنى قولدىن كەتكۈزۈپ قويىدى. ئۇ چاغلاردا ئۇ بۇنىڭ سەۋەبىنى بىلەلمىگەنىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئادەتتىكى ئىشلارغىمۇ بەكلا ئەستايىدىللىق قىلىپ كېتەتتى. مەسىلە شۇنىڭدىن چىققانىدى ھەم ئازراق جاھىللىقىمۇ بار ئىدى. پادىشاھ لېرغا ئوخشاش تانسا ئوينىغان، سېتكا توپ ئوينىغان پەيتلەرنى چىڭ تۇتالمايتتى. جىددىي چىراي قىزلار ھەرقانداق گۈزەل بولۇپ كەتسىمۇ شۇ مىجەزى بىلەن شۇ گۈزەللىكىنىڭ قىممىتىنى چۈشۈرۈۋېتىدۇ. ئۇ بۇنداق ئىشلارنى

ئويلاپ تېگىگە يېتەلمەيتتى. بەزى يىگىتلەرگە ئېرىشىۋالغان قىزلارغا رەشك قىلاتتى، لېكىن ئازراق تىرىشچانلىق كۆرسەتسە ئۆزىنىڭمۇ ئاشۇ يىگىتنى قولغا كەلتۈرۈپ ئۇنىڭ بىلەن توي قىلالايدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

ئۇ توي قىلىشقا پۈتۈنلەي قارشىمۇ ئەمەس ئىدى، لېكىن پۇرسەتنى ساقلايتتى.

خۇددى ئەمدىلا ئون بەش ياشقا كىرگەن قىزدەك بەزى چاغلاردا ئۇنىڭغا شۇنداق پۇرسەتلەرمۇ كېلىپ، دوختۇرخانىدىكى مەلۇم ئاياللار ئۇنىڭغا بىرەر يىگىتنى تونۇشتۇرۇپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ بېقىشنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بېرەتتى. لېكىن، ئۇ شۇ يىگىت بىلەن كۆرۈشۈپ، ئىككىسىنىڭ بىر ـ بىرىگە تازا ماس كېلىدىغانلىقىنى كۆرۈپلا ئۆزىچە ئەندىشىگە چۈشۈپ قالاتتى. يېقىندا ۋىللارد ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ، ئۇ يىگىت سىنىڭكىگە كۆچۈپ كېلىپ سەن بىلەن بىللە جوئاننىڭ ھالىدىن خەۋەر ئالماقچىكەن، دەپ قويۇۋىدى قورقۇپ جېنى چىقتى.

بۇمۇ بار گەپ، ئەمما ئۆيگە كېلىپ جوئاننىنى باقىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى. كىشىلەر ئۇ يىگىتكە تونۇشتۇرۇپ ئۇنى ماختاپ، ئارقىدىن جوئاننىڭ ئىشىنى سۆزلەپ بەرسە، ئۇ يىگىت ئۆزىنىڭ جوئاننىڭ ھالىدىن ئۆمۈرۋايەت خەۋەر ئالىدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويغانلا ئىش ئىدى.

كەچلىك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ ئادەم روبىندىن پويىز ئىستانسىسىغا بارغۇچە بىللە مېڭىپ بېرىشنى خالايدىغان ـ خالىمايدىغانلىقىنى سورىغانىدى، روبىن خالايدىغانلىقىنى بىلدۈردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئادەم ئۆيدىن چىقىشتىن ئىلگىرى ئۇنىڭ ئىسمىنى سوراپ قالدى.

— سىزنى بىرەرىگە تونۇشتۇرۇپ قويۇشقا توغرا كېلىپ قالسا ئىسمىڭىزنىڭ نېمىلىكىنى بىلىشىم كېرەك ـ دە، — دېدى ئۇ ئادەم.

روبىن ئۆنىڭغا ئىسمىنى دەپ بەردى.

— روبىن دەيدىغان بىر قۇش بولىدىغان شۇنىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاش ئوخشىمامدۇ؟

— دەل شۇ. «تاغدىن خەۋەر بېرىدىغان پوكىنى قىزىل قۇش» نىڭ ئىسمى بىلەن ئوخشاش، — ئۇ دائىم كىشىلەرگە ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاشۇنداق چۈشەندۈرەتتى. لېكىن، ھازىر شۇنداق چۈشەندۈرۈپ بولۇپ، ئارقىدىن خىجىل بولۇپ قالدى. ئۆزىنىڭ خىجىللىقىنى چاندۇرماسلىق ئۈچۈن گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ كېتىشى كېرەك ئىدى.

— ئىسمىڭىزنى دەپ بېرىش نۆۋىتى ئەمدى سىزگە كەلدى. ئۆنىڭ ئىسمى دېنىېرو ئىكەن.

— ئەسلىي ئىسمىم دانىېل ئىدى، بۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن دېنىېرو بولۇپ قالدى.

— ئىسمىنىڭ ئاددىي بولغىنى ياخشى، — دېدى روبىن چاقچاق ئارىلاش گەپ قىلىپ، چۈنكى ئۇ تېخىچە «تاغدىن خەۋەر بېرىدىغان پوكىنى قىزىل قۇش»نىڭ بايامقى خىجىللىقى ئىچىدىن تېخىچە چىقىپ كېتەلمىگەنىدى:

— تېگىڭىز نەدىن؟ قەيەرنىڭ نەرىدىن؟ شەھەردىنمۇ، يېزىدىنمۇ؟

— تاغدىن.

بايام ئىككىسى ئۆنىڭ دۆكىنىنىڭ ئۈستىدىكى ئۆيدە ئوتتۇرىسىدا ئارىلىق قالدۇرۇپ ئولتۇرغانىدى. روبىن بۇ ئارىلىقنىڭ ئۆنىڭ ھەرقانداق قوپال ۋە قوۋۇلۇق بىلەن قىلغان ھەرىكەتلىرىنىڭ ئالدىنى ئالىدىغان ئارىلىق ئىكەنلىكىنى بىلىشى ھەم مۇشۇ ئارىلىق بولغاچقا، ئۇ ئادەمنىڭ ئۆزگىرىپ قېلىشىدىن قورقمايتتى — ياكى ئۆزگىرىپ قالسىكەن دەپ ئۈمىدمۇ قىلمايتتى — ئۆنىڭ بىلەن باشقا بىر ئەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۆشتۈمتۇت ئاشۇنداق ئىش يۈز بېرىپ قالسا ئۇ ھەر ئىككى تەرەپ ئۈچۈن نومۇس قىلغان بولاتتى. ھازىر ئۇ پەقەت

زوْرۇرىيەت ئۇچۇنلا ئۇ ئەر بىلەن يېقىن مېڭىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇدۇلدىن بىرەرى كېلىپ قالسا ئىككىسىنىڭ بىلەكلىرى جۇپلىشىپ قالاتتى ياكى ئۇ ئادەم ئۆتۈپ كەتكۈچە ئۇنىڭ بىلەكلىرى روبىنىنىڭ مەيدىسىگە دەقىقە ئىچىدە يېپىشىپ قالاتتى. ئۇ ئادەملەرمۇ ئىككىسىنى بىر جۇپلەردىن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپ، ئۇلارغا سۈركىشىپ دېگۇدەك ئۆتۈپ كېتىپ، نەتىجىدە تېخىمۇ خىجىل بولۇپ قالىدىغان ئىشلار يۈز بېرىپ قالاتتى.

ئۇ روبىنىدىن «ئانتونى بىلەن كېلئوپېترا»نىڭ ئىشلىرىنى، ئۇنىڭ ئۇ تىياتىرنى ياخشى كۆرىدىغان ـ كۆرمەيدىغانلىقىنى (ياخشى كۆرىدۇ)، ياخشى كۆرسە نەرىنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى سورىدى. روبىنىنىڭ كاللىسىدا شۇ ئان تىياتىردىكى ئادەم قايىل بولغۇدەك يۈرەكلىك ھالدا قۇچاقلىشىدىغان بىرنەچچە كۆرۈنۈش پەيدا بولدى، لېكىن ئۇ كۆرۈنۈشلەرنى ئەينەن دەپ بېرىشتىن خىجىل بولاتتى.

ــ ئاخىرىدىكى بىرنەچچە كۆرۈنۈش، ــ دەپ قويدى ئۇ، ــ ئۇ ئاشۇ يىلانىنى بەدىنىگە ئېلىۋالماقچى بولغانىدى ــ ئۇ مەيدىسىگە ئېلىۋالماقچىدى، دېمەكچى بولۇپ، يەنە دەررۇلا بەدىنىگە دەۋالدى. بەدىنىگە دېگەن سۆز مەيدىسىگە دېگەندىن سىلىقراق ئاڭلىناتتى ــ ئارقىدىنلا بىر سېۋەت ئەنجۈر كۆتۈرۈپ بىر بوۋاي كىردى. ئىككىسى چاقچاق قىلىشقاندەك بىرمۇنچە گەپلەرنى دېيىشتى. مەن شۇ چاغدىكى ئاشۇ كۆرۈنۈشنى ياخشى كۆرىدۇم. باشقا كۆرۈنۈشلەرمۇ ياخشى ئىكەن، ئەمما ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاشۇ بىر كۆرۈنۈش ئالاھىدىرەك ئىكەن.

ــ شۇنداق، ــ دېدى ئۇ ئادەم، ــ مەنمۇ سىز دېگەن ئاشۇ كۆرۈنۈشنى ياخشى كۆرىمەن.

ــ سىزمۇ ئۇ تىياتىرنى كۆرگەنمۇ؟

ــ ياق. ئۇ تىياتىرنى كۆرىدىغانغا پۇل يىغىۋاتىمەن، بۇرۇن شېكىسپىرنىڭ جىق دىراملىرىنى ئوقۇغانمەن، ئۇ دىراملارنى

ئوقۇغۇچىلار ئىنىگىلىرىچە دەرسلىكلەردىنمۇ ئوقۇيتتى. مەن كۈندۈزى سائەت رېمونت قىلىشنى، ئاخشىمى ئىنگلىزچە ئۆگىنىمەن، سىز مەكتەپتە نېمە ئۆگەنگەن؟

— مەكتەپتە ھېچقانچە بىر نەرسە ئۆگەنمىدىم، — دەپ جاۋاب بەردى روبىن، — چوقۇم ئۆگىنىشكە تېگىشلىك بولغان نەرسىلەرنى مەن ياخشى بىر سېسترا بولۇش ئۈچۈن مەكتەپتىن قايتىپ كېلىپ ئۆيدە ئۆزۈم ئۆگىنىمەن.

— ئەگەر سىز ياخشى بىر سېسترا بولۇپ باقاي دېيدىغانلا بولسىڭىز ئۆگىنىدىغان نەرسە ئىنتايىن جىق، مەن شۇنداق ئويلايمەن.

ئۇلار بۇ گەپلەردىن باشقا قاراڭغۇ چۈشكەندىن كېيىن ھاۋانىڭ سالقىن تارتىپ قالىدىغانلىقى، تومۇز ئىسسىقتا بۇ سالقىنلىقنىڭ ئادەمگە ياقىدىغانلىقى، ھازىر كېچىنىڭ خېلىلا ئۇزىراپ قالغانلىقى، شۇنداقتىمۇ 8 - ئايدا تولۇق بىر ئاي ئىسسىق بولىدىغانلىقى توغرۇلۇقمۇ پاراڭلىشىپ ماڭدى. جونو توغرۇلۇقمۇ گەپلەرنى قىلىشىپ، ئۇنىڭ ئۆزلىرى بىلەن بىللە كەلگۈسى بارلىقىنى، ئۇ بىز بىلەن ماڭماي دۇكانغا قارا دەپ بىرلا ۋارقىراپ قويسا جىم بولۇپ قېلىپ قالغانلىقى توغرۇلۇقمۇ دېيىشتى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا مۇشۇنداق پاراڭلىرى بىلەن تېخىمۇ يېقىنلىشىپ كېتىۋاتقاندەك، بىر - بىرىدىن يوشۇرىدىغان ئىشلارمۇ قالمايۋاتقاندەك، ئوتتۇرىدىكى تارتىنىشلارمۇ كۆتۈرۈلۈپ كېتىپ بارغانسېرى ئۆزلىشىپ كېتىۋاتقاندەك بىر خىل ھالەت شەكىللىنىپ قېلىۋاتاتتى.

پويىز ئىستانسىسىنىڭ چىراغلىرى كۆزدۈزدەك يورۇپ تۇرغان چوڭ زالىغا كىرگەندىن كېيىن، ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ياتسىراشلار بىلەن ئارىلىق پۈتۈنلەي يوقاپ كېتىپ بىر ئۆينىڭ ئادەملىرىدەكلا بولۇپ كېتەتتى. بېلەت ساتىدىغان تۆشۈكنىڭ ئالدىدا نۇرغۇن ئادەم ئۆچرەتتە تۇراتتى. ئۇ ئادەم شۇلارنىڭ كەينىدە تۇرۇپ ئۇنىڭغا بېلەت ئېلىپ بەردى. ئاندىن ئىككىسى

ئىشىكتە بىلەتنى كۆرسىتىپ پويىز سۇپىسىغا بىللە چىقتى. يولۇچىلارنىڭ ھەممىسى شۇ يەردە پويىز ساقلاپ تۇرۇشاتتى.

— ئەگەر سىز ئادرېسىڭىز بىلەن تولۇق ئىسمىڭىزنى مۇشۇ قەغەزگە يېزىپ بەرسىڭىز پۇلىڭىزنى بىرىپلا ئەۋەتىپ بېرەتتىم، — دېدى روبىن.

روبىن شۇ گەپنى دەپ بولۇپ، ئىشلار ھازىرلا مەلۇم بولىدۇ، دەپ ئويلىغانىدى. لېكىن ئۇ ئويلىغان ئۇ ئىشلار يۈز بەرمەي، ئۇنىڭ ئورنىغا ئىككىسىنىڭ بىر - بىرىگە، رەھمەت سىزگە، مەن پۇلىڭىزنى چوقۇم ئەۋەتىپ بېرىمەن. پۇلنى ئەۋەتىپ بېرىدىغانغا ئالدىراپ كەتمەڭ، ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق. رەھمەت سىزگە، پۇلنى ئەۋەتىپ بېرىمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ. ياق، ئەۋەتىپ بەرمىسەم بولمايدۇ. سىزگە يەنە بىر قېتىم رەھمىتىمنى بىلدۈرىمەن، خەير - خوش، دېگەندەك گەپلىرى يېغىپ كەتتى.

— ئالدىغا قاراپ يەنە ئازراق ماڭايلىمۇ، — دېدى ئۇ روبىنغا. شۇنىڭ بىلەن ئىككىسى سۇپىنى بويلاپ چىراغنىڭ يورۇقى چۈشمەيدىغان يەرگىچە بىللە مېڭىشتى.

— پۇلنىڭ ئىشىغا نېمانچە ئالدىرايسىز؟ ئۇنچىلىك ئاز پۇلنى پوچتىدىن ئەۋەتكىلىمۇ بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن بۈگۈن - ئەتىنىڭ ئىچىدە بىر ئىش بىلەن سىرتقا چىقىمەن. بىزنىڭ بۇ يەرنىڭ پوچتىكەشلىرى بەك ئاستا، ئاڭغىچە ئەۋەتكەن پۇلىڭىزنى ماڭا يەتكۈزۈپ بېرەلمەيدۇ.

— ياق، پۇلىڭىزنى قايتۇرۇپ بەرمىسەم زادى بولمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئۇ ئادەم، — پۇلنى قايتۇرۇشنىڭ يولىنى سىزگە دەپ بېرەي، ئاڭلاۋاتامسىز؟

— ئاڭلاۋاتىمەن.

— كېلەر يىلى يازدا مەن يەنە ئاشۇ يەردە، ئاشۇ دۇكاندا بولىمەن، 6 - ئايدا. شۇ چاغدا ئۆزىڭىز ياخشى كۆرىدىغان تىياتىر قويۇلۇپ ستىراففوردقا كېلىپ قالسىڭىز، مېنى ئىزدەپ ئاشۇ يەرگە، ئاشۇ دۇكانغا كەلسىڭىز بولىدۇ.

— پۇلىڭىزنى شۇ چاغدا قايتۇرۇپ بېرىمەنمۇ؟
— ھەم، شۇنداق، مەن سىزگە يەنە تاماق ئېتىپ بېرىمەن، ئىككىمىز بىللە ئولتۇرۇپ قىزىل ھاراق ئىچىمىز، سىزگە بىر يىل ئىچىدە يۈز بەرگەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىمەن، سىزمۇ ماڭا سۆزلەپ بېرىسىز. ئەمما، مېنىڭ بىر تەلىپىم بار.
— قانداق تەلەپ؟
— شۇ كۈنىمۇ بۈگۈن كىيگەن مۇشۇ كىيىملىرىڭىزنى كىيىپ كېلىسىز، چاچلىرىڭىزنىمۇ بۈگۈنكىدەك تارايسىز.
روبىن ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى.
— سىزنى مەن مۇشۇ تۇرقىڭىزغا قاراپ تونۇۋېلىشىم كېرەك، دېمەكچىمۇسىز؟
— شۇنداق.
ئاڭغىچە ئۇلار سۇپىنىڭ ئەڭ چېتىگە كېلىپ قالدى.
— پۇتىڭىزغا قاراڭ، — دېدى ئۇ روبىننى ئاگاھلاندۇرۇپ، ئارقىدىن ئۇنىڭدىن سورىدى، — مەسىلە يوقتۇ، — بۇ چاغدا ئۇلار سېمونت سۇپىدىن شېغىل يولغا چۈشۈپ بولغانىدى.
— مەسىلە يوق، — دەپ جاۋاب بەردى روبىن سەل تۇتۇلۇپراق. مۇنداق بولۇشى يەرنىڭ ئوڭغۇل - دوڭغۇللۇقى ھەم ئۇنىڭ ئۇنى مۇدۇرۇپ كەتمىسۇن دەپ ئىككى مۇرىسىدىن تۇتۇۋالغانلىقى سەۋەب بولغانىدى. ئاندىن ئۇ قوللار ئاستا - ئاستا ئۇنىڭ يالىڭاچ بىلەكلىرىگە چۈشتى.
— مۇھىمى ئىككىمىزنىڭ قايتا ئۇچرىشىشىمىز، — دېدى ئۇ، — مەن شۇنداق ئويلايمەن، سىزمۇ شۇنداق ئويلامدىڭىزمۇ؟
— ھەئە.
— ھەئە، ھەئە.
ئۇ ئىككى قولىنى بىلەكلەردىن چۈشۈرۈپ بەلگە ئۆزىتىپ ئۇنىڭ بېلىنى مەھكەم قۇچاقلىۋالدى، ھايال ئۆتمەيلا ئىككىسى سۆيۈشۈپ كەتتى.
ئۇلار كۆڭۈللىرىدىكى گەپلىرىنى سۆيۈشۈش بىلەن ئىپادىلەپ

www.uyghurkitap.com

بېرىۋاتاتتى. بۇ سۆيۈشۈش شۇنچىلىك چىرايلىق، شۇنچىلىك جەلپكار، شۇنچىلىك يۈرەكلىك ئىدى، ھەممىنى شۇ بىر دەقىقە ئىچىدە ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى. سۆيۈشۈشتىن توختىغاندا ئىككىلىسى تىترەكتىن توختىمىدى. ئۇ ناھايىتى تەستە ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، روبىننى سىناپ بېقىۋاتقاندەك تەلەپپۇزدا:

— بىز خەت يېزىشمايلى، خەت يېزىشىش ياخشى چارە ئەمەس. بىر - بىرىمىزنى ئېسىمىزدە چىڭ ساقلاپ، كېلەر يىلى قايتا يۈز كۆرۈشسەكلا بولىدى. ماڭا ئۇقتۇرۇپ قويماي كېلىۋەرسىڭىز بولىدۇ. ھېسسىياتىڭىزدا باشقا ئۆزگىرىش بولمىسىلا يېنىمغا ئۇدۇل كېلىۋېرىڭ، — دېدى.

ئۇلار پويىز كېلىۋاتقان ئاۋازنى ئاڭلىدى. ئۇ روبىننى يۆلەپ سۇپىغا ئاچىقىپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭ ھېچقانداق يېرىنى تۇتمىدى. ئىتتىك يېنىغا كېلىپ، ئۇنىڭغا بېرىدىغان بىرنېمىسى باردەك يانچۇقىنى ئاختۇرۇشقا باشلىدى.

روبىن پويىزغا چىقىپ ئىككىسى ئايرىلىدىغان چاغدا ئۇ روبىنغا قاتلاقلىق بىر قەغەزنى بەردى.

— بۇنى مەن ئۆيدىن چىقىشتىن ئىلگىرى يېزىپ قويغان، — دېدى ئۇ.

روبىن پويىزغا چىقىپ ئولتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن خەتنى ئېچىپ: دېنىنېلو ئادېچىك دېگەن ئىسىمنى ئوقۇدى. خەتتە يەنە، بىگىلوجىۋىچ، مېنىڭ يېزام، دېگەن خەتلەرمۇ تۇراتتى.

روبىن پويىزدىن چۈشۈپ، قاراڭغۇ كوچا بىلەن ئىتتىك مېڭىپ ئۆيىگە قاراپ كېتىۋاتاتتى. جوئاننى تېخىچە ئۇخلىماي، يالغۇز كىشىلىك قارتا ئويناپ ئولتۇراتتى.

— مېنى كەچۈرگىن، ئالدىدىكى پويىزنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ قاپتىمەن، — دېدى روبىن، — كەچلىك تاماقنى شۇ يەردە يەۋالدىم، ستېبروجانوپ دەيدىغان بىر تاماق بار ئىكەن، شۇ تاماقنى يېدىم.

— دېمەسەڭمۇ سېنىڭدىن شۇ تاماقنىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇرىۋاتىدۇ.

— بىر رومكا ۋىنومۇ ئىچتىم.

— سەندىن ۋىنونىڭ پۇرىقىمۇ كېلىۋاتىدۇ.

— هازىرلا ياتىقىمغا كىرىپ ئۇخلىشىم كېرەك، ئۇيقۇم كېلىپ كەتتى.

— مەنمۇ سېنى ئۇخلىسىكەن دەيمەن.

مەن شۇ تۇرقىمدا شان ـ شەرەپ تەختىگە ئېلىپ چىقىدىغان بۇلۇتلار ئۇستىدە كېتىۋاتىمەن، دەپ ئويلىدى روبىن پەلەمپەي بىلەن ئۇستىگە چىقىپ كېتىۋېتىپ، ماڭا ئۇ بۇلۇتلارنى خۇدا ئەۋەتتى، خۇدا مېنىڭ مەڭگۈلۈك مەدەتكارىم.

مەن نېمىدېگەن ئەخمەق. بۇ خۇدا كۆرسىتىۋاتقان كارامەتمۇ ياكى باشقا بىر ئىشمۇ؟ ئەگەر خۇدا شۇنداق بىر كارامەتنى ماڭا كۆرسەتكۈسى كەلگەن بولسا، بۇمۇ ئەجەب ئەمەس، كۆرسەتسە كۆرسەتكەندۇ، پويىز سۇپىسىدا ناتونۇش بىر ئادەم بىلەن سۆيۈشۈش، بىر يىلدىن كېيىن كۆرۈشۈشكە كېلىشىش ! ئاھ خۇدا، قانداق بىر مۆجىزە بۇ. ئەگەر بۇ ئىشنى جوئاننې بىلىپ قالىدىغان بولسا نېمىلەرنى دېيىشى مۇمكىن؟ چەت ئەللىك بىرنېمىلەرلا هېچكىم ياراتمىغان قىزلارنى ئالىدۇ، دېمەمدۇ؟

بىرنەچچە ھەپتىگىچە ئاچا ـ سىڭىل ئىككىسى بىر ـ بىرى بىلەن ئاساسەن پاراڭلاشمىدى، ئىككىسىنىڭ بىرسىگىمۇ تېلېفون ياكى خەتمۇ كەلمىدى. روبىن كەچقۇرۇنلىرى كۇتۇپخانىغىلا بېرىپ كېلەتتى، باشقا يەرلەرگە بارمايتتى، بۇنىڭدىن جوئاننې خاتىرجەم ئىدى، ئازراق ئۆزگىرىش بولغانلىقىنى بىلەتتى، ئەمما چوڭ ئىش يوق دەپ ئويلايتتى، شۇنداق گەپ قىلىپ ۋىللارد بىلەن چاقچاقلىشىپمۇ قوياتتى.

— بىزنىڭ قىزچاق ستراففوردتا ئاجايىپ بىر ئىشقا يولۇققان ئوخشايدۇ، — دېدى ئۇ بىر كۈنى ۋىللاردقا، — بۇنىڭدىن سېنىڭ

خەۋىرىڭ بارمۇ؟ خەۋىرىڭ بولمىسا مەن ساڭا دەپ بېرەي، ئۆيگە كەلگەندە ئاغزىڭدىن هاراق بىلەن گىلاش[1]نىڭ پۇرىقى كېلىپ تۇردى. ئۇ پۇراق قانداق پۇراق بىلەمسەن؟ بەئەينى قۇسۇقنىڭ پۇرىقى.

ئۇ روبىننى قاملاشمىغان غەلىتە بىر رېستورانغا كىرىپ ياۋروپانىڭ ئۆزى قانداق تاماق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغان تاماقنى يەپ، ئاندىن ئۆزىنى جاھان كۆرگەن ئادەمدەك كۆرسىتىپ قىزىل هاراقتىن ئېلىپ ئىچكەن گەپ، دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

روبىن كۇتۇپخانىغا بېرىپ مىندىنگروغا مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى كۆرۈپ باقتى. ئۇ ماتېرىياللارنىڭ بىرىدە: «مىندىنگرو خەلقى ئىككى ئەسىردىن بۇيان تۈركىيە بىلەن ئالبانىيەلىكلەرگە قارشى كۈرەش قىلىپ كەلگەن. بۇ ئۇلارنىڭ ئەرلىرىنىڭ ئەڭ چوڭ مەسئۇلىيىتى ئىدى (مىندىنگرو خەلقى ئۆزلىرىنىڭ شۇ ئوغلانلىرىنىڭ غۇرۇرى، باتۇرلۇقى، هايات كەچۈرۈشىنى بىلىدىغانلىقى بىلەن پەخىرلىنىدۇ. يۇگوسلاۋىيەدە ئۇلارنىڭ باتۇرلۇقلىرىنى خۇشاللىق بىلەن تىلغا ئالمايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق.)» دېيىلگەنىدى.

قايسى ئىككى ئەسىردىن بۇيانقى ئىشلار ئىكەنلىكىنى ئۇ ئىزدەپ تاپالمىدى. ئۇ پادىشاهلار، ئېپىسكوپلار، تارىختا بولغان جەڭلەر، يوشۇرۇن ئادەم ئۆلتۈرۈشلەر توغرىسىدىكى كىتابلارنىمۇ، سېربىيە تىلىدىكى ئەڭ ئۇلۇغ شېئىر «تاغ ئىچىدىكى گۈلچەمبىرەك»[2] مىندىنگرونىڭ بىر پادىشاهىنىڭ قول يازمىلىرىنىمۇ ئوقۇپ چىقتى، ئەمما ئوقۇغانلىرىنىڭ بىر

---

① گىلاش — ۋېنگىرىيەنىڭ گۆشنى كۆكمۇش بىلەن دۇملەپ پىشۇرىدىغان بىر خىل تامىقى.

② مىندىنگرولۇق شائىر نىجېگوس (1813 — 1851) نىڭ داڭلىق داستانى. مىندىنگو خەلقىنىڭ تۈركىيەنىڭ هۆكۈمرانلىقىغا قارشى كۈرەشلىرى تەسۋىرلەنگەن.

خىتتىنىمۇ ئىسىدە تۇتالمىدى. مىندىنىڭ گرونىڭ ھەقىقىي ئىسمىدىن باشقا بىرمۇ سۆز ئېسىدە يوق ئىدى ھەتتا Cma Gora نى قانداق تەلەپپۇز قىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلەلمىدى.

ئۇ خەرىتىدىن ئۇ دۆلەتنىڭ ئىسمىنى كۆپ ئىزدىدى، تاپالماي، ئاخىر لوپا ئەينەكنىڭ ياردىمى بىلەن بىرنەچچە شەھەرنىڭ ئىسمىنى تېپىپ چىقتى، (ئۇ شەھەرلەرنىڭ ئىچىدە سېربىيەنىڭ ئىسمى چىقمىدى) موراچا بىلەن تارا دېگەن دەريالارنى، خەرىتىنىڭ ھەممە يېرىدىن كۆرگىلى بولىدىغان تاغ تىزمىلىرىنىڭ بەلگىلىرىنى كۆرۈپ چىقتى، بىرلا زېتا دەرياسىنى تاپالمىدى.

ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن خەرىتىدىن بۇ جايلارنىڭ ئىسىملىرىنى بۇنچە كۈچەپ ئىزدەپ كېتىدىغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى، ئۆزىمۇ ئۇ توغرۇلۇق ھېچنېمە دېمىدى (ئۇنىڭ كۈتۈپخانىغا ھەر كۈنى دېگۈدەك كېلىپ بۇنچىلىك ماتېرىيال ئاختۇرۇپ كېتىۋاتقانلىقى تەبىئىي ھالدا كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى تارتقانىدى). ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشى — يەتمەكچى بولغان مەقسىتىنىڭ يېرىمىغا يېتىپمۇ بولغانىدى — دېنېرونى ئۆزىگە تېگىشلىك ئورۇنغا، ھەقىقىي تارىخنىڭ ئىچىگە قويۇش ئۈچۈن ئىدى، شۇنىڭدا ئۆزى يېقىندا تاپقان ئۇ يەر - جاي ئىسىملىرى ئۇنىڭ ئېسىدە قالاتتى ۋە ئۇ جايلار بىلەن تونۇشۇش ئىمكانىيىتى تۇغۇلاتتى. بۇ تارىخنى ئۇ مەكتەپتىكى ۋاقتىدا ئوقۇغان. بەزى جايلارغا كىچىك چاغلىرىدا ياكى ياش ۋاقىتلىرىدا بارغانىدى. بارمىغان يەرلىرىگە بۇنىڭدىن كېيىن بېرىپ قېلىشى مۇمكىن. شۇنداق ھېسسىيات ئىچىدە تۇرۇۋاتقان بولغاچقىمۇ، خەرىتىدىكى قۇللىرى بىلەن تۇتۇپ قويۇۋاتقان جايلارغا ھازىرلا بارغاندەك ياكى ھازىر شۇ جايدا تۇرۇۋاتقاندەك ھېسسىياتقىمۇ كېلىپ قېلىۋاتاتتى.

ئۇ يەنە كىتابلاردىن، سائەت ئۇلگىلىرى بېسىلغان ژۇرناللاردىن سائەتچىلىكنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالىنى ئىگىلەپ

باقماقچىمۇ بولدى، لېكىن بۇ ئۇرۇنۇشتىن ھېچقانداق ئۇنۇمگە ئېرىشەلمىدى.

ئۇنىڭ سايىسى ھەر دائىم ئەتراپىدا ئايلىنىپ يۈرۈۋاتقاندەك بولاتتى، ئۇخلاپ قوپقانلىرىدا كاللىسىغا بىرىنچى بولۇپ كېلىدىغىنى يەنە شۇ ئادەم ئىدى، ئىشلەۋاتقان چاغلىرىدىمۇ خىيالىدىن كەتمەيتتى. مىلاد بايرىمىدا مىڭلىغان ئادەملەرنىڭ قاينام تاشقىنلىقى ئىچىدە تۇرۇپ پراۋۇسلاۋىيە دىنىنىڭ پائالىيەت ئۇسۇللىرىنى ئويلايتتى. ئۇلارنى كىتابلاردىن ئوقۇغاندى. ئۇزۇن ساقاللىق مۇراسىم بەگلىرى ساۋۇت ـ قالقانلارنى كىيىپ، شامدانلارنى كۆتۈرۈپ تۇرۇپ ئىلاھلارنىڭ ناخشىلىرىنى چەت مىللەتلەرنىڭ تىلىدا ئۇنلۇك ئېيتىشاتتى، شامدانلاردىن چىقىۋاتقان شاملارنىڭ ئىسلىرى ھەر خىل شەكىللەردە تولغىنىپ ئاسمانغا كۆتۈرۈلۈپ تۇراتتى. زىمىستان قىشنىڭ سوغۇقى بىلەن مۇز تۇتۇپ كەتكەن كۆللەر ئۇنىڭغا تاغلىق جايلارنىڭ قىشلىرىنى ئەسلىتىپ تۇراتتى، ئۆزىنى خۇددى دۇنيانىڭ ئاشۇ جايلىرىدىكى غارايىپلىقلار بىلەن ئالاقىلىشىپ تۇرۇۋاتقاندەك پەۋقۇلئاددە بىر ۋەزىيەتكە تەيىنلەنگەندەك، ئۇ يەرلەرنىڭ تەقدىرى ئۆزىنىڭ قولىدىكىدەك ئويلاپ كېتەتتى، بۇنىڭ ئۇچۇن ئۆزىگە تەقدىر، مەھبۇبە دېگەندەك سۆزلەرنى تاللىۋالغان، ئاشىق ـ مەشۇق دېگەندەك سۆزلەرنى ئۆزىگە قوبۇل قىلمىغانىدى. بەزىدە ئۇنىڭ ئايرىم دۆلەتلەرگە كىرىپ ـ چىققانلىرىدا ئۆزىنى ئازادە تۇتۇشلىرى، گەپ ـ سۆزلەرگە دىققەت قىلىشلىرى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرگەن سۆزلىرىنى ئەسلەپ، ئەگەر ئۆزى دېگەندەك قىلالماي يوشۇرۇن سۈيىقەستلەرگە ئۇچراپ قالسا، كىنولاردىكىدەك تۇزاقلارغا، خەتەرلىك ئىسكەنجىلەرگە چۈشۈپ قالسا قانداق قىلارمەن، دەپ ئويلاپمۇ كېتەتتى. ئۇنىڭ خەت يېزىشمايلى دېگىنىمۇ ياخشى ئىشتۇ بەلكىم، بولمىسا پۈتۈن خىيالى مەندىن كېلىدىغان، ئۆزى يازىدىغان خەتلەر ئۈستىگە كېتىپ، مەندىن خەت كۈتۈپ، جاۋاب خەتلىرىگە نېمىلەرنى

يېزىشنى ئويلاپ نۇرغۇن ئىشلىرى قېلىپ قېلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى.

ئۇنىڭ ئەمدى ھەرقانداق چاغدا ھىمايىچىسى بار ئىدى، نامەلۇم بىر نۇر ھەرقانداق چاغدا ئۇنىڭ دىلىنى يورۇتۇپ، ئاۋازىنى جاراڭلىتىپ قىلىۋاتقان ئىشلىرىنى نۇرلاندۇرۇپ تۇراتتى. شۇڭا، يول ماڭغاندا ئادەتتىكىدەك ماڭمايتتى، سەۋەبسىزلا كۈلۈپ كېتەتتى، كېسەللەرگىمۇ ئالاھىدە غەمخورلۇق قىلاتتى، كۆيۈنەتتى، ھەر ۋاقىت ئۆزىنى خۇشال تۇتاتتى، بىرلا ۋاقىتتا نۇرغۇن ئىشلارنى ئويلاپ، قىلىپ ئۈلگۈرەتتى، جوئاننىڭ ئەتكەن تاماقلىرىنى كۆڭۈللۈك ئولتۇرۇپ يەيتتى، بۇرۇنقىدەك ئۇنىڭ ئۆزىگە دارىتمىلاپ قىلغان گەپلىرىگە تېرىكمەيتتى، ھېچنېمە ئېسىلمىغان قۇرۇق تامغا خىيالىدا نۇرغۇن كۆرۈنۈشلەرنى سىزىپ چىقاتتى، دېرىزىلەردىن سىرتقا قاراپ، سىرتنىڭ كۆرۈنۈشلىرىنى ئۆزىنىڭ تەسەۋۋۇرلىرى بويىچە قايتا ئۆزگەرتىپ ئورۇنلاشتۇرۇپمۇ كېتەتتى. ئۆزى دائىم كۆرۈپ تۇرۇۋاتقان قەغەزى ناچار ژۇرناللاردىكى بۇرۇنقى قوپال سىزما رەسىملەرنى خىيالىدا چىرايلىق رەسىملەرگە ئۆزگەرتىپ چىقاتتى، ئۇنىڭ ئامراق ئىتى جونونىڭ شاكىلاتنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدىغان بۇرنىنى، ئىنچىكە، ئەمما مەزمۇت پۇتلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرۈپ كۈلۈپمۇ قوياتتى، تالانىڭ سالقىن ھاۋاسى، شەھەرلىك كۆكەرتىش ئورۇنلىرىنىڭ باغلىرىدىكى گۈللەردىن كېلىۋاتقان خۇشبۇي پۇراقلار بۇرنىغا ئۇرۇلۇۋاتقاندەك بولاتتى، دەريا بويىدىكى يول چىراغلىرى، چىراغلارنىڭ ئەتراپىدىن كەتمەي ئۇچۇپ يۈرۈۋاتقان پەرۋانىلەرنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك، خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى.

ئۇنىڭ يۈرىكى بىردىنلا پەسكە تارتىپ كېتىۋاتقاندەك بولۇپ، ئارقىدىنلا دەم ئالالماي قالدى. ئۇنىڭ پويىز بېلىتىنى ئېلىپ يېنىغا كەلگەنلىكىنى، ئاندىن ئىككىسىنىڭ پويىز سۇپىسىغا چىقىپ ئاستا ماڭغانلىرىنى، سۇپىنىڭ ئەڭ چېتىگە يېتىپ

بارغاندا، شىغىللىقتا چىقىپ قالغانلىقىنى، ئۇ يەردە ماڭغاندا تېگى نېپىز ئايىغىغا ئۇچلۇق تاشلارنىڭ پېتىپ پۇتىنى ئاغرىتىۋەتكەنلىكىنى ئەسلىدى.

ھەممە ئىشلار ئۇنىڭ ئېسىدە ئىدى. قانچە كۆپ ئەسلىسىمۇ كونىراپ قالمايتتى. خاتىرىلىرى ۋە ئۇ خاتىرىلىرىنىڭ كاللىسىدا قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزلىرى بارغانسېرى چوڭقۇرلىشىپ بېرىۋاتاتتى.

ئەڭ مۇھىمى بىزنىڭ ئۇچرىشىپ تۇرۇشىمىز.

شۇنداق. شۇنداق.

لېكىن، 6 ـ ئايغا ئاز قالغاندا ئۇ ئازراق دەرگۇمانىدا قېلىۋاتاتتى. شۇڭا، كۆرىدىغان ئويۇننى تېخىچە تاللىمىدى ھەم بىلەتمۇ زاكاز قىلمىدى. ئاخىرىدا ئىككىسىنىڭ كۆرۈشكەنلىكىگە بىر يىل بولغان بۇلتۇرقى ئاشۇ كۈننى تاللىدى. ئۇ كۈنى «خۇشاللىق» ناملىق تىياتىر قويۇلىدىكەن. ئۇ تۇيۇقسىز ئۇ نىيىتىدىن يېنىپ، دوۋنېي كوچىسىغا بىۋاستە بېرىشنى، تىياتىر كۆرۈشكە بارماسلىقنى ئويلاپ قالدى. تىياتىر كۆرگىلى بارسىمۇ، بەرىبىر ھاياجانلىنىپ كېتىپ تىياتىرنى تولۇق كۆرۈپ كېتەلمەيتتى. بىرئاز خۇراپىيىراق ھەم ئۇنىڭ تەلپىمۇ شۇنداق بولغاچقا، ئاشۇ كۈندىكى ئىشلارنى ئەينەن شۇ بويىچە قىلماقچى بولۇپ، شۇ كۈنى كىيگەن ھاۋا رەڭ كۆڭلىكىنى كىرخانىغا يۇدۇرۇشقا ئاپىرىپ بەردى. ئۇ كۆڭلىكىنى شۇ كۈندىن باشلاپ كىيىپ باقمىغان. توپا قوندۇرماي پاكىز ساقلاپ قويغان بولسىمۇ، تېخىمۇ پاكىز، يېڭى تىكتۈرگەندەك كىيىپ بارماقچىدى.

كىرخانىدىكى كىرلەرگە دەزمال سالىدىغان ئايال بالىسى ئاغرىپ قېلىپ بىرنەچچە كۈنگىچە ئىشقا كەلمىگەنىكەن، روبىن ئەھۋالنى دېگەندىن كېيىن، ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ كېلىپ، شەنبە كۈنى ئەتىگەنگىچە كۆڭلىكىگە دەزمال سېلىپ تەييار



www.uyghurkitap.com

قىلىپ بېرىدىغانلىقىنى دېدى.

— مەن ئۆلۈپ كېتىمەن، — دېدى روبىن، — ئەگەر ئۇلار ماڭا ئەتىگىچە ئاشۇ كۆڭلىكىمنى تەييار قىلىپ بەرمەيدىغان بولسا مەن چوقۇم ئۆلۈپ كېتىمەن.

ئۇ جوئاننى بىلەن ۋېللاردىنىڭ ئۇستىلىدە «لام» ناملىق قارتا ئويۇننى ئويناپ ئولتۇرغانلىقىغا قاراپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇلار بۇ ئويۇننى بىرنەچچە قېتىم ئوينىدى. ئۇلار ئەمدى مېنى ئىككىنچى كۆرەلمەسلىكى مۇمكىن. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ مېنى كۆرەلمەي قانچىلىك جىددىيلىشىپ كېتىدىغانلىقىنى، هاياتىمنىڭ خەۋپكە ئۇچرىشى ياكى بەختىمنى تېپىشىمغا قانچىلىك ۋاقىت قالغانلىقىنى ئۇلار پەرەز قىلالمايدۇ.

ئۇ ئايالنىڭ بالىسى تېخىچە ياخشى بولۇپ كېتەلمەي، روبىننىڭ كۆڭلىكى شۇ پېتىچە تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ كۆڭلەكنى ياندۇرۇپ كېلىپ ئۆيدە ئۆزى دەرمال سېلىۋېلىشنىمۇ ئويلىدى. لېكىن، يەنە جىددىيلىشىپ تۇرۇۋاتقاندا دەرمالنى ياخشى سالالماسلىقىدىن ئەنسىرەپ قالدى، بولۇپمۇ جوئاننى بىر چەتتە قاراپ تۇرىدىغان بولسا چوقۇم شۇنداق بولاتتى. ئاخىر بولماي ئۇ شەھەر مەركىزىدىكى ئۇنىڭ كۆڭلىكىدەك هاۋا رەڭ كۆڭلەك سېتىش ئېھتىمالى بولغان بىردىنبىر مودا كىيىملەر دۇكىنىغا بېرىپ باقتى. تەلىيىگە ئۇ دۇكاندىن ئۆزىنىڭكىگە ئوخشايدىغان هاۋا رەڭ كۆڭلەكتىن بىرسى چىقىپ قالدى، كۆڭلەك ئۆزىگىمۇ خوپ كەلدى. بىرلا يېرى ئېتىكى چېچىلىپ تۇرمايتتى، تۈزرەك ئىدى، رەڭگى ئۆزىنىڭكىدەك قېنىق ئەمەس، سۇس هاۋا رەڭ ئىدى. دۇكاننىڭ غوجايىنى ئۇنىڭغا بۇ يىل مۇشۇ رەڭلىك كۆڭلەكلەرنىڭ مودا ئىكەنلىكىنى، قىيپچا بەللىك كۆڭلەكلەرنىڭ مودىدىن قالغانلىقىنى چۈشەندۈردى.

پويىزنىڭ دېرىزىسىدىن سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتقانلىقى

كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتاتتى، شۇنىڭدىلا ئۇ ئۆزىنىڭ كۆڭلىدىكى ئۇنتۇپ قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالدى. ئالدىدىكى ئورۇندا ئولتۇرغان ئايالنى ئۇ تونۇيتتى، بىر ئاينىڭ ئالدىدا دوختۇرخانىدا ئۇنىڭ ئوپېراتسىيەسى ئىشلەتكەن ئايال ئىدى. توي قىلىپ كەتكەن بىر قىزى ستراففوردتا تۇراتتى. ئىككىسى تونۇشىدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىگە پويىزدا بىر يەردە ئولتۇرغان ھەم بىر يەرگە بارىدىغان بولغاچقا، پاراڭغا تۆگىمەي كەتتى.

— مېنىڭ قىزىم مېنى ئالغىلى ئالدىمغا چىقىدۇ، — دېدى ئايال، — بىز سىزنى بارىدىغان يېرىڭىزگە ئاپىرىپ قويساق بولىدۇ. يامغۇر توختىمىسا تېخىمۇ شۇنداق قىلىمىز - دە.

ئۇلار ستراففوردقا بارغاندا يامغۇر توختاپ ھاۋا ئېچىلىپ كەتكەن، ھاۋا ئىنتايىن ئىسسىق ئىدى. شۇنداقتىمۇ روبىن ئۇلارنىڭ ماشىنىسىغا چىقمۇېلىپ، كەينىدىكى چوكىلىق كەمپۈت يەپ ئولتۇرغان ئىككى كىچىك بالىنىڭ يېنىدا ئولتۇردى. ھېلىمۇ ياخشى ئۇلارنىڭ ئاغزىدىن ئېقىپ تۇرۇۋاتقان شۆلگەيلىرى روبىننىڭ كۆڭلىكىگە تېمىپ كەتمىدى.

روبىن تىياترنى ئاخىرىغىچە كۆرۈپ بولالمىدى، تىياترخانىنىڭ ئىچى سوغۇق بولغاچقا تىترەپ بولالماي قېلىۋاتاتتى، ئۇنىڭ ئۈستىگە كۆڭلىكىنىڭ رەختى نېپىز ھەم يەڭسىز بولغاچقا، سوغۇق تېخىمۇ ئۆتۈپ كېتىۋاتاتتى، يەنە بىر جەھەتتىن قاتتىق جىددىيلىشىپ كېتىۋاتقاچقىمۇ تىترەپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئۆزى بىلەن بىر قاتاردا ئولتۇرغانلاردىن ئەپۇ سوراپ، ئالدىلىرىدىن ئاۋايلاپ مېڭىپ ئوتتۇرىدىكى تار يولغا چىقىۋالدى ۋە شۇ يەر بىلەن مېڭىپ تىياترخانىنىڭ ئىچىدىن ئالدىدىكى زالغا چىقىۋالدى. زال يورۇق ئىدى، تالانىڭ دېرىزىلىرىدىن سىرتتا يامغۇر يېغىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى، يامغۇر خېلىلا قاتتىق يېغىۋاتاتتى. ئاياللارنىڭ ھاجەتخانىسىغا، ئۆتكەن يىلى سومكىسىنى ئۇنتۇپ قالغان ھاجەتخانىغا كىرىپ چاچلىرىنى تارىۋالماقچى بولدى. چاچلىرى

ئازراق چۈۋۈلۈپ كەتكەن، بۇدۇرلىرى سوزۇلۇپ يۈزىنىڭ ئەتراپىغا ساڭگىلاپ چۈشۈپ قالغانىدى. چاچنى قاتۇرىدىغان يېلىمنى ئەكەلمىگىنىگە پۇشايمان قىلىپ قالدى، ئەمدى ئامال يوق، كېيىنگە تارتىۋېلىشقا توغرا كەلدى.

ئۇ ھاجەتخانىدىن چىققاندا يامغۇر توختاپ كۈن چىققانىدى، پىيادىلەر يولى قۇرۇپ ئاپتاپتا پارقىراپ تۇراتتى. روبىن تىياتىرخانىنىڭ زالىدىن چىقىپ پىيادىلەر يولى بىلەن ئالدىغا قاراپ ماڭدى. پۇتلىرى خۇددى كىچىك ۋاقتىدا دوسكىغا ھېساب ئىشلىگىلى چىقىپ كېتىۋاتقان ياكى سىنىپتىكى پۈتۈن ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئالدىدا دەرس يادلاۋاتقان چاغدىكىدەك بوشاپ كېتىۋاتاتتى. ئۇ دۇۋنىيى كوچىسىنىڭ دوقمۇشىغا تېزلا يېتىپ كەلدى. يەنە بىرنەچچە مىنۇتتىن كېيىن ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا چوڭ بىر ئۆزگىرىش يۈز بېرەتتى، ئۇ ئۆزگىرىشكە ئۇ تېخى تەييارلىنىپ بولمىغانىدى، لېكىن يەنە تەييارلىنىمەن دەپ پۇرسەتنى قولدىن بېرىپ قويۇشنىمۇ خالىمايتتى.

ئۇ شۇ مېڭىشى بىلەن مېڭىپ ئىككىنچى كوچىغا كەلگەندە ئۆزىگە تونۇشلۇق ئاشۇ غەيرىي ئۆينى كۆردى، ئىككى تەرىپىدىكى دۇكانلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا قەد كۆتۈرۈپ تۇراتتى.

ئۇ ئۇ ئۆيگە بارغانسېرى يېقىن قىلىۋاتاتتى. ئاخىر ئۆينىڭ ئالدىغىمۇ يېتىپ كەلدى. ئىشىك ئوچۇق ئىدى. بۇ قاتاردىكى دۇكانلارنىڭ ئىچىدە ھاۋا تەڭشىگۈچ ئورنىتىلغان دۇكانلار ساناقلىقلا ئىدى. ئۇنىڭ دۇكىنىنىڭ يەنە بىر سىم تور ئىشىكى بار ئىدى، چىۋىن - پاشىلارنىڭ كىرىۋالماسلىقى ئۈچۈن ئورنىتىۋالغاندەك قىلاتتى. روبىن پەلەمپەيدىن چىقىپ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدى، لېكىن دۇكان ئىچىدىكى گۇڭگىلىقتا كۆزى كۆنۈۋالغۇچە ساقلاپ تۇرۇپ ئىشىكنى ئىتتەرمىدى. بولمىسا ئىشىكنى ئېچىپ كىرگەندە بىرنەرسىلەرگە پۇتلىشىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى.

ئۇ يەردە، پوكەينىڭ ئىچىدە بىر ئىش قىلىۋېتىپتۇ،

www.uyghurkitap.com

چىراغنىڭ يورۇقىدا ئالدىراش بىرنېمە بىلەن ھەپىلىشىۋاتقىنىنى كۆرۈنۈپ تۇرۇۋاتىدۇ، بىلى سەل ئېگىلگەن، يان تەرىپى ئېنىق كۆرۈنۈۋاتىدۇ. ھە، توغرا، سائەت رېمونت قىلىپ ئولتۇرۇپتۇ. روبىن ئۇنىڭ تۇرقىنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويۇشىدىن ئەنسىرىگەندى، ئۇنداق بولماپتۇ، خىيالىدىكى ئۇ ئەينەن تۇرۇپتۇ، مېنىدېنگرو ئۇنى كۆپ ئۆزگەرتىۋەتمەپتۇ — چېچىنىڭ شەكلى ئۆزگىرىپتۇ، ساقال قويۇۋاپتۇ، باشقا يېرىدە ئۆزگىرىش يوق — يەنە بۇرۇنقىدەكلا تۇرۇپتۇ، بېشىغا چۈشۈپ تۇرۇۋاتقان چىراغنىڭ يورۇقىدا ئاق ئارىلىغان قىسقا چاچلىرى بۇرۇنقىغا ئوخشاش پارقىراپ تۇرىدۇ، ئاق چاچلارنىڭ ئارىلىرىدىكى قوڭۇر چاچلارمۇ ئەينەن شۇ. گەۋدىسى يەنە شۇنداق قۇۋۋەتلىك، ئاررازاق ئالدىغا ئېڭىشىپ قاپتۇ. يەڭلىرىنى تۇرۇۋالغانىكەن، بۇلجۇڭ گۆشلىرى بۆرتۈپ چىققان بىلەكلىرى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ، چىرايىدىن پۈتۈن دىققىتى بىلەن قىلىۋاتقان ئىشىغا بېرىلىپ كەتكەنلىكى، ئالدىدىكى سائەتنىڭ سايمانلىرىنى قوراشتۇرۇۋاتقانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. بۇلار روبىننىڭ تەسەۋۋۇرىدىكى ئۇنىڭ ئومۇمىي كۆرۈنۈشى ئىدى. گەرچە روبىن ئۇنىڭ سائەت رېمونت قىلىپ ئولتۇرغان كۆرۈنۈشىنى كۆرمىگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنى شۇ ئىشنى قىلىۋاتقاندا مۇشۇنداق ئالدىغا ئېڭىشىپ ئولتۇرۇۋاتقان ھالەتتە كۆز ئالدىغا كەلتۈرەتتى.

ياق، ئۇ كىرمەسلىكى، ئۇ ئالدىغا چىقىشى، ئۇنىڭغا ئىشكىنى ئېچىپ بېرىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۇنى چاقىردى: دېنېر. شۇ دەقىقىدە ئۇ چەت ئەللىكنىڭ ئىسمىنى خاتا تەلەپپۇز قىلىپ قالغان بولسامچۇ، دەپ ئويلاپ خىجىل بولۇپ قالدى.

ئۇ ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىمىغان ياكى پۈتۈن دىققىتى قىلىۋاتقان ئىشىدا بولۇپ قېلىپ ئۇنىڭ ئاۋازىغا دىققەت قىلمىغان بولسا كېرەك، بېشىنى كۆتۈرمىدى. سەلدىن كېيىن بېشىنى كۆتۈردى، ئەمما ئۇنىڭغا قارىمىدى، ئۆزىگە لازىملىق بىرنەرسىنى ئىزدەپ تېپىش ئۈچۈن بېشىنى كۆتۈرگەندەك

قىلاتتى، شۇ ئارىلىقتا تۇيۇقسىز ئۇنى كۆرۈپ قالدى ـ دە، ئالدىدىكى ئىشنى ئاۋايلاپ بىر چەتكە ئىتتىرىۋېتىپ ئورنىدىن تۇردى ۋە سەل ئىككىلىنىۋاتقاندەك ئۇنىڭ ئالدىغا قاراپ ماڭدى.

ئۇ روبىنغا قاراپ بېشىنى بوش چايقاپ قويدى.

روبىن ئىشكىنى ئىتتىرىپ ئېچىشقا تەييارلاندى، لېكىن ئويلىنىپ قېلىپ ئۇنداق قىلمىدى، ئۇنىڭ ئېغىز ئېچىپ گەپ قىلىشىنى ساقلىدى. ئۇ گەپ قىلمايتتى، بېشىنى چايقاپلا تۇراتتى، بىرنەرسىدىن بىزاردەك جايىدىن مىدىرلىماي تۇراتتى. بىر چاغدا كۆزلىرىنى ئۇنىڭدىن يۆتكەپ، دۇكانىنىڭ باشقا يەرلىرىگە، تامدا قاتار ئېسىلىپ كەتكەن سائەتلەرگە خۇددى ئۇلار ئۆزىگە بىر ئىشلاردىن ئۇچۇر بېرىۋاتقاندەك، ئۆزىنى قوللاپ تۇرۇۋاتقاندەك قاراپ كەتتى، ئۇ ئۇنىڭغا قايتا قارىغان چاغدا شۈركەنگەندەك بولۇپ، ئىختىيارسىز هالدا ـــ بەلكىم ئۇنداقمۇ ئەمەستۇ ـــ خۇددى ئۇ ئۆزىگە ھەقىقىي بىر ۋەھىمە ئېلىپ كەلگەندەك، خەتەر ئىچىدە قېلىۋاتقاندەك بىر ئىپادىدە بولۇپ چىشىنىڭ ئېقىنى كۆرسىتىپ قويدى.

روبىن بولسا تۇرغان جايىدا قېتىپ تۇرۇپلا قالدى، خۇددى بىرەر ئېھتىماللىقنىڭ بولۇشى مۇمكىندەك ياكى بۇ بىر چاقچاق، بۇ بىر ئويۇندەك، بۇ ئىشقا ئېنىق بىر ھۆكۈمنى بېرەلمەيۋاتقاندەك چىرايىدىن ھەيرانلىق چىقىپ تۇرۇۋاتاتتى.

خۇددى بىر ئىش قىلماقچى بولغاندەك ئۇ يەنە ئۇنىڭغا قاراپ ماڭدى، ئەمما چىرايىغا قارىمىدى. قەتئىي بىر قارارغا كەلگەندەك ـــ روبىننىڭ قارىشىچە ـ ئۇنىڭدىن ئىنتايىن بىزار بولغاندەك، بىر قولى بىلەن سىرتنىڭ ياغاچ ئىشىكىنىڭ تۇتقۇچىنى ـــ دائىم ئوچۇق تۇرىدىغان ئىشىكنىڭ ـــ تۇتۇپ ئىشىكنى ئۇنىڭ يۈزىچىلا گەپ قىلىپ يېپىۋالدى.

بۇ روبىنغا بەرگەن تولىمۇ ئېنىق جاۋاب ئىدى، روبىن قاتتىق چۆچۈگەن هالدا بۇنى بىلىپ يەتتى. بۇ ئۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ناهايىتى ئاددىي، هېچقانداق چۈشەندۈرۈش كەتمەيدىغان ئۇسۇلى

www.uyghurkitap.com

ئىدى، ئۇنىڭ ھەيران قېلىشلىرى، ئاياللارغا خاس ۋارقىراپ ـ جارقىراشلىرىنىمۇ كۆرمەيتتى ھەم ئاڭلىمايتتى، روبىن دىلى قاتتىق ئازار يەپ ۋە كۆتۈرگۈسىز روھىي ئازابتىن كۆزلىرىگە لىق ياش ئېلىپ ئىشىكنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ قېلىۋېرەتتى.

*　　　*　　　*

نومۇس، ھەي، ئالەمچە نومۇس! بۇ ئۇنىڭ شۇ چاغدا ئويلىغان ئويى ئىدى. ئۆزىگە ئىشەنچى كۈچلۈك ھەم تەجرىبىلىك بىر قىز مۇشۇنداق ئاقىۋەتكە قالسا ـ ھە! ئۇ ئىچىگە پاتۇرالمىغان غەزىپى بىلەن ئۇنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىدىن ئاستا كېتىپ قالدى. مۇمكىن بولسا ئۇنىڭ بېشىغا سىيىپ قويسا. روبىن ئۆزى بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان بىر ئايالنىڭ بىر ئەر تەرىپىدىن تاشلىۋېتىلگەن چاغدا جان ئاچچىقىدا، ئۇزۇن ئىشتان كىيىپ يۈرىدىغان بۇ بىرنىمىلەرنىڭ بىرسىمۇ ئىشەنچلىك ئەمەس، دېگەن بىر گېپىنى ئەسلەپ قالدى. ئۇ ئايال شۇ چاغدا ئۇ ئەرنىڭ ئۆزىنى تاشلىۋەتكەنلىكىنى زادىلا تاسادىپىيلىق دەپ ئويلىماپتىكەن، شۇ تۇرقىدا روبىنمۇ شۇنداق ئويلىدى، ئۇ ئۆزىنى ئەيىبلىشى كېرەك. بولتۇر يازدا ئۇ ئادەمنىڭ پويىز ئىستانسىسىدا ئايرىلىدىغان چاغدا بەرگەن ئۇ ۋەدىلىرىنىڭ ئاغزىنىڭ ئۇچىدا دەپ قويغان گەپلەر ئىكەنلىكىنى بىلىشى كېرەك ئىدى. يالغۇز ئويۇن كۆرگىلى كېلىپ شومىكىسىنى يىتتۇرۇپ قويغان ئۇ نېمىدېگەن كۆڭلى يۇمشاق، نېمىدېگەن ئەخمەق قىز ـ ھە! ئۇ ئادەم شۇ گەپنى دەپ ئۆيىگە قايتىپ بارغۇچە قىلغان گېپىگە پۇشايمان قىلغان، ئۇ قىزنىڭ ئۇ گەپلىرىگە ئىشىنىپ قالماسلىقنى تىلىگەن بولۇشى مۇمكىن.

بەلكىم ئۇ مېنىدېنگرودىن خوتۇن ئېلىپ كەلگەن بولۇشىمۇ ئېھتىمال. شۇ تۇرقىدا ئۇ ئۇستىدىكى ئۆيدە ئولتۇرىدىغاندۇ. راست شۇنداق بولۇپ قالغان بولسا، ئۇنداق مۇئامىلە قىلغۇچە

چىرايلىق چۈشەندۈرۈپ قويسا بولمامدۇ؟ ئەگەر ئۇ بۇرۇن روبىننى ياقتۇرۇپ قالغان بولسا، كېيىن مۇشۇنداق ئىشنىڭمۇ يۈز بېرىپ قېلىشىنى مۆلچەرلىگەن، ئۇنى شۇنداق نادان قىزلارنىڭ شېرىن خىياللىرىغا سېلىپ قويۇپ، ئەخمىقانە پىلانلىرىنى بەربات قىلىشنىڭمۇ تەييارلىقىنى قىلىپ قويغان بولۇشى مۇمكىن. بۇرۇنمۇ قىزلار ئۇنىڭ ئۈچۈن ئۆزلىرىنى يوقىتىپ قويغان ئىشلار بولمىغان دېيىش تەس، ئۇلاردىن قۇتۇلماق، بۆگۈنكى ئەھۋالغا قارىغاندا ئۇنىڭ ئۈچۈن قىيىنمۇ ئەمەس ئوخشايدۇ، يۈرىكىنى قاتتىق تۇتسىلا، بوشاپ كەتمىسىلا مەقسىتىگە يېتەلەيدىكەن، كەچۈرۈم سوراشمۇ، چۈشەندۈرۈشمۇ ھاجەتسىز ئىكەن، ئۈمىدلەندۈرۈپ قويسىمۇ شۇ خىل ئاماللار بىلەن يەنە قۇتۇلۇپ كېتەلمەيدىكەن ياكى قارشى تەرەپنى تونۇماس بولۇۋالسىمۇ بولىدىكەن، بۇ چارىلەرمۇ ئاقمىسا كۆزىچىلا ئىشىكنى گۈپ قىلىپ يېپىپ كىرىپ كەتسىمۇ ئىش تۈگەيدىكەن. ئۇنىڭ قانچە تېز غەزىپىنى كەلتۈرسە ئىش شۇنچە ياخشى تاماملىنىدىكەن.

بەزى قىزلار ئۈچۈن بۇنداق چارىلەر بىلەن مۇئامىلە قىلىش ياخشى ئاقىۋەت بەرمەيدۇ ھەم ناھايىتى قىيىن.

راست شۇنداق، روبىن بۇ ئەلەمگە چىدىماي ئۆزىنى توختىتالماي يىغلاپ كەتتى. كوچىغا چىققاندا ئۆزىنى بېسىۋېلىشقا جىق كۈچىدى، لېكىن دەريا بويىدىكى يالغۇز ئاياغ يولغا كەلگەندە يەنە ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى. دەريادا يەنە ھېلىقى قارا قۇ ئۆزى يالغۇز ئۈزۈپ يۈرەتتى، بىر توپ ئۆردەك چۈجىلىرى دادىلىرى بىلەن ئاپىلىرىنىڭ كەينىدىن غاقىلداپ كېتىشىۋاتاتتى، دەريانىڭ ئۈستى قۇياش نۇرىدا يەنە شۇنداق چىمىلداپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇ زەربىدىن ئۆزىنى قاچۇرۇش مۇمكىنمۇ، ئۇنىڭغا دادىل يۈزلىنىش كېرەك. ئۇنىڭدىن ئۆزۈڭنى قاچۇرىدىغانلا بولساڭ، ئۇنىڭ زەربىسىگە توختىماي ئۇچراپ

www.uyghurkitap.com

تۇرسەن، ئاخىرىدا ئەجەللىك بىر زەربە سېنى بۇ دۇنيادىن جۇدا قىلىۋېتىدۇ.

*　　　*　　　*

— بۇ يىل دەل ۋاقتىدا قايتىپ كەلدىڭ، — دېدى جوئاننې، — سەن كۆرگەن ئۇ تىياتىر قىزىقمىكەن؟

— تولۇق كۆرەلمىدىم، ئەمدىلا تىياتىرخانىغا كىرىپ تۇرۇشۇمغا كۆزۈمگە كۆمۈتا كىرىپ كېتىپ، ھەرقانچە چىمچىقلىتىپمۇ چىقىرىۋېتەلمىدىم، ئاخىر بولماي ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتىپ ھاجەتخانىغا كىرىپ كۆزۈمنى سۇ بىلەن يۇيۇپ باقتىم، چىقىپ كەتكىنى كۆزۈمنى سۈرتكەن قەغەزگە چاپلىشىپ قالغان بولسام كېرەك، ئۇ قەغەزدە يەنە بىر كۆزۈمنى سۈرتۈپتىكەنمەن، قەغەزدىكىسى ساق كۆزۈمگە كىرىپ كېتىپ مېنى جىق ئاۋارە قىلىۋەتتى.

— شۇڭا ئىككى كۆزۈڭ تولا يىغلاپ ئىششىپ كېتىدىغاندەك بولۇپ قاپتىكەن - دە، بايام كىرگەن ۋاقتىڭدا مەن تېخى كۆرگىنى ناھايىتى تەسىرلىك تىياتىر بولسا تەسىرلىنىپ توختىماي يىغلاپتۇ - دە، دەپ ئويلاپتىمەن، ئەڭ ياخشىسى يۈزۈڭنى تۇز سۈيى بىلەن يۇيۇۋەتكىن.

— مەنمۇ شۇنداق قىلاي دەپ تۇراتتىم.

ئۇنىڭ قىلىدىغان ياكى ئىككىنچى قىلمايدىغان بەزى ئىشلىرى بار ئىدى. ستراففوردقا مەڭگۈ بارمايتتى، ئۇ يەردىكى ئاشۇ كوچىدا مەڭگۈ ماڭمايتتى. ھەرقانچە ياخشى تىياتىر بولسىمۇ ئۇ يەرگە بېرىپ كۆرمەيتتى، ھاۋا رەڭ كۆڭلەكنى ئىككىنچى كىيمەيتتى، ھەرقانچە رەڭلىك، ھەرقانداق چىرايلىق بولسىمۇ ئۇنداق كۆڭلەككە ئەمدى قاراپمۇ قويمايتتى، مېندېنگروغا مۇناسىۋەتلىك خەۋەرلەرنىمۇ ئاڭلىمايتتى، بۇنداق قىلماق قىيىنمۇ ئەمەس ئىدى.

## 2

قىش پەسلى يېتىپ كېلىپ، كۆلنىڭ سۈيى توسمىغا بارغۇچە مۇز تۇتۇپ كەتتى. مۇزنىڭ يۈزى ئوڭغۇل ـ دوڭغۇل ئىدى، بەزى جايلىرى شامالدا دولقۇنلىنىپ تۇرغاندا تۇيۇقسىز قېتىپ قالغاندەك ئېگىز چىقىپ قالغانىدى. ئىشچىلار مىلاد بايرىمى كۈنى ئاسقان پانۇسلارنى بىر ـ بىرلەپ ئېسىقلىق جايلىرىدىن يېشىپ ئېلىۋاتاتتى. ھەممە يەرنى يۇقۇملۇق زۇكامنىڭ ۋەھىمىسى قاپلاپ كەتتى. شامالغا قارشى ماڭغان ئادەملەرنىڭ كۆزلىرىدىن توختىماي ياش ئېقىپ تۇراتتى. كۆپ ساندىكى ئاياللار قىشلىق چاپانلىرىنى، سوغۇق ئۆتمەيدىغان ئىسسىق ئىشتانلارنى كىيىشىۋالغانىدى.

روبىن ئۇنداق كىيىملەرنى كىيمىدى. دوختۇرخانىنىڭ ئەڭ ئۈستىدىكى ئۈچىنچى قەۋەتنى تەكشۈرۈپ چىققاندا ئۈستىدە بىرلا ئۇزۇن قارا پەلتو، ئىچىدە كۈل رەڭ يۇڭ كۆڭلەك بىلەن سۇس بىنەپشە رەڭ يۇڭ پوپايكىلا بار ئىدى، قويۇق ئۇزۇن چاچلىرى مۇرىسىگە يېيىلىپ چۈشكەنىدى. قۇلاقلىرىدا كىچىك بىرلىيانت كۆزلۈك ھالقىسى جۇلالىنىپ تۇراتتى (شەھەر بويىچە ئۆزىنى ياخشى تۇتۇپ كېلىۋاتقان، جايىدا كىيىنىپ يۈرىدىغان ئاياللارنىڭ ئىچىدە تېخى توي قىلمىغانلىرى بىرنەچچەيلەنلا ئىدى، ئۇلارغا ھەممە ئادەم دىققەت قىلاتتى). روبىنغا ھازىر سېستىرالارنىڭ كىيىمىنى كىيىپ يۈرۈش ھاجەتسىز ئىدى، ئۈچىنچى قەۋەتتە بىرنەچچە سائەتلا ئىشلەيتتى.

ئۈچىنچى قەۋەتكە لىفتتا ئولتۇرۇپ ئادەتتىكىدەك چىققىلى بولاتتى، چۈشكۈچە بىرئاز تەسرەك ئىدى، شۇ يەردىكى لىفت باشقۇرىدىغان سېسترا بىر يەردىكى يوشۇرۇن كۇنۇپكىنى بېسىپ بەرمىسە چۈشكىلى بولمايتتى، بۇ يەر روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسى ئىدى، ئەمما بۇ يەرنىڭ مۇشۇنداق بىر

دوختۇرخانا ئىكەنلىكىنى ناھايىتى ئاز ئادەملەر بىلەتتى، بۇ دوختۇرخانىمۇ روبىن ئولتۇرۇۋاتقان بىناغا ئوخشاش كۆل تەرەپكە قاراپ تۇراتتى، شۇڭا كىشىلەر ئۇنى «شەپەق مېھمانخانىسى» دەپ قوياتتى. ياشقا چوڭراق ئادەملەر «پادىشاھ يورك»① دەپ ئاتاشنى ياخشى كۆرەتتى. بۇ دوختۇرخانىدا كۆپ كىرىپ - چىقىدىغانلارنى ھېسابقا ئالمىغاندا كېسەللەر قىسقا ۋاقىت ياتاتتى. خام خىيال كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغان، زەھەرلىك چېكىملىك تاشلاتقۇزىدىغان ياكى ئۇزاق ۋاقىت ياتمىسا بولمايدىغان كىشىلەر باشقا دوختۇرخانىلاردا، ناھىيەلىك «كېسەللەر ئۆيى» دەپ ئاتىلىدىغان ئورۇندا يېتىپ داۋالىناتتى.

قىرىق يىلدىن بۇيان بۇ بازارنىڭ كۆلىمى كېڭەيمىدى، ئەمما باشقا ئۆزگىرىشلەر خېلى بولدى، ئىككى يەرگە مال سېتىۋېلىش مەركىزى سېلىنىدى، مەيدان ئەتراپىدىكى دۇكانلار يەنە بار، ئۆزلىرىنىڭ تىجارىتى بىلەن ئارانلا كېتىۋاتاتتى. دۆڭنىڭ ئۈستىگە يېڭى بىنالار سېلىنىدى، ئۇ بىنالار ئوتتۇرا ياشلىق ئادەملەرنىڭ ئولتۇراق رايونى ئىدى. كۆل تەرەپكە قارىتىپ سېلىنغان بىنانىڭ چوڭ ئۆيلىرى ئايرىم ئولتۇراق ئۆيلەرگە ئۆزگەرتىلدى، روبىننىڭ ئامىتى كېلىپ شۇ يەردىكى ئۆيلەردىن بىر يۈرۈش ئۆينى ئىجارىگە ئالدى. جوئاننى بىلەن بىللە تۇرغان ئىساك كوچىسىدىكى ئۆينى قايتا ئۆزگەرتىپ ياساپ، ئۆي - زېمىن شىركىتىگە ئىشخانا قىلىدىغانغا سېتىپ بەردى. ۋىللاردىنىڭ ئۆيلىرى ئاساسەن بۇرۇنقى ھالىتىنى ساقلاپ قالدى. ئۇ بىر نەچچە يىلنىڭ ئالدىدا شامال دارىپ ئاغرىپ قالغانىدى. ھازىر خېلى ياخشى بولۇپ قالدى. ئۇ دوختۇرخانىدا ياتقان كۈنلەردە روبىن پات - پات بېرىپ يوقلاپ تۇرغانىدى. ۋىللارد ئۇنىڭغا روبىن، جوئاننى ئۈچىنىڭ بۇرۇن ناھايىتى ياخشى ئۆتكەنلىكىنى، بىللە قارتا ئويناپ، بىللە سۆھبەتلەردە

① پادىشاھ يورك مېھمانسارىيى كانادادىكى داڭلىق مېھمانسارايلارنىڭ بىرسى.

بولۇپ ناھايىتى كۆڭۈللۈك ياشىغانلىقلىرىنى سۆزلەپ بېرەتتى.

جوئاننېنىڭ ۋاپات بولۇپ كەتكىنىگە ئون سەككىز يىل بولدى. ئۆينى سېتىۋەتكەندىن كېيىن، ئۇ يەردىكى كونا قولۇم - قوشنىلىرى بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈلۈپ قېلىپ بېرىش - كېلىش قىلمايدىغان بولۇپ قالغاندى. ئۇ ھازىر چېركاۋغا بارمايتتى، ياش ۋاقتىدىكى، مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان چاغلىرىدىكى تونۇش - بىلىش، دوست - بۇرادەرلىرىنىڭ ئىچىدىكى دوختۇرخانىغا داۋالىنىشقا كېلىپ قالغانلىرى بىلەن كۆرۈشۈپ قالاتتى، باشقىلىرىنى يىللاپ كۆرمەيتتى.

ئۇ ھايات يولىنىڭ مۇشۇ دەۋرىگە يېتىپ كەلگۈچە توي قىلىش پۇرسەتلىرى ئانچە - مۇنچە كېلىپمۇ تۇردى، خوتۇنلىرى ئۆلۈپ كەتكەن بويتاقلاردىنمۇ لايىقلار چىقتى. ئۇلار بىر توي قىلغان تۇل ئاياللارنى كۆپرەك ئىزدەيدىكەن. خىزمەت ئورنى بار، توي قىلمىغان ئاياللار ئۆزلىرىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان بولسىمۇ ئۇلارغا ئاساسەن قارىمايدىكەن. روبىن بۇرۇنلا ئۆزىنىڭ توي قىلىشقا قىزىقمايدىغانلىقىنى ياش ۋاقتىدىكى دوستلىرىغا دەپ بولغان، ئۇلارنىڭ خەۋىرى بار ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن يېڭى تونۇشقان، ئۇنى كۆپ چۈشەنمەيدىغان ئادەملەر ئوخشاش جىنسلىقلار بىلەن ئارىلىشىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلايتتى، ئۇلارنىڭ شۇنداق ئويلاپ قېلىشلىرىمۇ تەبىئىي ئىدى، ئۇ مۇتەئەسسىپ ھەم يېڭىلىقنى قوبۇل قىلمايدىغانراق ئائىلىدە چوڭ بولغاچقا، مۇنداق گەپلەرنى ئاڭلىسىمۇ ئاڭلىمىغانغا سېلىپ يۈرۈۋاتاتتى.

ھازىر شەھەردە ھەر خىل ئادەملەر پەيدا بولۇپ قالغانىدى، روبىن شۇنداق ئادەملەر بىلەن كۆپرەك ئارىلىشىدىغان بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ بەزىلىرى توي قىلمىغان بولسىمۇ بىر ئۆيدە بىللە تۇرىۋېرەتتى. بەزىلىرى ھىندىستان، مىسىر، فىلىپپىن، كورېيەلەردە تۇغۇلغان ئادەملەر ئىدى، كونا تۇرمۇش ئۇسۇللىرى، بۇرۇنقى قائىدە - يوسۇنلار ھازىرغىچە مەلۇم دەرىجىدە ساقلىنىپ

كېلىۋاتاتتى، ئەمما نۇرغۇن ئادەملەر يەنە قانداق ياشاشنى خالىسا شۇنداق ياشاپ كېلىۋاتاتتى. بۇرۇندىن كېلىۋاتقان ئەنئەنىلەردىن خەۋىرى يوق ئىدى. بازاردىن قايسى دۆلەتنىڭ يېمەكلىكلىرىدىن سېتىۋالىمەن دېسىڭىز سېتىۋالالايسىز. ھاۋا ئوچۇق يەكشەنبە كۈنلىرى قەھۋەخانىلارنىڭ يولنىڭ بويىدىكى ئۈستەللىرىدە ئىسسىق قەھۋەلەرنى ئىچىپ، چېركاۋلارنىڭ قوڭغۇراقلىرىنىڭ ئاۋازلىرىنى ئاڭلاپ بەخۇدۇك ئولتۇرالايسىز، خۇداغا ئىبادەت قىلىدىغان خىيالىڭىز قىلچە بولمىسىمۇ سىزگە ھېچكىم ھېچنېمە دېيەلمەيدۇ. ھازىر كۆلنىڭ بويلىرىدا بۇرۇنقىدەك تۆمۈريول ئىدارىسىنىڭ چوڭ - چوڭ ئىسكىلاتلىرى، مال قويىدىغان تۇرلۇك لاپاسلار يوق، ھەممىسى بۇزۇپ تاشلىنىپ ئورنىغا چىرايلىق يالغۇز ئاياغ يوللار ياسالغان. ئۇ يوللاردا سىز كۆلنى پىيادە بىر ئايلىنىپ چىقالايسىز. بۇ يەرگە يەنە ناخشا - ئۇسسۇل بىلەن تىياتىر ئۆمىكى سېلىنىدى. روبىن ئۇ يەرگە بۇرۇنقىدەك بىرىپ ئويۇن كۆرۈپ تۇرىدۇ، ھەتتا ئويۇن ئويناشلارغىمۇ قاتنىشىپ كېتىدۇ، سەھنىگە چىقىپ ئوينايدىغان چاغلىرى كۆپ بولمىسىمۇ پۇرسەت بولسىلا ئويناپ تۇرىدۇ. بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا خايدا گايپول[1] نىڭ رولىغىمۇ چىققان، ئۇ تىلى، ۋەقەلىكى ناھايىتى ئېغىر دراما بولسىمۇ، روبىن خايدانىڭ رولىنى ناھايىتى ياخشى ئېلىپ چىققانىدى. بولۇپمۇ درامىدىكى ئۇ پېرسوناژ بىلەن رېئاللىقتىكى روبىننىڭ تۇرمۇشى ئوتتۇرىسىدا پەرق شۇنچىلىك چوڭ — نۇرغۇن ئادەملەر شۇنداق دەيدۇ — بولسىمۇ روبىن ئۇ رولنى خۇددى خايدادەك مۇۋەپپەقىيەتلىك ئويناپ چىققان.

ھازىر كىشىلەرنىڭ ئىچىدە ستراففوردقا مەخسۇس بېرىپ تىياتىر كۆرۈپ كېلىدىغان ئادەملەردىن ھېچقانچە قالمىدى.

---

① خايدا گايپول — نورۋېگىيە دراماتورگى ئىبسېننىڭ شۇ ناملىق درامىسىدىكى ئايال باش قەھرىمان.

روبىن تېياتىر كۆرگۈسى كەلسە خىياگارا شەھىرىگە بېرىپ كۆرۈپ كېلەتتى.

بىر كۈنى روبىن بىر يولىلا ئۈچ كارىۋاتنىڭ كۆپىيىپ قالغانلىقىغا دىققەت قىلىپ قالدى.

— بۇ نېمە ئىش؟ — دەپ سورىدى ئۇ ئۇ تەرەپتىكى ئۇستەلدە ئولتۇرغان سېستىرا كورىرېلدىن.

— ۋاقىتلىق تەييارلاپ قويغان، — دەپ جاۋاب بەردى كورىرېل. ئەھۋالدىن قارىغاندا، بۇنىڭ نېمە ئۈچۈنلۈكىنى ئۇمۇ بىلمەيدىكەن، — كارىۋاتلارنى باشقىدىن ئورۇنلاشتۇرسا كېرەك.

روبىن چاپىنى بىلەن سومكىسىنى ئۇستەلنىڭ كەينىدىكى نەرسە ساقلايدىغان يەرگە ئېسىپ قويدى. كورىرېل ئۇنىڭغا بوس ناھىيەسى تەرەپتىن يېڭىدىن كېسەل كەلگەنلىكىنى دەپ بەردى. ئۇ يەردە كېسەللەر كۆپ بولغاچقا، ئۇلارنى باشقا جايلارغا يۆتكەش زۆرۈر ئىدى. لېكىن، بۇ ناھىيەنىڭ سەھىيە ئورگانلىرى ئۇ كېسەللەرنى قوبۇل قىلىش - قىلماسلىقنى تېخى قارار قىلمىغان ئەھۋالدا بۇ ئىشنى كىمنىڭ ئۆز ئالدىغا قارار قىلىدۇغانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى، شۇڭا ۋاقىتلىق ئورۇنلاشتۇرۇپ تۇرۇشقا توغرا كەلگەنىدى.

— مەن بېرىپ ئۇلار بىلەن سۆزلىشىپ باقسام قانداق؟

— ئىختىيارىڭىز، بايام مەن بېرىپ سۆزلەشسەم ئۆزلىرىنىڭمۇ بىلمەيدىغانلىقىنى دېيىشكەن.

ئۈچ كارىۋاتنىڭ يان رېشاتكىلىرىنى كۆتۈرۈپ قويۇپتۇ، كېسەللەر كارىۋاتتا تۇپتۇز يېتىپتۇ، كورىرېل راست دەپتۇ، ئۈچىلىسى يېڭى كەلگەن كېسەللەر ئىكەن، ئىككى موماي، بىر بوۋاي. روبىن كەينىگە قايرىلىپ بولۇپ يەنە ئىتتىك كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۇ بوۋايغا قاراپ قالدى. بوۋاينىڭ ئاغزى ئوچۇق، يالغان چىشلىرى بار بولسا ئېلىۋەتكەن بولسا كېرەك، ئاغزىدا ھېچنېمە يوق ئىدى. چاچلىرى ئاپپاق، قىسقا قىلىپ ياسىتىلغان، يۈزىنىڭ

گۆشلىرى سوغۇلۇپ، ئىككى قوۋۇزى ئىچىگە كىرىپ كېتىپتۇ، پېشانىسى كەڭ، ئۇنى سۈرلۈك كۆرسىتىپ تۇرۇپتۇ — ئۆتكەندە كۆرگەن چاغدىكىگە ئوخشاش — لېكىن يەنە بىر خىل خاتىرجەمسىزلىك چىقىپ تۇرغاندەكمۇ قىلىدۇ، يۈزىدىكى قورۇقلارمۇ كۆپىيىپ، چىرايى تاتىرىپ، كۈمۈش رەڭگىگە كىرىپ قاپتۇ. راك كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قالغان بولسا ئوپېراتسىيە قىلدۇرغان بولسا كېرەك. جۇغىمۇ كىچىكلەپ، ئەدىيالنىڭ تېگىدە ئادەم بار - يوقلۇقىنى بىلگىلى بولمايدىغان ھالەتكە كېلىپ قاپتۇ. ئەمما كۆكرىكى بىلەن مۈرلىرى روبىننىڭ ئېسىدە قالغاندىكىدەك، يەنە شۇنداق كۆتۈرۈلۈپ تۇرۇپتۇ.

روبىن كارىۋاتنىڭ ئاياغ تەرىپىدە ئېسقلىق تۇرغان كارتىغا قاراپ باقتى.

ئالېكساندر ئادېچىك.

دېننېرو دانىيېل

باش تەرەپتىكى ئالېكساندر دېگىنى ئۆزىنىڭ ئىسمى بولسا كېرەك ياكى يالغاندىن ئۆزىنى شۇنداق دەپ ئاتىۋالغاندۇ، چۈنكى بىرەر ئىشنىڭ يۈز بېرىپ قالماسلىقى ئۈچۈن ئۆزىگە بىر نىقاب كېرەك - دە. يالغانچىلىق ھازىرغىچە ئۇنىڭغا ئادەت بولۇپ كېلىۋاتقان بولسا بۇنىڭدىن ئەجەبلىنىپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ.

ئۇ كوررېلىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭدىن:

— ئۇ ئادەمگە مۇناسىۋەتلىك بىرەر ماتېرىيال بارمۇ؟ — دەپ سورىدى.

— نېمە بولدى؟ سىز ئۇ ئادەمنى تونۇمسىز؟

— شۇنداقتەكمۇ تۇرىدۇ.

— مەن تەكشۈرۈپ باقاي، بولۇپ قالسا سىزگە تېلېفوندا خەۋەر بېرىمەن.

— ئۇنىڭغا ئالدىراپمۇ كەتمەڭ، ۋاقتىڭىز چىققاندا قاراپ باقارسىز، — دېدى روبىن، — ئۇ ئادەمگە ئازراق قىزىقىپ

قالغاندەك قىلىمەن. مەن كەتتىم، بىرىپ كېسەللىرىمگە قارىمىسام بولمايدۇ.

روبىنىنىڭ خىزمىتى كېسەللەر بىلەن ھەپتىدە ئىككى قېتىم سۆزلىشىپ قويۇش، ئۇلارنىڭ ئەھۋاللىرىدىن، مەسىلەن، كۆپ خىيال سۈرۈش، چۈشەكەپ سىرتلارغا چىقىپ كېتىش دېگەندەك كېسەللىكلەرنىڭ ياخشىلىنىش ياكى كەينىگە كېتىش دېگەندەك ئەھۋاللىرىدىن خاتىرە قالدۇرۇش، دورا ئىچكەندىن كېيىنكى ئىنكاسلارنى، ئۇلارنىڭ ئۇرۇق - تۇغقانلىرى بىلەن جۈپتلىرىنىڭ ئۇلارنى يوقلاپ كەلگەندىن كېيىن كەيپىياتلىرىدا كۆرۈلگەن ئۆزگىرىشلەرنى كۆزىتىش دېگەندەك. ئۇنىڭ بىنانىڭ بۇ قەۋىتىدە ئىشلەۋاتقىنىغا ئۇزاق بولغانىدى، روھىي كېسەللەرنى ئامال بار ئۆيىدىن ئايرىماي داۋالاش چارىسى يېڭى يولغا قويۇلۇۋاتقان چاغلاردىن باشلاپلا ئىشلەۋاتاتتى. شۇڭا، ئۇنىڭ بۇ يەردە يېتىپ كېسەل داۋالاتقان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە تونۇشىدىغانلىرى كۆپ ئىدى، ئۇ بىلىم ئاشۇرۇش مەقسىتىدە نۇرغۇن پەۋقۇلئاددە كۇرسلاردا ئوقۇغان. روھىي كېسەللىكلەرنى داۋالاش تەجرىبىلىرىنى ئۇزۇكسىز توپلاپ ماڭغان. ئۇ ئۆزى قىلىۋاتقان بۇ خىزمەتكە ئالاھىدە ئىشتىياق باغلىغانلىقى ئۈچۈن ھاردىم - تالدىم دېمەي تىرىشىپ كېلىۋاتاتتى. بولۇپمۇ بۇ ئاشۇ قېتىم «خۇشاللىق» دېگەن تىياتىرنى تولۇق كۆرۈپ بولماي ستىراففوردتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن خىزمىتىگە تېخىمۇ ئىشتىياق باغلاپ كەتكەنىدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەلۇم ئامىللار — ئۇ شۇنداق بولۇشنى ئارزۇ قىلمىغان بولسىمۇ — ئۇنىڭ تۇرمۇشىنى ناھايىتى جىق ئۆزگەرتىۋەتكەنىدى.

ئۇ رېبېر ئەپەندىنىڭ ئىشىنى كېيىنگە قالدۇردى. چۈنكى، ئۇنىڭ ئىشى ۋاقىتنى جىق ئىگىلەپ كېتىپ، باشقا كېسەللەر بىلەن سۆزلىشىپ ئەھۋال ئىگىلىشىگە ۋاقىتنى يېتىشتۈرەلمەيتتى، بۈگۈن باشقا كېسەللەرنىڭ يېگەن دورىلىرى كېسەلگە توغرا كەلگەچكە ئەھۋالدا جىق ياخشىلىنىش بولدى.

ئۇلار ئۇنى كۆرۈپ، ئۆزلىرىنىڭ ئۇنى خاتا ئەيىبلىگەنلىكىدىن كەچۈرۈم سوراشتى. لېكىن، بىر رېيىبىر ئەپەندىلا ئۆزىنىڭ DNA نى بايقىغان بۇ تۆھپىسىنىڭ تېگىشلىك تەقدىرلەش ياكى ئېتىراپ قىلىنىشلارغا ئېرىشەلمىگەنلىكىدىن ئاغرىنىپ، جامېس ۋاتسون①غا خەت يېزىپ ئۇستۇنلاردىن ئەرز قىلىمەن، دەپ خاپا بولۇپ يۈرۈۋاتاتتى.

— ئۆتكەندە مەن ئۇنىڭغا خەت يازغان، — دېدى ئۇ، — مەن ئۇنداق خەتتىن كۆچۈرۈپ بىر نۇسخا قالدۇرۇپ قويۇشنى ئۇبدان بىلىمەن. لېكىن، تونۇگۈن ماتېرىياللىرىمنى ئاختۇرسام نېمە ئەھۋال يۈز بەرگەنلىكىنى ئويلاپ بېقىڭلا؟

— مەن ئويلىماي، ئۆزىڭىزلا دەپ بېرىڭە، — دېدى روبىن.

— ئۇ خەت يوق تۇرىدۇ، يوق تۇرىدۇ، بىرسى ئوغرىلىۋاپتۇ.

— بەلكىم باشقا بىر يەرگە قويۇپ قويغانسىز. مەن سىزگە ئىزدىشىپ بېرەي.

— مەن ئۇ خېتىمنىڭ يوقاپ كەتكىنىدىن قىلچە ئەجەبلەنمەيمەن. مەن ئۇنداق قىلىشتىن بۇرۇنلا ۋاز كېچىشىم كېرەك ئىدى، مەن ئۆزۈمنىڭ شاھزادىلەر گۇرۇھى بىلەن تونۇشۇپ قالغىنىمنى بىلىمەن. ئۇلار بىلەن تونۇشۇپ قالغان قايسىبىر ئادەم ئۇلارنى يېڭەلىگەن؟ سىز دەپ بېقىڭا. مەن ئۇ نىيىتىمدىن يېنىشىم كېرەكمۇ، يوق؟

— بۇنى ئۆزىڭىز قارار قىلىڭ. بۇ ئىشتا پەقەت سىزنىڭلا قارار قىلىش ھوقۇقىڭىز بار.

ئۇ ئادەم ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ دىلى رەنجىگەن ئىشنى يەنە بىر قېتىم تەپسىلىي سۆزلەپ بەردى. ئۇ مەخسۇس بىر پەننىڭ مۇتەخەسسىسى ئەمەس، ئۆز ئالدىغا تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان ئادەم ئىدى. ئۇنىڭغا دەپ بەرگەن ئەھۋاللىرى، قېرىنداش بىلەن

① جامېس ۋاتسون — ئامېرىكىلىق بىيولوگ، DNA نىڭ مولېكۇلالىق قۇرۇلمىسىنى تاپقانلىقى ئۈچۈن، 1962 ـ يىلى نوبېل مېدىتسىنا مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن.

مىڭ تەستە سىزىپ چىققان ئىسخېمىدىن قارىغاندا قىلىنغۇاتقان ئىشى توغرىدەكمۇ قىلاتتى. پەقەت ئالدىنىپ قالدىم دېگەن ئاشۇ ئارىلىقتىكى گەپلىرىلا ئازراق ئىشەنچسىز ھەم يالغانلىقى ئاسانلا بىلىنىپ قېلىۋاتاتتى، كىنو ياكى تېلېۋىزىيە تىياتىرلىرىدىن ئىلھام ئالغان يەرلىرىمۇ باردەك قىلاتتى.

لېكىن، روبىن ئۇنىڭ سۆزلەۋاتقان ئىشلىرىنىڭ چىگىچلىشىپ كەتكەن يىپىنىڭ ئىككى ئۇچىنى قانداق تېپىپ، ئۇ ئىككى نەرسىنى قانداق گەۋدىلەندۈرگەن قىسمىغىلا قىزىقىپ قېلىۋاتاتتى. ئۇ يەرلىرىنى ئۇ ھەرىكەتلىرى بىلەن تولىمۇ نەپىس، چىرايلىق، چۈشىنىشلىك قىلىپ كۆرسىتىپ بېرىۋاتاتتى. ئۆزىنىڭ چۈشەنچىسى بويىچە بەلگىلىۋالغان نىشانغا قاراپ ھەسسىلەپ تېز كېتىۋاتاتتى.

ئۇنىڭ ئۆزىمۇ روبىن قىزىققان يەرلەرنى ياخشى كۆرىدىكەن ھەم ئۇنىڭدىن ئاجايىپ ماختىنىدىكەن ھەتتا سۆزلەۋاتقاندا بىرنەچچە قېتىم كۆزلىرىگە ياش ئالغانمۇ بولدى. روبىن ئۇنىڭ ئۆزىگە شۇنداق ئۇقۇشلۇق قىلىپ رەھمەت ئېيتىپمۇ تۇردى ۋە بىر يەرلىرىگە كەلگەندە توختاپ قېلىشىنىمۇ ئۈمىد قىلدى، لېكىن ئۇنىڭ ئەمدى توختاپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇنداقتىمۇ روبىن ئۇنىڭ كېسىلىنىڭ ئاز ـ ئازدىن ياخشىلىنىۋاتقانلىقىغا ئىشىنىشكە باشلىدى. بولۇپمۇ ئۆزىگە ئۇۋال قىلىنغان ئىشلارنى، يازغان خېتىنىڭ يىتىپ كەتكەنلىكىنى سۆزلىگەن سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، روبىننىڭ ئۇنىڭ ياخشىلىنىپ كېتىۋاتقانلىقىغا بولغان ئىشەنچى تېخىمۇ ئېشىپ باردى.

ئەگەر ئۇنىڭغا يەنە ئازراق مەدەت بېرىدىغان، غەمخورلۇق قىلىدىغان بولسا، ئۇنى ئۆزىنى ياخشى كۆرۈپ قالمايدۇ دېگىلىمۇ بولمايتتى. بۇرۇن بۇنداق ئىش بىرنەچچە كېسەلدە يۈز بەرگەنىدى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى خوتۇنى بار ئەرلەر ئىدى،

خوتۇنلىرى بولسىمۇ روبىننىڭ ئۇلار بىلەن بالىلە يېتىشىشغا ھېچقاچان توسقۇن بولالمايتتى، ئەلۋەتتە، ئۇلار دوختۇرخانىدىن چىقىپ كەتكەندىن كېيىن مۇمكىن ئىدى. ئۇ چاغدا ھېسسىياتنىڭ ماھىيىتىدە ئۆزگىرىش بولۇپ، ئۇ ئەرلەر ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتاتتى، روبىنمۇ ئۆزىنىڭ ئارزۇسىغا يېتەتتى ۋە ئىككىلا تەرەپنىڭ يۈرىكىدە شۇ ئىشلارنى ئەسلەپ تۇرىدىغانغا تاتلىق بىر ئەسلىمە قالاتتى.

روبىن بۇنداق ئىشلارغا ھەرگىز پۇشايمان قىلمايتتى، شۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ پۇشايمان قىلىدىغان ئىشلىرى ئىنتايىن ئاز ئىدى، بولۇپمۇ جىنسىي تۇرمۇشىدا تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. مۇنداق ئىشلار ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا ناھايىتى ئاز يۈز بېرەتتى، يۈز بەرسىمۇ ناھايىتى يوشۇرۇن ھالەتتە يۈز بېرەتتى. مەيلى قانداقلا ھالەتتە يۈز بەرسۇن، ئۇ ئىشنىڭ راھىتىگە ھېچنېمە تەڭ كەلمەيتتى، ئۇ ئىشنى ئۇنچىۋالا مەخپىي ھالەتتە قىلىشىمۇ ھاجەتسىزدۇ. مۇھىمى، قارشى تەرەپنىڭ ئۆزىگە بولغان قارىشىنىڭ قايسى دەرىجىدە مۇقىم ئىكەنلىكى بولسا كېرەك، ھازىر ئۇنى تونۇيدىغان ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭغا مەھكەم ئېسىلىۋالغان ئادەملەرمۇ ھەم ئۇنىڭغا خاتا باھا بېرىۋاتقان ئادەملەرمۇ بار، خۇددى ئەڭ بالدۇر تونۇشقان ئادەملەرگە ئوخشاش.

*　　　　*　　　　*

كوررېل ئۇنىڭغا كۆپەيتىپ چىقارغان بىر نۇسخا ماتېرىيال بەردى.

— مەزمۇنى ئانچە كۆپ ئەمەسكەن، — دېدى ئۇ روبىنغا.

روبىن ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىپ، ئاندىن كىيىم ئالماشتۇرىدىغان ئۆيگە كىرىپ، ئۇ ماتېرىيالنى قاتلاپ

سومكىسىغا سىلىپ قويدى. ئۆزى يالغۇز قالغاندا، ئۆيىدە ئايرىم ئولتۇرۇپ ئوقۇماقچىدى. لېكىن، ئۆيىگە بارغۇچە كۆتەلمەي بىرىنچى قەۋەتكە چۈشۈپ كىچىك بىر ئارام ئېلىش ئۆيىگە كىردى، بۇرۇن بۇ ئۆينى ئۇلار ئىبادەتخانا ئورنىدا ئىشلىتىپ كەلگەنىدى. ھازىر ئىبادەت قىلىدىغان بىرمۇ ئادەم يوق بىكار تۇراتتى، ھېچكىم كىرمەيتتى. بەكمۇ تىنچ ئىدى.

ئادېچىك، ئالېكساندىر. 1924 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى يۇگوسلاۋىيەنىڭ بىگىلوجىۋىچ دېگەن يېرىدە تۇغۇلغان، 1962 ـ يىلى 5 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى كاناداغا كۆچمەن بولۇپ كېلىپ كانادا تەۋەلىكىگە ئۆتكەن. ئىنىسى دېننىرو ئادېچىك كانادا گىراژدانى، 1924 ـ يىلى 7 ـ ئاينىڭ 3 ـ كۈنى بىگىلوجىۋىچتا تۇغۇلغان.

ئالېكساندىر ئادېچىك ئىنىسى دېننىرو بىلەن 1995 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى ئۆلۈپ كەتكۈچە بىللە ياشاپ كەلگەن، 1995 ـ يىلى 9 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنىدىن كېيىن بوس ناھىيەسىنىڭ ئۇزاق ۋاقىت غەمخورلۇق قىلىش ئورگىنىنىڭ تەۋەلىكىگە ئۆتۈپ، شۇ كۈنىدىن باشلاپ ئۇ ئورگاننىڭ ئۇزاق مۇددەت داۋالايدىغان بىمارىغا ئايلانغان.

ئالېكساندىر ئادېچىك تۇغۇلۇشىدا ياكى تۇغۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەي كېسەل سەۋەبى بىلەن گاس ـ گاچا بولۇپ قالغان، بالا ۋاقىتلىرىدا ئالاھىدە تەربىيەلىنىش ياكى مەشىق قىلدۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىگەن، ئەقلىي تەكشۈرۈشلەرگىمۇ نائىل بولالمىغان، سائەت ياساش، سائەت رېمونت قىلىشنى ئۆگىنىۋالغان، ئەمما گاچا ـ گاسلارنىڭ شەرەت تىلىنى ئۆگەنمىگەن، ئۆمۈر بويى ئىنىسىنىڭ غەمخورلۇقى ئاستىدا ياشاپ كەلگەن. كىشىلەر بىلەن ھېسسىيات جەھەتتە يېقىنلىشالمايدۇ. مۇئامىلىمۇ قىلالمايدۇ. داۋالاش مەركىزىگە كەلگەندىن كېيىنمۇ كىشىلەرگە ئىنتايىن سوغۇق مۇئامىلىدە بولۇپ كەلگەن، ئىشتىھاسى كەم، ئارىلاپ دۈشمەنلىك ھەرىكەتلەردە بولۇپ قالىدۇ، ئومۇمىي سالامەتلىكىدە تەدرىجىي چېكىنىش مەۋجۇت.

www.uyghurkitap.com

ئەقىلگە سىغمايدىغانلا ئىشقۇ بۇ.

ئىنىسى.

قوشكېزەك.

روبىن بۇ ماتېرىيالنى مەلۇم بىر شەخسكە، مەلۇم بىر ھوقۇقلۇق ئورگانغا تاپشۇرۇپ بېرىشنى ئويلاپ قالدى.

نېمىدېگەن بىمەنە ھەم كۈلكىلىك ئىشلار بۇ. بۇنى مېنىڭ قوبۇل قىلىشىم مۇمكىن ئەمەس.

ھالبۇكى.

شېكىسپىر ئۇنىڭ ئىدىيەدە تەييارلىق قىلىۋېلىشىغا ئازراق بولسىمۇ ئىمكانىيەت يارىتىپ بەرسە بولاتتىغۇ؟ ئۇنىڭ دىراممىلىرىدا دائىم قوشكېزەكلەر ئۇقۇشماسلىق ۋە بالا - قازانىڭ بېشى قىلىپ تەسۋىرلىنىدۇ ھەم بۇ خىل ئەخمەق قىلىنىشلار كۆپىنچە ھاللاردا دىراممىنىڭ مەلۇم يېشىمىگە ئورۇنلاشتۇرۇلىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا ھەر خىل گۇمانلار يېشىلىپ كېتىدۇ، ئېغىر ئاقىۋەتلەر كەچۈرۈم قىلىنىدۇ، ھەقىقىي مۇھەببەت ۋە شۇنىڭغا ئوخشاش ئىشلار ئەسلىگە كېلىدۇ ياكى يېڭىباشتىن باشلىنىدۇ، ئەخمەق قىلىنغان ئادەملەر كەڭ قورساقلىق قىلىدۇ، خۇدادىن ياكى بەندىلەردىن ئاغرىنىدىغان ئىشلار بولمايدۇ.

ئۇ شۇ كۈنى سىرتقا بىر ئىش بىلەن چىقىپ كەتكەنىكەن، تېزلا قايتىپ كېلەتتىكەن. دۇكىنىنى ئىنىسىنىڭ باشقۇرۇپ تۇرۇشىغا ئۇنچىلىك ئۇزاق ۋاقىت تاپشۇرۇپ قويمايدۇ، بەلكىم ئۇ سىم تورلۇق ئىشىكنى سىرتىدىن ئېتىپ قويغاندۇ، روبىنمۇ يا ئىشىكنى ئىتتىرىپ باقمىدى. ياكى ئۇ جونونى ئېلىپ سىرتنى ئايلىنىپ كەلگىلى چىقىپ كەتكەن بولسا، ئىنىسىغا ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋېلىشنى، ھېچقانداق ئادەمگە ئېچىپ بەرمەسلىكنى تاپىلىغان بولغىيدى، شۇ چاغدا روبىن، جونو نېمىشقا كۆرۈنمەيدۇ، دەپ ھەيران بولغان ئەمەسمىدى؟

ئەگەر شىۋ كۆنى روبىن سەل كېچىكىپ ياكى سەل بالدۇر كەلگەن بولسا، بۇ ئىش يۈز بەرمەسمىدىكىن، دىرامىنى تولۇق كۆرۈپ بولۇپ ياكى كۆرمەيلا كەلگەن بولساق قانداق بولاتتىكىن. چېچىمنى تارايمەن دەپ ھاجەتخانىدا ھايال بولمىغان بولسىچۇ؟

ئۇ ئىشلار يۈز بەرمەي ئىككىسى ئۇچراشقان بولسا قانداق بولاتتى؟ ئۇ ئاكىسىنى، روبىن ھەدىسىنى قانداق قىلاتتى؟ ئۇ ئالېكساندىرنى، روبىن جوئاننېنى بېقىشلىرى كېرەكقۇ؟ ئالېكساندىرنىڭ شۇ كۈندىكى ئەلپازىدىن قارىغاندا، ئۇنىڭ سىرتتىن ئادەم كىرىپ ئۆزلىرىنىڭ ئۆگەنگەن تۇرمۇشىنىڭ بۇزۇلۇپ كېتىشىنى قوبۇل قىلالايدىغان تۇرى يوق، جوئاننېمۇ شۇنداق، ئۇمۇ چوقۇم قوبۇل قىلالمايدۇ. ئۆيدە گاچا ھەم گاس ئادەمدىن بىرسى پەيدا بولۇپ قالسا ئۇنىڭغا چىدىشى بىر گەپ، ئەڭ، ئەڭ مۇھىمى روبىننىڭ باشقا ئەللىك بىرسىگە ياتلىق بولۇشىنى قوبۇل قىلالىشى، بۇ مۇمكىن ئەمەس.

روبىننىڭ ئاشۇ كۈندىكى كەچۈرمىشى ئاپەت بولغانمۇ ياكى ئامەتمۇ بۇنىڭغا ھازىر بىرنېمە دېمەك ئىنتايىن قىيىن ئىدى.

ئۇ ئىش بىر كۈننىڭ، شۇ بىر كۈننىڭ بىرنەچچە مىنۇتى ئىچىدە، ئاستا ـ ئاستا، قايتا ـ قايتا داۋالغۇشلار، بىردە ياخشىلىنىپ، بىردە يامانلىشىشلار، ئۈمىدلىنىش ۋە ئۈمىدسىزلىنىشلەر، ئۇزاق سۆرىلىپ يۈرۈشلەر ئارقىلىق ئەمەس، بىر يولىلا ئۇزۇل ـ كېسىل بەربات بولۇپ كەتكەنىدى. ئەمەلگە ئاشمايدىغان ئىشنىڭ ئۇنداق سۆرىلىپ بىر تەرەپ بولغىنىدىن بىر ھېسابتا مۇشۇنداق ئەلەم ۋە داغدا قېلىشلار يوق، بولسىمۇ تېزلا ئۆتتۈلۈپ كېتىدىغان بولۇپ بىر تەرەپ بولۇپ كەتكىنىمۇ ياخشى.

لېكىن، بۇنداق ئىش ئادەمنىڭ ئۆزىنىڭ بېشىغا كەلگەندە ئاشۇنداق ئويدا بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، روبىن شۇنىڭ مىسالى، ئۇنداق بولمىدى ھەم ئۇنداق ئويلىمىدى. بۈگۈنگىچە ئاشۇ

كۆندىكى پۇرسەتنىڭ قولدىن كېتىپ قالغىنىغا ئېچىنىپ كېلىۋاتىدۇ. تەقدىرنىڭ شۇ ئەخمەق قىلمىشلىرىنى كەچۈرۈپ، ئۇنىڭغا يۈرىكىنىڭ بىر يەرلىرىدىن بوشلۇق چىقىرىپ بېرىپ رەھمەت ئېيتقۇسى يوق. ئەمما، ئۇ ئىشلار كاللىسىدىن ئۆتكەندىن كېيىن، ئېسىڭنىڭ بارىدا ئېتىكىڭنى ياپ دېگەندەك، ۋاقتىدا ئېتىكىنى يېپىۋالغىنىدىن خۇشالمۇ بولدى. ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ ئىشلار بولۇپ بىر مەزگىلدىن كېيىن ئۇ ئىشلارنى ئويلىسىمۇ بولۇپمۇ ئاشۇ كۆندىكى ئاشۇ قوپاللىقنى خىيالىغا كەلتۈرسىمۇ ئاستا ـ ئاستا غەزىپى تاشمايدىغان، ئۆزىنى تۇتۇۋالىدىغان بولۇپ قالغانىدى. ئۇنداق ئىشلار ئادەمنىڭ غەزىپىنى تاشتۇرىدۇ. لېكىن، يەنە يېنىڭدا بولماي يىراقتا بولغان ئىش بولغاچقا، ئۇ ئىشنىڭ تاتلىقى ئېسىڭگە كەلسە ئاچچىقىڭغا ھاي بېرەلەيسەن ھەم دەسلەپ يۈز بەرگەن چاغدىكىدەك نومۇسمۇ قىلىپ كەتمەيسەن.

ئۇ ئىككىسىنىڭ شۇ چاغدا تۇرۇۋاتقان دۇنياسى باشقا بىر دۇنيا، ھەرقانداق ئادەم سەھنىدە ياساپ چىقالايدىغان دۇنيا ئىدى، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ كەلگۈسىنى شۇ دەرىجىدە ئاجىز ئورۇنلاشتۇرۇشى، خۇددى رەسمىي پۇتۇشكەندەك سۆيۈشۈشلىرى، بىر ـ بىرىگە بولغان ئەخمىقانە ئىشەنچلىرى ئىككىسىنى ئىسكەنجىگە ئېلىۋالغان. ئۇلار ھەممە ئىشلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ تەسەۋۋۇرلىرى بويىچە تەرەققىي قىلىدىغانلىقىغا قەتئىي ئىشەنگەن. بۇنداق خەتەرلىك ئورۇنلاشتۇرۇشنىڭ قىل ئۇياققا، قىل بۇياققا كەتسىلا بەربات بولىدىغانلىقى ئېنىق.

روبىننىڭ بەزى كېسەللىرى تارغاقنى تارغاقنىڭ ئورنىغا، چىش چوتكىسىنى چىش چوتكىسىنىڭ ئورنىغا قويۇش زۆرۈر. ئاياغنىمۇ چوقۇم توغرا تەرەپكە قويۇش، ماڭغاندا قەدەمنى تەڭ ئېلىش كېرەك، ئۇنداق بولمىسا ئادەم ئۇنىڭ جازاسىنى تارتىپ

قالىدۇ، دەيدىكەن ھەم شۇنىڭغا ئىشىنىدىكەن.

ئەگەر ئۇنى بۇ ئىشتا بەرىبىر مۇۋەپپەقىيەت قازىنالمايتتى دېيىلسە، بۇ چوقۇم ھاۋا رەڭ كۆڭلەكنىڭ سەۋەبىدىن بولاتتى، چۈنكى ئۇ شۇ كۈنى دەزمالچى خوتۇننىڭ بالىسى ئاغرىپ قالغانلىق بىلەن كۆڭلەكنى خاتا كىيىپ بارغانىدى.

ئۇ بۇ ئىشنى كىمگە سۆزلەپ بېرەلىشى مۇمكىن؟ ئەگەر ئۇ ئادەم ھايات بولسا ئاشۇ ئادەمگە.

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

# سېھىرگەر

## دانتې ئارام ئېلىپ تۇرسۇن

1927 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 13 ـ كۈنى، پەسىلنىڭ قائىدىسى بويىچە بۇ ئايدا باھارنىڭ ئازراق بولسىمۇ شەپىسى بولۇشى كېرەك ئىدى، لېكىن باشقىدىن قىش بولۇپ كەتكەندەك قاتتىق سوغۇق بولۇپ، شىۋىرغان چىقىپ يوللار قار بىلەن توسۇلۇپ كەتتى، مەكتەپلەر تاقالدى. ئاڭلىغان گەپلەردىن قارىغاندا، ياشقا چوڭ بەزى ئادەملەر سىرتقا ماڭغىلى چىقىپ يولدىن ئېزىپ قېلىپ، توڭلاپ قاپتۇدەك. بۈگۈن مەن پۈتۈمدا پىيما، يولنىڭ ئوتتۇرىسى بىلەن ئاۋايلاپ مېڭىپ كېتىۋاتىمەن. قارنىڭ ئۈستىدە پۈتلىرىمنىڭ ئىزىدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىنىڭ ئىزى يوق. ماگىزىندىن چىقىپ ئۆيگە قايتقان ۋاقتىمدا، پۈتلىرىمنىڭ بايامقى ئىزلىرىدىن بىرسىمۇ يوق، ھەممىسى قاردا كۆمۈلۈپ كېتىپتۇ. كۆللەردىكى سۇ ئىلگىرىكى يىللاردىكىدەك مۇز تۇتۇپ كەتمىگەچكە، غەرب شامىلى كۆللەردىن كۆتۈرۈلۈپ مۇزلارنى ھەيدەپ بۇ تەرەپلەرگە كەلگۈچە ئۇ ھورلار قارغا ئايلىنىپ بىزنىڭ باشلىرىمىزغا چۈشۈۋاتاتتى. مەن قەھۋە ۋە لازىملىق نەرسىلەردىن سېتىۋېلىش ئۈچۈن ماگىزىنغا كىردىم. ئۇ يەردە كىمنى كۆردۈم بىلەمسىلەر؟ تېپسا ناتېرىبىلنى كۆردۈم. ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشمىگىنىمگە بىر يىل بولغانىدى. ئۇنى كۆرگىلى بارالمىغىنىم ئۈچۈن ھازىرغىچە خىجالەت بولۇپ يۈرۈۋاتاتتىم. ئەسلىدە مەن ئۇ مەكتەپتىن چېكىنىپ چىقىپ كەتكەندىن كېيىن

ئۇنىڭ بىلەن بولغان دوستلۇقۇمنى ساقلاپ قالىمەن دەپ ئويلىغانىدىم، لېكىن ئۇنداق قىلالمىدىم، مەن ماگا ئوخشاش مۇشۇنداق خىيالدا بولىدىغان ئادەمدىن پەقەت مەن بىرلا ئادەم ئىكەنلىكىمنى ئويلاپ قالدىم. ئۇ خۇددى چۆچەكلەردىكى غەلىتە مەخلۇققا ئوخشاش يوغان بىر باش ياغلىقى بىلەن باش ـ كۆزىنى مەھكەم ئورىۋاپتۇ، شۇ كۆرۈنۈشىدىن كۆزلىرىمگە پۇت تەرىپى يەڭگىل، بېشى ئېغىر ئادەمدەك كۆرۈنۈپ كەتتى. بېشى بىلەن يۈزى يوغان، چاچلىرى قويۇق، بېشىغا پاتماي تۇرىدىغان بولغاچقا، شۇنداق كۆرۈنۈپ كېتىۋاتسا كېرەك. مۇرىلىرىمۇ كەڭ، ئەمما بويى بەش ئىنگلىز چىسىدىن ئاشمايتتى، ئۇ مېنى كۆرۈپ كۈلۈپ تۇختىمىدى، يەنىلا مەكتەپتىكى چاغدىكىدەك تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭدىن قانداقراق كېتىۋاتقانلىقىنى سورىدىم. كىملا بولسۇن ئۇنىڭدىن شۇنداق دەپ سورىماي قالمايتتى، راست دەۋاتىمەن. چۈنكى، ئۇ ئۇزاققىچە نۇرغۇن دەرد تارتىپ كەتكەنىدى، ئون تۆت ياش ۋاقتىدا مەكتەپتىن چىقىپ كېتىپ تارتقان دەردلىرى، مەيلى قانداق دەردلەرنى تارتقان بولسۇن، ناھايىتى جىق ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قالغانلاردا مۇشۇ گەپتىن باشقا گەپ ئادەمنىڭ ئاغزىغا كەلمەيتتى. ئۇنىڭ ياشاۋاتقان دۇنياسى باشقا ئادەملەرنىڭكىگە ئوخشىمايتتى: ھېچقانداق كۈلۈلۈلارغا ئوينىغىلى بېرىپ باقمايتتى، تەنتەربىيەنىڭ ھەرقانداق تۈرلىرىگە قاتناشمايتتى، كىشىلەر بىلەن نورمال ئارىلىشىپ يۈرەلمەيتتى. ئۇنىڭ باشقىلارغا تەسىر كۆرسەتكەن بىرلا خىل تۇرمۇش ئۇسۇلى بار ئىدى، ئۇ خىل تۇرمۇشنىڭ ھېچقانداق يامان يېرى يوق ئىدى، ئەمما ئۇنى قانداق تىلغا ئېلىشىمنى بىلمەيتتىم، بەلكىم ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ماگا ئوخشاش ھېسسىياتتا بولۇشى مۇمكىن.

ماك ۋىلىيامس ئەپەندىمۇ شۇ يەردە ئىكەن، ماك ۋىلىيامس خانىمنى يۆلەپ ماگىزىندىن چىقىپ كېتىۋاتقانىكەن، بىرنەچچە پىرىكازچىك كەلمىگەن بولغاچقا ئالىدىغان نەرسىلىرىنى ئالالماي

چىقىپ كېتىۋاتسا كېرەك. ئۇ ئادەمنى ئەخمەق قىلىمەنلا دەپ تۇرىدىغان، ئادەمنىڭ ئۆچلۈكى كەلگۈدەك ئادەم ئىدى، شۇ تۇرقىدىمۇ تېپسانى گەپكە سېلىپ، قار ياغىدىغانلىقىنى سىز بىلەمتىڭىز؟ نېمىشقا بىزگە ئوخشاش ئادەملەرگە ئۇقتۇرۇپ قويمايسىلەر، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ تۇراتتى. ماك ۋىليامىس خانىم ئۇنىڭ ئاغزىنى بېسىپ ھەلەك ئىدى، تېپسا ئۆزىنى ئۇنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىمىغانغا سېلىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ساردىن بېلىقىنىڭ كونسېرۋاسىدىن بىر قۇتا ئالدى. مەن ئۇنى كەچلىك تامىقىغا مۇشۇ بېلىق كونسېرۋاسىنىلا يېسە كېرەك، دەپ ئويلاپ قېلىپ ئۇنىڭغا تۇيۇقسىز ئىچىم ئاغرىپ قالدى. بەلكىم ئەھۋالى ئۇنچىلىكمۇ ئەمەستۇ. مەن شۇنداق ئويلاپ قېلىپ، ئارقىدىن ئۇنىڭ باشقا ئادەملەرگە ئوخشاش ياخشىراق تاماقلارنى ئېتىپ يېيەلمەيدىغانلىقىغا ھېچقانداق سەۋەب تاپالمىدىم.

مەن ماگىزىندىكى ئادەملەردىن ھەيران قالارلىق چوڭ بىر خەۋەرنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، چەۋەنداز پىتاس كۇلۇبىنىڭ ئۆگزىسىدىن بىرنەچچە يەر گۈمۈرۈلۈپ چۈشۈپتۇدەك، سىز «ۋېنتسىيەلىك كېمىچى» دېگەن تىياتىرنى 3 - ئاينىڭ ئاخىرىدا ئاشۇ كۇلۇبتا قويماقچىدۇق، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ كۇلۇبنىڭ سەھنىسى كىچىك ئىدى، كونا ئوپېرا تىياتىرخانىسىنى خايىس ئۆي سايمانلىرى دۇكىنىدىكىلەر ئىگىلىۋالغانىدى. بۈگۈن ئاخشام بىز ئۇ تىياتىرنى ئاشۇ كۇلۇبتا رېپېتىتسىيە قىلماقچىدۇق، ئەمدى ئۇ يەردە قانداق ئويۇن قويغىلى بولىدۇ.

3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى بىز «ۋېنتسىيەلىك كېمىچى»نى ھازىرچە ئوينىمايدىغان بولدۇق. يەكشەنبىلىك مەكتەپنىڭ زالىدا رېپېتىتسىيە قىلماقچىمىدۇق، ئۇ يەرگە روللاردىكى ئالتە ئادەملا بېرىپتىكەن، قاراپ بېقىپ بولدىلا دېيىشىپ ۋىلفنىڭ ئۆيىگە قەھۋە ئىچكىلى كەتتۇق. ۋىلف قەھۋە ئىچىپ ئولتۇرۇپ، بۇ

ئۆزىنىڭ ئاخىرقى قېتىم سەھنىگە چىقىشى ئىكەنلىكىنى، كەسپىي ئىشلار بىلەن ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتقانلىقىنى دېۋىدى، ھەممىمىزنىڭ روھى چۈشۈپ كەتتى. چۈنكى، ئۇ يۇقىرى ئاۋازلىق ئارتىسىمىز ئىدى. ئۇنىڭدەك يۇقىرى ئاۋازدا ناخشا ئېيتىدىغاندىن ھېچكىم يوق ئىدى.

مەن بىر دوختۇرنى فامىلىسى بىلەن قوشۇپ ئاتىماي ئىسمى بىلەنلا ئاتاشنى ئۇزاقتىن بېرى ئۆزۈمگە خوپ كۆرمەي يۈرۈۋاتاتتىم، ئۇ ئوتتۇز ياشقا كىرگەن ئادەم بولسىمۇ، ئۇنى ئۇنداق ئاتاش توغرا ئەمەس ئىدى. ئۇ تۇرۇۋاتقان ئۆي ئەسلىدە كوگاننىڭ ئۆيى ئىدى، كۆپ ئادەملەر ھازىرمۇ بۇ ئۆينى كوگاننىڭ نامى بىلەن تىلغا ئالاتتى. كوگان بۇ ئۆينى ئۆزىنىڭ كەسپىگە ماسلاشتۇرۇپ بىر تەرىپىنى ئامبۇلاتورىيە شەكلىدە سالدۇرغانىدى. ۋىلىف كۆچۈپ كىرگەندىن كېيىن پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئۆزگەرتىۋەتتى، ئوتتۇردىكى بىرنەچچە تامنى ئېلىۋەتكەنىدى. ئۆيلەر كەڭرىپ ھەم يورۇقلۇق تولۇق چۈشىدىغان بولۇپ بۆلەكچىلا چىرايلىق بولۇپ كەتتى. سىد رالستون ئۇنىڭ ئۆيىگە ئېلىپ بارغان بۇ ئىسلاھاتىنى ماختاپ، ھەممە ئىشلىرىڭ جايىدا بوپتۇ، ئەمدى خوتۇن ئېلىۋالساڭ تېخىمۇ مۇكەممەللىككە ئېرىشىدىكەنسەن، دېگەنىدى. بۇ ئىنتايىن سەزگۈر بىر مەسىلە ئىدى، كىنىنېيىمۇ شۇ مەيداندا بار ئىدى، سىد بەلكىم ئۇنى كۆرمەي قالغان بولۇشى مۇمكىن (كىنىنېيىغا ئۈچ يىگىت، يەنى ۋىلىف رالستون، ئۇنىڭدىن كېيىن تومىي شارتېلىس، ئۈچىنچىسى ئېۋېن ماككاي تەلەپ قويغان، ئۇلاردىن كېيىن بىر دوختۇر، ئۇنىڭدىن كېيىن يەنە بىر كۆز دوختۇرى، بىر پوپمۇ ئۇنىڭغا كۆڭۈللىرىنى ئىزھار قىلدى. كىنىنېي مېنىڭدىن سەككىز ئايلىق چوڭ ئىدى. ئەمما، مەن ئۇنىڭغا ھەر جەھەتتىن يەتمەيتتىم، ئۇنىڭ شارائىتى ئۇ ئادەملەرنىڭ شارائىتىدىنمۇ يۇقىرى ئىدى، گەرچە ئۇ بۇنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىنى ئۆزىمۇ بىلەلمەيۋاتقانلىقىنى دەپ تۇرسىمۇ،

لېكىن ھەر قېتىم بىرسى ئۆزىگە تەلەپ قويسا بېشى ئۈستىدە چاقماق چېقىلغاندەك بولۇپ، ئۇ ئادەمنى ياراتمىغاندەك قىلىقلارنى قىلىپ كېتەتتى. مەن ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا ئاساسەن ھەممە ئىشنى ئويۇن قاتارىدا كۆرگىنىنىڭ ئۇچۇن خەقلەرگە ساڭا تەلەپ قويۇپ ئالدىڭغا كەلگەن ئادەملەرنىڭ بىرسىنىمۇ ياراتمىغاندەك تەسىر بېرىپ كېلىۋاتىسەن، ئۇ ئادەملەرنىڭ سېنىڭ ئۆزلىرىنى رەت قىلغانلىقىڭ بىلەن كۆڭۈللىرىنىڭ قانچىلىك يېرىم بولىدىغانلىقىنى، باشقىلارنىڭ ئالدىدا يۈزى چۈشۈپ ئۆزىنى قويىدىغان جاي تاپالماي قالىدىغانلىقىنى ئويلىمايسەن دەپ نارازى بولاتتىم.)

ئەگەر مەن قايسىبىر كۈنلەردە ئېغىر بىر كېسەلگە مۇپتىلا بولۇپ قېلىپ ساقلىيالماي قالسام بۇ كۈندىلىك خاتىرەمنى يىرتىۋەتكەن ياكى ئۇنى باشقىدىن ئوقۇپ چىقىپ، باشقىلارنىڭ يامان گېپىنى قىلغان يەرلەرنى يىرتىپ ئېلىۋەتكەن بولاتتىم.

نېمە ئىش سەۋەب بولدى، بىلمىدىم. بىزنىڭ پاراڭلىرىمىز جىددىي تۈس ئېلىپ قالدى. پارىڭىمىزنىڭ تېمىسى مەكتەپتە نېمىلەرنى ئۆگەنگەنلىكىمىز، ئۆگەنگەنلىرىمىزنىڭ قانچىلىكىنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىمىز ئۈستىگە يۆتكىلىپ كەتتى. بەزىلەر شەھەردە ئەسلىدە بار بولغان مۇنازىرە كۇلۇبىنىڭ ئۇرۇشتىن كېيىن ئەمەلدىن قالغانلىقىنى، ھازىر تۇرمۇشنىڭ مەزمۇنلىرى كۆپىيىپ كېتىۋاتقاچقا، كىشىلەر ماشىنىلىرىغا ئولتۇرۇپ كىنو كۆرگىلى، گولف توپ ئوينىغىلى، ئىشقىلىپ، ھەرقانداق جايغا بېرىپ كۆڭۈل ئېچىپ كېلەلەيدىغانلىقىنى ئاغزى بىسىلماي سۆزلەپ كەتتى. بۇرۇن ئۇنداق ئەمەس ئىدى، ھەممىلا ئادەم بىر يەرگە يىغىلىشىپ جىددىي مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇنازىرىلىشىپ كېتەتتى. مۇنازىرە تېمىلىرى «ئادەمنىڭ خاراكتېرىنىڭ يېتىلىشىدە يەن بىلەن ئەدەبىياتنىڭ رولى شۇنچىلىك چوڭمۇ؟» «سىز ھازىرمۇ كىشىلەرنىڭ بىر يەرگە يىغىلىشىپ بەزى مەسىلىلەر ئۈستىدە مۇنازىرە قىلىشلىرىنى قوبۇل قىلالامسىز؟»

دېگەندەك مەسىلىلەر ئىدى. بىر ئادەم، بىر ئورۇن ئادەملەرنى بۇنداق مۇنازىرىلەرگە مەخسۇس تەشكىللىمىسىمۇ، ئاشۇنداق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىستىخىيەلىك ھالدا بىر يەرگە يىغىلىپ مۇزاكىرىلەرنى ئېلىپ بېرىشلار بۇ كۈنلەردە كىشىلەرگە ئەخمەقانە ئىشلاردەك كۆرۈنىدىغان بولۇپ قالدى. شۇ ئارىلىقتا كېنىنبېي قويۇپ شۇنداق دېدى: بىز ھېچبولمىغاندا كىتاب ئوقۇش كۇلۇبى قۇرساققۇ بولار؟ بۇنىڭدا بىز ئوقۇشقا مەڭگۈ ۋاقىت چىقىرالمايدىغان دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەرلەرنى ئوقۇيالايمىز. «خارۋارد كىلاسسىكلىرى»نى يىلمۇيىل كىتاب جازىلىرىمىزنىڭ يېنىدىن كەتمەي ئوقۇيمىزۇ، نېمىشقا «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»نى ئوقۇمايمىز؟ كېنىنبېي ئۆزىنىڭ ئۇ كىتابنى ئوقۇپ چىققانلىقىنى ئۈنلۈك سۆزلەپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز «قولدىن كەتكەن جەننەت» بىلەن «ئىلاھ كومېدىيەسى»نىڭ قايسىسىنى ئاۋۋال ئوقۇپ چىقىشنى چەك تاشلاپ قارار قىلماقچى بولغانىدۇق، «ئىلاھ كومېدىيەسى»نى تاللىغانلار غەلىبە قىلدى.

بىز ھەممىمىزنىڭ بۇ كىتاب ھەققىدە بىلىدىغانلىرىمىز ئۇنىڭ كومېدىيە ئىكەنلىكى ۋە ئىتالىيانچە يېزىلغانلىقىلا ئىدى، ئەمما بىز ئۇنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمىسىنىلا ئوقۇپ كېلىۋاتاتتۇق. سىد ئۇنى لاتىن يېزىقىدا يېزىلغان ئەسەر دەپ يورۇپتۇ. ئۇ خۇرت مۇئەللىمىنىڭ سىنىپىدا ئوقۇغان لاتىن تىلى ماڭا ئۆمۈرۋايەت يېتىدۇ، دېگەنىدى، ھەممىمىز ئۇنىڭ بۇ گېپىگە كۈلۈشۈپ كەتتۇق. ئۇ دەررۇ گېپىنى ئۆزگەرتىۋېلىپ، بۇ گېپىمنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمىدىڭلار، باشقا تىللارغا قارىغاندا لاتىن تىلىنى ياخشىراق بىلىمەن دېمەكچىدىم، دەۋالدى. ھازىر «ۋېنتسىيەلىك كېمىچى» تېپىپ يەرگە پېتىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، ئىككى ھەپتىگىچە ۋاقىتنى چىڭ تۇتۇپ كىتاب ئوقۇشىمىز كېرەك ئىدى.

ۋىلف بىزگە پۈتۈن ئۆيىنى تونۇشتۇرۇپ چىقتى. ئاشخانىسى تالانىڭ ئىشىكىدىن كىرگەنلا يەردە ئوڭ قول تەرەپتە، چوڭ

www.uyghurkitap.com

ھۇجرىسى ئاشخانىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىكەن. ئاشخانىنىڭ ئىشكاپلىرىنىڭ ھەممىسى تامنىڭ ئىچىگە ئېلىنىپتۇ. چىنە ـ قاچا يۇيىدىغان يېرى ئىككى ئىكەن. ئاشخانا سايمانلىرىنىڭ ئەڭ مودىسى توك دۇخوپكىدەك قىلىدۇ. مۇنچىسى كارىدورنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا ئىكەن، كىيىم ئالماشتۇرىدىغان كىچىك ئۆيىگە بىر ئادەم ئەركىن كىرىپ ـ چىقالايدىكەن، ئىشىكنىڭ كەينىگە پۈتۈن كۆرۈنىدىغان ئەينەك بېكىتىپ قويۇپتۇ. ھەممە ئۆيلەرگە تاختاي يېيىتىپتۇ. رەڭگى سېرىق تاختايلار ئىكەن. ئۆيلىرىمىزگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بىزنىڭ ئۆيلەرنىڭ ئۇنىڭ ئۆيلىرىگە قارىغاندا جىق ئاددىي ئىكەنلىكىنى بىلدۇق، يەردىكى تاختايلىرىمىزمۇ قارىداپ كەتكەن، كونا، بۇرۇنقى تاختايلار. ئەتىگەنلىك تاماق ۋاقتىدا مەن دادامغا، ئاشخانىنى كىچىكلىتىپ، ئاشقان يېرىنى ھۇجرىغا قوشۇۋەتسەك ھۇجرا كەڭ، ئازادە، كۈن نۇرى تولۇق چۈشۈپ تۇرىدىغان زامانىۋى ھۇجرا بولاتتى، دېدىم (شۇ گەپلەرنى قىلغۇچە مەن ۋىلف ئامبۇلاتورىيە قىلغان ئۆينىڭ يېرىمىنى ھۇجرىسىغا توشۇۋېتىپتىكەن، ھۇجرىسى ئاجايىپ ئازادە بولۇپ كېتىپتۇ، دېگەن گەپنى دېيىشنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن). دادام بۇ گېپىمگە جاۋابەن، بىزنىڭ ئۆيىنىڭ ئىككى كارىدورى بار، ئىككىلا كارىدورغا كۈن نۇرى تولۇق چۈشۈپ تۇرىدىغان تۇرسا، يەنە نېمىشقا ئۇنداق ئۆزگەرتكۈدەكمىز، دېدى. شۇنىڭ بىلەن مەن بىزنىڭ ئۆيىنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇمكىن ئەمەسلىكىنى بىلىپ يەتتىم.

* * *

4 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى. مېنىڭ ئويغىنىپ بىرىنچى قىلغان ئىشىم دادامنى ئەخمەق قىلىش بولدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپلا يۈگۈرۈپ كارىدورغا چىقىپ، بىر شەپەرەڭنىڭ تۇرخۇنلۇقتىن ھۇجرامغا ئۇچۇپ كىرگەنلىكىنى دەپ ئەنسىز توۋلاپ كەتتىم،

دادام مۇنچىدا ئىكەن، چىرايىدا قان يوق يۈگۈرۈپ چىقىپ، ئۇنۇڭنى ئۆچۈر، دەپ ماڭا ۋارقىرىدى، ئاندىن كارىدوردا تۇرغان سۇپۇرگىنى قولىغا ئېلىپ، شەپەرەڭنى ئىزدەپ ئۆينىڭ ئىچىدە پىرقىراپ كەتتى. مەن پەلەمپەينىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ قاتتىق قورقۇپ كەتكەن ئادەمدەك تىترەپ كېتىۋاتاتتىم. دادام كۆزئەينىكىنى تاقىماپتىكەن، پۈتلىشىپ يىقىلىپ كەتكىلى تاس قالدى. ئاخىر دادامغا ئىچىم ئاغرىپ:

— بۈگۈن ئالداش بايرىمى! — دەپ ئۇنلۇك توۋلىۋەتتىم.

ئارقىدىنلا كېيىنكىدىن تېلېفون كەلدى. ئۇ تېلېفوندا:

— نانسى، مەن قانداق قىلىشىمنى بىلەلمەي قېلىۋاتىمەن، چېچىم بەك چۈشۈپ كېتىۋاتىدۇ، ئەتىگىنى ئورنۇمدىن تۇرۇپ ياستۇقۇمدا نۇرغۇن چاچلىرىمنى كۆرىمەن، ھازىر مەن يېرىم تاز بولۇپ قالدىم، ئۆيدىن چىقالماي قېلىۋاتىمەن. سەن قېشىمغا دەررۇ كەلگەن بولساڭ، چۈشۈپ كەتكەن چاچلىرىم بىلەن يالغان چاچ ياسىغىلى بولامدۇ - يوق، بىر ئۇرۇنۇپ باققان بولساق، ماقۇلمۇ؟ — دېدى.

— بۇنىڭ يولى ئاسان، — دېدىم مەن سوغۇققانلىق بىلەن ئۇنىڭغا، — سوغۇق سۇغا ئۇنىنى سېلىپ شىلىم قىلىسەن، ئاندىن شىلىمنى بېشىڭغا چاپساڭلا ئىش پۈتىدۇ. قانداق، قىزىقىمىكەن، يەنە كېلىپ بۇ ئىش ئالداش بايرىمى كۈنى ئەتىگەندە بولىدۇ دېگىنە.

ئەمدى نۆۋەت بۇ ئىشلارنى كۈندىلىك خاتىرەمگە تېز يېزىۋېلىشقا كەلگەنىدى.

مەن ناشتىمۇ قىلماي ۋىلفىنىڭ ئۆيىگە كەلدىم. ئۇنىڭ ئەتىگەندىلا ئامبۇلاتورىيەسىگە كىرىپ كېتىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇ ئىشكىنى ئۆزى ئېچىپ بەردى. كۆڭلەك، كۆڭلىكىنىڭ ئۈستىگە پىنجەك كىيىۋاپتۇ. مەن ئامبۇلاتورىيە تەرەپتىكى ئىشىكنى چەكمىگەنىدىم، ئۇ ئىشىكنىڭ دائىم قۇلۇپلاقلىق تۇرىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. يېڭىدىن خىزمەتكارلىققا

ياللىۋالغان ئايال ئاشخانىدا توكۇلدىتىپ بىرنېمە قىلىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئەسلىدە ئىشىكنى شۇ ئايال ئېچىپ بېرىشى كېرەك ئىدى، ۋىلىق ئامبۇلاتورىيە تەرەپكە ئۆتۈپ قالغانمۇ، ئىشىكنى شۇ ئېچىپ بەردى.

— ھوي، نانسىغۇ بۇ، — دېدى ئۇ ھەيران قالغاندەك بولۇپ.

مەن بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدىم، چىرايىم تۇتۇق ئىدى، توختىماي بوينۇمنى چىمداپ تۇرۇۋاتاتتىم.

— ساڭا نېمە بولدى، نانسى؟

مەن بوينۇمنى تېخىمۇ قاتتىق چىمداپ كېتىۋاتاتتىم، بەزىدە شاپىلاقلاپ ئاۋازىمۇ چىقىرىپ قوياتتىم ھەم ئۇنىڭغا نېمە بولغانلىقىمنى دېيەلمەيدىغاندەك توختىماي بېشىمنى چايقاپ، تۇرۇۋاتاتتىم. نېمىدېگەن بىچارە مەن.

— ئۆيگە كىرگىن، — دېدى ئۇ. ئاندىن مېنى كارىدور بىلەن باشلاپ مېڭىپ يان ئۆيىنىڭ ئىشىكى بىلەن ئامبۇلاتورىيەنىڭ ئىچىگە باشلاپ كىردى. خىزمەتكار ئايال ماڭا يەرنىڭ تېگىدىن قاراپ قويدى، ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ شۇ تۇرقىدىكى ھالىتىمنى كۆرسەتمەي، ئويۇنۇمنى ئويناپ ۋىلفىنىڭ كەينىدىن كىلىۋەردىم.

— ئەمدى بولدى، ئولتۇرغىن، — دېدى ۋىلىق مېنى كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەنلەر ئولتۇرىدىغان ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇۋېتىپ، ئاندىن چىراغنى ياندۇردى، دېرىزىنىڭ پەردىسى ئوچۇق ئىدى. ئۆيىنىڭ ئىچىنى ھەر خىل دورىلارنىڭ پۇراقلىرى بىر ئاپتۇ. ئۇ كانايىنى كۆرىدىغان چاغدا تىلنى بېسىپ تۇرىدىغان نېپىز ياپىلاق ياغاچ بىلەن كانايىنى يورۇتۇپ كۆرىدىغان ئەسۋابىنى قولىغا ئالدى.

— ئاغزىڭنى ئىمكان بار يوغان ئېچىپ تۇرغىن.

مەن ئۇنىڭ دېگىنىدەك قىلدىم. ئۇ تىلىمنى ئاشۇ ياغىچى بىلەن بېسىپ كانىيىمنى كۆرىدىغان چاغدا مەن ئۆزۈمنى تۇتالماي:

— بۈگۈن ئالداش بايرىمى! — دەپ توۋلىۋەتتىم.

ئۆنىڭ چىرايىدا قىلچە كۈلكە دېگەن نەرسە يوق، قولىدىكى ياغاچنى ئۇستىلىگە تاشلاپ قويۇپ بېشى ئۇستىدىكى چىراغنى ئۆچۈرۈۋەتتى، مېنى ئۆزىتىپ تالانىڭ ئىشىكىدىن چىققۇچە بىر ئېغىز ملۇ گەپ قىلمىدى. مەن ئىشىكتىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن:

— مېنى كېسەللەر ساقلاپ تۇرۇۋاتىدۇ، نانىسى. سېنىڭ يېشىڭمۇ كىچىك ئەمەس، تېخىچە ئىشىنىڭ يولىنى بىلمىگەن قانداق گەپ؟ — دېدى.

مەن بېشىمنى يەردىن كۆتۈرمەي، ئالدىراپ مېڭىپ ئۆيگە كېلىۋالدىم. ئۆنىڭدىن نېمىشقا چاقچاق كۆتۈرەلمەيسەن، دەپ سوراشقا جۈرئەت قىلالمىغانىدىم. ئۆنىڭ ئاشخانىدا بىر ئىش قىلىۋاتقان شۆپۈك ئېغىز ئۇ خىزمەتكارى ئۆنىڭ ماڭا قانداق ئاچچىقى كەلگەنلىكىنى، مېنىڭ سۆغا چۈشۈپ كەتكەن مۇشۇكتەك شۈمشىيىپ ئۆيدىن قانداق چىقىپ كەتكەنلىكىمنى، نومۇستىن ئۆلگۈدەك بولغانلىقىمنى ھەممە يەرگە يايىدىغان بولدى ـ دە، مەن بىر كۈن كەچكىچە ئېچىلالماي يۈردۈم. تېخىمۇ يامان بولغىنى، راستلا ئاغرىپ قېلىپ قىزىپ كېتىۋاتقىنىم، گېلىمىنىڭمۇ ئىششىپ كېتىۋاتقانلىقى بولدى. شۇنىڭ بىلەن مەن مېھمانخانا ئۆيدە بېلىمىنىڭ تۆۋىنىنى ئەدىيال بىلەن مەھكەم ئوراپ دانتېنىڭ «ئىلاھ كومېدىيەسى»نى ئوقۇپ ئولتۇردۇم. ئەتە كەچتە كىتاب ئوقۇش كۆلۈبىغا ھەممىمىز باراتتۇق. شۇڭا، بۇ كىتابنى ئوقۇپ ئۆلارنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كېتىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن، مېنىڭ ئوقۇسامۇ كاللامغا كىتابتىكى بىر سۆزمۇ كىرمەيۋاتاتتى، ئۆزۈم قىلغان ئاشۇ ئەخمىقانە ئىشىم، ئۆنىڭ جىددىي قىياپەتتە تۇرۇپ ئۆتكۈر گەپلەر بىلەن ماڭا تەنبىھ بەرگەنلىرى كاللامدىن پەقەتلا چىقىپ كەتمەيۋاتاتتى. لېكىن، يەنە ئۆزۈمگە ئۆزۈم، ئادەم كۈلكە ـ چاقچاقلار بىلەن خۇشال ـ خۇرام ياشىسا يامان ئىش ئەمەسقۇ، دەپ تەسەللىمۇ بېرىپ تۇرۇۋاتاتتىم. ئۆنىڭ دادىسى يوپ بولسا، شۇڭا قىلغان چاقچاقنى

چۈشەنمەي ھەممىلا ئىشقا جىددىي قارامدىغاندۇ؟ پوپلار بىر جايدا مۇقىم تۇرماي كۆچۈپلا يۈرىدىغان بولغاچقا، مۇقىم ئاغىنىلىرى، سىرداش دوستلىرى بولمايدۇ، كىشىلەر بىلەن پاراڭلىشالمايدۇ، شۇڭا ئۇلار چاقچاقنى راست دەپ قالىدىغان ئوخشايدۇ دەپمۇ ئويلاپ قالدىم.

مەن ئۇنىڭ ماڭا ئىشىك ئېچىپ بېرىۋاتقان چاغدىكى قىياپىتىنى، ياقىسى كىراخماللانغان كۆڭلىكى بىلەن كۆڭلەكنىڭ ئۇستىگە كىيىۋالغان پىنجەكنى، خۇددى ئۆتكۈر پىچاقتا ئوخشاش تىككىدە تۇرغان گەۋدىسىنى، ئوتتۇرىدىن ئايرىپ ئىككى تەرەپكە رەتلىك تارىۋالغان چاچلىرى بىلەن بۇرۇتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرۈپ، نېمىشقىدۇر ئىچىمدىن بىر نەپرەت قايناپ چىقىۋاتقاندەك بولدۇم.

ئۇنىڭغا قىسقا بىر خەت ئەۋەتىپ ئۇ ئىشىمنى چۈشەندۈرۈپ باقسام قانداق بولار؟ خېتىمدە ئادەتتە دوستلار ئوتتۇرىسىدا بولىدىغان چاقچاقلارنى بىر ئادەمنىڭ زىتىغا تەگكەنلىك دەپ قارىمايدىغانلىقىمنى دەپ باقسام ياكى بولمىسا ئۆزۈمنىڭ ھۆرمىتىمنى ساقلاپ تۇرۇپ كەچۈرۈم سوراپ باقسامچۇ؟

مېنىڭ بۇ ئىشتا كىمنىڭدىن مەسلىھەت ئېلىشىم ھاجەتسىز، چۈنكى ئۇنىڭغا توي قىلىش تەلىپىنى قويغان، شۇڭا ئۇنىڭ نەزىرىدە كىمنىڭ مېنىڭدىنمۇ يۇكسەك ئورۇندا تۇرىدۇ. مېنىڭ كەيپىياتىم تولىمۇ يامان ھالەتتە ئىدى ھەتتا كىمنىڭمۇ ئۇنى چوڭ بىلىشى، مەندىن بىر دەرىجە يۇقىرى تۇرىدىغاندەك ئويلىشى مۇمكىن (گەرچە ئۇنىڭ تەلىپىنى رەت قىلغان بولسىمۇ)، دېگەندەك پەرەزلەر ئىچىمنى تاتىلاپ ئارامىمنى بۇزۇپ تۇرۇۋاتاتتى.

4 ـ ئاينىڭ 4 ـ كۈنى. ۋىلىق بۈگۈن كىتاب ئوقۇش كۇلۇبىغا كەلمىدى، مېڭىسىگە قان چۈشكەن بىر بوۋاينى داۋالاۋېتىپتۇدەك. شۇنىڭ بىلەن مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى ئۇنىڭ

ئالدىدا بەكمۇ تۆۋەن كۆرۈپ كەتمىگەن مەزمۇندا ئەپۇ سوراپ خەت يازدىم. بۇ خەتنى يازغۇچە نۇرغۇن ئويلاندىم ھەم قىينالدىم. سۆز تاپالماي ئەمەس، نەچچە كۈننىڭ ئالدىدا قىلىپ قويغان ئىشىمنى ئاغزىمغا ئالالمايتتىم.

4 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنى. بۇگۈن چۈشتە مەن بىرسى باسقان قوڭغۇراقنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ ئىشىك ئاچقىلى چىقىپ ياشلىق ھاياتىمدا ئۇچراپ باقمىغان ئاجايىپ بىر ئىشقا ئۇچرىدىم: دادام ئەمدىلا سىرتتىن قايتىپ كېلىپ چۈشلۈك تاماققا ئولتۇرغانىدى، ۋىلق كىرىپ كەلدى. ئۇ ھازىرغىچە ئۆزىگە يازغان خېتىمگە جاۋاب بەرمىگەنىدى. مەن ئۇنىڭدىن ئەمدى جاۋاب كۈتمەي ماڭا مەڭگۈ ئاداۋەت ساقلايدىغان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالغان ھەم ئۇنىڭ ئالدىدا ئەمدى ئۆزۈمنى چۈشۈرمەيمەن، ئۇچراپ قالسىمۇ بېشىمنى تىك تۇتۇپ ئۆتۈپ كېتىمەن، دېگەن قارارغا كېلىپ قويغانىدىم، ماڭا ئەمدى شۇنىڭدىن باشقا يول قالمىغانىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ كېلىشىنىڭ مېنىڭ تاماق يېيىشىمگە دەخلى قىلغان ـ قىلمىغانلىقىنى سورىدى.

مەن قىلغان بۇ ئىشنى ئۇنىڭ قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن ئېغىرلىقىمنى ئەللىك قاداققا چۈشۈرۈش ئۈچۈن چۈشلۈك تاماقنى قەتئىي يېمەي كېلىۋاتاتتىم. دادام بىلەن بوكس خانىم تاماققا ئولتۇرغاندا مەن ھۇجرامغا سولىنىۋېلىپ «ئىلاھ كومېدىيەسى»نى ئوقۇپ ئولتۇراتتىم.

مەن ئۇنداق ئىشنىڭ يوقلۇقىنى دېدىم.

— ئۇنداق بولسا ياخشى، — دېدى ئۇ، — ئىككىمىز مېنىڭ ماشىنامغا ئولتۇرۇپ سىرتنى ئايلىنىپ كەلمەيمىزمۇ؟ ھاۋا ئىسسىۋاتقاچقا دەريادا شۇرمەللەر ئېقىپ كېلىۋېتىپتۇ، — ئارقىدىن ئۇ ئۆزىنىڭ تۇنۇگۇن ئاخشام بىر كېچە ئۇخلىمىغانلىقىنى، ئاخىر بولماي كېچە سائەت بىر بولغاندا

ئورنىدىن تۇرۇپ ئامبۇلاتورىيەسىگە كىرىپ بىرنىزنى ئىچىۋېتىپ ئۆزىنى ساپ هاۋاغا بىردەم تۇتۇپ بەرگەندىن كېيىن سەل ـ پەل سەگەكلەندەك بولغانلىقىنى دېدى، نېمە ئۈچۈن ئۇيقۇسى كەلمىگەنلىكىنى دېمىدى. شۇنىڭغا قاراپ مەن ئۆزۈمچە، ئالدىغا بىر تۇغۇت كېلىپ قالغان بولسا، مېنى قورۇنۇپ قالمىسۇن دەپ دېمەيۋاتقان ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم.

مەن ئۇنىڭغا ئۇ كىتابنىڭ بۈگۈن ئوقۇپ پۈتكۈزۈشكە تېگىشلىك قىسمىنى ئەمدىلا باشلىغانلىقىمنى دېدىم.

— دانتې ئازراق ئارام ئېلىپ تۇرسۇن، — دېدى ئۇ.

شۇنىڭ بىلەن مەن هۇجرامغا كىرىپ پەلتويۇمنى ئاچىقتىم، ئاندىن دادامغا دەپ قويۇپ ئىككىمىز ئۆيدىن چىقىپ ئۇنىڭ ماشىنىسىدا ئولتۇردۇق. ئۇ ماشىنىسىنى شىمال تەرەپتىكى كۆۋرۈككە قاراپ هەيدىدى. ئۇ يەردە چوشلۇك تاماقلىرىنى يەپ بولۇپ، دەريا بويىغا شورمەل كۆرگىلى چىققان بىرمۇنچە ئەرلەر، ئۇششاق بالىلار بار ئىكەن، بۇ يىلقى شورمەللەر سوغۇق كېچىكىپ چۈشكەچكە ئانچە كۆپ ھەم چوڭ ئەمەسكەن، بىر ـ بىرىگە سوقۇلۇپ، ئۆرىدەپ ئېقىپ تۇرۇۋاتاتتى، شورمەللەرنىڭ ئارىلىرىدىن قىستىلىپ ئېقىۋاتقان ئېقىنلارنىڭ شاۋقۇنلىرى ئەتراپىنى بىر ئالغانىدى. بۇ يەردە شورمەللەرگە قۇرۇق قاراپ تۇرماقتىن باشقا قىلغۇدەك، كۆرگۇدەك ھېچقانچە ئىش يوق ئىدى، لېكىن ئادەملەر خۇددى سېھىرلىنىپ قالغاندەك دەريادىن كۆزلىرىنى ئۈزمەي قاراپ تۇرۇشاتتى. بۇ يەردە تۇرىۋېرىپ پۇتلىرىم مۇزلاشقا باشلىدى. مۇزلار ئېرىپ شورمەللەر ئېقىشقا باشلىغان بولسىمۇ قىشنىڭ چىقىپ كېتىشىدىن ھېچقانداق بىر ئىپادە كۆرۈنمەيتتى. باھارمۇ يىراق ئۇيۇقتا قىشنىڭ چىقىپ كېتىشىنى ساقلاۋاتقاندەك ئىنسانلارغا ئازراق بولسىمۇ كۆرۈنۈپ قويماي دېمەيۋاتاتتى. مەن ئادەملەرنىڭ بۇ يەردە قۇرۇق دەرياغا قاراپ بىرنەچچە سائەتكىچە خۇددى جاھاندا يوق قىزىق بىر ئويۇننى كۆرۈپ تۇرۇۋاتقاندەك تۇرۇشلىرىغا بارغانسېرى ھەيران

قىلىۋاتاتتىم.

ۋىلقمۇ بۇ يەردە دەرياغا قاراپ شۇنچە ئۇزاق تۇرىۋېرىشنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى يوقلۇقىنى بىلگەندەك، مېنى ماشىنا تۇرغان يەرگە باشلاپ ماڭدى. ئىككىمىز ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇردۇق. گەپنى نەدىن باشلىشىمىزنى ئىككىلىمىز بىلمەيۋاتقاندەك ئىدۇق. ئاخىر بولماي مەن يۈزۈمنى سىلىۋېتىپلا ئۇنىڭدىن مېنىڭ خېتىمنى تاپشۇرۇپ ئالغان - ئالمىغانلىقىنى سورىدىم.

ئۇ تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى دېدى.

مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنىڭ شۇ كۈنى ئەخمەقلىقتە ئۇچىغا چىققان بىر ئىشنى قىلىپ قويغانلىقىمنى دېدىم (بۇ گېپىم يالغان ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئاۋازىم ئۆزۈم ئويلىغاندىنمۇ بەكرەك قايغۇلۇق چىقىپ كەتتى).

— ھىم، ھېچ گەپ يوق، — دېدى ئۇ.

ئۇ ماشىنىسىنى كەينىگە ياندۇرۇپ شەھەرگە قاراپ ھەيدەپ كەتتى.

— ئەسلىدە مەن سىزگە تەلەپ قويماقچىدىم، — دېدى ئۇ، — لېكىن ئۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن ئۇ گەپنى دېيىش ئەپسىز بولدى، شارائىت پىشىپ يېتىلگەندە دېمەكچىدىم.

— سىز، بۇرۇن شۇنداق قىلىشنى ئويلىغان، ئەمدى ئۇ گەپنى قىلىشتىن يېنىۋالدىم، دېمەكچىمۇ؟ — دېدىم مەن، — ياكى ھازىرغىچە شۇ خىيالدا يۈرۈۋاتامسىز؟

مەن قەسەم ئىچىپ بېرەلەيمەنكى، ئۇ گەپنى مەن ئۇنى مەجبۇرلاش مەقسىتىدە دېگەن ئەمەس، بۇ ئەھۋالنىڭ قايسى دەرىجىدە ئىكەنلىكىنى ئېنىق بىلىش مەقسىتىدە دېگەنىدىم.

— مەن ھازىرمۇ شۇ خىيالدا، — دېدى ئۇ.

— بولىدۇ، — مەن ھاياجاندىن ئۆزۈمنى بېسىۋالغۇچە بولغان ئارىلىقتا ئاغزىمدىن شۇ گەپ چىقىپ كەتتى، بۇ گېپىمنى ئۇنىڭغا نېمە دەپ چۈشەندۈرۈشنى بىلەلمەي تېڭىرقاپ قالدىم. بۇ گەپ بۇ ئىشقا بولغان قىزغىنلىقىمنى بىلدۈرۈپ ئەمەس، ئۇنىڭغا

بولغان ھۆرمىتىمنى بىلدۈرۈپ دېيىلگەن گەپ ئىدى. بۇ گەپنى قىلغاندا ئۆزۈمنىڭ قاتتىق ھەيران قالغانلىقىمنىمۇ ئىپادىلىمىگەنىدىم، مەندە ئادەمنى خىجىل قىلىدىغان بۇ مىنۇتلار تېزرەك ئۆتۈپ كېتىپ ئەركىن ــ ئازادە ئولتۇرىدىغان ۋاقىت يېتىپ كەلسىكەن، دېگەنلا خىيال بار ئىدى. بىر مەزگىل مەن ئۇنى ماڭا قارىتا باشقىچە قارايدىغان بولۇپ قالغانلىقىنى سېزىپ، ئۇ ئادەمنى جىددىيلەشتۈرىدىغان ھەم كۆلگۈسىنى كەلتۈرىدىغان بولۇپ قېلىۋاتىدۇغۇ، دەپ ئويلاپ قالغانىدىم. ئالداش بايرىمىدىكى ئاشۇ ئىشتىن كېيىن ئۇ تۇيغۇلار بىرسى قالماي يوقاپ كېتىپ ئورنىنى بىر خىل خاتىرجەمسىزلىك ۋە رەسۋالىشىشتەك بىر خىل روھىي ھالەت ئىگىلىۋالغانىدى، مەن كىشىلەرنىڭ مېنى خاتا چۈشىنىپ قېلىشىنى خالىمايتتىم، ئۇنىڭ تەلىپىگە ماقۇل جاۋاب بېرىشنى ئويلىشىمىمۇ ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى ئاشۇ خىجىلچىلىقتىن قۇتۇلۇپ كېتىش ئۈچۈن ئىدى. مەن مۇمكىن بولسا «بولىدۇ» دېگەن ئۇ گېپىمنى ياندۇرۇۋېلىپ، ئورنىغا، ماڭا ئويلىنىشقا ئازراق ۋاقىت بېرىڭ، دېگەن گەپنى دېگىلى بولسا قانداق ياخشى بولاتتى، دەپمۇ ئويلاپ كەتتىم. لېكىن، ئۇنداق قىلىش مۇمكىن ئەمەس ئىدى، شۇنداق دېسەم ئۆزۈمنى يەنە ئاشۇ ئىشتىن كېلىپ چىققان خىجىللىق ئىچىگە سۆرەپ كىرگەن بولاتتىم، ئەمدى ماڭا ئۇ گېپىمنىڭ بەرگەن تەسىرىدىن قۇتۇلۇپ كېتىش ئىمكانىيىتى پەقەتلا يوق ئىدى.

ۋىلف ئىككىمىز توي قىلىدىغان بولۇپ كېلىشتۇق. مېنىڭ بۇ ئىشنىڭ راستلىقىغا پەقەتلا ئىشەنگۈم كەلمەيتتى. باشقا ئادەملەرمۇ مۇشۇنداق ئىشلارنى باشلىرىدىن ئۆتكۈزۈپ باققان بولغىيمىدى؟

4 ــ ئاينىڭ 14 ــ كۈنى. ۋىلف كېلىپ دادام بىلەن پاراڭلاشتى، مەن بېرىپ كىننىي بىلەن سۆزلەشتىم. ئۇنىڭغا

گەپىنىڭ ئوچۇقىنى قىلىپ ئۇنىڭ ئالدىدا خىجالەت ئىكەنلىكىمنى دېدىم ھەم ئۇنىڭ ماڭا قولداش بولۇشتىن باش تارتمايدىغانلىقىغا ئىشىنىدىغانلىقىمنى دېدىم. ئۇ، ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ، دەپ ۋەدە بەردى. ئىككىلىمىز بىردىنلا ھاياجانلىنىپ قۇچاقلىشىپ كەتتۇق، بۇرۇنلىرىمىزنىڭ ئۇچى ئېچىشىشقا باشلىدى.

— يېقىن دوستلارنىڭ ئالدىدا ئەرلەر نېمىگە ھېساب ئىدى؟ — دېدى ئۇ.

بۇ چاغدا مېنىڭ كىشىلەرنىڭ دىلىنى رەنجىتىپ قويىدىغان كونا كېسىلىم قوزغىلىپ قېلىپ، بۇ ئىشنىڭ سەۋەبچىسى سەن، دەپ سالدىم.

مېنىڭ ئۇ بىچارە ئەرنىڭ قىزلارنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن ئىككى قېتىم رەت قىلىشىغا ئۇچرىشىنى كۆرۈشكە يۈرىكىم چىدىمىدى، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

5 ـ ئاينىڭ 30 ـ كۈنى. مەن شۇ كۈنلەردە ناھايىتى ئالدىراش بولۇپ كېتىپ بۇ دەپتىرىمگە يازىدىغانلىرىمنى يازالماي قالغانىدىم. توي 7 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىگە بېكىتىلدى. مەن كورنىش خان قىزىغا تويدا كىيىدىغان كىيىمىمنى بۇيرۇۋەتتىم. كۆڭلەكنى ئۆلچىگەندە مېنى ئىچ كىيىملىرىم بىلەن تۇرغۇزۇپ قويۇپ بەكمۇ رەللە قىلىۋەتتى. پارچە ـ پارچە رەختلەرنى يىڭنىمىخ بىلەن بەدىنىمدە تۇرغۇزۇپ قۇراشتۇرۇپ چىقاتتى، ھېلىدىن ـ ھېلىغا قىمىرلىماڭ، دەپ توۋلاپمۇ تۇراتتى. مەن يەردە سۆرىلىپ تۇرىدىغان كۆڭلەك كىيىشنى ياخشى كۆرمەيتتىم، دەسسىۋېلىپ يىقىلىپ كېتىشتىن قورقاتتىم. ئۇنىڭدىن كېيىن تويلۇق كىيىملەرنى ئۆلچەش باشلاندى، ئۇلار يازلىق ئۇخلاش كىيىمى، نېلۇپەر گۈللۈك ئاق يىپەك رەختتىن ياپونلارنىڭ مۇراسىم كۆڭلىكى، قىشتا كىيىدىغان ئۈچ يۇرۇش ئۇخلاش كۆڭلىكى بىلەن ئىشتان ئىدى. ئۇلارنىڭ رەختلىرى

تورونتودىكى سىمپسون تۈرلۈك ماللار ماگىزىنىدىن سېتىۋېلىنغانىدى. قىشلىق ئۇخلاش كىيىمى بىلەن ئىشتان تويلۇق كىيىملەرنىڭ ئىچىدىكى كۆڭۈلدىكىدەك كىيىملەر ئەمەس ئىدى. ئۇخلىغاندا كىيىپ ياتىدىغان قېلىن ئۇزۇن چاپانمۇ ھەم شۇنداق. مەن بۇ چاپاننى ياخشى كۆرمەيتتىم، ئىسسىقمۇ ئەمەس ئىدى، كەچتە كىيىپ ياتسىڭىز تۇرۇلۇپ بېلىڭىزگە يىغىلىۋېلىپ ئادەمنىڭ ئىچىنى پۇشۇرۇۋېتەتتى. يەنە يىپەك كۆڭلەك ۋە باشقا نەرسىلەرمۇ بار، ھەممىسى شاپتۇل رەڭگىدە ھەم نېپىز، بەدەن كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. كىننىپې ماڭا، بۇ بىر پۇرسەت، مۇشۇ پۇرسەتتە كىيىملەرنى جىقراق ئېلىپ يىغىۋالامسەن، ئەگەر جۇڭگودا ئۇرۇش بولۇپ كەتسە يىپەك رەختلەرنى تاپماق تەس بولۇپ كېتىدۇ، دېدى. ئۇ ئەزەلدىن ۋەزىيەتكە ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلەتتى. ئۇنىڭ قولداشلىق ئۇزۇن كۆڭلىكى ھاۋا رەڭ يىپەكتىن تىكىلگەنىدى.

تۈنۈگۈن بوكس خانىم تورتنىڭ خېمىرىنى تەييارلاپتۇ. باشقىلارنىڭ دېيىشىچە، خېمىر ئالتە ھەپتىدە ئاران بولىدىكەن، بەك ئۇزاقتا بولىدىكەن، شۇڭا خېمىرنى سىم تورغا ئوراپ قويايلى، شۇنىڭدا تېز بولىدۇ، دېيىشتۇق. تەلەيلىك بولۇشۇم ئۈچۈن تورتنىڭ خېمىرنى مەن ئازراق چەيلىۋېتىشىم كېرەك ئىكەن، يەنە خېمىرنىڭ ئىچىگە قۇرۇق يېمىشلەردىنمۇ سېلىۋېتىدىكەنمىز. ئۇللىپې يېنىمدا ئىدى. بورس خانىم دىققەت قىلمىغان پۇرسەتتە يەڭلىرىمنى تۈرۈپ قويدى. بۇ ئىشنىڭ ماڭا قانچىلىك ئامەت ئەكېلىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن.

ئۇللىپې ۋىلفىنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسى ئىدى، بىر ـ ئىككى ئاي تۇرۇپ كېتىدىغانغا كەپتىكەن. ۋىلفىنىڭ بىر تۇغقان قېرىنداشلىرى يوق بولغاچقا — ئۇللىپېدىن باشقا — قولداشلىقتا شۇنى بەلگىلىدى. ئۇ مەندىن يەتتە ئايلىق چوڭ ئىكەن، شۇڭا ئۇ ئىككىمىز ئۆزىمىزنى بالا ھېسابلىساق بولىۋېرەتتى. ۋىلف بىزگە ئوخشمايتتى (مەن ئۇنىڭ بالا ۋاقتىدا

قانداقلىقىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىدىم). ئوللىبي ئۆپكە تۆبېركۇليۇز دوختۇرخانىسىدا ئۈچ ئاي داۋالانغانىكەن. ھازىر ياخشى بولۇپ كېتىپتۇ. ئۇ يەردىكى ئادەملەر ئۇنى ئۆپكىسىنىڭ يېرىمى كېرەكتىن چىققان دېيىشىپتىكەن. مەنمۇ شۇنداقراق ئاڭلاپ، ساق قالغان يېرىم ئۆپكىسى بىلەن نەپەسلىنىپ يۈرىدىكەندە، دەپ ئويلىغانىدىم. لېكىن، ئۇنداق بولماپتۇ، ئۆپكىسى تولۇق ھەم ساق ئىكەن. ئۇلار ئۇنىڭ ئۆپكىسىنى دورا بىلەن داۋالىغاندا ئۆپكىسىنىڭ بىر تەرىپى ئىقتىدارىنى يوقىتىپ قويۇپتىكەن، ئەمما مىكروبلارنى كونترول (مەجبۇرىي ئەمەس) قىلىۋاپتۇ. (قاراڭ، دوختۇر بىلەن توي قىلىدىغان بولۇپ مەنمۇ دوختۇرلۇقتا مۇتەخەسسىس بولاي دەپ قېلىۋاتىمەن). ۋىلف ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ماڭا سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا ئوللىبي قوللىرى بىلەن ئىككى قولىقىنى چىڭ ئېتىۋالدى. ئۇ ماڭا، شۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ ماڭا قىلغانلىرىنى ئويلاشنى پەقەتلا خالىمايمەن، كاللامدا شۇ چاغدىكى ئىشلارنىڭ بىرسىمۇ بولماي قۇرۇق تۇرسىكەن دەپ ئويلايمەن، دېدى. ۋىلف ئىككىسىنىڭ مىجەزلىرى تۈپتىن ئوخشىمايدىكەن، ئەمما ناھايىتى ياخشى ئۆتۈشىدىكەن.

خۇداغا شۈكۈر، بىز تورتىنىڭ خېمىرىنى مەخسۇس تورت ياسايدىغانلارنىڭ سوغۇق ساقلاش ساندۇقىغا سېلىپ قويىدىغان بولدۇق، ئۇنداق قىلمىغان بولساق بوكس خانىم ئەنسىرەپ دۇنيادا يوقلا بولۇپ كېتەتتىكەن.

6 ـ ئاينىڭ 11 ـ كۈنى. تويىمىز بولىدىغان كۈنگە بىر ئايمۇ قالمىدى. مەن بۇ كۈنلەردە كۈندىلىك خاتىرە يېزىپ ئولتۇرماي تويغا كېتىدىغان نەرسىلەرنىڭ تىزىملىكىنى تۇرغۇزۇشۇم كېرەك ئىدى. مەن ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ماڭا مەنسۇپ ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەي قېلىۋاتاتتىم، ۋىلف ماڭا تامغا قانداق قەغەز چاپلاش كېرەكلىكىنى ئۆزىڭىز تاللاڭ دېدى. ئۇنىڭ ھەربىر ئۆينى ئاپپاق ئاقارتىپ بولۇپ ماڭا بۇ گەپنى قىلىشى

قانداق گەپ دەپ ھەيران قالدىم، ئۇ ئۆزى شۇنداق قىلىشنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئەمما يەنە خانىمىنىڭ پىكرىنى ئالاقىچى بولۇۋېتىپتۇ، مەن ئۇنىڭ بۇ ئىشىنىڭ تېگىگە يېتەلمەي خېلىغىچە ئاغزىمنى ئېچىپ تۇرۇپ قالدىم، لېكىن يەنە ئۆزۈمنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭ مېنى شۇنچە چوڭ كۆرگىنىگە رەھمەت ئېيتتىم، ئاندىن ئاۋۋال ئۆيگە كۆچۈپ كىرىپ بىر مەزگىل ئۆتكەندىن كېيىن قانداق قىلىشنى قارار قىلاي دېدىم (ئۇنىڭ مەقسىتى شېرىن ئاي ئۆتكۈزگىلى مېڭىشتىن ئىلگىرى ئۆينىڭ ھەممە ئىشىنى تۈگىتىۋېتىش ئىكەن). مەن شۇ گەپنى قىلغاندىن كېيىن ئۇ ئامالسىز ئۆينىڭ ئىشىنى كېيىنگە قالدۇردى.

مەن بۇرۇنقىغا ئوخشاش زاۋۇتقا ھەپتىدە ئىككى كۈن بېرىپ تۇردۇم، توي قىلغاندىن كېيىنمۇ شۇنداق قىلىشنى ئويلىغانىدىم، لېكىن دادام ئۇنداق قىلىشىمغا قوشۇلمىدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، زاۋۇت تەرەپنىڭ توي قىلغان ئاياللارنى داۋاملىق ياللاپ ئىشلىتىشى قانۇنغا خىلاپ ئىش ئىكەن، تول خوتۇن ياكى ئىقتىسادىي ئەھۋالى ياخشى ئەمەس ئاياللارغا بولىدىغان ئوخشايدۇ. مەن دادامغا ئۆزۈمنىڭ ياللىنىپ ئىشلەۋاتقان ئادەم ئەمەسلىكىمنى، ئۇلارنىڭ مېنىڭ ئىشلىگىنىمگە ھەق بەرمەيدىغانلىقىنى دېدىم، دادام ئامال قىلالماي ماڭا دېيىشكە بولمايدىغان بىر گەپنى قىلدى. ئۇ، ئاياللاردا توي قىلغاندىن كېيىن، خىزمەت قىلسا بولمايدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ، دېمەكچىكەن.

— بىر چاغلاردا سىنىڭ سىرتقا چىقىشىڭغا بولمايدىغانمۇ ئىشلار بولۇپ قالىدۇ، — دېدى ئۇ.

— ئۇنداق ئىشلارنى مەن ئاڭلاپ باقماپتىمەن، — دېدىم مەن ئازراق ئىزا تارتقاندەك بولۇپ، يۈزۈممۇ قىزىرىپ كەتتى.

شۇنىڭ بىلەن ئۇ (دادام) مېنىڭ ئورنۇمغا ئولىيىنى ئەۋەتىشنى بۇمۇ ياخشى ئىشقۇ، دەپ ئويلاپ قاپتۇ، ئوللىي مۇشۇ پۇرسەتتە ئۇ زاۋۇتنىڭ ئىشلىرىنى ئۆگەنگەچ تۇرسا، كېيىن

نانىسىنىڭ ئورنىدا ئىشلىسىمۇ بولىدۇغۇ، بۇ توي ئىشى ئەمەلگە ئاشماي باشقا بىرسى بىلەن (ئوللېي بىلەن) توي قىلىپ قالسا، ئۇ چاغدا ئىككىسى بىر يەردە، بىر ئىشنى قىلىدىغان بولسا ياخشى ئەمەسمۇ، دېگەندەكمۇ خىياللارنى قىلغان ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ نەزىرىدە ئوللېي ئەقىللىك ھەم تەربىيە كۆرگەن (مەن ئۇنىڭ قەيەردە، قانچىلىك تەربىيە كۆرگەنلىكىنى بىلمەيمەن، ئەمما بىلىدىغانلىرىنىڭ ئەتراپىدىكى ھەرقانداق ئادەمنىڭكىدىن كۆپ ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلالايتتىم)، ئەڭ ياخشى لايىق ئىدى. شۇنىڭ بىلەن مەن ئوللېينى تۈنۈگۈن زاۋۇتقا باشلاپ بېرىپ ئىشخانامغا ئەكىردىم، ھېسابات دەپتەرلىرى بىلەن باشقا نەرسىلەرنى كۆرسەتتىم، دادام ئۇنى ياخشى قارشى ئالدى، ئەتراپىدىكىلەرگە تونۇشتۇردى. ئىشلار ناھايىتى جايىدا كېتىۋاتاتتى، ئوللېيمۇ ھەممە ئىشلارنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىشكە باشلىدى، ئىشخانىدىكىلەرگە بەرگەن تەسىرىمۇ ياخشى بولدى، ئۇلار بىلەن چىقىشىپ چاقچاقلىشىپمۇ قويدى (چاقچاقلىرى چەكتىن ئېشىپ كەتمىدى). گەپ ـ سۆزلىرى بىلەن چاقچاقلىرىنىڭ چېكىنى ناھايىتى ياخشى ئىگىلەپ تۇردى، دادام ئۇنىڭ بۇ تەرىپىگە قايىل بولۇپ كۈلكىدىن ئاغزىنى يۇمالماي قالدى. كەچتە ئۇخلايدىغان چاغدا دادامنىڭ كەچلىككە خەيرلىك تىلىگەن ۋاقتىمدا ئۇ ماڭا:

— ئۇ يىگىتنىڭ بىزگە كېلىپ ئىشلىشى بىز ئۈچۈن بىر ئامەت بولىدىغان بولدى. ئۇ ئۆزىنىڭ ئىستىقبالىنى ئۆزى تاپالايدىغان، ئۆزىنىڭ بەختىنى ئۆزى يارىتالايدىغان يىگىت ئىكەن، — دېدى.

مەن دادامنىڭ قىزغىنلىقىغا سوغۇق سۇ سەپمەي دەپ ئۇنىڭ گېپىگە قارشى گەپ قىلمىدىم. مېنىڭ ئويۇمچە، ئۇنىڭ بۇ يەردە قېلىپ بىر ياغاچ زاۋۇتىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كېتىش ئېھتىماللىقى مېنى زىگفرىن ناخشا ـ ئۇسسۇل ئانسامبىلىغا ئەكىرىپ ئۇسسۇل ئوينىتىش ئېھتىماللىقى بىلەن ئوخشاش

ئىدى.

ئۇنىڭ بىر ياخشى يېرى باشقىلارغا توغرا قارىيالايدىكەن.

بەزىدە مەن، كىنىنىي ئۇنى مېنىڭ قولۇمدىن تارتىۋېلىشى مۇمكىن، دەپمۇ ئويلاپ قالاتتىم. چۈنكى، كىنىنىي كىتابنى كۆرۈپ ئوقۇيدۇ، تاماكا چېكىدۇ. گەرچە چېركاۋغا بېرىپ تۇرسىمۇ، لېكىن بەزى قاراشلىرىغا قاراپ ئادەم ئۇنى دىنسىزمىكىنمۇ دەپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ ماڭا، ئوللىي سەل سەترەك ھەم بويى پاكار ئىكەن، ئەمما كۆزلىرى چىرايلىق كۆك، چاچلىرى سېرىق ماينىڭ رەڭگىدەك سېرىق ئىكەن، بىر تۇتام چېچى ئالدىغا چۈشۈپ تۇرىدىكەن، ئومۇمىي كۆرۈنۈشكە ئادەمنىڭ ئامراقلىقى كېلىدىكەن، دېگەندەك گەپلەرنى قىلغانىدى. كېيىن ئۇلار تونۇشۇپ پاراڭلاشقاندا ئۇ كىنىنىيغا تولىمۇ يېقىنچىلىق قىلىپ، قىزىق گەپلەر بىلەن كۈلدۈرۈپ ئۇنى سۆزلەپ توختىمايدىغان ھالەتكە كەلتۈرۈپ قويۇپتۇدەك، ئوللىي ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشۈپ قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ماڭا ئۇنى:

— سىزنىڭ ئۇ كىچىك دوستىڭىزنىڭ بىلىم دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ئىكەن، سىزمۇ شۇنداق ئويلامسىز؟ — دەپ ماختاپ بەردى.

«كىچىككىمىش». ھىم، كىنىنىي قانداق كىچىك بولىدۇ، بويى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرسا. مېنىڭ ئوللىيغا شۇ گەپنى دېگۈلىرىم كېلىپ كەتتى. لېكىن، بۇ جەھەتتە ئازراق كەمتۈكلۈكى بار ئادەمگە يېغىرىنى ئاچقاندەك گەپ قىلىش ياخشى ئىش ئەمەس ئىدى، شۇڭا ئاغزىمنى چىڭ تۇتۇپ ئارتۇق گەپ قىلمىدىم. كىنىنىينىڭ «بىلىم دائىرىسى كەڭ» ئىكەن، دېگەن گېپىگىمۇ بىرنېمە دېيەلمىدىم، نېمە دېيىشىمنىمۇ ھەم بىلمەيتتىم، مېنىڭ قارىشىمچىمۇ كىنىنىي بىلىملىك ئىدى (مەسىلەن، ئوللىي «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق»نى ئوقۇغانمىدۇ؟). لېكىن، مەن ئوللىينىڭ تەلەپپۇزىدىن بۇ گەپنى راست دەۋاتامدۇ ـ يالغانمۇ، بىلەلمىدىم، مېنىڭ بىلەلمىگىنىم، ئەگەر راست دەپ قارىغان بولسا، ئۇ ئۇنىڭ

ئۇ خىل ساپاسىغا ئانچە ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ، ئەكسىچە بولسا ئۇنى يالغاندىن شۇ قىياپەتكە كىرىۋالغانىكەن، دەپ ئويلايدۇ. دېمەك، ئىككىلا خىل ئەھۋالدا ئۇ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ كەتمەيدۇ. مەن شۇ چاغدا ئۇنى قاتتىق ئويغا سالىدىغان، قايسىلا تەرەپكە جورىسا بولىۋېرىدىغان، مەسىلەن: «سىزنىڭ گەپلىرىڭىز مەندە تولىمۇ چوڭقۇر تەسىر قالدۇردى» دېگەندەك، ئەستايىدىل ئويلىمىغان ئادەم راھەتسىزلىنىدىغان گەپتىن بىرنى قىلسام بوپتىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم. مېنىڭ ئىش ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۇنى دېمىسەم بوپتىكەن، بۇنى دېسەم بوپتىكەن، دەپ پۇشايمان قىلىدىغان بىر ئادىتىم بار ئىدى. بۇنىڭدىنمۇ يامان بولغىنى، ئۇ شۇ گەپنى قىلىپ بولغان ھامان كىتنىپىنىڭ بىر ئىشى يادىمغا كېچىپ (ئىچىمدە) ئۇنى ئاقلاۋاتقان تۇرۇۋقلۇقمۇ ئۇللېينىڭ گەپلىرىنى يوشۇرۇن قوللىغانلىقىم ئىدى. مەن كەلگۈسىدىمۇ كىتنىپي كۆزلىرىمگە يەنە شۇنداق ئەقىللىك كۆرۈنەرمۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم، لېكىن شۇنداق بولۇش - بولماسلىقىنى بىلمەيتتىم.

ئوللېي ئىككىمىز پاراڭلىشىۋاتقاندا ۋىلق يېنىمىزدا بار، ھەممە پارىڭىمىزنى ئاڭلاپ گەپ قىلماي ئولتۇرغانىدى. مېنىڭ شۇ چاغدا ئۇنىڭدىن ئۆز ۋاقتىدا توي قىلىش تەكلىپىنى بەرگەن قىزنىڭىز ئۇچۇن ئىككى ئېغىز گەپ قىلىپ قويىماسىز، دېگۇم كەلدى، لېكىن ئىككىسىنىڭ ئىشلىرىنى قانچىلىك بىلىدىغانلىقىمنى ئۇنىڭغا پەقەتلا ئاشكارىلاپ باقمىغاچقا، ئۇنداق گەپ قىلىشنى خوپ كۆرمىدىم. ئۇ ئوللېي ئىككىمىزنىڭ گەپلىرىگە جىمجىت قۇلاق سېلىپ، بېشىنى ئالدىغا سەل ئېگىشتۇرۇپ ئولتۇراتتى (ئۇ ھەرقانداق ئادەم بىلەن پاراڭلاشسا، بويى ئېگىز بولغاچقىمىكىن ئاشۇنداق ئولتۇرۇپ قالاتتى)، چىرايىدىن ئازراق كۆلكە چىقىپ تۇراتتى، مەن ئۇنىڭ راست كۆلكە ياكى تۇغما كۆلكە چىراي ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدىم، ئۇ ئىككىسى ھەر كۈنى كەچقۇرۇن بىزنىڭكىگە كېلىپ تۇراتتى.

ۋىلىف دادام بىلەن ئايرىم ئولتۇرۇپ قارتا ئويۇنى ئوينايتتى، ئوللېي ئىككىمىز بىر چەتتە پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتۇق. بەزىدە ۋىلىف، ئوللېي ئۈچىمىز بىللە قارتا ئوينايتتۇق (دادام قارتا ئويناشنى بىلمەيتتى، قارتا ئويۇننى ئانچە - مۇنچە ئويناپ قوياتتى). بەزىدە ۋىلىفقا قارتا ئويناۋاتقاندا تېلېفون كېلىپ قالاتتى، كۆپىنچە چاغلاردا دوختۇرخانىدىكى ئېلىسى بېزىتوندىن كېلەتتى (ئۇ ۋىلىفنىڭ غوجىدارى ئىدى، ئىسمىنى پەقەتلا ئېسىمدە تۇتالمايتتىم، كۆپ چاغلاردا بوكس خانىمدىن سورايتتىم)، بۇ تېلېفونمۇ شۇنىڭدىن كەپتۇ، ئەمدى ئۇ بىزنىڭكىدىن كەتمىسە بولمايتتى. بەزىدە ئۇ قارتا ئويناپ بولۇپ، پىيانىنونىڭ ئالدىدا ئولتۇرۇپ ئېسىدە قالغان بىرەر - ئىككى مۇزىكىغا چېلىپ قوياتتى، بىزگە چىراغمۇ ياقتۇرمايتتى، دادام ئاستا مېڭىپ كارىدورغا چىقىپ ئوللېي بىلەن شۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئاڭلايتتى. ئۈچىلىمىز ئولتۇرۇۋاتقان ئورۇندۇقىمىزنى مۇزىكىغا كەلتۈرۈپ بوش لىڭشىتىپ ئولتۇراتتۇق. ۋىلىف پىيانىنونى ئۆزىنىڭ ماھارىتىنى بىزگە كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمەس، كۆڭۈل ئېچىش ئۈچۈن چالاتتى. بىز ئاڭلاۋاتامدۇق ياكى ئاڭلىماي پاراڭ سېلىپ ئولتۇرۇۋاتامدۇق، كارى يوق ئىدى. بەزىدە بىز ئاڭلىماي پاراڭ سېلىشىپمۇ قالاتتۇق. بولۇپمۇ دادام ئۇ چالغان كونا مۇزىكىلارنى ياخشى كۆرۈپ كەتمەيتتى، «كېنتۇكىيدىكى ئۆيۈم» دېگەندەك ھازىرقى زامان مۇزىكىلىرىنى ياخشى كۆرەتتى. دىققەت قىلىسىڭىز، شۇ تۇرقىدا ئۇ بۇ مۇزىكىنى ئاڭلاۋېرىپ خۇددى بېشى قېيىپ بۇ دۇنيا پىرقىراۋاتقاندەك جايىدا ئولتۇرالماي قېلىۋاتىدۇ. بىز ئۇنىڭغا قاراپ، مۇزىكا تېخىمۇ تەسىر قىلىپ كەتمىسۇن دېگەن خىيال بىلەن باشقا بىر ئىشلار ئۈستىدە پاراڭ قىلىشقا باشلىدۇق. بىرئازدىن كېيىن، دادام ۋىلىف ئەپەندىگە چىرايلىق مۇزىكىلارنى چېلىپ بەرگىنىڭىزگە رەھمەت، ئاجايىپ ھۇزۇرلاندۇق، دەپ تەشەككۈر ئېيتتى. ۋولف ناھايىتى ئەدەپ بىلەن، مۇزىكا چېلىش ئۆزى

ئۈچۈن ھېچقانچە ئىش ئەمەستەك چالغان مۇزىكىسىنى بېرىلىپ ئاڭلىغىنى ئۈچۈن، دادامغا ياندۇرۇپ تەشەككۈرىنى بىلدۈردى. ئۇللىبي ئىككىمىز ھېچنېمە دېمىگىنىمىز ياخشى دەپ ئويلىدۇقمۇ، گەپ قىلماي جىمجىت ئولتۇردۇق. چۈنكى، ئىككىمىز بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنىڭ بىزنىڭ ئۇنداق ياكى بۇنداق دېگەن گەپلىرىمىزنىڭ ھېچقايسىسىغا ئەھمىيەت بەرمەيدىغانلىقىنى بىلەتتۇق.

بىر قېتىم مەن ئۇللىبىنىڭ ۋولفىنىڭ مۇزىكىسىغا بوش ئاۋازدا: «تاڭ شەپىقى كۆتۈرۈلگەندە، پېئېر كىنت تۇردى ئورنىدىن بەللىرىنى تولغاپ...» دەپ ناخشا ئېيتىۋاتقانلىقىنى تاسادىپىي ھالدا ئاڭلاپ قالدىم.

— ئېيتقىنىڭىز نېمە ناخشا؟ — دەپ سورىدىم مەن ئۇنىڭدىن پىچىرلاپ تۇرۇپ.

— ناخشا ئەمەس، — دېدى ئۇللىبي چۆچۈگەندەك بولۇپ، — ۋولفىنىڭ مۇزىكىسىغا غىڭشىپ قويدۇم، شۇ.

مەن ئۇنىڭغا ئۇ ناخشىنىڭ تېكىستىنى يېزىپ بېرىشنى دېدىم، ئۇ ① P – e – er G – y – n – t دەپ يازدى.

مەن مۇزىكا بىلىملىرىدىن كۆپرەك ئۆگىنىشىم كېرەك ئىكەن، شۇنىڭدا ۋولف ئىككىمىز ئازراق بولسىمۇ ئورتاق پىكىر ھاسىل قىلالايدىكەنمىز، دەپ ئويلاپ قالدىم.

ھاۋا بىردىنلا ئىسسىپ كېتىپ، چۇغلۇق گۈللىرى ئېچىلىشقا باشلىدى. ئۇ گۈللەرنىڭ چوڭلۇقى بوۋاقلارنىڭ ساغرىسىدەك كېلەتتى. تېۋىلغا گۈللىرىنىڭ تۆكۈلگەن بەرگىلىرى يەردە قاردەك يېتىپ كەتكەندى. بوكس خانىم نەگىلا بارسا، گۈللەر ھازىرلا بۇنداق ئېچىلغىلى تۇرسا 7 ـ ئايغىچە قۇرۇق شېخىلا قالىدىغان ئوخشايدۇ، دەپ سۆزلەپ يۈرۈۋاتاتتى.

① نورۋېگىيە كومپوزىتورى ئېدۋارد گرېگنىڭ (1843 — 1907) ئىبسوننىڭ شۇ ناملىق درامىسىغا ئىجاد قىلىپ بەرگەن مۇزىكىسى، ئۇللىبي ئېيتقان ناخشا «تاڭ مەنزىرىسى» ناملىق ناخشىنىڭ بىر مىسراسى.

www.uighurkitap.com

مەن بۇ كۈندىلىك خاتىرەمنى يېزىپ بولغۇچە ئۈچ ئىستاكان قەھۋە ئىچىۋەتتىم. چاچلىرىمنىمۇ تارىماي ئولتۇرۇپ يېزىپ كېتىۋاتاتتىم.

— سىز ئۇزاققا قالماي بۇ تۇرمۇش ئادىتىڭىزنى ئۆزگەرتمەي قالمايسىز، — دېدى بوكس خانىم ماڭا.

ئېلسېي بيانتون ۋولفقا، ئۇ ئۇزاققا قالماي بۇ ئۆيدىكى خىزمىتىدىن ئىستېپا بېرىپ بۇ يەرنىڭ باشقۇرۇشنى خانىمغا ئۆتكۈزۈپ بېرىدۇ، دېگەن گەپنى قىلغاچقا، بوكس خانىم شۇ گەپنى ئاڭلاپ قېلىپ ماڭا شۇنداق دەپتىكەن.

شۇنىڭغا قارىغاندا، ئەمدى ئۆزگىرىشكە باشلىمىسامۇ بولمىغۇدەك، كۈندىلىك خاتىرە يېزىشنى توختىتىپ قوياي، دەپ ئويلىدىم مەن. مەندە ئادەتتىكىگە ئوخشىمايدىغان بىر ئىشنىڭ تۇرمۇشۇم ئىچىگە بۆسۈپ كىرىدىغانلىقىنى سېزىپ تۇرۇۋاتقاندەك بىر سەزگۈ پەيدا بولۇۋاتاتتى. شۇڭا، ھازىر بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى مۇشۇ پۇرسەتتە يېزىپ قالدۇرۇشۇم كېرەك. ئۇ قۇرۇق سەزگۈ ئەمەستۇ؟

## يوغان ياقىلىق ماتروس كىيىمىنى كىيىۋالغان قىز

— سىز مۇشۇنداق ئېرىنچەكلىك قىلىپ يۈرۈۋەرسەم بولىۋېرىدۇ دەپ ئويلاپ قالماڭ، — دېدى نانسى خانىم، — ئاڭلىسىڭىز ھەيران قالىدىغان بىر ئىش بار، سىزگە دەپ بېرەي.

— سىزنىڭ ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان ئىشلىرىڭىز بەكمۇ تولا، — دېدى ئۇللىپي.

بۇ دەل يەكشەنبە كۈنى ئىدى، ئۇللىپي بۈگۈنمۇ كۈنۈمنى ئېرىنچەكلىك بىلەن ئۆتكۈزۈۋېتىمەن، دەپ ئويلاپ تۇراتتى. ئۇ نانسىنىڭ بىر ئىشىدىن، يەنى زېھنىنىڭ بەكمۇ كۈچلۈكلۈكىدىن تازا رازى ئەمەس ئىدى. ئاز كۈندە ئاشۇ كۈچلۈك زېھنىنى ئىشقا

سىلىپ ھەممىنى باشقۇرۇپ كېتەلەيدىغانلىقىنى پەرەزمۇ قىلىپ بولغانىدى. ۋولفمۇ — چىرايىدىن بىلىندۇرمەي ئادەتتىكىدەك يۇرۇۋاتقان بولسىمۇ — ئۆزىنىڭ ئۆيىدىن ئاشۇنداق بىر ئادەم چىقىپ ئۆيىنىڭ ئىشلىرىنى باشقۇرۇپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلاتتى.

چىركاۋدىن قايتقاندىن كېيىن، ۋولف ئۇدۇل دوختۇرخانىغا كەتتى، ئۇلىبىي ئۆيگە قايتىپ كېلىپ، نانسى، نانسىنىڭ دادىسى بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ چۇشلۇك تاماقنى يېدى، ئاندىن نانسىنىڭ ئۆي ئىشلىرىغا ياردەملەشتى. بىر چاغدا تاماق يەيدىغان ئۆيدىن ئۇزۇن - قىسقا خورەك ئاۋازى ئاڭلىنىشقا باشلىدى.

— سىلەرنىڭ بوۋىيىڭلار ئىكەن، — دېدى ئۇ ئىشىكتىن بېشىنى تىقىپ قاراپ باققاندىن كېيىن نانسىغا، — تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قاپتۇ، تىزىدا «شەنبىلىك پوچتا» دېگەن كىتاب تۇرىدۇ.

— دادام ئۆزىنىڭ يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئۇخلاپ قالىدىغانلىقىنى زادىلا ئېقرار قىلىپ باققان ئەمەس، — دېدى نانسى، — شۇ چاغدا مەن كىتاب ئوقۇۋېمەن، گېزىت كۆرىمەن، دەپ تۇرۇۋالاتتى.

نانسى ئالدىغا پەرتۇق تارتىۋالغانىدى، ئۇ تاماق ئېتىدىغان چاغدا تارتىۋالىدىغان ئەمەس، ئادەتتىكى پەرتۇق ئىدى. ئۇ پەرتۇقنى يېشىۋېتىپ ئىشىكنىڭ بېشىغا ئارتىپ قويدى، ئاندىن ئىشىككە ئېسىقلىق تۇرغان ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېلىپ چاچلىرىنى تۈزەشتۈردى.

— مەن بەكمۇ سەتلىشىپ كېتىپتىمەن، — دېدى ئۇ بىر خىل قايغۇلۇق ھەم غەمكىن ئاھاڭدا.

— راست شۇنداق، مەن ۋولفنىڭ سىزنىڭ نەرىگىزنى ياخشى كۆرۈپ قالغانلىقىنى بىلەلمىدىم.

— قاراپراق گەپ قىلىڭ جۇمۇ، بولمىسا مۇشۇ توقماق بىلەن بېشىڭىزنى يېرىۋەتمەي يەنە.

نانسى ئۈنى باشلاپ، دەرەخلەرنىڭ ئارىسى بىلەن يوغان بىر

تۇپ دۇب دەرىخىنىڭ تۈۋىگە كەلدى. بۇ يەر ـــ بۇ گەپنى ئۇللىيىغا بىرنەچچە قېتىم دەپ بەرگەنىدى ـــ دائىم ئىلەڭگۈچ ئوينايدىغان يەر ئىدى. ئاندىن ئۇنى باشلاپ ئارقا كوچىنىڭ ئۇ بېشىغا قاراپ ماڭدى. بۈگۈن يەكشەنبە بولغاچقا، ھېچكىم قورۇسىدىكى چىملارنى قىرقىماپتۇ، ئارقا ھويلىدا بىرمۇ ئادەم يوق، ئىشىكلەر ھەم يېپىقلىق، بۇ ئۆيلەرنىڭ ئىگىلىرىمۇ دادىسىغا ئوخشاش ئابرۇيلۇق ئادەملەردەك، ئاران كەلگەن يەكشەنبىنى ئۆيلىرىدە جىمجىت ئۆتكۈزگۈسى كەلگەندەك ياكى ئۆزىنى چوڭ تۇتقاندەك ھېچكىم بىلەن كۆرۈشۈشنى خالىماي ئۆيلىرىگە سولىنىۋالغان ئوخشايدۇ.

پۈتۈن مەھەللە ـ كوچىلار ئۈنچىلىك جىمجىتمۇ ئەمەس، يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئەتراپتىكى يېزىلارنىڭ ئادەملىرى كۆل بويلىرىغا بېرىپ ۋاقتىنى شۇ يەردە ئۆتكۈزۈپ كېلەتتى. ئۇ يەر بۇ يەرگە چارەك ئىنگلىز مىلىلا كېلەتتى، تىك بىر يارنىڭ ئاستىدا ئىدى، ئۇ يەردىن تۈز تەگنە قولۋاق بىلەن دولقۇن يېرىپ ئۈزۈپ يۈرگەنلەرنىڭ قىيا ـ چىيالىرى، بىر ـ بىرىنى سۇغا بېسىشىپ، سۇ چېچىشىپ ئويناۋاتقان ئۈششاق باللارنىڭ چىر ـ چىر قىراشلىرى، ماروژنى ساتقىلى كەلگەن ئادەملەرنىڭ توختىماي ماشىنىلىرىنىڭ سىگناللىرىنى بېسىپ خېرىدار چاقىرىۋاتقان ئاۋازلىرى، قۇم ئۈستىدە چېلىشىپ ئويناۋاتقان ياش باللارنىڭ ئانىلىرىنىڭ باللىرىنى ئۇ ئىشلاردىن قورۇپ ئەنسىز توۋلىشىۋاتقان ئاۋازلىرى ئاڭلىنىپ تۇراۋاتاتتى، بۇ ئاۋازلارنىڭ ھەممىسى بىرلىشىپ ھېچنېمىنى بىلگىلى بولمايدىغان ئومۇمىي خورغا ئايلىنىپ كەتكەنىدى.

كوچىنىڭ بېشىغا چىقىپ، قارىماي ياتقۇزۇلمىغان يەنە بىر كىچىك كوچىغا كىرگەندە يوغان بىر قۇرۇق ئۆي كۆرۈندى. نانسى ئۇللىيىغا بۇ يەرنىڭ بۇرۇن مۇز ساقلايدىغان ئۆي ئىكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى. ئۇ كوچىدىن ئۆتكەندە بوش بىر مەيدان بىلەن بىر كۆۋرۈك چىقىتى. ئۇلار بىرلا ماشىنا

ماڭالايدىغان تار بىر يول بىلەن ئالدىغا قاراپ ماڭدى. بۇ يولنىڭ تارلىقىدىن بىر ئات ھارۋىسى ئاران ماڭالايدۇ، دېيىشكىمۇ بولاتتى. يولنىڭ ئىككى تەرىپى توسما تامغا ئوخشاش ئۆزۈنغا سوزۇلغان چاتقاللىق ئىدى، ھەر خىل رەڭدىكى، ھەر خىل گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن چاتقاللار بىر - بىرىگە كىرىشىپ ھېچقانداق نەرسە ئۆتەلمەيدىغان ياكى يوشۇرۇنالمايدىغان سېپىللاردەك بولۇپ كەتكەنىدى.

— ئۇلار ياۋا ئەتىرگۈللەر، — دەپ جاۋاب بەردى نانسى ئۇللىيىنىڭ بىر - بىرىگە چىرمىشىپ كەتكەن گۈللەر قانداق گۈللەر دەپ سورىغان سوئالىغا جاۋاب بېرىپ.

— سىزنىڭ مېنى كۆرسىڭىز ھەيران قالىسىز دېگەن نەرسىلىرىڭىز مۇشۇ نەرسىلەرمىدى؟

— ئۇ نەرسىلەرنىڭ نېمە نەرسىلەر ئىكەنلىكىنى سەل تۇرۇپ بىلىسىز.

ئۇللىيى شامال ئۆتۈشمەيدىغان بۇ تار يولدا كېتىۋېتىپ ئىسسىپ كەتتى، ئىتتىك مېڭىپ كېتىۋاتقان نانسىنى ئاستىراق مېڭىشقا ئۈندەپ باقتى، بۇ قىز بىلەن بىللە بولغان چاغلىرىدا ئۇنىڭ ھەيران قالدىغان ئىشلىرى چىقىپ تۇراتتى، ھەممىلا ئىشلىرى ئالاھىدە ئىدى، كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپ ئۆز بەگ - ئۆز خان چوڭ بولۇپ يامان ئۆگىنىپ قالغىنىدىنمىدۇ، دەپ ئويلاپمۇ كېتەتتى. بەزىدە ئۇنى ياخشى كۆرۈپ ئۆزىگە قارىتىۋېلىشنىمۇ ئويلاپ قالاتتى. باشقا قىزلاردىن ئەقىللىك ئىدى، يالغۇز شۇ تەرىپىلا ئۇنىڭ ئۇنى ئۆزىگە قارىتىۋېلىشقا ئۈرۈنۈشىغا، ئۇنىڭغا قىزىقىپ قېلىشىغا يېتىپ ئاشاتتى.

ئۇنىڭ كۆرگىنى يىراقتىكى بىر ئۆينىڭ ئۆگزىسى بولدى، غايەت زور بىرنەچچە تۈپ دەرەخ ئۇ ئۆگزىگە سايە تاشلاپ تۇراتتى. نانسىدىن ئۇ ئۆي توغرۇلۇق ھېچقانداق گەپ ئاڭلانمىغاچقا، ئۇللىيى ئۇ يەرگە بېرىپ ئاشۇ دەرەخلەرنىڭ ئاستىدا ئازراق بولسىمۇ سايىداپ ئارام ئېلىۋېلىشنى ئويلاپ

www.uyghurkitap.com

تۇرۇۋاتاتتى.

— ئۇ يەرگە مېھمان كەلگەندەك قىلىدۇ، — دېدى نانسى، — قاراپلا بىلدىم.

مەينەت بىر ماشىنا كوچىنىڭ بېشىدىكى ماشىنا ئايلىنىدىغان كىچىكرەك بىر مەيداندا توختاقلىق تۇراتتى.

— ھېلىمۇ ياخشى بىر ماشىنا ئىكەن، — دېدى نانسى يەنە، — ئىلاھىم ئۇنىڭ ئىگىسى ئىشنى تېزرەك تۈگىتىپ قايتىپ كەتسىكەن.

لېكىن، ئۇلار ئۆينىڭ ئالدىغا بارغاندا چىرايلىق بىر يېرىم قەۋەتلىك، پىششىق خىشلىق ئۇ ئۆينىڭ ئىچىدىن بىرمۇ ئادەم چىقمىدى. سەھەرلەردا بۇنداق ئاق ئۆيلەر ناھايىتى كەم ئۇچرايتتى. ئوللېينىڭ يۇرتىدا ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى سېرىق رەڭدە بولاتتى. بۇ ئۆينىڭ قاشا تاملىرى يوق ئىكەن، ھويلا تېمىنىڭ ئورنىغا باشتىن ـ ئاخىرىغىچە سىم تارتىپ قويۇپتۇ، ھويلىنىڭ ئىچىدىكى چىملار قىرقىلماپتۇ. دەرۋازىدىن تارتىپ ئۆينىڭ ئالدىغىچە بولغان تار يولغا قارىمايمۇ، ھېچبولمىغاندا خىشمۇ ياتقۇزۇپ قويۇلماپتۇ، توپا يول بويىچە تۇرۇپتۇ، بۇنداق ئۆيلەر شەھەر سىرتىدا كۆپرەك كۆرۈلىدۇ. يوللىرىغا قارىماي ياتقۇزىدىغان مەخسۇس چىم قىرقىيدىغان ماشىنىلارنى ئالىدىغان دېھقانلار ناھايىتى ئاز ساندا.

بۇ يەر ئىلگىرى كۆز يەتمەس ئوتلاق بولسا كېرەك، نۇرغۇن يەرلىرىدە ئاق، قىزىل گۈللەر ئېچىلىپ كېتىپتۇ. مانا بۇ بەلىز گۈلى، ئۇ بۇنىڭ شۇ گۈل ئىكەنلىكىنى جەزملەشتۈرەلەيدۇ، شۇنداقتىمۇ نانسىدىن سوراپ باققۇسى كەلدى، لېكىن ئۇنىڭ ئۆزىنى بىرمۇنچە مەسخىرە قىلىپ ئاندىن دەپ بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپ ئۇ نىيىتىدىن ياندى.

نانسى ئۇنى قورۇدىن باشلاپ ئۆتۈپ، ئاجايىپ نەپىس، ھەقىقىي ئارامگاھ تۈسىنى ئالغان، بىر قېتىممۇ سىرلىنىپ باقمىغان، پۇتۇنلەي ياغاچتىن ياسىلىپ چىققان قەدىمىي بىر

ئىلەڭگۈچىنىڭ ئالدىغا ئەكەلدى. بۇ بىر ـ بىرىگە قارىشىپ ئولتۇرىدىغان قوش كىشىلىك ئىلەڭگۈچ ئىدى. سول تەرەپتىكىسىدە ئادەم ئولتۇرۇپ باقمىغان بولسا كېرەك، ئاستىدىكى ئوتلار دەسسەلمەپتۇ. نانسى ئىككى ئورۇننىڭ بىرسىگە كېلىپ مەزمۇت ئولتۇرۇۋالغاندىن كېيىن ئوللىپي ئىلەڭگۈچنى كۆچەپ بىر ئىتتىرىۋىدى، ئىلەڭگۈچ هاۋاغا قاراپ ئۇچۇشقا باشلاپ، ئۇستىدىكى تۆمۈر غالتەك غىچىرلاپ كەتتى.

— ئەمدى ئۇ بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى بىلىدۇ، — دېدى ئۇ.

— بىزنىڭ كەلگەنلىكىمىزنى كىمگە بىلدۈرمەكچىدىڭىز؟

— تېسسا.

— ئۇ سىزنىڭ دوستىڭىزمۇ؟

— ئەلۋەتتە.

— موماي دوستىڭىزمۇ؟ — سورىدى ئوللىپي يەنە. ئۇنىڭدا ئازراقمۇ قىزغىنلىق يوق ئىدى. ئۇنىڭغا نانسىنىڭ خاراكتېرىدىكى مەلۇم نەرسىلەرنى بىلىۋېلىشقا نۇرغۇن پۇرسەتلەر بار ئىدى — بەلكىم ئۇ ئاياللار ئوقۇشقا تېگىشلىك نۇرغۇن كىتابلارنى ئوقۇپ ئۇلاردىن مەلۇم مىجەز ـ خۇلقلارنى ئۆزىگە سىڭدۈرۈپ مېڭىۋاتقاندۇ — ئوللىپي شۇ گەپنى قىلىپ قويۇپ، نانسىنىڭ قىلچە تەپ تارتماي قېرىلارنى مەسخىرە قىلىپ ئوينايدىغان قىلىقلىرىنى يەنە ئەسلەپ قالدى.

— ئۇنىڭ بىلەن ئىككىمىز ئوتتۇرا مەكتەپتە ساۋاقداش ئىدۇق. ئۇ سوڭدىشىپلا يۇرەتتى، مېنىڭ كەينىمدە دېمەكچىمەن.

ئۇنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، ئوللىپي ئۇنىڭ ئۆتكەنلەردە كىننىبېينى ئۆزىگە سايە قىلغانلىرىنى ئەسلەپ قالدى.

— ئۇنىڭ ئادەمنى قىزىقتۇرىدىغان قانداق تەرەپلىرى بار؟

— كۆرۈشكەندە بىلىسىز.

ئۇ ئىلەڭگۈچكە چىقىپ بىردەم ئوينىغاندىن كېيىن، توختاپ قېلىپ ئۆينىڭ ئالدىدىكى قول بىلەن بېسىپ سۇ چىقىرىدىغان پومپىنىڭ يېنىغا كېلىپ پومپىنى بىرنەچچە قېتىم قاتتىق

بىسىپ باقتى، خىلىغىچە قاتتىق بىسىپ بىرسە ئاندىن ئازراق سۇ چىقاتتى. ئۇنى بىسىشقا كۈچ كەتسىمۇ چىداپ بىسىپ بىرىپ تۇرۇبىنىڭ ئاستىغا قويۇپ قويغان چىلەك توشقۇچە سۇ چىقاردى. ئاندىن چىلەكنى كۆتۈرۈپ، سۇنى تۆكۈپ، چايقاپ دىگەندەك مىڭىپ ئىلەڭگۈچنىڭ يىنىغا ئىلىپ باردى. ئوللىي ئۇنىڭ بۇ قىزغىن ھەرىكەتلىرىدىن سۇنى ئاپىرىپ ئىلەڭگۈچنىڭ ئەتراپىنى سالقىنلىتىش ئۈچۈن يەرگە چاچسا كىرەك، دەپ ئويلىغانىدى. ئۇنداق قىلمىدى. ئەكسىچە چىلەكنى كۆتۈرۈپ ئاغزىغا ئاپىرىپ گۇپۇلدىتىپ ئىچىشكە باشلىدى.

— بۇ سۇ شەھەرنىڭ سۈيىگە ئوخشىمايدۇ، — دىدى ئۇ چىلەكنى ئوللىيغا سۇنۇپ بىرىۋىتىپ، — قۇدۇقنىڭ سۈيى، ئاجايىپ تاتلىق.

ئۇ قۇدۇقنىڭ بىشىغا ئىسىپ قويىدىغان ھەرقانداق چۆمۈچ بىلەن سۇ ئىلىپ ئىچىدىغان قىز ئىدى، ئۇ چۆمۈچلەرنىڭ پاكىز بولۇشى ناتايىن (ئوللىي بىر قىتىم كىسەلگە چىتىلىپ قالغانلىقى ئۈچۈن، پاسكىنا - پاكىز نەرسىلەردە بىرنىمە يىيىشتىن قاتتىق ھەزەر ئەيلەيتتى). ئۇنىڭ بۇنداق قىلىشىدا ئازراق ئۆزىنى كۆرسىتىشمۇ بار ئىدى. لىكىن، ئۇنىڭ بۇ ھەرىكەتلىرىدە ساختىلىق يوق ئىدى، ئۆزىنىڭ پاك ۋە غۇبارسىز ياشايدىغانلىقىغا بولغان تولۇق ئىشەنچى بىلەن چەكلىمىسىز، خۇشال - خۇرام ياشايدىغانلىقىغا باشقىلارنىمۇ ئىشەندۇرمەكچى بولاتتى.

ئوللىي ئۆزىنى ئۇنداق ئويلىمايتتى، ئۆز ئالدىغا بەلگىلىۋالغان بىر مىزانى بار بولۇپ، ئاددىي ھايات ئىچىدە ياشاشنى ئويلايتتى — ئۆزىنىڭ شۇنداق خىياللىرى بولۇپ قالسا ئۇنى چاقچاقىنىڭ ئورنىدا دەپ قوياتتى — ئۆزىنىڭ ھاياتىنىڭ مۇئەييەن بىر ئەھمىيەتكە، مۇئەييەن بىر مەزمۇنغا ئىگە ھايات ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. بەلكىم ئاشۇ نەرسە بۇ ئىككىسىنىڭ بىر - بىرى بىلەن يىقىن ئۆتۈشلىرىدىكى سەۋەبلەرنىڭ بىرسى بولۇشى

مۇمكىن. ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر ـ بىرىگە ئوخشىمايدىغان پەرقلەرمۇ مەۋجۇت ئىدى. ئوللىي داۋاملىق ئىلگىرىلەشنى ئويلايتتى، ئەڭ تۆۋەن نىشانى دەپ بىر ئىزىدا توختاپ قېلىشنى خالىمايتتى. نانسى ـــ بۇرۇن ئۆزىنىڭ قىلغانلىرىغا ئوخشاش ـــ قىز بالا بولغاچقا، قىزلارغا خاس ئىشلارنى قىلاتتى، ئۆزىنىڭ تاللىۋالغان پۇرسەتلىرىنىڭ ئادەتتىكى قىزلارنىڭكىدىن خېلىلا كەڭرى ئىكەنلىكىنى بىلگەنلىرىدە بىردىنلا يايراپ تېرىسىگە سىغماي قالاتتى، ئۇ خىلدىكى قىزلارغا ئىختىيارسىز ئىچى ئاغرىپ خەيرخاھلىق قىلىپمۇ كېتەتتى ھەم بۇ ئىشلار قىزىق تۇيۇلۇپ كۈلۈپمۇ قوياتتى. ئوللىي بەزىدە ئۆزىدىن ئۆزى نېمە ئۈچۈن نانسى بىلەن يېقىن ئۆتىمەن، دەپ سوراپ قوياتتى ۋە بۇنداق سوئاللىرىغا قانائەتلەنگۈدەك جاۋاب تاپالماي، يەنە شۇ كونا قېلىپتا ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ، بۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ ۋاقىت ئۆتكۈزۈپ يۈرۈۋېرەتتى.

بۇ سۇ راستلا تاتلىق ھەم مۇزدەك ئىدى.

ـــ تېسسانى يوقلاپ دائىم مېھمانلار كېلىپ تۇرىدۇ، ـــ دېدى نانسى ئوللىينىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ـــ ئەمما، ئۇ ئادەملەرنىڭ ئۇنى يوقلاپ قانداق چاغلاردا كېلىدىغانلىقىنى پەقەتلا بىلەلمەيسىز.

ـــ ئۇ قىزغا دائىم مېھمان كېلىپ تۇرامدۇ؟ ـــ دېدى ئوللىي كالىلىسىغا تۇيۇقسىز كەلگەن بىر خىيالدىن چۆچۈگەندەك بولۇپ، نانسى زىيادە ئۆز سۆز، زىيادە ئۆز بېشىمچى قىز بولغاچقا، يېرىم تۇرمۇشنى بۇزۇقچىلىق بىلەن ئۆتكۈزىدىغان ئاشۇنداق بىر سەھرالىق قىز بىلەن ئارىلىشامدىغاندۇ؟ دېمەك، ئۇ يامان يولغا كىرىپ كەتكەن شۇنداق بىر قىز بىلەن دوست بولۇپ ئۆتىدىكەن ـ دە.

نانسى ئۇنىڭ نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولدى، ئۇ تولىمۇ چېچەن قىز ئىدى.

— ياق، — دېدى ئۇ، — مەن سىز ئويلىغاندەك قىز ئەمەس. ھەم، سىزنىڭ شۇ تۇرقىدا ئويلاۋاتقانلىرىڭىز دۇنيادىكى مەن بىلىدىغان ئەڭ، ئەڭ يارىماس خىيال. تېيشا جاھاندىكى ئەڭ پاك قىزلارنىڭ بىرسى، ئۇنىڭغا ئۇنداق باھا بېرىش تولىمۇ ناچار قىلىق. سىز ئۆزىڭىزنىڭ شۇنداق خىياللارنى قىلغىنىڭىزدىن نومۇس قىلىشىڭىز بولىدۇ. ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ ئاخىرقى ھەم ئەڭ ياخشى قىزلارنىڭ بىرسى، بۇنى سىز كېيىن بىلىپ قالىسىز، — سۆزلىگەنسېرى ئۇنىڭ يۈزى قىزىرىپ پوكاندەك ئېسىلىپ كەتتى.

بىر چاغدا ئىشىك ئېچىلىپ، ئۇزاققا سوزۇلىدىغان خوشلىشىش رەسمىيەتلىرى كۆرۈنمەي — خوشلىشىدىغان چاغدا دېيىلىدىغان گەپلەرمۇ ئاڭلانماي — ئۆي ئىچىدىن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئەر بىلەن بىر ئايال چىقىپ كەلدى، كىيىملىرى ئۆزلىرىنىڭ ماشىنىسىغا ئوخشاش كونا، ئەمما ۋەيرانە ئەمەس ئىدى، ئۆيىنىڭ ئالدىدىكى تار توپا يول بىلەن مېڭىپ ئىلەڭگۈچنىڭ يېنىدا تۇرغان نانسى بىلەن ئۇلىبىغا قاراپ كەلدى. ئۇ يەرگە كەلگەندىن كېيىن ئۇلارغا لاپىدە بىر قاراپ قويدى، گەپ قىلمىدى، قىزىق يېرى نانسىمۇ ئۇلارغا گەپ قىلمىدى ياكى ئۇلارغا قاراپ دوستانە ھالدا تۇۋلاپمۇ قويمىدى. ئەر - خوتۇن ئىككىسى ماشىنىسىنىڭ ئىككى ئىشىكىگە بۆلۈنۈپ مېڭىپ ماشىنىغا چىققاندىن كېيىن ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇرۇپ مېڭىپ كەتتى.

ئارقىدىنلا ئۇ ئۆيىنىڭ لەمپىسى ئاستىدىكى گۈڭگىراق ئىشىك ئالدىدا بىر ئادەمنىڭ قارىسى كۆرۈنگەندى، نانسى ئۇنىڭغا قاراپ بار ئاۋازى بىلەن تۇۋلىدى:

— ھەي، تېيسا!

ئۇ ئايالنىڭ تۇرقى سېمىز كەلگەن كىچىك باللارنىڭ ئۆزى ئىدى، بېشى يوغان، بېشى ئۇستىدىكى چاچلىرى قاپقارا ھەم قويۇق، خۇددى كىيمە چاچقا ئوخشايتتى، مۇرىسى كەڭ، پۇتلىرى

توم ھەم بىجىرىم ئىدى، يالاڭ ئاياغ، كىيىۋالغان كىيىملىرىمۇ غەلىتە ئىدى، ئۈستىگە قايرىما ياقىلىق ماتروس كۆڭلىكى بىلەن يوپكا كىيىۋاپتۇ، ئىسسىقتا بۇنداق كىيىنىۋالسىمۇ كۆزگە غەلىتە كۆرۈنۈپ قالىدىكەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇ بۇنداق ئىختىيارىچە كىيىنىپ يۈرىدىغان ئوقۇغۇچى قىز ئەمەس - دە، ئۈستىدىكى ئۇ كىيىملەر چوقۇم ئۇنىڭ ئوقۇغۇچىلىق ۋاقتىدا كىيگەن كىيىملىرى، كىيىمگە كەتكەن پۇلنى تېجەپ قېلىش ئۈچۈن ئۆي ئىچىدە شۇ چاغدىكى كىيىملىرىنى كىيىپ يۈرۈۋېتىپتۇ - دە، بۇنداق كىيىملەر ئادەتتە ئاسان كونىراپ، يىرتىلىپ كېتىدىغان، ئۇنىڭ ئۈستىدە يەنە يامان ئەمەس تۇرۇپتۇ، ئوللىپىنىڭ نەزىرىدە قىزلار بۇنداق كىيىملەرنى كىيىپ يۈرسە ئۇلارنىڭ ئوبرازىغا تەسىر يەتكەندىن باشقا ھېچنېمىگە پايدىسى يوق ئىدى، ئىش - ھەرىكەتلىرىگىمۇ قولايسىز بولاتتى.

نانسى ئوللىپىنى ئۇنىڭ ئالدىغا باشلاپ بېرىپ تېپساغا تونۇشتۇرۇپ قويدى — تونۇشتۇرغان چاغدا قىلىشقان شەرتلىك ھەرىكەت ۋە گەپلەرنى شۇ ئىككىسىلا بىلەتتى — ئوللىپى ئۇ قىز ھەققىدە خېلى كۆپ ئاڭلىغانىدى.

— مەن ئۇنىڭغا سەن توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىپ باقمىدىم، — دېدى نانسى، — ئۇنىڭ دېگەن گەپلىرىنىڭ بىرسىگىمۇ ئىشەنمە. مەن ئۇنى ئۇنىڭغا قانداق مۇئامىلە قىلىشىنى بىلەلمىگىنىم ئۈچۈن سېنىڭ ئالدىڭغا ئەكەلدىم، ساڭا راست گېپىمنى دەۋاتىمەن.

تېپسانىڭ كۆزلىرىدىن بىر خىل سەمىمىيلىك چىقىپ تۇراتتى، كۆزلىرى يوغان ھەم كۆك، كۆك بولغاندىمۇ كىشىگە باشقىچە تۇيغۇ بېرىدىغان قېنىق كۆك ئىدى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئوللىپىغا قارىغاندا ئۇ كۆزلەر ئۇنىڭغا چاقناپ كېتىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. ئۇ كۆزلەرنىڭ ئادەمگە دوستانە ياكى دۈشمەنلىك بىلەن قاراۋاتقانلىقىنى بىلىپ بولمايتتى. ھەتتا قىزىقىپ قاراۋاتقاندەكمۇ ھالەت يوق، شۇنچىلىك ئېغىر، راستچىل،

ئۇنىڭغا قاراپ تۇرغان ئادەمنىڭ ئەخمىقانە تەكەللۇپ سۆزلىرىنى قىلىشقىمۇ كۆڭلى بارمايتتى.

— ئۆيگە كىرىڭلار، — دېدى ئۇ ئۇلارنى ئۆيگە باشلاپ، — سۈت چايقاۋاتاتتىم، توختىتىپ قويسام بولمايدۇ، ئېغىر ئالماسلىقىڭلارنى سورايمەن. بايامقى مېھمانلار كەلگەندىمۇ مۇشۇ ئىشنى قىلىۋاتاتتىم، توختىتىپ قويمىدىم، توختىتىپ قويسام سېرىق ماي ئالالماي شۇنچە كۆپ سۈت بۇزۇلۇپ كېتەتتى.

— يەكشەنبە كۈنىمۇ سۈت چايقاپ ئولتۇردۇڭمۇ، نېمىدېگەن تىنىمسىز قىزسەن، — دېدى نانسى، — ئۇللىي، كۆردىڭىزمۇ؟ سېرىق ماي مانا مۇشۇنداق ئېلىنىدۇ. سىز بىلەن بەسلىشەمەنكى، سىز سېرىق ماينى كالىنىڭ ئەمچىكىدىن بىۋاستە سېغىۋېلىنىدۇ، ئاندىن قەغەزلەرگە ئوراپ ماگىزىنغا ئاپىرىپ، ساتىدۇ، دەپ بىلىسىز، سەن ئىشىڭنى قىلىۋەرگىن، — دېدى ئۇ ئېيساغا، — ھېرىپ قالغۇدەك بولساڭ مەن ياردەملەشسەممۇ بولىدۇ. مەن سېنى بىزنىڭ تويىمىزغا تەكلىپ قىلىپ كەلگەن.

— سېنىڭ توي قىلىدىغىنىڭنى مەن ئاڭلىغان، — دېدى ئېيسا ئۇنىڭغا.

— مەن ساڭا تەكلىپنامە ئەۋەتكەن، تاپشۇرۇۋالدىڭمۇ، يوق، بىلەلمىدىم، شۇڭا ئۆز ئاغزىم بىلەن دەپ قويۇش ئۈچۈن ئالدىڭغا ئۆزۈم كەلدىم. قاچان تويغا بارىدىغانلىقىڭنى دېگەندە، ئاندىن قايتىپ كېتىمەن.

ئۇلار ئاشخانىغا كىردى، ئاشخانىنىڭ دېرىزىسىنىڭ يۇز قاناتلىق چۇشۇرگۇسى ئەڭ ئاستىغىچە چۇشۇرۇكلۇك تۇراتتى، تورۇستا بىر شامالدۇرغۇچ گۇرۇلدەپ پىرقىراپ تۇرۇۋېتىپتۇ، تاماقلارنىڭ، چۆپ دورىسىنىڭ، كىرسىنىڭ پۇراقلىرى ئاشخانىنىڭ ئىچىنى بىر ئاپتۇ. بۇ پۇراقلارنىڭ تاملارغا، يەرگە سىڭىپ كەتكىنىگىمۇ نەچچە ئون يىللار بولغاندۇ، لېكىن بۇ ئۆيدە ئولتۇرغانلار — سېرىق ماي چىقىرىش ئۈچۈن ھاسىراپ -

ھۆمۈدەپ سۈت چايقاۋاتقان، ھېرىپ ھالى قالمايۋاتقان بۇ قىزمۇ شۇلارنىڭ ئىچىدە — ئاۋارىچىلىك كۆرمەي، شۇنچە ئېغىر ئەمگەكلەرنىڭ ئىچىدىن ۋاقىت چىقىرىپ چىنە ـ قاچا قويىدىغان جاۋەن ـ ئىشكاپلارنى، ئىشىكلەرنى ھاۋا رەڭ سىردا چىرايلىق سىرلاپ چىقىپتۇ.

تاختاينى پاكىز ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، بۇ قىز يەنە سۈت چايقاۋاتقان يوغان ياغاچ تۇڭنىڭ ئەتراپىغا كونا گېزىتلەرنى يېيىتىپ قويۇپتۇ. ئەمما، تاماق يەيدىغان ئۇستەل بىلەن مەشنىڭ ئەتراپىدىكى ئادەم كۆپ ماڭىدىغان يەرلەرنىڭ تاختايلىرى بەزى يەرلىرى ئويۇلۇپ، بەزى يەرلىرىنىڭ سىرى چۈشۈپ سەتلىشىپ قاپتۇ. ئوللىي يۇرتىدىكى چاغدا دېھقان قىزلىرىنىڭ ئالدىدا، ئوغۇل بالىدەك ناھايىتى مەغرۇر يۇرەتتى، ئۇلاردىن ياردىمىم كېرەكمۇ دەپ سوراپ تۇراتتى. لېكىن، بۇ ئۆيدىكى بۇنداق ئەھۋالدا ئۇنداق قىلىشقا ھەم ئۇنداق گەپلەرنى قىلىشقا جۇرئەت قىلالمىدى. تېخى سىجەزى ئوسال قىزلاردەك قىلمايتتى، ئۆزىدىن ئازراق چوڭدەك، كۆڭلى تۈز، ئەمما كىشىلەرگە ئوچۇق چىراي ئەمەستەك قىلاتتى. شۇنداق بولغاچقا، ئادەمنىڭ كۆزىگە ئىسسىق كۆرۈنمەيتتى. بىر ئازدىن كېيىن، تولا گەپ قىلىپ توختىمايۋاتقان نانسىمۇ تىنچلىنىپ قالدى.

سېرىق ماي تارتىلىپ بولدى. نانسى ئورنىدىن تۇرۇپ بېرىپ كۆرۈپ باقتى، ئوللىيىنىمۇ كۆرۈپ بېقىشقا چاقىردى. ئوللىي سېرىق ماينىڭ شۇنچىلىك سۈزۈك، ئازراقمۇ سېرىق ئەمەسلىكىگە ھەيران قالدى. ئەمما، نانسى شۇنىمۇ بىلمەمسىز دەپ زاڭلىق قىلمىسۇن دەپ ھەيران قالغانلىقىنى دېمىدى. ئاندىن ئۇ ئىككى قىز بىر كاللەك مىلىچ ـ مىلىچ نەرسىنى بىر پارچە داكىنىڭ ئىچىگە ئېلىپ تارراق بىر تاختاي بىلەن ئۈستىدىن باستى، سۈيى چىقىپ تۈگىگەندىن كېيىن، تاختاينى ئېلىۋېتىپ سېرىق ماينى ئوراقلىق پېتى يەر ئاستىدىكى ئامبار ئۆيگە ئەچۈشۈپ كەتتى. شوتىنىڭ قانچىلىك ئېگىزلىكتە ئىكەنلىكىنى

ئۆللىي بىلمەيتتى. بىر چاغدا خۇددى ئۈستىدىن پەسكە بىراقلا غۇلاپ چۈشكەندەك، نانسىنىڭ ئەنسىز چىرقىرىغان ئاۋازى ئاڭلاندى. ئۆللىي ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، بۇ ئىشنى تېخى بىر ئادەم قىلسىمۇ بولاتتى. نانسى چۈشىمەن دەپ تۇرۇۋالغاچقا ماقۇل دەپتۇ ـ دە، خۇددى بىر ئىشنى قىلىمەن دەپ غىڭشىتىپ تۇرۇۋالغان كىچىك بالىغا ئامال قىلالمىغاندەك، دەپ ئويلىدى. تېسا نانسىغا تاختاينىڭ ئۈستىگە يېيىتىپ قويغان گېزىتلەرنى يىغىشتۇرۇپ ئېلىۋېتىشنى بۇيرۇدى، ئۆزى ئامباردىن ئاچقىقان بىر بوتۇلكا لىمون سۈيىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى، ئۆيىنىڭ بىر بۇلۇڭىدىكى توڭلاتقۇدىن بىر پارچە مۇز ئالدى، ئاندىن مۇزنىڭ ئۈستىدىكى يۇقۇپ قالغان ھەرە كېپەكلىرىنى يۇيۇپ تازىلىۋېتىپ بولۇپلا بىلەن ئۇششاق چاناپ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئىستاكانلىرىغا ئازراقتىن سېلىپ بەردى. ئۇ بۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقاندا ئۆللىي ئۇنىڭغا ياردەم بېرىش توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمىدى.

— بولدى، تېسا، — دېدى نانسى لىمون سۈيىدىن بىر يۇتۇم ئىچىۋېتىپ، — ئەمدى ۋاقىت يەتتى، ماڭا ئازراق ياردەم قىلغىن، رەھمەت ساڭا.

تېسا ئۆزى ياسىغان لىمون سۈيىنى ئىچىپ ئولتۇراتتى.

— ئۆللىيغا دەپ قويغىن، — دېدى نانسى، — ئۇنىڭغا دە، ئۇنىڭ يانچۇقىدا بىرنەرسىلەر بار. ئاۋۋال ئۇنىڭ يانچۇقىدىن باشلىسۇن.

تېسا بېشىنى كۆتۈرۈپمۇ قويماي:

— يانچۇقىدا پۇل قاپچۇقى بارمىدى؟ — دەپ سورىدى.

— ھەئە، گېپىڭنى داۋاملاشتۇرغىن، — دېدى نانسى.

— ئۇ توغرا دەيدۇ، — دېدى ئۆللىي، — يانچۇقۇمدا پۇل قاپچۇقى بار. ئۇ ھازىرمۇ يانچۇقىدا نېمە باركىن دەپ ئويلاۋاتامدۇ؟ ئەمەلىيەتتە يانچۇقۇمدا ھېچنېمە يوق.

— ئۇنىڭ بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، تېسا، — دېدى نانسى، — ئۇنىڭغا دېگىن، يەنە نېمە باركىن، ئۇڭ تەرەپتىكى يانچۇقىدا.

— يانچۇقۇمدا زادى نېمە بار، ئوچۇق دېمەمسىز؟ — دېدى ئوللېي.

— تېسسا، — دېدى نانسى تولىمۇ يېقىملىق ئاھاڭدا، — ئۇنىڭ يانچۇقىغا قاراپ باققىن. تېسسا، سەن بىلەن ئىككىمىز كونا دوست، ئېسىڭدىمۇ بىزنىڭ دوستلۇقىمىز تۇنۇگۈن باشلانغان دوستلۇق ئەمەس، بىز بىرىنچى سىنىپتا ئوقۇۋاتقان ۋاقتىمىزدىن تارتىپ دوست بولۇپ ئۆتكەن.

— نانسى، سىز نېمە ئويۇن ئويناۋاتىسىز، — دېدى ئوللېي، — ئىككىڭلار بىرلىشىۋېلىپ بىرەر سۇيىقەست پىلانلاۋاتامسىلەر قانداق؟

نانسى ئۇنىڭغا قاراپ بار ئاۋازى بىلەن كۈلۈپ كەتتى.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ — دېدى ئۇ، — يانچۇقىڭىزدا بىزگە كۆرسەتكىلى بولمايدىغان قانداق بىرنەرسە بار؟ سىپىسىق پايپىقىڭىزنى سېلىپ قويغان بولمىغىيدىڭىز؟

— بىر تال قېرىنداش، بىرنەچچە تەڭگە پۇل بار ئىكەن، جەمئىي قانچە پۇل ئىكەنلىكىنى بىلمىدىم. يەنە بىر ۋاراق قەغەز چىقتى، ئۇستىگە بىرنەرسىلەرنى يېزىپ قويغاندەك قىلامدۇ نېمە؟ باسمىدا باسقان قەغەزدەكمۇ قىلىدۇ.

— يانچۇقىڭىزدىكى ھەممە نېمىڭىزنى ئېلىڭ، ئوللېي، — دەپ توۋلىدى نانسى، — بىرسىنى قالدۇرماي چىقىرىڭ.

— يەنە بىر تال سېغىز چىقتى، — دېدى تېيشا، — بىر تال سېغىزدىن باشقا ھېچنېمە يوق، ھەممىسى شۇ ئىكەن.

ئۇ بولاقلىق قەغىزىدىن ئايرىۋېتىپ باشقا بىر قەغەزگە ئوراپ قويغان سېغىز ئىكەن.

— مەن يانچۇقۇمدا نېمىلەرنىڭ بارلىقىنى ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى ئوللېي. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇنتۇپ قالمىغانىدى. يانچۇقىدىن ئىشلىتىپ ئازراق قالغان قېرىنداش، بىرنەچچە مېتال پۇل بىلەن مىس پۇل، گېزىتتىن يىرتىۋالغان بىر پارچە گېزىت دېگەندەك بىرنەرسىلەرنى چىقاردى.

www.uyghurkitap.com

— بۇ نەرسىلەرنى كىمنىڭ بەرگەنلىكىنى بىلمەيمەن، — دېدى ئۇ. نانسى ئۇ نەرسىلەرنى ئۇنىڭ قولىدىن تارتىۋېلىپ يەرگە يېيىپ كۆرۈپ باقتى.

— مەن قىممىتى ئۆزىنىڭ قىممىتىدىن ئېشىپ كېتىدىغان ئەسلىي ئەسەرلەرنى يىغىۋاتىمەن، شېئىر بولامدۇ، نەسر بولامدۇ، ھەممىسى بولىۋېرىدۇ، — ئۇ گېزىت پارچىسىنى قولىغا ئېلىۋېلىپ ئوقۇشقا باشلىدى، — ئۇ نەرسىلەرنىڭ ئۇستىدىن ئەستايىدىل تەھلىل يۈرگۈزمەكچىمەن...

ئوللېي ئۇنىڭ قولىدىن ئۇ گېزىت پارچىسىنى تارتىۋالدى.

— بۇ نەرسىنى ماڭا بىرسى بەرگەن، ئادەم ئالدايدىغان نەرسىمۇ قانداق، بىلمەيمەن، مېنىڭ پىكرىمنى ئاڭلاپ باقماقچىكەن.

— ھەي، ئوللېي.

— ئۇنىڭ ھازىرغىچە يانچۇقۇمدا تۇرغانلىقىنى بىلمەپتىمەن، ئاۋۇ سېغىزمۇ ھەم شۇنداق.

— سىز بۇنىڭدىن ھەيران قالمىدىڭىزمۇ؟

— ئۇنتۇپ قالغىنىم ئۈچۈن ئۇنداق ھېسسىياتتا بولۇپ باقماپتىمەن.

— سىز تېسانىڭ ھالىتىگە ھەيران بولمىدىڭىزمۇ؟ ئۇ ئۇنىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى بىلىدۇغۇ؟

ئوللېي تېسادىن بىزار بولۇپ تۇرۇۋاتىسىمۇ ئۇنىڭغا قاراپ مەجبۇرىي كۈلۈپ قويدى. بۇ ئىشلار ئۇنىڭ سەۋەبىدىن چىققان ئەمەس ئىدى.

— ھەممە ئادەمنىڭ يانچۇقىدا مۇشۇنىڭغا ئوخشاش نەرسىلەر بولىدۇ، — دېدى ئوللېي، — مېتال پۇلمۇ شۇنداق، قېرىنداشقا كەلسەك...

— سېغىزچۇ؟ — دەپ سورىدى نانسى.

— ئۇ نەرسىمۇ شۇنداق.

— خەت بېسىلغان قەغەزمۇ بار. ئۇ ئۇنى مەتبەئە قەغىزى

دېدى.

— ئۇنى ئۇ مەتبەئە قەغىزى دېمىدى، بىر ۋاراق قەغەز ئىكەن دېدى. ئۇنىڭغا يېزىلغان نەرسىلەرنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىكەن. سىز بىلمەيسىز، شۇنداقمۇ؟ — دېدى ئۇللېي تېسساغا قاراپ.

تېسسا بېشىنى چايقاپ قويدى. ئاندىن بىرنېمىنى تىڭشاۋاتقاندەك ئىشىكتىن تالاغا قارىدى.

— كوچىغا بىر ماشىنا كىرگەندەك قىلىۋاتىدۇ.

ئۇنىڭ دېگىنى توغرا ئىدى، ئەمدى هازىر نانسى بىلەن ئۇللېيمۇ ئاڭلىغانىدى. نانسى يۈگۈرۈپ دېرىزىنىڭ تۈۋىگە بېرىپ پەردىنىڭ يوچۇقىدىن تالاغا قاراپ باقتى. دەل شۇ چاغدا تېسسا ئويلاپ باقمىغانلا يەردىن ئۇللېيغا قاراپ كۈلۈپ قويدى. بۇ باشقا بىر ئىشنى ئويلاپ ئەمەس، كەچۈرۈم سورىغان ياكى ناز قىلغاندەك كۈلگەن كۈلكە ئىدى، ئۇنىڭ كەلگىنىگە خۇشال بولۇپ كۈلۈۋاتىدۇ دېيىشمۇ بولاتتى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق مەقسەت يوشۇرۇنغان كۈلكە ئەمەس ئىدى. بۇ كۈلكىگە ئىچ ـ ئىچىدىن قايناپ تۇرۇۋاتقان مېھرىبانلىق، ئۆزىنى ئازادە سېزىۋاتقانلىقتىن چىقىۋاتقان كۆڭۈل ئازادىلىكتىن كېلىپ چىقىۋاتقان كۈلكە دەپمۇ تەبىر بېرىشكە بولاتتى. ئارقىدىن ئۇنىڭ كەڭ گەۋدىسى سىلكىنىپ كەتتى، بۇمۇ باشقا بىر خىل كۆڭۈل ئازادىلىكىنىڭ بەلگىسى، ئۇ كۈلكىنىڭ پۈتۈن بەدىنىگە راھەت بېرىۋاتقانلىقىنىڭ نازۇك ئىپادىسى ئىدى.

— بىزنى تازىمۇ نەس باستىغۇ بۈگۈن، — دېدى نانسى. ئۇ ھەرقانداق ئىش بولۇپ كەتمىسىمۇ ئۇللېي بۇ يەرگە كەلگەندىن بېرى كۆرگەنلىرى، دىققەت قىلغانلىرىدىن قاتتىق ھەيرانلىقتا، ھاياجانغا چۆشۈۋاتقان ھېسسىياتلىرىنى بېسىۋېلىپ تۇرۇۋاتقانغا ئوخشاش ئۆزىنى، ئۆزىنىڭ ھاياجىنىنى كۆچەپ بېسىۋېلىشى كېرەك ئىدى.

تېسسا ئىشىكنى ئېچىپ، ئۇ ماشىنىدىن بىر ئەر كىشىنىڭ چۈشۈۋاتقانلىقىنى كۆردى. ئۇ ئادەم دەرۋازىنىڭ ئالدىغا كېلىپ،

نانسى بىلەن ئوللېينى ساقلاۋاتقاندەك مىدىرلىماي تۇرۇپ قالدى. ئۇ ئاتمىش ياشلاردا بار، گەۋدىلىك، چىرايى ئىنتايىن سۈرلۈك، ئۈستىگە سۇس رەڭلىك يازلىق كاستيۇم - بۇرۇلكا، بېشىغا شلەپە كىيىۋالغان ئادەم ئىكەن، ماشىنىسى يېڭى شەكىلدىكى كىچىك ماشىنىدەك قىلىدۇ. ئۇ نانسى بىلەن ئوللېيغا ناھايىتى قىسقىلا ھۆرمەت بىلدۈرۈپ بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى، ئۇ ئىككىسىگە تازا قىزىقىپ كەتمەيدىغاندەك قىلاتتى، خۇددى ئامبۇلاتورىيەنىڭ ئىشىكىنى ناتونۇش بىر ئادەمگە ئېچىپ بېرىۋاتقاندەك چىرايىدا قېتىپ قالغان ئىپادىدىن باشقا ھېچقانداق بىر ئالامەت يوق ئىدى.

تېپسا ئىشىكنى يېپىپ كىرىپ كەتكەندىن كېيىن، يەنە بىر ماشىنا كوچىنىڭ يىراق دوقمۇشىغا كېلىپ توختىدى.

— قاراڭلار، ئۇلارنىڭ ئۆچىرەتتە تۇرغاندەك تۇرۇپ كەتكىنىنى، — دېدى نانسى، — يەكشەنبە كۈنى چۈشتىن كېيىن ئالدىراش بولۇپ كېتىپتۇ - دە، بۇلار بولۇپمۇ يازدا مۇشۇنداق بولۇپ كېتىدۇ، نەچچە ئون ئىنگلىز مىلى يىراقلىقتىن مەخسۇس تېپسانى دەپ كېلىشىدۇ.

— يانچۇقلىرىدىكى يوقاپ كەتكەن نەرسىلىرىنى نەدىن تاپقىلى بولىدىغانلىقىنى سوراش ئۈچۈنمۇ؟

نانسى ئۇنىڭغا خۇشياقمىغاندەك گەپ قىلىۋاتاتتى.

— بۇ ئادەملەرنىڭ نۇرغۇنى تېپسادىن يىتىپ كەتكەن نەرسىلىرىنىڭ نەدىلىكىنى سورىغىلى كېلىدۇ. ھەممىسى قىممەتلىك نەرسىلەر، يوقالغان نەرسىلىرىنى ئەلۋەتتە شۇنداق دەيدۇ - دە.

— ئۇ دەپ بەرگىنىگە ھەق ئالامدۇ؟

— مېنىڭچە ئالماسمىكىن.

— چوقۇم ئالىدۇ.

— ئۇ ناھايىتى كەمبەغەل تۇرسا؟

— نېمىشقا ئۇنداق دەيسىز؟

— ئۇغۇ راست، ئۇنىڭغىمۇ ئاش - نان كېرەك - دە.
— ئۇنىڭ موللا تاپقاقلىقى داۋاملىق توغرا چىقمىۋەرمەيدىغاندۇ؟
— مەن ئۇنى توغرا تاپالايدۇ دەپ ئويلايمەن، بولمىسا ئادەملەر ئايىغى ئۈزۈلمەي كېلىپ تۇرامدۇ دەيسىز، شۇنداقمۇ؟
ئۇلار ئىككى تەرىپىدىكى قويۇق چاتقاللىقلاردا ئەتىرگۈلگە ئوخشاش خىلمۇخىل گۈللەر ئېچىلىپ تۇرغان باپامقى تار يولغا كەلگەندە ئاغزىلىرى بېسىقىپ يۈز - كۆزلىرىدىكى تەرلىرىنى سۈرتۈشكە باشلىدى، باپامقىدەك كاج تالىشىشلارمۇ يوق جىمجىت ماڭدى.
بىر چاغدا ئوللىي يەنە گەپ باشلاپ:
— مەن راستلا ئۇنىڭ ئىشىنى چۈشىنەلمەيۋاتىمەن، — دېدى.
— پەرىزىمچە، ئۇنىڭ ئىشلىرىنى چۈشىنىدىغان بىرمۇ ئادەم بولمىسا كېرەك. ئۇ باشقىلارنىڭ يىتىپ كەتكەن نەرسىلىرىنى تېپىپ بېرىشتىن باشقا يەنە يوقاپ كەتكەن جەسەتنىڭ نەدە ياتقانلىقىنىمۇ دەپ بېرەلەيدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى نانسى.
— جەسەت؟
— بىر ئادەم رېلىسنىڭ ئۈستىدە مېڭىپ كېتىۋاتقاندا قاتتىق شىۋىرغان چىقىپ شۇ شىۋىرغاندا يوقاپ كېتىپتۇ. كىشىلەر ئۇنى ئىزدەپ تاپالماي توڭلاپ ئۆلگەن ئوخشايدۇ، دېيىشىپتۇ، شۇنداقتىمۇ كېلىپ تېسسادىن سوراپتىكەن، تېسسا ئۇلارغا بىر يارنى دەپ بېرىپ، شۇ يارنىڭ ئاستىدىكى كۆلدىن ئىزدەپ بېقىڭلار، دەپتۇ، ئۇ دېگەندەك ئۇ ئادەمنىڭ جەسىتى ئاشۇ كۆلدىن چىقىپتۇ. ئۇ كۆل بىلەن ئۇ ماڭغان رېلىسنىڭ ئارىلىقى تولىمۇ يىراق ئىكەن. يەنە بىر قېتىم بىرسىنىڭ كالىسى يىتىپ كېتىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەپتىكەن، ئۇ ئۇنىڭ كالىسىنى سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ كېتىپتۇ، دەپتۇ. ئۇ كالا ئۇ دېگەندەك راستلا سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلگەنىكەن.

— راستمۇ؟ — دېدى ئۆللىبي تېخىمۇ ھەيران قىلىپ، — ئەگەر سىز دېگەن ئاشۇ ئىشلار راست بولسا نېمە ئۈچۈن ئادەملەر ئۇنىڭ ئۈستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمايدۇ؟ ئىلمىي تەكشۈرۈش دېمەكچىمەن.

— مېنىڭ دېگەنلىرىم يۈزدەيۈز توغرا.

— مەن ئۇنىڭغا ئىشەنمەيمەن دېمەكچى ئەمەس، ئۇنىڭ قانداق بولۇپ شۇنداق قىلالايدىغانلىقىغا ھەيرانمەن. سىز ئۇنىڭدىن نېمە ئۈچۈنلۈكىنى پەقەتلا سوراپ باقمىدىڭىزمۇ؟

نانسى ئۇنى ھەيران قالدۇرۇپ:

— ئۇنىڭدىن ئۇنداق دەپ سوراش ئەدەپسىزلىك بولمامدۇ؟ — دەپ جاۋاب بەردى.

نانسىنىڭ ئەمدى بۇ مەزمۇندىكى گەپلەرنى قىلغۇسى كەلمەي قالدى.

— ئۇنداق بولسا، — دېدى ئۆللىبي سوئال سوراشتىن بىر دەقىقىمۇ قالماي، — ئۇ باشلانغۇچ مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ۋاقىتلىرىدىمۇ مۇشۇنداقمىدۇ؟

— ياق، مەنمۇ تازا بىلىپ كەتمەيمەن. ئۇنداق ئالامەتلەرنى ئۇنىڭدا پەقەتلا كۆرۈپ باقمىغانمەن.

— ئۇ باشقا بالىلارغا ئوخشاش يۈرەمتى؟

— شۇنداق، بىزگە ئوخشاشلا يۈرەتتى، ئايرىمچىلىقى يوق ئىدى، لېكىن يەنە ھەممە ئادەمنى ئوخشاش دەپ قاراپ كەتكىلىمۇ بولمايدۇ. ئۆزۈمنى ئالسام، باشقا بالىلارغا ئوخشايمەن دەپ پەقەتلا ئويلاپ باقمىغان، كىننىپىمۇ چوقۇم ماڭا ئوخشاش ئويلايدۇ. تېپسانىڭ بىزگە ئوخشىمايدىغان يېرى ئۆيى بەك يىراق ئىدى، ئەتىگەندە مەكتەپكە كەلگۈچە كالىسىنى سېغىۋېتىپ كېلەتتى، قالغانلىرىمىزنىڭ ئۇنداق ئىشلىرى يوق. مەن تېپسا بىلەن دوست بولۇشقا كۆپ تىرىشقان.

— مەنمۇ شۇنداقراق ئويلايمەن، — دېدى ئۆللىبي ئۇنىڭ بۇ گېپىگە ماسلىشىپ.

— مېنىڭ خىيالىمدا، — دېدى نانسى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك گېپىنى داۋام قىلىپ، — ئۇنىڭ بۇ ئىشى ئۇ ئاغرىپ قالغاندىن كېيىن باشلانغان بولۇشى مۇمكىن. بىز تولۇق ئوتتۇرىنىڭ ئىككىنچى يىللىقىغا چىققاندا ئۇ تۇيۇقسىز ئاغرىپ قېلىپ مەكتەپتە ئوقۇيالمىدى، كېيىن ياخشى بولۇپ قالغاندىن كېيىنمۇ مەكتەپكە كەلمىدى. شۇنىڭدىن باشلاپ بىز بىللىمۇ بولالمىدى.

— قانداق كېسەل؟ ئىچى سۇرۇپ توختىمايدىغانمۇ؟ — دېدى ئوللېي.

— ئۇنداق كېسەللىكنى ئاڭلاپ باقماپتىكەنمەن، — نانسى ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆزىنى سەل تارتىپراق ماڭدى، — ئويلاپ باقسام، مەن ناھايىتى ئوسال بىر ئىش قىپتىمەن.

ئوللېي بۇ گەپنى ئاڭلاپ توختاپ قالدى.

— نېمە ئىش بولدى؟ — سورىدى ئۇ.

نانسىمۇ ماڭماي جايىدا تۇرۇپ قالدى.

— مەن سىزنى بۇ يەرگە باشلاپ كېلىپ بىزنىڭ بۇ يەردىكى ناھايىتى ئاز ئۇچرايدىغان بىر ئىشنى سىزگە كۆرسىتىپ قويۇپتىمەن، دېمەكچىمەنكى، تېپسانى سىزگە تونۇشتۇرۇپ قويۇپ يامان قىپتىمەن.

— ئۇنىڭغا نېمە بولاتتى؟

— سىز بىزنىڭ بۇ يەردە كۆرگۈدەك ھېچنېمە يوقكەن، دەپ ئويلاپ قالىسىز ھەم بىزنىڭ ئۈستىمىزدىن كۈلىسىز، ھەممىمىزنىڭ ئۈستىدىن. مەن ئۇنى خۇددى ئۇ باشقىچە غەلىتە بىر ئادەمدەك سىزگە كۆرسىتىشكە ئالدىراپ كېتىپتىمەن.

— غەلىتە ئادەم دېگەن بۇ سۆزنى مەن ھەرگىز تېپساغا ئوخشاش ئادەملەرگە ئىشلەتمەيمەن.

— بىراق، دەسلەپتە مەندە شۇنداق ئوي بولغان، شۇڭا ھازىر كاللامنى يانجىۋەتكۈم كېلىپ كېتىۋاتىدۇ.

— ئۇنچىلىكمۇ ئەمەستۇ.

www.uyghurkitap.com

— شۇ تۇرقىدا ئۇنىڭ يېنىغا قايتا بېرىپ ئۇنىڭدىن كەچۈرۈم سورايمىكىن دەۋاتىمەن.

— سىزنىڭ ئورنىڭىزدا مەن بولسام ھەرگىز ئۇنداق قىلمايتتىم.

— راست ئۇنداق قىلمامسىز؟

— راست.

ئاشۇ كۈنى كەچتە، ئۇللىبي نانسى ئۈچۈن بىرمۇنچە سوغۇق تاماقلارنى تەييارلاپ ئۈستەلگە تىزىپ چىقتى، ئۇنىڭ ئىچىدە بوكس خانىم پىشۇرۇپ توڭلاتقۇغا سېلىپ قويغان پىشۇرۇلغان توخۇ گۆشى بىلەن مېۋىلەردىن قىلغان سالاتمۇ، نانسى شەنبە كۈنى دۇخوپكىدا پىشۇرغان، تاماق ئورنىدا يېگىلى بولىدىغان تورتمۇ بار ئىدى، بۇ نەرسىلەرنى بۆلجۈرگەن بىلەن قوشۇپ ئۈستەلگە تىزدى. ئۈستەل سىرتتىكى دەرەخلەرنىڭ كۆلەڭگىلىرى چۈشۈپ تۇرىدىغان كارىدورنىڭ دېرىزىسى يېنىغا قويۇلغانىدى. ئۇللىبي ئاساسلىق تاماقلار بىلەن تاتلىق يېمەكلىكلەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىكار بولغان تەخسىلەر بىلەن سالاتنىڭ تەخسىسىنى ئېلىپ ئاشخانىغا ئاچىقىپ قويدى.

ئۇللىبي تۇيۇقسىز تامدىن تارىشا چۈشكەندەك:

— مەن ھازىر بىر ئىشنى ئويلاپ قالدىم، ئۇ ئادەملەرنىڭ ئىچىدە ھېچكىم ئۇنىڭغا توخۇ، بۆلجۈرگەن دېگەندەك نەرسىلەرنى سوۋغا قىلىپ ئاپارمىغانمىدۇ؟ — دېدى.

نانسى ئەڭ چىرايلىق بۆلجۈرگەنلەرنى تاتلىق مېۋە سۈيىگە چىلاۋاتاتتى. بىر ئازدىن كېيىن ئۇللىبيغا خۇددى ئۇنىڭ ئۇ گېپىنى ئاڭلىمىغاندەك:

— كەچۈرۈڭ، بايام نېمە دېدىڭىز؟ — دېدى.

— ئاشۇ قىزنى، تېسسانى دەۋاتىمەن.

— ھىم، بىلدىم. توخۇ دېگەن ئۇنىڭدا نۇرغۇن، لازىم بولسا بىرنى تۇتۇپ كىرىپلا بوغۇزلىسا بولىدۇ. قورۇسىدىكى بىر پارچە

يەرگە بۆلجۈرگەن كۆچۈرۈپ قويسىمۇ مەن ئۇنىڭغا ھەرگىز ھەيران قالمايمەن، چۈنكى بۆلجۈرگەن ھەممە ئادەمنىڭ قورۇلىرىدا بار.

ئۇ ئوللىپىنىڭ ئاشۇنداق گەپلىرى بىلەن يول بويى ئاچچىق يۇتۇپ كەلگەنىدى. ھازىر ئازراق ياخشى بولۇپ قالدى ھەم ئۇ ئىشلارنى ئويلىمايدىغانمۇ بولدى.

— بۇ يالغۇز ئۇنىڭ غەلىتە ئادەم ئىكەنلىكى مەسىلىسىلا ئەمەس، — دېدى ئوللىپى، — ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئۆزىنى ئۇنداق ئادەم دەپ ئويلىمايدىكەن، مەسىلە مانا مۇشۇ يەردە.

— ئەلۋەتتە، ئۇنداق ئويلىمايدۇ ـ دە.

— ئۆزىمۇ ھازىرقى ئەھۋالىدىن رازى ئوخشايدۇ، ئۇنىڭ كۆزلىرى شۇ قەدەر ئۆتكۈر ئىكەن.

نانسى ۋولفنى توۋلاپ، تاتلىق يېمەكلىكلەرنى تەييارلىغۇچە پىيانىنو چېلىپ بېرىشكە بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى سورىدى.

ۋولف ئۆزىنىڭ ئازراق چارچاپ قالغانلىقىنى ئېيتىپ، سەل تەخىر قىلىپ تۇرۇشنى دېدى.

لېكىن، شۇنداق دەپ تۇرۇپمۇ يەنە چېلىپ بەردى. تاتلىق يېمەكلىكلەر تەييار بولۇپ ئۈستەلگە كەلتۈرۈلگەندە قاراڭغۇمۇ چۈشۈپ قالغانىدى. نانسىنىڭ دادىسى چىركاۋغا كەچلىك ئىبادەتكە بارمايتتى — ئۇ ئۆزىگە بۇنداق تەلەپ قويۇشنىڭ زىيادە ئىش ئىكەنلىكىنى دەپ تۇراتتى — ئەمما يەكشەنبە كۈنى ھەرقانداق قارتا ئويۇنلىرى بىلەن شاھمات تۇرلىرىنى ئويناشنى قاتتىق چەكلەيتتى. ۋولف پىيانىنو چېلىۋاتقاندا يەنە «كەچلىك پوچتا»نى ئوقۇپ ئولتۇرۇۋالدى. نانسى ئۈستىگە چىقىدىغان پەلەمپەينىڭ ئۇنىڭغا كۆرۈنمەيدىغان يېرىدە تاماكا چېكىپ ئولتۇراتتى، تاماكىنىڭ ئىسىنى دادامغا پۇراتمايمەن دەپ شۇ يەردە ئولتۇرۇۋالغانىدى.

— مەن توي قىلىپ بولغاندىن كېيىن، — دېدى ئۇ ئوللىپىغا،

www.uyghurkitap.com

ئوللىپي پەلەمپەيىنىڭ رىشاتكىسىغا يۆلىنىپ تۇراتتى، — قاچان تاماكا چەككۈم كەلسە شۇ چاغدا چېكىۋېرىمەن.

ئوللىپي ئۆپكىسى ياخشى بولمىغاچقا تاماكا چەكمەيتتى.

ئوللىپي ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— بولىدۇ، بولىدۇ، بۇمۇ بولىدىغان ئىش ئىكەن، — دېدى ئۇ.

ۋولف مۇزاتنىڭ «كىچىلىك بەزمە» ناملىق مۇزىكىسىنى چېلىۋاتاتتى. نوتىغا قاراپ ئەمەس، خاتىرىسى بويىچە چالاتتى.

— يارايدۇ، — دېدى ئوللىپي، — ئۇنىڭ بارماقلىرىنىڭ ھەرىكىتى ئېيىمدىگەن تېز، ئەمما قىزلار ئۇنىڭ ئۇ بارماقلىرىنى مۇزغا ئوخشىتىدىكەن.

ئۇ بۇ گەپنى ۋولف، نانسى ياكى ئۇلارنىڭ پات ئارىدا توي قىلىدىغانلىقى ئېسىدە يوقلا دەپ سالدى. خىيالىدا تېسا، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى ۋە ئۆزىنى تەمكىن تۇتۇشلىرى، مۇشۇنداق ئۇزاق ھەم ئىسسىق ئاخشاملىرى ئەتىرگۈللۈك چاتقال يولنىڭ ئەڭ چېتىدىكى ئۆيدە نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقلىرى بولغاچقا، باشقا ئىشلارنى كۆپ ئويلاپ كېتەلمەيۋاتاتتى. ئۇ مېھمانلار يەنە ئۇنى ئىزدەپ كېلىپ تۇرۇۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇ يەنە شۇنداق باشقىلارنىڭ تۇرمۇشتىكى خىلمۇخىل مەسىلىلىرىنى ھەل قىلىپ بېرىش ئۈچۈن ئالدىراپ يۈرۈۋاتامدىغاندۇ؟ ياكى سىرتقا چىقىپ ئىلەڭگۈچتە ئۇيىاقتىن - بۇيىاققا ئۈچۈپ ئولتۇرۇۋاتامدىغاندۇ؟ ئۇ يەردە ئۇنىڭغا ئاسماندىكى ئايدىن باشقا ھەمراھ بولغۇدەك ھېچكىم يوق، قانداق قىلىدىغاندۇ؟

ئوللىپي ناھايىتى تېزلا ئۇنىڭ كېچىدىكى پائالىيەتلىرىنى پەرەز قىلىپ چىقتى: ئۇ ئاخشاملىرى سۇ پومپىسىنى بېسىپ قۇدۇقتىن سۇ تارتىپ چىقىرىپ پەمىدۇرلىرىنى، پۇرچاقلىرىنى، بەرەڭگىلىرىنى سۇغۇرىدۇ. شۇلارنى ئويلاپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشقۇسى كېلىپ كەتتى، سۇرۇشتۇرۇپ كەلسە بۇمۇ ئۇنىڭ خىزمىتىنىڭ بىر تۈرىگە كىرەتتى.

شۇ كۈنلەردە نانسى تويىنىڭ تەييارلىق ئىشلىرى بىلەن بارغانسېرى ئالدىراش بولۇپ كەتتى، تېسسانىڭ ئىشلىرىنى ئويلاشقا پەقەتلا چولىسى تەگمەيتتى، ئوللىپى بىلەنمۇ كارى بولمىدى. ئارىلاپ ئۇنى ئىزدەپ تېپىپ ئۆزىگە ياردەمگە چاقىرىشنى ئويلاپ قوياتتى، لېكىن بۇ چاغلاردا ئۇ ئۆيدە بولمايتتى.

4 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى.

قەدىرلىك ئوللىپى:

مەن دائىم بىز كۈبېكتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، سىزدىن چوقۇم خەۋەر كېلىدۇ، دەپ ئويلاپ يۈرگەنىدىم، لېكىن مېنى ھەيران قالدۇرۇپ سىزدىن ھېچقانداق خەۋەر كەلمىدى (ھەتتا مىلاد بايرىمىدىن كېيىنمۇ شۇنداق بولدى). كېيىن بۇنىڭ سەۋەبىنى تاپقاندەك بولۇپ قولۇمغا قەلەم ئېلىپ سىزگە خەت يېزىپ باقتىم. لېكىن، خەتنى باشلاپ قويۇپ ئايىغىنى چىقىرالماي قەلەمنى بىرنەچچە قېتىم تاشلاپ قويغان چاغلىرىممۇ بولدى، چۈنكى مېنىڭ پىكىر يوللىرىم تېخىچە راۋان ئەمەس ئىكەن، سىزگە دېيەلەيدىغان بىرلا گېپىم، سىزنىڭ «شەنبە ئاخشىمى» دېگەن ماقالىڭىز، ئۇنىڭدا دېيىلگەن ئىشلار. ئۇ ئىشلارغا مەيلى سىز قانداق باھا بېرىڭ، ناھايىتى ياخشى يېزىلىپتۇ، ئۇنى سىزنىڭ شىلەپىڭىز ئۈستىدىكى بىر تال ئاق قۇ پېيى① دېسەممۇ ئارتۇق كەتمەيدۇ. ئۇ ماقالىڭىزنىڭ ئېلان قىلىنغىنىدىن پەخىرلەنگەن بولسىڭىز كېرەك. دادام ماقالىڭىزدىكى «كىچىك شەھەر» دېگەن سۆزىڭىزنى ياخشى كۆرمىدى. ئۇ ماڭا، خەت يازساڭ ئۇ ئەپەندىگە دەپ قوي، بىزنىڭ بۇ يەردىكى خۇرون شەھىرى ئۇ ئەپەندى دېگەندەك ئۇنداق كىچىك ئەمەس، ئاۋات ۋە مۇنەۋۋەر پورت، دېدى. مەن بىزنىڭ بۇ يەرنىڭ باشقا ھەرقانداق يەرگە قارىغاندا زېرىكىشلىك، مەنىسىز بىر يەرمۇ ئەمەسلىكىنى بىلمەيمەن، ئەمما سىزدىن بىزنىڭ بۇ يەرنى لىرىك تىللار بىلەن تەسۋىرلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن.

---

① ئاق قۇ پېيى — بۇ شان ـ شەرەپ تاجى دېگەن سۆز.

ئەڭ مۇھىمى تىپسانىڭ مەسىلىسى، بۇ ھەم بۇ ئىشنىڭ تىپسانىڭ تۇرمۇشىغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدىغان مەسىلە. مېنىڭچە، سىز بۇ مەسىلىنى كۆپ ئويلىمىدىڭىز. مەن ھازىرغىچە ئۇنىڭغا تېلېفون بېرىپ باقمىدىم. ماشىنىدا راھەت ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ ئۆيىگە قانداق بېرىشىمنىمۇ بىلمەيمەن. (بۇنىڭ سەۋەبىنىڭ نېمىلىكىنى ئۆزىڭىز ئويلاپ باقسىڭىز بولىدۇ). ئاڭلىسام، ھازىر ئۇنىڭ ئۆيىگە بارىدىغان مېھمانلار شۇنچىلىك كۆپ ئىكەن، كۆپلۈكىدىن ئۇنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغىچە ماشىنا ھەيدەپ بېرىش ئاسمانغا چىقماقتىنمۇ قىيىن ئىكەن. قىستاڭچىلىقتا ئادەملەر ھەتتا ياردىن پەسكە چۈشۈپمۇ كېتىدىكەن. ئۇ ئادەملەرنى يارنىڭ ئاستىدىن ئاچىقىدىغانغا كىرانمۇ توختىتىپ قويۇپتۇدەك (قۇتقۇلدۇرۇلغان ئۇ ئادەملەر ئۆزىنى قۇتقۇلدۇرغانلارغا رەھمەتمۇ دەپ قويمايدىكەن. مانا بۇ بىزنىڭ قالاقلىق تەرەپلىرىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ياخشى ماتېرىيال). يوللار قايتا رېمونت قىلىغۇسىز دەرىجىدە بۇزۇلۇپ كېتىپتۇ. بىز كۆرگەن چاتقاللىقتىكى ئۇ قىزىلگۇللەر تارىخ بولۇپ قالغاندەك قىلىدۇ. شەھەرلىك پارلامېنتتىكىلەر بۇ يولنى ياساشقا قانچىلىك پۇل كېتىدۇ، بۇ پۇلنى نەدىن چىقىرىمىز، دەپ كۈندە جېدەل - ماجىرا بىلەن ئۆتىدىكەن. نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ زىيانىنى بىز تارتىپ پايدىنى تىپسا ئالامدۇ، دەپ غەزىپى ئۆرلەپ تۇرۇۋېتىپتۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ پۇلنى چويلىدا سۇزگەندەك سۇزۇۋاتسا كېرەك. ئۇلار ئۇنىڭ بىكارغا بىر ئىش قىلمايدىغانلىقىنى بىلىدۇ. ئەگەر مۇشۇ ئىشتا ئوتتۇرىدىن پايدا ئالماقچى بولىدىغان ئادەم چىقىپ قېلىشى مۇمكىن دەپ قارىلىدىغان بولسا، مەن ئۇ ئادەمنى سىز دەپ بىلىمەن. مېنىڭ بۇ پىكرىمگە داداممۇ قوشۇلۇپ شۇنداقراق گەپ قىلدى. مەن سىزنىڭ مەنپەئەتنى بىرىنچى ئورۇنغا قويىدىغان ئادەم ئەمەسلىكىڭىزنى بىلىمەن. ھازىر سىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىش تىپسا ھەققىدىكى ئەسىرىڭىزنى بالدۇرراق ئېلان قىلىش. ئەگەر مېنىڭ بۇ گېپىمنىڭ سىزگە تېگىپ كېتىدىغان يېرى بولۇپ قالسا سىزدىن ئەپۇ سورايمەن، مېنى كەچۈرۈڭ، يۈكسەك ئىرادە ۋە نىشانغا ئىگە بولۇش ئەلۋەتتە ياخشى ئىش، لېكىن يەنە باشقىلارنى ئويلاشمۇ مۇھىم ئىش، شۇنداق ئەمەسمۇ؟

بەلكىم سىزنىڭ مەندىن كۈتىدىغىنىڭىز بىر پارچە تەبرىك خېتى

بولغىيدى، خېتىم ئويلىغىنىڭىزدەك بولمىدى. مېنى كەچۈرۈڭ، مەن مۇشۇنداق بوغۇزىغا كېلىپ قالغان نەرسىنى ئىچىگە يۇتۇۋەتمەيدىغان ئادەم.

سىزگە دەيدىغان يەنە بىر ئىشىم بار. سىزدىن شۇ ئىشنى سوراپ باقاي، سىز مۇشۇ ئىشنى يېزىپ ئېلان قىلىشنى باشتىن تارتىپ ھازىرغىچە ئويلاپ كېلىۋاتاتتىڭىزمۇ؟ يېقىندا ئاڭلىسام تېيسانىڭ ئۆيىگە ئۆزىڭىز يالغۇز بىرنەچچە قېتىم بېرىپسىز، سىز بۇ ئىشنى ماڭا بىر قېتىممۇ دەپ باقمىدىڭىز ياكى مېنى باشلاپ بارمىدىڭىز. ئۇنىڭ ھەققىدە ماتېرىيال يىغىۋاتقىنىڭىزنىمۇ ماڭا دەپ باقمىدىڭىز (مەن سىزنىڭ بۇ تەرىپىڭىزنى مېنىڭ مۇشۇنداق ئىپادىلەپ بېرىشىمنى خالايدىغانلىقىڭىزغا ئىشىنىمەن). ئەسلىدە سىزنىڭ بۇ ئىشقا تولىمۇ سەل قاراپ كەلگەنلىكىڭىز ھازىرغىچە ئېسىمدە تۇرۇپتۇ. يەنە تېخى ماقالىڭىزدە سىزنى ئۇنىڭ ئالدىغا مېنىڭ باشلاپ بارغانلىقىمنى ئۇنىڭغا سىزنى مېنىڭ تونۇشتۇرۇپ قويغانلىقىمنى بىر يەردە بولسىمۇ تىلغا ئېلىپ قويماپسىز، ئىككىمىز شۇ ھەقتە پاراڭلاشقانلىرىمىزدىمۇ يۇقىرىدا دېگەنلىرىم ھەققىدە بىر ئېغىز گەپ قىلىپ قويمىدىڭىز. شۇڭلاشقا، مەن سىزنىڭ تېيساغا بولغان غەرىزىڭىزنىڭ ساپلىقىدىن گۇمانلانماي تۇرالمىدىم، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مەن يەنە سىزنىڭ ئۇ ئىلمىي تەكشۈرۈشىڭىزنى ئالدىن ئۇنىڭغا دېگەنلىكىڭىز بىلەن ئۇنىڭ قوشۇلۇشىدىن ئۆتكۈزگەنلىكىڭىزدىنمۇ گۇمان قىلىمەن. سىز ئۆزىڭىز ئېلىپ بېرىۋاتقان ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنى تەتقىق قىلىۋاتقىنىڭىزنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ باقتىڭىزمۇ ياكى كەلگۈم كەلدىم، كەتكۈم كەلدى كېتىمەن، دەپ قويۇپ، بىزنىڭ ئاددىي پۇقرالىق ئورنىمىزدىن پايدىلىنىپ، ئۇنى ئۆزىڭىزنىڭ مەقسىتىگە يېتىشىنىڭ شوتىسىغا، ئەدەبىي ئىجادىيىتىڭىزنىڭ خام ماتېرىيالىغا ئايلاندۇرۇۋېلىپ، قالغان ئىشلار بىلەن كارىڭىز يوق يۈرۈۋەردىڭىزمۇ؟

بولدىلا، گېپىمنى توختىتاي، سىزگە ئامەت تىلەيمەن، ئوللىي، سىز ھەققىدىكى خەۋەرلەرنى يەنە ئاڭلاشنىمۇ خالىمايمەن. (سىزنىڭ مۇبارەك مەكتۇپىڭىزنى بىر قېتىم بولسىمۇ تاپشۇرۇۋېلىپ بويىنىمىزغا شەرەپ تاختىسىدەك ئېسىۋېلىشىمىزغىمۇ ئىمكانىيەت بەرمىدىڭىز.)

سىزنىڭ بىر نەۋرە يەڭگىڭىز نانسى.

سۆيۈملۈك نانسى:
نانسى، ئالدى بىلەن سىزگە شۇنى دەپ قويايكى، سىز ماڭا بىھۇدە خاپا بولۇۋاتىسىز. تېبسانى، ئەلۋەتتە مەلۇم بىر ئادەم بايقىشى ھەم ئۇ ھەقتە «بىرنەرسە يېزىشى كېرەك». خوش، ئۇ ئادەم مەن بولسام بولمامدىكەن؟ مەن ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن ئايرىم سۆزلەشكەندىن كېيىن، ئۇنىڭ ھەققىدە بىرنەرسە يېزىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى تەدرىجىي ھالدا ھېس قىلىپ يەتتىم ھەم ئۆزۈمنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتىمنى ئىنتايىن ئەستايىدىل ئېلىپ باردىم. بۇ مېنىڭ ماھىيەتتىمدىن ئېيتقاندا، مەڭگۈ بىركىمدىن كەچۈرۈم سورايدىغان ئىش ئەمەس. سىز، بۇ ئىشتا مېنىڭ تەستىقىمنى ئېلىشىڭىز، يا بولمىسا پىلانلىرىڭىز ۋە پىلانلىرىڭىزنىڭ ئىشقا ئېشىش ئەھۋاللىرىدىن ماڭا توختىماي دوكلات بېرىپ تۇرۇشىڭىز كېرەك ئىدى، دەپ ئويلايدىغان ئوخشايسىز، ئەمما سىز شۇ كۈنلەردە ئۆزىڭىزنىڭ توي ئىشلىرى بىلەن، توي كۆڭلىكىڭىز، ئۆيدىكى ھەشەمەت، ئۇنىڭدىن باشقا خۇدادىن باشقا ھېچكىم بىلمەيدىغان ئىشلىرىڭىز بىلەن ئىنتايىن ئالدىراش بولۇپ كەتكىنىڭىزنى، ئالدىراشلىقتا بىر قولىڭىزنى ئون قىلالماي يۈرگەنلىكىڭىزنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايسىز.
تېبسانىڭ ئىشىغا كەلسەك، ئەگەر سىز تېبسا توغرىسىدىكى ماقالىڭىزنى ئېلان قىلىۋېلىپلا ئۇنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كەتتىڭىز ياكى شۇ چاغلاردا بۇ ئىشنىڭ ئۇنىڭ تۇرمۇشىغا قانچىلىك تەسىر قىلغانلىقىنى پەقەتلا ئويلاپ باقمىدىڭىز دەپ ئويلايدىغان بولسىڭىز، پۈتۈنلەي خاتالاشقان بولىسىز. مەن ئۇنىڭدىن بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالغان، ئۇ خېتىدە سىز خېتىڭىزدە تەسۋىرلىگەن ئۇ قالايمىقان گەپلەر، ئىشلار توغرۇلۇق بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماپتۇ. ئەمدى ئۇ ئۇزاقتا قالماي ئۇ يەردە ئۇنداق كۈنلەرنى كۆرمەيدۇ. مەن مېنىڭ ئۇ ماقالەمنى ئوقۇغان ھەم ئۇ ماقالىگە ئىنتايىن قىزىققان بەزى ئادەملەر بىلەن بولغان ئالاقەمنى ئۈزمەي كېلىۋاتىمەن. بۇنداق ئىشلار ئۈستىدە قانۇنلۇق ھالدا مەخسۇس تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتقان ئادەملەر بار، ئۇلار كانادا، ئامېرىكىدا ئەڭ كۆپ، ئۇلارنىڭ بۇ خىل

ئىشلارغا ئاجراتقان خىراجىتى ئىنتايىن جىق، قىزىقىشلىرىمۇ قويۇق، شۇڭا مەن ئۇ تەرەپلەردىكى تەكشۈرۈش ئورۇنلىرىنىڭ — تېسسا تەتقىقات ئوبيېكتى، مەن بولسام، بۇ ئىشنىڭ كەينىگە چۈشۈپ تۇرۇپ خەۋەر بېرىپ تۇرغۇچى پەن - تېخنىكا مۇخبىرى — بوستون بىلەن بالتىمور ئەمەس، شىمالىي كارولىنا بولۇپ قالىدىغانلىقىنى پەرەز قىلىپ تۇرۇۋاتىمەن.

مەن سىزنىڭ نەزىرىڭىزدە ئىنتايىن ئەرزىمەس بىر ئادەم بولۇپ قالغانلىقىمدىن ئىنتايىن ئەنسىزلىنىمەن. سىز ئۆزىڭىزنىڭ تويدىن كېيىنكى تۇرمۇش ئەھۋالىڭىز توغرۇلۇق خېتىڭىزدە ھېچنېمە دېمەپسىز، ۋولف توغرۇلۇقمۇ ھېچقانداق گەپ يوق. ئەمما، مەن ئويلايمەن، تويدىن كېيىن سىز ئۇنى ئېلىپ كۆپىككە بېرىپ كەلدىڭىز. مەن سىلەرنىڭ بەختلىك، خۇشال - خۇرام ياشىشىڭلارنى ئۈمىد قىلىمەن.

سىزنىڭ ئوللېيىڭىز.

سۆيۈملۈك تېسسا:

سەن تېلېفوننىڭ سىممىنى تارتىۋەتكەن ئوخشايسەن، پەقەتلا ئۇلانمىدى. شۇنداق قىلىشىڭ زۆرۈر بولۇپ قالغاندەكمۇ قىلىدۇ، چۈنكى ھازىر سەن مەشھۇر شەخسكە ئايلىنىپ قالدىڭ، شۇڭا مېنى ئىزدەيدىغان ئادەم كۆپ. مەن بۇ گەپنى سېنىڭ زىتىڭغا تېگىش ئۈچۈن دەۋاتقىنىم يوق. يېقىندىن بېرى نېمىلا گەپ قىلسام، تەتۈرىگە بۇرايدىغان بولۇپ قالدىڭ، ئۇنداق قىلما مەن ھازىر ھامىلىدار بولۇپ قالدىم — ئاڭلىدىڭمۇ - يوق، بىلمەيمەن — مېنىڭ شۇ كۈنلەردە ئاسان ئاچچىقىم كېلىدىغان، گۇمانخور، تېرىككەك بولۇپ قېلىشلىرىمنىڭ سەۋەبى شۇنىڭدىندۇ بەلكىم.

پەرىزىمچە، سەن مۇشۇ كۈنلەردە قىلىدىغان ئىشلىرىڭ كۆپ، ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتقانسەن، سېنى ئىزدەيدىغان ئادەملەر بەكمۇ كۆپ ئىكەن ئەمەسمۇ، بۇ ئەھۋال نورمال تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېلىۋاتقان ئادەملەر ئۈچۈن چوقۇم ئاسان ئەمەس. ئەگەر ئۆيدىن چىقىپ كېتىش مۇمكىنچىلىكىڭ بولسا ئىككىمىز كۆرۈشسەكمۇ بولىدۇ. مېنىڭ مۇشۇ خېتىم ساڭا ئەۋەتكەن تەكلىپىم بولۇپ قالسۇن، شەھەرگە كىرىپ قالساڭ شۇ پۇرسەتتە مېنى كۆرگىلى

كېلىپ كەتكىن (ئاڭلىسام، سېنىڭ يەيدىغان، ئىشلىتىدىغان نەرسىلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ماگىزىندىكىلەر ئۆيۈڭگە يەتكۈزۈپ بەرگۈدەك). سەن مېنىڭ تۇتقان ئۆيلىرىمنى كۆرۈپ باقسىداڭ — يېڭى زىننەتلىگەن ئۆيلىرىمنى دېمەكچىمەن — بۇرۇنقى ئۆيۈمگىمۇ كېلىپ باقمىغانىدىڭ. ئەمدى ئويلاپ باقسام، بۇرۇن سېنىڭ يېنىڭغا مەنلا باراتتىكەنمەن، سېنى بىر قېتىممۇ مېنىڭ ئۆيۈمگە تەكلىپ قىلماپتىكەنمەن — تەكلىپ قىلىشنى ئويلىغان بولسامۇ — تۇرمۇش ھامان ئالدىراش ئۆتىدىكەن، بىر نەرسىگە ئېرىشىش، ئېرىشكەن نەرسىمىزنى ئىشلىتىپ تۈگىتىۋېتىش بىلەن ئۆزىمىزنى ئۆزىمىز خورىتىپلا يۈرىدىكەنمىز. نېمىشقا شۇنداق ئالدىراشلا يۈرىمىز؟ نېمىشقا قىلىشقا تېگىشلىك بولغان ھەم ئۆزىمىز قىلىشنى خالىغان ئىشلارنى قىلمايمىز؟ ئىككىمىزنىڭ كونا ياغاچ قوشۇق بىلەن سېرىق مايىنى ئەزگەن ئىشىمىز ئېسىڭدە بارمۇ؟ مەن شۇنداق ئىشلارنى ئاجايىپ ياخشى كۆرىمەن، ئۇ ئۆللېيىنى باشلاپ يېنىڭغا بارغان چاغدىكى ئىش ئىدى. مەن سېنىڭ شۇنداق ئىشلىرىمىزدىن ئەپسۇسلانماسلىقىڭنى ئارزۇ قىلىمەن.

ساڭا دېسەم، تېسسا، سېنىڭ مېنى ئۆزىڭگە مۇناسىۋەتسىز ئىشلارغا چېپىلىۋالىدۇ ياكى يوق يەردىن ئىش تاپىدۇ دەپ ئويلاپ قالماسلىقىڭنى ئۈمىد قىلىمەن. ئۆللېي ماڭا يازغان خېتىدە ئۆزىنىڭ بەزى ئادەملەر بىلەن مۇناسىۋەت ئورناتقانلىقىنى، ئۇ ئادەملەرنىڭ ئامېرىكىدا تەتقىقات ئىشلىرى بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلىقىنى يېزىپتۇ. ئۇ مۇشۇ ئىش ئۈچۈن سەن بىلەن ئالاقىلەشكەنمۇ بولۇشى مۇمكىن. مەن ئۇنىڭ قايسى جەھەتتىكى تەتقىقاتلارنى دەۋاتقانلىقىنى بىلمىدىم، ئۇنىڭ خېتىدىكى شۇ مەزمۇندا يېزىلغان يەرلەرنى ئوقۇغاندىن كېيىن بەدىنىم ئىختىيارسىز تىكەنلىشىپ كەتتى. سېنى ئويلاپ، ئۇ تەتقىقات ئۇنىڭ ئۇستىدە ئېلىپ بېرىلىدىغان تەتقىقات بولۇپ، بۇ يەردىن باشقا بىر يەرگە كېتىپ قالىدىغان بولسا ياخشى بولمايتتى — بۇ سەن ماقۇل بولۇۋاتقان ھەم سەن قىلىشنى خالاۋاتقان ئىش بولسا — دەپ ئويلاپ قالدىم. بارساڭمۇ سېنى تونۇيدىغان، سېنى دوستۇم دەپ قارايدىغان نورمال ئادەم دەپ بىلىدىغان ئادەملەر بار يەرگە بېرىشىڭ كېرەك. ئىشقىلىپ، مۇشۇ ئويلىغانلىرىمنى ساڭا دەپ قويغۇم كەلدى.

يەنە بىر ئىشنىمۇ ساڭا چوقۇم دېيىشىم كېرەك دەپ ئويلاپ قالدىم، لېكىن قانداق دېيىشنى بىلەلمەي تۇرۇۋاتىمەن. ئۇ مۇنداق ئىش: ئوللېي يامان ئادەم ئەمەس، ئەمما تەسىر كۈچى كۈچلۈك ـــ مەن يەنە ئويلاپ، تەسىر كۈچىنىڭ ئاياللارغىلا تەسىر كۆرسىتىپ قالماي، ئەرلەرگىمۇ ئوخشاشلا تەسىر قىلىدىغانلىقىنى ھېس قىلىپ قالدىم ـــ بۇ يەردىكى مەسىلە ئۇنىڭ بۇنى بىلمەسلىكىدە ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلالمايۋاتقىنىدا، كۆڭلۈمدىكى گەپنى قىلسام، دۇنيادىكى قانداق بىر ئىشنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالغاندىكىدەك دوملاش ئىكەنلىكىنى تەسەۋۋۇرۇمغا پەقەتلا سىغدۇرالماي كېتىۋاتىمەن، ئۇ سەن توغرۇلۇق بىر ماقالە يېزىپتۇ. يەنە بىرمۇنچە ئىشلارنى تەجرىبە قىلماقچى، ھەر خىل ئىشلارنى قىلىپ باقماقچى بولۇۋېتىپتۇ. ئۇ ئىشلارنى سەن بىلەن ھەمكارلىشىپ قىلماقچىمۇ ئوخشايدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ ساڭا يېقىنچىلىق قىلىشى تەبىئىي ئەھۋال. بەلكىم سەن ئۇنىڭ شۇ ئىشلارنى قىلىشتىكى ئۇسۇل ـ چارىلىرىنى خاتا چۈشىنىپ قېلىشىڭ مۇمكىن. ئۇنىڭ ئۇنىڭدىن باشقىمۇ خىياللىرىمۇ بارمۇ، بىلىپ بولمايدۇ. بۇ گەپلەرنى قىلغانلىقىم ئۈچۈن ھەرگىز ماڭا خاپا بولۇپ قالمىغىن. كېلىپ مەن بىلەن كۆرۈشۈپ كەتكىن. سېنى سۆيۈپ، سۆيۈپ، يەنە سۆيۈپ، نانسى.

سۆيۈملۈك نانسى:

مېنىڭدىن ھەرگىز ئەندىشە قىلمىغىن، ئوللېي قىلىۋاتقان ئىشلىرىنىڭ بىرسىنىمۇ مېنىڭدىن يوشۇرۇن قىلغىنى يوق، سەن مېنىڭ قىسقىلا يازغان بۇ خېتىمنى تاپشۇرۇۋالغاندا بىز ئاللىبۇرۇن توي قىلىپ بولغان ھەم ئامېرىكىغا يېتىپ بارغان بولىمىز. مەن سېنىڭ يېڭى ئۆيلىرىڭنى قانداق زىنىنەتلىگەنلىكىڭنى كۆرەلمىگىنىمگە قاتتىق ئەپسۇسلاندىم. سېنى چىن كۆڭلىدىن ياخشى كۆرىدىغان دوستۇڭ تېسسا.

## مېڭەمدە بىر بوشلۇق بار

مىچىگان ئىشتاتىنىڭ ئوتتۇرا قىسمىدىكى تاغ تىزمىلىرىنىڭ ھەممىلا يېرى ئورمان بىلەن قاپلانغان. نانسى بۇ يەرگە بىرىنچى

قېتىم ھەم ئاخىرقى قېتىم 1968 ـ يىلىنىڭ كۈز پەسلىدە كەلگەنىدى. ئۇ چاغدا دۆب دەرەخلىرىنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ بولغان، ئەمما چۈشۈپ كەتمىگەنىدى. ئۇنىڭ كۆرۈپ ئادەتلەنگىنى بۇنداق ئورمان ئەمەس، قاتتىق غوللۇق دەرەخ ئورمانلىرى بولۇپ، بۇنداق ئورماندا ئېرەن دەرەخلىرى كۆپ بولاتتى، كۈز پەسلىدە دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرى قىزىل رەڭ بىلەن ئالتۇن رەڭگە ئۆزگىرىپ كېتەتتى. ئېرەن دەرىخىنىڭ يوغان يوپۇرماقلىرى قىزارمىغان چاغلاردا قېنىق رەڭدە بولغاچقىمۇ، قۇياشنىڭ نۇرىدىمۇ ئادەمگە روھلۇق كۆرۈنمەيتتى.

ئۇ خۇسۇسىي دوختۇرخانا جايلاشقان جاي بىر تۈپ دەرەخمۇ يوق، قاقاس، شەھەردىن، يېزىلاردىن ھەتتا ئادەم ئولتۇرىدىغان كىچىككىنە كەنتلەردىنمۇ يىراق بىر يەردىكى پاكار بىر تاغنىڭ ئۈستىدە ئىكەن. ئۇلارنىڭ «ئۆزگەرتىپ» دوختۇرخانا قىلىۋالغان بۇ خۇسۇسىي دوختۇرخانىسى بۇرۇن بىر باي ئولتۇرغان ئۆيلەر بولۇپ، كېيىن ئۆيدىكىلەرى ئۇيان ـ بۇيان كېتىپ ئولتۇرىدىغان ئادەم قالمىغاچقا، تاشلىنىپ قالغانىكەن. تالا ئىشىكىنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى دېرىزىلىرى چىرايلىق ھەم ھەيۋەتلىك ئىكەن، ئۇچىنچى قەۋەتنىڭ ئۆگزىگە تاقاشقۇچە ئېلىنغان دېرىزىسىمۇ چىرايلىق ھەم ئۆزگىچە كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تاملىرىنىڭ خىشلىرى خۇنۈك ھەم كونىراپ كېتىپتۇ، هويلىسى بىلەن دەرۋازىنىڭ سىرتىدا نە بىر تۈپ ئادەتتىكى دەرەخ، نە بىر تۈپ مېۋىلىك دەرەخ يوق، قاشا ئورنىدا قورۇنىڭ ئەتراپىغا تىكىپ قويۇلغان چاتقال چاغلىقمۇ نەرسىلەر كۆرۈنمەيدۇ. بارى پەقەت قىرقىپ قويۇلغان چىملىق بىلەن ئاستى شېغىل ماشىنا توختىتىش ئورنىلا.

ئەگەر بىرەر قاچقۇن كېلىپ قالسا، يوشۇرۇنغۇدەك جايمۇ تاپالمىغۇدەك دەرىجىدە.

ئەگەر ۋولف ئاغرىپ قېلىشتىن ئىلگىرى بولغان بولسا ئانىسى بۇ يەرنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ، ئويلاپمۇ قويمىغان — بۇ يەر

كاللىسىغا ئوْنداق تېزموْ كەلمىگەن — بولاتتى.

نانسى ماشىنىسىنى شوْ يەردە توْرغان بىرنەچچە ماشىنىنىڭ يېنىغا توختاتتى. ئوْ بوْ ماشىنىلارنىڭ دوختوْرخانىدا ئىشلەيدىغانلارنىڭ ماشىنىسىموْ ياكى كېسەل كۆرسەتكىلى كەلگەنلەرنىڭموْ، بىلمەيتتى، بوْ قاقاس يەرگە قانچىلىك ئادەم كېسەل كۆرسەتكىلى كېلەر، بىلىپ بولمايدوْ.

پەلەمپەيدىن بىرنەچچە باسقوْچ كۆتۈرۈلسىڭىز، ئاندىن ئىشىكنىڭ يېشانىسىغا چاپلاپ قويوْلغان يوغان بىر پارچە قەغەزنى كۆرەتتىڭىز. ئوْنىڭغا «يان تەرەپتىكى ئىشىكتىن كىرىڭ» دېگەن بىرنەچچە خەت يېزىقلىق توْراتتى. نانسى دېرىزىگە يېقىن كېلىپ، ئىچى تەرەپكە تۆموْر چىۋىقلاردىن رېشاتكا ىىخلاپ قويوْلغانلىقىنى كۆردى. ئىشىكنىڭ ئىككى تەرىپىدىكى يوغان دېرىزىلەردە ئوْنداق تۆموْرلەر يوق ئىدى — ئوْ دېرىزىلەردە پەردىموْ يوق — ئوْ تۆموْر رېشاتكىلار ھەممىلا دېرىزىلەردە بار ئەمەس، بىرىنچى قەۋەت بىلەن ئۈستىدىكى قەۋەتتىلا بار ئىدى، يەنە كېلىپ بىرىنچى قەۋەت دېگىنىمىز يەر ئاستى ئۆيىنىڭ ئوْستىگە چىقىپ توْرغان دېرىزىلىرى ئىدى.

ئىشىكنىڭ بېشىغا چاپلاپ قويغان قەغەزدە كۆرسىتىلگىنى يەر ئاستى ئۆيىنىڭ يېرىم كۆتۈرۈلۈپ توْرغان ئىشىكى ئىكەن. نانسى ئىشىكنىڭ قوڭغوْرىقىنى باستى، ئارقىدىن ئىشىكنى چېكىپ باقتى. يەنە قوڭغوْراقنى باستى. قوڭغوْراقنىڭ ئاۋازىنى ئۆزى ئاڭلاپ توْروْۋاتاتتى. لېكىن، ئىچىدىكى تاراق - توْروْقلارنى ئوْلار ئاڭلىمايۋاتاتتى. ئاخىر بولماي ئىشىكنىڭ توْتقوْچىنى بوْراپ بېقىۋىدى، ئېيلىمىغان يەردىن ئىشىك ئېچىلىپ قالدى. ئىشىكتىن كىرىۋىدى، ئۇدۇلدىكىسى ئاشخانىنىڭ ئىشىكى ئىكەن. بىرموْنچە ئادەملەر ئاشخانىدا چىنە - قاچىلارنى يوْيوْش، ئۇستەل راسلاش بىلەن ئالدىراش يوْروْپتوْ.

ئاشخانىنىڭ دېرىزىسى ئوچوْق، سىرتىدىكى قاپقىقىموْ يېپىلمىغان، تورۇسى ئېگىز، شوْڭا بوْ يەردىكى ئاۋازلاردىن

www.uyghurkitap.com

كۆتۈرۈلگەن ئەكس سادا ئاۋۇن ئىكەن. تامدىكى ئىشكاپلار بىلەن جاۋەنلەرنىڭ ھەممىسى ئاق سىردا سىرلانغان ئىكەن. تالا يورۇق، ئۆينىڭ ئىچىگە تالانىڭ يورۇقى تولۇق چۈشۈپ تۇرسىمۇ، جىق چىراغلار يېنىق تۇرۇپتۇ.

نانسى بۇ روشەن ھالەتكە شۇ ئانلا دىققەت قىلىپ قالدى. ئۇنىڭ ئالدىغا چىققىدىغان، سەن نېمە ئادەم، بۇ يەرگە نېمىگە كىردىڭ، دەپ سورايدىغان بىرمۇ ئادەم بولمىدى.

ئۇ يەنە باشقا بىر ئىشلارغىمۇ دىققەت قىلىپ قالدى. يورۇقلۇق بىلەن ئاۋازلارنىڭ كۈچلۈك تەسىرىدىن باشقا، ھەرقانداق ئادەم ئۆزىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەلگەن يات بىر ئادەمنى تېزلا ھېس قىلىپ كېتەلەيدۇ. لېكىن، بۇ يەردىكىلەرنىڭ بىرسىدىمۇ ئۇنداق سەزگۈنىڭ بولماسلىقى ئۇنى تېخىمۇ ھەيران قالدۇردى.

بۇ نورمال بولمىغان بىر خىل ئەھۋال ئىدى، بۇ خىل ئەھۋالنى سىز تۇزىتىپمۇ، ئۆزگەرتىپمۇ بولالمايسىز، مەيلىگە قويۇۋەتمەكتىن باشقا ئامالىڭىز يوق. بەزى ئادەملەر بۇنداق ئەھۋالغا يولۇقسا دەرھال ئۇنىڭغا تەن بېرىدۇ، ئۇنىڭغا قانداق تاقابىل تۇرۇشنى بىلمەيدۇ، يا ئاچچىقى كېلىپ سەكرەپ كېتىدۇ، يا قورقۇپ كېتىپ نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قالىدۇ، ئاخىرىدا ئامالىنىڭ يوقىدىن ئۆيدىن چىقىپ كېتىدۇ.

ئالدىغا ئاپپاق پەرتۇق تارتىۋالغان بىر ئەر كىشى ئەخلەت ساندۇقى سالغان بىر ھارۋىنى ئىتتىرىپ ئۇنىڭغا ئۇدۇل قاراپ كېلىۋاتاتتى. نانسى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئالدىغا چىققىنىنىمۇ ياكى يېنىدىن ئۆتۈپ كەتمەكچىمۇ، بىلەلمەي قالدى، ئەمما ئۇ ئادەمنىڭ چىرايىدىن كۈلكە يېغىپ تۇرۇۋاتاتتى، دوستانە قىياپەتتە ئىدى، شۇڭا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، بۇ يەرگە كىمنى كۆرگىلى كەلگەنلىكىنى دېدى. ئۇ ئادەم ئاڭلاپ بېشىنى بىرنەچچە قېتىم لىڭشىتىپ قويدى، باياملىقىدىنمۇ بەكرەك كۈلدى. ئارقىدىنلا بېشىنى چايقاپ بىر قولىنى لەۋلىرىگە

قويدى. ئۇنىڭ بۇ ھەرىكىتىدىن ئادەم ئۇنى بەزى قىزىقارلىق ئويۇنلاردا بەلگىلەپ قويۇلغاندەك گەپ قىلىشتىن چەكلەنگەن ياكى گەپ قىلالمايدىغان ئادەم ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قالاتتى. ئۇ شۇ ھەرىكەتلەرنى قىلىپ قويۇپ ئالدىغا قاراپ كېتىۋەردى. بىر چاغدا ئۇنىڭ ھارۋىسىنىڭ ئېگىز ـ پەس يولدا تاراقلىغان، پەس تەرەپكە قاراپ ئېتىلىپ تاراقشىپ كېتىۋاتقان ئاۋازى ئاڭلاندى.

ئۇ چوقۇم بىر كېسەل، بۇ يەردە ياللاپ ئىشلىتىۋاتقان ئادەم ئەمەس، دەپ ئويلىدى نانسى. بۇنداق دوختۇرخانىلاردا ئىشلىيەلىگۇدەك كېسەللەرنى ئىش بىلەن مەشغۇل بولۇش ئۇلار ئۈچۈن پايدىلىق دەپ ھەر خىل ئىشلارغا سېلىۋېرەتتى، ئەمەلىيەتتىمۇ راست شۇنداق ئىدى.

ئاخىر كۆرۈنۈشتە بۇ يەرنىڭ ئىشلىرىغا مەسئۇل ئايالدەك كۆرۈنىدىغان بىرسى پەيدا بولدى، نانسى بىلەن تەڭ دېگۈدەك، قارا كىيىم كىيىۋالغان — باشقىلارغا ئوخشاش ئالدىغا پەرتۇق تارتىۋالماپتۇ — ئايال ئىكەن. نانسى ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بۇ يەردىن ئەۋەتىلگەن بىر پارچە خەتنى تاپشۇرۇۋالغانلىقىنى، خەتتە ئۆزىنىڭ ئىسمىنىڭ بۇ يەردىكى بىر كېسەل بىلەن مۇناسىۋەتلىك چىقىپ قالغانلىقىنى ئۇ ئايالغا سۆزلەپ بەردى.

نانسىنىڭ بايام ئويلىغىنى توغرا ئىكەن، ئاشخانىدا ئىشلەۋاتقانلار سىرتتىن ياللاپ كېلىنگەن ئىشچىلار ئەمەس ئىكەن.

— ئۇلار بۇ يەردە ئىش قىلىشنى ياخشى كۆرىدۇ، — دېدى ئۇ، — ئايال باشقۇرغۇچى ھەتتا ئىشلەشنى شەرەپ دەپمۇ بىلىدۇ، — ئۇ كۈلۈپ قويۇپ، ئوك، سول تەرەپلەردىكى دىققەت قىلىشقا تېگىشلىك نەرسىلەرنى ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويدى. ئاندىن ئۇنى ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا باشلاپ كىردى. بۇ ئاشخانىدىن ئانچە يىراق بولمىغان بىر يەردىكى ئۆي ئىكەن. ئۇلار جىق پاراڭلىشىپ ئولتۇردى، نانسى ئۇنىڭ گەپلىرىدىن نۇرغۇن ئىشلارنى باشقۇرىدىغانلىقىنى ھەتتا ئاشخانىنىڭ ئىشلىرىدىمۇ ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

دېگىنى ھېساب ئىكەنلىكىنى بىلدى. شۇ ئارىلىقتا بىرسى پەرتۇقنى يېشىۋېتىپ قولىدا مىجىقلىغان پېتى ئىشىكنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ قالدى. بىرسىنىڭ ئۇستىدىن ئەرز قىلىپ كەلگەنىكەن. ئۇ ئايال مۇشۇنداق ئىشلارنىمۇ سورايدىكەن. شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇ تاملارغا ئېسىپ قويۇلغان ئارخىپلارنىمۇ، تۈرلۈك تالونلارنىمۇ ئۇقتۇرۇشلارنىمۇ باشقۇرىدىغان ئوخشايدۇ، نانىسغا ئوخشاش زىيارەتكە كەلگەنلەرنى كۈتۈۋېلىشمۇ شۇنىڭ ئىشى بولسا كېرەك.

— يېقىندا بىز ئۆزىمىزدە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان ئارخىپلارنى تەكشۈرۈپ بۇ يەردىكىلەر بىلەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتى بارلارنى رەتكە تۇرغۇزۇپ چىقتۇق.

— مېنىڭ بۇ يەردىكى ھېچكىم بىلەن تۇغقانچىلىق مۇناسىۋىتىم يوق، — دېدى نانسى.

— سىز بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، بىز يەنە بىرمۇنچە كېسەللەرگە مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرگە سىزگە ئەۋەتكەندەك خەتلەرنى ئەۋەتتۇق. ئۇ خەتلەرنى كېسەللەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئادەملەرگە ئەۋەتىپ بېرىشىمىز خەتنى تاپشۇرۇۋالغۇچىلارنىڭ ئۇ كېسەللەرنى قانداق ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلىپ بېقىش ئۈچۈن ئىدى. لېكىن، شۇنىڭغا ئەپسۇس، ئۇلاردىن كەلگەن جاۋاب خەتلەر كۆپ ئەمەس. سىز شۇنچە يىراقتىن ماشىنىڭىز بىلەن كەلگىنىڭىز تولىمۇ ياخشى ئىش بولدى.

نانسى ئۇنىڭدىن ئۇ دەۋاتقان كېسەللەرنىڭ قانداق ئادەملەر ئىكەنلىكىنى سورىدى.

ئۇ ئايال بۇ يەردە يېتىشقا تېگىشلىك بولمىغان ئادەملەرنىڭمۇ بۇ يەرگە كىرىپ قالغانلىقىنى، بەزىلىرىگە ئۆزاق بولغانلىقىنى سۆزلەپ بەردى.

— سىز مېنىڭ بۇ يەرگە كەلگىنىمگە ئۆزاق بولمىغانلىقىنى تەزرىڭىزدىن ساقىت قىلمىسىڭىز، — دېدى ئۇ، — ئەمما مەن

بىلىدىغانلىقى ئىش بولسا چوقۇم سىزگە دەپ بېرىمەن.

ئۇ ئايالنىڭ تونۇشتۇرۇشىچە، بۇ يەرگە كەلگەنلەر ھەر خىل ئادەملەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچىدە روھىي كېسەللەرمۇ، قېرىپ مادارى قالمىغانلارمۇ، ئۇ ياكى بۇ جەھەتتىن ساغلام چوڭ بولالمىغانلارمۇ ھەتتا ئۆيلىرىدە قارايدىغان ئادەملىرى يوق، بار بولسىمۇ قارىمايدىلارمۇ بار ئىكەن، ھەممىلا خىلدىكى ئادەملەرنى تاپقىلى بولىدىكەن. بۇرۇنمۇ شۇنداق ئىكەن، ھازىرمۇ شۇنداق بولۇۋېتىپتۇ. كېسەلى ئېغىرلارنى كۆزىتىشكە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن بىنانىڭ شىمال تەرىپىدىكى بىر ئۆيگە يىغىپتۇ.

بۇ يەر ئەسلىدە خۇسۇسىي دوختۇرخانا ئىكەن، بىرلا دوختۇرغا قاراشلىق بولۇپ، ھەممە ئىشنى شۇ ئادەم باشقۇرۇپ كەپتىكەن. ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئۆيىدىكىلىرى — دوختۇرنىڭ ئۆيىدىكىلىرى — دوختۇرخانىنى ئۆتكۈزۈۋېلىپ ئۆزى بىلگەنچە باشقۇرۇپ كەپتۇ. ئاخىرىدا دوختۇرخانا ساخاۋەتخانىغا ئايلىنىپ قاپتۇ. ئايرىم ئورۇنلاشتۇرۇشلىرىمۇ بار ئىكەن. شۇ ئورۇنلاشتۇرۇش بويىچە ئۇلارنىڭ ياردەم پۇلىدىن ياردەمگە ئالاھىدىرەك موھتاج كېسەللەر تەمىنلىنىدىكەن. ئەمەلىيەتتە ئۇ ئادەملەرنىڭ ئۇ تەمىناتتىن بەھرىمەن بولۇشقا شەرتى توشمايدىكەن. بەزى كېسەللەرنىڭ، مەسىلەن، ئۆلۈپ كەتكەن كېسەللەرنىڭ ئىسىملىرى ھازىرغىچە تىزىملىكتە بار ئىكەن. يەنە بەزىلەرنىڭ بۇ يەردە تۇرىۋېرىشكە يېتەرلىك سەۋەبلىرى يوق ئىكەن، ئارخىپتىمۇ ئۇلارنىڭ ماتېرىياللىرى تېپىلماپتۇ. دېمەك، ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى كۆپ ئادەملەر مۇناسىۋەت ئارقىلىق بۇ يەرگە كىرىۋالغان. بۇ يەردە تۇرۇش ئۇلارغا روھىي جەھەتتە بىر خىل يەڭگىللىك ئېلىپ كەلسە كېرەك. ئەمەلىيەتتە بۇ خىل ئەھۋال بەلگىلىمىگە، قانۇنغا پۈتۈنلەي خىلاپ ئىش ئىدى.

ھازىر مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلار بۇ دوختۇرخانىنىڭ پۈتۈن ئەھۋالىنى ئۇزۇل ـ كېسىل تەكشۈرۈپ چىقىپ دوختۇرخانىنى

تاقاشنى قارار قىپتۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بۇ بىنامۇ كونىراپ كېتىپتۇ، ھەجىممۇ كىچىك، ھازىرقى ئۆلچەمگە توشمايدىكەن، كېسەللىك ئېغىر لارنى فلىنت ياكى لانسىنگدىكى چوڭ دوختۇرخانىلارغا يۆتكىمەكچى بوپتۇ — بۇ ئىش تېخى ئاخىرقى قارارىدىن ئۆتمەپتۇ — بەزىلەرنى يىغىۋېلىش ئورۇنلىرىغا، قېرىلار ساناتورىيەسىگە يۆتكەيدىكەن، بۇمۇ ھازىر بولۇۋاتقان ئىش ئىدى. قالغانلارنى ئۆزىنىڭ ئۇرۇق ـ تۇغقانلىرىنىڭ ئۆيلىرىگە ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئويلاشقان ئوخشايدۇ.

ئۇ ئايال ئۇنىڭغا تېسسانى دېمەكچىكەن. ئۇمۇ مۇشۇ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغان ۋە يۇقىرىدا دېيىلگەنلەر قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىنماقچىكەن. ئۇ بۇ يەرگە يېڭى كىرگەن چاغدا ئۇنىڭغا توك بىلەن مۇناسىۋەتلىك داۋالاش ئۇسۇللىرىنى ئىشلەتمەكچى بوپتىكەن، كېيىن ئادەتتىكى داۋالاش ئۇسۇلى بويىچە دورا بىلەن داۋالاشنى ئويلىشىپتىكەن.

— سىز توك سوقتۇرۇشنى دېمەكچىمۇ؟ — سورىدى نانسى ئۇنىڭدىن.

— ھوشسىزلاندۇرۇپ تۇرۇپ داۋالاشمۇ بولۇشى مۇمكىن، — دېدى ئۇ ئايال جاۋاب بېرىپ، — سىز ئۇنىڭ تۇغقىنى ئەمەسلىكىڭىزنى دەۋاتىسىز، بۇ گەپچە ئۇنى ئۆيىڭىزگە ئەكېتەلمەيدىكەنسىز ـ دە.

— مېنىڭ ئېرىم بار، — دېدى نانسى، — مېنىڭ ئېرىممۇ ھازىر مۇشۇنداق يەرگە كىرىپ قالىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈپ قالدى. لېكىن، مەن ئۇنى ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدە تۇرغۇزۇپ قاراشنى ئويلىشىۋاتىمەن.

— ھە، راستىمۇ؟ — دېدى ئۇ ئايال چوڭقۇر بىر تىنىپ قويۇپ، ئەمما ئۇنىڭ ئۇ گېپىگە ئىشەنمىگەندەك ئىپادىدە بولمىدى، ھېسداشلىق قىلغاندەكمۇ قىلمىدى، — يەنە بىر مەسىلە، — دېدى ئۇ يەنە، — ئۇ قىزنىڭ ئامېرىكا پۇقراسى ئەمەسلىكى ئېنىق، ئۆزىمۇ شۇنداق دېدى... ھازىر سىزنىڭ ئۇنى

كۆرۈپ باققۇڭىز يوقمۇ؟
— بار، — دېدى نانسى، — كۆرۈشمەن، مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمدىكى مەقسىتىممۇ شۇ.
— ناھايىتى ياخشى. ئۇ ئاشۇ دوقمۇشتىكى بولكىخانىدا، ئۇنىڭ ئۇ ئىشنى قىلىۋاتقىنىغا بىرنەچچە يىل بولۇپ قالدى. ئۇ ئىشنى بۇرۇن باشقا بىر ئۇستام قىلاتتى، ئۇ كېتىپ قالغاندىن كېيىن ئۇلار ئۇنىڭ ئورنىغا ئادەم ئالمىدى، تېسسا بار دەپ شۇنىڭغا ئىشىنىپ كېلىۋاتىدۇ. بۇنداق بولسۇن، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ كېتىپ، — سىز مەن بىلەن يەنە بىر دەم ئولتۇرۇپ ئاندىن كىرىڭ، مېنىڭ بىلەن مۇھىم بىر ئىش توغرۇلۇق پاراڭلىشىپ قالغىنىڭىزنى دېسىڭىزمۇ بولىدۇ، ئاندىن قايتىپ كېتىڭ. تېسسا ئىنتايىن ئەقىللىك قىز، ھەرقانداق ئىشنى دەررۇ بايقىۋالالايدۇ. سىزنىڭ ئۆزىنى ئەكەتمىگىنىڭىزنى كۆرسە كۆڭلى قاتتىق يېرىم بولىدۇ. شۇڭا، سىزگە بىر پۇرسەت بېرەي، بۇ يەردىن چاندۇرماي كېتىۋېلىڭ.

تېسسانىڭ چاچلىرى تولۇق ئاقىرىپ كەتمەپتۇ، شالاڭ چاچلىرىنى زىچ توقۇلغان تورنىڭ ئىچىگە ئېلىۋاپتىكەن، پېشانىسىدىكى قورۇقلار كۆرۈنمەي قاپتۇ، پارقىراپ تۇرىدۇ، بۇرۇنقىدىن كەڭرىپ، تېخىمۇ ئاقىرىپ كەتكەندەك قىلىدۇ. بەدىنىمۇ بۇرۇنقىدىن خېلى سەمرىپ، كۆكسىمۇ يوغىناپ كېتىپتۇ، خۇددى چوقچىيىپ تۇرغان ئىككى دانە ئۇچلۇق تاشتەك ئاپپاق خىزمەت كىيىمىنىڭ ئىچىدە چوقچىيىپ تۇرۇپتۇ. يوغان كۆكسى پەسكە بېسىپ تۇرۇۋاتسىمۇ، قىلىۋاتقان ئىشى ئېغىر بولسىمۇ، ئەمما گەۋدىسى ئېگىلمىگەن، تىككىدە تۇراتتى.
بولكىخانىدا ئۇنىڭ بىلەن يەنە ئورۇق، بويى ئېگىز بىر قىز بىللە ئىشلەيدىكەن، ئۇ قىزنىڭ — ياق، قىز ئەمەس ئايال — بەش ئەزاسى بېجىرىم، ھېچقانداق يېرىدە ئەيىب يوق ئىكەن،

بىرلا يېرى، خېلىلا قاملاشقان چىرايى تۇرۇپ ـ تۇرۇپ غەلىتە بىر شەكىللەردە ئۆزگىرىپ تۇرىدىكەن.

— ھوي، نانسىمۇسەن، — دېدى تېسسا نانسىنى كۆرۈپلا، ئۇنىڭ ئاۋازى تەبىئىي، ئىچىگە چوڭقۇر بىر تىنىپ قويغىنى بىلەن ئۇ تىنىقىمۇ ھېچقانداق ئالاھىدىلىكى يوق، ئادەتتىكى تىنىق ئىدى. بەدىنى ئېغىر ھەرقانداق ئادەم كىشىلەر بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈۋاتقاندا تەبىئىيلا ئاشۇنداق تىنىپ قوياتتى، — ئۇنداق قىلما ئېلىنور، ساراڭلىقىڭ تۇتمىسۇن. مېنىڭ بۇ دوستۇمغا ئورۇندۇق ئەكېلىپ قويۇپ بەرگىن.

نانسى ھازىر ئېقىۋاتقان ئادەت بويىچە ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشمەكچىدى، ئۇ سەل ھودۇقۇپ قالدى.

— مېنىڭ ھەممە يېرىم ئۇن، يەنە بىرسى، ماڭا يېقىن كەلسەڭ ئېلىنور سېنى چىشلىۋېلىشى مۇمكىن. ئۇ باشقا ئادەملەرنىڭ مەن بىلەن بەك قىزغىن بولۇپ كېتىشىنى خالىمايدۇ.

ئېلىنور تېزلا بىر ئورۇندۇقنى ئەكەلدى. نانسى ئۇنىڭ چىرايىغا ئىنچىكە قاراپ كېتىپ، ئاندىن مۇلايىملىق بىلەن:

— سىزگە كۆپ رەھمەت، ئېلىنور، — دەپ قويدى.

— ئۇ گەپ قىلالمايدۇ، — دېدى تېسسا، — مېنىڭ ياخشى ياردەمچىم، ئۇ بولمىسا مەن ھېچ ئىش قىلالمايمەن، شۇنداقمۇ ئېلىنور؟

— راستىمۇ؟ — دېدى نانسى، — مەن سېنىڭ مېنى تونۇۋالغىنىڭغا ھەيران قالدىم، مەن بۇرۇنقى ھالىتىمدىن جىق ئۆزگىرىپ شۇنداق سەت قېرىپ كەتتىم.

— بەكمۇ ئەمەس. ئازراق ئۆزگىرىپسەن، — دېدى تېسسا، — بەزىدە سېنى مېنى يوقلاپ كەلمىدى، دەپ ئۆزۈمگە ئۆزۈم سۆزلەپ قوياتتىم.

— مەن بۇ چاغقىچە ئۇ دۇنياغا كېتىپمۇ قالاتتىم، كىمنىپي روس ئېسىڭدىمۇ؟ ئۇ ئۆلۈپ كەتتى.

— شۇنداقمۇ؟

شۇ تۇرقىدا تېسسا چەلپەك پىشۇرۇۋاتاتتى، ئۇ يېيىپ تەييار قىلىپ قويغان نېپىز خېمىرنى ئېگىز كۆتۈرۈپ بىر پىرقىرىتىۋەتكەندىن كېيىن ئەمبەلگە تاشلاپ قولىدىكى پىچاق بىلەن نەچچە پارچە قىلىپ كېسىپ يوغان بىر تاۋىغا سالدى.

— ۋىلف ئۆلۈپ كەتمىگەندۇ؟

— ياق، ھازىر ھايات، لېكىن كاللىسىدىن كېتىپ قالدى، تېسسا، — نانسى ئۆزىنىڭ ياخشى گەپ قىلمىغانلىقىنى ئويلاپ قالدى، لېكىن كېچىككەنىدى، شۇڭا گېپىنى دەررۇ كۆڭۈللۈك گەپلەرگە يۆتكىۋالدى، — غەلىتە بىر ئىشلارغا ئۆگىنىۋالدى. ئۇ بىچارە بۆرە كۈچۈكى①، — ئۇزاق يىللار ئىلگىرى ئۇ ئېرىنى ئېڭىكى ئۇزۇن، يۈز - كۆزىنى ساقال بېسىپ كەتكەن، كۆزلىرى سۇرلۇك ھالىتىگە قاراپ بۆرىگە ئوخشايدۇ، دەپ ئويلاپ قانغانمۇ «بۆرەك كۈچۈكى» دەپ چاقىرىدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ۋىلفىنىڭ ئىسمىنى مەسخىرە مەنىسى بار دەپ ئويلاپ قالغاچقا، ياخشى كۆرمەي ئاشۇنداق چاقىرىپمۇ يۈرگەنىدى. كېيىن ئۇنداق بولمىدى، مەسخىرە مەنىسى بارمۇ - يوق، كارى بولماي ئىسمىنىڭ ئۆزىنىلا ئاتايدىغان بولدى، يەنە تېخى ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمى ئۇنىڭغا تېخىمۇ چىرايلىق ئاڭلىنىدىغان بولۇپ كەتتى، ھازىر تېخىمۇ شۇنداق بولۇپ كېتىۋاتاتتى.

— ساڭا مىسالغا بىر ئىشنى دەپ بەرسەم، ئۇ گىلەمگە شۇنچىلىك ئۆچ.

— گىلەمگە؟

— ئۇ ئۆيىنىڭ ئىچىدە مانا مۇنداق ئايلىنىپ يۈرىدۇ، — دېدى نانسى ھاۋاغا تۆت بۇرجەك بىر دائىرىنى سىزىپ، — مەن ئامالسىز تامغا يېقىن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى يۆتكىۋەتتىم.

① بۆرە كۈچۈكى (wolfie) بىلەن ۋىلف (Wilf) ئازراق ئاھاڭداش كەلگەچكە شۇنداق ئاتىۋالغان

ئەتىدىن كەچكىچە تام ياقىلاپ ماڭغىنى ماڭغان، — نانسى شۇ كۈنلەردە ئامالسىز قېلىۋاتقاندەك، تېسسادىن ئۇيۇ سورىغاندەك كۈلۈپ قويدى.

— بىزنىڭ بۇ يەردىمۇ بىرنەچچىسى ئاشۇنداق قىلىدۇ، — دېدى تېسسا خۇددى ئۇ ئىشلاردىن تولۇق خەۋىرى بار ئادەمدەك بېشىنى لىڭشىتىپ تۇرۇپ، — ئۇلار ئۆزلىرى بىلەن تامنىڭ ئارىلىقىدا ھەرقانداق نەرسىنىڭ بولۇشىنى خالىمايدۇ.

— ئۇنىڭدىن باشقا، ئۇ ماڭا بەكمۇ يۆلىنىۋالدى، ھە دېسىلا، نانسى قېنى سەن، دەپ تۇرغان. ھازىر ئۇنىڭ مەندىن باشقا ئىشەنچلىك بىرمۇ ئادىمى يوق.

— زالىممۇ، ئەمەسمۇ؟ — تېسسا يەنە بىر قېتىم بۇ ئىشلاردىنمۇ خەۋىرى بار ئادەمدەك سوراپ قويدى.

— ئۇنداق ئىشى يوق، ئەمما گۇمانخور، ئۆيگە بىرلىرى كېلىپ قالسا مېنىڭ گېپىمنى قىلىشىۋاتىسىلەر، مەندىن بىر ئىشلارنى يوشۇرۇۋاتىسىلەر، دەپ تۇرىدۇ، ھەتتا بىرسى ئۆيگە كىرىپ سائەتنىڭ ئىستىرېلكىسىنى بۇراپ قويۇپتۇ، بىركىملەر گېزىتتىكى ئاي - كۈنلەرنى ئۆزگەرتىۋېتىپتۇ، دېگەندەك گەپلەرنىمۇ قىلىدۇ. ئەمما، مەن بىركىمنىڭ ئاغرىپ قالغانلىقىنى دەپ قويسام بىردىنلا جانلىنىپ، شۇ ئان ئۇ ئادەمگە خاتاسىز دىياگنوز قويالايدۇ. مېڭە دېگەنمۇ ئاجايىپلا بىر نېمىكەن.

ئاپلا، دېمەيدىغان گەپتىن يەنە بىرنى دەۋەتتىمۇ نېمە؟

— كالىلىسى قالايمىقان، ئەمما ھېچكىمگە زورلۇق قىلمايدۇ.

— ئۇنداق بولسا ياخشىكەن.

تېسسا چەلپەك سالىدىغان تاۋىنى ئېلىپ بايام تەييارلىۋالغان خېمىرنى سالدى، ئاندىن ئۇنىڭغا قىيما سۇركەشكە باشلىدى، قىلغان قىيمىسى يېپىشقاقراق قىيما ئىكەن.

— ئېلىنور چەلپەكنىڭ قىيۋەتكەن چۆرىسى سېنىڭ جۇمۇ، — دېدى ئۇ ئېلىنورغا.

ئىلىنور ھازىرغىچە نانسىنىڭ ئورۇندۇقىنىڭ كەينىدە ئۆرە تۇراتتى، نانسى پات ـ پات كەينىگە ئۆرۈلۈپ ئۇنىڭغا قاراپ قوياتتى. تېپىشانىڭ ئۇ گېپىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن شەپە چىقارماي چوڭ ئەمبەلنىڭ يېنىغا كېلىپ، پىچاق بىلەن قىيىپ چىقىرىۋەتكەن خېمىرلارنى پوملاشقا باشلىدى.

— ئۇ ئادەممۇ ئۆلۈپ كەتتى، — دېدى تېسسا، — مېنىڭ بىلىدىغىنىم شۇنچىلىكلا.

— سېنىڭ دەۋاتقىنىڭ قايسى ئادەم؟

— ئاشۇ ئادەمچۇ، سېنىڭ دوستۇڭ.

— ئوللېيمۇ؟ سەن ئوللېينى ئۆلۈپ كەتتى دەۋاتامسەن؟

— سەن ئۇ ئىشنى تېخىچە بىلمىدىڭمۇ؟

— بىلمىدىم، راست بىلمىدىم.

— مەن تېخى سېنى بۇرۇنلا خەۋەر تاپتى دەپ ئويلاپتىمەن، ۋىلفمۇ شۇ چاغلاردا بىلمىگەنمىدى؟

— ۋىلف ھازىرمۇ بىلمەيدۇ، — دېدى نانسى ئىتتىكلا. ئۇ ئېرىنىڭ تىرىكلەر ئىچىدىكى ئورنىنى ساقلاپ قېلىشقا ھەر ۋاقىت تەييار ئىدى. شۇڭا، راست گەپ قىلدى.

— مەن ئۇنى بىلىدى دەپ ئويلايمەن. ئۇلار تۇغقان ئەمەسمىدى؟

نانسى ئۇنىڭ بۇ گېپىگە جاۋاب بەرمىدى. تېسسا بۇ يەردە يۈرگەنكەن، دېمەك ئوللېينىڭ ئۆلۈپ كەتكىنى راست دېگەن گەپ ـ دە. نېمىشقا ئۇ بۇنى ئويلىمىدى؟

— مەن تېخى ئۇنى بىلىپ تۇرۇپ باشقىلارغا ئېيتماپتۇ ـ دە، دەپ ئويلاپتىمەن، — دېدى تېسسا.

— ۋىلف بۇرۇن شۇنداق قىلاتتى، — دېدى نانسى، — بۇ قاچان بولغان ئىش؟ ئۇ چاغدا سەن ئۇنىڭ بىلەن بىللىمىدىڭ؟

تېسسا بېشىنى چايقىدى، بۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ئەمەستىم دېگىنىمىدۇ ياكى بىلمەيمەن دېگىنىمىدۇ؟

— قاچان ئۆلۈپ كېتىپتۇ؟ ئۇلار ساڭا قانداق خەۋەر قىلدى؟

www.uyghurkitap.com

— ماڭا ھېچكىم خەۋەر قىلمىدى، ئۇلار ھېچقاچان ماڭا بىر ئىشلارنى دەپ باققان ئەمەس.

— ھەم، تېپسا.

— مېنىڭ مېڭەم ئىچىدە بىر بوشلۇق بار، ئۇنىڭغا ئۇزاق بولدى.

— بۇرۇنقىدەك ئىشلارنى يەنە ئالدىن بىلەلەمسەن؟ — سورىدى نانسى، — شۇ ئىشلار ھازىرمۇ يادىڭدا بارمۇ؟

— ئۇلار مېنى ئىسقا ئالدۇرۇۋېتىپتۇ.

— كىملەر؟ — نانسى ئۇنىڭدىن جىددىي سورىدى، — ئۇلار سېنى ئىسقا ئالدۇرۇۋەتتىمۇ؟ بۇ قانداق گەپ؟

— مۇشۇ يەرنى باشقۇرۇۋاتقان ئادەم ماڭا ئوكۇل سېلىۋەتكەن گەپ.

— بايام ئىسقا ئالدۇرۇۋەتتى دېگەنىدىڭغۇ؟

— ئۇلار ماڭا ئوكۇل سالىپتۇ ھەم مېنى ئىسقا ئالدۇرۇۋېتىپتۇ، مېڭەمنى داۋالاش ھەم بولغان ئىشلارنى ئۇنتۇلدۇرۇۋېتىش ئۈچۈن شۇنداق قىلىشىپتۇ. بەزى ئىشلارنى ھازىرمۇ ئەسلىيەلەيمەن. ئەمما، قاچانقى ئىشلار ئىكەنلىكىنى ئېسىمگە ئالالمايمەن، مېڭەمدە بىر بوشلۇق بار، ئۇنىڭغا ئۇزاق بولدى.

— ئۆللىي سەن بۇ يەرگە كېلىشتىن ئىلگىرى ئۆلۈپ كەتتىمۇ، ئۇنىڭدىن كېيىنمۇ؟ ئۇنىڭ قانداق ئۆلۈپ كەتكەنلىكى ئېسىڭدە يوقمۇ؟

— مەن ئۇنىڭ ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنى كۆرگەن. بېشىنى بىر قارا چاپان بىلەن ئورىۋېتىپتۇ، بوينىدا ئىنچىكە بىر ئارغامچا بار. بىرسى ئۇنى ئاشۇنداق ئۆلتۈرۈۋېتىپتۇ، — ئۇ خېلىنغىچە كالپۇكلىرىنى چىڭ يۇمۇپ تۇرۇپ كەتتى، — بىرلىرى ئۇنى توك ئورۇندۇقتا ئولتۇرغۇزغان ئوخشايدۇ.

— بۇ سېنىڭ چۈشۈڭدە كۆرگەن ئىشلار ئەمەستۇ؟ چۈشۈڭدە كۆرگەن ئىشلار بىلەن ئويغۇنىڭدىكى ئىشلارنى

ئاربلاشتۇرۇۋەتتىڭمۇ يا؟

تېيسا خۇددى ئۇ ئىشلارنىڭ ئۆزى راست كۆرگەن ئىشلار ئىكەنلىكىدە گەپ يوقتەك بېشىنى تىككىدە كۆتۈرۈپ نانسىغا بىردەم قاراپ تۇرۇپ كەتتى.

— ئۇنداق ئىش يوق، ئىككى ئىشنى ئاربلاشتۇرۇۋەتكىنىممۇ ھەم يوق.

«ئۇنى توك بىلەن داۋالىغان بولسا كېرەك، — دەپ ئويلاپ قالدى نانسى، — ھوشىدىن كەتكۈزۈۋېتىپ تۇرۇپ داۋالىغاندا مېڭىسىدە ھېچنېمە يوق، بوش بولۇپ قالغاندەك بولۇپ پىلىشىمۇ مۇمكىن. ئارخىپتا بۇ ئىشلار توغرۇلۇق گەپلەر باردۇ. ئايال غوجىدار بىلەن پاراڭلىشىپ باقسام بولغۇدەك.»

ئۇ ئېلىنورنىڭ قولىدىكى خېمىردا بىرنېمىلەرنى ياساۋاتقانلىقىغا قاراپ بىردەم تۇرۇپ قالدى. ئۇ بېشى، قۇلاقلىرى، قۇيرۇقى بار كىچىك چاشقان ياساۋاتاتتى.

تېيسا ئالدىدىكى خېمىردىن بىرنەچچە توغرام ئۈزۈپ ھەر خىل بىرنەرسىلەرنى ياساپ، ئېلىنور ياسىغان چاشقان بىلەن بىللە دۇخوپكىغا سالدى. ئاندىن ئېلىنورنىڭ قولىدىكى ھۆل لاتا بىلەن ئۇنىڭ ئۇستىبېشىدىكى ئۇننىڭ، خېمىرنىڭ يۇقىلىرىنى قېقىپ چۇشۇرۇۋەتتى.

— ئورۇندۇق، — دېدى تېيسا بوش ئاۋازدا، ئېلىنور ئاڭلاپ دەررۇ بىر ئورۇندۇق ئەكېلىپ ئاستىغا قويۇپ بەردى، ئورۇندۇقنى نانسىغا يېقىن قويغانىدى.

— بىزگە بىر پىيالىدىن چاي دەملەپ بەرسەڭ بولامدۇ، — دېدى تېيسا ئېلىنورغا، — ئەنسىرىمە، بىز سېنىڭ ئۇ ئەتىۋارلىقىڭغا كۆز - قۇلاق بولۇپ تۇرۇۋاتىمىز، چاشقىنىڭدىن چاتاق چىقمايدۇ، — ئۇ ئەمدى نانسىغا قاراپ گەپ باشلىدى، — بىز دېيىشكەن گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ كېتەيلى. سەن ماڭا يازغان ئاخىرقى خېتىڭدە ھامىلىدار بولۇپ قالغىنىڭنى يېزىپتىكەنسەن، ئۇ قىز بولدىمۇ، ئوغۇلمۇ؟

— ئوغۇل، — دېدى نانسى، — ئۇنىڭغا ئۇزاق يىللار بولدى، شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىككىنى تۇغدۇم. ئۇلار ھازىر چوڭ بولۇپ كەتتى.

— بۇ يەردە ئادەم ۋاقىتنىڭ قانداق ئۆتۈپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلمەيدىكەن، بۇمۇ بىر ھېسابتا ياخشى ئىشمىكىن دەيمەن، يا ئۇنداق ئەمەستۇ. بۇنىڭغا بىر نېمە دېمەك تەس. ئۇلار ھازىر نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتىدۇ؟

— ئوغلۇمنى دەمسەن...

— ئۇنىڭغا نېمە دەپ ئىسىم قويدۇڭ؟

— ئاللېن، ئۇمۇ دوختۇرلۇقتا ئوقۇدى.

— ھازىر دوختۇر ئىكەن ـ دە، ياخشى بوپتۇ.

— ئىككى قىزىم توي قىلىپ كەتتى. ھەي، ئاللېنمۇ توي قىلدى.

— ئۇلارنىڭ ئىسمى نېمە؟ ئىككى قىزىڭنىڭ؟

— سۇزان، پاترىشا، ئىككىلىسى سېستىرالىقتا ئوقۇدى.

— ئىسىم قويۇشقا ئۇستا ئىكەنسەن.

ئېلىنور چاي ئەكەلدى — بۇ يەردە ھەممە ۋاقىت چۆگۈندە سۇ قاينىتىپ تۇرىدىكەن — تېسسا چۆگۈندىن ئىككى ئىستاكانغا چاي قۇيدى.

— بىزنىڭ بۇ يەردە ئېسىل چىنە، ئىستاكانلار يوق، — دېدى ئۇ چاي قۇيۇۋېتىپ، ئۇ ئۆزىگە پۇچۇق بىر چىنىگە چاي قۇيدى.

— بۇمۇ ياخشى، — دېدى نانسى، — تېسسا، بۇرۇن سەن ناھايىتى سەۋرچان قىز ئىدىڭ، شۇ مىجەزىڭ ئېسىڭدىمۇ؟ نۇرغۇن ئىشلارنى بىلەتتىڭ، بىرەرى بىر نەرسىنى يوقىتىپ قويغان بولسا، ئۇ نەرسىنىڭ بار يېرىنى، نەدە تۇرۇۋاتقانلىقىنى دەپ بېرەلەيتتىڭ.

— ئۇنداق ئەمەس، — دېدى تېسسا، — ئاغزىمغا كەلگەننى دەپ قويىۋاتتىم.

— سەن ئۇنداق ئاغزىڭغا كەلگەننى دەپ قويىدىغانلاردىن ئەمەس

ئىدىڭ.

— ھازىر ئۇ ئىشلار توغرۇلۇق پاراڭ بولۇپ قالسا بېشىمغا ئاغرىق كىرىپ كېتىدۇ.

— مېنى كەچۈرگىن، دوستۇم.

بىر چاغدا غوجىدار ئايال ئىشىكىنىڭ تۈۋىدە پەيدا بولۇپ قالدى.

— مېنىڭ سىلەرنىڭ چاي ئىچىپ ئولتۇرۇشۇڭلارغا كاشىلا قىلغۇم يوق، — دېدى ئۇ نانسىغا، — ئەگەر خالىسىڭىز، چېيىڭىزنى ئىچىپ بولغاندىن كېيىن مېنىڭ ئىشخانامغا كىرىپ چىقسىڭىز...

تېسسا ئۇ ئايال كېتىپ گەپ قىلسا ئاڭلىيالىغۇدەك يەرگە بارغاندا نانسىغا:

— ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا كىرسەڭ، دېمەك شۇ يەردىنلا كېتىپ قالىسەن، — دېدى بىرقانچە قېتىم قىلغان كونا چاقچىقىغا كۆنۈپ قالغاندەك بىر خىل تەلەپپۇزدا، — بۇ ئۇنىڭ ئادەتلەنگەن كونا ئۇسۇلى، بۇ يەردە ئۇنى بىلمەيدىغان ئادەم يوق. مەن سېنىڭ مېنى ئەكەتكىلى كەلمىگەنلىكىڭنى بىلىمەن، بۇ قانداق مۇمكىن؟

— ئۇنىڭغا ئامالىم يوق، تېسسا، ساڭا پەقەت ۋولفنىڭ ئىشى بىلەنلا شۇنداق دەۋاتىمەن.

— بۇ دېگىنىڭ توغرا.

— ئۇ غەمخورلۇققا موھتاج. ئۇ ھاياتىمدا ماڭا ياخشى بىر ئەر بولۇپ كەلدى. ئائىلىمىزدە نۇرغۇن تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتى. مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم، ئۇنى ھېچقانداق بىر ئورۇنغا ئاپىرىپ بەرمەيمەن، دەپ ۋەدە قىلغان.

— توغرا ئويلاپسەن، ھەرگىز ئۇنداق جايلارغا ئاپىرىپ قويما.

— قارىغىنا، ساراڭدەك ساڭا نېمىلەرنى دەپ كېتىۋاتىمەن.

تېسسا كۈلۈپ كەتتى، نانسى ئۇنىڭ بۇ كۈلكىسىدىن خېلى يىللار ئىلگىرى ئۇنى قايمۇقتۇرۇپ كەلگەن ئاشۇ بىر ئىشنى

www.uyghurkitap.com

كۆرۈۋاتقاندەك بولدى. ئۇ ياخشىلىقتىن دېرەك بېرىدىغان ئىش ئەمەس، پەۋقۇلئاددە ۋە سەۋەبىنى بىلىپ بولمايدىغان ئىچ ئاغرىتىش ئىدى.

— مېنى كۆرگىلى كەلگىنىڭدىن قاتتىق سۆيۈندۈم دوستۇم، مېنىڭ ناھايىتى ساغلام تۇرۇۋاتقىنىمنى ئۆز كۆزۈڭ بىلەن كۆرگىنىڭنىڭ ئۆزى قالتىس ياخشى ئىش. بوپتۇ، چىقىپ ئۇ خوتۇن بىلەن كۆرۈشكىن.

— مېنىڭ تېزرەك چىقىپ ئۇ خوتۇن بىلەن كۆرۈشسەمكەن دەيدىغان خىيالىم يوق، — دېدى نانسى، — سېنىڭدىن ئوغرىلىقچە، ساڭا بىلىندۇرمەي كېتىشىنىمۇ ئويلاپ باقمىدىم. سەن بىلەن رەسمىي خوشلىشىپ ئوچۇق - ئاشكارا قايتىپ كېتىمەن.

شۇنىڭ بىلەن، تېسسا دەپ بەرگەن ئىشلارنى ئۇنىڭدىن تېخىمۇ ئىچكىرىلەپ سۈرۈشتۈرۈشكە ئىمكانىيەت بولمىدى، ئۇنىڭ ئۇستىگە شۇنداق قىلىش كېرەكمۇ - يوق، ئۆزىمۇ بىلمەيتتى، ئۇنىڭ يېنىدا ئۇزاقراق ئولتۇرۇپ قالسا ئۇلارنىڭ گۇمان قىلىپ تېسسادىن ئۆچ ئېلىپ قېلىشىدىنىمۇ قورقتى. مۇنداق جايدا ئادەم ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈنمۇ جازالىنىپ قېلىشى مۇمكىن. بۇنىڭغا بىرنېمە دەپ بولمايدۇ.

— بوپتۇ، ئېلىنور ياسىغان چاشقاندىن بىرنى يەپ ئاندىن چىقىپ كەتكىن. ئۇ ئۇنى سېنى يېسۇن دەپ ياسىدى، سېنى ياخشى كۆرۈپ قالغان ئوخشايدۇ. ئۇنىڭ قولىنى پاكىز ئەمەسمىكىن دەپ ئەنسىرىمە، ئۇنىڭ قولىنىڭ پاكىزلىقىغا مانا مەن كېپىل، ئۇنىڭدا ئازراقمۇ ئۇنداق ئىش يوق.

نانسى چاشقاندىن بىرنى يەپ، ئېلىنورنى ياخشى پىشۇرۇپسىز دەپ ماختاپ قويدى. ئېلىنور ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلىشىدىغانلىقىنى بىلدۈردى، تېسسامۇ ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ خوشلاشتى.

— ئەگەر ئۇ ئۆلۈپ كەتمىگەن بولسا، — دېدى تېسسا، ئۇنىڭ

ئاۋازى قەتئىي، گەپلىرى ئورۇنلۇق ئىدى، — نېمىشقا كېلىپ مېنى ئەكەتمەيدۇ، ئۇ ئۆزى ماڭا شۇنداق دېگەن.

نانسى بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

— مەن ساڭا خەت يازىمەن، تېسسا، — دېدى ئۇ.

ئۇ چىن كۆڭلىدىن شۇنداق قىلىشنى ئويلىغانىدى، لېكىن ئۆيگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن ۋولفتىن بىر مىنۇتمۇ ئايرىلالمايدىغان بولۇپ قېلىپ تېسساغا بىر قېتىممۇ خەت يازالمىدى. بۇ قېتىمقى سەپىرى ئۇنىڭغا راست ئەمەستەك تۇيۇلۇپ ئۇنى بىر مىنۇتمۇ ئارامىدا قويماي قىيناپ كېلىۋاتاتتى.

## تۆت چاسا، چەمبەر، يۇلتۇز

1970 - يىللارنىڭ ياز كۈنلىرىنىڭ بىرى، بىر ئايال ۋانكوۋېرنىڭ كوچىسىدا ئاستا مېڭىپ كېتىۋاتىدۇ. ئۇ بۇ شەھەرگە بىر قېتىممۇ كېلىپ باقمىغان، ئەمدى يەنە بىر قېتىم كېلىشى مۇمكىن ئەمەس. ئۇ شەھەرنىڭ مەركىزىدىكى مېھمانخانىدىن چىقىپ، براد كوچىسىدىن ئۆتۈپ ئۇزاق ماڭماي، ئۆزىنىڭ تۆتىنچى كوچىغا چىقىپ قالغانلىقىنى بىلدى، ئۆز ۋاقتىدا بۇ كوچىدا كىچىك دۇكانلار كۆپ ئىدى، ئۇ دۇكانلاردا ھەر خىل پۇراقلىق شاملار، خىرۇستال قاچىلار، يوغان قەغەز گۈللەر، سالۋادور دالى①نىڭ رەسىملىرى، ئاق توشقان ماركىلىق كەمپۈتلەرنىڭ ئېلان رەسىملىرى، ئۇلاردىن باشقا يەنە ئالىيېشىل، نېپىزلىكىدىن بەدەن كۆرۈنۈپ تۇرىدىغان كىيىملەر سېتىلاتتى. بۇ نەرسىلەرنىڭ نۇرغۇنى دۇنيادىكى ئەڭ كەمبەغەل، ئەڭ باي دۆلەتلەردە ئىشلەنگەن نەرسىلەر ئىدى. بۇ دۇكانلارنىڭ

① سالۋادور دالى — ئىسپانىيەلىك ئاتاقلىق رەسسام. ھەر خىل ئېقىملارغا خاس غەلىتە رەسىملەرنى سىزغان. بۇ يەردە دېيىلىۋاتقىنى ئۇنىڭ رەسىملىرىنىڭ كۆچۈرۈلگەن نۇسخىلىرى.

ئالدىدىن ئۆتكىنىڭىزدە قويۇلۇۋاتقان مۇزىكىلارنىڭ قاتتىقلىقىدىن قۇلاقلىرىڭىزنى قوللىرىڭىز بىلەن ئېتىۋېلىپ مېڭىشقا مەجبۇر بولاتتىڭىز. ئۇ دۇكانلاردىن چىقىۋاتقان غەلىتە غەلىتە تاتلىق پۇراقلارمۇ ھەم شۇنداق، ئۇ پۇراقلارنىڭ قويۇقلۇقىدىن بۇرنىڭىزنى قول ياغلىقىڭىز بىلەن ئېتىۋېلىشقا مەجبۇر بولىسىز. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ئۇششاق باللار، ياش يىگىت - قىزلارنىڭ ئۆيلىرىنى مۇشۇ يەرگە كۆچۈرۈپ كەلگەندەك پىيادىلەر ماڭىدىغان يوللاردا تۇرۇۋېلىپ ھەر خىل ئىشلاردا بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرەتتىڭىز. بىزنىڭ بۇ خانىم بۇنداق ئاتالمىش «ياشلار - ئۆسمۈرلەر مەدەنىيىتى»دىن ئاز - تولا خەۋەردار ھەم شۇنىڭغا ئائىت كىتابلارنىمۇ ئوقۇغان، ئۇ كىتابلاردا بۇ ئاتالغۇنىڭ كۆپلەپ تىلغا ئېلىنغانلىقىنى كۆرگەنىدى. ئۇنىڭ بۇ خىل ھالەتكە دىققەت قىلىپ كېلىۋاتقىنىغىمۇ بىرنەچچە يىل بولغانىدى. بۇ يەردىكى ئەھۋالغا قارىغاندا، بۇ خىل ئەھۋال ئىلگىرىكىگە قارىغاندا ئازلاپ قالغاندەك قىلاتتى. لېكىن، ئۇ بۇنداق ئەھۋال ئەڭ قويۇق تۇس ئالغان جايلارغا بېرىپ ئۇ يەرلەردە ئۆزى يالغۇز تۇرۇپ باقمىدى، شۇنداق قىلغان بولسا ئۇ مەدەنىيەتنىڭ بۇ جايلارغا قانچىلىك دەرىجىدە تارقالغانلىقىنى بىلگەن بولاتتى.

ئۇ بۇ يىل ئاتمىش يەتتە ياشقا كىردى، شۇنچىلىك ئورۇق، ئىككى مۈرىسى، مەيدىسى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، ھېچنېمە كۆرۈنمەيدۇ. ئەمما، قەدەملىرى مەزمۇت، بېشى تىك، ئالدىغا قاراپ تۇرغان كۆزلىرى دەمۇدەم ئوڭغا، سولغا، ئالدىغا تىنىماي يۆگۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇ كۆزلەردە بىر خىل خىرىس ۋە قىزىقىش خېلىلا قويۇق.

ئۇنىڭ كۆزى يەتكەن جايلاردا ئوتتۇز ياشلار ئەتراپىدىكى ئادەملەردىن بىرسىمۇ كۆرۈنمەيدۇ.

بىر ئوغۇل بالا بىلەن بىر قىز بالا ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئۇنىڭغا ئازراق تارتىنىش ئارىلاش سۈرلۈك قاراپ قويدى.

باشلىرى ئۇستىدىكى چاچلىرى يەلپۈنۈپ تۇراتتى. ئۇلار ئۇنىڭغا كىچىك قىلىپ بولاپ قويۇلغان قەغەزلەرنى ساتماقچىكەن.

موماي ئۇلاردىن بۇ قەغەزلەرنىڭ ئىچىدىن ئۆزىنىڭ تەقدىرىگە جاۋاب تاپقىلى بولىدىغان ـ بولمايدىغانلىقىنى سورىدى.

— تاپقىلى بولىدىغاندۇ، — دېدى قىزچاق.

— بۇ قەغەزلەرنىڭ ئىچىدە نۇرغۇن ئەقىل ـ پاراسەتلەر بار، — دېدى ئوغۇل بالا ئىشەنچلىك ھالدا.

— ئۇنداق بولسا مەن بىر ئۇرۇنۇپ كۆرەي، — دېدى نانسى. ئاندىن بىر دوللار پۇلنى ئۇلار تەڭلەپ تۇرغان گۈللۈك دوپپىنىڭ ئىچىگە تاشلىدى.

— ئەمدى سىلەر ماڭا ئىسمىڭلارنى دەپ بېرىڭلار، — دېدى ئۇ، چىرايىدىن بىر خىل يېقىملىق تەبەسسۇم ئويناپ تۇراتتى. لېكىن، بالىلاردىن جاۋاب بولمىدى. خېلىدىن كېيىن قىزچاق:

— ئادام، ھەۋۋا، — دەپ قويۇپ، دوپپىدىكى بىر دوللار پۇلنى ئېلىپ كىيىمىنىڭ بىر يەرلىرىگە تىقىپ قويدى.

— ئادام بىلەن ھەۋۋا مېنى ئەجەبمۇ قاتتىق چىمدىۋالدى، — دېدى نانسى، — شەنبە كۈنى كەچتە مەن دەرياغا چۈشىمەن...[1]

ئۇ شاكىچىكلەر بىر خىل قاتتىق يىرگىنىچ ۋە چارچاش تۇيغۇسى بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇردى.

شۇنداق قىلىپ، بۇ ئىش مۇشۇنداق ئۆتۈپ كەتتى. نانسى يولىنى داۋاملاشتۇردى.

ئەجەبا، ئۇ قانۇن بەلگىلىمىلەر مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمگە يول قويمامدۇ؟

كىچىكرەك بىر قەھۋەخانا دېرىزىسىگە ئۆزىدە بار تاماق ھەم ئىچىملىكلەرنىڭ ئېلانىنى چاپلاپ قويۇپتۇ. نانسى ئەتىگەن مېھمانخانىدا ناشتا قىلغاندىن ھازىرغىچە ھېچ نەرسە

---

① بۇ مەشھۇر بالىلار مەسىلىدىكى سۆز.

يېمىگەنىدى. هازىر چۈشتىن كېيىن سائەت تۆت بولۇپ قاپتۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇ قەدىمىنى توختىتىپ، بۇ قەھۋەخانىدا يەيدىغان قانداق نەرسىلەر بار دەپ، دېرىزىگە قاراپ باقماقچى بولدى.

ۋاي خۇدايىمەي، نېمانداق چاڭگىدەك بولۇپ كەتكەن چاچ بۇ. دېرىزىگە قالايمىقان يېزىپ چاپلاپ قويغان ئېلاننىڭ كەينىدە غەزەپلىك، تېرىلىرى بوشاپ قورۇلۇپ كەتكەن، كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلەي دەپ تۇرغان بىر ئادەمنىڭ سايىسى كۆرۈندى. ئۇ ئادەمنىڭ بېشىدىكى سۇيى قېچىپ قۇرۇپ قالاي دەپ قالغان قوڭۇر شالاڭ چاچلىرى شامالدا پېشانىسى بىلەن مەڭزىلىرىدە ئۇچۇپ تۇرۇۋاتاتتى. چاچلىرىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ رەڭگىدىنمۇ بەكرەك سارغىيىپ كېتىپتۇ، دېگەنىدى ئۇنىڭ چېچىنى ياسىغان ساتىراش ئۇنىڭغا. ئۇنىڭ چاچلىرىنىڭ رەڭگى ئەسلىدە قوڭۇر، قېنىق قوڭۇر، قارىغا مايىلراق قوڭۇر رەڭدە ئىدى.

ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئۇنىڭ هازىرقى رەڭگى ئاققا ئۆزگىرىپ كەتكەن.

بۇنداق ئەھۋالغا سىز هاياتىڭىزدا بىرىنەچچە قېتىملا دۇچ كېلىسىز — ئاز دېگەندە بىرنەچچىلا قېتىم، ئەگەر سىز ئايال كىشى بولسىڭىز — يەنە كېلىپ ئويلاپ باقمىغان ئەھۋالدا، ئۇ ئەھۋال چۈشىڭىزدە قارا بېسىپ قالغان ئەھۋالدىنمۇ ئېغىر، خۇددى پاختىلىق ئۇخلاش كىيىمى كىيىپ كوچىغا چىققاندەك ياكى ئۇخلاش كىيىمىنى ئۇستىڭىزگە كىيىپ تۇۋۋەن تەرىپىڭىزگە هېچنېمە كىيمىگەندەك هەم ئۇنىڭغا پىسەنت قىلماي يۈرۈۋەرگەندەك.

يېقىنقى ئون يىل ياكى ئون بەش يىلدىن بۇيان ئۇ كۈچلۈك چىراغنىڭ يورۇقىدا قىلغان گىرىملىرىنىڭ رولى بولدىمۇ - بولمىدىمۇ، دەپ ئەينەككە قاراپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. چاچلىرىنى بويايدىغان چاغ بولغان - بولمىغانلىقىنى بىلىش ئۈچۈنمۇ بەزىدە ئەينەككە قاراپ قوياتتى. لېكىن، هەرقانداق چاغدا بۈگۈنكى قىياپىتىنى كۆرگەندىكىدەك بۇنچىلىك چۆچۈپ

كەتمىگەنىدى. ئۇنىڭ شۇ تۇرقىدا بايقىغىنى بۇرۇن بايقىغان كونا ـ يېڭى ئاۋارىچىلىكلەر ياكى مەلۇم بىر يېرىدىكى سەل قاراشقا بولمايدىغان قېرىلىق يەتكەن تەرەپلىرى ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە پۈتۈنلەي ناتونۇش بىر چىراي ئىدى.

ئۇ ئۆزى تونۇمايدىغان ھەم تونۇشنى خالىمايدىغان ئادەم ئىدى.

ئۇ دەرھال ئۆزىنىڭ ئەينەكتىكى قىياپىتىنى يوقىتىۋېتىش ئۈچۈن ئۆزىنى چەتكە ئالغانىدى. دېگەندەك ئەھۋالدا شۇ ئان ئۆزگىرىش بولدى ھەم ئۆزىنىڭ ئەسلىي قىياپىتىنى باشقىدىن بايقىغاندەكمۇ بولۇپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ شۇ بايقىغان غۇۋا ھالىتىنى ئىزدەپ تېپىش نىيىتىدە بىر مىنۇتمۇ ۋاقىتنى بىكارغا ئۆتكۈزمەي ئىزدىنىش ھالىتىگە كۆچتى. بۇنىڭ ئۈچۈن شامالدا ئۈچۈپ تۇرغان چاچلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇۋېلىش ئۈچۈن پۈركۈيدىغان يېلىم ئىزدىدى. ئۇنىڭغا يېلىمدىن باشقا يەنە سۈس ھال رەڭ لەۋ سۇرۇخمۇ كېرەك ئىدى. بۇنداق رەڭلىك لەۋ سۇرۇخنى تاپماق تەس ئىدى، ھازىر ئىشلىتىۋاتقان لەۋلىرىدىكى داغ ياكى يېرىلغان يەرلەرنى ياپالمايدىغان سۈس قىزىل رەڭدىكى لەۋ سۇرۇخلار بولمايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۆزىگە لازىملىق سۈس ھال رەڭ لەۋ سۇرۇخ تېپىشقا ئالدىراپ كەينىگە بۇرۇلۇپ ماڭدى — ئۈچ ـ تۆت كوچىدىن ئۆتكەن يەردە بىر دورىخانىنىڭ بارلىقىنى بىلەتتى — ئۇ ئادام بىلەن ھەۋۋاغا ئۇچراپ قالماسلىق ئۈچۈن كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتتى.

ئۇ كوچىنىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتۈپ كەتمىسىمۇ، بۈگۈن ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىپمۇ قالمايتتى.

يەنە بىر بوۋاي پىيادىلەر يولىدا ئۇنىڭغا قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بويى پاكار، بەدىنى تۈز، مۇسكۇللىرى تەرەققىي قىلغان، بېشىنىڭ ئوتتۇرىسىدا چاچ يوق، باشقا يەرلىرىدە ئۆزىنىڭكىدەك شامالدا ئۈچۈپ تۇرغان ئازراقلا ئاق چاچلىرى قالغان ئادەم ئىدى. ئۈچىسىدا تىك ياقىلىق كۆڭلەك، كۆڭلەكنىڭ ئۈستىدە

www.uyghurkitap.com

قىسقا چاپان، ئاستىدا كونا ئىشتان بار ئىدى، ھازىر ياشلار كىيىپ يۈرۈۋاتقانغا ئوخشاش كىيىملەرنىڭ بىرسىنىمۇ كۆرۈنمەيتتى، چاچلىرىنىمۇ كەينىدىن بوغۇۋالمىغان، بېشىنى كەينىدىن چىگىۋالىدىغان ياغلىقىمۇ يوق، ئاستىدىكى پادىچىلار ئىشتىنىمۇ ئەمەس. ئىشقىلىپ ئۇ ھەرگىزمۇ ئىككى ھەپتىدىن بېرى ھەر كۈنى ئۈنىڭ ئالدىغا ئۇچراپ تۇرىدىغان ئاشۇ خىلدىكى ئادەملەردىن ئەمەس ئىدى.

ئۇ بۇ ئادەمنى دەررۇ تونۇۋالدى، ئۇ ئوللىبي ئىدى، ئۇ ئۇنى كۆرۈپ قېتىپلا قالدى. ئۈنىڭ راست شۇ ئادەم ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغان سەۋەبلىرى تولىمۇ تولۇق ئىدى.

ئوللىبي. ئۇ ھايات ئىكەن، ئوللىبي.

ئۇمۇ ئۇنى تونۇۋېلىپ:

— نانسى ! — دەپ توۋلاپ كەتتى.

ئۈنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىش (شۇ دەقىقىدە پەيدا بولغان قورقۇنچىنى بېسىۋالغاندىن كېيىنكى چىرايى. ئۇ ئۆزىدىكى ئۇ خىل قورقۇنچىنى تازا ھېس قىلىپ كېتەلمىگەنىدى) ئۈنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىش بىلەن ئوپمۇئوخشاش ئىدى: ئىشەنمەسلىك، خۇشاللىق، ئەپسۇسلىنىش دېگەندەك.

ئۇلار نېمىگە ئەپسۇسلىنىدۇ؟ دوستلاردەك خۇشلىشالماي قالغىنىنى ئۇچۇنمۇ؟ ئۇزاق يىللاردىن بېرى قايتا ئالاقىلىشالمىغەنلىكى ئۇچۇنمۇ؟ ياكى ھەر ئىككىسىنىڭ تۇرقىلىرىدا چوڭ ئۆزگىرىشلەرنىڭ بولۇپ كەتكىنىگىمۇ؟ مۇشۇ كۈنلەردە ئۇلاردا مۇشۇنداق ئۆزگىرىش بولماسلىقى مۇمكىنمۇ؟ ئۇلارنىڭ باشقىچە ھەرقانداق ئۇمىدلەردە بولۇشى ئەقىلگە سىغامدۇ؟

نانسى ئۇنىڭغا قارىغاندا تېخىمۇ بەكرەك ھەيران قېلىۋاتاتتى. لېكىن، ئۇ ۋاقىتلىق بولسىمۇ بۇ ھەيرانلىقىنى بىلىندۇرمىدى، بىر - بىرىنىڭ ئەھۋاللىرىنى بىلگەندىن كېيىن، ئاندىن گەپ قىلماقچىدى.

— مەن بۇ يەرگە قونغىلى كەلگەن، — دېدى ئۇ، — تۈنۈگۈن ئاخشام قوندۇم، بۈگۈنمۇ قونماقچى. پاراخوتقا ئولتۇرۇپ ئالياسكىدىكى تۇل خوتۇنلار تەشكىللىگەن بىر جەمئىيەتكە بارماقچىمەن. ۋولف ئۆلۈپ كەتتى، ئاڭلىغانمىدىڭىز؟ بىر يىلدەك بولدى. ھازىر مېنىڭ قورسىقىم ئېچىپ كېتىۋاتىدۇ. مەن ماڭدىما ماڭدىم، ئاخىر مېڭىپ مۇشۇ يەرگە كېلىپ قاپتىمەن، بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغىنىمنى بىلمەيمەن، — ئارقىدىن ئۇ خۇدىنى بىلىپ - بىلمەي دېدى، — مەن سىزنىڭ ھازىرغىچە مۇشۇ يەردە تۇرۇۋاتقانلىقىڭىزنى بىلمەپتىمەن.

ئەمەلىيەتتىمۇ ئۇ ئۇنىڭ بۇ يەردە ھايات ياشاۋاتقانلىقىنى ياكى ئۆلۈپ كەتكەنلىكىنىڭ ئېنىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى، بىلىدىغىنى ۋولفنىڭ ئۇ ھەققىدە ئېنىق بىر خەۋەر ئاڭلىمىغانلىقى ئىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇ ۋولفتىن بۇ ئىشنى كوچىلاپ سوراپ باقمىغانىدى. ۋولف بەزىدە ئۇنىڭغا بويسۇنمايمۇ قالاتتى. ئۇ تېپسانى كۆرگىلى كەتكەندە، باشقۇرۇپ تۇرىدىغان ئادەم يوق، بىر يەرگە قىسقا ۋاقىتلىق كېتىپ قاپتىكەن ئەمەسمۇ.

ئۇللىي ئۆزىنىڭ ۋانكوۋېردا تۇرمايدىغانلىقىنى، شەھەردە ئازراق ۋاقىت تۇرۇش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى دېدى، دوختۇرخانىغا كۆرۈنۈپ بېقىش ئۈچۈن كەپتىكەن، كۆرۈنۈپ بوپتۇ. ھازىر دىكسادا ئارىلىدا تۇرىدىكەن. ئۇ يەرنىڭ يەر شەكلىنىڭ مۇرەككەپلىكىنى بىر - ئىككى ئېغىز گەپ بىلەن سۆزلەپ بەرگىلى بولمايدىكەن. قىسقىچە قىلىپ ئېيتىپ بەرسە، ئۈچ قېتىم پاراخوت ئالمىشىپ، ئۈچ قېتىم قولۋاققا ئولتۇرۇپ ئاران بارىدىكەن.

ئۇللىي ئۇنى يولنىڭ بويىدا توختاقلىق تۇرغان ئاق رەڭلىك مەينەت بىر يۈك توشۇيدىغان ماشىنىغا ئولتۇرغۇزۇپ بىر رېستورانغا ئېلىپ ماڭدى. ماشىنىنىڭ ئىچى دېڭىز پۇراپ تۇراتتى، دېڭىز ئۆسۈملۈكلىرى بىلەن بېلىقنىڭ پۇرىقىمۇ بار

ئىدى. كېيىن ئۇ ئۇنىڭ ھازىر بىلىقلا يەيدىغانلىقىنى، ھايۋان گۆشلىرىنى پەقەتلا يېمەيدىغان بولغانلىقىنى بىلدى. ئۇنى باشلاپ بارغان يەر تۆت ـ بەشلا ئۇستىلى بار ياپون رېستورانى ئىكەن. پوكەيدە شەيخكە ئوخشاپراق كېتىدىغان، كۆلۈپ تۇرىدىغان بىر ياپون تۇرۇپتۇ، پوكەينىڭ ئىچىدە بىر ئەمبەلدە دۇمبىسىنى بۇ تەرەپكە قىلىپ تۇرۇپ بېلىق توغراۋاتقانىكەن، ھەرىكىتى شۇنچىلىك تېز. ئوللىي ئۇنىڭغا قاراپ:

— سوداڭ قانداقراق، پېت؟ — دەپ توۋلىدى.

— ناھا — يىتى — ياخشى، — دەپ، ئوللىيغا ئوخشاش ۋارقىراپ شىمالىي ئامېرىكا تەلەپپۇزىدا جاۋاب بەردى پېت. گېپىنىڭ ئۇرغۇسىنىڭ بوش ـ چىڭلىقىمۇ شۇنچىلىك ئۆلچەملىك ئىدى. نانسى ئاڭلاپ سەل بىئارام بولغاندەك بولدى، ئوللىينىڭ پېتنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ تۇرۇپ گەپ قىلغىنىغا ياكى ئۇ ياپوننىڭ ئوللىينىڭ ئىسمىنى ئاغزىغا ئالمىغىنىغا بىئارام بولدىمۇ، ئۆزىمۇ بىلمەيتتى. بەلكىم ئوللىي ئۇنىڭ ئۆزىنىڭ ئىسمىنى ئاتىمىغىنىغا دىققەت قىلىپىمۇ كەتمىگەندۇ. بەزى ئادەملەر — بەزى ئەرلەر — ماگىزىنلارغا ياكى رېستورانلارغا كىرسە ئۇ يەردىكىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنىڭ يېقىن ئىكەنلىكىنى باشقا كىشىلەرگە بىلدۈرگۈسى كېلىپ كېتىدۇ.

خام بېلىق گۆشىنى يېيىشنى ئۇ ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتى، شۇڭا بىر چىنە ئۇگرە ئالدۇردى. چوكا ئىشلىتىشنى بىلمەيتتى — بۇ يەرنىڭ چوكىسىنى ئۇ بىر ـ ئىككى قېتىم ئىشلىتىپ باققان جۇڭگو چوكىسىغا ئوخشىمايدىكەن — ئۇلار ئۇنىڭغا ئاشۇنداق چوكىغا ئوخشاپراق كېتىدىغان بىر نەرسىنى بەردى.

ئۇلار ئۇستەلگە كېلىپ تاماقلا ئولتۇردى. ئەمدى ئۇ ئۇنىڭغا تېسسانىڭ گەپلىرىنى دەپ بەرسە بولاتتى. ئەڭ ياخشىسى ئۇ توغرۇلۇق گەپنى ئاۋۋال ئۇ ئەشسۇن، دەپ ئويلاپ قالدى ئۇ.

ئۇ ئۇنىڭغا پاراخوتقا ئولتۇرۇپ ساياھەت قىلغان ئىشلىرىنى

سۆزلەپ بېرىپ، جېنىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئەمدى ھەرگىزمۇ پاراخوت بىلەن ساياھەتكە چىقمايدىغان بولغانلىقىنى دېدى. بۇنداق بولۇشى ھاۋانىڭ ئىسسىدىن ئىكەن، بىرنەچچە كۈن ھاۋا ئىنتايىن يامان بوپتۇ، يامغۇر يېغىپ، بوران چىقىپ، ھەممە يەرنى تۇمان قاپلاپ، ھېچقانداق نەرسىنى يا مەنزىرىلەرنى كۆرگىلى بولماپتۇ. مەنزىرىنى كۆرمىسىمۇ، بۇرۇن كۆرگەن تاغلار ـ ئاراللار، قىيا تاشلىقلار، شارىلداپ ئېقىۋاتقان سۇلار، دەل ـ دەرەخلەر ئۇنىڭ بىر ئۆمۈر ھۇزۇرلىنىشىغا يېتىپ ئاشاتتى. ئۇ مەنزىرىلەرنى كۆرگەن ھەرقانداق ئادەم، نېمىدېگەن گۈزەل، نېمىدېگەن چىرايلىق مەنزىرە، دەپ خۇشال تولۇقلىشىپ كېتەتتى.

راستلا ئالامەت، ئالامەت، ئاجايىپ گۈزەل.

ئۇلار ئۇ دېڭىز سەپىرىدە ئاق ئېيىق، دېڭىز يىلپىزى، دېڭىز شىرى، يەنە كىتلارنى كۆردى، ئۇلارنى سۈرەتلەرگە تارتىۋالدى. بەزىلەر يېڭى سېتىۋالغان كۆپ ئىقتىدارلىق ئاپپاراتلىرى ئىشلىمەي قېلىپ تەرلەپ كېتىۋاتاتتى. ئاپپارات ساتقان ئادەمنى توختىماي تىللايتتى. كېيىن پاراخوتتىن چۈشۈپ جېنىدېل دەپ ئاتىلىدىغان كونا پويىزغا ئولتۇرۇپ، يەنە شۇنداق جېنىدېل دەپ نامى بار بىر ئالتۇن كانىغا كەلدى. بۇ يەردىمۇ سۈرەتكە چۈشۈشلەر قايناپ كەتتى. بۇ يەردە بىر ئارتىس بار ئىكەن. «خۇشال 1990 ـ يىللار»①دىكى كىيىنىشلەر بىلەن كىيىنىپ ساياھەتچىلەر بىلەن سۈرەتكە چۈشىدىكەن. ئۇنىڭدىن باشقا كىشىلەر ئۇزۇن ئۆچرەتتە تۇرۇپ سېرىق مايدا ياسىغان يۇمشاق كەمپۈتلەردىن سېتىۋېلىشتى.

پويىزدا ھەممە ئادەم خۇشال ناخشا ئېيتىشىپ ماڭدى، پاراخوتتىمۇ ھەم شۇنداق. بولۇشىغا ئىچىشتى. بەزى ئادەملەر

---

① «خۇشال 1990 ـ يىللار» 19 ـ ئەسىرنىڭ ئاخىرقى ئون يىلىغا قارىتىلغان. ئۇ يىللاردا ئامېرىكىنىڭ ئىقتىسادىدا ئومۇمىيۈزلۈك ياخشىلىنىش بولۇپ، ھەممە شاد ـ خۇراملىقتا چۆمگەنىدى.

ئەتىگەنلىك تاماق ۋاقتىدىن تارتىپ ئىچىشكە باشلىغان، كەچ كىرگۈچە توختىماي ئىچتى، پۇل تىكىپ قارتىمۇ ئوينىدى. ھەر كۈنى ئاخشىمى تانسا بولۇپ تۇردى، بىر بوۋاي ئۇن موماي بىلەن تانسا ئويناپ چىقتى.

— ھەممىمىز چاچلىرىمىزنى بۇدۇر قىلىپ، لېنتىلارنى چىگىپ، ئۇششاق پارقىراق قەغەزلەرنى چاپلاپ، شالاڭ چاچلىرىمىزنىڭ ئارىلىرىغا بىرنېمىلەرنى تىقىپ كۆپتۇرۇپ، خۇددى كۆرگەزمىگە قويىدىغان كۇچۇكلەرنى ياسىغاندەك ئۆزىمىزنى بۆلەكچىلا ياساپ كەتتۇق. سىزگە دېسەم، ئارىمىزدىكى رىقابەتمۇ شۇنچىلىك كۈچلۈك بولدى.

نانسى ئۆزىنىڭ بېشىدىن ئۆتكەن ئىشلارنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا ئوللېي بىرقانچە قېتىم ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى. نانسى بىر قېتىم ئۇنىڭ ئۆزىگە قارىماي پوكەي تەرەپكە قاراپ تۇرغانلىقىنى، كۆڭلىنىڭ بىر يەردە ئەمەسلىكىنى قانداقتۇر بىر نەرسىنى جىددىي ساقلاۋاتقاندەك ئولتۇرۇۋالغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇپمۇ توختىماي سۆزلەۋەردى. ئوللېي چىنىسىدىكى شورپىنى ئىچىپ بولغانىدى. شۇڭا، ئەمدىكى تاماقنى ساقلاۋاتقاندۇ ياكى بولمىسا بەزى ئەرلەرگە ئوخشاش تاماق ۋاقتىدا چىقمىسا ئۆزىگە ئېتىبار قىلمىغاندەك ئويلاپ قېلىۋاتقاندۇ.

نانسى چىنىسىدىكى چۆپنى چوكىدا قىسىپ ئېلىپ ئاغزىغا تۇزۇكىرەك سالالمايۋاتاتتى.

«مەن، ئاھ، ھەممىگە قادىر خۇدا، مەن بۇ يەرگە نېمىنى دەپ كەلدىم؟ زادى نېمىنى دەپ كەلدىم، دەپ جىق ئويلايتتىم. ھەممىلا ئادەم ماڭا، ئۆيدە ئولتۇرۇۋالماڭ، سىرتلارغا چىقىپ تۇرۇڭ، دېيىشىدۇ. ۋولفىنىڭ ئۆزىنىڭ ھۆددىسىدىن ئۆزى چىقالمايدىغان بولۇپ قالغىنىغا كۆپ يىللار بولغان. مەن ئۇنى ئۆيدىن تالاغا چىقارماي بېقىپ كەلدىم، ئۇ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن، مېنى كىملا كۆرسە، ئۆيدە ئولتۇرۇۋالماي سىرتلارغا چىقىپ بەزى پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ تۇرۇڭ. قېرىلارنىڭ كىتاب

ئوقۇش كۆلۈبلىرى، تەبىئەت بىلەن ئۇچرىشىش تۇرۇش پائالىيەتلىرى، رەسىم سىزىش كۆلۇبلىرى بار. شۇلارغا قاتنىشىڭ ھەتتا قېرىلارنىڭ خالىسانە زىيارەت قىلىش ئۆمىكىمۇ بار. بۇ ئۆمەكتىكىلەر دوختۇرخانىلارغا بېرىپ كېسەللەرنى يوقلايدۇ. كەمبەغەل، ئىگە - چاقىسىز ئادەملەرگە ياردەم بېرىدۇ، دەپ تۇرىدۇ. ئۇلارنىڭ ئۇنداق پائالىيەتلىرىگە پەقەتلا قاتناشقۇم يوق. يەنە بەزىلەر باشقا يەرلەرگە ساياھەتكە بېرىپ ئايلىنىپ كېلىڭ، دېيىشتى. بالىلىرىممۇ ئاپا، ساڭا ئۆزۈڭنى ئەركىن تۇتۇپ، ھېچنېمىنى ئويلىماي جاھاننى ئايلىنىپ كېلىدىغان بىر ئاراملىق كېرەك، دېدى. مەن ئۇلارنىڭ بۇ تەكلىپلىرىنى نۇرغۇن ئويلاندىم ھەتتا ئىككىلىنىپ ھېچ يەرگە بارماسلىقنىمۇ ئويلىدىم. بىرەيلەن مەسلىھەت بېرىپ، سىز پاراخوتتا ئولتۇرۇپ ساياھەت قىلىڭ، دېدى. مەن بۇ مەسلىھەتنى توغرا تېپىپ، بوپتۇلا، پاراخوتقا ئولتۇرۇپ جاھاننى بىر ئايلىنىپ كېلەيچۇ، دەپ ئويلاپ قالدىم.

— قىزىق ئىش بوپتۇ - ھە، — دېدى ئوللېي، — مەن خوتۇنۇمدىن ئايرىلىپ قالسام ئۆزۈم يالغۇز پاراخوت بىلەن دۇنيانى ئايلىنىپ چىقىش پۇرسىتىگە ئېرىشەلەيمەن، دەپ پەقەتلا ئويلاپ باقماپتىمەن.

نانسى گەپكە گەپ كەلگەندە ھەرگىز يانمايتتى.

— سىز ئەقىللىك ئادەم تۇرسىڭىز، — دېدى ئۇ.

نانسى ئۇنىڭ تېپسا توغرۇلۇق گەپ ئېچىشىنى ساقلاپ تۇردى. دەل شۇ چاغدا ئۇ بۇيرۇغان بېلىق كېلىپ قېلىپ، ھېچنېمىگە قارىماي خام بېلىقنىڭ گۆشىنى يېيىشكە باشلىدى، نانسىنىمۇ تېتىپ بېقىشقا ئۈندىدى.

نانسىنىڭ تېتىپ باققۇسى يوق ئىدى، شۇڭا دەررۇ گېپىنى توختىتىپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردى.

خېلىدىن كېيىن نانسى گەپ باشلاپ، ئۇنىڭ ئۇ ماقالىسى جەمئىيەتتە چوڭ تەسىر قوزغىغۇدەتكەندىن كېيىن، ئۆزىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ يېڭى ئەسىرىنى ئۇزاققىچە كۈتكەنلىكىنى، ئالدىدا يازغان ئۇ ئەسىرىنىڭ قەلىمىنىڭ كۈچلۈكلۈكىنى كۆرسەتكەنلىكىنى دېدى.

ئۇ نانسىنىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، ئۇ دەۋاتقان ئىشنىڭ نېمە ئىش ئىكەنلىكىنى ئاڭقىرالمايۋاتقاندەك، شۇ بىر دەقىقە ئىچىدە تېڭىرقاپ تۇرۇپ قالدى. ئارقىدىن ھېچنېمىنى چۈشەنمىگەندەك بېشىنى چايقاپ قويدى ۋە ئۇ ئىشنىڭ ئۇزاق يىللار ئىلگىرىكى ئىشلار ئىكەنلىكىنى دېدى.

— ئۇ مەن چىن كۆڭلۈمدىن چىقىرىپ تۇرۇپ قىلغان ئىش ئەمەس، — دېدى ئوللىي.

— بۇ نېمە دېگىنىڭىز؟ — دېدى نانسى، — سىز ھازىر شۇ چاغدىكى ئوللىي ئەمەس، شۇنداقمۇ؟ ئۇ چاغدىكى ۋاقتىڭىزغا راستلا ئوخشىماي قاپسىز.

— ئەلۋەتتە، ئوخشىمايمەن - دە.

— شۇ چاغدىكى ھالىتىڭىزگە، شۇ چاغدىكى تەن قۇرۇلۇشىڭىزغا ئوخشىمايسىز. بەدىنىڭىزدىمۇ ئۆزگىرىش بار ئىكەن. قاراڭ مۇرىلىرىڭىزنى، ئەگەر خاتالاشمىسام، ئۆز ۋاقتىدا بۇنداق ئەمەس ئىدىڭىز، يا مەن خاتالىشىپ قالدىممۇ؟

ئۇ نانسىنىڭ قىلچە خاتالاشمىغانلىقىنى دېدى. ئۇنىڭ دېيىشىچە، ئۇ كېيىن ئۆزىنىڭ قارا كۆچىگە تايىنىپ ياشاشنى ئويلىغان، لېكىن ئۇنداق بولمىغان، ئۇنىڭ بەدىنىگە چاپلاشقان ئۇ ئالۋاستى يەنە قايتىپ كەلگەن (نانسى ئۇ ئالۋاستىنى ئۆپكە تۇبېركۇليوز دەپ چۈشەندى). شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشلىرىنىڭ ھەممىسىنىڭ خاتا بولغانلىقىنى چۈشىنىپ، ياشاش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتكەن. ئۇنىڭغا ھازىردىن ھېسابلىغاندا خېلى يىللار بولغان. ئۇ كېيىمە ياشاشنى ئۆگەنگەن. چوڭقۇر سۇنىڭ تېگىدىن بېلىق تۇتىدىغانلار بىلەن تونۇشقان، بىر مىلياردېرنىڭ كېمىسىگە قاراپ بەرگەن. ئۇ ئورېگوندىكى چاغلىرى ئىكەن. ئۇ ئاشۇنداق ئىشلەپ يۈرۈپ شىمالدىكى كانادا تەرەپكە قاراپ

ماڭغان. بۇ يەرگە كەلگەندە، يەنى ۋانكوۋېر ئەتراپىدا بىر مەزگىل تۇرغان. ئاندىن سېچىپ تېدىن بىر پارچە يەر سېتىۋالغان. ئۇ چاغلاردا يەرنىڭ باھاسى چۇشۇۋاتقانىكەن. ئۇ يەنە تۇلۇم قولىۋاق ياساش بىلەن شۇغۇللانغان، پاراخوت زاۋۇتىدا، پاراخوت ئىجارە بېرىدىغان جايلاردا، پاراخوت ساتىدىغان بازارلاردا ئىشلىگەن، مەشغۇلات سىنىپلىرىمۇ ئاچقان. كېيىن سايچېرتنى ئادەم كۆپ، قىستاڭچىلىق دەپ ئويلاپ قېلىپ، يېرىنى ئازراقلا پۇلغا بىر دوستىغا سېتىۋەتكەن، كېيىن ئۇ سايچېرتنى بويىچە يەر سېتىپ پايدا ئالمىغان ئادەمنىڭ يالغۇز ئۆزىلا ئىكەنلىكىنى بىلگەن.

— مەن پۇلنىڭ كەينىگە كىرىپ كەتكەن ئادەم ئەمەس، — دېدى ئۇ.

ئۇ تىكسادا ئارىلىدا يەرنى ئەرزان باھادا سېتىۋالغىلى بولىدىغانلىقىنى ئاڭلاپ شۇ يەردىن بىر پارچە يەر سېتىۋېلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇ يەردىن ئۆتكەنكىدەك يەڭگىللىك بىلەن كېتىپ قالمىغان. قانداقلا ئىش بولسا قىلىپ تۇرمۇشنى قامداپ كەلگەن. تۇلۇم قولۋاق ياسايدىغان ئىشنىمۇ قىلغان، بەزىدە بېلىقچىلىقمۇ قىلغان، باشقىلارغىمۇ ئىشلىگەن، رېمونتچىلىقمۇ، تامچىلىقمۇ، ياغاچچىلىقمۇ قىلغان.

— ھەممىسى جان بېقىش ئۈچۈن قىلغان ئىشلار، — دېدى ئۇ.

ئۇ نانسىغا ئۆزى سالغان بىر ئۆينى سۈرەتلەپ بەردى. ئۇ سىرتىدىن قارىسا كەپىگە ئوخشايدىغان، ئەمما ئىچى ناھايىتى چىرايلىق (ئۆزىگە شۇنداق كۆرۈنىدۇ) ئۆيلەر ئىكەن. ئۇخلايدىغان يېرى ئارىلىق ئۆي ئىكەن. دېرىزىسى ئۆگزىدىن ئېچىلغان، نېمە لازىم بولسا قولىنى سوزسىلا ئالالايدىغان ئۆيلەر ئىكەن، ھەممە نەرسىسى يەردىلا، ئىشكاپ، جاۋەن دېگەن نەرسىلەر يوق. ئۆينىڭ يېقىنىلا بىر يېرىگە بىر ئىدىشنى يەرنى كولاپ يېرىمىغىچە قويۇپ، شۇنىڭغا ئۆيدىن ئىسسىق سۇ ئاچىقىپ قويۇپ يۇيۇنىدىكەن، قىشتىمۇ شۇنداق قىلىدىكەن.

بىر پارچە يەرگە كۆكتات تېرىپتۇ، كۆكتاتلارنى ياۋا بۇغا - مارالالار بىلەن بىللە يەيدىكەن.

ئۇ بۇ گەپلەرنى سۆزلەپ بېرىۋاتقاندا نانسى باشتىن — ئاخىر بىر خىل بىئاراملىق ئىچىدە ئولتۇردى. ئۇنىڭ سۆزلىگەنلىرىنىڭ ئىچىدە باش - ئاخىرى بىر - بىرى بىلەن باغلاشمايدىغان جايلار بولسىمۇ، ئۇنىڭ بىئارام بولغىنى بۇ ئىش ئەمەس ئىدى. كىشىنى قايمۇقتۇرۇپ قويىدىغان ئۇ خىل روھىي ھالەت بارا - بارا بىر خىل ئۈمىدسىزلىنىشكە قاراپ ئۆزگىرىپ كېتىۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇ ئىشلارنى سۆزلەش ئۇسۇلى باشقىلارنىڭكى بىلەن ئوخشاش ئىدى (مەسىلەن، ئۇنىڭ پاراخوتتا بىر ئەر بىلەن تونۇشۇپ قالغانلىقى، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۇلىپي ئويلىغاندەك پاراخوتتا كىشىلەرگە سوغۇق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقى، كىشىلەر بىلەن ئارىلىشىپ ئۆتمىگەنلىكى دېگەندەك). نۇرغۇن ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ تۇرمۇش كەچۈرمىشلىرىنى كىشىلەرگە سۆزلەپ بەرمەيدۇ. سۆزلەپ بېرىدىغىنى ئاددىيلا ئاي - كۈنلەر، بەزى ئىشلار يۈز بەرگەن جايلار، يەنە بەزى ئەرلەر بار، سۆزلەپ توختىمايدۇ. بەكمۇ ئىختىيارىي، ئەمما سۆزلىگەنلىرىنىڭ ھەممىسى يالغان، ئىنچىكە توقۇپ چىققان گەپلەر، تۇرمۇش ماھىيەتتە تار ھەم ئەگرى - توقاي يولغا ئوخشايدۇ، دېيىشىدۇ. لېكىن، يەنە ئاشۇنداق سۆزلەرمۇ بەزىدە راست چىقىپ قېلىپ، سىزگە يول كۆرسىتىپ بېرىدىغان نىشانمۇ بولۇپ قالىدۇ. ئاشۇنداق گەپلەر ۋە ئىشلاردىن ساۋاق ئېلىپ ئەتىكى ئىشلىرىڭىز ئۈچۈن ئاساس تىكلىۋالىسىز.

باشقا ئەرلەر ئاشۇنداق گەپلەرنى قىلسا ئۇ ئۇلارغا قارشىلىق بىلدۈرمەيتتى — ئاڭلىغۇسى كەلمىسە ئاڭلىمىسا، باشقا ئىشلارنى قىلىپ يۈرۈۋەرسە بولىدۇغۇ — لېكىن ئۇلىپي مۇشۇنداق چاغدا، لىڭشىپ تۇرغان ئۈستەلگە جەينىكىنى قويۇپ، خام بېلىقنى ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشتۇرۇپ يەپ تۇرۇپ شۇنداق



www.uyghurkitap.com

گەپنى قىلسا ئادەمنىڭ غەزىپى كەلمەمدۇ؟ نانسى ئاڭلاپ ۋۇجۇدىنى ئېچىنىش قاپلىۋالدى.

ئوللىي بۇرۇنقى ئوللىي ئەمەس ئىكەن، پۈتۈنلەي باشقا بىر ئادەمگە ئۆزگىرىپ كېتىپتۇ.

ئۇنداق بولسا نانسىنىڭ ئەھۋالىچۇ؟ ئۇنىڭ هازىرقى ئەھۋالى قانداق؟ مەسىلە ئۇنىڭ ئۆزگەرمەي بۇرۇنقى هالىتىدە تۇرۇۋاتقانلىقىدا. ئۇ پاراخوتتا ساياھەت قىلغان ئىشلىرىنى پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن بېرىلىپ سۆزلەپ كەتتى. ئۇ ماختىنىشنى، ئاشۇرۇپ گەپ قىلىشنى ياخشى كۆرەتتى، ئىچىدە نېمە بولسا شۇنى دەيتتى، ئۇچرىغان، كۆرگەن ئىشلىرىنى يىپىدىن يىڭنىسىگە سۆزلەيتتى، بۈگۈنمۇ شۇنداق قىلدى. ئىلگىرى ئۇ ئوللىي بىلەن مۇنداق پاراڭلاشمايتتى، مۇشۇنداق پاراڭلىششنى ئويلايتتى، لېكىن پاراڭلىشالمايتتى. ئۇ كەتكەندىن كېيىنمۇ ئىچىدە ئۇنىڭ بىلەن مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا تىنماي پاراڭلىشىپ تۇردى (ئەلۋەتتە، ئاچچىقى بېسىلىپ قالغان چاغلاردا). بەزى ئىشلار يۈز بەرگەندە، مۇشۇ ئىشلارنى ئوللىيغا دەپ بەرگەن بولسام قانداق ياخشى بولاتتى، دەپ ئويلىغان چاغلىرىمۇ بولدى. ئۇ باشقىلار بىلەن ئۆزى خالىغان ئۇسۇل بويىچە پاراڭلاشقانلىرىدا چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىدىغان چاغلىرىمۇ بولۇپ قالاتتى. ئۇ يەنە باشقا ئادەملەر بىلەن پاراڭلىشىپ ئولتۇرغانلىرىدا ئۇ ئادەمنىڭ شۇ تۇرقىدا نېمىلەرنى ئويلاۋاتقانلىقىنى بىلەلەيتتى، ئادەمنى مەسخىرە قىلىۋاتامدۇ ياكى بۇ ئادەم ھەممىگە قابىل ئادەممۇ ۋە ياكى ئۇچىغا چىققان قىرچاڭغۇ ئادەممۇ، بىلىپ تۇراتتى. ۋولف ئۇنداق ئەمەس، ئۇنداق سۆزلەرنى ئىشلىتىشنىمۇ بىلمەيتتى، ئەمما ئۇنىڭمۇ ئويلايدىغانلىرى بولۇشى مۇمكىن، ئەمما زادى قانداقلىقىغا نانسى بىر نېمە دېيەلمەيتتى، كىنىنىي كۆپ گەپ قىلمايتتى. سۇسلا كۈلۈپ قوياتتى. كېيىنكى چاغلاردىكى كۈلكىلىرى بۇرۇنقىغا ئوخشىماي قالدى. ئوتتۇرا ياشقا كېلىپ تېخى توي قىلمىغان

چاغلىرىدا ئۇنىڭدا بىر خىل سىرلىق ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولۇپ، مۇلايىم، مېھرىبان ۋە مەرد بولۇپ كەتتى (ئۆلۈپ كېتىشتىن سەل بۇرۇن ئۆزىنىڭ بۇددا دىنىغا كىرىۋالغانلىقىنى دېگەندىلا بۇ سىر يېشىلگەن).

نانسى شۇ ئىشلارغا قاراپ ئۇللېينى سېغىنىدىغان بولۇپ قالغانىدى، ئەمما ئۇنىڭ نېمىسىنى سېغىنىدىغانلىقىنى ئەزەلدىن بىلىپ باققان ئەمەس ھەم بىلمەيتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا يېنىپ تۇرىدىغان، تۆۋەن قىزىتمىدەك ئادەمنى بىزار قىلىدىغان ھەم تاقابىل تۇرۇش تەس ئاشۇنداق بىر خىل قىزغىنلىقىنى سېغىنامدۇ، بۇنىڭغىمۇ ئۇنىڭدا ئېنىق جاۋاب يوق ئىدى. ئۇنىڭ بىلەن تونۇشقان ئاشۇ قىسقا ئارىلىقتا بىرنەرسە توختىماي ئۇنىڭ ئىچىنى تاتىلاپ تۇراتتى. ھازىر ئويلىسا، مۇشۇ كۆڭدە كۆزلىرىگە پارقىراق كۆرۈنۈۋاتقان ئاشۇ نەرسىلەر ئىكەن.

ھازىر ئۇللېي ئۇنىڭغا ئەستايىدىل ئولتۇرۇپ گەپ قىلىۋاتاتتى، ئۇنىڭغا قاراپ تۇرۇۋاتقان كۆزلىرىدە كۈلكە ئويناپ تۇراتتى.

نانسى ئۇنىڭ بۇرۇن چىرايلىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئىشلەتكەن ھىيلىلىرىنى ئېسىگە ئالدى، ئەمما ئۇنىڭ ئۇ ھىيلىلىرىنى ئۆزىگە ئىشلەتمىگەنلىكىگە ھەم ئىشلەتمەيدىغانلىقىغا باشتىن تارتىپ ئىشىنىپ كەلگەنىدى.

ئۇ ئۇنىڭ ئۆزىگە: «گەپلىرىمدىن زېرىكتىڭىز، شۇنداقمۇ؟» ياكى «ھايات دېگەن ئادەم ئىشەنگۈسىز بىرنەرسىغۇ؟» دەپ قېلىشلىرىدىن ئەنسىرەيتتى.

— مەن مۇشۇ كۈنگىچە ئادەم ئىشەنمىگۈسىز شۇنچىلىك بەختلىك ياشاپ كەلدىم، — دېدى ئۇ، — مېنىڭ ھاياتىم شۇنداق ئۆتتى. مەن بەزى ئادەملەرنىڭ مەن توغرۇلۇق بۇنداق ئويلىمايدىغانلىقىنى بىلىمەن. ئۇلار مېنى ھېچقانداق بىر ئىشنى بىر باشقا ئېلىپ چىقالىغان ئەمەس، دېيىشلىرى ياكى ھېچقانچە پۇل تاپالمىدى دېيىشلىرى، مېنى شۇ بىر مەزگىل روھىم



www.uyghurkitap.com

چۈشۈپ يۈرگەن چاغلىرىمنى، ياخشى پۈرسەتلەرنى قولدىن بېرىپ قويدى، دەپ سۆز ـ چۆچەك قىلىشلىرى مۇمكىن. لېكىن، ئۇلارنىڭ دېگەنلىرى ئەمەلىيەت ئەمەس. ماڭا غايىبتىن بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك بولدى، — دېدى ئۇ ئۆزىنى ئۆزى مەسخىرە قىلىۋاتقاندەك ئاھاڭدا قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، — راست دەۋاتىمەن، مەن ئۇ ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم. ئۇ ئاۋاز مېنى ئۇ قۇتىنىڭ ئىچىدىن — مېنى «چوڭ ئىشلارنى قىلىش»قا ھەيدەكچىلىك قىلىدىغان «ئۆزۈمنىڭ قۇتىسى» ئىچىدىن چىقىپ كېتىشكە ئۈندىدى. مەن شۇ كەمگىچە خاتىرجەم ياشاپ كېتىۋاتاتتىم. ھەتتا خاتىرجەملىكىم مېنى ئۆپكە تۇبېركۇليۇز كېسىلىگە مۇپتىلا قىلىپ ئالىي مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىۋەتتى، مېڭەم ئىچىگە كېرەكسىز نۇرغۇن نەرسىلەرنى قاچىلىۋەتتى. ئەگەر ئۇرۇش بىرنەچچە يىلنىڭ ئالدىدا يۈز بەرگەن بولسا ئەسكەر بولۇش ئارزۇيۇمدىنمۇ ۋاز كەچتۈرۈۋەتكەن بولاتتى.

— ئەگەر توي قىلغان بولسىڭىز، ئوخشاشلا ئەسكەر بولۇشتىن مەھرۇم بولاتتىڭىزغۇ؟ — دېدى نانسى.

(بىر قېتىم ئۇ ئۆزىنىڭ گۇمانىنى ۋولفقا مەسخىرە ئارىلاش ئۇنلۇك بىلدۈرۈپ، سىزنىڭ مەن بىلەن توي قىلىشتىن مەقسىتىڭىز ئەسكەر بولۇشتىن قېچىش ئۈچۈنمىدى، دېگەندە، ۋولف ئۇنىڭغا: «باشقىلارنىڭ مەن توغرۇلۇق نېمە ئويلاشلىرى بىلەن كارىم يوق» دېگەن، ئۆزىنىڭ بەربىر ئۇرۇش قىلىشنى بىلمەيدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. ئۇرۇش شۇ گەپلەر بولۇپ ئون يىلدىن كېيىن پارتلىدى.)

— ئۇغۇ شۇنداق بولاتتى، — دېدى ئوللېي، — ئەمما بىز قانۇن بويىچە رەسمىيەت ئۆتىيەلمىگەن. مەن يەنىلا ناھايىتى ئاڭلىق ئادەم، نانسى. ئەمما، ئۆزۈمنىڭ تېخىچە رەسمىي توي قىلمىغانلىقىمنى دائىم ئۇنتۇپ قالىمەن. تېسسا ئىنتايىن ئېغىر ھەم كەسكىن قىز ئىدى. ئەگەر سىز ئۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل

بىللە تۇرۇپ باققان بولسىڭىز، سىزمۇ ئۇزاققا قالماي ئۇنىڭغا ئوخشاش بولۇپ قالاتتىڭىز. ئەمما، ئۇ ئۇنداق ئىختىيارىي، بىپەرۋا يۈرىدىغان ئادەم ئەمەس.

— ئۇغۇ شۇنداق، — دېدى نانسى. ئاۋازى شۇنچىلىك بوش ئىدى. بوشلۇقىدا ئۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بوش ئاۋاز بولماس. — سىز ئۇنىڭ بىلەن بىر مەزگىل بىللە ياشىدىڭىز، سىز شۇنداق بولۇپ كەتتىڭىزمۇ؟

— ياق، ئىقتىسادتىكى قىيىنچىلىق تۈپەيلىدىن ئۇ دەرىجىگە يېتىپ بارالمىدۇق، — دېدى ئۇللىي.

ئارقىدىن ئۇ بۇ گېپىنى چۈشەندۈرۈپ، مۇتلەق كۆپ ئىقتىسادنى ھەتتا مەخسۇس ئىشلارغا ئىشلىتىدىغان پۇللىرىنى خىراجەتتىن قىسقارتىۋەتكەنلىكىنى سۆزلەپ بەردى — مەخسۇس ئىشلارغا ئىشلىتىدىغان پۇل دېگىنى ئىلمىي تەتقىقاتقا ئىشلىتىدىغان پۇل ئىدى — ئۇنىڭ ئۇستىگە يەنە ئۇلارغا بولغان بەزى قاراشلاردا ئۆزگىرىش بولۇپ، بەزى تەتقىقات ئورۇنلىرى سېھىر ئىشلىتىپ ئالدامچىلىق قىلىۋاتىسىلەر، دېگەندەك گەپلەرنى قىلىپ ئۇلارنى ئىزدىمەس بوپتۇ. ئىشلىتىۋاتقان بەزى تەجرىبىلەر بىر مەزگىل داۋاملاشقان بولسىمۇ، كۆرۈنۈشكىلا ئىشلىنىپتۇ، ئۇلارغا ئەك قىزىققان ئادەم ۋە ئورگانلارمۇ شۇنداق قىپتۇ، ئۆزىنى قاچۇرۇپتۇ، ئۇلارنى ئىزدىمەپتۇ، خۇددى ئۇنىڭ بىلەن بۇ ھەقتە سۆزلىشىپ، ئالاقىلىشىپ باقمىغاندەك قىلىقلاردا بوپتۇ، يازغان خەتلىرىگە جاۋابمۇ يوق ھەم كۆرۈشمەي، خۇددى ئۇلارنى تونۇمايدىغاندەك يۈرۈپ، ئاخىرىدا بۇنداق قىلىشلىرىنىڭ توغرا ئەمەسلىكىنى بىلگەنمۇ، كاتىپىدىن، بۇ ئىشلار جايىدا قالسۇن، دېگەن مەزمۇندا ئىككىلىك خەت ئەۋەتىپ قويۇپتۇ. بۇ ئۆزگىرىشتىن كېيىن، تېخىسا ئىككىسى ئۇلارنىڭ نەزىرىدە بىر دۆۋە ئەخلەتكە، ئاۋارىچىلىك تۇغدۇرغۇچىلارغا، ئالدامچىلارغا ئايلىنىپ قاپتۇ.

— بىز ئۇلارنىڭ تەلەپلىرى بويىچە ئىش قىلايلى، دەپ شۇنچە

كۆپ جاپالارنى تارتىپ ئاخىرىدا شۇ كۈنگە قالدۇق، — دېدى ئۇللېي، — مەن ئۆزلىرىنى كاتتا ئالىم دەپ ئاڭلىغان ئۇ ئادەملەرنىڭ ھەقىقىي ئەپت - بەشىرىسىنى مۇشۇ ئىشلار ئارقىلىق تولۇق كۆرۈپ يەتتىم.

— مەن سىلەرنى ئاساسەن دوختۇرلار بىلەن ئالاقىلىشىپ يۈرۈۋاتىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن.

— دوختۇرلارمۇ، كارخانىچىلارمۇ، ئالىملارمۇ بار.

نانسى ئۇنى ئاچچىق ۋە نادامەت ئىچىدىن تارتىپ چىقىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ ئىشلىگەن تەجرىبىلىرى توغرۇلۇق گەپ سورىدى.

— ئۇلار كۆپ تەجرىبىلەرنى قارتا بىلەن ئىشلىدى. ئۇلارنىڭ ئىشلەتكىنى ئادەتتىكى ئاددىي قارتا ئەمەس، ئالاھىدە ئىشلەنگەن «تۈيغۇ - سېزىمدىن ئۈستۈن» تۆرىدىغان، ئىچىدىكى بەلگىلىرىمۇ ئوخشىمايدىغان، بىرسىدە كىرېستىنىڭ، بىرسىدە چەمبەرنىڭ، بىرسىدە بىر تال يۇلتۇزنىڭ، بىرسىدە بىرنەچچە ئەگرى - بۈگرى سىزىقلارنىڭ، بىرسىدە تۆت بۇلۇڭلۇق بىر دائىرىلەرنىڭ شەكىللىرى بار قارتىلار ئىكەن. ئۇلار ئۈستىدە ئاشۇنداق بەلگىلەر بار قارتىلارنىڭ بەلگە بار تەرىپىنى ئۈستىگە، قالغان قارتىلارنى قالايمىقان شىلاپ يۈزىنى پەسكە قارىتىپ ئۈستەل ئۈستىگە تىزىپ چىقىپ، تېپساغا بۇ تەرەپتىكى قارتىلار بىلەن ئۇ تەرەپتىكى قارتىلارنىڭ ئىچىدە قايسى ئىككى قارتىنىڭ ئىچىدىكى بەلگىلەر بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ، دەپ سوئال قويىدى. بۇ ئۇنىڭ كۆزلىرىنى ئوچۇق قويۇپ تۇرۇپ ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سىناق ئىدى. كۆزىنى تېڭىپ قويۇپ قىلىدىغان سىناقمۇ بار ئىدى، بۇ سىناقمۇ ئالدىدىكىسىگە ئوخشايتتى. ئۇ بەش قارتىدىن باشقا قارتىلارنىڭ ھەممىسى دۈم قويۇلغانىدى. ئۇنىڭدىن باشقا سىناقلىرى بىرسىدىن بىرسى قىيىن سىناقلار. باشقا سىناقلىرىنىڭ قىيىنلىق دەرىجىسى بىرسى بىرسىنىڭكىدىن قاتتىق. بەزىدە شىشىخال ياكى مېتال پۇللار

بىلەن سىناق قىلاتتى، بەزى چاغلاردا ھېچقانداق نەرسە ئىشلەتمەي، بىر كىملەرنىڭ كاللىسىدا قېلىپ قالغان ئوبرازى ئارقىلىق ئۇلارنىڭ قانداق ئادەملەر ئىككەسلىكىنى سۈرەتلەتكۈزەتتى، بىر خەتمۇ يازدۇرمايتتى، بەزىدە ئۇ ئادەملەر بىلەن بىر ئۆيدە ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى بەزىدە ئۇنى يەنە بىر ئۆيگە ئاچىقىپ قوياتتى ياكى ئۇ ئادەمنى بىرنەچچە ئىنگلىز مىلى يىراقلىققا ئاپىرىۋېتەتتى.

ئاندىن تېسسانىڭ مۇۋەپپەقىيەت نىسبىتى بىلەن باشقا بىر ئادەمنىڭ شۇ بىر ئىش ئۈستىدىكى مۇۋەپپەقىيەت نىسبىتىنى سېلىشتۇرۇپ چىقاتتى. بۇنداق ئىشلاردا ئادەتتىكى ئادەملەرنىڭ ئۇ ئىشلاردىكى مۇۋەپپەقىيىتى يىگىرمە پىرسەنت ئەتراپىدا بولاتتى.

سىناق ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ئۆيدە بىر ئورۇندۇق، بىر ئۈستەل، بىر چىراغلا بار ئىدى، ئۇنىڭدىن باشقا ھېچقانداق نەرسە يوق بولۇپ، بەئەينى سوراقخانىنىڭ ئۆزى ئىدى. تېسسا ھەر قېتىم ئۇ ئۆيدىن چىققاندا شۆپۆكتەك بولۇپ چىقاتتى، ئۇنىڭغا قويۇلغان سوئاللار، ئىشلەتكەن سىناق بۇيۇملىرى نېمىلا ئىش قىلسۇن، قاياققىلا قارىمىسۇن، ئۇنىڭغا چىرمىشىقلىق ئىدى، بىردەممۇ بوش قويۇۋەتمەيتتى، شۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭدا باش ئاغرىقى پەيدا بولۇپ قالدى.

ئۇلار شۇنچە كۆپ سىناقلارنى ئېلىپ بېرىپمۇ نەتىجىسى توغرۇلۇق پەقەتلا گەپ قىلمايتتى، تېسسانىڭ ئۈستىدە ئەمەس، ئېلىپ بېرىلىۋاتقان سىناقلاردىكى توغرا بولمىغان ئىشلار توغرىسىدا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرىنىڭ ئىچىدە خىلمۇخىل قارشى پىكىرلەر تۇغۇلۇپمۇ تۇرۇۋاتاتتى. خاتالاشمايدىغان ئادەم بولامدۇ، بۇ دۇنيادا. مەسىلەن، نۇرغۇن ئادەملەر ئاسمانغا ئاتقان تەڭگە پۇلنىڭ يەرگە چۈشكەن يۈزىدىكى سۈرەتكە قاراپ ئەمەس، خەتكە قاراپ تەھلىل يۈرگۈزىدۇ، ھەممە ئادەم شۇنداق قىلىدۇ. مۇشۇنداق ئىشلاردىمۇ كىشىلەرنىڭ ئىرادىسىگە قارشى ئىش

قىلىدىغان ئىشلارمۇ يۈز بېرىپ تۇردى. ئاتموسفېرا قاتلىمى توغرىسىدىكى سىناقتىمۇ شۇنداق ئەھۋال يۈز بېرىپ، بۇ سىناقمۇ كىچىك بالىلارنىڭ ئويۇنىغا ئوخشاش ئاخىرلاشتى.

قاراڭغۇ چۈشۈپ، رېستورانىنىڭ ئىشىكىگە «تىجارەت توختىدى» دېگەن خەتلەر بار تاختايمۇ ئېسىپ قويۇلدى. ئوللىپي تاماق تالونىدىكى خەتلەرنى ئۇزاقىچە ئوقۇيالمىدى. ئۇنىڭ ۋانكۇۋېرغا كېلىپ ئۆزىنى دوختۇرغا كۆرسىتىشى كۆزى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك ئىدى. نانسى كۈلۈپ كېتىپ قولىدىن تالوننى ئېلىۋېلىپ تاماقنىڭ پۇلىنى ئۆزى تۆلىۋەتتى.

— مەن خەقلەرنىڭ ئاغزىدىكى پۇلى جىق تۇل خوتۇن بولغاندىكىن، بۈگۈنكى تاماقنىڭ پۇلىنى مېنىڭ تۆلىۋەتكىنىم توغرا، — دېدى ئۇ.

ئۇلارنىڭ پارىڭى تېخى تۈگىمىگەنىدى، نەگە كېلىپ توختىغانلىقىنى تېپىپ يەنە داۋاملىق پاراڭلىشىشقا رېستوراننىڭ ۋاقتى يار بەرمىگەچكە، ئىككىسى ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ رېستوراندىن چىقىپ كوچىنى بويلاپ ئالدىغا قاراپ ماڭدى. «دېڭنى» قەھۋەخانىسىغا يېتىپ كەلگەندە شۇ يەرگە كىرىپ قەھۋە ئىچىپ ئولتۇردى.

— بەلكىم سىزنىڭ بۇنىڭدىن ئېسىل بىر يەرلەرگە كىرىپ ئولتۇرغۇڭىز باردۇ؟ — دېدى ئوللىپي، — يا سىزنىڭ باشقا بىر يەرگە بېرىپ ئازراق ھاراق ئىچكۈڭىز كېلىۋاتامدۇ؟

نانسى دەررۇ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ پاراخوتتا ئىچكەن ھارىقىنىڭ خېلى ۋاقىتقا يېتىدىغانلىقىنى دېدى.

— مېنىڭ بۇرۇن ئىچكەن ھاراقلىرىم قالغان ھاياتىمغا يېتىپ ئاشىدۇ، — دېدى ئوللىپي، — مېنىڭ ئۇ نەرسىنى تاشلىۋەتكىنىمگە ئون بەش يىل بولدى. تېخىمۇ ئېنىقراق دېسەم، ئون بەش يىل توققۇز ئاي بوپتۇ، ئەگەر سىز بۇ ۋاقىتنى ئايغا سۇندۇرىدىغان بولسىڭىز، مېنى ئەڭ قېرى ھاراقكەش ئىكەن

دېيىشىڭىزدە گەپ يوق.

تېنىسانىڭ ئۆستىدە تەجرىبە ئېلىپ بېرىۋاتقان كۈنلەردە ئۇنىڭ بىلەن تېنىسا ئىككىسى روھ بىلەن ھەپىلىشىدىغان بىرنەچچە ئادەم بىلەن تونۇشۇپ قالغانىدى، كېيىن يەنە ئۆزلىرىنىڭ سەۋرچانلىقلىرى بىلەن نان تېپىپ يەۋاتقان بىرنەچچەيلەن بىلەنمۇ تەدرىجىي ھالدا تونۇشۇپ قالدى. ئۇلار ئىلىم ـ پەنگە تايىنىپ ئەمەس، پال ئېچىش ياكى باشقىلارنىڭ كۆڭلىدە ئويلاۋاتقانلىرىنى تېپىش ياكى پىسخىكا ئويۇنلىرىنى ئويناپ بېرىش دېگەندەك ئىشلار بىلەن شۇغۇللىناتتى. يەنە بەزى ئادەملەر ئىقتىسادىي ۋە روھىي جەھەتلەردە ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە يەرلەرگە جايلىشىۋېلىپ، ئۆزلىرى ئولتۇرۇۋاتقان بىر يۇرۇش ئۆيلەر ياكى دۇكانلىرى بىلەن ئۇزاق يىللارغىچە جان بېقىپ كېتەلمەيتتى. ئۇ ئادەمنىڭ قىلىدىغان ئىشلىرى ئادەملەرگە يول كۆرسىتىش، كەلگۈسىدىن بېشارەت بېرىش، يۇلتۇزلارغا قاراپ كىشىلەرنىڭ تەقدىرىنى تېپىپ بېرىش دېگەندەك ئىشلار ئىدى، قوشۇمچە دوختۇرلۇقمۇ قىلىشاتتى. يەنە بەزى ئادەملەر ئاشكارا ئويۇن قويۇشلار بىلەن شۇغۇللىناتتى. بۇ خىل كەسىپ بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلارنىڭ بەلكىم شورتوكوۋ① چە ئويۇنلار بىلەن چېتىشلىقى بولۇشى مۇمكىن. ئۇنداق ئويۇنلارنىڭ يوق يېرى يوق. ئۇلار دوكلاتلارنى بېرىش، دېكلاماتسىيە قىلىش ياكى شېكىسپېرنىڭ دىراملىرىدىن پارچىلارنى ئورۇنلاش، ئوپېرالارنى ئويناش، ھەرقايسى جايلارنىڭ ھەر خىل مەنزىرىلىرى تونۇشتۇرۇلىدىغان پىروېكسىيە فىلىملىرىنى (قورقۇنچلۇق مەنزىرە ۋە ئىشلار ئەمەس، تەربىيە ئەھمىيىتى بار نەرسىلەر) قويۇش، ئۇلاردىن باشقا يەنە ئادەتتىكىدەك ئاددىي ئېچىلىپ ئويناش ئويۇنلىرىنى قوياتتى. ئۇ ئويۇنلارنىڭ ئىچىدە ھەييارلىق

---

① ئامېرىكىدا 20 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدىكى بىر خىل چوڭلار مائارىپى، بۇ مائارىپ كىشىلەرنىڭ كۆڭۈل ئېچىش، ئويۇن قويۇش پائالىيەتلىرىگە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

ئويۇنلىرى، ئوخلىتىش ئويۇنلىرى، قىپيالىياچ ئاياللار بوغما يىلانلارنى بەدىنىگە ئوراپ ئويۇن كۆرسىتىدىغان ئويۇنلارمۇ بار ئىدى. ئوللىپى بىلەن تىبسا ئەلۋەتتە ئۆزلىرىنى ئالدىدا دېيىلگەن يۇقىرى سەۋىيەدىكىلەر بىلەن بىر ئورۇنغا قويىدۇ، ئۇلارنىڭ ئويلايدىغىنى كىشىلەرنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنى غىدىقلاش ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنى قانداق تەربىيەلەش. لېكىن، ئۇلار تۇرۇۋاتقان يەرلەردە بۇنداق ئالىي ئويۇنلارنى كۆرىدىغان ئادەملەر يوق دېيەرلىك، رادىيولىرىنى ئاچسىلا ھەرقانداق مۇزىكىلارنى ئاڭلىيالايدۇ ۋە رادىيودىنمۇ خېلى يۇقىرى تەربىيەگە ئىگە بولالايدۇ، ئىبسىل مەنزىرىلەرنى چېركاۋغا بېرىپ چېركاۋنىڭ تاملىرىدىن قانچىلىك كۆرىمەن دېسە كۆرەلەيدۇ.

ئۇلار كېيىن پۇل تېپىشنىڭ بىردىنبىر يولىنىڭ سەييارە ئويۇن قويۇش ئۆمىكىگە قاتنىشىپ، شەھەرلىك ھۆكۈمەتنىڭ چوڭ زالىدا ئاشۇلار بىلەن بىللە ئويۇن قويۇش ئىكەنلىكىنى بىلىپ يەتكەن. ئۇ ئۆمەكتە كىشىلەرنى قارىتىپ تۇرۇپ ئۇخلىتىۋېتەلەيدىغان، بوغما يىلان ئوينايدىغان، ئاغزى بېسىقماي كەچكىچە سۆزلىيەلەيدىغان، ئىپپىتىنى بىر تال پەي بىلەن يېپىپ قويۇپ ھەر خىل ئۇسسۇللارنى ئوينىيالايدىغان ئادەملەر بار ئىكەن، بۇنداق ئويۇنلارنىڭ بارا ـ بارا بازىرى ئۆلۈۋاتاتتى، تەلىيىگە ئۇرۇش بولۇپ قېلىپ يەنە ئازراق جانلىنىپ ئۆمرى ئازراق ئۇزىراپ قالدى. چۈنكى، بېنزىن نورمىلىق تەمىنلىنىدىغان بولغاچقا، كىشىلەر ماشىنىلىرىنى ھەيدەپ چوڭ شەھەرلەردىكى كېچىلىك كۇلۇبلارغا بېرىپ كۆڭۈل ئېچىپ كېلىشكە، كىنوخانىلارغا بېرىپ كىنو كۆرۈشكە ئامالسىز ئىدى. ئۇ چاغلاردا تېلېۋىزور ئومۇملاشمىغان بولغاچقا، ئادەملەر ئۆيلىرىدە سافالىرىدا يېتىپ، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغان سېھىرگەرلىكلەرنى كۆرەلمەيتتى. 1950 ـ يىللارنىڭ باشلىرىغا كەلگەندە ئېد سۇللىۋان① قاتارلىقلار چىقىپ سەنئەت يوللىرى

① ئېد سۇللىۋان (1902 — 1974) — ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر ئاخبارات مۇخبىرى ۋە رىياسەتچىسى.

تېخىمۇ كېڭىيىپ باردى.

شۇڭلاشقا، بۇ ئۆمەك ئويۇن قويغان زاللاردا تاماشىبىنلار خېلى بولاتتى، بەزى چاغلاردا زال توشۇپمۇ كېتەتتى. بۇنداق كۈنلەردە ئوللىپي كۆرەڭلەپ قوياتتى ۋە ئاڭلىغان ئادەملەرنى هاياجانغا سالالايدىغان نۇتۇقلىرى بىلەن كىشىلەرنى تېزلا ئۆزگە قارىتىپ، پۈتۈن ئويۇننىڭ ئاساسلىق ئارتىسلىرى قاتارىدىن ئورۇن ئېلىۋالاتتى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئورۇنلايدىغان ئويۇنلىرىنىڭ قوزغىتىشچانلىقى خېلىلا كۈچلۈك ئىدى، تېپسا ئۆزى يالغۇز ئورۇنلىسا تاماشىبىنلارنىڭ كەيپىياتىنى يۇقىرى كۆتۈرەلمەيتتى، هاياجانغا سالالمايتتى. ئويلىمىسا بولمايدىغان يەنە بىر ئىش، ئۇنىڭ نېرۋىلىرى ۋە بەدەن قۇۋۋىتى بەرداشلىق بېرەلىگىنى بىلەن باشقا جەھەتلىرىنىڭ بەرداشلىق بېرەلىشى ناتايىن ئىدى، مەيلى قايسى جەھەت بولسۇن، بەرداشلىق بېرەلمەي قالىدىغان ئىشلارنى چىقىپ قالمايدۇ دېگىلى بولمايتتى. شۇڭا، تېپسا دەسلەپتە ئىككىلەندى. ئۆزىدىن ئەنسىرىدى. ئۇنىڭغا دىققىتىنى قاتتىق يىغىشقا توغرا كېلەتتى. ئەگەر بۇرۇن بولغان بولسا ئۇنداق قىلىشلارنىڭ هېچبىر هاجىتى يوق ئىدى هەم ئۇنداق ئىشلارمۇ بولۇپ باقمىغانىدى. ئەمدى هازىر دىققىتىنى يىغاي دېسە ئۇنىڭ رولى بولمايۋاتاتتى، بېشى توختىماي ئاغرىپ پەقەتلا ئارامىدا قويمايۋاتاتتى.

كۆپ ساندىكى ئادەملەرنىڭ پەرەزلىرى توغرا ئىدى، بۇنداق ئويۇنلار هېيلىگەرلىكلەر كۆپ، يالغانچىلىقلار، ئالدامچىلىقلار بىلەن توشقان بولاتتى، بەزىلىرى باشتىن ـ ئاخىر پۈتۈنلەي دېگۈدەك يالغان ئىدى، ئەمما كىشىلەر ــ كۆپ ساندىكى كىشىلەر ــ ئۇنداق ئويۇنلارنى راستتەك كۆرۈپ ئولتۇراتتى. يالغان بولۇشىنى هەرگىز ئويلىمايتتى هەم ئويلاشنىمۇ خالىمايتتى، تېپساغا ئوخشاشلار سەممىمي، ئاق كۆڭۈل ئادەملەر ئىدى، تاماشىبىنلارنىڭ نېمىنى ئويلايدىغانلىقىنى بىلەتتى، ئارزۇلىرىنى چۈشىنەتتى ــ ئۇلاردەك چۈشىنىدىغانلاردىن

كىملەر بار ـــ شۇڭا ئۇلار ئازراق ھەيلە ئىشلىتىپ ۋە دائىم ئىشلىتىدىغان ئۇسۇللىرى بىلەن توغرا يەكۈنلەرنى چىقىرىپ تاماشىبىنلاردا ياخشى تەسىرلەرنى قالدۇرۇشنى ئويلايتتى، ھەر كۈنى، ھەر كۈنى كېچىدە ئاشۇنداق يەكۈنلەرگە ئېرىشىشكە تىرىشاتتى.

بەزى چاغلاردا ھەرىدەپ ئىككىگە بۆلۈۋەتكەن ئايال ئارتىس ياتقان يەرگە ئىككى قەۋەت تاختاي قويۇپ قويغاندەك، ئۇلارنىڭ قوللانغان چارىلىرى بەكرەك قوپال بولۇپ قالاتتى، ئۈستىدىكى تاختايدا ياتقان ئايال بىلەن ئۇنىڭ تېگىدىكى تاختايدا ياتقان ئايالنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەخپىي بەلگىلەر ئورنىتىلغان بولاتتى، بۇ مەخپىي بەلگىلەر ئۇ ئىككى ئايالنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايتتى. بۇ ئىنتايىن ئۇستىلىق بىلەن ئورۇنلاشتۇرۇلغان سەنئەت ئىدى، بۇ ئۇستىلىقنى ھېچقانداق ئادەم سۆز بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلىگەن ئەمەس.

نانسى ئۇنىڭدىن ئۇنىڭ مەخپىي بەلگىسىنى، تېسسا ئىككىسىنىڭ بەلگىسىنى، بۇ بەلگىلەرمۇ سەنئەت ھېسابلىنامدۇ، دەپ سورىدى.

ـــ بۇلار يەر يۈزۈشى بەلگىلەر، ـــ دېدى ئۇ جاۋاب بېرىپ، ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا نۇرلىنىپ كەتتى، ـــ ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا ناھايىتى ئىنچىكە پەرقلەرمۇ بار. بەزىدە بىزمۇ نىقابلىنىمىز، قالپاقلىق ئۇزۇن بىر قارا چاپىنىمىز بار، ئۇ چاپاننى مەن كىيىپ بېشىمنى قالپىقى بىلەن ئورىۋالىمەن...

ـــ ئوللىي، بۇ گېپىڭىز راستمۇ؟ قالپاقلىق چاپىنىڭلارمۇ بارمىدى؟

ـــ شۇنداق، قالپىقى بار ئۇزۇن چاپان، تېسسانىڭ كۆزىنى پەستىن بىر تاماشىبىن چىقىپ قارا لاتا بىلەن باغلاپ قويىدۇ، ھىيلە ئىشلەتكەن بولمىسۇن دەپ شۇنداق قىلىدۇ، مەن يەنە بىر تاماشىبىننى پەستىن چاقىرىپ ئۇنىڭ ئۇ چاپىنىنى يەشتۇرۇپ بېلىگە باغلاتقۇزۇپ قويۇپ، ئارقىدىن تېسساغا قاراپ: «مەن

بىرسىنى چاپاننىڭ ئىچىگە ئۇراپ قويدۇم» ياكى «چاپاننىڭ ئىچىدىكىسى كىم؟» دەپ تووۋلايمەن، بەزىدە «قارا قالپاق» بەزىدە «قارا چايان» دەپمۇ تووۋلايمەن بەزى چاغلاردا: «مەن كىمنى تۇتۇۋالدىم»، «سەن كىمنى كۆردۈڭ»، «چېچىنىڭ رەڭگى قانداق؟» «بويى ئېگىزمۇ، پاكارمۇ؟» دەپ قويىمەن. ئىشقىلىپ، ئوخشىمىغان سۆزلەر بىلەن ئۇنىڭغا بەلگە بېرىپ تۇرىمەن. ئاۋازىمنى يۇقىرى ـ تۆۋەن، بوش ـ قاتتىق چىقىرىپ بەلگە بېرىدىغان چاغلىرىممۇ بار. قىسقىسى، بىزنىڭ بىر ـ بىرىمىزگە بېرىدىغان بەلگىلىرىمىز ناھايىتى كۆپ. بۇ بەلگىلەر بىزنىڭ ئويۇنىمىزنى باشلاشنىڭ تۇنجى قەدىمىدىكى بەلگىلەر.

— بۇ ئىشلارنى يېزىپ قويسىڭىز بولامدۇ؟

— مەن دەسلەپتە شۇنداقمۇ ئويلىغان، يازغان بولسام نۇرغۇن ئويۇنلىرىمىزنىڭ ئىچىدىكى ھىيلىلەرنى ئاشكارىلىغان بولاتتىم. كېيىن بۇ ئىشلارغا قىزىقىدىغان كىم بار؟ بەزىلەر ئەخمەق قىلىنىشنى خالايدۇ، بەزىلەر خالىمايدۇ. ھەر ئىككى خىلدىكى ئادەملەرگە ئۇنداق ئىسپاتنىڭمۇ لازىمى يوق، دەپ ئويلاپ ئۇ نىيىتىمدىن ياندىم. يەنە بىر ئىش بار. شۇ ئىش ئۇستىگە ئىلمىي پەرەز ئۇسلۇبىدا بىرنەرسە يېزىپ قويسام بولىدۇ، مەندە ئۇنىڭ خام ماتېرىياللىرى خېلى بار. شۇنى يازسام نۇرغۇن پۇلمۇ تاپالايمەن ھەم بۇ ئىشلارنى قىلىشىمىزنىڭمۇ ھاجىتى قالمايدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا، مەن يەنە سېنارىيە يېزىشنىمۇ ئويلاشتىم، سىز فېررىنىنىڭ كىنوسىنى كۆرگەنمۇ...

نانسى ئۇ كىنونى كۆرمىگەنلىكىنى دېدى.

— قالايمىقان بىرنەرسىلەر. مەن فېررىنىنىڭ كىنوسىنى ئەمەس، ئۆزۈمنىڭ كاللامدىكى خىياللىرىنى دەۋاتىمەن. شۇ چاغدىكى خىياللىرىمنى.

— ماڭا تېسسانىڭ گەپلىرىنى قىلىپ بېرىڭە.

— مەن ئۇنىڭ ھەققىدە چوقۇم سىزگە خەت يازدىم. يازمىغاندىمەنمۇ يا؟

— يازمىدىڭىز.
— ئۇندا بولسا ۋولفقا يېزىپتىمەن.
— ئۇنىڭغا يازغان بولسىڭىز چوقۇم ماڭا دەيتتى.
— بەلكىم ئۇنىڭغىمۇ يازمىغاندىمەن. شۇ كۈنلەردە كەيپىم ئېغىر يۇرۇۋاتقاچقا، قولۇمغا قەلەم ئالغۇم كەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن.
— ئۇ قايسى يىلىدىكى ئىشلار؟
ئوللېي قايسى يىللىقىنى ئېسىگە ئالالمىدى.
— چاۋشيەن ئۇرۇشى داۋاملىشىۋاتاتتى، — دېدى ئۇ شۇ چاغدىكى ئىشلارنى سۆزلەشكە باشلاپ، — پىرېزىدېنت خاررى ترومىن ئىدى. تېسسا دەسلەپتە زۇكام بولۇپ قېلىپ پەقەتلا ياخشى بولالماي كۈندىن - كۈنگە ئاجىزلاپ كەتتى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بەدىنىگە غەلىتىلا ئۇششاق قان داغلىرى پەيدا بولۇپ قالدى. كېيىن تەكشۈرتسەك قان راكى چىقىپ قالدى.
شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار يازنىڭ ئىسسىق كۈنلىرىدە بىر شەھەردە تۇرۇپ قاپتۇ، ئەسلىدە قىشتا كالىفورنىيەگە كەتمەكچى ئىكەن، لېكىن تېسسانىڭ سالامەتلىكى يار بەرمەي ئۇ پىلانىنى ئەمەلگە ئاشۇرالماي قاپتۇ، قالغانلار ئۆز ئالدىغا كېتىۋېرىپتۇ، ئوللېي شۇ يەرنىڭ رادىيو ئۆزېلىدىن خىزمەت تېپىپتۇ. تېسسا بىلەن ئويۇن قويغان چاغلىرىدا مەشىق قىلىپ يۇرۇپ ئاۋازىنى خېلىلا ياخشىلىۋالغانىكەن. دىكتورلۇق قىلىپ رادىيودا خەۋەر ئاڭلىتىپتۇ، نۇرغۇن ئېلانلارنىمۇ ئېلان قىپتۇ، بەزى ئېلانلارنىڭ تېكىستلىرىنى ئۆزى يېزىپتۇ. ئۇلارنىڭ بۇرۇنقى دىكتورى هاراقنى كۆپ ئىچىۋېتىپ دوختۇرخانىغا كىرىپ قالغانىكەن.
تېسسا ئىككىسى دوختۇرخانىدىن يېنىپ چىقىپ، ئۆي سايمانلىرىنى ئىجارىگە بېرىدىغان بىر سىنىڭ ئۆيىنى ئىجارىگە ئېلىپ شۇ يەردە تۇرۇپتۇ، بۇ ئۆيدە هاۋا تەڭشىگۈچ يوق ئىكەن، بەختىگە بالكونى بار ئىكەن. بالكونغا ئۆينىڭ يېنىدىكى بىر تۈپ دەرەخنىڭ سايىسى چۈشۈپ تۇرىدىكەن. ئوللېي تېيىشانىڭ ساپ

ھاۋادىن نەپەسلىنىپ يېتىشى ئۈچۈن بالكونغا ياتما ئورۇندۇقتىن بىرنى ئاچىقىپ، قويۇپ بېرىپتۇ. ئۇنىڭ تېسسانى يەنە دوختۇرخانىغا ئاپارغۇسى يوق ئىكەن — بۇنىڭدا، ئەلۋەتتە ئىقتىساد مەسلىسى بار ھەم ئۇلار سوغۇرتىغا قاتناشمىغان — ئوللىي بالكوننى تىنچ، تېسسا دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ شىلدىرلاشلىرىنى ئاڭلاپ ياتىدۇ، دەپ ئويلىغانىكەن، كېيىن تېسسا بولالماي قېلىپ، ئۆيگە ياندۇرۇپ كىرىپتۇ. بىرنەچچە ھەپتىدىن كېيىن تېسسا ئۆلۈپ كېتىپتۇ.

— ئۇنى نەگە دەپنە قىلدىڭىز؟ — دېدى نانسى، — بىزگە خەۋەر قىلسىڭىز بىز پۇل ئەۋەتىپ بەرمەمتۇق؟

— سىلەرگە خەۋەر قىلالمىدىم، — دېدى ئۇ، — بۇنى مەن سىز سورىغان ئىككى مەسىلىگە بەرگەن جاۋابىم دەپ ئويلايمەن. ئۇنىڭغا قاراش، ئۇنىڭ ئاخىرەتلىكىنى ئورۇنلاشتۇرۇش مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم دەپ قاراپ، ئۇنىڭ جەسىتىنى كۆيدۈرگۈزۈۋەتتىم. جەسىتىنىڭ كۈلىنى ئۇ يەردىن ھېچكىمگە بىلىندۈرمەي ئاچىقىپ دېڭىز بويىغا ئېلىپ باردىم. بۇ ئۇنىڭ مەندىن كۈتكەن ئەڭ ئاخىرقى ئۈمىدى ئىدى، جەسىتىمنى كۆيدۈرۈپ كۈلىنى تىنچ ئوكيانغا چېچىۋېتىڭ، دەپ ۋەسىيەت قالدۇرغان.

ئۇ تېسسانىڭ ۋەسىيىتىنى ئورۇنلاپ، جەسىتىنى كۆيدۈرۈپ بولغاندىن كېيىن كۈلىنى دېڭىز بويىغا ئەكەپتۇ. ئورېگوننىڭ دېڭىز بويىدا دېڭىز بىلەن دېڭىزغا بارىدىغان چوڭ يولدا تار بىر يەر بار ئىكەن، بۇ يەرنى ئۇ بىلەتتىكەن، ئۇنىڭ كەلگەن ۋاقتى سەھەر ئىكەن. ھەممە يەرنى تۇمان قاپلاپ كەتكەن، ھاۋا تۇتۇق ھەم سوغۇق، دېڭىزدىن بېلىقلارنىڭ ئۆتكۈر پۇراقلىرى پۇراپ تۇرغان، دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ شاۋقۇنى خۇددى ھۆركىرەپ يىغلاۋاتقاندەك جاھاننى بىر ئالغان، ئۇ ئايىغى بىلەن پايپاقلىرىنى سېلىۋېتىپ ئىشتىنىنىڭ پۇچقىقىنى تىزىغىچە تۈرۈۋېتىپ سۇغا كىرىپتۇ، چايكىلار خۇددى ئۇ ئۆزلىرىگە

يەيدىغان بىرنەرسە ئەكەلگەندەك بېشى ئۈستىدە تىنماي ئايلىنىپ يۈرۈپتۇ. چايكىلار ئۇنىڭ پەقەت تېسسانىلا ئەكەلگەنلىكىنى نەدىن بىلسۇن.

— تېسسا... — نانسى گېپىنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمىدى.

— شۇنىڭدىن كېيىن مەن ھاراققا بېرىلىپ كەتتىم. شۇ چاغدىكى ئەرلەرنىڭ ئىشىمۇ شۇ ئىدى. ئۇزاققىچە يۈرىكىم قۇرۇپ قالغان ياغاچتەك ھېچنېمىنى سەزمەي يۈردۈم. بۇنداق يۈرۈشلىرىم ئۇ يەردىن چىقىپ كەتكۈچە داۋاملاشتى.

ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ نانسىغا قارىمىدى، ئېغىر مىنۇتلار باشلانغانىدى، شۇنىڭغىچە ئۇ قولىغا كۈلدانىنى ئېلىۋېلىپ ئويناپ ئولتۇردى.

— سىز شۇ ھالەتتە تۇرۇۋېتىپمۇ ھاياتنىڭ ئوخشاشلا داۋاملىشىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرغانسىز دەيمەن؟ — دېدى نانسى.

ئوللېي ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ قويدى، بۇ تىنىشىدا ئۆزىنى ئۆزى ئەيىبلەۋاتقاندەك ھەم يەڭگىللەپ قېلىۋاتقاندەك بىر مەنمۇ بار ئىدى.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە، نانسى.

ئۇ نانسىنى ماشىنىسىغا سېلىپ ئۇ چۈشكەن مېھمانسارايغا ئەكېلىپ قويدى. ماشىنىسى ھەر قېتىم خوت يۆتكىگەندە خىلمۇخىل ئاۋازلار چىقىپ ھەم سىلكىنىپ كېتەتتى.

بۇ مېھمانساراي بەكمۇ ھەشەمەتلىك ئەمەس ئىدى، ئىشىكى ئالدىدا تۇرىدىغان ھۆرمەت قاراۋۇللىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى، ئالدىدىكى چوڭ زالدا باشقا چوڭ مېھمانسارايلاردىكىدەك ئىسسىق بەلباغنىڭ ياغاچ غوللۇق يوغان گۈللىرىمۇ كۆرۈنمەيتتى، شۇنداقتىمۇ ئوللېي:

— كېسىپ ئېيتالايمەنكى، بۇ مېھمانسارايىنىڭ ئالدىدا مېنىڭ ماشىنامدەك بۇنداق ئەبجەق ماشىنىلار ئەزەلدىن توختاپ باقمىغان

بولغىيدى، — دېگەنىدى، نانسى ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتى.

— سىز ماشىنىڭىزنى ئۆتكۈزۈپ كەتمەكچى بولغان ئۇ پاراخوت قاچان ماڭىدۇ؟

— ئۇ پاراخوت ۋاقتى توشۇپ ئاللىبۇرۇن مېڭىپ كەتتى.

— ئۇنداق بولسا سىز بۇ بىر كېچىنى نەدە ئۆتكۈزىسىز؟

— ئالدىمىزدىكى قولتۇقتا بىرنەچچە ئاغىنەم بار، ئەگەر ئۇلار ئۇخلىمىغان بولسا شۇلارنىڭكىدە، ئۇخلاپ قالغان بولسا ماشىنامدا ياتىمەن، ئۇلارنى ئويغاتقۇم يوق. ماشىنىدا يېتىپ تاڭ ئاتقۇزغان ۋاقىتلىرىممۇ ئاز ئەمەس.

نانسىنىڭ ياتىقىدا يالغۇز كىشىلىك كارىۋاتتىن ئىككىسى بار ئىدى، ئەگەر ئۇنى ياتىقىغا باشلاپ كىرسە، ئۇنى كۆرۈپ قالغانلار نانسىغا كۆزلىرىنى ئالايتىپ قاراشلىرى مۇمكىن. نانسىغۇ ئۇنداقلارنىڭ ئۇ قىلىقلىرىغا بەرداشلىق بېرەلەيدۇ، چۈنكى ئەمەلىيەت ئۇ ئادەملەر ئويلىغاندەك ئەمەس - دە.

ئۇ ئوللىيغا بۇ گەپنى دېيىشتىن ئىلگىرى ئۆزىنى توختىتىۋېلىش ئۈچۈن چوڭقۇر بىر تىنىۋالدى.

— ياق، بولمايدۇ، — دېدى ئۇ نانسىغا خۇددى ئۇنىڭ نېمە دەيدىغانلىقىنى بىلگەندەك.

نانسى ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەن مىنۇتتىن باشلاپ ئۇنىڭدىن بىر ئېغىز بولسىمۇ راست گەپ ئاڭلاشنى كۈتكەنىدى. هازىرلا ئەمەس، هاياتىنىڭ كۆپ ۋاقتىدا هازىرغىچە ساقلاپ كېلىۋاتاتتى، مانا هازىر ئۇ ئاخىر راست گېپىنى قىلدى.

بولمايدۇ.

بەلكىم بۇ گەپ نانسىنىڭ چىن دىلىدىن چىقىرىپ دېمىگەن تەكلىپىگە بەرگەن رەت قىلىش جاۋابى دەپ قارىلىشى مۇمكىن. بۇ جاۋاب نانسىنىڭ دىلىنى رەنجىتكەن بولۇشىمۇ ئېھتىمال، چۈنكى ئۇ بۇ گەپنى ئادەم چىدىغۇسىز دەرىجىدە تەكەببۇرانە هالەتتە تۇرۇپ دېگەنىدى. ئەمما، نانسىغا تولىمۇ جاراڭلىق، مۇلايىم ئاڭلاندى. بۇنداق بىر چاغدا ئۇنىڭغا دېيىلگەن هەرقانداق

بىر گەپنىڭ چۈشىنىشكە بولىدىغان ھەم توغرا چۈشىنىدىغان گەپ بولۇپ ئاڭلىنىشى تەبىئىي ئەھۋال، ئەلۋەتتە بولمايدۇ.
نانسى ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ئەھۋالدا قىلىدىغان ھەرقانداق بىر گېپىنىڭ خەتەرلىك ئاقىۋەت ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتى، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۇ گەپنى ئۇنىڭغا قانداق بىر نىيەتتە دېگەنلىكىنى، قانداق بىر مۇددىئاسىنى ئەمەلگە ئاشۇرماقچى ئىكەنلىكىنى تېخىچە ئېنىق بىلمەيتتى. كۆپ يىللار ئىلگىرى ئۇلار مۇشۇنداق ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئىزا تارتىپ، ئۆزى بىلگەنچە ئىش قىلىشلاردىن ئۆزلىرىنى تارتقانىدى. ھازىر تېخىمۇ شۇنداق قىلىشى كېرەك ئىدى. ئەمدى ئۇلار قېرىدى. ھېچ ئىش قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە قېرىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئۇنداق ئىشلار ئەمدى ئۇلارغا كۆلكىلىك تۇيۇلاتتى. بولۇپمۇ بىر مەزگىل بىر ـ بىرىگە يالغان گەپلەرنى ئورتاق قىلىشقاندىن كېيىن.
ئۇمۇ يالغان گەپ قىلغان، سۆكۈت قىلىپ تۇرۇۋېلىشى بىلەن بۇ ۋاقىتلىق ئەھۋال بولسىمۇ، ئۇنىڭ يالغان گەپلىرى داۋاملىشىپ كېتىۋاتاتتى.
— بولمايدۇ، — دېدى ئۇللىي يەنە بىر قېتىم ئازراق تارتىنىپ، ئەمما يەنە ئوڭايسىزلانغاندەك، — بۇ ئىشتىن ھېچقانداق نەتىجە چىقمايدۇ.
ئۇ تەبىئىي ئەھۋال، ئەلۋەتتە بۇنداق بولۇشىنىڭ بىرىنچى سەۋەبى نانسى ئۆيىگە قايتىپ بارغاندىن كېيىن بىرىنچى قىلىدىغان ئىشى ئىشتاتىدىكى ئاشۇ دوختۇرخانىغا خەت يېزىش. ئۇ تېىسسانىڭ ئىلگىرىكى كەچۈرمىشلىرى توغرۇلۇق ئۇلاردىن ئىسپات ئېلىپ، ئاندىن تېىسسانى ئۆزىگە تەۋە ئاشۇ جايغا قايتۇرۇپ كەلمەكچىدى.
يول مېڭىش قىيىن ئەمەس، ئەگەر سىز يولغا قانداقراق ئاتلىنىشنى بىلسىڭىز.

ئادەم بىلەن ھەۋۋا ئۇنىڭغا بەرگەن ئۇ خەتنى ئۇ ھازىرغىچە چاپىنىنىڭ يانچۇقىدا ساقلاپ كېلىۋاتاتتى. ئۇ بۇ خەتنى بىر كۈنلەردە قولىغا قايتا ئالغاندا — بۇ ئۇ ئۆيگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىنكى ئىش بولۇپ، ئۇ چاپىنىنى قايتا كىيىپ باقمىغىنىغا بىر يىل بولۇپ قالغانىدى — ئۇنىڭدىكى گەپلەرگە ھەيران قالدى ھەم ئۇنىڭ تېگىگە يېتەلمەي ئىچى پۇشتى.

يول مېڭىش ئاسان ئەمەس. ئۇنىڭ دوختۇرخانىغا ئەۋەتكەن خېتى پېچەتى بۇزۇلماي ئۆز پېتى قايتىپ كەلدى. دېمەك، بۇ دوختۇرخانا ھازىر مەۋجۇت ئەمەس ئىكەن. لېكىن، نانسى يەنە بىر يىل ئۆچىنى تېپىپ شۇ بويىچە يەنە ئىزدىنىشكە باشلىدى: بەزى ئورگانلارغا خەت ئەۋەتىپ شۇلار ئارقىلىق تەكشۈرسىمۇ، بەزى ئارخىپلارنى قايتا تېپىپ چىقسىمۇ بولاتتى. مۇمكىنچىلىكلا بولىدىغان بولسا ئۇ بۇنىڭدىن قول ئۈزمەيتتى، شۇڭا بۇ يىل ئۆچىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشىنى پەقەتلا خالىمايتتى.

ئۇلىپى تەرەپتىن بىلىشكە، تەكشۈرۈشكە تېگىشلىك ئىشلارنىڭ شۇ يەرگىچىلا ئىكەنلىكىنى ئۇ ئاخىر ئېتىراپ قىلىشقا مەجبۇر بولدى. تېكساسدا ئارىلىغا بىر پارچە خەت ئەۋەتكەنىدى. ئۇ يەردىكى ئۇ ئادەملەر ھازىر بارمۇ - يوق، ئۇنىمۇ بىلمەيتتى ھەم ئادرېسىنى چالا بىلگەنچە ئەۋەتكەن ئۇ خەتمۇ، بۇ ئادەم كۆچۈپ كەتكەن، دېگەن جاۋاب بىلەن ئۆزىنىڭ قولىغا يەنە قايتىپ كەلدى.

ئۇ بۇ خەتنى ئېچىپ قايتا ئوقۇپ ئوقۇغۇسى كەلمەي قالدى، ھەرقاچان قورۇق گەپنى كۆپ يېزىپ كەتتىم، دەپ ئويلاپ قالغانىدى.

## دېرىزە تەكچىسىدىكى چۈش

ئۇ ئايتاپ تولۇق چۈشۈپ تۇرىدىغان ھۇجرا ئۆيدىكى ۋولف دائىم ئولتۇرىدىغان ياتما ئورۇندۇقتا ياتاتتى. ئۇخلىغۇسى يوق

ئىدى، بۇ كۈز كۈنلىرىنىڭ ھاۋا ئوچۇق بىر چۈشتىن كېيىنكى ئىدى. شۇ كۈنى ئۇنى گىراي لوڭقىسى بايرىمى① مۇناسىۋىتى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەن يۈز ئۇستەللىك كاتتا بىر زىياپەتكە چاقىرىشقانىدى، ئۇ يەردە ئولتۇرۇپ تېلېۋىزوردىن توپ مۇسابىقىسىنىمۇ كۆرەتتى. لېكىن، ئۇ بىر باھانە كۆرسىتىپ ئۇ زىياپەتكە بارمىدى. ھازىر كىشىلەر بارا ـ بارا ئۇنىڭ بۇ ئادىتىگە ئۆگىنىپ قېلىپ، ئۇنداق يەرلەرگە چاقىرمايدىغانمۇ بولۇپ قېلىۋاتاتتى. بەزىلەر يەنە ئۇنىڭ بۇ ئادىتىدىن ئەندىشىمۇ قىلىشاتتى. لېكىن، بەزى چاغلاردا ئۇ يەنە بۇرۇنقى كونا ئۆرپ ـ ئادەتلەر ۋە ئېھتىياجلار تۈپەيلىدىن ئىختىيارسىز ھالدا ئاشۇ تەشكىلاتلارنىڭ پائالىيەتلىرىنىڭ ئاساسلىق ئادىمىگە ئايلىنىپمۇ قالاتتى، بۇنداق چاغلاردا كىشىلەر ئۇنىڭدىن ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئەندىشە قىلىشماي ئولتۇراتتى.

ئۇنىڭ بالىلىرى ئۇنىڭغا دائىم «بۇرۇنقى تۇرمۇشى» ئىچىدە بۇرنۇۋەرمەسلىك توغرىسىدا گەپ قىلىپمۇ تۇراتتى.

بىراق، ئۆزىنىڭ ھازىر قىلىۋاتقىنى ۋە ۋاقىت چىقىرالايدىغانلا بولسا قىلىشنى ئارزۇ قىلىۋاتقىنى ھاياتىدىكى بۇرۇنقى ئىشلىرى ئەمەس، ھازىرقى ئىشلىرى، كۆرۈشنى خالايدىغىنى ھايات پەردىسىنى ئېچىپ، ئۇنىڭ ئىچكى كۆرۈنۈشلىرى بىلەن ھايات سەرگۈزەشتىلىرىنى كۆرۈپ چۈشىنىش ئىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ باشقا بىر ئۆيگە كىرىپ قالغانلىقىنى بايقىغاندا، ئۇ ئۆيدە ئۇخلاپ قالىدىغانلىقىغا ئىشەنمىدى، ئۆزىنىڭ ئاپتاپ تولۇق چۈشۈپ تۇرىدىغان ئۆيى بۇ ئۆينىڭ ئالدىدا كىچىكلەپ قاراڭغۇ بىر قازناققا ئايلىنىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ قولىدىكىسى ياتاقنىڭ ئاچقۇچى ئىدى. ئۇ ئىشىكنى قولىدىكى

① كانادادا ھەر يىلى ئۆتكۈزۈلۈپ تۇرىدىغان زەيتۇن توپ مۇسابىقىسىدە بىرىنچى بولغانلارنى مۇكاپاتلايدىغان كۈن. بۇ كۈن ھەم بايراممۇ دېيىلىدۇ. گىراق گىراينىڭ نامىدا ئاتالغان (گىراي كانادانىڭ باش ۋالىيسى بولغان).

ئاچقۇچنى قۇلۇپىغا سېلىپ تۇرۇپ ئاچىدىغانلىقىغا، گەرچە تۇرمۇشىدا مۇنداق ئەھۋاللارغا ئۇچراپ باقمىغان بولسىمۇ تولۇق ئىشىنەتتى.

بۇ تولىمۇ سۆرۈن، سۆرۈن ئادەملەر يارىتىدىغان ئوچۇق چىراي ئادەملەر ئۇچۇن ئەمەس، مەخسۇس ئاشۇنداق ئادەملەر ئۇچۇن ئېچىلغان مېھمانسارايدەك قىلىدۇ. تورۇستا بىر چىراغ ئېسىلىپ تۇرۇپتۇ، بىر تەرەپتە بىر كىيىم ئاسقۇچ توغرىسىغا قويۇپ قويۇلغان. تۆمۈر سىمدىن ياسالغان بىرنەچچە كىيىم ئاسقۇ ئاسقۇچقا ئېسىقلىق تۇرىدۇ.

كىيىم ئاسقۇچنىڭ ئىككى يېنىغا پەردە ئورنىدا ئۇستىدە هال رەڭ، سېرىق گۈللىرى بار ئىككى پارچە رەخت تارتىپ قويۇلغان، ئۇ رەختنى ئىككى تەرەپتىن ئوتتۇرىغا ئەكېلىپ قويسا پەردە تولۇق تارتىلىپ كىيىم ئاسقۇچتا ئېسىقلىق كىيىملەر كۆرۈنمەيدۇ. كىيىم ئاسقۇچقا پەردە تارتىپ قويۇشى بۇ ئۆيگە ئازراق بولسىمۇ سىن بېرىش ئۇچۇن بولسا كېرەك، لېكىن ئۇنۇمى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ قاپتۇ.

ئوللىي كارىۋاتقا تۇيۇقسىز ئۆزىنى تاشلىۋەتكەندى. بەدىنىنىڭ ئېغىرلىقىدىن كارىۋاتنىڭ پۇرژىنىلىرى غىچىرلاپ كەتتى.

قارىغاندا، ئوللىي بىلەن تېپسا ماشىنا بىلەن پۈتۈن يەرنى قىدىرىپ يۈرۈۋاتقان ئوخشايدۇ. ئەمما، ماشىنىنى ئوللىي بىر ئادەم ھەيدەيدۇ. بۈگۈن، باھار ئەمدى باشلىنىپ ھاۋا ئىسسىشقا باشلىغان كۈنى ئۇ توپا ـ چاڭ ئىچىدە بىر كۈن كەچكىچە ماشىنا ھەيدەپ قاتتىق چارچاپ كەتكەنىدى. تېپسا ماشىنا ھەيدەشنى بىلمەيتتى، ئۇ چامادانىنى ئاچقاندا قاتتىق بىر ئاۋاز چىقىپ كەتتى، مۇنچىغا كىرىپ يۇيۇنۇشقا باشلىغاندىمۇ مۇنچىنىڭ نېپىز توسۇق تاختىيىنىڭ ئۇ تەرىپىدىن چامادانىنىڭ ئاۋازىدىنمۇ كۈچلۈك بىر ئاۋاز ئاڭلاندى. ئۇ مۇنچىدىن چىققاندا ئوللىي يالغاندىن ئۇخلىغان بولۇپ يېتىۋالغانىدى. ئەمما،

كۆزلىرىنىڭ تار ئارىلىقىدىن ئۇنىڭ پەرداز ئۈستىلىنىڭ ئالدىدا ئەينەككە قاراپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتاتتى. ئۇ ئەينەك كەينىدىكى سىرلىرىنىڭ ئۇ يەر - بۇ يېرى چۈشۈپ كەتكەن بولغاچقا يۈزى چېكىم - چېكىم داغدەك كۆرۈنۈپ قالغانىدى. تېسسا ئۇشۇقىنى بېسىپ تۇرىدىغان ئۇزۇن يىپەك كۆڭلەك كىيىۋالغان. كۆڭلەكنىڭ ئۈستىگە قارا قىسقا پىنجەك كىيىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۈستىدە قىزىلگۈلنىڭ رەسىمى بار، يوغان بۆرتمە ياغلىق ئارتىۋالغانىدى، ئۈستىدىكى ئۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئۇ ئۆزىنىڭ رايى بىلەن كىيىۋالغاندەك قىلاتتى. ئۇ كىيىملەردە نە ئۆزىگە لايىق خاسلىق، نە بىر - بىرىگە ماسلىشىش بولسۇن. يۈز - كۆزلىرىگە گىرىمنى راسا قىپتۇ، ئەمما چىرايىنى ئاچماپتۇ ھەم ياراشماپتۇ. چاچلىرىغا قاتۇرىدىغان يېلىم چېپىپتىكەن، چاچلىرى بېسىلىپ يالپاقلىنىپ بېشىغا خۇددى تۆمۈر قالپاق كىيىۋالغاندەك بولۇپ قاپتۇ، گىرىمنى جايىدا قىلالماپتىكەن، يۈزىنىڭ تېرىسى قارىداپ قالغاندەك بولۇپ كېتىپتۇ، كۆزىنىڭ قاپاقلىرىغا قارىغا مايىل سۇرۇخ سۈرۈپ، كىرپىكلىرىگە قارا لاك سۈركەپ كەينىگە قايرىپتىكەن، بەئەينى قاغىنىڭ قارا قانىتىغىلا ئوخشاپ قاپتۇ. قاپاقلىرى خۇددى جازالانغان ئادەمنىڭ بېشىدەك ساڭگىلاپ كۆزلىرىنى بېسىۋالغاندەك بولۇپ قاپتىكەن، كۆزلىرىنىڭ نۇرلۇق قارىسى كۆرۈنمەي قاپتۇ. ئومۇمىي تۇرقى ئۈستىگە كىيىۋالغان تۈرلۈك كىيىملەر، تۆمۈر قالپاقتا ئوخشاپ قالغان چاچلىرى، يۈز - كۆزلىرىدىكى چالپاق - چالپاق گىرىملىرى بىلەن تېسسانىڭ تۇرقىغا پۈتۈنلەي دېگۈدەك ئوخشىماي قاپتۇ.

ئوللېي تۇيۇقسىز بىر ئاۋاز چىقىرىپ قويدى، بۇ مەقسەتلىك قىلغان ئىش ئەمەس ئىدى — ئاغرىنىپ ياكى بىزار بولۇپ ئەمەس — تېسسا ئاڭلاپ قېلىپ كارىۋاتنىڭ يېنىغا كەلدى ۋە ئېگىشىپ ئۇنىڭ ئايىغىنى سىلىۋەتمەكچى بولدى.

ئوللېي ئۇنىڭغا ئاۋارە بولماسلىقنى ئېيتتى.

— مەن بىر مىنۇتتىن كېيىن يەنە سىرتقا چىقىمەن، — دېدى ئۇ، — ئۇلارنى چوقۇم تېپىشىم كېرەك.

ئۇنىڭ ئۇلار دېگىنى ئويۇن قويۇش ئۈمىكىدىكىلەر بىلەن ئويۇن قويۇشقا مەسئۇل ئادەم ئىدى، كونكرېت كىم، بۇنى بىلىش ھاجەتسىز، ئەلۋەتتە.

تېسسا ئۇنىڭ بۇ گېپىگە قارىتا ھېچنېمە دېمىدى، يەنە ئەينەكنىڭ ئالدىغا كېتىپ ئۆزىگە قاراپ ئولتۇردى. ئۇستىدە يەنە شۇ كىيىملەر، چاچلىرى يەنە شۇنداق — ئۇ يالغان چاچ ئىدى — بېشىنى بېسىپ تۇرغان. بىر ئازدىن كېيىن ئورنىدىن تۇرۇپ ئۆينىڭ ئىچىدە مېڭىپ يۈردى، بىر ئىش قىلغۇسى بار، لېكىن بىر قارارغا كېلەلمەيتتى.

ئۇ ئېڭىشىپ ئولىېينىڭ ئايغىنى يېشىپ قويغىلى ئۇنىڭ چىرايىغا قارىمىدى. ئولىېينىڭ كارىۋاتقا ئۆزىنى ئېتىۋەتكەن چاغدىن باشلاپ كۆزىنى ئاچماسلىقى ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ سالماسلىق — تېسسا شۇنداق ئويلايتتى — ئۇچۇن ئىدى. ئىككىسى قىلىۋاتقان ئىشلىرىدا بىر - بىرىگە ئەر - خوتۇندەك مۇئامىلە قىلغىنى، بىللە تاماق يېگىنى، بىر ئۆيدە ياتقىنى، بىللە ساياھەتلەرگە چىققىنى، بىللە نەپەس ئېلىۋاتقاندەك قىلىۋاتقىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە دىللىرى بىر ئەمەس ئىدى، مەڭگۈ بىر بولالمايتتى، مەڭگۈ — تاماشىبىنلارغا بولغان مەسئۇلىيەت نۇقتىسىدىنلا ئەر - خوتۇندەك يۈرۈۋاتاتتى — كۆزلىرى بىر - بىرى بىلەن ئۇچراشمايتتى، ئىككىسى قارشى تەرەپنىڭ كۆزلىرىدىن قورقۇنچلۇق بىر نەرسىنى كۆرۈپ قېلىشتىن شۇنچىلىك ئەنسىرەيتتى.

بۇ ئۆيدە پەرداز ئۇستىلىنى ئازادە قويغۇدەك يوغان تام بولمىغاچقا، دېرىزە بار تامغا قويۇلۇپ قېلىپ ئۇستەلنىڭ يېرىمى دېرىزىنى توسۇۋالغان، بۇنىڭ بىلەن كۈننىڭ نۇرى ئۆينىڭ ئىچىگە تولۇق چۈشەلمەي، ئۆي ئازراق قاراڭغۇ بولۇپ قالغانىدى.

بۇنىڭغا تېسسانىڭ ئىچى پۇشتىمۇ، ئورنىدىن تۇرۇپ پەرداز ئۈستىلىگە بىردەم قاراپ تۇرۇپ كېتىپ، ئاندىن پۈتۈن كۈچىنى يىغىپ تۇرۇپ ئۈستەلنىڭ بىر ئۈچىنى كۆتۈرۈپ بىرنەچچە ئىنگلىز چى ئالدىغا تارتىپ، مەينەت بولۇپ كەتكەن پەردىنى بىر تەرەپكە سۈرۈۋەتكەندى، ئۈستەل بىلەن پەردىنىڭ كەينىدە قالغان دېرىزە تەكچىسىنىڭ بۇلۇڭ تەرىپىدە بىرمۇنچە ئۆلۈك چىۋىنلار كۆرۈنۈپ قالدى.

بۇرۇن بۇ ئۆيدە ئولتۇرغان ئادەملەر ئۆيگە كىرىۋالغان چىۋىنلارنى پالاق بىلەن ئۇرۇپ ئۆلتۈرۈپ دېرىزە تەكچىسىنىڭ ئاشۇ بۇلۇڭىغا يىغىپ قويغان بولسا كېرەك. ئۇ چىۋىنلار پىرامىدادەك چىرايلىق دۆۋىلەپ قويۇلغانىكەن.

تېسسا بۇ چىۋىنلارنى كۆرگەندىن كېيىن، قورقۇپ كېتىپ ياكى كۆڭلى ئېلىشىپ ئەمەس، ھەيران قېلىپ تۇۋلاپ كەتتى. سىز كۆردىڭىزمۇ ھوي، بۇ نېمە ئىش دەپ چۆچۈپ تۇۋلاپ كېتىشىڭىز مۇمكىن. بۇ چىۋىنلارنى كۆرۈپ ئۇ خۇشال بولغاندەك بولۇپ، خۇددى بۇ چىۋىنلار تېپىلغۇسىز بىر بايلىقتەك لوپا ئەينەكتە بىر - بىرلەپ كۆرۈشكە باشلىدى. ئۇلار لوپا ئەينەكنىڭ ئاستىدا يوغىناپ، ھەربىر چىۋىنىنىڭ قاناتلىرىنىڭ كۆك، سېرىق، يېشىل رەڭلىرى تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنۈپ كەتتى.

ئۇ ئۇللېينى ئويغاتتى، ئۇللېينىڭ كۆزلىرى يېڭىلا ئۇيقۇغا كەتكەندى، خامۇش ھالدا كۆزلىرىنى ئېچىپ، نېمە بولدى؟ سىزنى بىرنېمە چېقىۋالمىغاندۇ؟ دەپ سورىدى ئۇ ئورنىدىن ئىنجىقلاپ تۇرۇۋېتىپ.

ئۇ، ياق، دەپ جاۋاب بېرىۋېتىپ، ئاندىن ئۇنىڭدا تەكچىدىكى چىۋىنلارنى كۆرسەتتى.

مەن ئۇلارنىڭ ئۇ يەردىلىكىنى بۇرۇنلا بىلەتتىم.

ئوللېي بۇ چىۋىنلارنىڭ ئۇنىڭ ئۇچۇن نېمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى شۇ مەھەل بىلىپ بولدى، ئۇ بۇ چىۋىنلارنى

كۆرۈپ خۇشال بولغانىدى، ئۇللىپي ئۇنىڭ بۇ خۇشاللىقىغا شېرىك بولالمىسىمۇ ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. ئاشۇ كۈنلەردە ئۇ ئۇنىڭدا ئاشۇنداق ئىقتىدارنىڭ بارلىقىغا ئىشىنىپ قالغىنىدىن پۇشايمان قىلىپ، ئەمدىلىكتە شۇ پۇشايمىنى ئۈچۈن جان - جەھلى بىلەن ئۆزى ۋە تېسسانى دەپ، ئەندىشىدە ۋە خاتىرجەمسىزلىك ئىچىدە ئۆزلىرى كۆرسىتىۋاتقان ئويۇننى ئالقىشقا ئېرىشتۈرۈش ئۈچۈن تىرىشىپ كېتىۋاتاتتى.

سىز قاچان بىلگەنىدىڭىز؟

سىرتقا قاراۋاتقان ۋاقتىمدا. دېرىزىدىن سىرتقا قاراپ تۇراتتىم، كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، قاچانلىقىنى مەنمۇ دەپ بېرەلمەيمەن.

تېسسا شۇنچىلىك خۇشال ئىدى، ئۇ بۇرۇن ئۆزىنىڭ ئىقتىدارى ئۈچۈن خۇشال بولغان ياكى خۇشال بولمىغان چاغلىرىنىڭ بولغانلىقىنى پەقەتلا بىلمەيتتى، بىر نەچچە كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ ئىقتىدارى ئالدىدا ئۆزىنى تولىمۇ ئاجىز ھېس قىلاتتى ۋە بۇنىڭدىن ئازابلىناتتى. ئەمدى ئۇنىڭ كۆزلىرى گويا نۇرلىنىپ كەتكەندەك كۆرۈنەتتى، ئاۋازىمۇ خۇددى پاكىز بۇلاق سۈيى بىلەن يۇيۇپ ئېچىلدۇرۇۋەتكەندەك جاراڭلىق چىقىدىغان بولۇپ قالدى.

شۇنداق، شۇنداق، دېدى ئۇللىپي. تېسسا شۇ ئان ئۇنىڭ يېنىغا بېرىپ بويىنىدىن چىڭگىدە قۇچاقلاپ بېشىنى ئۇنىڭ مەيدىسىگە قويۇۋالدى، شۇنچىلىك قاتتىق قۇچاقلىدىكى، ئۇللىپىنىڭ مەيدە يانچۇقىدىكى قەغەزلەر قاتتىق بېسىلىشتىن شاراقلاپ كەتتى.

ئۇ كىشىگە كۆرسەتكىلى بولمايدىغان ماتېرىياللار ئىدى، مۇشۇ ئەتراپتىكى بىر بازاردا ئۇچراپ قالغان بىر ئادەمدىن، بىر دوختۇردىن ئالغانىدى. بىرسى ئۇنىڭغا، سىرتلاردا يۈرگەن ئادەملەر بەزى قىيىن ئىشلارغا ئۇچراپ قالغاندا ئاشۇ دوختۇردىن ياردەم تەلەپ قىلسا بولىدۇ، دەپ بەرگەنىدى. ئۇ بۇ دوختۇرغا ئۆزىنىڭ خوتۇنىدىن ئەنسىرەپ قېلىۋاتقانلىقىنى، كارىۋاتتا

بىر نەچچە سائەتكىچە خۇددى بىر ئىش توغرۇلۇق قاتتىق ئويلىنىۋاتقاندەك تورۇسقا تىكىلىپ يېتىپ كېتىدىغانلىقىنى، سەھنىدە تاماشىبىنلارنىڭ ئالدىدا گەپ قىلىشقا مەجبۇر بولغاندىن باشقا چاغلاردا (بۇ راست ئەھۋال) بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمايدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەرگەن. دوختۇردىن يەنە ئۇنىڭدىكى ئالاھىدە ماھارەتنىڭ مېڭىسى بىلەن ئېڭى ئىچىدىكى مەلۇم تەكشىسىزلىك بىلەن مۇناسىۋىتى بار ـ يوقلۇقىنىمۇ سورىغانىدى. بۇ سوئالنى ئۇ بۇرۇنمۇ ئۆزىدىن پات ـ پات سوراپ تۇراتتى. «ئىلگىرى ئۇ بىر قېتىم كېسەل بولغان، — دېدى ئۇ يەنە، — شۇ كېسەللى يەنە قوزغىلىپ قالدىمىكىن دەپمۇ ئەنسىرەيمەن. ئۇ مىجەزى ئوسال ئايال ئەمەس، يامان ئادەتلىرىمۇ يوق، ئەمما نورمال ئەمەس، پەۋقۇلئاددە ئادەم، ئەگەر ئۆزىگە ئوخشاش يەنە بىر پەۋقۇلئاددە ئادەم بىلەن بىللە ئۆتىدىغان بولسا قاتتىق قىينىلىپ كېتىدۇ، ئۇنىڭغا ئادەتتىكى بىر ئادەم بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. دوختۇر ئۇنىڭغا ئۇنىڭ ئەھۋالىنى چۈشەنگەنلىكىنى دەپ، بىر يەر بار، خوتۇنىڭىزنى شۇ يەرگە ئاپىرىپ بىر مەزگىل دەم ئالدۇرۇپ كېلىڭ، دېدى.»

ئوللېي ئۇنىڭ ئۆزىدىن چىققان ئۇ ئاۋازنىڭ نېمە ئاۋاز ئىكەنلىكىنى سوراپ قېلىشىدىن ياكى بېشىنى مەيدىسىگە قويۇۋالغاندا ئاڭلاپ قېلىشىدىن قورقۇپ تۇرۇۋاتاتتى. ماتېرىيال دېگەن گەپنى ئۇنىڭغا دېگۈسى يوق ئىدى، دېسە، قانداق ماتېرىيال ئۇ، دەپ سورايتتى.

ئەگەر ئۇنىڭدىكى ئۇ سېھىر ئەسلىگە كەلگەن، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىغا قايتا قونغان — بۇ ئوللېينىڭ شۇ تۇرقىدىكى خىيالى، ئۇنىڭغا بولغان ئۇنتۇلۇپ كەتكەن، چۈشىنىپ بولمايدىغان ھۆرمىتىنىڭ قايتا پەيدا بولۇشىنى تىلەۋاتقىنى ئىدى — ئەسلىدىكى ئۆزىگە قايتىپ كېلىدىغان بولسا، ئۇ چاغدا ئۇنىڭدىكى ماتېرىيالنى كۆرمىسىمۇ ئۇنىڭ مەزمۇنىنىڭ نېمىلىكىنى بىلىپ بولۇشى مۇمكىنمۇ؟

www.uyghurkitap.com

ئۇ راستلا بەزى ئىشلارنى بىلەتتى، ئەمما بەكرەك چوڭقۇرلاپ بىلىپ كېتىشتىن ئۆزىنى تارتاتتى.

ئەگەر ئۇنىڭ ئەسلىدىكى ماھارىتى قايتا پەيدا بولىدىغان بولسا — كۆزلىرىنىڭ ئېچكىرىلەپ كۆرەلەيدىغان ئىقتىدارى راست ئەھۋالنى شۇ زامان دەۋېتىدىغان ماھارىتى — ئوللېينىڭ يانچۇقىدىكى ماتېرىيالنىڭ نېمە ماتېرىيال ئىكەنلىكىنى دەپ بېرىش بىلەنلا قالمايتتى، ئۇ چاغدا تېخىمۇ ياخشى بولاتتىغۇ؟ ئەگەر ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ ئىقتىدارىدىن ئۆزى ۋاز كەچكەن، ئۇلار ئۆزلۈكىدىن يوقاپ كەتمىگەن بولسا، ئۇ چاغدا ئۇ بۇنداق ئۆزگىرىشنى قارشى ئالماي قالارمۇ؟

ئۇ چاغدا ئۇلار باشقا ئىشلارنى قىلغان بولاتتى، تېسسا ئۆزلىرىنىڭ باشقىچە بىر تۇرمۇش ئىچىدە ياشايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

ئوللېي ئۆزىدىكى بۇ ماتېرىيالنى كۆيدۈرۈۋېتىشنى ئويلاپ قالدى. ئۇ تېيىشا ئۇستىدە ئويلىغان پۈتۈن ئوي ـ خىياللىرىنى ئۇنتۇپ كېتىشى كېرەك، شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىدىكى ئۈمىدلىرى بىلەن غۇرۇرىنى ساقلاپ قالالايدۇ.

بەرھەق، بەرھەق، تېسسا ئۆزىگە كېلىۋاتقان بارلىق تەھدىتلەرنىڭ ئوللېينىڭ مەيدىسىگە چاپلاپ تۇرۇۋاتقان يۈزىنىڭ ئاستىدىن كېلىۋاتقان بوش شاراقلىغان ئاۋاز بىلەن تەڭ يوقاپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلىپ قالدى.

ئىشلاردىن تولۇق خەۋەر تاپقاندىن كېيىنكى بىر خىل يەڭگىللىك نانىسغا ئۆزىنى ئوراپ تۇرۇۋاتقان ھاۋا تېخىمۇ ساپلىشىپ كېتىۋاتقاندەك، ۋۇجۇدى پۈتمەس كۈچكە تولۇۋاتقاندەك بىر خىل تۇيغۇ ئېلىپ كەلدى. شۇ تۇيغۇنىڭ كۈچى بىلەن نانسىنىڭ ئالدىدىكى غەلدى ـ غەشلەر سۈپۈرۈلۈپ كېتىپ كەلگۈسى كۈنلىرى پارلىنىپ تۇرۇۋاتقاندەك بولۇپ قالدى.

ئۇ مۇشۇنداق مەزگىل، مۇشۇنداق ھالەت ئىچىدە تۇرۇۋاتقاندا

بەزى مۇقىمسىز ئەھۋاللارمۇ ئۇنى ساقلاپ تۇرۇۋاتاتتى. لېكىن، ئۇ ئۇ ئىشلارغا پەرۋا قىلماسلىق قارارىغا كېلىپ بولغانىدى، لېكىن بولمىدى، بىر كۈچ ئۇنى تارتىپ كېتىۋاتقاندەك، ئۇ ئىككىسىدىن ئايرىپ چىقىپ ئۆزىنىڭ ۋۇجۇدى ئىچىگە قايتۇرۇپ كېلىۋاتقاندەك — تەمكىن ھەم كەسكىن بىر ئادەم ۋولفىمدۇ — قولىدىن مەھكەم تۇتۇپ تۆمۈر سالاسۇنلۇق، پەردىلىرى گۈللۈك، دېرىزە ئىچىدىن تارتىپ چىقىرىۋالغاندەك بىر تۇيغۇغا كېلىپ قالدى. ئۇ كۈچ ئۇنى بوش، ئەمما توسۇپ بولمايدىغان بىر قۇدرەت بىلەن كەينىدىكى خارابىلىك ئىچىدىن يۇلۇپ چىقىۋاتاتتى. ئۇ خارابىلىك ئەمدى تېخىمۇ ۋەيرانە، تېخىمۇ قاراڭغۇ، ئىس تۈتەپ تۇرغان تېخىمۇ كۆرۈمسىز بىر جايغا ئايلىنىپ قالغانىدى.

www.uyghurkitap.com

بۇ كىتاب بېيجىڭ ئۆكتەبىر ئەدەبىيات ـ سەنئەت نەشرىياتىنىڭ 2009 ـ يىلى 7 ـ ئاي 1 ـ نەشرى، 2013 ـ يىلى 10 ـ ئاي 5 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

本书根据北京十月文艺出版社2009年7月第1版，2013年10月第5次印刷本翻译出版。

بۇ كىتاب ئالىس مۇنرونىڭ ئىجازىتى بويىچە چىقىرىلدى

# قاچقۇن

**ئاپتورى:** ئالىس مۇنرو (كانادا)
**تەرجىمە قىلغۇچى:** راخمان مامۇت
**مەسئۇل مۇھەررىرى:** ئىلدانە ئابدۇرېھىم
**مەسئۇل كوررېكتورى:** زەمىرە پىدائىي
**مۇقاۋىسىنى لايىھەلىگۈچى:** مەمەت نەۋبەت
**نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى:** شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
**تېلېفون:** 0991 - 2827472
**ئادرېسى:** ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 ـ نومۇر
**پوچتا نومۇرى:** 830001
**باسقۇچى:** بېيجىڭ شۇنچېڭ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
**ساتقۇچى:** شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
**فورماتى:** 1230×880 مىللىمېتىر 1/32
**باسما تاۋىقى:** 17.5
**نەشرى:** 2014 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
**باسمىسى:** 2014 ـ يىلى 9 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
**تىراژى:** 1 - 3000
**كىتاب نومۇرى:** ISBN 978 - 7 - 228 - 17720 - 2
**باھاسى:** 47.00 يۈەن